


# بۇلاق



ئەجەللى

مۇھەررىردىن:

شائىر ئەجەللىنىڭ بۇ سۈرىتىنى رەسسام غازى ئەمەت شائىرنىڭ ھايات ۋاقتىدا تارتىلغان فوتو سۈرەتكە ئاساسەن سىزىپ چىقتى. بۇ ناھايىتى كونىراپ كەتكەن ۋە بىردىن بىر فوتو نۇسخىسىنى مەرھۇم پەتتارجان مۇھەممەدى ۋە پىشقەدەم يازغۇچى ئەرشىدىن تاتلىقلار ساقلاپ قالغان.


# بۇلاق

(ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مەجمۇئەسى)

(ئومۇمى 15 - سان)



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
1985 - يىل ئۈرۈمچى



# يۇسۇپ - زۇلەيخا

(خەلق داستانى)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: قادىر ئەكبەر

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

بۇ داستان ۋاھىددىن باھاموۋ (خالىس) نىڭ قولىيازما نۇسخىسى ئاساسىدا رەتلەندى.

ۋاھىددىن باھاموۋ غۇلجا ناھىيىسىنىڭ تۇرپانيۈزى ئارا مەھەللىسىدە ياشاپ، 1948 - يىلى 76 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇ ھايات يىللىرىدا پارس تىلىنى ئۆگەنگەن، زۇسچە ساۋات چىقارغان، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، بىرنەچچە خەلق داستانىنى ئىجادىي يوسۇندا رەتلەپ، قايتا يېزىپ چىقىپ خەلق ئىچىگە تارقاتقان. ئەپسۇسكى، ئۇ داستانلار ئىچىدە «يۇسۇپ - زۇلەيخا» قىسسىسىدىن باشقىلىرىنىڭ قولىيازما نۇسخىلىرى ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەن. يوقالغان داستانلار ئىچىدە ھازىرغىچە بىرگە مەلۇم بولمىغان «دىل» ۋە «خۇشتۇرخان» ناملىق ئىككى چوڭ داستانىنىڭ بارلىغى مەلۇم.

مۇئەللىپنىڭ مەزكۇر قولىيازمىدىكى ئەسكەرتىشىدىن مەلۇم بولۇشىچە، «يۇسۇپ - زۇلەيخا» داستانىنىڭ بۇ نۇسخىسى 1360 - ھىجرىيە (1941 - يىل) رەبىيەلئاخىرنىڭ 1 - كۈنى (4 - ئاينىڭ 16 - كۈنى) كۆچۈرۈلۈپ بولغان.

قولىيازمىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشىمىزچە، «خالىس» تەخەللۇسى بىلەن رەتلەنگەن مەزكۇر «يۇسۇپ - زۇلەيخا» داستانى ھازىرغىچە مەلۇم بولغان نۇسخىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىق بولۇپ چىقتى. خالىس داستاننى نەسرىي ھەم نەزمى شەكلىدە ئىخچام، ئاممىباپ خەلق تىلى بىلەن يېزىپ چىققان، داستانىنىڭ ئومۇمى مەزمۇنى خەلق ئېغىزىدا ئېيتىلىپ يۈرگەن «يۇسۇپ - زۇلەيخا» قىسسىسى بىلەن ئوخشاش. بۇ نۇسخىدا ۋەقەلىكنىڭ بايان قىلىنىشى ناھايىتى ئىزچىل، روشەن، سيۇژىتى ئىخچام ۋە ساددا.

خالىس ئاساسىي ۋەقەلىككە قوشۇمچە قىلىپ، شېئىرىي ئۇسۇل بىلەن لىرىك چېكىنىش بەرگەن — نەزمىلەرنىڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدىغان شېئىرىي پىكىرلىرىنى ئىزھار قىلغان.

داستانىنىڭ مەزكۇر قولىيازمىسىنى غۇلجا ناھىيە تۇرپانيۈزى گۈڭشې كىپەكيۈزى

دادۇيىدىكى نىزامىدىن ھاپىز خۇرشىدنىڭ ئوغلى ساقلىغان، قولىيازمىنىڭ باش - ئايىغى
تولۇق. بۇ قولىيازما ھازىر شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا
(قولىيازمىلار فوندى، كاتالوگ 234).
رەتلەش داۋامىدا داستان تىلىنىڭ ئاممىباپ بولۇشى نەزەردە تۇتۇلۇپ، بەزى بىر
ئۆزگەرتىشلەر كىرگۈزۈلدى.

بىسمىللاھىرراھمانىررەھىم!
(كۆيۈنگۈچى ۋە ئايتقۇچى تەڭرىنىڭ
نامى بىلەن باشلايمەن)

رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت
قىلىدۇكى، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسە-
لىرى ھەققىدە قۇرئاندا خەۋەر بېرىلگەن
ۋە بۇ «ھۆسنەلقىسسە①» دەپ ئاتالغان
بولۇپ، جىمى قىسسىلەرنىڭ ياخشىسىدۇر.
بۇنى ئاڭلىغان مۆئمىنلەرنىڭ كۆڭلى
ئىشىق - مۇھەببەت نۇرىدىن رەۋشەن
بولغۇسىدۇر. بۇ قىسسىنى كۆپلىگەن پېشۋالار
كىتاپ قىلىپ يازغان. مەنمۇ «قىسسەسۇلئەن-
بىيا②»نى كۆرۈپ، شۇ بويىچە شەرھى
قىلدىم. سۆزۈمنىڭ ئىپتىداسى — ئىبراھىم
پەيغەمبەر، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى — ئىسھاق
پەيغەمبەر ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ياقۇپ
ئەلەيھىسسالام يۈسۈپ ئەلەيھىسسالاملاردۇر.
ئەمما بۇلارنىڭ ۋەقەلىرى بايانىدىن
پارىغ بولۇپ، ھېكايەتنى ياقۇپ پەيغەمبەر-
دىن باشلىدىم.
ئەلقىسسە، ھەزرىتى ياقۇپ ئەلەيھىسسا-
لامنىڭ ئون ئىككى ئوغلى ۋە بىر قىزى
بار ئىدى. ئون ئوغلى بىر ئانىدىن،
قالغان ئىككى ئوغلى بىلەن بىر قىزى
بىر ئانىدىن ئىدى.

راھىلە ئىسىملىك ئەزۋاجدىن③
ئۈچ پەرزەنت تەۋەللۇت بولغان بولۇپ،
ئىككىسى ئوغۇل — يۈسۈپ ۋە ئىبنى يەمەن،
بىرى قىز — نارجانلار ئىدى.
ئەلقىسسە، ئاللاتائالا يۈسۈپنى ساھىب
جامال ۋە ساھىپ كامال قىلىپ ياراتقان
ئىدى. ئەگەر كىشى يۈسۈپنىڭ يۈزىگە
قارىسا، گويا ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن
ئايغا قارىغاندەك بولاتتى-دە، تاقەت
قىلالماي، شۇ ھامان بىھوش بولاتتى.
يۈسۈپنىڭ كۆڭلى خۇددى سۈزۈك ئەينەكتەك
مۇسەففا④ بولۇپ، تاماق يېسە كېلىدىن
كۆرۈنۈپ تۇراتتى.
ئاللاتائالا ھۆسن - جامالنى ئون
ھەسسە قىلىپ يارىتىپ، توققۇز ھەسسىسى
ھاۋا ئانىغا، قالغان بىر ھەسسىنىڭ ئوندىن
توققۇزىنى يۈسۈپ ئەلەيھىسسالامغا، بىرىنى
ئالەمدىكى جىمى شەيئىلەرگە ئاتا قىلغان
ئىكەن. مۇبادا ئۇچار قۇشلار يۈسۈپنىڭ
ئالدىدىن پەرۋاز قىلسا، ئۇنىڭ ھۆسنى-
چىرايىغا مەھلىيا بولۇپ، ھەيرانلىقتا قانات
قېقىشنى ئۇنتۇپ تەلمۈرۈپ قالار ئىدى.
ھەتتا كۆكتىكى پەرىشتىلەرمۇ يۈسۈپنىڭ
جامالىغا مۇشتاق بولاتتى. ئۇ شۇنچىلىك
خوشئاۋاز ئىدىكى، ناگاھان تىل سۈرسە،

① — گۈزەللىك ھەققىدە ھېكايە.
② پەيغەمبەرلەر ھەققىدە قىسسە.
③ ئەزۋاج — پەيغەمبەرنىڭ ئايالى.
④ مۇسەففا — ناھايىتى سۈزۈك، غۇبارسىز، پاك.

ئاۋازى شېرىن، سۆزلىرى نەغمە-نەۋەزىنىش ھەزەر ئەيلەپ، ناله قىلىشاتتى، ئۇنىڭ كەبى دىللارنى شادمان قىلاتتى، كېچىلىرى شەنىگە ئاتاپ، جىمىي ئالەمنىڭ شائىر ۋە يول يۈرسە ئەتراپ مەنىەۋەر بولاتتى، نازىملىرى كۆپ نەزم ۋە بېيىتلارنى توقۇغان، بۇلارنىڭ بىرى ئۇشبۇدۇر: جىمى ئىنس-جىنلار ئۇنىڭ نۇرۇلپاكىدىن①

## نەزم

ئۆزىنىڭ نۇرىدىن قادىر ئىگەم بىر نۇر ئايان قىلدى،
مۇھەممەت نۇرى ئول ئاندىن دۇ② جاھان قىلدى،
يەنە ئاندىن ياراتتى ئەنبىيالار روھىنى مەۋجۇد،
جاھانغا قۇدرەتىدىن كۆرگۈزدى دائىما مەئبۇد،③
يەنە ئادەم يارىتىپ ئىشقىنى قىلدى ئاڭا مەسئۇد④،
بارىدىن ئۆزگەكى ئەردى مۇھەممەت مۇستاپا مەقسۇد،
نەبىلەر ئىچرە ئول يۇسۇپنى خۇرشىد⑤ جاھان قىلدى.

كۆرۈڭ، يۇسۇپنىڭ ھۆسنى جاھانغا ئاشكار ئولدى،
نەچە خۇرشىد ئالەمنىڭ زىياسى⑥ ھەم غۇبار ⑦ ئولدى،
پەرىشتەلەر ھەم يۇسۇپ يۈزىگە ئىنتىزار ئولدى،
ئېشىتىپ كۆرمەيىن ھور قىزلەر بىقارار ئولدى،
ئانىڭ شەئنىدە سۆزلەپ ھەر بىرى بىر داستان قىلدى.

چىكەر بۇلبۇل پىغانلار نەۋ باھاردا گۈلىستان ئىچرە،
تۈزەر يۈز نەغمەئى ئاھى كى ھەردەم ئەرمۇغان ئىچرە،
بولۇر گۈل يادىدا بۇلبۇل ھەمىشە باغرى قان ئىچرە،
يۇسۇپ بىرلەن زۇلەيخا ئۆتتىلەر ئاشىق جاھان ئىچرە،
ئىككىسى بىر-بىرىگە ئىنتىزارۇ ئىمتىھان قىلدى.

قېنى يۇسۇپ-زۇلەيخا قايىدادۇر ئۇشبۇ جاھان ئارا؟
قېنى مەجنۇن، قېنى لەيلى، قېنى ئول ۋامىقى-ھۇزرا؟
نە گۈل قالدى جاھاندا، نە چىمەندە بۇلبۇلى شەيدا،

---

① نۇرۇلپاك — سۈزۈك نۇر، روشەن نۇر.
② دۇ — (پارىسچە) ئىككى.
③ مەئبۇد — (ئەرەبچە) شەكىل، بۇت، ھەيكەل. بۇ يەردە مۇئەللىپ تەڭرى قۇدرىتى ئارقىلىق نۇر شەكلىنى ئايان قىلدى، دېمەكچى.
④ مەسئۇد — (ئەرەبچە) قۇتلۇق بولغۇچى، سائادەتلىك بولغۇچى.
⑤ خۇرشىد — (پارىسچە) ئاپتاپ.
⑥ زىيا — (ئەرەبچە) نۇر.
⑦ غۇبار — (ئەرەبچە) چاڭ-توزاڭ.

كى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىناي، دەپ خالىسى رەسۋا،
زۇلەيخا بىرلە يۇسۇپ قىسسەسىن ئەمدى بايان قىلدى.

خۇدايى تائالا ئۆز قۇدرەت سەنئىتى بىلەن بۇ جاھانغا يۈز مىڭلىغان نەمۇنەئى مۆجىزىلەرنى ياراتتى، ۋە لېكىن ئۇشبۇ مۆجىزىلەر ئىچىدە ھەزرىتى يۇسۇپتەك ماھى - ئاپتاپ بولمىغان ئىدى. ئەي ساھىبى سائادەت، ئىشىتمەك كېرەككى، يۇسۇپنىڭ ھۆسىن - جامالى ھەققىدە شائىرلار نىمە دەيدۇ:

نەزم

جامالى — ھۆسنى يۇسۇپكىم خالايىقنى چوقان ئۆرتەر،
يۈزىنىڭ شوئلىسى ھەركىمگە تەگسە بىگۇمان ئۆرتەر.

مالائىك، ھور - غىلمانلار كۆرۈپ ھۆسنىن قىلۇر دەۋران،
ئۇچار قۇشۇ، پەرى - دىۋە جىمىكى ئىنس جان ئۆرتەر.

قىلۇر بولسا بىنا يۇسۇپ قەيەردە نەغمەئى سوزان،
بولۇپ بۇلبۇل پىدا ئاڭا ئۆزىنى بوستان ئۆرتەر.

ئانىڭچۇن شاھە - شاھى چىكىپ يۈز مېھنەتۇ ئاھى،
قىردىق يىل ئاپىتى چاھى كۆرۈپ جان - جاھان ئۆرتەر.

چۇشۇپ ياقۇپقا يۈز ئەرمان چېكەر ھىجرىدە كۆپ ئەفغان،
بولۇپ چۇن بۇلبۇلى نالان ئۆزىنى پىنھان ئۆرتەر.

يۇسۇپنى زۇلەيخا سۆيگەن، ئاتاپ ئاتىنى تىل كۆيگەن،
چۇشۇپ قەلبىگە ئىشق دەردى ۋۇجۇدى ئۇستىخان ئۆرتەر.

دىدى خالىس ئۇلارنىڭ قىسسەسىدىن ئانچىنان سۆزلەر،
ئىشىتسە ئاشىقى سادىق گۇمانسىز خانۇمان ئۆرتەر.

ئەلقىسسە، ھەزرىتى يۇسۇپ ھۆسىن — لاتاپەتتە زامانىسىنىڭ يىگانىسى، كامالەتتە دەۋرىنىڭ دۇردانىسى ئىدى. ياقۇپ ئەلەيھىسسالام يۇسۇپنى جېنىدىن ئېزىز كۆرەتتى. يۇسۇپنىڭ ئانىسى پانى ئالەمدىن باقى ئالەمگە ھىجرەت قىلغان ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەزرىتى ياقۇپ يۇسۇپكە تولا مېھرىبانلىق قىلاتتى. يۇسۇپنىڭ ئاكىلىرىنىڭ بۇنىڭغا تارلىغى كىلەتتى.

كۈنلەردىن بىر كۈن ھەزرىتى ياقۇپ

بىر چۈش كۆردى، چۈشىدە كەنئاننىڭ باياۋانىغا بارغان ئىمىش، ئون بۆرى يۈسۈپنى ئارىغا ئېلىپ تالاۋاتقانمىش، ئەمما، شۇ سائەتتە بىر مۆجىزە يۈز بېرىپ، يەر يېرىلغانمىش، يۈسۈپ يەرگە كىرىپ غايىپ بولارمىش، بۆرىلەر بولسا، تەڭلىكتە قېلىپ، تارقاپ كېتەرمىش.

ھەزرىتى ياقۇپ ئويغىنىپ كېتىپ، دەرھال قارىسا، يۈسۈپ يېنىدا يېتىپتۇ. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇ كۆرگەن چۈشىدىن ئەندىشە قىلىپ، يۈسۈپنىڭ يېنىدىن بىر سائەتمۇ ئايرىلمايدىغان بولدى. كۆڭلىگە ھەرچەندە تەسەللى بەرسىمۇ، زادى ئەمىن تاپمىدى. ھەزرىتى ياقۇپ خۇداغا مۇناجات قىلىپ، شۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كى بىر كۈن چۈش كۆرۈپ ياقۇپ دېدى غەمدە جۇدا ئەتمە.
يۈرەگىم بۇ چۈشۈمدىن ئۆرتىنۇر يۈسۈپ جۇدا ئەتمە.

جۇدالىق دەردىدىن قاتتىق جاھاندا ھېچ بالا يوقتۇر،
مېنى ھەيران قىلىپ يار دەپ ئىشىكلەردە گادا ئەتمە.

جاھاننىڭ گۈلشەنى، ئىككى كۆزۈمنىڭ رەۋشىنى يۈسۈپ،
ئەگەر ئاچىلسا گۈل بادى خازانغا① مۇپتىلا ئەتمە.

بولۇپ مەندىن جۇدا يۈسۈپ، بۈگۈن - تاڭلا سەپەر قىلساڭ،
باياۋان - چۆللەردە ئاھ ئۇرۇپ دىلنى ئادا ئەتمە.

قېرىغان چاغىمدا بىر چۈش كۆرۈپ ھەيران بولۇپ قالدىم،
ئەيا يۈسۈپ مېنى ھەردەم جامالىڭدىن جۇدا ئەتمە.

يامان بولدى مېنىڭ چۈشۈم زەھەر بولدى يېگەن ئاشىم،
بۇ ھەسرەتتە مېنىڭ باشىم جۇدالىقنى راۋا ئەتمە.

ئەيا خالىس دېدى ياقۇپ خۇدايىغا مۇناجاتىن،
گىرىپتارى پىراق ئەيلەپ دەرتكە مۇپتىلا ئەتمە.

شۇ يوسۇندا، ھەزرىتى ياقۇپ كېچە-كۈندۈز خۇداغا ئىلتىجا قىلىپ، يۈسۈپنىڭ پىكرى-زىكرى بىلەن كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى، ئۇخلىسا چۆچۈپ ئويغىناتتى ۋە يۈسۈپنى كۆرۈپ كۆڭلى ئارام ئالاتتى، نېچۈك ۋەقەلەر يۈز بېرەر ئىكەن، دەپ ھەمىشە غەمگە ئاغۇشتە بولۇپ يۈرەر ئىدى.

ئەلھاسىل، بىر كېچىسى ھەزرىتى يۈسۈپمۇ بىر چۈش كۆردى-دە، ئويغىنىپ، ئاھ-پىغان چېكىپ، يىغلىدى. ھەزرىتى ياقۇپ بۇ ھالنى كۆرۈپ، ئۇنى دەرھال قۇچىقىغا ئېلىپ، يۈز-كۆزلىرىگە سۆيۈپ شۇنداق دېدى:

① بادى خازان (پارسچە) كۈز شامىلى.

ـ ئەي ئوغلۇم يۇسۇپ، ساڭا نىمە بولدى؟ نىمە ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ، سىنەڭنى چاك ئېتەرسەن؟ بۇ ھالىڭغە قاراپ مەندە تاقەت قالمىدى.

ھەزرىتى يۇسۇپ دېدىكى:

ـ ئەي ئاتا، بۇ كېچە بىر چۈش كۆرۈپتىمەن، تەئبىرىنى ئېيتىپ بەرسىڭىز!

ـ ئەي قوزام، ـ دېدى ئاتىسى ـ چۈشۈڭنى ئېيتمىغىن، تەئبىرىنى سورىمىغىن، بۇ چۈشۈڭ پىنھان قالسۇن.

يۇسۇپ شۇنداق دېدى:

ـ ئەي ئاتا، مېنى دوست تۇتار بولسىڭىز ۋە ياخشى كۆرسىڭىز چۈشۈمنىڭ تەئبىرىنى ئېيتىپ بەرگەيسىز.

ـ خوپ، تەئبىرىنى ئېيتاي، ئەمما بۇنى سىر تۇتقىل، ئۆزگىگە ئاشكارا قىلمىغىل. مادامىكى، بۇنى ئاڭلىرىڭ ئاڭلاپ، ساڭا زەرەر يەتكۈزمىگەي، ـ دېدى ياقۇپ ئەلەيھىسسالام ۋە يەنە:

ـ سەن مېنىڭ كۆز قارچۇغۇمسەن. سۆزلەر سۆزۈم، ئىشىتەر قۇلىغىمسەن. ئەمدى مەن چۈش تەئبىرىنى ئېيتىمەن، بۇ سۆز شۇ يەردىلا قالسۇن. چۈشۈڭنى بايان قىلغىل! ـ دېدى.

يۇسۇپ چۈشىنى بايان قىلىپ شۇ بېيىتلارنى ئوقۇدى:

نەزىم

بۇ كېچە بىر چۈش كۆرۈپ، ئەقلىم ئاڭا ھەيراندۇر،

ئانىڭ تەئبىرىگە يەتمەي كۆڭۈل ئۆيى ۋەيراندۇر.

ئەگەر لۇتفىگە ① ئالسا ئىگەم ئۆزى راخماندۇر،

ئەگەر ئەدلىگە ئالسا ھەكىم بارچىگە مەنناندۇر②،

بىلەلمىدىم باشىم ئەمدى نە كەلگەن دەۋرى دەۋراندۇر،

ئۈمىدىم شۇلكى رەببىم بەندىگە لۇتفى پاراۋاندۇر③.

ياقۇپ شۇ بېيىتلارنى ئوقۇدى:

دېدى ياقۇپ، ئايا ئوغلۇم ساڭا بۇ سىر ئايان بولسۇن،

ئانىڭ تەئبىرىنى ئېيتاي ساڭا مەندىن بايان بولسۇن،

ۋاپاسىز دۇنيادا بىرنەچچە كۈن جانىڭ ئامان بولسۇن،

ساڭا ھەركىم يامانلىق ئەيلىسە ئۆزى يامان بولسۇن،

نەخۇش بولساڭ قاشىمدە ماڭا ھەم جان ئارام بولسۇن،

دۇئاگويلەر دىگەي ھەردەم سېنى دائىم ئامان بولسۇن.

① لۇتف (ئەرەپچە) ـ يۇمشاق، مۇلايىم، مېھرىۋانلىق قىلماق.

② مىننان (ئەرەپچە) ـ ئۆزىگە تەمدىنىنا قويغۇچى ـ بۇ يەردە تەڭرىنىڭ سۈپىتى قىلىپ ئىشلىتىلگەن.

③ پاراۋان (ئەرەپچە) ـ يېتەرلىك، كىڭتاشا، باياشات.

يۈسۈپ شۇ بېيىتلارنى ئوقۇدى:

دىدى يۈسۈپ: جەۋاھىردىن ياساتقان تەخت كەلتۈردى،
ئەجەپ ئايۋان كەيۋان مۇنەققەشكە ئانى قويدى،
كۆتەرىپ كۆپ خالايىقلار مېنى ئول تەختكە مىندۇردى،
ئوشۇل تەخت ئۆزرە مىنمەككە مېنى بارچە كۆندۈردى.
مەن ئول تەخت ئۈستىدە بارچە ماڭا خىزمەت قىلىپ تۇردى،
بىلەلمەيمەن ئاتا، ئوشبۇ قەسىردە نە ئايان بولدى؟

ياقۇپ ئېيتتى:

دىدى ياقۇپ ئاڭا: ئول تەخت شەھەنشاھلىق تەختىدۇر،
ئەگەر ھەركىمسەگە بولسا مۇيەسسەر ئۇنىڭ بەختىدۇر،
ئانىڭ ئالدىدا ھازىر جۇملە ئالەمنىڭ كىرەختىدۇر،
قۇلۇنۇم، بۇ چۈشۈڭدىن كى ساڭا دۆلەتنىڭ ۋەختىدۇر،
ساڭا شاھلىق باغىدا ئىززەتۇ دۆلەت دەرەختىدۇر،
ئۈمەت ئۆلكىم، سېنىڭ ئىلكىڭدە جۇملە جاھان بولسۇن.

يۈسۈپ ئېيتتى:

ئۇشەل تەخت ئۈستىگە مىنگەن ھامان ھۆكمىم ئايان بولدى،
مېنىڭ ئەمرىمدە ھەركىم ھەر تەرەپلەرگە راۋان بولدى،
قىلىپ خىزمەت كەمەر باغلاپ جىمى خەلق ئالىيان بولدى،
ماڭا ئەرگەشتىلەر ئۈل دەم يۈرۈشۈم ھەر قايان بولدى،
ئۇچار قۇشلەر سولايماندەك باشىم سايىۋەن بولدى،
نە ئىشلەر باشىمە كەلگەي، بىلەلمەم قايىسى دەۋراندۇر؟

ياقۇپ ئېيتتى:

دىدى ياقۇپ، بولۇرسەن ئەي قۇلۇتۇم ئالىمى سولتان،
سېنىڭ ئالدىڭدا خىزمەت ئەيلىگەيلەر ھەم شاھى - شايان،
سۈرەرسەن سەلتەنەتلىك شاھ بولۇپ ئول تەخت ئۆزرە دەۋران،
رەئىيەت ئوشبۇ دەۋلەتتىن كۆرگۈسى نەپ ھەم بولۇر شادمان،
خۇدانىڭ رەھمىتىدۇر بۇ چۈشۈڭ يوق ئىبرۇر يالغان،
ئىلاھىم بارچە ئىشلەردە سېنىڭ ھۆكمىڭ راۋان بولسۇن!

يۈسۈپ ئېيتتى:

يەنە ئاپتاپ-ئاي كەلدى ئانىڭ كەينىدە ئون يۇلتۇز،
بارى تەزىم قىلىپ تۇردى ماڭا ھەم كېچەيۇ-كۈندۈز،
نىمەدۇر بۇ ئالامەتلەر، ئېيتىڭىز تەبىرىدىن بىر سۆز،
ھەمە يەردە تۇرۇپ ئەردى كى مەن تەخت ئۈستىدە يالغۇز،
بۇ خىل ئىززەتۇ-ئىكرامنى جاھاندا كۆرمىگەن بىر كۆز،
ئالىپ تۇرغان مېنى ئەتراپىدا خەلق ھەم پاراۋاندۇر.

ياقۇپ ئېيتتى:

دىدى ياقۇپ، ئۈششەل ئاي-كۈن سېنىڭ ئاتا-ئاناڭ بولغاي،
ئانىڭ كەينىدە ئون يۇلتۇز سېنىڭ بارچە ئاغاڭ بولغاي،
نەچە يىللار ئارادا ئۆتكۈسى، نەچە زامان بولغاي،
بىلەلمەيمەن ئۇشەل كۈنلەر ئاتاڭ قانداق خازان بولغاي،
پەلەكنىڭ گەردىشىدىن قان يۇتۇپ ياخۇد ساراڭ بولغاي،
مېنىڭ كۆڭلۈمدە بىر سەبىر-قارا ئاندا قاچان بولسۇن!

يۈسۈپ ئېيتتى:

ئايا ئاتا، بۇ چۈش كۆردۈم ئەجايىپ بىقارار بولدۇم،
ئانىڭ ۋەھىمى بىلەن تىترەپ چۇنان زار-زار بولدۇم،
بۇنىڭ تەبىرى قانداق بولۇر، دەپ ئىنتىزار بولدۇم،
ئىچىمگە غۇسسە بىرلەن غەم تولۇپتۇر بىمادار بولدۇم،
تۈگمەس قايغۇ بىرلەن ئۆرتىنىپ قەلبى غۇبار بولدۇم،
نە ئىشقا يۈزلىنۇر، دەپ بۇ يۈرەك-باغرىم تولا قاندۇر.

ياقۇپ ئېيتتى:

دىدى ياقۇپ ئاڭا ئول دەم ئىشىت بۇ سۆزنى ئەي دىلدار،
كى مەن بىلدىم يەنە ئەمدى كىشىگە ئېيتماغىل زىنھار،
بۇ ئالەمدە ساڭا بىر خۇدادىن ئۆزگە يوق غەمخار،
مېنىڭ پەندىمنى ئالساڭ، قىلمىغىن سىرىڭنى ھېچ ئىزھار،
ئەرز ئاڭلاپ ساڭا غەم-غۇسسەلەر يەتكۈزمىسۇن ئەغيار،
ئالامەت زاھىر ئولغۇنچە بۇ سىرىڭ پىنھان بولسۇن.

قىلىپ خالىس بايان ئاتا-ئوغۇل سۆزلىرىن بۇنياد،
جاھان بىۋاپاسىدىن ئەيلىدى ئاھ بىلەن پەرياد،
ئەجەل ئۇنداق ئىرەنلەرنىڭ قىلىپتۇر ئۆمرىنى ناشاد،
بۇ سۆزلەر بىرلە بىردەم روھىنى مەن ئەيلىسەم بىر شات،
نېمە قالدى چىمەندە، باغ ئارا سەرۋ ھەم شەمشات،
يىقىلغاندا ئۇلار قىلسا مەددەت ماڭا نە ئەرماندۇر.

ئەلقىسسە، ئاتا-ئوغۇل بۇ سۆزلەرنى بىر-بىرىگە ئېيتىپ تۇرغاندا، شەمئۇننىڭ خاتۇنى ئىشىك سىرتىدا ئاڭلاپ تۇرار ئىدى. ئۇ كېلىپ، شەمئۇنغا ئېيتتىكى: «ئەي شەمئۇن، ئاتاڭغا يۈسۈپ چۈشىنى ئېيتىپ ئىدى، ئاتاڭ يۈسۈپكە، جىمى جاھانغا شەھەنشاھ بولۇرسەن، دەپ تەبىر بەردى». شەمئۇن بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ، ھەسەت قىلدى، رەشك قوزغالدى، پۈت-قولىغا تىترەك چۈشتى، كۆڭلىدە ئاداۋەتى غالىپ كېلىپ، ھەممە ئاغا-ئىنىلىرىگە خەبەر يەتكۈزدى. ئۇلار: «كىمدىن ئاڭلىدىڭ؟» دەپ سورىدى. شەمئۇن: «بۇ سۆزلەرنى خاتۇنۇم ئاڭلاپ، ماڭا يەتكۈزدى»، دېدى. بۇلار ھەممىسى ھەسەت قىلىشتى، تىل بىرىكتۈرۈشتى ۋە دېدىلەركى: «راھىلەنىڭ ئوغلىنى ئۆلتۈرمىگۈنچە كۆڭلىمىز ئارام تاپماس». ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدە يۈسۈپنىڭ يەھۇدا ئىسىملىك بىر ئاغىسى بار ئىدى. ئۇ شۇنداق دېدى: «يۈسۈپنى ئاتىمىز ئۆز يېنىدىن ئەسلا نېرى كەتكۈزمەيدۇ، ئۇنى قانداق ئۆلتۈرىسىلەر؟» يەنە بىرى ئېيتتىكى: «يۈسۈپنى ئالداپ، سەھراغا ئېلىپ چىقايلى، شۇ يەردە ئۇجۇقتۇرايلى». يەنە بىرى: «ئاتىمىز بىزگە قوشۇپ بەرگىلى ئۇنىماسمىكىن!»، دېدى. «يۈسۈپنىڭ ئىشىنى مەن ئادا قىلىمەن، بىر ئامال قىلىپ، ئۇنى ئاتام ئالدىدىن ئېلىپ چىقىمەن!» — دېدي يەنە بىر ئاكىسى. شۇ ھالەتتە بۇلار تاڭ ئاتقۇچە كېڭەش قىلىشتى. تاڭ ئاتتى. ناگاھ ھەزرىتى يۈسۈپ ئاكىلىرىنىڭ ئالدىغا سالامغا چىقتى. ئاكىلىرى ئۇنى بىر-بىرىدىن قۇچاقلاپ سۆيۈپ: «كۆرگەن چۈشىڭىز مۇبارەك بولسۇن، بىزگىمۇ ئېيتىسىڭىز، ياخشى تەبىر بەرسەك» دېيىشتى ۋە «كىچىك بالا دېگەن چۈشىنى ئاكىلىرىغا ئېيتىشى كېرەك!» دەپ بەزلەشتى.

ئەلقىسسە، ھەزرىتى يۈسۈپ ئاكىلىرىنىڭ سۆزلىرىگە ھەيران بولۇپ «چۈشۈمنى بۇلار قانداق ئاڭلىغاندۇر؟» دەپ خىيال سۈرۈپ، تەرەددۇتتا قالدى. ئېيتاي، دېسە، ئاتىسىنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق، ئېيتمىساي، دېسە ئاكىلىرىنىڭ ئالدىدا خىجالەتچىلىك بولۇر ئىدى. يۈسۈپ ئىزتىراپتا قالدى، ئاخىرى تەڭلىك ئىچىدە شۇنداق دېدى:

— ئەي ئاكىلىرىم، مېنى بەك خىجالەت قىلدىڭلار، ھەزرىتى ئادەم ئاتىدىن ئوغۇللىرىغا شۇنداق بىر ياخشى يادگار قالغان ئىدىكى، ئۇنى قولىدا تۇتقان كىشى ھەسەل يېگەندەك لەززەت ئالۇر، مانا ئۇ نېمە دەيدۇ:

نەزم

بۇدۇر ئادەم ئاتىمىزنىڭ ئەيغانلىرى،
ياخشى ئاڭلاڭ سۆزلىرىنى ئوغلانلىرى،

بارچىمىزغا ئۇنىڭ سۆزى مىزان ئىدى،
«كۆرگەننى دە، ئەمما دىمە كۆرمىگەننى.

قۇلاق سالغىن مەنىلىك سۆز بولغان يەردە،
ھەم كۆز بولغىن ياخشىسىنى كۆرگەن يەردە،
ئۇچۇق سۆزلە ياخشى سۆزنى بىلگەن يەردە،
بىلگەننى دە، ئەمما دىمە بىلمىگەننى.

كېچە-كۈندۈز ھەق ئىشلاردا سابىت بولغىن،
تىرىك بولساڭ ياخشىلىقنى نىيەت قىلغىن،
جەھد① ئەيلىگىل، دەرگاھىغا ئەمەل قىلغىن،
قىلغاننى دە، ئەمما دىمە قىلمىغاننى.

تۈنلەر قوپۇپ بەندىلىككە يېتە كۆرگىل،
ئەر ياخشىسىنى تېپىپ ئىتەك تۇتا كۆرگىل،
يولنى تېپىپ مىرادىڭغا يېتە كۆرگىل،
يۈرگەننى دە، ئەمما دىمە يۈرمىگەننى.

ئاغىنىلىرىم، بۈگۈن مېنى خىجىل ئەتمەڭ،
ئاتام بىرلەن ماڭا ھەرگىز دەخىل ئەتمەڭ،
بۈندىن ئارتۇق چۈشنى ئەمدى ھەزىل ئەتمەڭ،
كۆرگەننى دە، ئەمما دىمە كۆرمىگەننى.

دىمەي، دىسەم «يالغانچى» دەپ ئاتار ئاتىم،
دىسەم بولۇر ناپەسەنتلىك ئىسىل زاتىم،
ئاغىنىلىرىم بۈزماڭ مېنىڭ كۆڭۈل شادىم،
كۆرگەننى دە، ئەمما دىمە كۆرمىگەننى.

خالىس ئەمدى قانداق قىلىپ مۇراد تاپار؟
دۆلەت ئاتىن قانداق قىلىپ مىنىپ چاپار؟
سىنىڭ ئەيىبىڭ كىرەم قىلار، قىل ئىستىغپار،
بولغاننى دە، ئەمما دىمە بولمىغاننى.

ئەلقىسسە، ئاكىلىرى بۇ جاۋاپنى ئاڭلاپ، بىلدىلەركى، چۈش كۆرگەنلىكى بەتەھقىق راستتۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى چەندان غەزەپكە كەلدى، يۈسۈپنىڭ قانىنى ئىچمەككە قەست قىلىشتى، ھىلە-مىكىر ئىشلەتمەكنى ئەھد قىلىشتى-دە، ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كېلىشتى. تازىم ۋە تاۋازۇدىن كېيىن شۇنداق دېيىشتى:

— ئەي ئاتا، پەسلى باھار بولۇپ، گۈللەر ئېچىلىپ، بىنەپشە پۇراقلىرى ھەريانغا ساچىلىپ، بۇلبۇللار ناۋا ئەيلىمەكتە، تۇتىلەر تەكەللۇم قىلىپ، قۇمرىلەر تەسبىھ سىرىماقتا، كەكلىكلەر پىنھانىدا، تاۋۇسلار گۈلزاردا رەقس قىلىپ، كەپتەرلەر سامادا پەرۋاز ئەيلىمەكتە، جىمى جانىۋارلار نەغمە-ناۋا تۈزۈپ، بۇلاقلار ھەر تەرەپكە راۋان ئېقىپ تۇرۇپ، سەھرالار يېشىل تونغا پۈركىنىپ، جەۋلان قىلماقتا. قويلار قوزىلاپ، تۆگىلەر بوتىلاپ، ئاتلار كىشنىشىپ، ئاھۇلار ئوينىشىپ، جەرەنلەر ئېغىنىشىپ، ئاجايىپ-غارايىپ مەنزىرە ئەھيان بولماقتا. لالىزارلار قەھ-قەھ ئۇرۇپ كۈلۈپتۇر، ئىسرى تاماشا قىلىدىغان ۋاقت كېلىپتۇر. يۈسۈپنى بىرگە قوشسىڭىز، سەيل-ساياھەت قىلىپ ئوينىشىپ كەلسەك!

ئاكىلىرىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان يۈسۈپنىڭ كۆڭلىگە ساياھەت ئىشقى چۈشۈپ، ئاتىسىدىن ئىجازەت بېرىشىنى سوراپ شۇ بېيىتلارنى ئېيتتى:

نەزىم

ئىجازەت بەرسىڭىز ئاتا بۇ ئىش چۈشتى خىيالىمغا،
چۈشۈپتۇر باغ ئارا شەبنەم مېنىڭ پەسلى باھارىمغا،

① جەھد (ئەرىپچە) — تىرىشماق، قاتتىق تۇرۇپ ئادا قىلماق.

بىرىپ ئويناپ كېلەي سەھرادا ئۆتكەن لالىزارىمغا،
كېلۇرمەن ئالدىڭىزغا كەچقۇرۇن قايتىپ دىيارىمغا،
سەبەپ بولغاي تاماشا سەيل-سەھرالار خۇمارىمغا.

باھار بولدى، جاھانمۇ خۇش، كۆكەردى دالا ۋە سەھرا،
گۈلىستاندا گۈل ئاچىلدى ناۋادا بۇلبۇلى شەيدا،
كى ھەريانغا چۇشەرمىش ئاجايىپ غۇلغۇلە-غەۋغا،
باھار ئىچرە كۆرەر بولسا نە ئىشلەر بولغۇسى پەيدا،
ئاغالىرىم يەنە تويسۇن بۇگۈن ھۆسنى-جامالىمغا.

قەپەزدە بۇلبۇلى شەيدا نە بەھىر تاپقۇسى ئاندا؟
غىمى ھەم قايغۇسى كۆپتۇر بۇ ھەسرەت خانە دامىندا،
مېنى قوي ئىختىيارىمغا ئەگەر بولدى كۆڭۈل شەيدا،
يۈبەرگىل ھەر تەرەپكە ئويناپ-كۈلۈپ كېلەي مۇندا،
يۈكى غەمنى راۋا كۆرمە مېنىڭ قەددى نىھالىمغا.

مېنىڭ گاھى پىراقىمغا سېنىڭ ھەم خاتىرىڭ كەلسۇن،
قوزىلارنى كۆرۈپ ئاندا مېنىڭ مېھرى دىلىم قانسۇن،
ئاناسىدىن جۇدا بولغان يۈسۈپنىڭ كۆڭلىنى ئالسۇن،
مۇھىبلەر ① جەم تۇتسۇن رەقىپلەر ئۆرتىنىپ ئۆلسۇن،
كى يۈزمىڭ تەشنەلەر قانسۇن مېنىڭ بۇ لەئلى زارىمغا.

باھار كۆركى ئەجەپ مەۋسۇم، ئەجەپ ۋاقتى، ئەجەپ پۇرسەت،
مېنىڭ كۆڭلۈم غىمى كەتسۇن بەرگىن ئاتا ماڭا رۇخسەت،
مېنى قويما بۇ يەردە ئەي پەدەر ئەيلەپ ماڭا شەپقەت،
كۆرەر بولساڭ ئاغالىرىم ئىبرۇر ئانداق ماڭا ئۇلپەت،
راۋا كۆرمەس زاۋالىمنى، خەبەردار ئەردى ھالىمغا.

ئايا خالىس ئۇلارنىڭ مىكرىدىن غاپىل ئىدى يۈسۈپ،
دىلىدە يوق ئىبرۇر رەشكى، سەخى بىر دىل ئىدى يۈسۈپ،
فىرىپتە بولدى ئاندە گەرچە كۆپ ئاقىل ئىدى يۈسۈپ،
خۇدانىڭ ھۆكمىگە نېتسۇن، نەچە كامىل ئىدى يۈسۈپ،
دىدى «نېچۈك رازى بولۇر ئاغالىرىم زاۋالىمغا»؟

① مۇھىب — مۇڭداشقۇچى، دوست-ياران.

ئەلقىسسە، ھەزرىتى ياقۇپ ئەلەيھىسسالام شۇنداق دىدى: «ئەگەر بۇ ياش ئوغلاننى سىلەرگە قوشۇپ بەرسەم، مۇبادا سىلەر ئويۇنغا مەشغۇل بولۇپ قالغاندا بىرەر ھادىسە سادىر بولۇپ، بۆرە يەۋىسە قانداق قىلارسىلەر؟»

ئوغلانلىرى شۇنداق دىدى:

— ئەي پەدەر بۇزرۇكۋارىمىز، يۈسۈپكە بىزمۇ سىزگە ئوخشاش مېھرىۋانمىز. ھەر بىرىمىز باھادۇرلۇقتا شىرمەسەللىكدۇرمىز. يۈسۈپنى ياخشى ئاسراپ، ھېچ ئەلەم يەتكۈزمەي ئېلىپ كېلۇرمىز!

كۆپ ۋەئدىلەر بىلەن بىر ھازا سەئى قىلىشىپ، ياقۇپ يۈسۈپنى ئۇلارغا قوشۇپ بەرمىدى. ئۇلار ئاتىسىنىڭ ئالدىدىن نائۇمىت بولۇپ قايتىپ چىقىشتى ۋە يۈسۈپنى يەنە ئالداپ دىدىلەركى:

— ئەي كۆزىمىزنىڭ رەۋشىنى يۈسۈپ، سەھرادا ئاجايىپ ۋە غارايىپ نەرسىلەر كۆپتۇر، ئادەملەر كۆرسە كۆڭلى شات - خورام بولۇر. نىمە ئۈچۈن بىز بىلەن بىللە سەھراغا بېرىپ، سەيل - تاماشا قىلمايسەن؟ جۆرە، بېرىپ ئاتىمىزدىن ئىجازەت ئىلىگىن! رۇخسەت قىلمىسا ئۇنىماي يىغلىغىن، كۆز يېشىڭغا ئاتىمىز تاقەت قىلالىماي، ساڭا ئىجازەت بېرەر، ئاندىن بىز بىلەن بىللە بارارسەن!

شۇ سۆزلەر بىلەن يۈسۈپكە ھىلە ئىشلىتىشتى. يۈسۈپ ئاكىلىرىنىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، ئاتىسىدىن ئىجازەت سورىدى. ئەمما ياقۇپ ئەلەيھىسسالام ئىجازەت بەرمەي، يۈسۈپكە شۇنداق دىدى:

— ئەي بوتام، مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلىغىن، بولمىسا بېرىپ، پۇشايمان يەيسەن، سەندىن ئايرىلىپ، كۆڭلۈم ئارام تاپماس، — دەپ ئۇشبۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

### مۇناجات

ئاڭلا سۆزنى يۈسۈپىم ھەريان ساياق بارمىغىل،
قان يىغلىتىپ ياقۇپنى ئاندىن يىراق بارمىغىل،
ئۆلتۈر مېنىڭ قاشىمدا مەندىن جۇدا بولمىغىل،
مەھكەم تۇتۇپ پەندىمنى، بەھرى خۇدا بارمىغىل،
ئالساڭ نەسىھىتىمنى بۈگۈن سەھرا بارمىغىل!

بىلمەم نىچۈك ئالامەت چۈشكەي مېنىڭ باشىمغە،
رەھىم ئەيلە ئەي قوزام كۆزۈمدىكى ياشىمغە،
زەھەر - زۇققۇم قوشۇلۇر ھەردەم ئىچەر ئاشىمغە،
ئەمدى قېرىلغىمدا نە كۈن تۇغار باشىمغە،
ئالساڭ نەسىھىتىمنى بۈگۈن سەھرا بارمىغىل!

ياقۇپ سېنى كۆرمىسە بولغاي باشقىچە ھالى،
كۆزۈمنىڭ قۇۋۋىتىدۇر كۆرسەم قەددىڭ نىھالى،

دىلىمنى روشەن ئېتەر يۈزۈڭنىڭ ئاي جامالى،
دۇنيا يۈزىدە تاپقان ياقۇپنىڭ تازا مالى،
ئالساڭ نەسىھەتىمنى بۈگۈن سەھرا بارمىغىل!

سەن، سەن مېنىڭ جاھاندا دۆلىتىم ـ ئابرۇيۇم،
بولسامكى ھەرقاياندا ئاغزىمدا گۇفت ـ گۇيۇم①،
ھەردەم سېنى كۆرمىسەم بولغۇسى ھەفت جۇيۇم،
دىلىڭنى ئۈزمە يۈسۈپ، خۇش دەفئى ياخشى خۇيۇم،
ئالساڭ نەسىھەتىمنى بۈگۈن سەھرا بارمىغىل!

خالىس تەپەككۈر ئەيلەپ قىلدى يۈسۈپنى داستان،
ئىشق ئەھلى سىر ئەيتارغا گوياكى ئىدى بوستان،
بۇلبۇلى خۇش ناۋاغا ھەر يەر ئىدى گۈلىستان،
كۆكۈل ئاچىلۇر ئۇقسا خاھ باھار، خاھ زىمىستان،
ئالساڭ مېنىڭ پەندىمنى بۈگۈن سەھرا بارمىغىل!

ئەلقىسسە، ئۇشبۇ مۇناجاتتىن كېيىن ھەزرىتى ياقۇپنىڭ باغرى چاك ـ چاك بولۇپ، زار ـ زار يىغلاپ، بىھۇش بولۇپ يىقىلدى. نەچچە دەقىقىدىن كېيىن ھۇشىغا كېلىپ، يۈسۈپتىن جۇدا بولۇپ كېتىشكە كۆزى قىيماي، يەنە شۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

نەزم

ھامان كۆرمىسەم تاقىتىم يوقتۇر،
مېنى زار يىغلىتىپ قوزام ئايرىلما.
كۆرگەن چۈشۈڭنىڭ بالاسى باردۇر،
سۆزلەر سۆزۈم، كۆرەر كۆزۈم ئايرىلما!

سەن كېتەرسەن، مەن قالۇرمەن زار يىغلاپ،
ھىجران ئوتى بىرلەن باغرىمنى داغلاپ.
قايسى بىر ئاشياندىن سېنى سوراغلاپ،
شۇڭقار قۇشۇم، لاچىن بازىم ئايرىلما.

ياقۇپنىڭ نە كېچەر ھال ـ ئەھۋالى،
كۆرمىسە يۈسۈپنىڭ قەددى ـ كامالى،
كۆزۈمنىڭ نۇرىدۇر ھۆسنى ـ جامالى،
ھەقتىن ئېيتقان رىزق ـ رۇزۇم ئايرىلما.

زەررە غەم يوق ئىدى سېنىڭ بارىڭدا،
كېچە ـ كۈندۈز سېنىڭ ئىنتىزارىڭدا،
ئەمدى ئاتاڭ ـ سايرارگۈل ئۇزارىڭدا،
يۈز ئالۋاندۇر نەغمە سازىم ئايرىلما.

ئەلقىسسە، يۈسۈپ ئاتىسىنىڭ بۇ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىسىمۇ، يىغلاپ يالۋۇرۇپ ئىجازەت تىلەپ تۇرىۋالدى. ياقۇپ ئەلەيھىسسالام: «ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى، ئۆمرۈمنىڭ غۇرۇرى يۈسۈپ قوزام، سەندىن ئايرىلىشقا تاقىتىم يوقتۇر. ھەر نە بولسا، مېنىڭ سۆزۈمنى ئالمايسەن، سەھراغا كېتىپ، پۇشايمان يىمگەيسەن»، دەپ رۇخسەت بەرگىلى ئۇنىمدى. ئاتا ـ بالا ئىككىسى زار يىغلىشىپ ئۇشبۇ مۇناجاتنى ئېيتىشتى:

يۈسۈپ:

① گۇفت ـ گۇي (پارسچە) ـ گەپ ـ سۆز.

ئىجازەت بەرسەڭىز ئاتا، تاماشا ئەيلىسەم سەھرا،
قارارىم يوق تۇرارغا، بۇ ماڭا ئىچۇك سەۋدا؟
يۈرەگىم تەلپۈنەر بىر ئىش بولۇر ماڭا پەيدا،
ۋەلىك كۆڭلۇم توق ئەردى ئىمە بۇندا، ئىچۇك غەۋغا،
ئاغالەر مېھرىۋانىمدۇر قىلۇر ئاندا ماڭا پەرۋا.

ياقۇپ:

قوزام زار ئەيلىدىڭ ساڭا بىر بالا بولمىسۇن،
بارساڭ بېرىپ كېلەرسەن ئۆزگە جاپا بولمىسۇن،
جانىمغا قايتا باشتىن تۇرلۇك قازا بولمىسۇن،
كۆڭلۇمدە بىر خەتەردۇر ساڭا راۋا بولمىسۇن،
كى مۇنچە سەئيى ئېتەرسەن كارى خۇدا بولمىسۇن.

يۈسۈپ:

دىدى يۈسۈپ، ئاغامىنىڭ ھەر بىرى بىر پەھلىۋان،
نەچە ياۋ بولسىمۇ قىلار يەر بىلەن يەكسان،
ئەگەرچە يۈز مۇشەققەت ئۇچرىسا قىلغاي ئۇلار ئاسان،
ھەرىچ دۈشمەن يولۇقسا قىلغۇسىدۇر خانەئى ۋەيران،
ماڭا قەست ئەيلەگەنلەرنىڭ يۈرەگىنى ئەيلەگەيلەر قان.

ياقۇپ:

قوزام، يوق ئەندىشەم ھەرگىز بىرەر كىشىدىن،
قوقارمەن ئانچىنان ئۇل تەگۈرىنىڭ ئىشىدىن،
مەلۇم قىلۇر باھارى ھەر يىلنىڭ كەلمىشىدىن،
قورقۇنچى بار ئاتاڭنىڭ ئۇل تۈن كۆرگەن چۈشىدىن،
ئاقىۋەتى بىلىنۇر ھەر ئىشنىڭ كەچمىشىدىن.

يۈسۈپ:

دىدى يۈسۈپ خۇدانىڭ ئەمرى ھەرگىز ئۆزگە بولمايدۇ،
كىشى قاچقان بىلەن ئۇل ئەمرىدىن ھەرگىز قۇتۇلمايدۇ،
جاھاندا ئىنسان باشىغا نە غەم-غۇسسە كەلمەيدۇ،

ئېرۋر مەرت ئۇل كىشى ئانداق بالانى كۆزگە ئىلمايدۇ،
قازادىن ھەر نە كەلسە ھەر كىشى تەدبىر ئېتەلمەيدۇ.

ياقۇپ:

ياقۇپ دىدى، كۆيدۇرمە مېنى ئوتى پىراقىڭدا،
خازان قىلما بۇ جانىمنى قىلىپ سەرسان ئىشتىياقىڭدا،
چېكەرمەن ئاھۇ-ئەپغان ئايرىلىپ سەندىن پىراقىڭدا،
ئۆزەم ھىجراندا بولسام،كۆزلىرىم قالغاي سىياقىڭدا،
ئاتاڭنىڭ سۆزلىرىنى تۇتقىن قوزام قۇلاقىڭدا.

يۇسۇپ:

دىدى يۇسۇپ، ئەجەپ ھالەت مېنىڭ بىردەم قارارىم يوق،
ئۇلاردىن ئايرىلىپ ھەرگىز مېنىڭ مۇندا قالارىم يوق،
خۇدانىڭ دەرگاھىدا كۆڭلۈم ئىچرە بىر غۇبارىم يوق،
ئايا ئاتا مېنىڭ سەندىن بۆلەك كۆڭۈل ئۈزارىم يوق،
ھەۋەس قىلدىم ساياھەتنى ئۆزۈمدە ئىختىيارىم يوق.

ياقۇپ:

ياقۇپ دىدى، ئول زامان بەردىم ساڭا ئىجازەت،
ئويناپ كۆلۈپ كېلۇرسەن بىرنەچچە ۋاقىت-سائەت،
مۇڭلۇق ئاتاڭ دىدارى ساڭا ئېرۇر غەنىمەت،
ئۇلار بىلەن قوشۇلۇپ قىلغىن ئەدى ساياھەت،
كېلۇر بولساڭ بۇگۈن كەل، ئۇشبۇ ساڭا نەسىھەت.

نەزمدە ئېيتتى خالىس ياقۇپ-يۇسۇپ سۆزلىرىن،
نۇسخىسىنى كۆرۈپتۇ، كۆرگىنى يوق ئۆزلىرىن.
ھەركىم ئىشتىسە ئۇنى ياشقا چىلار كۆزلىرىن،
مەھشەر كۈنى ئۇلارنىڭ كۆرەرمەنمۇ يۈزلىرىن،
ھېچ كىم ئاڭا مېنىڭدەك جاندىن ئاشنا بولمىسۇن!

ئەلقىسسە، ئاتا-ئوغۇل ئىككىسى شۇ ئەدەپ تاۋازۇ بىلەن قول قوۋۇشتۇرۇپ
سۆزلەرنى قىلىشىپ ئولتۇرغاندا، ئاكىلىرى تۇرۇشتى:
كىرىپ كەلدى ۋە تازىم بىجا كەلتۇرۇپ،
— ئى ئاتا، — دېيىشتى ئۇلار، —

ئەگەر يۈسۈپ سىنىڭ پەرزەنتىڭ بولسا، بىزنىڭ جىگەر بەندىمىزدۇر. بۇنداق سۆيۈملۈك قېرىندىشىمىزغا زۇلۇم قىلغىلى نېچۈك تاقەت قىلۇرمىز؟

ھەزرىتى ياقۇپ ئېيتتىكى:

— خوپ، بېرىڭلار، جىگەر پارىلىرىم، سىلەرنى ئاللاتائالاغا تاپشۇردۇم، كۆز قارچۇغۇم يۈسۈپنى سىلەرگە تاپشۇردۇم.

شۇ سۆزدىن كېيىن ھەزرىتى ياقۇپ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن قالغان تەۋەررۈك كۆينەكنى يۈسۈپكە كىيدۈرۈپ، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامدىن قالغان كەمەرنى باغلاپ، ئىسھاق ئەلەيھىسسالامدىن قالغان سەللىنى بېشىغا ئوراپ، مۇبارەك ئاھۇ كۆزلىرىگە سۈرمە تارتىپ، باغرىغا بېسىپ يولغا ئىجازەت بەردى.

بۇ كىيىم ـ ئۈستىۋاشلار ھەزرىتى يۈسۈپكە شۇنداق جىلا بەردىكى، ئۇنىڭ ھۆسنى ـ جامالىغا قارىغان ھەركىم سەبىھۇش ۋە بىتاقەت بولۇر ئىدى، ئۇنىڭ جامالىدىن بەرق ئۇرغان نۇر كۆزلەرنى خىرە قىلار ئىدى.

ئەلقىسسە، يەتتە قات ئاسماندىكى پەرىشتەلەر ۋە كوھىقاپتىكى ئىنس ـ جىنلار، جەننەتتىكى ھۇر ـ غىلمانلارنىڭ ھەممىسى يۈسۈپنىڭ جامالىنى تاماشا قىلىپ، تەھسىن ئاپىرىن ئېيتىشىپ، ھەق تائالانىڭ ئادەمىزات ئىچىدە ئەشۇنداق خۇشرۇي، ساھىب جامال پاكىزە بەندىنى ياراتقانلىقىغا تەمەننا ئەيلەپ، خۇدانىڭ قۇدرەت ـ كامالىغا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىپ، تەسبىھ تارتىشتى ۋە يۈسۈپنىڭ خۇرشىد ئەنۋەر قامىتىگە مەدھىيە ئوقۇشتى.

نەزم

يۈزىن كۆرگەن كىشىنى خىرە ئېتەر ئەنۋەردۇر بۇ،
مالايىكلارنى ھەم ھەيرانە قىلغان ھۇر پەردۇر بۇ.

ئۇنىڭ ھۆسنىگە ھۇرى ـ غىلمان ئاپىرىن ئەيلەر،
شاراپەت ئاسمىنىدا سائادەت ئەختەردۇر بۇ.

جاھاندا كۆرمىدى كۆز مىسالى ھۆسنى يۈسۈپنى،
گۇمان يوق، ھەق تائالا نۇرى پاكى مەزھەردۇر بۇ.

جاھاننى پۈر تۇتار ئانداغكى يۈسۈپ زۇلپىنىڭ بۇيى،
مەگەر جەننەت ئارا بىتكەن بەئەينى سۈمبۇلدۇر بۇ.

تىلى بۇلبۇل كەبى شەمشاد قامەت، كۆزلىرى چولپان،
يۈزى ئايدۇر ۋە يا كۈندۇر ۋە يا جەننەت گۈلدۇر بۇ.

ئۇنىڭ نەرگەس كۆزىگە باغ ئارا نەرگەس بولۇر ھەيران،
ئېرۇر زاغى سىياقى يا كىيىكلەرنىڭ كۆزىدۇر بۇ.

ئىچۇك ئەيتايكى ئۈنچە چىشلىرىنىڭ تەئبىرىدىن سۆز،
بىلەلمەم ئۈنچىدۇر، دەريا تېشى، بەلكى گۆھەردۇر بۇ.

جاهان ئاسايىشى، رىغبىتى، ئارايىشى يۈسۈپ،
مالاھەت گۈلشىنىدە خۇپلەرنىڭ سەرۋەرىدۇر بۇ.

ئەلقىسسە، ياقۇپ ئەلەيھىسسالام ھەممە ئوغلانلىرىغا ياشلىق كۆزلىرى بىلەن مۇراجەئەت قىلىپ شۇنداق دىدى:

— ئەي ئوغلانلىرىم، يۈسۈپنى پاتراق قايتۇرۇپ كېلىڭلار، مۇبادا پات-پۇرسەتتە قايتىپ كەلمىسەڭلار، كۆڭلۈم بىتاقەت بولۇر، ساياھەتتە ئېھتىيات ۋە ئىجتىھات قىلغايسىلەر!

ئۇشبۇ نەسىھەتتىن كېيىن ياقۇپ ئوغلانلىرىغا پاتىھە بەردى. يۈسۈپ ئاكىلىرىغا قوشۇلۇپ دادىسى بىلەن خوشلىشىپ سەيلى-ساياھەتكە تەرەددۇت قىلىشتى.

يۈسۈپ ئاكىلىرى ئىچىدە گويا ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك بەرق ئۇرۇپ ئەتراپنى گويا نۇرغا تولدۇرۇپ تۇرار ئىدى.

ياقۇپ ئەلەيھىسسالام يۈسۈپنى ئويلاپ «ئەلۋىدا» ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى، ھاياتىمنىڭ غۇرۇرى، تىرىكىمنىڭ مادارى، ئۆمۈر باغىمنىڭ بۇلبۇلى، سېنى خۇداغا تاپشۇردۇم»، دەپ ئۇشبۇ باياتنى ئوقۇدى:

بايات

يۈسۈپ قوزام قولدىن كەتتى،
بىرىپ غەيرە يەرگە يەتتى،
بۇگۈن تاڭلا سەپەر ئەتتى،
پات كېلىڭلار ئوغلانلىرىم.

ئويناپ-كۈلۈپ شاتلىنىڭلار،
بىر ئاللانى يادلىنىڭلار،
مېنىڭ ھالىمنى بىلىڭلار،
پات كېلىڭلار ئوغلانلىرىم.

بۇ ھىجرانغا تاقىتىم يوق،
خەستە قالدىم ئامالىم يوق،
كېلۇر دەپ ھىچ گۇمانىم يوق،
پات كېلىڭلار ئوغلانلىرىم.

ئەلقىسسە، ئوغۇللار ساياھەتكە راۋان بولدى. ئاكىلىرى ئاتىسىنىڭ كۆزىدىن غايىپ بولغىچە يۈسۈپنى بويۇنلىرىغا مىندۇرۇپ، قولدىن-قولغا ئېلىپ كۆتىرىپ، پېشانىلىرىنى سىلاپ، مەڭزىگە سۆيۈپ، ئامراقلىق ۋە مېھرىۋانلىق بىلەن باشلاپ ماڭدى. يۈسۈپ بىئەندىشە، خۇشۋاقىت بولۇپ، شاد-خوراملىق بىلەن گۈلدەك ئېچىلىپ، ئەتراپقا ئەركىن نەزەر سېلىپ يۈرەر ئىدى......

ئوغۇللار يۈرۈپ تۇرسۇن، ئەمدى ھەزرىتى ياقۇپنىڭ ئەھۋالىدىن بىر سۆز ئىشىتەيلى:

ئەلقىسسە، ئوغۇللىرى كېتىشكەندىن كېيىن ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى، يۈسۈپنى قولدىن چىقارغىنىغا كۆپ پۇشايمان قىلدى، داغ ھەسرەتتە قوللىرىنى چىشلەپ، ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىشكە تەمشەلدى، ئەمما ئۇلار كۆزدىن غايىپ بولغان ئىدى. نائىلاج ئارقىسىغا قايتىپ شەجەرەتولۋىدائ① دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ، خۇداي تائالادىن ئوغلى يۈسۈپنىڭ ئامانلىغىنى

(1) — شەجەرەتولۋىدائ (ئەرەبچە) — «خوشلىشىپ قالغان» دىگەن مەنىدە.

تىلەپ، مۇناجات، قازىيۇلھاجات قىلىپ، دەر-
دۇ - پىراق بىلەن نالە قىلىپ شۇنداق دىدى:
«ئىبارا خۇدايا، بۇ نە قىسمەتتۇر، بىلمەيمەن،
شۇڭقارىمنى قولۇمدىن ئۇچۇردۇم، روشەن
چىراغىمنى ئۆچۈردۇم، گۈلزارىمنى خازان
قىلدىم. كۆزۈمنىڭ رەۋشىنى، ئۆمرۈمنىڭ
گۈلشىنى دىلبەندەمنى ساڭا تاپشۇردۇم.
يۈسۈپنىڭ گۈل يۈزىنى يەنە كۆرۈشكە، ماڭ-
لىيىدىن ئۆپۈشكە نىسىپ قىلارسەنمۇ؟»

شۇ مەھەل شەجەرەتۇلۇۋنداىدىن «قى-
رىق، قىرىق» دىگەن سادا ئاڭلاندى. ياقۇپ
بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ «يۈسۈپنى قىرىق كۈندە
كۆرەرمەنمىكىن؟» دىدى. يەنە «قىرىق،
قىرىق» دىگەن ئاۋاز ياڭرىدى. ياقۇپ
«قىرىق ئايدا كۆرەمەنمۇ؟» دەپ نىدا
قىلدى. ئۈچىنچى نۆۋەت يەنە «قىرىق،
قىرىق» دىگەن سادا ئاڭلاندى. ئەمدى يا-
قۇپ زار - زار يىغلاپ: «ۋادەرىغا، يۈسۈپنىڭ
جامالىغا ئەمدى قىرىق يىلدىن كىيىن مۇيەسسەر
بولارمەنمۇ؟» دەپ سوئال قويدى. دەرەخ-
تىن ھىچبىر سادا ئاڭلانمىدى. بۇ چاغدا
ھەزرىتى ياقۇپ بىھۇش بولۇپ يۈز تۆۋەن
يەرگە يىقىلدى. بىر ھازادىن كىيىن ھوشىغا
كىلىپ، كۆزىدىن سەلدەك ياش تۆكۈپ
ئۆيىگە راۋان بولدى.

ئەلقىسسە، ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ
نارجان دىگەن قىزى بىلەن ئىبنىن يەمەن
دىگەن ئوغلى يۈسۈپنىڭ بىر قوساق قېرىن-
داشلىرى ئىدى. بۇلار يۈسۈپنىڭ كەتكىنىنى
ئاڭلاپ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كىلىشىپ، يۈسۈپ
ھەققىدە سورىدى. ئىبنىن يەمەن يۈسۈپ
بىلەن ۋىدالىشالمىغانلىقىغا ئۆكسۈپ كۆزلىرى-
دىن ياش تۆكۈپ ئۇشبۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

ئاتا ساڭا ئەرزىم بايان ئەيلەيىن،
قېرىنداشلار كەلدى يىغلاپ نەيلەيىن،
يولغا چۈشتۇم بىلىم مەھكەم باغلايىن،
تا تىرىكمەن، پىراقىڭدا يىغلايىن،
قىيامەتكە دىدار قالدى نەيلەيىن!

ۋاھەسرەتا، يۈسۈپنى كۆرمىدىم،
سۆزلەشبان ھالى دىلىن سورمىدىم.
ئىزىن ئۆپۈپ كۆزلىرىمگە سۈرمىدىم،
قاراپ - قاراپ جامالىغا تويمىدىم،
قىيامەتكە دىدار قالدى نەيلەيىن!

غايىل بولۇپ كارۋانىمنى كۆچۈردۇم،
قولۇمدىكى لاچىنىمنى ئۇچۇردۇم،
ھەسرەت بىلەن قايغۇ - ئەلەمگە چۆمدۇم،
جۇدالىقنىڭ شارابىنى ئىچۈردۇم،
قىيامەتكە دىدار قالدى نەيلەيىن!

مەن مۇڭلۇقا كۆڭۈل سىرىن ئېيتمىدى،
ئەرمان قالدى، بىر خوشلىشىپ كەتمىدى،
بۇ دۇنيادا مۇرادىغا يەتمىدى،
ۋا ھەسرەتا، مەندىن نىلەر ئۆتمىدى،
قىيامەتكە دىدار قالدى نەيلەيىن!

ئەي يارانلار يۈرىگىمنى تىلمىڭىز،
خالىس ئۆزى غەم - غۇسسىدا، بىلسىڭىز،
ھەسرىتى كۆپ ئۇنىڭ ھالىن كۆرسىڭىز،
پانى بولۇك سۆزلىرىمگە كىرسىڭىز،
قىيامەتكە دىدار قالدى نەيلەيىن!

ئەلقىسسە، ھەزرىتى ياقۇپ ئىبنىن
يەمەننىڭ كۆز ياشىنى كۆرۈپ ناھايىتى بى-
تاقەت بولۇپ، شۇنداق دىدى:

— يۈسۈپتەك ماھى تاپ قېرىندىشىڭ-
نى ئەمدى كۆرمىگىڭ مەھەلدۇر.

ئىبنىن يەمەن دىدىكى:

— ئەي ئاتا، بۈگۈن بىر چۈش كۆر-
دۈم. بۇ چۈشۈمدىن قورقۇپ ھەيران ۋە

سەرسان بولدۇم.

— نېچۈك چۈش كۆردۈڭ؟ — دەپ
سورىدى ياقۇپ.

— قىرىندىشىم يۈسۈپنى بىناگاھ كەڭـ
ئانىنىڭ دەشت ـ سەھراسىدا ئون بۆرى ئارىغا
ئېلىپ، ھەر بىرى كېلىپ چىشلەپ، بەدەنـ
لىرىنى لەختە ـ لەختە قىلغان ئىمىش، — دىدى
ئېبىن يەمەن چۈشىنى ئۆرۈپ، — يۈسۈپ
داد ـ پەرياد چېكىپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا يۈگـ
رەپ غايىپ بولارمىش.

ھەزرىتى ياقۇپ دىدىكى:

— ئەي ئوغلۇم، ھەر ئىككىمىز ئوخـ
شاش چۈش كۆرۈپتىمىز. پەيغەمبەرلەرنىڭ
چۈشى كارامەتتۇر، ھېچ كىشى مۇنداق سىـ
رى ـ ئەسرارنى كۆرمىگەندۇر. ئوغلۇم، غەم
يىمىگىن. خۇدايى تائالا خالىسا، بىزگە يۈـ
سۈپنىڭ دىدارىنى مۇشەررەپ قىلغاي.

ئۇشبۇ سۆزلەر بىلەن ياقۇپ ئۆزىگە
ۋە باللىرىغا تەسكىن ـ تەسەللى بەردى. ئۇلار
ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتىشتى.

ئەمدى بىر سۆزنى يۈسۈپ ۋە ئۇنىڭ
ئاكىلىرىدىن ئاڭلايلى:

ئەلقىسسە، ئاكىلىرى يۈسۈپنى دادىسى
ئالدىدىن غايىپ بولغىچە ئىززەت ـ ئىكراملار
بىلەن بويۇنلىرىغا مىندۈرۈپ ئېلىپ ماڭدى.
سەھراغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن پەيلىنى
ئۆزگەرتىپ، دۈشكەللەپ ئازار بېرىشكە
باشلاشتى.

— ئەي يۈسۈپ، — دىدى ئاكىلىرى، —
خەۋىرىڭ بارمۇ، قەيەرگە كېلىپ قالدىڭ؟
ئەمدى نە ئىشلارنى كۆرسەن؟ بىز قاچانغىچە
سېنىڭ دەردىڭنى تارتىمىز؟ ئاتىمىز ھەمىشە
بىزنى ساڭا تەڭ قىلمايدۇ، سېنىڭچىلىك كۆرـ
مەيدۇ. سەن تېخى ئاتىمىزغا ياخشى كۆرۈـ
نۈش ئۈچۈن يالغاندىن چۈشۈڭنى ئېيتىپ
بېرىپسەن، سېنىڭ «ئېبىزمىز» لىقىڭنى ئەمدى
كۆرىمىز! بۇ دەشنەملەردىن كېيىن ئاكىلىرى
يۈسۈپنى ئۇرۇپ، يەرگە ئېتىشتى، قاتتىق
ئازار بېرىپ زار ـ زار يىغلاتتى. بىچارە
يۈسۈپ نىمە دىيىشىنى بىلمەي، ئاكىلىرىغا
تەلمۈرۈپ، كۆزلىرىدىن سەلدەك ياش تۆـ
كۈپ، شۇ بېيىتلارنى ئوقۇدى:

نەزىم

ئايا دوستلار، ئاتام پەندىنى تۇتمىدىم،
جازا شولدۇر: بۇ بالاغا يولۇقتۇم.

ئۆيدە قېلىپ، پاراغەتتە ئۆتمىدىم،
جازا شولدۇر: بۇ بالاغا يولۇقتۇم.

ھەرگىز مۇنداق بولارىنى بىلمىدىم،
جازا شولدۇر: بۇ بالاغا يولۇقتۇم.

ئاكىلارغا ئىشەنگەنىنىڭ جازاسى،
بۇندا كېلىپ ئۆتتى جاندىن ئىزاسى.

بۇ دەردىمنىڭ ھەرگىز يوقتۇر داۋاسى،
جازا شولدۇر، بۇ بالاغا يولۇقتۇم.

خاتا قىلدىم چىن ئىشىنىپ ئۇلارغا،
ئۇلار قىلدى گىرىپتارى بالاغا.

تايىنمەن ياراتقان بىر ئاللاغا،
جازام شولدۇر: بۇ بالاغا يولۇقتۇم.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئاكىلىرى غەزەپكە
كەلدى، يۈسۈپنى ئۆلتۈرۈشكە تەمشەلدى ـ دە،
ئۇنىڭ پۇت ـ قولىنى باغلاپ يىقىتتى، قولـ
لىرىغا خەنجەر ئېلىپ بېشىنى كەسمەكچى
بولدى. ئەلھەزەر، شۇ ئەسنادا ئاسماندا ئەـ
جايىپ بىر قۇش پەيدا بولدى، ئادىمىزاتتەك

زوۋانغا كېلىپ شۇنداق خىتاپ قىلدىكى:
«ئەي ياقۇپ پەيغەمبەرنىڭ ئوغلانلىرى، پەيغەمبەرزادە ئۆز قېرىنداشىنىڭ قېنىنى ناھەق تۆكەرمۇ؟ بۇنداق ئېغىر گۇنادىن ئۆزەڭلارنى تارتىڭلار! يۈسۈپنىڭ قېنىنى تۆكسەڭلار، خۇدانىڭ ئالدىدا گۇناھكار، خەلقى ئالەم ئالدىدا شەرمۇسار، ئاتاڭلار ئالدىدا مەردۇد بولىسلەر، مەھشەر كۈنى قارا يۈز بولۇپ، دوزاققا گىرىپتار بولىسلەر!»

بۇ خىتاپنى ئاڭلاپ، ئاكىلىرىنىڭ خەنجەر تۇتقان قولى تىترىدى، «بۇ يەردىن باشقا يەرگە ئاپىرىپ ئۆلتۈرەيلى» دېگەن مەقسەت بىلەن ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىپ، يۈسۈپنى سۆرەپ ئېلىپ ماڭدى. يۈسۈپنىڭ دۈبىل ئىسمىلىك ئاكىسى ئۇنى شۇنداق قاتتىق ئۇردىكى، بىچارە يۈسۈپنىڭ بەدەنلىرى تىتما-تىتما بولدى، قىزىلگۈلدەك قانلىرى يەرگە تۆكۈلدى. ئېغىر جاراھەت ۋە ئازاپ-ئوقۇبەت ئاستىدا قالغان يۈسۈپ پەريات چېكىپ، ئاكىلىرىغا قاراپ نالە قىلىپ شۇنداق دېدى:

— ئەي ئاكىلىرىم، مەن سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا نېمە گۇنا قىلغان ئىدىمكى، مېنى بۇنچىلىك ئازاپلايسىلەر؟ ئاتامغا بەرگەن ۋەئدەڭلەرگە ۋاپا قىلىڭلار، مەن سىلەرنى پۈشتى پاناھ قىلىپ، ھەمرا بولۇپ كەلدىم. ئەمدى ماڭا زۇلۇم-سەتەم قىلماڭلار!

ئەمما، ئاكىلىرى ئۇنىڭ ئاھ-زارىغا قۇلاق سالمىدى، ئۆلتۈرمەكنى قەست قىلىشىپ بىھەد زالىملىق بىلەن بىر-بىرلەپ ئۇرۇپ، ئۇنى قىينار ئىدى.

— بۈگۈن بىز سېنى ئۆلتۈرىمىز، — دېدى ئاكىلىرى، — بىزدىن رەھىم-شەپقەتنى، ياخشىلىقنى ئۈمىت قىلما. كۆرگەن چۈشۈڭگە خەيرلىك تەئبىر بەرگەن داداڭ كېلىپ سېنى قۇتقۇلدۇرسۇن!

ئاكىلىرىدىن شەپقەت ئورنىغا زۇلۇم كۆرگەن ناتاۋان يۈسۈپ دەرمانسىز ھالدا ھەريانغا تەلمۈرۈپ قارار ئىدى ۋە پاناھ بولغۇدەك ھېچ نەرسىنىڭ قارىسىنى كۆرمەس ئىدى. بۇ دەشت-باياۋاننىڭ سەرگەشتە تۇپراقلىرى غېرىبۇ-دىلخەستىلەرنىڭ ۋۇجۇدىنى يۇتماقتىن، تاشلىرى ئاشىقلارنىڭ باشىغا ئېتىلماقتىن، گىيالىرى بىۋاپا پەلەكنىڭ زۇلمى — سەتەملىرىدىن، چىمەنلىرى بولسا باقىسىز ئالەمنىڭ ھىجران ھەسرەتلىرىدىن نىشانە بولۇپ كۆرۈندى، ئوت-خەسلىرى ئەسىرۇ ناتاۋانلارنىڭ جېنىغا نەشتەر، تىكەنلىرى جاپاكەشلەرنىڭ تېنىگە خەنجەر ئىدى.

ئەلھەزەر، ئاكىلىرى يۈسۈپنى بىر ئېگىز تۆپىلىككە ئېلىپ چىقىپ، بوغۇزىغا خەنجەر سۈرمەكچى بولدى. ھەزرىتى يۈسۈپ يالۋۇرۇپ شۇنداق دېدىكى:

— ئەي ئاكىلىرىم، رەھىم قىلىپ، ماڭا بىر يۇتۇم سۇ بەرسەڭلار، تەشنالىقتا يۈرەك-باغرىم ئوتتەك كۆيمەكتە!

ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق ئىدى، ئاكىلىرى بىر جام سۇ ئېلىپ كېلىپ، يۈسۈپنىڭ كۆزىگە كۆرسەتتى ۋە ئېغىزىغا تەگلەپ قويۇپ ئۇنى يەرگە تۆكۈۋەتتى.

— بىز سېنى ئۆلتۈرىمىز، سەن سۇغا تەشنا بولساڭ، بىز سېنىڭ قېنىڭغا تەشنامىز! — دېدى ئۇلار.

شۇ ۋاقىتتا دۆڭدىن شۇنداق سادا چىقتىكى:

«ئەي ياقۇپنىڭ پەرزەنتلىرى، خۇدايى تائالانىڭ قەھرى-غەزىپىدىن قورقۇڭلار، يۈسۈپكە جەبرى-جاپا قىلماڭلار، مېنىڭ ئۈستۈمگە يۈسۈپنىڭ ناھەق قېنى تۆكۈلسە، مەن سىلەرنى يۇتىمەن!»

ئاكىلىرى يۈسۈپنى باشقا بىر جايدا ئۆلتۈرۈشنى نىيەت قىلىپ، بۇ دۆڭدىن يۆتكەل-

دى ۋە باشقا جايدا تەقسىق ئۆلتۈرىمىز، دېيىشتى،

بۇ ئەسنادا يۇسۇپ ئاكىلىرىنىڭ پەيلى چوقۇم بۇزۇلغانلىقىنى جەزىم قىلىپ، ئۇلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلماق ئۈچۈن ئاكىسى دۇبىلدىن پانا تىلەپ يېلىنىدى. دۇبىل قەھرى-غەزەپ بىلەن يۇسۇپنى شۇنداق ئۇردىكى، يۇسۇپ يەرگە يىقىلدى. ئورنىدىن تۇرۇپ، شەمئۇنغا ئىلتىجا قىلدى، شەمئۇنمۇ بىر مۇشت ئۇردى. يۇسۇپنىڭ قىزىلگۈلدەك يۈزلىرى يېرىلىپ مۇبارەك قانلىرى تۇپراقنى بويىدى. يۇسۇپ قاتتىق ئازاپ ۋە دەرت-ئەلەم ئىچىدە ئاكىلىرىغا قاراپ ئۇشبۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

ماڭا مۇنچە ئازاپ ئەيلەپ جاپاغا مۇپتىلا قىلما،
ئاتامغا سالىپ يۈز غەم يۈرەك-باغرىن ئادا قىلما.

چىدارغا تاقىتىم يوقتۇر، يۈرەرگە كۈچ مادارىم ھەم،
مېنىڭ نازۇك قولۇم باغلاپ بېشىمغا ماجرا قىلما.

ۋۇجۇدۇمغا چۈشۈپ سەۋدا، چېكەرمەن دەرت-ئەلەم مۇندا،
ئاتام ھەسرەت چېكەر ئۇندا، ئۇنى مىسكىن گادا قىلما.

مېنىڭ ھالىمغا رەھىم ئەيلەپ، ئاتام پەرىيادىغا يەتكىل،
نەچە بولسا گۇناھىم ھەم ئەپۇ ئەيلە، جاپا قىلما.

بىلۇرسەن ئەي بۇرادەرلەر، خۇدانىڭ بىر قۇلى دۇرمەن،
ئاتامنىڭ جان-دىلى دۇرمەن ئۇنى مەندىن جۇدا قىلما.

ئايا خالىس ئىدى ھەيران يۇسۇپنىڭ ماجراسىغا،
پەلەكنىڭ شۇم قازاسىنى ئۇنىڭغا ھىچ راۋا قىلما!

ئەلقىسسە، يۇسۇپنىڭ بۇ مۇناجاتىغا ئاسمانۇ-زېمىن لەرزىگە كەلدى. ئەرشىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، تامامى پەرىشتىلەر يۇسۇپ ھالىغا نەزەر سېلىپ، «ئەي پەرۋەردىگارا، يۇسۇپنىڭ مۈشكۈلىنى ئاسان قىلغىن، ئۇنىڭ ئاھۇ-پىغانىغا تاقەت قىلالمىدۇق»، دەپ خۇداغا نالە قىلىشتى.

شۇ ئەسنادا خۇدادىن شۇنداق نىدا كەلدىكى: «ئەرش-كۈرسى، لەۋھى-قەلەمنىڭ جۈملە مالائىكلىرى، ئاگاھ بولۇڭلاركى، يۇسۇپ مېنىڭ ھەبىبىمدۇر، ئاشىقى-سادىقتۇر. جەمى ئاشىقلارغا بۇ دۇنيادا دەرت-ئەلەم، رەنج-مۇشەققەت، ھىجران ۋە كۈلپەتنى تەقدىر قىلدىم. ئاشىقلارغا پىراقسىز ۋىسال نەسىپ بولماس. بىردەم سەبىر قىلىپ مېنىڭ قۇدرىتىمنى تاماشا قىلىڭلار!»

ھەزرىتى يۇسۇپ يەنە بىر ئاكىسى يەھۇداغا ئىلتىجا قىلدى. يەھۇدامۇ ئۇنىڭ زارىغا پىسەنت قىلمىدى، شۇنىڭدىن كېيىن

يۇسۇپ تەقدىرگە تەن بىرىپ، يالۋۇرۇشتىن
ئۆزىنى تۇتۇپ، ئۇشبۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئاكام دىبان شىرىن سۆزگە ئىشىنىپ،
نەڭ-تۇش بىلەن ئوينىپ-كۈلۈپ يۈرمىدىم.
ھەر بىرىسىنى رۇستەم كەبى مەرت بىلىپ،
ھەسەت تولغان يۈرىگىنى كۆرمىدىم.

نە ئەجەپكى، بىلمەم تەقدىر ئىشىنى،
ئاكا كىبسەر ئۇكىسىنىڭ بىشىنى.
ئاتام ئەمدى تۆكەر قانلىق يېشىنى،
ۋاپادارلىق نەشئىسىنى سۈرمىدىم.

يۇسۇپ ئەيتۇر، بۇ پەيمانىم تولۇپتۇر،
ئەجەل كىلىپ، گىرىبانىم بوغۇپتۇر.
بۇ قىسمەتكە ئاغام زامىن بولۇپتۇر،
جاھان ئىچرە ياخشى دەۋران سۈرمىدىم.

ئەلقىسسە، يۇسۇپنىڭ ئاكىلىرى شۇنداق
دىدى:
— ئەي يۇسۇپ، بۇ — كۆلىدىغان يەر
ئەمەس، جىنىڭ ھەلقۇمىڭغا كىلىپ قالدى،
سەن تېخى كۈلۈپ نالە قىلۇرسەن.
— ۋاقتىكى، بىر ئىش ئېسىمغا كىلىپ
كۈلۈرمەن، — دىدى يۇسۇپ ئاكىلىرىغا قا-
راپ، — بىر كۈنى مەن بىر توپ باللار بىلەن
«بارىكاللا» دەپ تىز پۈكۈپ ئوينار ئىدىم،
شۇ ئاندىن سىلەر كەلدىڭلار، مەن سىلەرنى
كۆرۈپ «مىنىڭ شۇنداق شىردەك ئاكىلىرىم
تۇرسا، بىگانە باللار ئالدىدا تىز پۈكەرمەن-
مۇ، خەلقى ئالەم ماڭا قارشى دۈشمەن
بولغاندىمۇ شۇ باھادۇر ئاكىلىرىم تۇرغان
يەردە قىلچە ئەندىشەم يوقتۇر» دەپ ئۆزەم-
گە تەمەننا قويدۇم. ئەمما، خۇدايى تائالا
سىلەرنى ماڭا دۈشمەن قىلغان ئىكەن. خۇ-
داغا سىغىنماي سىلەرنى كۆرۈپ تەمەننا
قىلغىنىم ئۈچۈن ئۇشبۇ قىسمەتنى كۆرمەك-
تىمەن. ئىشەنگەن ئاكىلىرىم قولىدا ئۆلىدىغان-
لىغىمنى يادىمغا ئېلىپ، قىسمەتنىڭ بۇ ھۆك-
مىگە كۈلدۈم.
يۇسۇپنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، يە-
ھۇدانىڭ كۆڭلى ئېرىدى. كۆزلىرىدىن قەترە-
قەترە ياش تۆكۈپ، يۇسۇپنى باغرىغا بىسىپ:
— ئەي جان-جىگەر قېرىندىشىم، يۇ-
سۇپ، قورقمىغىن، تاكى تىرىك بولسام،
سىنى ئۆلتۈرۈشكە يول قويماسمەن، — دىدى
ۋە باشقا ئاكىلىرىغا: «يۇسۇپكە ئۆلۈمدىن
باشقا ھەرنە قىلساڭلار راۋا كۆرىمەن، ئەمما
ئۆلتۈرمەيلى، قولىمىزنى يۇسۇپنىڭ قېنى بە-
لەن بويىمايلى»، — دىدى.
باشقىلار يەھۇدانىڭ سۆزىگە ماقۇل
بولۇشتى، مەسلىھەتلىشىپ، يۇسۇپنى چاھقا
(قۇدۇققا) تاشلىماقچى بولۇشتى. يەھۇدامۇ
بۇنىڭغا قوشۇلدى. ئەمما ئۇنىڭ كۆزىدىن
سەلدەك ياش راۋان بولدى. ھەرنە قىلسىمۇ
ئۇلارنى بۇ پەيلىدىن قايتۇرالمىدى. بەس،
ھەممىسى بىرلىكتە يۇسۇپنى قۇدۇق تەرەپكە
ئېلىپ ماڭدى.
مىسىر خەلقى كۆپ ئۆتىدىغان چوڭ
يول ئۈستىدە بىر قۇدۇق بار ئىدى. بۇ قۇ-
دۇقنى شەددات قازدۇرغان بولۇپ، ئاغزى
تار، تېگى كەڭ ئىدى. قۇدۇقنىڭ ئىچىدە
بىر ئەژدىھار ماكان تۇتقان ئىدى. يۇسۇپنى
شۇ قۇدۇق بېشىغا ئېلىپ كىلىپ پۇت-قولىنى
باغلاپ قۇدۇققا تاشلاشقا تەييارلىنىشتى.
يۇسۇپ شۇنداق دىدى:
— ئى ئاكىلار، مەن نىمە گۇنا قىل-
دىمكى، مىنى قۇدۇققا تاشلايسىزلەر، ماڭا
رەھىم قىلمىساڭلارمۇ دادامنىڭ ھالىغە رەھىم
قىلىڭلار. ۋەدەڭلەرگە ۋاپا قىلىڭلار. ئاتام-
نىڭ تاڭ سەھەردىكى ئاھىدىن ھەزەر ئەيـ-
لەڭلار. خۇدانىڭ قەھرىدىن قورقۇڭلار!

— ھەي يۈسۈپ، — دىدى ئاكىلىرى
ئۇنىڭغا دىۋەيلەپ، — ئۆلۈمدىن خەۋىرىڭ يوق
تېخى سۆز قىلامسەن؟ سىنى قۇدۇققا تاشلى-
مىغۇچە كۆڭلىمىز ئەمىن تاپماس!

ئۇلار يۈسۈپنىڭ بېلىگە ئاغامچا باغلىدى.
ئاغامچىنىڭ ئۇچىنى يەھۇدا ئۆزى تۇتتى.
ئاغامچىنىڭ ئۇزۇنلۇغى يىگىرمە غۇلاچ ئىدى.
قۇدۇقنىڭ چوڭقۇرلۇغى بولسا قىرىق غۇلاچ
ئىدى. ئاغامچىنىڭ ئۇچىغا يەنە بىر ئاغام-
چىنى ئۇلاي دىگەندە، بىرسى كېلىپ ئاغام-
چىنى كېسىپ تاشلىدى. يەھۇدامۇ ھىچ ئى-
لاج قىلالمىدى. بىچارە يۈسۈپ قۇدۇققا
چۈشۈپ كەتتى.

ئەلقىسسە، خۇدايى تائالانىڭ قۇدرەت
ئىلاھىغا تەسەننا ئەيلىمەك كېرەك. شول
سائەتتە رەببىل ئىززەتتىن جەبرائىلگە پەر-
مان بولدىكى: «يۈسۈپنى ئاكىلىرى چاھى
شەدداتقا تاشلىدى، تېز بېرىپ قۇتقازغىن!»
جەبرائىل خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن پەرۋاز
قىلىپ قۇدۇققا كەلدى ۋە يۈسۈپنى قۇدۇق
تېگىگە يەتمەستە تۇتۇپ ئالدى. لۇت ئەلەي-
ھىسسالامنىڭ قەۋمىگە ياققان تاشتىن بىرى
قۇدۇق ئىچىدە بار ئىدى. جەبرائىل تاشنى
قانىتى بىلەن سۈرتۈپ، يۈسۈپنى ئۈستىگە
ئولتۇرغۇزدى - دە، بۇ تاشنى يۈسۈپ ئۈچۈن
تەخت قىلدى. يۈسۈپ ھوشىغا كېلىپ، كۆز-
نى ئېچىپ ئۆزىنى چاھى شەددات ئىچىدە
كۆردى. چاھ ئىچى ناھايىتى قورقۇنچلۇق،
تۈن كەبى قاراڭغۇ ئىدى. بۇيەردە يۈسۈپ ئۆزىنى
تەنھا كۆرۈپ، بىتاقەت بولۇپ زار - زار يىغ-
لاپ، ھوشىدىن كەتتى. جەبرائىل يۈسۈپ-
نىڭ ئۇشبۇ ھالىغا تاقەت قىلالماي، خۇداغا
نالە قىلىپ: «ئى خۇدا، پەرمان بولسا ئى-
دىكى، ئۆزەمنى ياقۇپنىڭ سۈرىتىدە قىلىپ،
يۈسۈپكە كۆرۈنسەم. ئۇنىڭ كۆڭلى تەسكىن
تاپسا!» دىدى. ئاللادىن: «شۇنداق قىل-
غىن!»، دەپ ئەمىر بولدى. شۇ دەقىقىدە
يۈسۈپ ھوشىغا كەلدى، ئەتراپىغا نەزەر سې-
لىپ، دەردۇ غەم ئىچىدە: «ئاھ، ئاتام، ئاھ
غەمگۈزارىم ئاتام، مېھرىۋانىم ئاتام، قايىدا
سەن؟ بىچارە يۈسۈپىڭنىڭ قايسى ھالدا ئى-
كەنلىگىنى كۆرگەن بولساڭچۇ، كاشكى، ئاغى-
لىرىمنىڭ نەقەدەر جاپا قىلغانلىغىنى، قاقاس
دەشتى - باياۋانلاردا، چۆل - جەزىرىلەردە،
ئاچ - زېرىن سۆرەپ، تىكەنلەرگە دومىلىتىپ،
بەدەنلىرىمنى پارە - پارە قىلغانلىغىنى بىل-
سەڭ ئىدىڭ كاشكى! مېنىڭ يۈزۈمگە دائىم
ئۆپەر ئىدىڭ، بىۋاپا ئاكىلىرىم تەتۈر پەلەك-
نىڭ ھۆكمى بىلەن يۈزلىرىمنى كۆكەرتىپ،
زەخمىلەندۈرگەنلىگىنى ئاخىرىدا، زۇلمەت
ماكانى بولغان چاھقا تاشلىغانلىغىنى كۆرسەڭ
ئىدىڭ، كاشكى!» دەپ يىغلىدى - دە، يەنە
ھوشىدىن كەتتى. بىر ھازادىن كېيىن ھوشى-
غا كېلىپ قارىسا، بېشىدا دادىسى ياقۇپ
تۇرۇپتۇ. يۈسۈپ ئۆزىنى تۇتالماي ياقۇپقا
ئېسىلىپ كۆزلىرىدىن مۆلدۈردەك ياش تۆكۈپ
دىدىكى: «ئەي ئاتا، ئۇشبۇ ھالىمغا
نەزەر سالغىن، يۈزۈمنىڭ يارىلىرىنى، بەدى-
نىمنىڭ پارىلىرىنى كۆرگىن، ئاكىلىرىم مېنى
سەندىن جۇدا قىلىپ، باغرىمنى تىلدى،
ئۇشبۇ ھالغا كەلتۈردى». ياقۇپ سۈرىتىدىكى
جەبرائىلمۇ يۈسۈپنىڭ نالىسىغا بىتاقەت بولۇپ
كۆز ياش قىلدى. تەسەللى بېرىپ، دىلىنى
يۇپاتتى، ئاخىرى دىدىكى: «ئەي يۈسۈپ،
مەن ئاتاڭ ياقۇپ ئەمەسمەن، مەن جەبرا-
ئىل دۇرمەن، ھەق تائالا مېنى ساڭا ياقۇپ
سۈرىتىدە ئەۋەتتى، تەسكىن - تەسەللى بېرىش-
نى ئەمىر ئەتتى، غەم قىلمىغىن، بۇ چاھ-
تىن ئامان قۇتۇلارسەن، ئاتاڭنىڭ دىدارىغا
مۇشەررەپ بولارسەن!» شۇ سۆزلەردىن كې-
يىن جەبرائىل غايىپ بولدى.

ئەلقىسسە، يۈسۈپ چاھ ئىچىدە تەقدىر-

گەتەن بېرىپ قۇتۇلۇشتىن ئۈمىت كۈتۈپ، ئاللاغا نالە قىلىپ شۇ بېيىتلارنى ئوقۇدى:

نەزىم

دەرگاھىڭدىن ئۈمىت كۈتكەن بەندىمەن،
قادىر ئاللا سەندىن ئۆزگە كىمىم بار؟
رەھمىتىڭگە كۆزۈم تىككەن بەندىمەن،
قادىر ئاللا سەندىن ئۆزگە كىمىم بار؟

مۇساپىرمەن، دىيارىمدىن ئايرىلدىم،
بىر گۈل ئىدىم، شاخىم سۇندى قايرىلدىم.
زۇلۇم بىلەن ئۇشبۇ چاھقا بەند بولدۇم،
قادىر ئاللا سەندىن ئۆزگە كىمىم بار؟

ئىككى ئالەم قىبلىگاھىم سەن مېنىڭ،
ئىلكىم تۇتقىل، مەدەتكارىم سەن مېنىڭ،
نالە قىلدىم نىجاتكارىم سەن مېنىڭ،
قادىر ئاللا سەندىن ئۆزگە كىمىم بار؟

ئەلقىسسە: ھەزرىتى يۇسۇپ دەرد-ئەلەملىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ خۇدادىن ئۈمىت كۈتۈپ، تائەت-ئىبادەت بىلەن قۇدۇقنى ماكان قىلدى.....

ئەلھەزەر، «چاھى شەددات» ناملىق بۇ قۇدۇقتا بىر ئەژدىھا بار ئىدى: جىسمى ئەژدىھالاردىن بەھەيۋەت، ئىككى كۆزىدىن ئوت چاقناپ تۇرىدىغان، يەر زېمىندىكى جىمى مەخلۇقلارنى يالماپ يۇتىدىغان، زور ۋە قانخور ئىدى. ئۇ قۇدۇقتا ئادىمىزات ھىدىنى ئېلىپ، ئەتراپنى زىلزىلىگە سېلىپ، يۇسۇپ ياتقان تەرەپكە قاراپ تولغىنىپ، قۇيرىغىنى ۋەھىمە بىلەن ئۇرۇپ، كۆزلىرىدىن ئوت چېچىپ، دەھشەت سېلىپ كەلدى، غەم-غۇسسە ئىچىدە خۇدىنى بىلمەي ئولتۇرغان ناتاۋان يۇسۇپ قورقۇنچلۇق ئاۋازنى ئاڭلاپ سەسكەندى، ئەتراپقا نەزەر سالدى، كۆردىكى، كۆز ئالدىدا ئىككى چوڭ پانۇس يېنىپ تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ نۇرىدىن قۇدۇق ئىچى يورۇپتۇ، بۇ ھالغا يۇسۇپ ھەيران بولدى، «بۇ نە قىسمەتتۇر؟» دەپ ئويلاپ باغرى قانغا تولدى. شۇ ئەسنادا، گۈلدۈرمامىدەك قورقۇنچلۇق سادا ياڭرىدى، يۇسۇپنىڭ كۆز ئالدىدا دەھشەتلىك بىر ئەژدىھا ئايان بولدى. يۇسۇپ بۇ بالا-قازانى قىسمەتتىن كۆرۈپ، شۇنداقتىمۇ خۇدادىن نىجات كۈتۈپ، «ئەلھۇكمىللا» دەپ تۇردى.

ئەلقىسسە، شۇ ئەسنادا، خۇدانىڭ ھۆكمى بىلەن جەبرائىل قۇدۇقتا پەيدا بولدى، ئەژدىھانىڭ ئىككى كۆزىنى كور قىلدى، كارامەت بىلەن ئۇنى نەچچە پارچە قىلىپ تىلدى، يۇسۇپنى بۇ بالا-قازادىن خالاس قىلىپ، قۇدۇقتا بىر تەخت بىنا قىلدى. يۇسۇپنى شۇ تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزى غايىپ بولدى، يۇسۇپ ئامان قالغىنى ئۈچۈن خۇداغا شۇكرى-سانا ئېيتىپ ئۇشبۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

بار مەخلۇققا خالىق ئۆزى ئول ئەكبەر،
مەخلۇق ئىچرە قىلدى مېنى ئول كەمتەر،
غاپىل بولدۇم ھەق يادىدىن ئەلھەزەر،
خەلق ئوغلىدە مەندەك كىشى يوق ئەكسەر.

بابام مېنى بەسى ئارتۇق سۆيدىلەر،
ئاغىلىرىم ئانى كۆرۈپ كۆيدىلەر،
مېنى ئالداپ چاھ ئىچىگە سالدىلەر،
بولدى ماڭا مۇنداق جاپا مۇيەسسەر.

شۈكۈر ئېيتاي خۇدايىمنىڭ ئىشىگە،
نە ئىشلارنى سالۇر بەندە بېشىگە.
ئىشەنمىدىم بابام كۆرگەن چۈشىگە.
بۇنداق مېھنەت بولدى ماڭا مۇقەررەر.

قالدى يۇسۇپ قۇدۇق ئىچرە بالاغە،
نالە قىلىپ يىغلار ئىدى خۇداغە،
قىلمىشىدىن قالدىم ئەمدى جاپاغە،
. بابام بولدى مېنىڭ ئۈچۈن قەلەندەر.

يۇسۇپ قۇدۇق ئىچىدە خۇداغا شۇكرى-
سانا ئېيتىپ، ئۆز دەردى پىراقى بىلەن
تۇرۇپ تۇرسۇن، ئەمدى سۆزنى يۇسۇپنىڭ
ئاكىلىرىدىن ئاڭلايلى.
ئەلقىسسە، ئاكىلىرى يۇسۇپنى قۇدۇققا
تاشلاپ، ھەممىلىرى بىر يەرگە جەم بولۇپ:
«ئەگەر ئاتىمىز يۇسۇپنى سورىسا، نىمە دەي-
مىز؟» دەپ ئۆز ئارا مەسلىھەت قىلىشتى،
قىلمىشلىرىنى پىنھان تۇتۇشقا پۈتۈشتى. ھەر
بىرى ھەر خىل ۋەجىلەرنى ئويلاپ، تۈرلۈك
ئامال كۆرسىتىشتى، بىرى ئېيتتىكى، بىر ئوغلاق-
نى تۇتۇپ ئۆلتۈرەيلى، گۆشىنى يەيلى،قېنىدا
يۇسۇپنىڭ كۆينىكىنى بويايلى، ھەممىمىز
ھازا ئېچىپ، بېشىمىزغا تۇپراق چېچىپ،
دات - پەريات كۆتىرىپ دادىمىزنىڭ ئالدىغا
كىرەيلى. يۇسۇپنىڭ كۆينىكىنى كۆرسىتىپ،
«مېھرىۋانىمىز يۇسۇپنى بۆرە يەپ كەتتى»
دەيلى، دەر ھەقىقەت ئاتىمىزمۇ «يۇسۇپنى
بۆرە يەپ كەتمىسە، دەپ ئەندىشە قىلمەن»
دىگەن ئىدى، شايەتكى، سۆزىمىزگە ئىشەن-
گەي، يۇسۇپنىڭ قانغا بويالغان كۆينىكىنى
كۆرۈپ، تەقدىرگە تەن بېرىپ، ئۆزىگە تە-
سەللى تاپقاي»، دىدى. بۇ ۋەج ھەممىگە
ماقۇل كەلدى. ئۇلار بىر ئوغلاقنى بوغۇز-
لاپ، يۇسۇپنىڭ كۆينىكىنى قانغا بويىدى،
ھەممىسى ماتەم لىباسىنى كىيىپ، يىغا - زارە
بىلەن: «ئاھ يۇسۇپ، ۋاھ، يۇسۇپ، مېھرى-
ۋانىمىز يۇسۇپ، قېرىنداشىمىز يۇسۇپ!»
دەپ، يۈز - كۆزلىرىگە تۇپراق چېچىپ، ھازا
ئېچىپ، دادىسى ياقۇپ ئەلەيھىسسالام تەرەپكە
قاراپ يولغا چىقتى. ئەمما، ئاكىلىرىدىن يەھۇ-
دا يەنە شۇنداق دىدى:
— ئى بۇرادەرلەر، بۇ ئامالىمىز خوپ
ياخشى بولدى. لىكىن، ئاخىرىنى ئويلىمىغىمىز
كېرەك. مەن بېرىپ قۇدۇقنى كۆزىتەي،
يۇسۇپنىڭ قايسى ئەھۋالدا ئىكەنلىگىنى بى-
لەي. ئۆلگەن بولسا، خاتىرجەم بولۇپ، ئار-
قاڭلاردىن يېتەي، مۇبادا ئۆلمەي ھايات قال-
غان بولسا، ئۇنىڭ ئاھ - زارىنى يولۇچىلار
ئاڭلاپ، قۇدۇقتىن چىقىرىپ قويسا، سىرىمىز
پاش بولۇپ، ئاتىمىز ئالدىدا شەرمسار بول-
مايلى، شۇ ھالغا چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن
يەنە بىر ئامالنى قىلىپ كۆرەي!
يەھۇدانىڭ بۇ مەسلىھەتىگە باشقىلارمۇ
كۆندى. يەھۇدا بۇرادەرلىرىدىن ئايرىلىپ
قۇدۇق تەرەپكە يول ئالدى. بۇرادەرلىرىدىن
يوشۇرۇن ھالدا يۇسۇپنى قۇتۇلدۇرۇشنى
نىيەت قىلغان يەھۇدا قۇدۇقنىڭ ئۈستىگە
كېلىپ: «ئەي بۇرادىرىم يۇسۇپ تىرىكمىسەن
يا ئۆلۈكمىسەن؟ ھالىڭ نىچۈك؟» دەپ
ۋاقىرىدى.
«شۈكرى ئەلھەمدۇللا، خۇدا مېنى ئۆز
قۇدرەت ئىلاھى بىلەن ساقلىدى، تىرىكمەن!»
دىگەن سادا كەلدى قۇدۇق ئىچىدىن. يەھۇدا
بېلىدىن ئۈزۈن پوتىسىنى يېشىپ قۇدۇققا
تاشلىدى.
سۆز ئىشتىمەك كېرەككى، يەھۇدانىڭ
باشقا بۇرادەرلىرى يەھۇدانىڭ مەسلىھىتىدىن
شۈبھىلىنىپ، ئۇنى كۆزەتمەك ئۈچۈن قۇدۇققا
يېقىن بىر دوڭنىڭ كەينىدە ماراپ تۇرار
ئىدى. قۇدۇقتىن يۇسۇپنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ،
يەھۇدانىڭ يۇسۇپنى قۇتۇلدۇرماقچى بولغىنىنى
بايقاپ، دەرھال يېتىپ كېلىشتى، يەھۇدانى
ئارىغا ئېلىشتى.
«ئى يەھۇدا، — دىدى ئۇلار، — يۇسۇپ-
نى قۇتۇلدۇرۇپ، ئاتىمىزنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ،
ھەممىمىزنى شەرمەندە قىلماقچىمۇسەن؟

ئۆزەڭ ياخشى بولماقچىمۇسەن؟ بۇ پەيلىڭدىن يانغىن، يۈسۈپنى ئۆلتۈرۈپ، كۆڭلىمىزنى ئەمىن قىلغىن، كېيىمىزگە كىرمىسەڭ، سېنىڭ بېشىڭغىمۇ يۈسۈپنىڭ كۈنىنى سالۇرمىز!»

ئەلھەزەر، ئىشنىڭ ئۇلغىيىپ كېتىشىگە يەھۇدانىڭ كۆزى يەتتى، قۇدۇققا تاشلىغان پۈتىسىنىڭ ئۇچىنى قويۇۋەتتى، بۇرادەرلىرىگە قوشۇلۇپ ئۆز يولىغا كەتتى.

ئەمدى سۆزنى ياقۇپ ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلايلى:

ھەزرىتى ياقۇپ ئەلەيھىسسالام يۈسۈپنى ئاكىلىرىغا قوشۇپ بەرگىنىگە پۇشايمان قىلىپ، ئۇلارنىڭ تېزرەك قايتىپ كېلىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ، دىلى غەمدە، يۈرىگى ھىجران ئەلەمدە، كۆزى ئىشىكتە بىتاقەت بولۇپ ئولتۇراتتى. ئوغلانلىرى بىر يەرگە كەتسە ھەر قاچان ناماز پېشىندە قايتىپ كېلەتتى، بۈگۈن ناماز پېشىن ئۆتتى، ناماز ئەسىر ئۆتتى، ئۇلار قايتىپ كەلمىدى، ناماز شام ۋاقتى بولدى، يەنە كەلمىدى. ياقۇپ يۈسۈپنىڭ ھەسرىتىدە زار-زار يىغلاپ ئۇشبۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

كەچ بولۇپ شەمئى جاھانىم كەلمىدى،
يۈزى گۈل غۇنچە نىھانىم كەلمىدى،
بۇلبۇلى شوخى راۋانىم كەلمىدى،
خۇش ناۋا شىرىن زۇۋانىم كەلمىدى،
ئول يۈسۈپى داستانىم كەلمىدى.

مېھرىبانىمدىن پەلەك قىلدى جۇدا،
بۇ نە قۇدرەت - زاھىراتىڭ ئەي خۇدا؟
ئۆمۈر ئۆتەر ھەر لەھزە چېكىپ ئاھ، ۋاھ،
تىترەشۇر جانىم مېنىڭ بۇ تەن ئارا،
جاندىن ئارتۇق مېھرىبانىم كەلمىدى.

ياقۇپ ئەيتۇر: بۇ نىچۈك سەۋدا ئېرۇر،
بۇ باشىمغا يۈز تۈمەن غەۋغا ئېرۇر،
ئالەم ئىچرە يۈسۈپىم بەرنا ئېرۇر،
مەندەك ئەمدى قايسى جان رەسۋا ئېرۇر،
مېھمىنىم، ئول قەدىردانىم كەلمىدى.

ئول يۈسۈپنى ئۇشبۇ خالىس قىلدى ياد،
ئەيلىدى ئىشق ئەھلىنىڭ كۆڭلىنى شاد،
بىلسىڭىز ياقۇپقادۇر يۈسۈپ مۇراد،
سەبرى قىلماق بولغۇسى مۇشكۇل كۇشاد،
سەرۋەرى ئىشق داستانىم كەلمىدى.

ئەلقىسسە، ھەزرىتى ياقۇپ جىگەر پارىسى يۈسۈپنى بىسيار سېغىنىپ، يوللىرىغا ئىنتىزار بولۇپ تاكى خۇپتەن نامازغىچە كۈتتى. شۇ ئەسنادا تاشقىرىدىن «ئاھ يۈسۈپ، ۋاھ يۈسۈپ» دىگەن نالە-زار، يىغا-زارە ئاڭلاندى. ياقۇپ ھۇشيار بولۇپ، قۇلاق سالسا، يۈسۈپنىڭ ھازىسى ئىكەن. ياقۇپ ئوغلى ئىبىن يەمەننى چاقىرىپ سورىدىكى: «ئەي ئوغلۇم، كۆڭلۈمنى ئەندىشىگە سالغان بۇ نىچۈك نىدادۇر؟ باغرىمغا ئوت تۇتاشتۇرغان بۇ قانداق سادادۇر؟ بۇ پەريات ۋۇجۇدىمنى چاك قىلدى، يۈرىگىمنى غەمناك قىلدى، تېز بېرىپ ھادىسىنىڭ نىمە ئىكەنلىگىنى بىلىپ كەلگىن!» شۇ سۆزدىن كېيىن ياقۇپ بىھۇش بولۇپ يىقىلدى.

يۈسۈپنىڭ ئاغىلىرى كۆزلىرىدىن سەلدەك ياش تۆكۈپ، يۈسۈپنىڭ قانغا بويالغان كۆينىگىنى كۆتىرىپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ياقۇپ ھۇشىغا كېلىپ ئوغۇللىرىغا قاراپ شۇنداق دىدى:

— ئەي ئوغۇللىرىم، بۇ نىمە ھازا؟ بېشىڭلارغا كەلگەن قانداق قازا؟ سىلەرگە نىمە ئازار يەتتى، يۈسۈپ يوقتۇ، قاياققا كەتتى؟

— ئەي ئۇلۇغ ئاتا، — دىدى ئوغۇللىرى ياقۇپقا، — بىز يۈسۈپنى سەيلە قىلـ

دۇرۇپ، كۆڭلنى ئېچىپ، چىمەن - يايلاقـ
لاردا ساياھەت قىلىپ يۈرەتتۇق، ئالدىمىزـ
دىن بىر توپ قوزىلار ئوتلاپ چىقىپ
كەلدى، يۈسۈپ بىر قوزىغا مەسلىگى كېلىپ
ئۇنى تۇتۇش ئۈچۈن قوغلاپ بىر دوڭلۈكنىڭ
كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ تېز قايتمىغاندىن
كېيىن، كەينىدىن ئىزلەپ باردۇق، قارىساق
قوزىلار يوق، يۈسۈپنى بۆرە يەپتۇ، كۆيـ
نىگى قانغا مىلىنىپتۇ. داد - پەريات چېكىپ،
باش - كۆزىمىزگە توپا چېچىپ، كۆينەگنى
ئېلىپ ھوزۇرىڭىزغا قايتتۇق...
ئوغۇللىرىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ،
ياقۇپ بىھوش بولۇپ يىقىلدى...
ئەلقىسسە، ھەزرىتى ياقۇپ ئەلەيھىسساـ
لام يۈسۈپتىن جۇدا بولۇپ، كۆڭلىگە مالالـ
لىق يېتىپ، يۈسۈپنىڭ جامالىدىن ئۈمىت ئۈزدى.
شۇنداقتىمۇ خۇداغا شۇكرى - سانا
ئېيتىپ، دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، يۈسۈپنىڭ
ھالەك بولغىنىغا دەر گۇماندا بولۇپ كېچىـ
لىرى بىدار، كۈندۈزلىرى جىگەرخۇن ھالدا
كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى...

ئەمدى سۆزنى باشقا تەرەپتىن ئاڭلايلى:
ئەلقىسسە، راۋىلەر ئانداق رىۋايەت
قىلىدۇكى، مىسىر شەھرىدە مالىك تاجىر
ئىسىملىك بىر سودىگەر بار ئىدى، ئۇنىڭ
مال دۇنياسى ھەددى - ھېساپسىز، قول -
دىدەكلىرى سان - ساناقسىز، پۈتۈن ئالەمگە
مەشھۇر ئىدى. مالىك تاجىرنىڭ كارۋانلىرى
شامغا، كەنئانغا، بەسرگە ۋە جازائىرغا
توختاۋسىز قاتناپ تۇراتتى. بىر كۈنى كېـ
چىدە مالىك بىر چۈش كۆردى. چۈشىدە
كەنئانغا كېتىۋېتىپ، بىر قۇدۇق لېۋىگە چۈشـ
كەن ئىمىش، شۇ مەھەل ئاسماندىن بىر
تولۇن ئاي چۈشۈپ، ئۇنىڭ ئېتىكىدە ئورۇن
ئالغانمىش، ئاي يورۇقىدىن يەر يۈزى تاماـ
مەن مىنەۋۋەر بولغانمىش... مالىك تاجىر
چۆچۈپ ئويغاندى، چۈشىگە ھەيران قالدى.
چۈشنى پىنھان تۇتۇپ، تەبىرىنى بىلمەك
بولۇپ، تەبىرچى - ھۆكۈمالارنى چاقىردى،
چۈشىنى ئۇلارغا بايان قىلدى. تەبىرچى دېـ
دىكى «ئەي مالىك، چۈشۈڭدىن ياخشىلىق
ئاياندۇر، ساڭا مۇبارەك ئىشلار ئەھياندۇر①.
كەنئانغا بېرىپ، بىر قۇل سېتىپ ئالۇرسەن،
بۇ قۇلنىڭ ئايىغى ياراشقاي، شۇ قۇل تۈپەيـ
لى، دۇنيا - ئاخىرەتنىڭ مەئمۇر بولغاي، قىلـ
مىشلىرىڭ جىمى ئالەمگە داستان بولۇپ
تارقالغاي...»
چۈش تەبىرىدىن مالىك تاجىر ھېساپـ
سىز خوشال بولدى، دىلى شاتلىققا تولدى.
تەبىرچىلەرگە نۇرغۇن تىللا ئىنئام قىلىپ
چىرايلىق ئۇزىتىپ قويدى. مالىك تاجىرنىڭ
سودا كارۋىنى شام دىيارىغا قاراپ يولغا
چىقىشقا تەرەددۇت قىلغان ئىدى. چۈشىنىڭ
تەبىرىگە قاراپ، مالىك كارۋان يولىنى ئۆزـ
گەرتىپ، كەنئان دىيارىغا ئەزىم قىلدى،
ئۇنىڭ چۈشى كېچە - كۈندۈز پىكرى - خىـ
يالىدا ئىدى...

بىر نەچچە مۇددەت يول يۈرۈپ، بىر
قۇدۇقنىڭ يېنىغا كېلىپ چۈشتى، بىر قونۇپ،
ئەتىسى ئەتىگەندە يولغا يۈرمەك بولدى، بىر
قۇلنى قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ كېلىشكە بۇيرىدى.
ئەييۇھەنناس، راۋىلار شۇنداق رىۋايەت
قىلىدۇكى، كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ھەزرىتى يۈسۈپـ
نىڭ دىلىدە كىبىرلىك، ئۆزىگە تەمەننا
قويۇش، ھۆسنى - چىرايىغا مەغرۇرلىنىش
ئالامىتى زاھىر بولغان ئىدى. يۈسۈپ ئەيـ
نەككە قاراپ ئۆزىنىڭ گۈزەل - ھۆسنى، چىراـ
يىنى كۆردى «ئۇشبۇ چىرايىم بىلەن مۇبادا
قۇل بولۇپ قالسام، دۇنيادا ھېچكىم مېنىڭ
باھايىمغا يېتەلمەس، بۇ خۇرشىد يۈزۈم جىـ

① ئەھيان — بىنا بولماق، يۈز بەرمەك، مەيدانغا كەلمەك.

مى ئىنساننى ئەلۋەتتە مەپتۇن قىلالمامدۇ» دېگەن مەغرۇرانە خىيال ئۇنىڭ كۆڭلىدىن كەچكەن ئىدى. يۈسۈپنىڭ بۇ كىبىرىسى، ئۆز ھۆسنىگە بولغان مەغرۇرلۇغى تەمەنناسى تۆۋەندىكى قىسمەتلەرگە سەۋەپچى بولدى. تەقدىرنىڭ نەسىي يۈسۈپكە ئۆز قۇدرىتىنى كۆرسەتتى:

ئەلقىسسە، مالىكنىڭ قولى قۇدۇقتىن سۇ تارتىش ئۈچۈن ساغاناق ① چۈشۈرگەندە، ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن جەبرائىل پەيدا بولدى ۋە يۈسۈپكە ئەمىر قىلدىكى: «ئەي يۈسۈپ، ساغاناققا چۈشكىن، بۈگۈن سېنىڭ بازىرىڭ بولىدىغان، باھايىڭ ئايان بولىدىغان كۈندۇر، بۈگۈن سەن ئۆز قەدرىڭنىڭ باھاسىنى بىلىسەن!» بۇ سۆز يۈسۈپنىڭ ئەينەكتە ئۆز جامالىنى كۆرگەندە كۆڭلىگە كەلتۈرگەن مەغرۇر خىياللىرىنى ئېسىگە سالدى. ئۆزىگە تەمەننا قىلغىنىغا، كۈپۈرى ئويپىكىرلەردە بولغىنىغا تۆۋە قىلىپ، تەقدىرنىڭ ھۆكمىگە بويسۇنۇپ جەبرائىلنىڭ پەرمانى بىلەن ساغاناققا چۈشتى.

قول ساغاناقنىڭ ئارقىنى تارتىۋىدى، تارتىپ چىقىرىشقا كۈچى يەتمىدى، ئۇ پەرياد قىلدى، يەنە بىر قول كەلدى، ئىككىسى بىرلىشىپ ھەملە قىلىپ كۆرسىمۇ تارتىپ چىقىرالمىدى. ئاخىرى مالىك تاجىر غەزەپلىنىپ، ئۆزى كەلدى. ئۈچەيلەن بىرلىشىپ ئاران دېگەندە ساغاناقنى قۇدۇقتىن تارتىپ چىقاردى...

ئايھاي، مالىك تاجىر قارىسا، ساغاناققا بىر ياش يىگىت يامىشىپ چىقىپتۇ. يىگىتنىڭ ھۆسنى ـ جامالى، قامىتى شۇنداق گۈزەلكى، مالىك كۆرۈپ بىتاقەت بولدى، ئۇنىڭ خۇرشىد يۈزىدىن پۈتۈن ئەتراپ نۇرغا چۆمدى. مالىك تاجىرنىڭ كارۋان باشلىقلىرى بۇ ھالنى كۆرۈپ دەرھال قۇدۇق بېشىغا كېلىشتى. يۈسۈپنىڭ گۈزەل ھۆسنى ـ جامالىغا تەمەننا قىلىشتى ۋە ھەممىسى بىردەك: «ئەي مالىك، ئۇشبۇ ئوغلان ئۈچۈن بىزمۇ شېرىك، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئاشىقلار قەلبىگە ئەرمان، مەشۇقلار پىراقىغا دەرمان ئىكەن»، دېيىشتى. مالىك دېدىكى: «ئەي يارانلار، بۇ ئوغلاننى تەقدىر ماڭا نەسىپ قىلغان، بۇ ئەھۋالات ھەممىسى چۈشۈمدە ئايان بولغان، بۇنى مەن ئۆز ئىختىيارىمدا تۇتىمەن.» شۇنداق قىلىپ، كارۋان باشلىقلىرى بىلەن مالىك ئوتتۇرىسىدا تالاش يۈز بەردى. ئۇلار تالىشىپ تۇرسۇن، ئەمدى سۆزنى يۈسۈپنىڭ ئاكىلىرى تەرىپىدىن ئاڭلايلى:

يۈسۈپنىڭ ئاكىلىرى دادىسى ياقۇپنى ئالداپ، يۈسۈپتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن يەنە خاتىرجەم بولۇشالماي، قۇدۇقتا يۈسۈپنىڭ ئۆلگەن ـ ئۆلمىگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن «چاھى شەددات» ئۈستىگە كېلىشتى ۋە بىر توپ كارۋانلارنىڭ قۇدۇق بېشىدا غەلۋە ـ ماجىرا قىلىۋاتقانلىقىغا دۇچ كېلىشتى، بۇ ھالنى كۆرۈپ دەرھال توپ ئىچىگە يېرىپ كىرىشتى، قاراشسا، يۈسۈپ تىرىك تۇرۇپتۇ، ئۇنى كارۋانلار تالىشىۋېتىپتۇ. يۈسۈپنىڭ ئاكىلىرى دەرھال بېرىپ يۈسۈپنى تۇتتى ۋە «بۇ بىزنىڭ قۇلىمىز ئىدى»، دېدى. بىچارە يۈسۈپنىڭ قورقۇپ، چىرايى زەپىرانىدەك سارغايدى، شۇ ئارىدا يەھۇدا يۈسۈپنىڭ قۇلىغىغا: «ئى ئۇكام، سەۋىر قىلغىل، قۇل بولۇشنى ھار بىلمىگىل، راست قۇلمەن، دېگىل، ئۇنداق دېمىسەڭ، بۇلار سېنى ئۆلتۈرىدۇ. ھەر نېچۈك بولسا، تىرىك قالغىنىڭ ئەبزەل، ئۆلگىنىڭ ياخشى ئەمەستۇر»، ـــ دېدى. يۈسۈپنىڭ ئاكىلىرى: «بۇ بىزنىڭ قۇلىمىز، بىز ئۇنىڭ خوجىسى. ئۇ قېچىپ كەتكەن،

① ساناناق ـــ ياغاچ تۇڭ.

ئەمدى ئۆيگە ئېلىپ كېتىمىز»، — دېيىشتى.

مالىك سورىدى:

— ئەي يىگىت، راست قۇلمىسەن؟

— راست، خۇدانىڭ قۇلىمەن، — دېدى يۈسۈپ.

— بۇلار سېنىڭ خوجاڭمۇ؟ — دەپ سورىدى مالىك يەنە.

— ھەئە، — دېدى يۈسۈپ، — بۇلار مېنىڭ كاتتىلىرىم ئىدى.

بۇ گەپلەردىن كېيىن مالىك تاجىر شۇنداق ماھى تابان يىگىتنىڭ قۇل ئىكەنلىگىگە ھەيران قېلىپ، ئۇنى سېتىپ ئېلىشقا ئەھدە قىلدى ۋە يۈسۈپنىڭ ئاكىلىرىغا قاراپ:

— ئەي جاناپلار، بۇ قۇلۇڭلارنى ساتامسىلەر؟ — دېدى.

— ساتىمىز، — دېدى ئۇلار، — لېكىن بۇ قۇلنىڭ ئۈچ چوڭ ئەيىبى بار! بىرى — قاچقاق، بىرى — ئالچاق (يالغانچى) يەنە بىرى — ئوغرى. مۇشۇ ئۈچ ئەيىبىنى نەزەرگە ئالمىغان كىشىگە ساتىمىز.

— ھەرقانچە ئەيىبى بولسىمۇ، سېتىپ ئالىمەن، باھاسىنى ئېيتىڭلار، — دېدى مالىك.

ئاكىلىرى يۈسۈپكە يىگىرمە تەڭگە باھا قويدى. مالىك ئون سەككىز تەڭگە قىلدى. ئۇلار رازى بولۇشتى ۋە يۈسۈپنى مالىك تاجىرگە ئون سەككىز تەڭگىگە ساتتى①.

سودا پۈتكەندىن كېيىن مالىك تاجىر خەت - موھىر قىلىشنى تەلەپ قىلدى. يۈسۈپنىڭ ئاكىلىرى تۆۋەندىكى مەزمۇندا ھۆججەت يېزىپ، موھۇر بېسىشتى:

«بىزلەركى قۇل ئىگىلىرى، كەنئان ۋىلايىتىدىن بىر ئەرەبى قۇلنى ساتتۇق، ئۆزى قاچقاق، ئالچاق ۋە ئوغرى بولغاچقا باھاسى ئون سەككىز تەڭگە بەھى قىلىندى. قۇلنىڭ ئېتى يۈسۈپتۇر. بۇ سودىغا بەئرى② داۋا - دەستۇرىمىز يوقتۇر.»

يۈسۈپنىڭ ئاكىلىرى سودىنى پۈتتۈرۈپ، تەڭگىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن يەنە شۇنداق دېدى:

— ئەي خوجايىن، قۇلنىڭ ئەيىبىدىن ۋاقىپ بولدىڭىز. قېچىپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، زادىلا بوش قويماڭ، پۇت - قولى باغلاقتا تۇرسۇن. سۆزلىرىگە زادىلا ئىشەنمەڭ، يالغانچىلىغى ئېسىڭىزدىن چىقمىسۇن. ئوغرى ئىكەنلىگىنى ئۇنتۇماڭ، ھەرقاچان ئۇنى ئىگەر - لىڭگىرچاقتا باغلاپ تۇتۇڭ. شۇنداق قىلمىسىڭىز كېيىن پۇشايمان قىلۇرسىز. ساتسىڭىز، يىراق يەرگە سېتىڭ، بۇ قۇلدىن ھېچكىم دېرەك ئالالمىسۇن.

شۇ سۆزلەردىن كېيىن ئاكىلىرى يولغا راۋان بولدى. يۈسۈپ ئاكىلىرىدىن كەلگەن بۇ بىۋاپالىق ۋە جەبرى - سەتەملەرگە باغرى ئېزىلىپ، ئۆز ھالىغا ئېچىنىپ ئۇشبۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

مەن كېتەرمەن يات دىيارغا ئۇشبۇ دەم،
ئەمدى تىنماس كۆزدە ياشىم، ئامان بول.
چۈشتى ماڭا خۇدايىمدىن مۇنداق غەم،
زەھەر بولدى يىگەن ئاشىم، ئامان بول.
ئاغام بىرلەن سەھرا سارى بېرىپمەن،
بۇ كۈنلەردە قۇدۇق ئىچرە چۈشۈپمەن،
ئەمدى قۇل بوپ، كىشىلەردە يۈرۈپمەن،
ئېزىز ئاتام، قېرىنداشىم ئامان بول.

ئاتام سورىسا يۈسۈپ ئامان، دىگەيسىز،
بۈگۈن ئاڭا ئاخىر زامان دىگەيسىز،
ئىنىم يەمەن جانغا سالام دىگەيسىز،
نارجان سىڭلىم، ئىنىلداشىم ئامان بول.

① باشقا نۇسخىلاردا سەككىز تەڭگىگە ساتتى دەپ بايان قىلىنغان. قۇرئاندىكى يۈسۈپ سۈرىسىدە دوشرۇۋشەن بىخىن د راھىم مەئدۇدە يەنى «ئاز پۇچۇق ياماق باھاسىدا ساتتى»، دېيىلگەن.

② بەئرى (پارىسچە) — كېيىنچە.

ئى يارانلار، بۈگۈن مەھشەر-قىيامەت،
سېتىلمىشىم بولدى ئەجەپ قاباھەت،
يۈرەك-باغرىم بولدى تامام جاراھەت،
ئى يەھۇدا، خۇپ سىرداشىم ئامان بول.

ئەلقىسسە، مالىك تاجىرنىڭ كارۋانلا-
رى يۈسۈپنى باغلاپ، بىر تۆگىگە مىندۈرۈپ،
يولغا چىقتى. كارۋان يولى كەنئاننىڭ يې-
نىدىكى بىر زاراتلىقتىن ئۆتەر ئىدى. بۇ زارات-
لىقتا يۈسۈپنىڭ ئانىسىنىڭ قەبرىسى بار ئى-
دى. زاراتلىقنىڭ ئالدىغا كەلگەندە يۈسۈپ
تۆگىدىن ئۆزىنى تاشلاپ، ئانىسىنىڭ قەبرى-
سى ئۈستىگە بېرىپ:
— ئەي ئانا، قوپىغىل، بۇ مېنىڭ ها-
لىمنى كۆرگىل، مېنى بۇ بالادىن خالاس
قىلغىل، ماڭا بۇ يېتىملىك ئازمۇ؟ ئۇنىڭ
ئۈستىگە بۇ خىل جاپالارنى كۆرمەكتىمەن،
سېنىڭ ئېزىز ئوغلۇڭ، يۈرەك-باغرىڭ قۇل
بولۇپ، ياتلارغا سېتىلىپ، غېرىپلىق دىيارىغا،
مۇساپىرچىلىق دەشتىگە يۈزلەنمەكتە. پەر-
ياديمغا قۇلاق سال! — دەپ قەبرىنى قۇچاق-
لاپ زار-زار يىغلاپ، ھۇشىدىن كەتتى.
كېيىن ھۇشىغا كېلىپ ئۇشبۇ مۇناجاتنى
ئوقۇدى:

ئانا قەبرىڭ ئۈزرە كەلدىم ساڭا ئاۋال سالامىم بار،
تۇرۇپ ئاڭلا پىغانىمنى ساڭا دەرتلىك كالامىم بار،
كۆزۈڭ ئاچقىن، نەزەر سال شۇدەم نىچۈك ھالىم بار،
سۆزلىسەم يازۇ-قىش پۈتمەس مېنىڭ داستانىم بار،
لەھەتتىن تۇر ئانا، ئەيتار ساڭا ئەرزۇ-ھالىم بار.

كۆزۈم ياشلىق، دىلىم داغلىق يەنە بويىنۇمدادۇر، زەنجىر،
تۇرۇپ ئەمدى ئانا قىلغىل مېنىڭ بۇ ھالىمە تەدبىر،
بېشىمغا چۈشتى كۆپ مېھنەت كۆرۈلدى نەچچە خىل تەھقىر،
كۆزۈڭ نۇرى ئىدىم، ئەمدى بولۇپ يۈرمەكتىمەن ئەسىر،
رەقىپلەر جەبرىدىن كۆيدۈم ئەجەپ تىيرە جاھانىم بار.

ئاتادىن ئايرىلىپ يۈسۈپ ئۆزىنى خاك ئېتىپ يىغلار،
ئانادىن ئايرىلىپ يۈسۈپ ياقاسىن چاك ئېتىپ يىغلار،
رەھىم-شەپقەت قىلىپ كىم دىلىنى پاك ئېتىپ يىغلار،
ھەمىشە جەبرىدە يۈسۈپ كۆزىن غەمناك ئېتىپ يىغلار،
بۈگۈن ئەرزى دىلىم ئەيتاي، بۈگۈن ئوتلۇق پىغانىم بار.

يۈسۈپ ئانىسىنىڭ قەبرىسىگە باغرىنى
قويۇپ قارا كۆزلىرىدىن مۆلدۈرەك ياش
تۆكۈپ، نەچچە ھۇشىدىن كېتىپ، يەنە ھۇ-
شىغا كېلىپ قەبرە ئۈستىدە ئۇخلاپ قالدى.
مالىك تاجىرنىڭ كارۋانلىرى يۈسۈپنىڭ
ھالىدىن بىخەۋەر ھالدا ئۆز يولىغا راۋان
بولماقتا ئىدى. بىر ھازا يول يۈرگەندىن
كېيىن، بىرقۇل يۈسۈپنىڭ تۆگىدە يوقلۇغىنى
بايقاپ، داد-پەريات كۆتىرىپ، مالىك تاجىر-
گە خەۋەر قىلدى. مالىك يۈسۈپنىڭ قاچقاق-
لىق ئەيىۋى بارلىغىنى ئېسىگە ئېلىپ، دەر-
ھال قوغلاپ تۇتۇشقا ۋە ئۇنى قاتتىق جا-

رالاپ، كىشەنلەپ ئەكىلىشكە ئەمىر قىلدى.
بۇ ئىشقا ئۆز قۇللىرىدىن بىرىنى بۇيرۇدى.
هايهات، بۇ قۇل شۇنداق رەهىمسىز، كۆچ-
لۈك، زالىم ۋە بەدبەشىرە قۇل ئىدىكى، ئۇ-
نىڭ پەنجىگە ئىلىنگەن هەرقانداق كىشى
بىسيار ئازاپ چېكىپ، دۇنياغا تۆرەلگىنىگە
پۇشايمان قىلار ئىدى. بەدبەشىرە قۇل يۈ-
سۈپنى ئىزلەپ كەتتى ۋە ئۇنى قەبرىدىن
تېپىپ غەزەپ بىلەن بىر كاچات ئۇردى،
يۈسۈپنىڭ ئىككى كۆزىدىن ئوت چاقنىدى،
مۇبارەك ئېغىزى قانىدى. ئۇ يۈسۈپنى ئازاپ
ۋە دەشنامىلار بىلەن مالىك ئالدىغا ئېلىپ
كەلدى. مالىك ئۇنىڭغا قوش-قوش كىشەن
سېلىپ، پۇت-قولىنى مەهكەم باغلاپ، تۆگى-
گە مىنگۈزۈپ يولغا راۋان بولدى.

ئازاپتىن بەدەنلىرى كۆكەرگەن يۈسۈپ
دىلى غەملىك، كۆزى نەملىك هالدا پەريات
چېكىپ، خۇداغا نالە قىلدى. زىمىندا بولۇۋاتـ
قان ئۇشبۇ ئالامەتلەرنى كۆرۈپ تۇرغان
ئاسمان مالائىكلىرى، يۈسۈپنىڭ هالىدىن
بىتاقەت بولۇپ، تەڭرىدىن يۈسۈپكە رەهىم
شەپقەت قىلىشنى، بۇ ئادالەتسىزلىككە قۇد-
رەت ئىلاهى ئارقىلىق دەفئ بېرىشنى ئىلتى-
جا قىلدى.

ئەلهەزەر، يۈسۈپنىڭ ئاهى بىلەن جى-
مى جاهان بىردىنلا قاراڭغۇ-زۇلمەتكە ئاي-
لاندى، هەر خىل ۋەهىمىلىك ئالامەتلەر زا-
هىر بولۇشقا باشلىدى، قاتتىق بوران چىقىپ،
كارۋانلارنى دەهشەت باستى، ئۇلار قەيەرگە
بېرىپ قەيەردە تۇرۇشنى مولجا قىلالماي،
سەراسىمگە چۈشتى. ئۇلار بىر-بىرىگە تاپا-
مالامەت قىلىشقا باشلىدى. بۇ دەهشەتلىك
تۈن ۋەهىمىسى ئاستىدا مالىك تاجىر ئۆز
كارۋانلىرىغا ئەمىر قىلىپ ئەيتتىكى: «ئەي
كارۋان ئەهلىلىرى، هەممىڭلار بىر يەرگە
جەم بولۇڭلار، هەر كىم خۇدا راۋا كۆرمەي-
دىغان بىرەر گۇنالىق ئىش قىلغان بولسا
دەرهال تۆۋە ئىستىغپار ئوقۇپ، ئاللاغ
يېلىنىسۇن. بۇ تەهقىق خۇدا تەرىپىدىن بىز-
گە ئەۋەتىلگەن بالا-قازادۇر. تۆۋە قىلىپ
ئاللاغا يېلىنساق، بىزگە نىجاتلىق بولۇر»
شۇ چاغدا هىلىقى بەدبەشىرە قۇل:

— ئى خوجايىن، هەرنە خاتالىق بول-
سا، مەندىن ئۆتكەندۇر، مەن يۈسۈپ ئاتلىق
بۇ قۇلنى قاچقىنى ئۈچۈن ئازاپلىدىم، ئۇر-
دۇم، ئۇ بىچارىگە زۇلۇم قىلدىم. بىر مۇسا-
پىرغا ئارتۇق ئەۋزىيەت قىلغىنىم ئۈچۈن
تەڭرىنىڭ غەزىۋى كېلىپ، بىزگە بۇ بالانى
ئەۋەتكەن بولسا، ئەجەپ ئەمەس، — دىدى.

مالىك تاجىر دىدىكى: «ئەي قۇل،
تېز بېرىپ يۈسۈپكە ئۆزرۈڭ قويغىن ۋە قىل-
غان زالىملىقىڭ ئۈچۈن تۆۋە ئىستىغپار ئو-
قۇپ، تەڭرىگە يېلىنغىن!»

قۇل هەزرىتى يۈسۈپكە ئۆزرۈر ئېيتىپ،
ئۇرغانلىقى ۋە ئازار بەرگەنلىگى ئۈچۈن
ئەپۇ سورىدى.

يۈسۈپ ئۆز گۇنايىنى بويىنغا ئالغان
قۇلغا ئېچىنىپ ۋە كارۋانلارنىڭ سەرسانلىقىغا
رەهىمى كېلىپ، خۇداغا مۇناجات، دەرگاهى
قازىيول هاجات ئوقۇپ، بۇ بالانى كۆتىرد-
ۋېتىش ئۈچۈن دۇئا قىلدى. شۇ هامان،
ئاسمان سۈزۈلۈپ، كۈن چىقىپ، ئەتراپ يو-
رۇق مىنەۋۋەر بولدى.

بۇ ئەهۋالنى كۆرۈپ بىهەد خوشال
بولغان مالىك يۈسۈپنىڭ بىر خىسلەتلىك
قۇل ئىكەنلىگىنى، ئۇنى ئىززەت-ئىكرام قى-
لىش زۆرۈرلىگىنى بىلدى. يۈسۈپنى دەرهال
كىشەندىن ئازات قىلىپ، شاهانە لىباس كىي-
گۈزۈپ، نازۇ-نىمەتلەر بىلەن كۈتۈپ، يور-
غا ئاتقا مىنگۈزۈپ، ئىززەت-هۆرمەت بىلەن
ئۆز يېنىغا ئېلىپ يولغا راۋان بولدى.

ئەمدى سۆزنى باشقا تەرەپتىن ئاڭ-
لايلى.

ئەلقىسسە، رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋا-
يەت قىلىدۇكى، مەغرىپ ئېلىنىڭ خەلەپ ۋى-
لايىتىدە بىر پادىشا بار ئىدى. ئۇنىڭ نامى
شاھى تەيمۇس دەپ ئاتىلاتتى، تەيمۇس
شاھ ئۆزى كۇپپار بولسىمۇ، رەئىيەتكە ئادىل،
راست سۆزلۈك، پاراسەتلىك ھەمدە بىسيارغە-
نى ئىدى. شاھ تەيمۇسنىڭ زۇلەيخا ئاتلىق
بىر قىزى بار ئىدى. ئۇنىڭ ھۆسنى-لەتاپىتى
ئالدىدا ئايۇ-كۈن خىجىل ئىدى، ئۇنىڭ
لەۋلىرى غۇنچىدەك، چىشلىرى ئۈنچىدەك،
چاچلىرى گوياكى قۇندۇز، كۆزلىرى ئەينى
چولپان يۇلتۇز ئىدى. ئەقىل-پاراسەتتە يە-
گانە، ئىلىم-پەندە دۇردانە ئىدى. ئۇنىڭ
گۈزەل خۇلق-ئەتۋارى ئاشىقلارنى ۋەيران
قىلاتتى، پاراسەت ۋە زاكاۋىتى ھۆكىمالار-
نى ھەيران قالدۇراتتى.

بىر كۈنى كېچىدە زۇلەيخا بىر چۈش
كۆردى. چۈشىدە بىر نەۋجۇۋان يىگىت زا-
ھىر بولدى، زۇلەيخا بۇ يىگىتنىڭ ماھى
تابان ھۆسنى-جامالىغا قاراپ، بىھۇش بو-
لۇپ يىقىلدى، كېيىن ھۇشىغا كېلىپ، يىگىت-
كە ئىلتىجا قىلىپ سورىدىكى:

— ئەي ئاي يۈزلۈك، ئاھۇ كۆزلۈك
يىگىت، يۈرىكىمگە ئوت سالغان، جانىمغا قەست
قىلغان قايسى مالاھەت باغىنىڭ گۈلىسىز،
قايسى لەتاپەت چىمەنىنىڭ بۇلبۇلىسىز؟ قاي-
سى گۈلشەننى جامالىڭىز نۇرىدىن سەرفىراز①
قىلۇرسىز ۋە قايسى گۈلزارغا پەرۋاز قىلىپ
يېتۇرسىز؟

يۇسۇپ دىدىكى:

— مەن مىسىر ئېلىنىڭ غۇررۇرى،
ياقۇپنىڭ كۆز نۇرىدۇرمەن. ئىسمىم —
يۇسۇپتۇر، چەككەن رەنج-مۇشەق-
قىتىم كۆپتۇر. بۇ دىيارغا تەقدىر
دەشتۇ-باياۋانىدا ئېزىپ، ۋىسال سەھراسىدا
يول كېزىپ، ھىجران-ئەلەمدە قان يۇتۇپ
كېلۇرمەن. قىسمەت ئىككىمىزنى قوۋۇشتۇر-
غاي، سىزنىڭ گۈلزارىڭىزدا مۇراد-مەقسە-
دىمنىڭ چىمەنلىرى ئېچىلغاي، مېنى ئىز-
دىسىڭىز شەھەر بازارىدىن تاپقايسىز! — دىدى
ۋە غايىپ بولدى.

زۇلەيخا چۆچۈپ ئويغاندى، بۇ چۈ-
شىگە ھەيران قالدى. يىغان چېكىپ ھەريان
تولغاندى. يۈرىكىدە ئىشق ئوتى لاۋۇلداپ
ياندى.

شۇ كۈندىن باشلاپ، زۇلەيخا چۈشىدە
كۆرگەن يۇسۇپكە ئاشىقى بىقارار بولۇپ،
ئۇنىڭ پىراقىدا كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ،
ئويقۇدىن قالدى، ئىشتىھاسى تۇتۇلدى،
ئەھۋالى كۈندىن-كۈنگە يامانلاشتى، ئۇ
كېچە-كۈندۈز يۇسۇپنى ئويلاپ، ئۇنى تې-
پىش، ۋىسالىغا مۇيەسسەر بولۇش كويىدا
بىتاقەت بولۇپ خىيال دەرياسىغا چۆمدى.
زۇلەيخا دىلى ۋەيران، چىرايى زەپىران
ھالدا بىتاپ بولۇپ يىقىلدى. ئاتىسى بۇ
ھالدىن خەۋەر تاپتى، جىمى ھۆكۈمالارنى
يىغىپ، قىزى زۇلەيخانىڭ كېسىلىنى داۋا-
لاشقا ئەمىر قىلدى. ئەمما، زۇلەيخانىڭ
دەردىگە داۋا، رەنجىگە شىپا تېپىلمىدى.
ئۇ، يۇسۇپنىڭ ئىشقىدا ئاھۇ-يىغان چېكىپ
ئۇشبۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

قاي زامان كۆرگەيمەن ئەمدى يارى جانانىمنى مەن
بىر كۆرۈپ يۈزىن ئاڭا قىلسام پىدا جانىمنى مەن،

① سەرفىراز (پارسچە) كەڭ ئازادىچىلىك، يوروقچىلىق.

قايدا ئول كۆڭلۈم ئېلىپ جانىمنىغا قەست قىلغان سەنەم،
كەلسۇن، ئولتۇرسۇن ھالال قىلدىم ئاڭا باغرىمنى مەن.

باش ئېلىپ كەتتى يېنىمدىن بىر كۆرە بىلمەي يۈزىن،
كۆز يېشىم بىرلەن سۇغارسام سەيىر بوستانىمنى مەن.
كۆزلىرىم ئول گۈل زىيائىدىن گۈلىستاندۇر مېنىڭ،
ئۆزگىلەر يۈزىگە ئاچماسمەن گۈلىستانىمنى مەن.
كۆز يېشىم كۆڭلۈم ئوتىنى ئاشكار قىلدى بۈگۈن،
بىلمىدىم نە ساقلىغايمەن سىرى پەنھانىمنى مەن.

ئالەم ئىچرە تاغۇ-دەشت، بەھر — بارىنى ئىزدىسەم،
شۇندا تاپقايمەنمۇ ئول ماھى-تابانىمنى مەن.
بەسىردىن شامۇ-خەلەپكە ھىجىر ئەيلەپ ئاھ چېكىپ،
دەربەدەر يۈرسەم كۆرەرمەنمۇ خىرامانىمنى مەن!؟

ئەلقىسسە، تەيمۇس شاھ قىزى زۇلەيخا-نىڭ پۈتۈن ئەھۋالىنى چۈشەندى، ئىشق-مۇھەببەت پىراقىدا باغرى خۇناپ بولغىنىغا ئىشەندى ۋە دىدىكى:

— ئەي بالام، ھەر نە گېپىڭ بولسا، ماڭا دىگىن، ئاتاڭغا يۈرەك-دەردىڭنى ئېيتىشتىن ئۇياتمىغىن، ئىشقى-مۇھەببەت شەر-مۇ-ھايا بولماس، ئۇ ئادەم پەيغەمبەردىن بىزگە مىراس قالغان. سىرى ئەسرارىڭدىن خەۋەر تاپسام، ئەجەپ ئەمەسكى، دەردىڭگە دەرمانىمۇ تاپارمەن...

ئاتىسىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، زۇلەي-خانىڭ يۈرەك-باغرى ئۆرتەندى، ئورنىدىن قوپۇپ، پىنھان سىرلىرىنى بايان قىلىپ، ئۇشبۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئاڭلا ئاتا ئەرز-ھالىم ئەيتايىن،
ياشىم ئېلىپ باياۋانغا كېتەيىن،
بۇ دۇنيادا ئەمدى تۇرۇپ نىتەيىن،
كۈندىن-كۈنگە دەردىم ئەپزۇن① بولۇپتۇر.

چۈش كۆرۈپمەن ئاتا ئەمدى بىلىسىڭىز،
ئەيتاي سىزگە ئەگەر باۋەر② قىلسىڭىز،
چۈشۈم ئىچرە ئۇچراپ قالدى بىر ئېزىز،
ئەقلىم ئېلىپ، قىزىڭ مەجنۇن قىلىپتۇر.

سوراپ ئىدىم، قىلدى مىسىر ئىشارەت،
«بارغىن» دىدى بەردى ماڭا ئىزاھەت،
بارار بولسام بىرەرمىسىز ئىجازەت،
كۆڭلۈم بۈگۈن ئاڭا مەپتۇن بولۇپتۇر.

ئاشىق-مەشۇق بولسا ئەگەر ئادەمزات،
كېچە-كۈندۈز بىر-بىرىنى قىلۇر ياد،
ماڭا مۇنداق تەلىم بەردى بىر ئۇستاد،
خەستە دىلىم تولا ئازغۇن بولۇپتۇر.

خالىس كۆرگىل زۇلەيخانىڭ ئىشقىنى،
يۈسۈپ ئوتى ياندۇرماقتا شەۋقىنى،
ئاشىق بىلۇر مەشۇغىنىڭ زەۋقىنى،
كۆرەر بولساڭ يۈرەكلەر خۇن بولۇپتۇر.

① ئەپزۇن — ناھايىتى چوڭ، زور،
② باۋەر — ئىشىنىش، پېتىنىش، جۈرئەت قىلىش.

ئەمدى خالىسىدىن بىر سۆز ئاڭلاڭلار:

«قىسسەسۇل ئەنبىيا» دىگەن كىتاپتا شۇنداق نەقىل كەلتۈرۈلگەنكى، زۇلەيخا ھەزرىتى يۇسۇپنىڭ ئىشقىدا بىرنەچچە يىل بىتاپلىق، دەردى ئىشتىياقلىق رەنج-مۇشەققەتنى چېكىپ، دەرمان تاپالمىغان. ئۇنىڭ بۇ ھالى جىمى جاھانغا ئاۋاز بولۇپ ئاڭلانغان، جاھان خەلقلىرى گۈزەل زۇلەيخانىڭ ئاي جامالىنى كۆرۈشكە ئارزۇمەند بولۇپ، ئۇنىڭ شەنىگە نەزىم-قوشاقلار توقۇغان. مەنمۇ ئۇشبۇ بىيىتنى ئەرمۇغان قىلدىم.

بىيىت:

ھىكايەت ئەيلىدى راۋى راۋايەت،
يەنە ئەندىن ئىشىتكىل بىر ھىكايەت:
جاھاننىڭ رەۋشىنى ئەردى زۇلەيخا،
بالاھەت گۈلشەنى ئەردى زۇلەيخا
جاھاندا كۆرمىگەن ئانداقنى ھىچ كۆز،
يەنە ئەيتاي زۇلەيخا ھالىدىن سۆز.
ئەجەپ مۇئزىن① ئۇنىڭ قەددى-كامالى،
ئىرۇر گوياكى جەننەتنىڭ نىھالى②.
كۆزى خۇمارىغە باغ ئىچرە نەرگىس،
بىلە ئاھۇ كۆزى ماناندە③ ئەرمىش.
ئانىڭ غۇنچە لەبى بولغاندا خەندان،
قىزىلگۈل غۇنچىسى باغ ئىچرە پىنھان.
ۋەيا شىكەر لىۋى كەلگەچ سۇخەنگە④،
قاچىپ شىكەر ئۆزىن ئۇردى تىكەنگە.
مەگەر، لەئلى تەبەسسۇم قىلسە ناگان،
گۇمانسىز تەندە قالماس بولسا مىڭ جان...
دىسەم ئۆمرۈم بارىچە مەدھىدىن سۆز،
بۇ يەتكىلىغ ماھى-سالنى كېچە-كۈندۈز.
قىلىپ يۇسۇپ-زۇلەيخانى كىتابەت،
ئۇلارنى تەرتىپ ئەتسەم تا قىيامەت،
قىلىپ تەۋسىپ ئەگەر بۇ ئىككىسىنى،
دىيەلمەسمەن ئۇنىڭ مىڭدىن بىرىنى...
زۇلەيخايۇ يۇسۇپ قىسسەسىدىن
ئەجەپ سىرلەرنى كۆردۈم نۇكتەسىدىن.
قىلايىن مۇنچەلىك بىرلە كۇپايەت،
بولار ئانداقكى ئاقىلغا ئىشارەت...

ئەلقىسسە، جاھان خالايىقلىرى زۇلەيخانىڭ ئەھۋالىدىن ۋاقىپ بولۇپ، ئۇنى كۆرمەك ئۈچۈن تەرەپ-تەرەپتىن جەم بولۇشتى. تەيمۇس شاھ زۇلەيخانىڭ ئىنىك ئانىسىغا ئەيتتىكى: «زۇلەيخا بۇ خالايىقلار ئىچىدىن ئۆز ئاشىقىنى تونۇۋالسۇن، مەن ئۇنى قوبۇل قىلۇرمەن». ئىنىك ئانا بۇ خەۋەرنى زۇلەيخاغا يەتكۈزدى. زۇلەيخا توپلانغان خالايىقلارنى كۆزدىن كەچۈردى، قارىسا، بۇلار ئىچىدە مىسىر ئەھلىدىن بىرەرسى يوق ئىمىش. زۇلەيخا دىدىكى:

— تا مىسىر ئەھلىدىن بىرەر كىشى كەلمىگۈچە كۆڭلۈم ئەمىن تاپماس!

ئىنىك ئانا بۇ سۆزنى دەرھال شاھ تەيمۇسقا يەتكۈزدى. شاھ تەيمۇس زۇلەيخانىڭ رايىگە قاراپ، جىمى خالايىقنى ئۆز ئورنىغا قايتۇردى. ئۆزى تەخت ئۈستىگە چىقىپ دەرھال كاتىپلارنى چاقىرتىپ، مىسىر پادىشاغا قارىتىپ بىر مەكتۇپ يازدۇردى، مەكتۇپتا دىدىكى: «ئەي مىسىر ئەزىزى، بىزدە بىر ئاجىزە بار، ھەر تەرەپتىن پادىشالار ئەلچى ئەۋەتىپ، مۇشتەرىلىق ئىزھار قىلدى، ئۇلارنى قوبۇل قىلمىدىم، ئەلھال سىزنى قوبۇل قىلۇرمەن. شۇڭا ئەلچى

① مۇئزىن — تۈپ-تۈز، كېلىشكەن، راۋرۇس.
② نىھال — نوتا، بىخ.
③ ماناندە — ماس، ئوخشاش، بىردەك.
④ سۇخەن (پارسچە) — سۆز.

ئەۋەتتىم، قوبۇل قىلساڭ سەنمۇ ئەلچى ئەۋەتكىن!»

ئەلچىلەر كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ كۆپ مەنزىللەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، مىسىر شەھرىگە يېتىپ كەلدى ۋە مەكتۇپنى مىسىر ئەزىزىگە ئىزھار قىلدى. مەكتۇپتىن مىسىر ئەزىزى مۇھەببەت بۇيىنى ئېلىپ، زۇلەيخاغا غايىۋانە ئاشىق بولدى. دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، مەغرىب تەرەپكە قاراپ شاھ تەيمۇسقا توققۇز تازىم قىلدى. خوشاللىقتىن ئۇنىڭ ئاغزى قۇلىغىغا يەتتى. دەرھال ئەمر قىلىپ، خەزىنەنىڭ ئىشىگىنى ئاچتى ۋە تەيمۇس شاھ ئەلچىلىرىگە لەئلى-جاۋاھىرلىق تون-لىباسلارنى كىيگۈزدى. «ئەي مەغرىب شاھى تەيمۇس، مۇبارەك نامىڭىزنى قوبۇل قىلدۇق... سىزمۇ بىزنىڭ جاۋاپ مەكتۇبىمىزنى قوبۇل قىلغايسىز» دېگەن مەزمۇندا جاۋاپ نامە يېزىپ، ئەلچىلەرنى ئۇزىتىپ قويدى.

ئەلقىسسە، ئەلچىلەر يولغا راۋان بولۇپ، تەيمۇس شاھنىڭ ھوزۇرىغا كېلىپ، مىسىر ئەزىزىنىڭ نامىسىنى سۇندى.

تەيمۇس شاھ، دەرھال تەرەددۇتىغا چۈشۈپ، شەھەرنى شادىيانە توي سىياقىغا كىرگۈزۈپ بېزەتتى. تىللا جابدۇقلۇق، لەئلى-ياقۇتلار بىلەن نەقىش قىلىنغان مەپىلەرنى ھازىرلىدى، غۇلام-كېنىزەك، ۋەزىر ئاكابىر-ئەشرەپلەرنى جەم قىلىپ زۇلەيخانى ئېلىپ، مىسىر ئېلىگە قاراپ يولغا چىقتى...... نەچچە كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپ، مىسىر شەھرىگە يېتىپ كەلدى.

مىسىر ئەزىزى بەگ-سۇلتان، خانىزادىلار، مەلىكە-كېنىزەك، خىزمەتچىلەر ۋە پۈتۈن شەھەر خەلقىنى ئېلىپ شاھ تەيمۇسنىڭ ئالدىغا پېشۋاز چىقتى. مېھمانلارنى مەھرەم سارىيىغا چۈشۈردى. مىسىر ئەزىزى نەچچە كېچە-كۈندۈز مەجلىس ئاراستە قىلىپ، شاھانە زىياپەتلەر بېرىپ كۈتكەنىدىن كېيىن، بىر كۈنى مەھرەم سارىيىغا زۇلەيخانى كۆرۈش ئۈچۈن كەلدى.

زۇلەيخا ئىنىك ئانىسىدىن:

— بۇ كىم، مەھرەم سارىيىغا بى ئىجازەت كىرگەن؟— دەپ سورىدى.

— سەن ئارزۇ قىلغان مىسىر ئەزىزىدۇر، ئەمدى مۇرات-مەقسىدىڭ ھاسىل بولۇر، — دىدى ئىنىك ئانىسى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، زۇلەيخا بىر ئاھ ئۇرۇپ ھوشىدىن كەتتى. كېنىزەكلەر: «زۇلەيخانىڭ كۆڭلىدىكى يارى شۇ ئىكەن، نامىنى ئاڭلاپ بىھوش بولدى» دېيىشتى.

زۇلەيخا ھوشىغا كېلىپ دىدىكى:

— ئەي ئىنىك ئانا، مەن چۈشۈمدە كۆرگەن ئېزىز يىگىت بۇ ئەمەستۇر. بەختىم قارا ئىكەن، ئەمدى ماڭا ياشاش ھارام، — دەپ زار-زار يىغلاپ ئۇشبۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئەي ئاپەتى جان چۈشتىكى بىر ھورلىقادۇر
مەخزانەئى بى باك،
گۈلدەك كۆرىنىپ جانىمە ئوتلارنى ياقادۇر،
سەرمەستۇ ياقام چاك.
ھەم تۇر رەسىمدۇر دۇر كەبى جانىمە ئاتەش
بولدۇم ئاڭا شەيدا،
ھەم يۈزلەرىكىم خۇرشىد كەبى شۇئىلە قازادۇر،
مەن ئۆرتىنىمەن پاك.
ئول ھۆسنى پىراقى چۈشۈبان زارە تىنىمگە،
ئۆرتەندى زۇلەيخا،
ھەركىم ئۇنى كۆردىيۇ باغرى يانادۇر ئوت
ئىچىدە خاشاك.
ھايۋانسۈيىنى بەرسە نېتەي كىم كېرەك ئەرمەس،
يۈسۈپ لەبىدىن مەي،

بىچارە زۇلەيخا دىل جانىغە داۋادۇر
بولغاي ماڭا تەرباك.
ھىجىردە يۈزۈم سارغايىبان دەم ئۇرا ئالماس،
ئاۋارە زۇلەيخا،
گويا خازان پەسلىدە بى بەرگى ناۋادۇر،
قىلدىڭ مىنى خاشاك.
يارەبكى بۇ خالىس قىلادۇر قىسسەلەر ئىزھار،
ئۈمىدىم كۆپ ئەردى،
ئىشقىدا زۇلەيخا ياقاسىن چاك ئىتەدۇر
بەرسەڭ ئاڭا ئىدراك.①

شۇ بېيتتىن كېيىن، زۇلەيخا نەملىك كۆزلىرى بىلەن ھەسرەت چېكىپ خامۇش بولدى. ئىنىڭ ئانىسى زۇلەيخاغا نەسىھەت قىلىپ: «ئى مەلىكە، خامۇش بولمىغىن، سەۋر قىلغىن، تەقدىر كۆز ياشىڭنى بىھۇدە ئاقتۇزماس، دىلرەۋا ئاشىقىڭغا مۇيەسسەر بولساڭ ئەجەپ ئەمەس»،— دىدى.

ئەيىۇھەننىاس، «يۈسۈپ - زۇلەيخا» قىسسەسىنى فاسەھەتلىك سۆز دۇردانىلىرى بىلەن نەقىش قىلغان رىۋايەتچىلەر زۇلەيخانىڭ نىكاھى ھەققىدە ھەر خىل رىۋايەتلەرنى نەقىل قىلغان ئىدى. ئۇشبۇ رىۋايەتلەر شۇدۇركى:

بىرى: زۇلەيخا ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن مىسىر ئەزىزىگە نىكاھلىنىشنى ماقۇل كۆردى، خۇدا ئۆز قۇدرەت ئىلاھى ئارقىلىق ئاسماندىن زۇلەيخا سۈرەتلىك بىر پەرىنى چۈشۈردى. نىكاھ كېچىسى مىسىر ئەزىزى شۇ پەرى بىلەن بىللە بولدى، بۇ سىردىن زۇلەيخا ۋاقىپ ئىدىيۇ، مىسىر ئەزىزى بۇنى بىلمەس ئىدى. شۇ يوسۇندا، زۇلەيخا قىز ھالىتى بويىچە يەتتە يىل مىسىر ئەزىزىگە «رەپىقە» بولدى، ئەمما كېچە - كۈندۈز يۈسۈپنىڭ ۋىسالىغا مۇشتاق بولۇپ ياشىدى.

يەنە بىرى: زۇلەيخا دادىسى، ئىنىڭ ئانىسى ۋە قىز قولداش قۇرداشلىرىنىڭ نەسىھىتىگە كۆنۈپ، يۈسۈپنىڭ ۋىسالىدىن ئۈمىت ئۈزۈپ، مىسىر ئەزىزىگە نىكاھلىنىشقا رازى بولدى. شادىيانە ۋە شاھانە تويلار قىلىندى. ئەمما مىسىر ئەزىزى خۇنەش② ئىدى. نىكاھ كېچىسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن تاكى يەتتە يىلغىچە زۇلەيخا مەسۇم پاك ھالدا يۈسۈپنىڭ ئىشقى بىلەن ياشىدى، مىسىر ئەزىزى زۇلەيخاغا ھىچقانداق قىلىپ يېقىنلىشالمىدى.

ئەمدى سۆزنى باشقا تەرەپتىن ئاڭلايلى: مالىك تاجىر كارۋانلىرى مىسىرگە يېتىپ كەلدى. لەئلى - جاۋاھىر، ھەر خىل ماتا - ئەنجام، قۇل ئېلىپ كەلگەن كارۋان مىسىرنىڭ ئەڭ ئالى، ھەشەمەتلىك سارايلىرىغا چۈشتى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن مالىك مىسىرگە چۈشۈپ، قۇل ساتىدىغانلىقى ھەققىدە جاكا چىقاردى. پۈتۈن مىسىر خەلقى مالىك ئېلىپ كەلگەن قۇلنى تاماشا قىلىپ، ھاڭ - تاڭ قېلىشتى. «مالىك بىر قۇل ساتارمىش، بۇ قۇل شۇنداقكى، ھۆسنى - چىرايىدا ھۆر - پەرىدەك خۇشرۇي، لاتاپەت ۋە فەساھەتتە قىزىلگۈلدەك خۇشبۇي، ھەر كىم ئۇنىڭ جامالىغا قارىسا، تاقەت قىلالماس ئىمىش...» دىگەن گەپ - سۆزلەر مىسىر ئەزىزىگە بېرىپ يەتتى.

مىسىر ئەزىزى قۇل ئىگىسى بىلەن قۇلنى ئېلىپ كېلىشكە ئەمىر قىلدى. مالىك ھەزرىتى يۈسۈپكە شاھانە لىباسلارنى كەيگۈزۈپ، تۆگىگە مىندۈرۈپ، ئۆزى ئۇنى يېتەكلەپ مىسىر ئەزىزىنىڭ قەسرىگە قاراپ يولغا چىقتى. بۇنى كۆرگەن خەلق توپ - توپ بولۇپ يۈسۈپنىڭ جامالىنى كۆرۈشكە ئىنتىلىپ، ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭدى، پۈتۈن خالايىق

① خالىس بۇ مۇستەھزاتنى ناۋايىغا تەقلىت قىلىپ ئالغان بولسا كېرەك — ن.
② خۇنەش — خۇنسە، دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يەنى ئەرلىك ئىقتىدارى يوق كىشى.

قوزغالدى. ھەممىسى كىلەر ئىدى. شاھ سارىيىغا يېقىن كەلگەندە، شاھ نەۋكەرلىرى خالايىقلارنى قوغلاپ، يۈسۈپنى ئەزىزنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ كىردى. مىسىر ئەزىزى شىركەيىپ ھالدا تەختىدە ئولتۇراتتى. يۈسۈپ چوڭ ئەدەپ بىلەن ئېگىلىپ تازىم قىلدى. مىسىر ئەزىزى ئۇنىڭ جامالىغا قاراپ كۆڭلىدە دىدىكى: «بۇ ئادەم ئەمەس، بەلكى پەرىشتەدۇر، ئىنسان بالىسى ئىچىدە مۇنداق گۈزەل بەشەر بولماس».

ئەلقىسسە، ئەمدى سۆزنى زۇلەيخادىن ئاڭلايلى: زۇلەيخا ئۆز ھەرىمىدە قىز - كىنىزەكلىرى بىلەن ئولتۇرار ئىدى، تاشقىرىدىكى خالايىقلارنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرىنى ئاڭلاپ، قىز - چۆرىلەردىن سورىدى:

— تاشقىرىدا نىمە ماجرا؟

— ھەي گۈلئۇزارىمىز، — دىدى قىزلار، — بۈگۈن بىر سودىگەر بىر قۇلنى ساتماقچى، جىمى مىسىر ئەھلى بۇ قۇلنىڭ ھۆسنى - جامالىغا مەھلىيا بولۇپ، ئۇنى كۆرۈش ئارزۇسىدا بىللە ئەگىشىپ كېلىشتى، ئۇنىڭ ئاي يۈزىنى كۆرگەنلا كىشى دات - پەريات چېكىشتى... سىز راۋاق ئۈستىگە چىقىپ، بىر تاماشا قىلىڭ، ئەجەپ ئەمەس كۆڭلىڭىز ئېچىلسا...

بۇ گەپ بىلەن زۇلەيخا راۋاق ئۈستىگە چىقىپ قۇلغا نەزەر تاشلىدى — يۈسۈپنى كۆردى ۋە ئۆزىنى بىلمەي، بىھۇش بولۇپ يىقىلدى، باز ھۇشىغا كېلىپ، يۈسۈپنىڭ پىراقىدا دات - پەريات چېكىپ، ياقىسىنى چاك - چاك قىلىپ يىرتتى. ئەھۋالنى كۆرگەن ئىنىك ئانا زۇلەيخاغا نەسىھەت قىلىپ دىدىكى: «ئەي قىزىم، سەۋر قىلغىن، ئۆزەڭگە جەبىر قىلمىغىن، سەن مەستۇرە، پاك قىز سەن، بۇ سىرنى پىنھان تۇتقىن، ئۆز نامۇسىڭنى ساقلا، بۇ سىرى - ئەسرارىڭدىن مىسىر ئەزىزى ۋاقىپ بولسا، ئاشىقىڭغا قازا، مىسىر ئېلىگە جەۋرى - جاپا كېلۇر، تەقدىر - قىسمەتنىڭ ھۆكمىگە ئەمەل قىلىپ، سەۋىر قىلغايسەن، سەۋرىدىن ئۆز مىرادىڭ ھاسىل بولۇر...»

ئەلقىسسە، ئەمدى سۆزنى مىسىر ئەزىزىدىن ئاڭلايلى:

مىسىر ئەزىزى يۈسۈپنى كۆرۈپ، ئىختىيارسىز ھالدا ئۆز تەختىگە تەكلىپ قىلدى، يۈسۈپ خوجىسى مالىكقا قارىدى. مالىك قۇلى يۈسۈپكە بولۇۋاتقان بۇ شاھانە تازىم - تاۋازىدىن ھەيران بولۇپ دىدىكى:

— ئەي يۈسۈپ، ئەۋال ماڭا ئەسلى زاتىڭنى بايان قىلغىن، مەن سېنى ئازات قىلىپ، مۇرادىڭغا يەتكۈزگەيمەن!

يۈسۈپ دىدىكى:

— ئەي خوجايىن، ئاۋال مىنى ساتقىن، ئاندىن مەن ساڭا ئەسلى زاتىمنى بايان قىلۇرمەن. بۇ يەردە ئىككى ھىكمەت بار: بىرى — بۇ باھانە بىلەن سەن كۆپ ئالتۇن - كۈمۈشكە ئىگە بولغايسەن، يەنە بىرى — مىنىڭ سېتىلمىغىم تەقدىرنىڭ ئىرادىسى بىلەن مۇقەددەر بولغاندۇر، ھەر ئىش تەقدىردىن ئۆزگە بولماس. دۇنيادا تۆت ئىش باركى ئۇنى ھەرگىز قايتۇرۇپ بولماس.

بىيىت

كىشى ياندۇرالماس بۇ ئىش قايسىدۇر؟
كى يانماس بۇ ئالەم ئەگەر قىلسا زور.
كىشى ئىستىگەي ئەجر ياندۇرمىغىن،
كى بۇ ئەمرلەرگە كېلەلمەس يېقىن،
جاۋابى بىلەن دىلنى گۈلشەن قىلاي،
ئۇنىڭ مەنىسىن ئەمدى روشەن قىلاي:
كىشى قايتۇرالماس نىمەدۇر چاھار ①،
بىرى: ئاتقان ئوقنى نىچۈك ياندۇرار؟

① چاھار — تۆت.

بىرى: ئۆمرىنى ياندۇرالماس كىتشى،
ئۆتەر سۇغا ئوخشاش كىشىنىڭ يېشى.
بىرىدۇر: يانماس قازايۇ قەدەر،
بۇنى ياندۇرۇرغا نە تەدبىر ئېتەر؟
بىرى: سۆزدۇر ئۇ چىقتىمۇ، يانمىغاي،
كىمەرسە بۇ تۆت ئىشنى ياندۇرمىغاي،
بۇ سۆز زەمىنگە كىم خەۋەرداردۇر،
ئانى دەڭكى، دانايى ئەشيادۇر.
ئەگەر ئاقىل ئەرسەڭ بۇ سۆزلەرنى ئۇق،
ئەگەر ئۇقمساڭ سەن بۇ ئالەمدە يوق،
بۇ سۆزنى بىلىڭ ئەي دىيانەت ئەسىر،
باشلاي ئەمدى يۇسۇپ قىسسەسىدىن سەتىر.

مالىك يۇسۇپنى سېتىشقا رازى بولدى. باھاسى ئۈستىدە كۆپ تالاش چىقتى، ساراي ئەھلىلىرى ئىچىدە ھەر خىل نىدالار ئاڭلاندى، كۆپچىلىك خالايىق يۇسۇپنىڭ نەرقى ئۇچۇن بويى بىلەن تەڭ ئالتۇن - جاۋاھىر بېرىلسە لايىق بولىدۇ، دېيىشتى. مىسىر ئەزىزى يۇسۇپ ئۇچۇن غەزىنىلەرنى ئاچقۇزۇپ، گۆھەر - ئالتۇن، لەئلى - ياقۇتلارنى يۇسۇپنىڭ بەدىلىگە ئاتىدى. مالىك يۇسۇپنى سېتىپ ئالتۇنلارنى ئېلىپ يولغا قايتتى.

يۇسۇپ ئۇشبۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

زۇلۇم بىرلەن ئاناسىدىن ئايرىلغان،
يەنە تىرىك ئاتاسىدىن ئايرىلغان،
پېيى ئۆسمەي قاناتىدىن قايرىلغان،
دەردى تولا مىسكىن قۇل دەپ ئېلىڭلار.

بىر ئوق ئىدىم يىراق يەرگە ئېتىلدىم،
ھەم قۇل بولۇپ ئەلدىن - ئەلگە سېتىلدىم،
ياخشى - يامان ئەل سۆزىگە قېتىلدىم،
بىر خۇداغا يېقىن قۇل دەپ ئېلىڭلار.

نازۇك تېنى مېھنەت بىلەن يانچىلغان،
غۇربەت ئىچرە پىغان چېكىپ ئاھ ئۇرغان،
جاپا بىلەن ئۆز شەھرىدىن ئايرىلغان،
ئۆزى مۆڭلۇق غېرىپ قۇل دەپ ئېلىڭلار.

خالىس ئەيتۇر ئول يۇسۇپنىڭ سۆزىنى،
ئوقۇپ ئۇنى يىغلاتىپتۇ كۆزىنى،
كېرەك بولسا كەمىنەنىڭ سۆزىنى،
ئاشقلارغا تەسكىن بۇ دەپ ئېلىڭلار.

ئەلقىسسە، مىسىر ئەزىزى يۇسۇپكە شۇنداق دېدى:

— سەن مېنىڭ ھەرەمىمگە قۇل بولىسەن، مەن سېنى ئۆز پەرزەنتىدىم، دەپ ھېساپلايمەن، راستگويلۇق، ساداقەتلىك بىلەن خىزمەت قىلغايسەن!

شۇندىن بۇيان، ھەزرىتى يۇسۇپ مىسىر ئەزىزىنىڭ قۇلى، زۇلەيخا ھەرەمىنىڭ مەھرەمى، غۇلامى بولۇپ خىزمەت قىلدى.

مىسىر ئەزىزى زۇلەيخاغا: «بۇ قۇل سەن ئۇچۇن غۇلامدۇر. خىزمىتىڭنى بىجا كەلتۈرگەي. سەنمۇ ئۇنى ئاياپ، ئاسرىغايسەن» دەپ جېكىدى. بۇ گەپلەردىن كېيىن، زۇلەيخا چۈشىدە كۆرگەن نىگارى، ئۆمرىنىڭ گۈلئۇزارى، قەلبىنىڭ غۇرۇرى ۋە يارى، كۆز نۇرى يۇسۇپنىڭ ۋىسالىغا مۇيەسسەر بولۇش ئارزۇسىدا شات - خورام بولۇپ ئۇشبۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

مەقسەتلىك كۆڭۈل ئىچرە بىر ئاپەتى جان كەلدى،
مىژگانلىرى ئوق يەڭلىغ، قاشلىرى كامان كەلدى.
بىرنەچچە زامان ئىزلەپ، ھىجران سۆزىنى سۆزلەپ،

ھەم بۇتا بولۇپ بوزلاپ يارىم بۇ زامان كەلدى.
يولىدا بىلىم باغلاپ، ھىجرىدە دىلىم داغلاپ،
ئاشكارا پىغان يىغلاپ كۈتكەن يارى جان كەلدى.
جانىمدە پاراغەت يوق، ئۇنىڭسىز ماڭا تاقەت يوق،
ئارتۇقچە سائادەت يوق، چۈن روھى - راۋان كەلدى.
دەردىمگە ئۇ دەرماندۇر، جانىم ئاڭا قۇرباندۇر،
ئەقلىم ئاڭا ھەيراندۇر بىر نۇرى ئايان كەلدى.
ئەي جاھان ئارا دوستۇم، مەن تەن ئىسەم سەن پوستۇم،
چۈشۈمدە كۆرۈپ كۈيدۈم، ئويغۇمدا ئايان كەلدى.
بۇ نۇسخىدا نۇقسانى ھەددىن ئاشا كۆپ ئەردى،
خالىس تۈزىتىپ قويدى، تەھرىرى بايان كەلدى.

ئەيىۇھەنناس، ئىشتىڭلاركى، ئىشق مۇھەببەت — ئاشىق ۋە مەشۇقلارغا خاس بىر ھالەتتۇر، زاغ ۋە ھۇقۇشلاردا گۈلنىڭ سەۋداسى بولماس، بۇلبۇلدەك ناۋاسى بولماس، بۇ خىل قۇشلار باياۋانغا خاستۇر، باياۋاندىمۇ گۈلزارلىقنىڭ قەدرىنى ئىلغىماس، ئۆزىنىڭ خۇنۇك ئاۋازىدىن بۇلبۇلنىڭ ئاۋازىنى پەرق ئەتمەس. بىلمەك كېرەككى، ئاشىق - مەشۇق گۈل بىلەن بۇلبۇلغا ئوخشاشتۇر، بۇلبۇلغا گۈل جامالىنىڭ شەۋقى غالىپ بولغاندا ۋىسالى بويىدىن مەس بولۇپ، پەريات - پىغان چېكىپ، بى ئىختىيار گۈلنىڭ تىكىنىگە ئۆزىنى ئۇرار. ھەقىقى ئاشىق ۋىسال ئۈمىدى بىلەن ھەرقانداق ھۆر - سەنەم كەلسە، ئاڭا بىپەرۋا قارىغاي، تاكى ئۆز مەشۇقىنى تېپىپ ئۇنىڭ ئەزگۈ ۋىسالىغا مۇيەسسەر بولمىغۇچە ئەمىن تاپماس. بەجايىكى، غۇنچە بۇلبۇلنىڭ پاساھەت ۋە بالاغەتلىك ناۋاسى ئىشتىياقىدا ھەسرەت بىلەن لىۋىنى چىشلەپ كېچىدىن تاڭ ئاتقىچە خۇنابە يۇتۇپ، باغرى قانغا تولۇپ، سۇبھى شامىلىدا بۇلبۇلنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، خۇش تەبەسسۇم قىلغىنىدەك، بۇلبۇل گۈلنىڭ زىبا قەددى ۋە نازاكەتلىك خۇش تەبەسسۇمنى كۆرۈش ئىشتىياقىدا كېچىدىن تاڭ سەھەرگىچە بىدار تۇرۇپ سايرىغىنىدەك، ئاشىق - مەشۇق ئۆز نىگارىنىڭ پىكرى - خىيالىدىن بىر دەقىقە نېرى تۇرماس! بەس، ئەمدى سۆزنى يۇسۇپنىڭ زۇلەيخاغا قۇل بولۇپ خىزمەت قىلغىنىدىن ۋە زۇلەيخانىڭ شەيدالىق دەردى كۈندىن - كۈنگە ئۆرلەپ، تاقىتى تاق بولۇپ، يۇسۇپنىڭ ۋىسالىغا مۇيەسسەر بولۇشقا تەقەززا بولغىنىدىن ئاڭلايلى:

ئەلقىسسە، يۇسۇپ مىسىر ئەزىزىگە قۇل بولۇپ سېتىلغاندىن كېيىن، زۇلەيخانىڭ خاس ھەرەمىدە مەخسۇس غۇلام بولۇپ، ئۇنىڭ خىزمىتىنى بەجا كەلتۈردى... يۇسۇپنىڭ ئوت پىراقى زۇلەيخانىڭ يۈرەك - باغرىنى كۈنسايىن بەتتەررەك كۆيدۈرۈشكە باشلىدى. بىچارە زۇلەيخانىڭ سۆزلەشكە رىغبىتى، سۆزلەشىشكە سەۋر - تاقىتى قالمىدى. ئۇنىڭ نە كېچىسى ئارامى ۋە نە كۈندۈزى قارارى بولمىدى، زۇلەيخانىڭ شەيدالىقى ھىجران دەملىرىدىكىدىنمۇ يۈز ھەسسە زىيادە بولدى. يۇسۇپنى بىردەم، بىر دەقىقە ئايرىلغۇسى، ئۇنىڭ جامالىدىن جۇدا بولغۇسى كەلمىدى.

زۇلەيخا يۇسۇپكە كۈندە نەچچە ياڭزا ئىسىل شاھانە تونلارنى كىيگۈزۈپ، ئۇنىڭ گۈل يۈزى بىلەن سەرۋ قەددىنى تاماشا قىلار

ئىدى. بىچارە زۇلەيخا يۇسۇپنى بادى پايە① ئاتقا مىنگۈزۈپ، ئۆزى جىلۋە ناز بىلەن يې-نىدا بىللە يۈرۈپ، گۈلزارلاردا سەيرى-تا-ماشا قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى، ئەمما خالايىقتىن نومۇس قىلىپ، ئۆيدىن چىقالماس ئىدى. شۇ هالدا يەتتە يىلنى ئۆتكۈزدى... ئاخىرى خىيال قىلدىكى، يۇسۇپكە ئەمدى سىررىنى ئېيتاي، خاھى قوبۇل قىلسۇن. خاھى بەد-دۇئا قىلسۇن، ئۇشبۇ دەرتلەرنى سىغدۇرۇشقا تاقىتىم قالمىدى، دەپ، خىلۋەت جايدا يۇ-سۇپكە قاراپ ئۇشبۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئايا يۇسۇپ، يەتتە يىلدۇر مېنىڭ هالىم خاراپ ئەتتىڭ،
يۈرەككە ئىشقى ئوتنى سالىپ جىگەر-باغرىم كاۋاپ ئەتتىڭ،
كى مەن بىچارىگە جەۋرى-سەتەملەر بىهساپ ئەتتىڭ،
كۆرەرمەن كۈنسىرى ئايدەك يۈزۈڭنى ئاپتاپ ئەتتىڭ،
بولۇپ سەن قانىمە تەشنا، مەگەر قانىم شاراپ ئەتتىڭ!

سېنى دەپ مىسىرگە كەلدىم، يېرىم مەغرىپ زېمىن ئەردى،
ئىدى هۆكمىم راۋان ئاندا، مۈلكۈم كەڭ جاهان ئەردى،
مېنىڭ هىجرىمدە سۇلتانلار چېكىپ ئاهۇ-پىغان ئەردى،
بۇنى يالغان گۇمان قىلما، سۆزۈم هەم ئانچىنان ئەردى،
چۈشۈمدە هەر زامان ئۇچراپ يۈرەگىمنى خاراپ ئەتتىڭ.

نە مەن تەنها كۈيەدۇرمەن سېنىڭ ئىشقىڭ جاهان ئۆرتەر،
مېنى دائىم ياقار ئوتقا يۈرەكنى هەر زامان ئۆرتەر،
گاهى ئۆرتەنىدۇر كۆڭلۈم گاهىدا جىسمۇ-جان ئۆرتەر،
ۋىسالىسىز ئاپەتى جان سەن، سېنىڭ هىجرىڭ يامان ئۆرتەر،
مېنى جانىمغە تويدۇردۇڭ، كۆڭۈلنى ئىزتىراپ ئەتتىڭ.

تىلەگىم شول ئىدى هەقتىن، مۇرادىم-گۈل يۈزۈڭ كۆرسەم،
كېچىپ مەن بارچىدىن كېچەيۇ-كۈندۈز سەن بىلەن يۈرسەم،
ئاياغىڭغە يۈزۈم سۈرتۈپ يەنە باشىڭدىن ئۆرگۈلسەم،
قۇچۇپ نازۇك تېنىڭ هەردەم شېكەردەك لەۋلىرىڭ سۆيسەم،
نەچە يىلكى پىراقىڭدا مېنى بىخۇد خۇناپ ئەتتىڭ.

يۇسۇپ سۆزىگە بۇ خالىس قەلەم تارتىپ جاپا چەكتى،
مۇهەببەت دانىنى ئىشقى ئەهلىنىڭ باغىغا ئەكتى،
كۆڭۈلنىڭ سۆيگىنى — يۇسۇپ-زۇلەيخا قىسسىسىن يەشتى،

① بادى-پايە — شامالدەك تېز يۈرەر (يورغا).

قولىغا نەشتەرى ئىشقىنى ئالىپ دىلىنى چاك ئەتتى،
مۇهەببەت ئەهلىگە يۈسۈپ جامالىڭ ئاپتاپ ئەتتىڭ.

ئەلقىسسە، يۈسۈپ زۇلەيخادىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، زۇلەيخانىڭ پىكرى ئۆزگىچە ئىكەن، ئېزىز مىسىرى مېنى قۇلۇم دىسە، قۇل دىگەن قۇللۇغىدا يۈرگىنى ياخشىراق بولۇر. مىسىرنىڭ ئېزىزىگە خىيانەت قىلىپ، مۇنداق ئىشلارنى قىلسام ئانچە خوپ بولماس، غېرىپلىق رەنجىنى تارتقىنىم ياخشى، بۇ ئىشقۋازلىق بالاسىدىن قانداق قۇتۇلاي؟ قاتتىق رەددىيە سۆز قىلسام زۇلەيخانىڭ شىشدەك نازۇك تەبئى مالال بولىدۇ، مۇلايىم، ياخشى سۆز بىلەن ئۇنى بۇ خىياللاردىن ياندۇراي، دەپ ئويلاپ، «مۇساپىرچىلىقتا مېنى بۇ مالامەتلەرگە گىرىپتار قىلمىغىن»، دەپ ئۇشبۇ بىيىتنى ئوقۇدى:

مۇساپىرمەن شەهرىڭىزگە كەلمىسەم،
مەن بىلمەيمەن ياخشى - يامان كىمنىڭدۇر؟
كەنئاندە گۈل ئىدىم، مۇندا سولمىشەم،
كى بىلمەسمەن پايدا - زىيان كىمنىڭدۇر؟

قويغىن مېنى بىرنەچچە كۈن يۈرەي مەن،
ئاتا - ئانام پىراقىدا كۆيەي مەن،
كىم ياخشىدۇر، كىمىڭ يامان بىلەي مەن
تەندە بولسا ئاخىر بۇ جان كىمنىڭدۇر؟

جۇدالىقنىڭ ئوتى مەندە زىيادە،
ئەلدىن ئەلگە سېتىلمىغىم ئىرادە،
قۇل ئىش قىلسا ئۆز هەددىدىن زىيادە
مالامەتتە تەنبىھ يىمەك كىمنىڭدۇر؟

قايسى ئاشىق مۇهەببەتتىن مەي ئىچەر؟
سەۋر قىلسا ئاخىر مەهبۇبىن قۇچار،
نەسىپ ئەتسە دۆلەت ئىشىگىن ئاچار،
غاپىل بولما، جانۇ - جانان كىمنىڭدۇر.

مىسىر شەهرى مېنىڭ مۈلكۈم بولغۇسى،
بارچە ماڭا مۇتابىئەت① بولغۇسى،
بۇ ئىلكىمگە دۆلەت قۇشى قونغۇسى،
تەختى - بەختى، قەسىر - ئايۋان كىمنىڭدۇر؟

خالىس ئەمدى هەق يولىغا جەدەل قىل،
هىممەت بىلە جانىڭ ئۈچۈن ئەمەل قىل،
شامۇ - سەهەر گۇنايىڭغا يىغلىغىل،
سەهەرلەردە يادى سۇبهان كىمنىڭدۇر؟

يۈسۈپنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، زۇلەيخانىڭ يۈرەك هازارىتى بىر ئاز پەسەيگەندەك بولدى، كۈنلەرنىڭ بىرىدە يۈسۈپنىڭ ۋىسالىغا يېتەلەيدىغانلىقىغا ئۈمىتۋار بولۇپ، يۈسۈپنى تېخىمۇ ئىسىل نازۇ - نىيەتلەر، قىممەت باها كىيىم - لىباسلار بىلەن كۈتۈپ، كۈندە ئۇنىڭ هۆسنى - جامالىنى تاماشا قىلىپ، ئۇنىڭ مۇهەببىتىدە خوناپ بولغان دىلىغە تەسكىن بېرىپ يۈردى.

ئەلقىسسە، زۇلەيخانىڭ يۈسۈپكە ئاشىقى بىقارار بولۇپ قالغانلىقى، يۈسۈپنىڭ دەردى - پىراقىدا كۆيۈپ ئادا بولۇۋاتقانلىقى ساراي خانىملىرىغا ئاشكارا بولدى، ۋەزىر، ئاكابىر - ئەشرەپلەرنىڭ خانىش - مەلىكىلىرى بۇ هالدىن ۋاقىپ بولۇپ، هەر خىل سۆز - چۆچەك تارقىتىپ، «زۇلەيخا ئۆزىنىڭ قۇلى يۈسۈپكە ئاشىق بوپتۇ، ئوز نامۇسىنى ساقلىماپتۇ، مىسىر ئەزىزىنىڭ ئىززىتىنى يەرگە ئۇرۇۋېپتۇ»، دەپ تاپا - مالامەت قىلىشتى. بۇ

① مۇتابىئەت - تەۋە، قارمىغىدا بولۇش.

سۆز-چۆچەكلەر زۇلەيخانىڭمۇ قۇلىغىغا يەتتى،
زۇلەيخا ئىنىك ئانىسىنى چاقىرىپ ئېيتتىكى:

— ئەي ئانا، ساراي خانىشلىرىنى
مېھمانغا چاقىرىپ ئىچ پۇشقىمنى چىقارسام،
دەيمەن، ئۇلارنى زىياپەتكە ئېيتىپ
كەلسەڭ!

ئىنىك ئانا «خوپ!» دەپ ساراي
خانىم-قىزلىرىنى زۇلەيخانىڭ خاس ھەرە-
مگە زىياپەتكە تەكلىپ قىلدى. داڭلىق خا-
نىشلار، ۋەزىر، ئەمىرلەرنىڭ مەلىكىلىرى، گۈزەل
ساراي قىزلىرى زۇلەيخانىڭ ھەرەمگە توپ-
لاندى.

زۇلەيخا دىدىكى: «ئىبزىز مېھمانلار،
جەم بولۇپ، مۇڭدىشىپ كۆڭۈل ئاچساق،
بىر-بىرىمىزنىڭ ھال-ئەھۋالىدىن ۋاقىپ-
لانساق، ئۆز قولىمىز بىلەن تائام ياساپ،
كەڭ كۇشادە خەيرى-مەزۇر قىلىشساق، دەپ
ھەر بىرىڭىزنىڭ تەشرىپ ئەزىمىڭىزگە تەرەد-
دۇت قىلدىم، ئاۋال تائام، بەدەز كالام
مەئىنىسدە، ئاۋال ھەممىڭىز سەۋزە قەلەم
قىلىشقا مەرھەمەت قىلغايسىز!»

شۇ سۆزلەردىن كېيىن زۇلەيخا خانىش-
لارنىڭ ھەر بىرىگە بىردىن ئۆتكۈر پىچاق
تارقاتتى، ئالدىغا پاكىزە تازىلانغان سەۋزى-
لەرنى قويدى. مېھمان خانىشلار سەۋزە قە-
لەم قىلىشقا تۇتۇش قىلغاندا، زۇلەيخا ئىنىك
ئانىسىغا، يۈسۈپنى چاقىرىپ مېھمانلارنىڭ
قولىغا سۇ بېرىشنى بۇيرىدى. يۈسۈپ ئالتۇن
ئاپتۇۋا-چىلاپچىنى، پاكىزە لۆڭگىنى ئېلىپ
كىردى-دە، مېھمان خانىشلارنىڭ قولىغا سۇ
بېرىشكە تەرەددۇت قىلدى. شۇ ئەسنادا زۇ-
لەيخا يۈسۈپنىڭ يۈزىدىكى پەردىنى ئېچىۋ-
ەتتى. مېھمان خانىشلارنىڭ ھەممىسى يۈسۈپ-
نىڭ جامالىغا قاراپ گويا سېھىرلەنگەندەك
داڭ قېتىپ قېلىشتى، بەزىلىرى ئىختىيارسىز پەر-
يات چەكتى، بەزىلىرى ئاھ ئۇردى، بەزىلىرى

تاقەت قىلالماي ھوشىدىن كەتتى، يۈسۈپنىڭ
ماھى-ھۆسنىگە مەھلىيا ۋە مەپتۇن بولۇپ
ئۆزىنى ئۇنتۇغان خانىش-مەلىكىلەر قوللىرى-
دىكى ئۆتكۈر پىچاق بىلەن «سەۋزە قەلەم
قىلدۇق» دەپ بارماقلىرىنى لەختە-لەختە
كېسىشكەنلىكىنى سەزمەي قېلىشتى. بۇ ھالغا
يۈسۈپ ئۆزىمۇ ھەيران بولدى. بۇ سىردىن
زۇلەيخا ۋاقىپ ئىدى. ئىجازەت بويىچە يۈ-
سۈپ چىقىپ كەتتى. خانىشلار ھوشلىرىغا
كېلىپ، دەستۇرخاننىڭ قانغا بويالغانلىقىنى،
بارماقلىرىنىڭ توغرالغانلىقىنى كۆردى-دە،
ئاھۇ-پەريات قىلىشتى، يۈسۈپنىڭ گۈزەل
قىياپىتى جىمى مەلىكىلەرنىڭ يۈرىكىدە ئە-
لەنگە بولۇپ ياندى. يۈسۈپنى بىر كۆرۈش
بىلەن ئۇنىڭ پىراقىدا ئۆرتەنگەن خانىش-
مەلىكىلەر زۇلەيخاغا قاراپ شۇنداق دېيىشتى:

— ئەي زۇلەيخا، ئۇشبۇ يىگىتنىڭ
ھىجرانىغا تاقەت قىلغىنىڭغا، ئۇنىڭ پىراقىدا
كۆيۈپ كۆل بولۇپ كەتمەي، تىرىك يۈرگە-
نىڭگە ھەيرانمىز! ئۇنىڭ قەددى-نىھالى
جانغا ئاپەت، ھەر بىر قاراشلىرى ئىشىق ئەھ-
لىنىڭ ھاياتىغا دەھشەت ئىكەن! سېنىڭ سەب-
رى-تاقىتىڭگە، مۇھەببەت بابىدىكى قانائىتىڭگە،
ھىجران دەشتىدىكى ماتانىتىڭگە قايىلمىز! ......

ئەلقىسسە: ئۇشبۇ ھادىساتتىن كېيىن،
ساراي خانىشلىرى ۋە پۈتۈن مىسىر ئەھلى
يۈسۈپنىڭ جامالىغا بى ئىختىيار مۇشتاق بو-
لۇپ، ئۇنىڭ جامالىنى تاماشا قىلىشقا تەقەززا
بولدى...

كۈنلەر ئۆتتى، ئايلار ئۆتتى، زۇلەيخا-
نىڭ ۋىسال شەيدالىقى بارغانسېرى ئەۋجىگە
چىقتى، يۈسۈپنى بىر مىنۇت كۆرمىسە تاقەت
قىلالمايدىغان، ۋىسالغا يەتمىگۈچە تەشنالىقى
قانمايدىغان ھالغا يەتتى، كىملىدىن غىزا ئۆت-
مىدى، نە كېچىسى ئۇيقۇ، نە كۈندۈزى ئارام
بولمىدى.

بىر كۈنى زۇلەيخا ئۆز دەردىنى ئىنىك
ئانىسىغا ئېيتىپ زار - زار يىغلاپ، بىرەر
ئامال قىلىشنى، چارە - تەدبىر قوللىنىشنى
ئۆتۈنىدى.

ئىنىك ئانا زۇلەيخانىڭ دەردىگە ئېچىـ
نىپ، بىر تەدبىرنى مەسلىھەت قىلىدى:

— بىر تەدبىر بار، ئېيتسام ماقۇل بوـ
لۇرمۇسەن؟ — دەپ سورىدى زۇلەيخادىن:

— نىمە تەدبىر بولسا ئېيتقىن، قوبۇل
قىلۇرمەن، — دىدى زۇلەيخا.

— ئۇستا نەقشكار رەسسام تاپايلى،
سىنىڭ خاس ھەرەمىڭنىڭ تۆت ئەتراپىغا
سىنىڭ ۋە يۈسۈپنىڭ ئەيشى - ئىشرەت قىـ
لىپ تۇرغان تەقلىتلىرىنى سىزسۇن، شۇنداق
سۈرەتلەر سىزىلسۇنكى، ئۇنى كۆرگەن كىشىـ
نىڭ شەھۋانىيەتى زور بولسۇن، شۇ ھەرەم
ئىچىدە سەن گۈزەل ياسىنىپ، ئۆزۈڭگە زىبۇ زىنـ
نەت بېرىپ، گۈلدەك ئېچىلىپ، نازۇ - كەرەشـ
مە قىلىپ تۇرغىن، ئاندىن يۈسۈپنى ھەرەمـ
گە كىرگۈزەيلى. پىنھان ئۆيدە، گۈزەل قامـ
تىڭ ۋە ھۆسنى - جامالىڭ ئالدىدا يۈسۈپنىڭ
ئىشقى ھەۋەسلىرى قوزغالسا ئەجەپ ئەمەس،
شۇندا سەن ئۇنىڭ ۋىسالىغا قانارسەن، — دەپ
تەدبىر كۆرسەتتى ئىنىك ئانىسى.

زۇلەيخا خوشال بولۇپ، ئۇنىڭغا ئالتۇن -
كۈمۈش ئىنئام قىلدى.

ئۇستا بەستىكار رەسسام چاقىرتىلىپ
زۇلەيخا ھەرەمىنىڭ مەر - مەر تاملىرىغا ھەر
خىل شەھۋانى ئەيش - ئىشرەت قىلىنغان
رەسىملەر سىزىلدى، ھاييھات! بۇ جەزىبدار
رەسىملەر ئالدىدا ئىنسان بالىسى مۇھەببەت
نەشئەسىدىن ① بەھرى ئالماي، سۆيگۈ چەشـ
مىسىدىن قېنىپ شەھدۇ - شەكەر يۇتماي،
نىگارىنىڭ بىلىدىن قۇچۇپ، ياقۇت لەۋلىرىـ
دىن ھەسەل تەمىنى تېتىماي، تاقەت قىلالـ
ماس ئىدى! زۇلەيخا ئۆزىنى زىبۇ - زىننەتـ
لەر بىلەن ئارايىش قىلىپ، ھۆر كەبى جىلۋىلەر
بېرىپ، بىر ھۆسنىگە ئون ھۆسن قوشۇپ،
مەزكۇر خانىدا يۈسۈپنى كۈتۈپ تۇردى.
ئىنىك ئانا يۈسۈپنى بىر ئىش باھانىسى بىلەن
خانىگە كىرگۈزدى.

يۈسۈپ خانىگە كىرىپ ئەتراپىقا نەزەر
تاشلىدى، تۆت تەرەپتە يۈسۈپ بىلەن زۇـ
لەيخانىڭ ھەر يەڭلىغ تەقلىتلىرى نەقىل قىـ
لىنغانلىغىنى، يۈرەكلەرنى ئۆينىتىدىغان، ئىنسان
بالىسىنى بىخوت ۋە مەس قىلىدىغان ئەيش -
ئىشرەتلەر تەسۋىرلەنگەنلىگىنى كۆرۈپ ھەيـ
ران قالدى ۋە دىدىكى:

— ئەي مەلىكە، نىمە ۋەجىدىن مىنى
بۇ ئۆيگە چاقىردىڭىز؟

— ئەي كۆزۈمنىڭ نۇرى، جانىمنىڭ
راھىتى يۈسۈپ، — دىدى زۇلەيخا، — بۇ
ئۆي سەن بىلەن ماڭا خاس قىلىپ بىنا قىلىنـ
دى. ئۇشبۇ خىلۋەت ھەرەمدە مەن سىنىڭ
ۋىسالىڭغا يىتىشنى، ئېلىپتەك قامىتىڭگە ھەشـ
قىپېچەكتەك چىرمىشىپ، مۇھەببەت تەشنالىغىـ
نى قاندۇرۇشنى ئىستەيمەن!

— مەن — قۇلدۇرمەن، ئەزىز مىسىرنىڭ
تۇز - تائامى ئالدىدا، خۇدا ئالدىدا، ئۆز
ئىززەت - نەپسىم ئالدىدا بۇ خىل گۇناھى
كەبىرگە قول سوزالمايمەن! — دىدى يۈسۈپ.

— ئاھۇدەك كۆزلىرىڭ بىلەن ماڭا
بىر نەزەر سالغىل، ئەي يۈسۈپ، — دىدى
زۇلەيخا.

— بۇ كۆزلەر نامەھرەم ئۈچۈن بىنەـ
زەردۇر، — دىدى يۈسۈپ.

— شىكەردەك سۆزلىرىڭ بىلەن دەرـ
دىمگە داۋا بولغىن، — دىدى زۇلەيخا.

— سۆز ھەرقانچە شىرىن بولسىمۇ،
بىھۇدە بولسا، جانغا زامىن بولۇر، — دىدى
يۈسۈپ.

① نەشئە — بىر قېتىم، بىر ھۇپلام، بىر قېتىملىق لەززەت،

زۇلەيخا نازۇ - كەرەشمە بىلەن ئەۋرد - شىمدەك تولغىنىپ، خۇش تەبەسسۇم قىلىپ، ئاستا - ئاستا يۈسۈپنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئاپپاق كۆكرىگى جىلۋىلەندى، ياقۇتتەك لەۋلىرى شەبنەم چۈشكەن غۇنچە تۈسىگە كىردى، قۇندۇز چاچلىرى ھەريان جەۋلان قىلىپ، كىشىنى ئازدۇرىدىغان زۇلمەت كېچىنى ئەسلەتتى.

— ئەي يۈسۈپ، — دىدى زۇلەيخا، — چۈشۈمدە سەن ماڭا «مىسىرگە كەلگىن، ۋىسالىمغا مۇيەسسەر بولىسەن» دىمىدىڭمۇ؟ تەقدىر سىنى ماڭا يەتكۈزگەن ئۇشبۇ كۈنلەردە، بەرنالىغىڭغا، جامالىڭغا تەمەننا قىلىپ، دىلىمنى ۋەيران، رەڭگىمنى زەپىران قىلۇرمۇسەن؟ كەل، يۈرىگىمنىڭ ھارارىتىنى باسقىن!

— ئەي دىلبەر، — دىدى يۈسۈپ، — ئۇشبۇ ئىشنى مەندىن تەمەئ قىلمىغىن، مىسىر ئەزىزىگە خىيانەت قىلمىغىن، مانىي ① ئىشلار ئىنسان ئۈچۈن جايىز بولماس! تەقدىر ئىككىمىزنى قوۋۇشتۇرۇشقا پۈتكەن بولسا، سەۋر قىلغايمىز، ۋاقتىكى، ۋىسال دەملىرى كېلەر، مەزگىلسىز ئىش — ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس!

بۇ شىرىن دەمدە زۇلەيخا كۆز ئالدىدا تۇرغان يۈسۈپتىن باشقا ئالەمدىكى جىمى نەرسىنى ئۇنتۇغان ئىدى، زۇلەيخا يېرىم بەرەھنە ② ھالدا يۈسۈپنىڭ دىدارىغا رەمزە ③ بىلەن قاراپ تۇرۇپ يەنە شۇنداق دىدى:

— كەل، ئەي يۈسۈپ، مېنى تۇتقىن، ھەرەم بىرگە خاستۇر!

— قۇلۇم ناشاياق ئىشلارغا سوزۇلماس! — دىدى يۈسۈپ.

— ئەي يۈسۈپ، ئۇشبۇ سۈرەتلەرچىلىك شىجائىتىڭ يوقمۇ؟ خۇدايىڭنىڭ ④ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن ئىلتىجا قىلىمەن. كەل، مېنى باغرىڭغا ئال! — دەپ زۇلەيخا يۈسۈپنى قۇچۇش ئۈچۈن ئىنتىلدى...

يۈسۈپنىڭ يىگىتلىك رىغبىتى ئۆرلىدى، زۇلەيخانىڭ ئاي جامالى، ئاپپاق ماھۇتتەك بەدىنى، نەرگىس كۆزلىرى يۈسۈپنىڭ يۈرىگىدە چاقماقتەك بىر ئوت پەيدا قىلدى، يۈسۈپتە ئىشقى - مۇھەببەتنىڭ شەھۋانى نەپسى بىر دىقىقە خەليان كۆتەردى - يۇ، يەنە مەغلۇپ بولدى. يۈسۈپ ئاتىسىنى ئويلىدى. غۇربەتچىلىگى، مۇساپىرلىغى، تەھقىر قىلىنغان قۇل ئىكەنلىگى ئېسىگە كەلدى، دىيانەت زاكاۋىتىنى ئەسكە ئېلىپ، شەيتانى نەپسىنى قايتۇردى. زۇلەيخانىڭ پەنجىسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يۈسۈپ تالاغا قاراپ قاچتى. زۇلەيخا كەينىدىن قوغلاپ يۈسۈپنىڭ ياقىسىدىن تارتتى، يۈسۈپنىڭ ياقىسى ئارقىسىدىن يىرتىلدى، يۈسۈپ يەنە قاچتى، زۇلەيخا قوغلىدى. شۇ ھالەتتە — يۈسۈپ ئالدىدا، زۇلەيخا كەينىدە قوغلىشىپ ھەرەم سەيناسىغا چىقىشتى. ھايھات تەقدىرنىڭ ئاجايىپ سەرگەشتىلىرىگە، تەئەججۇپ ئەيلىمەك كېرەك! سەينادا مىسىر ئەزىزى بىرنەچچە ئەمىرلەر بىلەن سۆزلىشىپ تۇرار ئىدى، زۇلەيخا بەرەھنە ھالدا، يۈسۈپ ياقىسى يىرتىلغان ھالدا قوغلىشىپ كېلىپ مىسىر ئەزىزىنى

① مانىي — مەنئى قىلىنغان.
② بەرەھنە — يالاڭغاچ، كىيىمسىز.
③ رەمزە — سىنچىلاپ، تىكىلىپ.
④ داستاندا زۇلەيخا كۈپپارنىڭ قىزى دەپ تەسۋىرلىنىدۇ.
① سەرگەشتە (پارىسچە) — باشقا كەلگەن ئىشلار، باشتىن كەچكەن ئىشلار.

كۆرۈپ توختاپ قېلىشتى. مىسىر ئەزىزىنى كۆرگەن زۇلەيخا باش - كۆزىگە ئۇرۇپ، يىغا-زارە بىلەن ئەزىزىگە ئەرز - دات ئېيتىپ شۇنداق دېدىكى:

— ئەي مىسىرنىڭ سۇلتانى، قۇلۇڭ ماڭا بى هايالىق بىلەن مالامەت كەلتۈردى، سېنىڭ تۇز - تائامىڭنى ئاياق - ئاستى قىلدى، سەلتەنىتىڭنى شەرمۇ - سار قىلدى: خاس هەرەمگە بى ئىجازەت كىرىپ، ماڭا نامەهرەم قولىنى سۇندى. ئۇنى قوغلاپ ئالدىڭغا ئېلىپ چىقتىم، جازاسىنى بەرگەيسەن!

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، مىسىر ئەزىزىنىڭ رەڭگى ئۆچتى، قەهرى غەزىۋى ئۆرلىدى ۋە «جاللات!» دەپ ۋاقىرىدى، جاللاتلار دەرهال هازىر بولدى.

— بۇ مەلئۇن چارمىقتا تارتىلسۇن، كىرپىك قاشلىرى كۆيدۈرۈلسۇن، كۆندۈزى كۆن پاتقىچە، كېچىسى تاڭ ئاتقىچە ئازاپلانسۇن! — دەپ ئەمىر قىلدى ئەزىزى.

— ئى مىسىر ئەزىزى، — دېدى يۈسۈپ تازىم بىلەن ئېگىلىپ.

— ئىككى ئېغىز سۆز قىلىشقا ئىجازەت بەرگەيسەن، تۆهمەت بىلەن هەقلىقنى ئادىل ئايرىغايسەن، هەممىنى كۆرۈپ تۇرىدىغان تەڭرى - تائالا ئالدىدا پاك مەن، ساڭا خىيانەت قىلىش هەددىدىن يىراقمەن!

— پاكلىقىڭغا شاهىدىڭ بارمۇ؟

— ئۆزەم شاهىد ۋە ياقامنىڭ چېكى شاهىددۇر. مەن ناشايان ئىشلاردىن قاچتىم، مەلىكە مېنى تۇتۇش ئۈچۈن قوغلاپ ياقامنىڭ كەينىگە ئېسىلدى، ياقام يىرتىلدى. ئۇشبۇ هالەت هەق - ناهەقنى ئىسپاتلاشقا كۇپايە بولۇر، — دېدى يۈسۈپ.

مەجلىس ئەهلىلىرى يۈسۈپنىڭ ياقىسىغا نەزەر تاشلىدى، كۆپچىلىك ئېيتىشتىكى:

— ئەي ئەزىز، ئۇشبۇ يىگىتنىڭ ئېيتقانلىرى دۇرۇس، ياقىسى كەينىدىن چاك بولۇپتۇر، مەلىكە ئۇنىڭ كەينىگە ئېسىلغان، ئۇ بۇ بالادىن قۇتۇلماقنى ئىزدەپ ئالدىدا قاچقان. ئۇشبۇ ئەهۋال بىلەن ئۇنىڭغا زۇلمى - سەتەم جايىز بولماس!

مىسىر ئەزىزى زۇلەيخاغا قاراپ: «ئەي زۇلەيخا، ئۇشبۇ رىزالەت سەندىن ئۆتكىنى راست ئەمەسمۇ؟ ئاياق يالاڭ، باش يالاڭ، بەرەهنە يۈرۈپسەن!» دەپ ۋاقىرىدى. زۇلەيخا يىغلاپ دېدىكى: «ئەي سۇلتان، ئۇ قۇلنىڭ سۆزلىرىگە ئىشەنمىگىن، ئۇ يالغانچىلىقتا مەشهۇردۇر، سۇخەنچىلىكتە هۈنىرى پۈزۈندۇر، سېهرى - جادۇسى هەم باردۇر. بۇنى زىندانغا تاشلاپ ئەدىۋىنى بەرمىسەك، يەنە كۆپ مالامەت كەلتۈرەر»، — دېدى.

زۇلەيخانىڭ سۆزىگە ئىشىنىپ، ئەزىز مىسرى يۈسۈپنى زىندانغا تاشلاشنى ئەمىر قىلدى. يۈسۈپنىڭ قول - پۇتى كىشەنلىنىپ، زىندانغا بەنت قىلىندى. پۈتۈن مىسىر ئەهلى بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ يۈسۈپنىڭ هالىغا ئېچىنىپ هەسرەت چېكىشتى.

ئەلقىسسە، ئەمدى سۆزنى هەزرىتى يۈسۈپنىڭ زىنداندىكى ئەهۋالاتىدىن ئاڭلايلى:

زۇلەيخانىڭ ئىشق مەستانىلىكى تۈپەيلىدىن قىلىنغان تۆهمەت ئەنگىزلىرى يۈسۈپنى زىندانغا بەنت قىلدى، مېهرىۋان ئاتىسىدىن جۇدالىق، قېرىنداشلىرىدىن كەلگەن بىۋاپالىق، قۇل بولۇپ سېتىلىش، مەهكۇملۇقتا ئەۋزىيەت چېكىش، ساهىب جامال پەرى پەيكەرنىڭ ئىشرەت دامىغا چۈشۈپ، تۆهمەت - مالامەتلەر كۆرۈپ قاراڭغۇ زىندان ئىچىدە ئازاپ چېكىش — هەزرىتى يۈسۈپنىڭ ناتىۋان قەلبىنى لەختە - لەختە قان قىلدى. قىسمەتنىڭ بۇ قەدەر رەهىمسىز نىسىۋىسىگە دۇچ كەلگەن يۈسۈپ بىر جەهەتتىن هەسرەت چەكسە،

يەنە بىر جەھەتتىن سەۋرى - قانائەت قىلىپ، نىجاتلىق ۋە ئاسايىشلىقتىن ئۈمىت كۈتۈپ، تەڭرىگە شۈكۈر - سانا ئېيتىپ، ئۇشبۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى:

يارەب، مەن ئادا بولدۇم سەن مۇنچە خاراپ ئەتمە،
بىر زەررە ۋۇجۇدۇمنى قەھرىڭگە خىتاپ ئەتمە،
كۆڭلۈمگە سالىپ ئوتنى باغرىمنى كاۋاپ ئەتمە،
ئەمدى ماڭا تاقەت يوق ئارتۇقچە ئازاپ ئەتمە،
يا ئال بۇ ئامانەتنى يا سەۋرى - قارارىم بەر.

ھەردەم ساڭا يىغلايمەن ئەي خالىقى مەخلۇقات،
قىلدىڭ سەن مىنى مەۋجۇت ئەي ۋاھىدى مەۋجۇدات.
بىز ئاجىزى - مەھكۇمگە بۇ ئەردى نىچۇك ھالات؟
ئۈمىدىم ئىرۇر سەندىن، قىلما سەن مىنى بەرباد،
يا ئال بۇ ئامانەتنى، يا سەۋرى - قارارىم بەر!

ئول يۇسۇپ پىغانىدىن خالىس بۇ تەرىق ئەتتى،
ئىشق يولىدا كۆپ ئاشىق ھەسرەتتۇ پىدىغان چەكتى،
سەۋرى ئىلە كۈتكەنلەر نىگارى ۋەسلىگە يەتتى،
دەشتىدىن مۇھەببەتنىڭ كىم كەلدىيۇ كىم كەتتى؟
يا ئالغىن ئامانەتنى يا سەۋرى قارارىم بەر!

ئەلقىسسە، يۇسۇپ تەقدىرگە تەن بىرىپ، زىندانىدا ياتتى. گۇناھكار ۋە گۇناھسىز بولغان زىندان ئەھلىلىرى، مەھكۇم بىچارىلەر زىندانغا بىر ماھى تاپ يىگىتنىڭ ئەسىر بولۇپ كىرگەنلىگىنى كۆرۈپ ھەيران قىلىشتى، ئۇلار يۇسۇپنى ئارىغا ئىلىپ، نىمە سەۋەپتىن بۇ زىندانغا بەنت بولغانلىغىنى، نامى، ئەمالىنى، قەيەرلىك ئىكەنلىگىنى سوراشتى. يۇسۇپ: «خۇدانىڭ ئالدىدا بىگۇنا بەندىمەن، كەنئاندىن مىسىرگە سىتىلغان بىر قۇل ئىدىم، پىشانەمگە نىمە قىسمەتلەر پۈتۈلگەنلىگىنى بىلمىدىم، ئۇشبۇ زىندانغا بەنت بولدۇم» دەپ ئۆز سەرگۈزەشتىسىنى قىسقىچە ئىزھار قىلدى. زىندان ئەھلىلىرى يۇسۇپنىڭ بەرنالىغىغا، شىرىن سۆز، خۇشچىرای ئىكەنلىگىگە تەھسىن ئوقۇشۇپ يۇسۇپ بىلەن مۇڭدۇشۇپ ئۆتۈشتى. يۇسۇپ زىندان ئەھلىلىرىگە تەسەللى بىرىپ، چىدام، ماتانەت، سەۋر - قانائەت قىلىش ھەققىدە كۆپ شىرىن سۇخەن سۆزلەرنى قىلدى. زىندان ئىچىگە گۈيا تولۇن ئاي چىققاندەك بولدى، مەھكۇملەرنىڭ دىلى يورىدى، پەرىشان كۆڭۈللىرىگە چىراق يېقىلغاندەك بولۇپ، زىندان ئىچى بەئەينى ھال - مۇڭ ئېيتىشىدىغان دىلكۇشات خانىغا ئايلاندى ...

ئەمدى سۆزنى زۇلەيخانىڭ ئەھۋالىدىن ئاڭلايلى: ئىشقىنىڭ رەشىك ۋە چىدامسىزلىغى تۈپەيلىدىن يۇسۇپكە تۆھمەت قىلىپ، ئۇنى زىندانغا بەنت قىلغان زۇلەيخا، بىر -

نەچچە كۈنلەردىن كېيىن يەنە يۇسۇپنىڭ
جامالىغا تەشنا بولدى. ئۇنىڭ گۈزەل قەددى-
قامىتى زۇلەيخانىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمىدى.
يۇسۇپنىڭ خۇش ئاۋازىنى ئاڭلىغۇسى، ئۇنىڭ
ئېلىپتەك قامىتى ئالدىدا يادەك پۈكۈلۈپ
ئۆز ھىجرانلىرىنى ئىزھار قىلغۇسى كەلدى.
زۇلەيخا ھەر كۈنى يۇسۇپنىڭ جامالىنى كۆ-
رۈش مەقسىدىدە زىندان ئۈستىگە بىر باھانە
بىلەن كېلىپ تۇرار ئىدى، ئەپسۇسكى، قاراڭ-
غۇ زىنداندا يۇسۇپنىڭ ئەكسىنى كۆرەلمەي،
قان يىغلاپ قايتىپ كېتەتتى. بۇ ھىجران
دەملىرىدە زۇلەيخانىڭ دەردى- پىراقى چەن-
دان كۈچەيدى، يۇسۇپنىڭ جامالىغا مۇشتاق-
لىقى كۈندىن- كۈنگە ئاشتى. ھېچ بولمىغاندا،
ئۇ يۇسۇپنىڭ ئارامبەخش ئاۋازىنى ئاڭلاشقا،
شۇنىڭ بىلەن دەردىگە دەرمان تېپىشقا ئىنت-
ىزار ئىدى. ئۇشبۇ ئۈمىت بىلەن زۇلەيخا
زىندان باشلىقىنى ھۇزۇرىغا چاقىرتتى.

— ئى زىندان باشلىقى، — دېدى زۇ-
لەيخا، — يېڭى زىندان بەندىسىنىڭ گۇنايىنى
بىلۈرمىسەن؟

— گۇنايى ئېغىردۇر مەلىكەم، — دېدى
زىندان باشلىقى تازىم قىلىپ.

— ئۇ گۇناكار مىسىر ئەزىزىنىڭ قۇلى
ئىدى، ئۆز خوجىسىغا خىيانەت قىلدى، گۇ-
ناھى بەكمۇ ئېغىردۇر. ئۇنى يۈز دەررە ئۇ-
رۇپ قىيناش كېرەك. شۇنداق ئۇرۇلسۇنكى،
داد- پەريادىنى مەنمۇ ئاڭلاي! — دەپ ئە-
مىر قىلدى زۇلەيخا.

— خوپ مەلىكەم! — دەپ تازىم بىلەن
زىندان باشلىقى چىقىپ كەتتى. لېكىن، زىن-
دان باشلىقىنىڭ يۇسۇپتەك مۆمىن، ئىتائەت-
كار ۋە گۈزەل يىگىتنى يۈز دەررە ئۇرۇشقا
قولى بارمىدى، ئۇرماي دېسە، مەلىكىنىڭ
قەھرىدىن قورقتى ۋە ئاخىرى بۇ ئەھۋالنى
يۇسۇپكە ئېيتىپ دېدىكى: «ئەي يىگىت،
گۇنايىڭنى بىلمەيمەن، سېنى يۈز دەررە ئۇ-
رۇشقا ئەمىر قىلىندى، ئۇرۇشقا قولۇم بارماي-
دۇ، ئۇرماي دېسەم، ئەمىر ۋاجىپتۇر، بۇنىڭغا
نېمە دەيسەن؟

— ئەي زىندان بېگى، بىز مەھكۇم-
دۇرمىز، پەرماننى ئىجرا قىلماق سېنىڭ ۋەزى-
پەڭدۇر. يۈز دەررە ئۇرغىل، خۇدا چىدام ۋە
ماتانەت بەرسە ئەجەپ ئەمەس، — دېدى
يۇسۇپ. يۇسۇپنىڭ بۇ سۆزلىرى زىندان
بېگىنىڭ يۈرىگىنى پارە- پارە قىلدى، كۆزى-
گە ياش ئالدى ۋە دېدىكى: «ئەي يىگىت،
ھېچقانداق ۋەجىسىز سېنى ئۇرۇشقا قولۇم
بارماس، بۇنىڭغا بىر ھىلە قىلايلى، مەن
بىر تۇلۇمنى ئۇراي، سەن بار ئاۋازىڭ بىلەن
داد- پەريات كۆتەرگىن، نالە- زارىڭ زىندان
سىرتىغا، ھەتتا چاھار باققىچە ئاڭلانسۇن،
شۇندا، مەلىكە سېنىڭ تاياق يېگىنىڭگە،
مېنىڭ پەرماننى ئىجرا قىلغىنىمغا ئىشەنسۇن!»
«خوپ» دەپ رازى بولدى يۇسۇپ. زىندان
بېگى يەل قاچىلانغان بىر تۇلۇمنى ئەپكېلىپ
ئۇرۇشقا باشلىدى، يۇسۇپ بولسا داد- پەر-
يات كۆتىرىپ نالە- زارە قىلدى، ئۇنىڭ
نالىسى پەلەككە يەتتى.

ئۇشبۇ دەقىقىدە زۇلەيخا چاھارباققا
چىقىپ، قۇلاقلىرىنى زىندان تەرەپكە بۇراپ،
تاقەتسىز كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ يۇسۇپنىڭ
ئاھ- پەريادىنى ئاڭلىدى، ئۇنىڭ نالە- زارى
زۇلەيخانىڭ پۈتۈن قەلبىنى پارە- پارە قىل-
دى، زۇلەيخا يۇسۇپنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازىنى
ئاڭلاپ، گويا مەيىن باھار شامىلىدا تولغىنىپ
مەس بولغان گۈل- غۇنچىلاردەك
خۇش كەيپ بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپ-
تىن ئۆز نىگارىنىڭ بۇ ھەددىسىز زۇلۇم- سە-
تەم ئاستىدا قان يىغلىشىغا تاقەت قىلالمىدى،

ئاخىرى ئۆزىمۇ داد-پەريات چېكىپ چاچ-
لىرىنى يۇلۇپ، سىنەسىنى چاك-چاك قىلىپ
بىھۇش بولۇپ يىقىلدى...

ئەلقىسسە، يۇسۇپ رەنج-مالامەتلەر
بىلەن زىنداندا ئۈچ يىل بەنت بولۇپ يات-
تى، ئۇ كېچە-كۈندۈز دادىسى ھەزرىتى ياقۇپنى
ئەسلەپ كېچىلىرى بىدار، كۈندۈزلىرى جىگەر-
خۇن بولۇپ يىغلار ئىدى. خۇدادىن بۇ كۈلپەت-
ئەلەملەرگە نىجات تىلەپ،مېھرىۋان ئاتىسى، ئىچ
كۆيەر قېرىنداشلىرىنىڭ دىدارىغا يەتكۈزۈشنى
مۇناجات قىلاتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يۇسۇپ
زىندانىنىڭ پەنجىرىسى ئالدىدا كەنئان تەرەپ-
كە قاراپ ھەسرەت چېكىپ ئولتۇرغان ئىدى-
كى، يۇك ئارتىلغان بىر تۆگىنىڭ پەنجىرى-
نىڭ ئالدىغا كەلگەندە ماڭماي يېتىۋالغان-
لىقىنى، ئۇنىڭ ئىگىسى كېلىپ، تۆگىنى ئۇرۇپ
زۇلۇم قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. تۆگە ئورنى-
دىن قوپماس ئىدى. ئىگىسى بولسا ئۇنى
تارتىپ تۇرغۇزۇش ئۈچۈن يوغان كالتەك
بىلەن ئۇرار ئىدى. بۇ ھالنى كۆرۈپ، يۇسۇپ-
نىڭ يۈرىگى ئېچىشتى، تۆگىگە رەھمى كەل-
دى، ئۇنى ئىگىسىنىڭ زەردە بىلەن ئۇرۇۋات-
قانلىقىغا تاقەت قىلالمىدى، ئاخىرى چىقىپ
قىلىپ دېدىكى:

— ئى ئەرەپ، تۆگەڭ ئېغىر يۈك
بىلەن ھالىدىن كېتىپتۇ، سۇ بەرسەڭ ئورنىدىن
قوپۇپ ماڭغاي، ھايۋانغا زۇلۇم قىلماق دۇ-
رۇس ئەمەس!

ئەرەپ يۇسۇپكە قاراپ ھەيران قالدى.
ئىچىدە «بۇنداق ئاي يۈزلۈك يىگىت زىندا-
ندا نىمە قىلار» دەپ ئويلىدى ۋە تۆگىگە
سۇ تۇتتى. تۆگىسى سۇنى ئىچكەندىن كېيىن
ئورنىدىن دەس تۇردى. ئەرەپ خوشال بو-
لۇپ، يۇسۇپكە رەھمەت ئېيتتى.

— ئى ئەرەپ، قاياققا كېتىۋاتىسەن؟ —
دەپ سورىدى يۇسۇپ.

— سودا كارۋىنى بىلەن كەنئانغا كېتى-
ۋاتىمەن، — دىدى ئەرەپ.

— كەنئاندا ھەزرىتى ياقۇپنى تونامسەن؟
— ئەلۋەتتە تونۇيمەن.
— ھەزرىتى ياقۇپنى تونىساڭ ئول زاتقا
مەندىن سالام دېگەيسەن، — دەپ ئۇشبۇ
بېيىتنى ئوقۇدى:

كارۋان سەندىن سورايىن ئەسلى يۇرتۇڭ كەنئانمۇ؟
مۇنچە شىتاپ ① ئەيلىمە، كەنئانلار ئامانمۇ؟
سەندىن سوئال سورايىن، مەنزىلىڭنى بىلەيىن،
بىلگىنىڭنى سۆزلىگىل يارى-دوستلار ئامانمۇ؟

كارۋان بۇنىڭغا جاۋابەن بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كارۋان ئەيتۇر: ئەي جانىم، قايدىن بىلدىڭ كەنئانىم؟
ماڭا بەرگىن جاۋابىڭ: كەنئانلار يامانمۇ؟
ئېرۇرمىسەن زىندانى، زىندان ئىچرە ھەيرانى،
ماڭا چۈشتى گۇمانى سەن ھەم مۇندا مېھمانمۇ؟

① شىتاپ — ئالدىراپ — ئالدىراش.

يۇسۇپ دىدى:

يۇسۇپ ئېرۇركەنئانى، يوق كەنئاننىڭ يامانى،
ياخشى كۆرەر زىندانى، ئەھلى يۇرتۇڭ ئامانمۇ؟
يەنە مىسكىن غېرىپمەن، زىنداندا سارغايىپمەن،
ئاندىن مەدەت تىلەيمەن، ياخشىلىرىڭ ئامانمۇ؟

تاقىتىم يوق زىنداندا، بولۇپمەن مەھكۇم بەندە،
يۇرتۇم قالدى كەنئاندا، ياقۇپ بابام ئامانمۇ؟
ئىبىن يەمەن ئاكامدۇر، نارجان سىڭلىم ھەم باردۇر،
جۇدالىق ئېغىر چۈشتى، قېرىنداشلار ئامانمۇ؟

ئېيتقىن بابام ياقۇپقا، سالامىمنى يەتكۈزگىن،
ياد ئەيلىسۇن دۇئادا كىلەر ياخشى زامانمۇ؟
كەنئانىمنىڭ باغلىرى، خۇش ھاۋالىق تاغلىرى،
ياپ - يېشىل يايلاقلىرى نەۋ باھارمۇ، خازانمۇ؟

كارۋان بۇنىڭغا جاۋابەن ئۇشبۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كارۋان ئەيتۇر. ئەي ياران ئەمدى بولدۇم مەن ھەيران،
ساڭا ئوخشاش بىر ئوغلان مۇنداق بولۇپ قالغانمۇ؟
سالام ئەيتاي باباڭغا، قېرىنداشىڭ ئاكاڭغا،
جۇدالىقنىڭ دەردىنى خۇدا ساڭا سالغانمۇ؟

شۇ سۆزلەردىن كېيىن كارۋان يولغا راۋان بولدى. تۆگىسىنى يېتەكلەپ، چوڭ كارۋانغا قوشۇلدى. نەچچە كېچە - كۈندۈز يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپ كەنئانغا يېتىپ كەلدى.

ئەلقىسسە، ئەمدى سۆزنى ھەزرىتى ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھۋالىدىن ئاڭلايلى:

ياقۇپ ئەلەيھىسسالام سۆيۈملۈك ئوغلى يۇسۇپتىن جۇدا بولۇپ قانىتى سۇنغان قۇشنەك باغرى قانغا تولۇپ، قەددى دۇتا بولۇپ، يۇسۇپنىڭ پىراقىدا زار - زار يىغلاپ بىر نەچچە يىلنى ئۆتكۈزدى.

بۇ ئېغىر ھىجران دەملىرى ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنى ئىككى كۆزىدىن ئايرىدى، ئەمما، ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆڭلىدە يۇسۇپنى ئۆلدى، دىگەن شۈبھە قىلچە يوق ئىدى، گويا كۆز نۇرى يۇسۇپ ئۇشبۇ ئالەمدە ھايات ياشاۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئۇ ھەر كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ خۇداغا ئىبادەت قىلىپ ئوغلى يۇسۇپنىڭ دىدارىغا مۇشەررەپ① بولۇشنى ئىلتىجا قىلاتتى. يۈرىگى سەۋر قىلىشنى، ئاللادىن ئۈمىت ئۈزمەي ئۇنىڭ تەقدىر - ھىكمەتلىرىگە، رەھىم - شەپقەتلىرىگە شۈكرى سانا ئېيتىشنى بىشارەت قىلاتتى.

① مۇشەررەپ (ئەرەپچە) شەرەپ بىلەن ئېرىشمەك.

هەزرىتى ياقۇپ ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىك مۇقامىغا مۇناسىپ هالدا، يۇسۇپ دىداردىن ئۈمىت ئۈزمىدى، ئۇنى چۈشىدە كۆردى، كۆرگەن چۈشىنىڭ تەبىرىنى پىنهان تۇتۇپ، تەقدىرنىڭ ئەزگۈ ئاقىۋىتىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتتى.

ئەلقىسسە، كۈنلەرنىڭ بىرىدە كەنئانغا مىسىر ئېلىدىن كارۋان كەلدى... بىر ئەرەپ ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنى زىيارەت قىلىپ، بەيتۇلئەھزانغا ① كەلدى، هەزرىتى ياقۇپقا تازىم-تاۋازۇدىن كېيىن ئېيتتىكى:

— ئى پەيغەمبىرىمىز ياقۇپ، ساڭا مىسىردىكى بىر تۇتقۇن يىگىتتىن سالام ئېلىپ كەلدىم، «بابام ياقۇپقا، ئاكام ئىبىن يەمەنگە، سىڭلىم نارجانغا سالام دېگەيسەن»، دېدى. ئۆزى ناهايىتى خۇشرۇي، گۈل چىراي، نۇرانى يىگىت ئىكەن. ئۇشبۇ سالامنى قوبۇل قىلغايسەن!

هەزرىتى ياقۇپ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئورنىدىن قوپتى، كۆزلىرى ئەما بولغاچقا تەمتىلەپ كارۋانچى ئەرەپنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ يۈزلىرىنى سىلىدى ۋە دېدىكى:

— ئەي هۆرمەتلىك كىشى، ئۇشبۇ گەپلىرىڭ راستمۇ؟ بىر نەچچە كارۋانلار يۇسۇپىمنى كۆردۇق، دېگەن ئىدى، ئاقىۋەت يالغان بولۇپ چىقتى. سەن يۇسۇپنى نېچۈك ئەهۋالدا كۆردۈڭ؟ ئۇنىڭ يۇسۇپ ئىكەنلىگىنى قايدىن بىلدىڭ؟

— ئى هەزرەت، — دېدى كارۋان، — ئۇ يىگىت ئۆزىنى يۇسۇپ دەپ ئاتىمىغان بولسىمۇ، يۇسۇپنىڭ هۆسنى-جامالى ئالەمگە ئاياندۇر. ئۇنىڭ قاش-كۆزلىرى، قەددى-قامىتى، سۆزلىرى هەزرىتى يۇسۇپكە ئەجەپ ئوخشايدۇر. ئۇ مەندىن: «بابام ياقۇپنى، ئاكام ئىبىن يەمەننى، سىڭلىم نارجاننى تونارمىسەن؟» دەپ سورىدى، كەنئان دىيارىنى، قېرىنداشلىرىنى سېغىنغانلىغىنى ئېيتتى «ئاتام مېنى هەمىشە دۇئادا يات قىلسۇن، خۇدا ئاخىر ۋىسالىمىزغا يەتكۈزگەي»، دېدى.

ئۇشبۇ گەپلەردىن كېيىن، هەزرىتى ياقۇپ ئوغلى يۇسۇپنىڭ هايات ئىكەنلىگىگە ۋە مىسىر زىندانىدا بەنت ئىكەنلىگىگە ئىشەندى، خۇداغا شۈكرى-سانا ئېيتىپ، كۆزلىرىدىن سەلدەك ياش تۆكۈپ ئۇشبۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

هەرئىش قىلساڭ رىزادۇرمەن، خۇدا ساقلا يۇسۇپىمنى،
هەمىشە يىغلىنادۇرمەن خۇدا ساقلا يۇسۇپىمنى،
بۇ غەمگە مۇپتىلادۇرمەن خۇدا ساقلا يۇسۇپىمنى،
نېچۈك چارە قىلادۇرمەن خۇدا ساقلا يۇسۇپىمنى،
مەگەر كۆرمەي ئۆلەدۇرمەن خۇدا ساقلا يۇسۇپىمنى.

ئامان تۇتقىل خۇداۋەندە مىسىر ئىچرە ئولكى زىندانىدا،
ۋەگەر چۆلدە، ۋەگەر كۆلدە، ئارام باغىدا-بوستاندا،
راۋا كۆرمە زاۋال ئاڭا ئەگەرچە بولسا هەريان‌دا،

① بەيتۇلئەهزان — خازان بولغانلار ئۆيى، يەنى ياقۇپنىڭ غەم-غۇسسە بىلەن ئولتۇرغان خاس هۇجرىسى.

مېنىڭدەك مىسكىنىڭنى قويمىغىل بىسىيار ئەرماندا،
ئەرز: ھەرقايدادۇر تۇتقۇن ئامان ساقلا يۈسۈپمىنى.

كۆزۈمگە ئۇچرىسا كاشكى ئىدى باغىم گۈلى يۈسۈپ،
ناۋا قىلغاندا ھەر يەردە چىمەننىڭ بۇلبۇلى يۈسۈپ،
باھايىڭ بولدىمۇ ئاخىر نەچە ياماق پۇلى يۈسۈپ؟
بولۇپتۇرسەن مىسىرنىڭ بىر غېرىپى - تۇتقۇنى يۈسۈپ،
نە ھالەتتە بولۇر بولسا ئامان ساقلا يۈسۈپمىنى.

ئايا خالىس بىلۇرمىسەن ئىدى يۈسۈپ بەسى ھۆردەك،
بەشەرنىڭ سەرخىلى ئەردى تولۇن ئايدەك، يۈزى نۇردەك،
يەنە غۇنچە بويى، كاكۇلى ① سۇمبۇل چىشلىرى دۇردەك،
بولۇپ ئاشىق ئاڭا جۈملە پەرى، زۇلەيخايى مەغرۇردەك،
ئايا تەڭرىم يامان كۆزدىن ئامان ساقلا يۈسۈپمەنى.

ئەلقىسسە، ئەمدى يەنە يۈسۈپنىڭ زىنداندىكى ئەھۋالاتىدىن سۆز باشلايلى:

ھەزرىتى يۈسۈپ زىندان مالامەتلىرىگە چىدام بىلەن سەۋرى قىلىپ، كېچە - كۈندۈز تائەت - ئىبادەت بىلەن نەچچە يىللىنى ئۆتكۈزدى. خۇدائى تالا ھەزرىتى يۈسۈپكە كەڭ تەپەككۈر، روشەن ئەقىل ۋە ئۆتكۈر زېھىن ئاتا قىلغان ئىدى. ئۇ پەھىم ۋە پاراسەتتە «ئىلمى لەدۇن②» ساھەسىدە زامانىسىنىڭ تەڭدىشى يوق ئاقىلى ۋە زەكىسى ئىدى.

زىندان ئەھلىلىرى ھەر كۈنى چۈشىنى يۈسۈپكە ئېيتىپ بېرەتتى، يۈسۈپ بولسا، ھەرقايسىسىنىڭ چۈشىگە تەبىر بېرىپ، تۇتقۇنلارنىڭ دىلىغا ئارام، كۆڭلىگە ئۈمىت - ئىشەنچ بېغىشلار ئىدى.

ئەلقىسسە، ئەمدى زىندان بەنتلەرىنىڭ ھەزرىتى يۈسۈپكە چۈش ئۆرىگىنى ۋە يۈسۈپنىڭ تەبىر بەرگىنى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەردىن سۆز باشلايلى:

مىسىر شاھىنىڭ بەھلەس ناملىق بىر ساقىسى، يونا ناملىق بىر مەھرەمى بار ئىدى. بۇ ئىككىسى شاھنىڭ ئەڭ يېقىن خىزمەتچىلىرى بولۇپ، شاھ ئۇلارنىڭ قولىدىن تائام، يەپ، شاراپ ئىچەتتى. ئەرەپ جەزىرىسىدىكى يەمەن سۇلتانى ئەزەلدىن مىسىر شاھىغا دۈشمەن ئىدى. ئۇ مىسىر تەختىنى خانۇ ۋەيران، مىسىر شاھىنى تىرە - پىرەن قىلىشنى قەست قىلىپ يۈرەتتى. ئەمما، يەمەن سۇلتانى زەئىپ بولۇپ، كۈچلۈك ۋە لەشكەرلىرى كۆپ مىسىر شاھىغا تەڭ كېلەلمەس ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، يەمەن سۇلتانى ۋەزىر - ھۆكۈمالىرىنى جەم قىلىپ، مىسىر مۈلكىنى زەبت قىلىشنىڭ ئامالىنى سورىدى. ھۆكۈمالاردىن بىرى مىسىر شاھىنى ھىيلە ۋە سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈشنى، ئاندىن مىسىر تەختىگە مىنىشنى مەسلىھەت قىلدى. يەمەن سۇلتانى بۇ مەسلىھەتكە بارىكاللا ئېيتىپ، مىسىر شاھىنىڭ يېنىدىكى يونا

① كاكۇل — چاچ (ئەرەپلەردە ئوغۇل بالىغا ئىككى ئۆرۈم چاچ قويۇش ئادىتى بار. بۇنە رەپ يۇقۇرى تەبىقىسىنىڭ ئوغۇل بالىلىرىدا بولىدۇ.
② ئىلمى لەدۇن — زېھنى ۋە پەم بىلەن ئۆزلىكىدىن ئېلىنغان بىلىم، كەلگۈسىگە توغرا باھا بېرىش، تەبىر ئېيتىش ئىلمى.

بىلەن ساقى بەھلەسنى ئالتۇن - كۈمۈشلەر
بىلەن سېتىۋېلىپ، مىسىر شاھىغا زەھەر بېرىشكە
دەۋەت قىلماقچى بولدى. مەخپى ئەلچىلەر
مىسىرگە كېلىپ ساقىنى ۋە مەھرەمنى بوي
بىلەن تەڭ ئالتۇنغا چۆمدۈردى، بەھلەس
بىلەن يۇنا مىسىر شاھىغا زەھەر بېرىپ،
ئۇنى ئۆلتۈرۈشنى ۋە تەختىنى يەمەن سۇلـ
تانىغا ئېلىپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى...

ۋەدىگە بىنائەن، مەھرەم يۇنا شاھـ
نىڭ تائامىغا، ساقى بەھلەس بولسا شاراپقا
زەھەر سېلىپ شاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى...

ئەيىۇ ھەنناس، ئۇشبۇ ئالەمدە تەقدىر
دەپتىرىگە پۈتۈلگەن قىسمەتلەرنى ھەرقانداق
ھىلەيۇ - مىكىر، ھەرقانداق ئەييار ۋە دەسـ
تىگىر ئۆزگەرتەلمەس! مىسىر شاھى
ئەدىل - ئادالەتتە رەئىيەتكە خوپ ئىدى،
تۈغرىلىق ۋە ھەققەتكە مەنسۇپ ئىدى. ئۇ
سەگەك ئەقىلگە، زېرەك ۋە سەزگۈر كۆزگە
ئىگە ئىدى. ساقى بىلەن مەھرەمنىڭ ھودۇقۇشـ
لىرىدىن شاھنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشتى،
ئۇ خىزمەتكارلىرىغا سىنچى كۆزلىرى بىلەن
تىكىلىپ قاراپ ئېيتتىكى:

— ئەي ساقى، شاراپ پاكمۇ، تائام يېـ
يىشكە لايىقمۇ؟

شاھنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن ساقىنىڭ
بەدەنلىرى تىترەپ كەتتى، شاھنىڭ تائامنىڭ
زەھەرلەنگەنلىكىدىن ۋاقىپ ئىكەنلىكىگە كۆزى
يەتتى، شۇ ھامان ساقى شاھنىڭ ئايىغىنى
قۇچاقلاپ، زار - زار يىغلاپ دېدىكى:

— ئەي ئۇلۇغ شاھ، ئۇشبۇ تائام
زەھەرلەنگەندۇر، يېيىشكە لايىق ئەمەس!
ھالال تۇزىڭىزغا خىيانەت قىلدۇق، خۇدا
ئالدىدا ۋە سىزنىڭ ئالدىڭىزدا گۇنايى ئەزىم
ئۆتكۈزدۇق، كاللىمىزنى ئالسىڭىز رازى
بولۇرمىز!

شاھ غەزەپكە كەلدى. بۇ خىيانەتكار
قۇللارنى زىندانغا تاشلاشنى ئەمىر قىلدى...
ئۇلار يۈسۈپ ياتقان زىندانغا تاشلاندى...

كۈنلەرنىڭ بىرىدە يۇنا بىلەن بەھلەس
كېچىدە كۆرگەن چۈشلىرىنى يۈسۈپكە ئۆرۈپ،
ئۇنىڭدىن تەبىر سورىدى:

ئەي يۈسۈپ: — دېدى يۇنا چۈشىنى
سۆزلەپ، — بۈگۈن كېچىدە بىر چۈش كۆرۈپتىـ
مەن. چۈشۈمدە: تۆمۈردىن بىر تونۇر ياساپ ئۇـ
نىڭغا نان ياققان ئىمىشمەن، نانلارنى پۇشۇرۇپ
تەۋەككە سېلىپ، پادىشاغا ئاپىراي دەپ بېشىمدا
كۆتىرىپ كېتىۋاتقىنىمدا، ئاسماندىن نۇرغۇن
قۇشلار كېلىپ نانلارنىڭ ھەممىسىنى بىر
بىردىن كۆتىرىپ، ئۇچۇپ كەتكەنمىش،
ئاخىرىدا نانمۇ، تەۋەكمۇ يوق، ئۆزەم قىپ -
يالىڭغاچ ھالەتتە قالغان ئىمىشمەن.

كەينىدىنلا بەھلەس ساقى ئۆز چۈشىنى
بايان قىلدى:

— ئەي يۈسۈپ، — دېدى ئۇ، — مەن
ھەم بىر چۈش كۆرگەن ئىدىم. چۈشۈمدە
ئاجايىپ ئاراستە قىلىنغان باغۇ - بوستان
ئىچىدە يۈرگەن ئىمىشمەن. ھەر تۈرلۈك
مىۋىلەر پىشىپ مەي بولغان، ئۈزۈم، ئانار،
ئەنجىرلەرنىڭ خۇش ھىدى پۈتۈن باغنى
قاپلىغان ئىمىش، شۇ باغدا ئۈچ ساپ
ئۈزۈمنى سىقىپ، مەي قىلغان ئىمىشمەن،
يەنە ئۈچ تال پىشقان شاپتۇلنى يىگەن
ئىمىشمەن، شۇ لەززەت ئىچىدە. ئويغىنىپ
كەتتىم، قارىسام، تاڭ ئاتقان ئىكەن...

يۈسۈپ بۇلارنىڭ چۈشلىرىنى ئاڭلاپ
بىر - بىرلەپ تەبىر بېرىپ شۇنداق دېدى:

— يۇنانىڭ كۆرگەن چۈشىدىن يامان
ئاقىۋەت ئايان بولۇر. ئۈچ كۈندىن كېيىن
خەلقى ئالەم ئالدىدا دارغا ئېسىلۇر. بەھلەسنىڭ
كۆرگەن چۈشى خەيرلىكتىن دېرەك بېرەر،
ئۈچ كۈندىن كېيىن زىنداندىن ئازات بولۇپ
شاھ ئالدىدا كېچىرىم قىلىنىپ، يېڭى سەرـ

پالارنى كىيەر.

بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، يونانىڭ رەڭگى
ئۆچتى ۋە دېدىكى:

— ئەي يۈسۈپ، مېنىڭ چۈشۈم يال-
غان ئىدى. مەن ئۇنداق چۈش كۆرمىگەن.
سەن يالغان چۈشكىمۇ تەبىر ئېيتامسەن؟

— مەيلى يالغان ياكى راست بولسۇن،
ئېغىزىڭدىن چىقتى. ھەرنە بولسا پات - يېقى-
ندا كۆرەرسەن، — دىدى يۈسۈپ.

ئارىدىن ئۈچ كېچە - كۈندۈز ئۆتكەندە،
شاھتىن بۇيرۇق بولۇپ، بەھلەس بىلەن
يونا زىنداندىن ئېلىپ چىقىلدى. شاھقا راست
سۆزلەپ، زەھەر ئىچىشتىن ساقلاپ قالغىنى
ئۈچۈن بەھلەس ئازات قىلىنىپ، ئىنئاملار
بېرىلدى. سۇيقەست قىلماقچى بولغىنى
ئۈچۈن يونا چارسۇدا دارغا ئېسىلدى...

ئەلقىسسە، ئەمدى سۆزنى مىسىر شاھى-
نىڭ چۈش كۆرگىنى ۋە ھۆكۈمالاردىن
چۈشىگە تەبىر ئېيتىشىنى تەلەپ قىلغىنى
ھەققىدىكى رىۋايەتتىن باشلايلى. رىۋايەتچىلەر
يەنە شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، مىسىر
خەلقىنىڭ ھەر يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان
ھېيت - ئايەم كۈنى بار ئىدى. ئەشۇ ھېيت
كۈنلىرى يېتىپ كەلدى. مىسىر شاھى يەتتە
ياشتىن يەتمىش ياشقىچە تامام شەھەر
خەلقىگە يەتتە كېچە - كۈندۈز داغدۇغىلىق
بايرام قىلىشقا ئەمىر قىلدى. ياش - قېرى،
ئەر - ئايال ھەممىسى بىر يەرگە جەم بولۇش-
تى، پادىشامۇ چىقىپ، نەغمە - ناۋازىشلار
بەزمە، ئولتۇرۇشلار ئاراستە قىلىپ، ئويۇن-كۈلكە
بىلەن يەتتە كېچە - كۈندۈزنى ئۆتكۈزدى،
پادىشا مەست بولۇپ شېرىن ئۇيقۇغا باش
قويدى ۋە بىر چۈش كۆردى، چۈشىدىن
قورقۇپ ئويغاندى. شۇ ھامان ۋەزىر - ئۆلى-
مالىرىنى چاقىرتىپ دېدىكى: «بىر يامان
چۈش كۆرۈپتىمەن، قورقۇپ كەتكەنلىكىمدىن
تەپسىلاتىنى ئۇنتۇدۇم، بۇ چۈشنى تېپىپ،
ئۇنىڭغا تەبىر ئېيتىڭلار، دىلىمنى خاتىرجەم
قىلىڭلار!»

ۋەزىر - ئۆلىما، ھۆكۈمالار بولسا بىر-
بىرىگە قارىشىپ، شاھنىڭ سۆزلىرىگە ھەيران
بولۇشۇپ:

— ئەي شاھىم، بىز ئېيتىپ بېرىلگەن
چۈشكە تەبىر بېرەلمەيمىز. جانابىڭىزنىڭ
قانداق چۈش كۆرگەنلىكىڭىزنى قىياس قى-
لىشقا ۋە تەبىر بېرىشكە ئاجىز كېلۇرمىز، —
دېيىشتى.

شاھ غەزەپلەندى:

— مۈلكىم خىراجىدىن بەھرىمەن بولۇپ،
ئىلىم - ھىكمەتتە كامال تاپالمىغان سىز
ئۆلىمالارنى كۆرەر كۆزۈم يوق! — دىدى
شاھ دەرغەزەپ بولۇپ، — كىمدەكىم ئۈچ كۈن-
گىچە چۈشۈمنى ئۆرۈپ، ئۇنىڭغا تەبىر بېرەلىسە
ئۇنىڭغا كاتتا ئىنئام قىلىمەن، ئۈچ كۈن-
گىچە تەبىر ئېيتالمىغان ھۆكۈمالارنىڭ
بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىمەن، — دىدى.

ئۆلىما - ھۆكۈمالارنىڭ ھەممىسى ئۈچ
كۈن كىتاب ئېچىپ، پال سېلىپ مۇتالىئە
قىلىپ باقتى، ھېچبىرى ئېيتىشقا جۈرئەت
قىلالمىدى، ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت توشتى،
شاھ ھۆكۈمالارنىڭ تەبىر ئېيتالمىغانلىقىنى
ئاڭلاپ، تېخىمۇ غەزەپكە كەلدي - دە، ئۇلارنى
ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلدى. سورۇندا شاھنىڭ
مەئىشىتىگە قاراپ تۇرغان ساقى بەھلەسمۇ بار
ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، شاھقا تازىم
بىجا كەلتۈردى ۋە دېدىكى:

— ئەي ئۇلۇغ شاھىم، مۇبارەك چۈشى-
ڭىزنى ئېيتىپ بېرەلەيدىغان ۋە تەبىرىنى
ئايان قىلالايدىغان بىر قۇلىڭىز بار، ئىجازەت
بولسا، شۇ قۇل بۇ ھىكمەتنى يېشەر،

ئۆلسا ـ هۆكۈمالارنىڭ قىينىدىن كەچسىڭىز!

ئۇ زىنداندىكى ۋاقتىدا چۈش كۆرگىنى ۋە چۈشىگە يۈسۈپنىڭ تەبىر ئېيتقانلىرىنى بىر ـ بىرلەپ شاهقا سۆزلەپ بەردى ۋە ئاخىرىدا شۇنداق دىدى:

— شاهىم، ئۇ يىگىتنىڭ ئىسمى يۈسۈپتۇر، هازىر زىنداندا بەنت بولۇپ ياتىدۇ، هۆسنى ـ چىرايى ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك، زىهنى ئۆتكۈر، ئەقىل ـ پاراستى چوڭقۇر، خۇش مۇئامىلە يىگىت. ئىجازەت بەرسىڭىز مۇبارەك چۈشىڭىزگە شۇنىڭدىن تەبىر سورىساق!

پادىشا زىندانغا كىرىپ سوراپ چىقىشقا ئەمىر قىلدى. بەهلەس شۇ هامانلا زىندانغا كىرىپ، يۈسۈپكە تازىم قىلدى:

— ئەي يۈسۈپ، — دىدى ئۇ، — شاهنىڭ ئەمرى بىلەن سىنىڭ ئالدىڭغا كەلدىم. پادىشا بىر چۈش كۆرگەن ئىكەن ... — دەپ بولغان هادىسىنى بىر ـ بىرلەپ يۈسۈپكە سۆزلىدى ...

يۈسۈپ بەهلەسكە شۇنداق دىدى:

— ئەي بەهلەس، شاه چۈش كۆرگەن بولسا، تەبىرىنى ئاڭلاشقا سەن كەلدىڭمۇ؟ ئۆرۈلمىگەن چۈشكە قانداق تەبىر بېرىلسۇن؟ چۈشنى شاهنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىغىنىم تۈزۈك.

— ئى يۈسۈپ، — دىدى بەهلەس، — شاه چۈشىنى ئۇنتۇغان ئىكەن. هۆكۈمالار ئۇنىڭ چۈشىنى ئېسىگە سېلىپ پەرىشانلىقتىن خالاس قىلالمىدى، شۇڭا ئۇلار ئۆلۈمگە هۆكۈم قىلىندى. سىنىڭ ئۆتكۈر زىهنىڭگە ئىشەنچىم كامىل، ئەمىنمەنكى، سىنىڭ تەبىرىڭدىن هۆكۈمالار ئۆلۈمدىن، شاه پەرىشانلىقتىن قۇتۇلغاي.

يۈسۈپ كۆزىنى يۇمۇپ بىر مۇددەت سۈكۈت قىلدى، ئاندىن شاهنىڭ چۈشىنى تۆۋەندىكىچە بايان قىلدى:

— شاه ئۆز چۈشىدە دىدى يۈسۈپ، — نىل دەرياسى قىرغاقلىرىدا سەيلە قىلىپ يۈرگەنلىگىنى كۆرۈپتۇ. قارىسا، نىل دەرياسىدىن ناهايىتى سېمىز يەتتە كالا چىقىپتۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ناهايىتى ئورۇق ـ جىنازىغا ئوخشاپ قالغان يەتتە كالا چىقىپتۇ ـ دە، سېمىز كالىلارنى يالماپ يەپ كېتىپتۇ، ئەمما قوسۇغى چىقماپتۇ، يەنە قارىسا، دەريادىن دانغا تولغان يەتتە كۆك بۇغداي بېشى ئۈنۈپتۇ، كەينىدىن يەنە يەتتە پۈچەك بۇغداي بېشى ئۈنۈپ چىقىپ، تولۇق دانىنى يەپتۇ، لېكىن پۈچەك بۇغداي دانغا تولماپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن جاهاننى قويۇن ۋە قارا تۈتەك بېسىپتۇ، بۇ هادىسىلەرنى كۆرۈپ پادىشا قورقۇپ، ئويغىنىپ كېتىپتۇ، مانا، شاهنىڭ چۈشىدە كۆرگەن هادىسىلىرى ئۇشبۇدۇر.

بەهلەس دەرهال زىنداندىن چىقىپ، يۈسۈپ ئېيتقان سۆزلەرنى ئۆز ئەينى شاهقا يەتكۈزدى. شاه شۇ هامانلا چۈشىدە شۇ هادىسىلەرنى كۆرگەنلىگىنى ئېسىگە ئېلىپ چىرايى ئېچىلدى، ئۆلۈمگە بۇيرۇلغانلارنىڭ قىينىدىن كەچتى، ئاندىن بەهلەسكە:

— ئەي ساقى، چۈشۈمدىكى ۋەقە ئەينى بولدى. ئەمدى بۇنىڭ تەبىرى نىمە؟ شۇنى ئۇقۇپ كەلگىن، — دەپ ئەمىر قىلدى.

بەهلەس زىندانغا كىلىپ، يۈسۈپكە تازىم قىلىپ شاهنىڭ پەرمانىنى يەتكۈزدى.

هەزرىتى يۈسۈپ شۇنداق دىدى:

— ئەي بەهلەس، شاهقا يەتكۈزگىنكى، مەن زىنداندا ياتقىلى ئون ئىككى يىل بولدى. ئون ئىككى يىل مابەينىدە مېنىڭ گۇنايىم نىمە، نىمە ئۈچۈن زىندانغا سېلىندىم،

بۇنى شاھ تەپتىش قىلمىدى، ئۆز گۇناھىمنى
ئېنىق بىلمىگىچە، شاھنىڭ چۈشىگە تەبىر بېرى-
شىم جايىز ئەمەس، چۈنكى مەن بىگۇنا
جەبىرلەنگۈچىمەن. ئالدى بىلەن مېنىڭ ئى-
شىمنى تەپتىش قىلسۇن، زىنداندىن ئازات
قىلسۇن، ئاندىن تەبىر ئېيتارمەن...

ساقى بەھلەس يۈسۈپنىڭ ئۇشبۇ سۆز-
لىرىنى شاھقا يەتكۈزدى. شاھ يۈسۈپنىڭ نىمە
سەۋەپتىن زىندانغا چۈشكەنلىگىنى تەپتىش
قىلدى... يۇقۇرىدا زىكىر قىلىپ ئۆتۈلگەن
زۇلەيخا ۋەقەسىدىن شاھ بەتەمسىل ۋاقىپ
بولدى. دەرھال زۇلەيخانى ۋە ئۇنىڭ كىنى-
زەكلىرىنى چاقىرتىپ ۋەقەنىڭ ئۆتىمۇشىنى سو-
رىدى. زۇلەيخا زار زار-يىغلاپ، شاھ ئال-
دىدا بولغان ۋەقەنىڭ ھەممىسىنى بىر بىر-
لەپ بايان قىلىپ، قىلغان تۆھمەتلىرىگە ئىق-
را بولۇپ دىدىكى:

— ئەي سائادەتلىك ۋە شەپقەتلىك
شاھ، يۈسۈپ بىگۇناھدۇر، ئۇنى زىنداندىن
ئازات قىلغايسىز، قارا بولۇت كەينىگە يوشۇ-
رۇنغان تولۇن ئاينىڭ نۇرىدىن مەندەك ھىج-
ران دەشتى باياۋاندا سەرسان بولغان، يۈ-
رەك باغرى قانغا تولغان بىر ئىشىق ئەس-
رىنى بەھرىمەن قىلغايسىز!

ئەييۇھەنناس! ئۇشبۇ سەھىپىلەردە رىۋا-
يەتچىلەر رىۋايەتلىرىدىن شۇنى قەيت قى-
لىپ ئۆتمەك زۆرۈركى، زۇلەيخانىڭ خوجىسى
مىسىر ئەزىزى مىسىر شاھى قول ئاستىدىكى سۇلتان-
لارنىڭ بىرى ئىدى. يۈسۈپ زىندانغا تاشلانغان-
دىن كېيىن، مىسىر ئەزىزى ئالەمدىن ئۆتتى.
زۇلەيخا يۈسۈپنىڭ ئىشقىدا كېچىلىرى بىدار-
كۈندۈزلىرى يار ۋەسلىگە زار بولۇپ نەچچە
يىللىنى تۇل ئۆتكۈزدى.

مىسىر شاھى رەييان يۈسۈپ بىلەن
زۇلەيخا ماجراسىدىن ۋە بۇ ئىشقىنىڭ سىر
ئەسرارىدىن ۋاقىپ بولغاندىن كېيىن، زۇ-
لەيخانىڭ گۇنايىدىن ئۆتتى، يۈسۈپنى دەر-
ھال زىنداندىن ئېلىپ چىقىشنى بۇيرىدى...
يۈسۈپ زىنداندىن ئازات قىلىندى، يۈسۈپنىڭ
تەلىۋى بويىچە، تۆت يۈز نەپەر زىندان
بەندىلىرىمۇ ئازات قىلىندى... يۈسۈپ شاھ
رەييانىنىڭ ھوزۇرىغا چاقىرتىلدى، شاھ رەي-
يان يۈسۈپتىن چۈشىگە تەبىر ئېيتىشنى
سورىدى.

— ئى مۇرۇۋۋەتلىك شاھ، — دىدى
يۈسۈپ، — چۈشىڭىز مىسىر ئېلىدە يەتتە يىل
ئېغىر قەھەتچىلىك بولىدىغانلىغىدىن بىشا-
رەت بىرىدۇ، مىسىر مۈلكى يەتتە يىللىق
قەھەتچىلىكنىڭ ئېغىر زەخمىتىگە دۇچ كەل-
گەي، يەتتە يىلغىچە ئاسماندىن يامغۇر ياغ-
ماس، يەردىن گىيا ئۈنمەس، تاغۇ-تاشلار
چوغدەك قىزارغاي، بارچە ئادەملەر «تائام،
تائام» دەپ نالە قىلغاي، قانچە يىگەن
بىلەن قارنى تويماس. بۇ بالا-قازا مىسىر
ئېلى ئۈستىدە يەتتە يىل داۋام قىلغاي...

شاھ رەييان ئورنىدىن سەكرەپ تۇر-
دى، ئەندىشە بىلەن قېشى تۈرۈلدى.

— ئى دانا يىگىت، خۇدا ساڭا ئاجا-
يىپ پاراسەت ئاتا قىپتۇ،— دىدى شاھ،—
ئەمدى يەتتە يىللىق قەھەتچىلىكنىڭ ئالدىنى
ئېلىش تەدبىرى ھەققىدە ئەقىل كۆرسەت-
سەڭ!

يۈسۈپ دىدىكى:

— بولغۇسى ھادىسىنىڭ ئاقىۋىتىنى
بىر ئاللا ئۆزى بىلىدۇ، ئەمما سەۋەپ بىلەن
تەلەپ بەندىلەرنىڭ ئىشىدۇر. ئالدىن كۆرۈل-
گەن تەدبىر بالايى-ئاپەتكە دەفئ بولغاي.
ئۇشبۇ تەدبىرلەرنى كۆرمەك زۆرۈر: مىسىر
خەلقىنىڭ ھەممىسى ئاشلىق تېرىسۇن، بارلىق
يەرلەر ياخشى ھەيدەلسۇن، خەلققە قەھەت-
چىلىك ئۈچۈن ئۇرغۇن دان غەملەش ئەمىر
قىلىنسۇن، غەللە توپلاپ شاھ خەزىنىسىدە

ساقلانسۇن، بارچە خەلق هازىردىن باشلاپ
ئۆز ئامبارلىرىدا ئاشلىق غەملىسۇن، شاه بەلـ
گىلەپ بەرگەن مىقداردا دان مەئىشەت قىـ
لىنىدىغان بولسۇن، ئۇشبۇ تەدبىرلەر ئارقىسىدا
مىسىر ئۇلۇسى يەتتە يىللىق قەهەتچىلىك
مۈشكۈلاتىدىن خالاس بولغاي، ئىنشائاللا!

بۇ تەدبىرلەرنى ئاڭلاپ شاه رەييان
هەددىسىز شاتلاندى. يۇسۇپنىڭ دانالىغىغا تەهـ
سىن ئاپىرىن ئوقۇپ ئۇنىڭغا قىممەتباها تونـ
لارنى كىيگۈزۈپ، شاهانە زىنياپەتلەرنى ئاـ
رەستە قىلىپ، پۈتۈن مىسىر خەلقى ئالدىدا
ئۇنىڭ ئەقىل زاكاۋىتى، كامالىتىنى مەدهىـ
يىلىدى. شاه رەييان مەجلىسىن ئەهلى
ئالدىدا يۇسۇپكە مۇراجەت قىلىپ دىدىكى:

ــ ئەي يۇسۇپ، سىنىڭ كامىل زىيهـ
نىڭ شاهلىققا مۇناسىپتۇر. مىسىر تەختىنى
قوبۇل قىلغايسەن، مىنىڭ ئورنۇمغا شاه
بولۇپ، ئەلنىڭ پاراغىتى ئۈچۈن ئادىل
هۆكۈم يۈرگۈزگەيسەن!

يۇسۇپ بۇ ئىلتىجانى قوبۇل قىلدى،
شاهلىق تەختىگە ئۆتتى. مىسىر پادىشالىغى
نىڭ شان ـ شەۋكىتى، تاجۇ دۆۋلىتى، ئىز ـ
زەت ـ هۆرمىتى ۋە ئەيش ـ پاراغىتى مەه ـ
پۇز قەلەمدە① هەزرىتى يۇسۇپنىڭ قىسـ
مەتى سەهىپىسىگە پۈتۈلگەن ئىدى!

ئەلقىسسە، هەزرىتى يۇسۇپ مىسىرغا
شاه بولغاندىن كىيىن تۆت پەرسەڭ② يەر ـ
گە ئىمارەت ـ قەلئەلەرنى ياساتتى، رەئىـ
يەتكە كۆپلەپ زىرائەت تېرىشىنى، ئاشلىق
غەملەشنى، سۇ ئىنشائاتلىرى ياساشنى
ئېرىق ـ ئۆستەڭ، كۆللەرنى راۋانلاشتۇرۇشنى
ئەمىر قىلدى، يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشـ
قىچە هەممە كىشىنىڭ دىخانچىلىق قىلىشىـ
نى جاكالىدى، خالايىقلار يەتتە يىلغىچە
جەدەل بىلەن دىخانچىلىق قىلىپ، مۇنبەت
يەرلەرنى ئاچتى. ئامبار ـ ئامبار دان غەمـ
لەندى، پادىشالىق ئامبارلار هەر خىل ئاشـ
لىق ـ دانلار بىلەن تولدۇرۇلدى...

ئەلقىسسە، ئارىدىن يەتتە يىل ئۆتـ
تى، ئاسايىشتە زامانلار كىتىپ، قەهەتچىـ
لىك ـ ئاپەت يىللىرى يىتىپ كەلدى. هەز ـ
رىتى يۇسۇپ پۈتۈن مىسىرگە جاكا ئىلان
قىلىپ دىدىكى: «ئەي مىسىر ئېلىنىڭ رەئىـ
يەتلىرى، ئاگاه بولۇڭلار، تۇقلۇق كەتتى،
ئېغىر زامانلار كەلدى. يەتتە يىلغىچە مىـ
سىردا ئاچلىق ئالامىتى كۆرۈلۈر، يەرلەر
كۆكەرمەس، هەر كىم ئۆز مەئىشىتىگە ئېهتىـ
يات بولسۇن، ماتانەت ۋە غەيرەت ۋە
شىجائەت كۆرسەتسۇن......» خالايىقلارنىڭ
بېشىغا قايغۇ چۈشتى، دات ـ پەرياد چېكىشـ
تى... هەممە كىشى هەزرىتى يۇسۇپنىڭ
دەرگاهىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا هال ـ ئەهۋال
ئېيتىشتى... يۇسۇپ شاهلىق ئامبىرىدا غەمـ
لەنگەن ئاشلىقنى هەركىمنىڭ هالىغا قاراپ
تەقسىم قىلىپ بىرەر ئىدى، شۇ يوسۇندا
ئۈچ يىل ئۆتتى، يەنە ئۈچ يىل ناهايىتى
ئېغىر ئاچارچىلىق بىلەن يىتىپ كەلدى...
كىشىلەر ئالتۇن ـ گۆهەرلەرگە نان تېگىشتى؛
ئېزىز باللىرىنى ئاشلىققا ئايرىۋاشلىدى....
مىسىر ئېلىدە هەددىسىز قەهەتچىلىك، غۇر ـ
بەتچىلىك، ئۆلۈم يىتىم ئەۋجىگە يەتتى،
بۇ ئەهۋالغا يۇسۇپ تاقەت قىلالماي شاهـ
لىق خەزىنىسىدىكى دۇنيانى رەئىيەتنىڭ
مەئىشىتى ئۈچۈن سەرپ قىلدى... بۇ دەهـ
شەتلىك ئاپەتتىن خالاس قىلىشنى تىلەپ
خۇداغا نالە قىلىپ ئۇشبۇ مۇناجاتنى
ئوقۇدى:

① مەهپۇز قەلەم ـ ئىسلام رىۋايەتلىرى بويىچە، ئادەملەر يارىلىشتىن بۇرۇن ئالدىنئالا يېزىپ قويۇلغان
تەقدىر رۇيختى.

② پەرسەڭ (پارسچە) ـ تەخمىنەن 15 مو.

يۇسۇپ ئەيتۇر ياشىن تۆكۈپ، ئەي رازىزاق①،
خالايىقنى خەلق ئەيلىگەن ئەي خاللاق②،
مىنى ئۆزۈڭ كۆرۈپ - بىلىپ تۇرارسەن،
بەندىلەرنىڭ تاقەتلىرى بولدى تاق!
نوھ بابامغا يىغىپ ئىدى توپانى③،
بولدى جاھان ئۇندا غەرق، ئەل پانى④،
نوھقا ئاتا قىلدىڭ كېمە ئەي خۇدا،
بەندىلەرنى خالاس ئەتتى ئۇ قۇلۋاق.
نىجات بېرىپ نوھقا خىتاپ ئەيلىدىڭ،
قەھىر قىلماي ئاڭا ئىتاپ ⑤ ئەيلىدىڭ،
ئاچ قالغاننى دائىم سىراپ ئەيلىدىڭ،
بۈگۈن كەلدى قەھەتچىلىك يامانىراق.
رەھىم ئەيلىگىل بولدى ھالىم قاباھەت،
يارەب، ئۆزەڭ ئەيلە ئەمدى شاپائەت،
مىسىر ئىچىندە بولدى بۈگۈن قىيامەت،
ئاقار سۇلار قۇرۇپ قالدى ھەم بۇلاق!

خالىس يۇسۇپ زارى بىلەن يىغلىدى،
ئىنايەتنى ئول خۇدادىن تىلىدى،
كەرەم قىلغىل پەرۋەردىگارا، دىدى،
يۇسۇپ يۈزى بولسۇن ئاندا يورۇقراق!

ئەلقىسسە، ئەمدى سۆزنى زۇلەيخانىڭ
ئەھۋالىدىن ئاڭلايلى:
زۇلەيخا ھەزرىتى يۇسۇپنىڭ پىرا-
قىدا باغرى كاۋاپ بولۇپ، كېچە - كۈن-
دۈز يۇسۇپنىڭ دىدارىغا ئىنتىزار، ۋىسا-
لىغا زار ھالدا يىغلاپ ئەھۋالى خاراپ
بولغان ئىدى. قەھەتچىلىكنىڭ ئېغىر ئازاۋى
ئۇنىڭ ئىشقى ئالدىدا زەررىچە تۇيۇلمىدى.
ئىشق بالاسىغا مۇپتىلا، ھىجران ئازاۋىدا
قەددى دۇتا بولغان زۇلەيخا، يۇسۇپنىڭ
جامالىنى كۆرۈشكە تەقەززا ئىدى. ئاخىرى
زۇلەيخا ئىنىڭ ئانىسىغا مۇراجەت قىلىپ
دىدىكى:
— ئەي ئانا، بۇ دەردۇ-پىراق باغ-
رىمنى قان قىلدى، تاقىتىم تۈگىدى، يۇ-
سۇپنىڭ جامالىنى كۆرمىگىچە ماڭا ياشاش
راۋا بولماس، نىمە ئامال باركى، يۇسۇپ-
نىڭ دىدارىنى بىر كۆرسەم، ئۇنىڭ قەدەم
خاكىنى كۆزۈمگە سۈرتسەم، بالىدىنمۇ
شىرىن سۆزىنى ئىشتسەم! مىنى مەيىگە
سىلىڭلار، يۇسۇپ ئۆتىدىغان يول ئۈستىگە
ئاپىرىڭلار! ئىنىڭ ئانا بۇ سۆزگە ماقۇل

①راززاق — رىزق بەرگۈچى، ② خاللاق — خەلق ئەتكۈچى (ياراتقۇچى) ③، توپان — غايەت زور سۇ ئاپىتى، ④
پانى — بۇ ئالەمدىن يوقۇلۇش.
⑤ئىتاپ — سەۋىز بىلەن رەھىم قىلماق.

بولدى، زۇلەيخانى مەپىنگە ئولتۇرغۇزۇپ، بىر نەچچە قىز-كېنىزەكلەر بىلەن بىللە يۈسۈپنىڭ ئوردىغا ئۆتىدىغان يولى ئۈستىگە ئېلىپ كەلدى.

بىر ئازدىن-كېيىن يۈسۈپ ئۆيىدىن چىقىپ، ئوردا تەرەپكە راۋان بولدى. يۈسۈپنىڭ قامىتىنى كۆرگەن زۇلەيخا، قاتتىق ئاھ ئۇرۇپ پەريات چەكتى، ئۇنىڭ يۈرەك قېتىدىن ئۇرغۇپ چىققان پىغانى ئەتراپنى زىلزىلىگە كەلتۈردى، يۈسۈپنىڭ يۈرىكىنى تىترەتتى. يۈسۈپ بۇ مۇڭلۇق سادادىن لال بولۇپ توختىدى-دە، زۇلەيخاغا نەزەر تاشلىدى. زۇلەيخا پەريات چېكىپ ئۇشبۇ بېيىتنى ئوقۇدى.

خۇدانىڭ ھۆكمىنى كۆر، بەندە بولغان پادىشا بولدى،
جاھاندانى شەھەنشاھلار ئۇنىڭ قاشىدا گادا بولدى.

غۇرۇرى دەۋلەتى بىرلەن مېنى قايىدىن تونۇر دەيمەن،
ئەگەر جانىمكى يۈزمىڭ بولسىمۇ ئاڭا پىدا بولدى.

باشىم قويسام ئاياغىغا ماڭا بىر يول نەزەر سالماس،
كۆيۈپ ئىشقىدا ئۆرتەندىم يۈرەك-باغرىم يارا بولدى.

ئايا خالىس بىلۇرمۇسەن ئېزىزنىڭ ئالدىدا ئول كۈن،
يۈسۈپكە يۈكلىدى تۆھمەت زۇلەيخا ھەم ئادا بولدى.

ئەلقىسسە، زۇلەيخا يۈسۈپنىڭ جامالىغا قاراپ تۇرۇپ يەنە شۇنداق دىدى:

— ئەي دىلىمنىڭ رەۋشىنى، ئىشق-مۇھەببەتنىڭ گۈلشىنى، پىراقىڭدا سەبرى-قارارى تۈگىگەن، ھىجرانىڭدا قەددى پۈكۈلگەن مەن ئاجىزۇ-دەرمانسىزغا رەھىمىڭ كەلسۇن، مېنى تەھقىر قىلمىغايسەن، مېھر-مۇھەببەتلىك قولۇڭنى ئۇزاتقايسەن!

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، يۈسۈپ تەبەسسۇم بىلەن زۇلەيخاغا يەنە بىر قارىدى-دە، شۇنداق دىدى:

— ئەي مەلىكە، سەۋر قىلغىل، ئۆز-ئۆزەڭگە جەبىر قىلمىغىن، سەن ئاخىر مۇرادىڭغا يېتەرسەن، ھىجرانىغا سەۋر قىلماق ۋىسال لەززىتىدىن خوپراقتۇر.

شۇنداق دىدى-دە، يۈسۈپ يولىغا راۋان بولدى. زۇلەيخا پەريات چېكىپ ھوشىدىن كەتتى، قىزلار ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزدى، زۇلەيخا زار-زار يىغلاپ يۈسۈپنىڭ ئىزىنى سۆيدى، قەدەم جايىدىن تۇپراق ئېلىپ كۆزىگە سۈرتتى. زۇلەيخانىڭ ئاھۇ-پىغانىغا قىز-كېنىزەكلەرمۇ تاقەت قىلالمىدى، ئۇلار زۇلەيخانىڭ ھالىغا ئېچىنىپ زار-زار يىغلىشىپ دىدىكى:

— ئەي مەلىكە، ئىشق ئوتۇڭنىڭ تەپتىدىن بىزنىڭمۇ جانىمىز كۆيمەكتە، بۇ ھىجران ئازاۋى بىزنىڭمۇ يۈرەك-باغرىمىزنى قان ئەيلىمەكتە، ئىشق يولىدا جېنىمىزنى ساڭا پىدا قىلۇرمىز، سېنى مۇراتقا يەتكۈزۈش، ئاشىقىڭنىڭ ۋىسالىغا مۇيەسسەر قىلىش ئۈچۈن ھەرنە ئەمرىڭ بولسا، بىجانىدىل بەجا كەلتۈرىمىز. ئەمما، سەۋر قىل-

غايەن، ئاشىقنىڭ سەۋر قىلىش ھەققىدىكى مۇبارەك سۆزىگە ئەمەل قىلىپ، ۋىسال دەملىرىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى مەتانەت بىلەن كۈتكەيسەن! قىز-كېنىزەكلەرنىڭ بۇ مۇراجىتى بىلەن زۇلەيخا يىغىدىن توختاپ ئۇشبۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئىشق دەستىدىن داد-پەرياد ئەيلەيىن،
دەردىم مېنى دەرمانىمغا يەتكۈزمەس.
سەندىن زارلاپ ئەمدى كىمگە يىغلايىن،
پىغانىمنى ئول يارىمغا يەتكۈزمەس!
خازان قىلدى ئىشق دەردى باغىمنى،
نالە-ئەبغان ئۇچۇردى چىراغىمنى،
كىمگە ئېيتاي بۇ دەردۇ-ھىجرانىمنى،
ئەرز ھالىم دىلدارىمغا يەتكۈزمەس!
يار بىر نەزەر ئەيلەپ مېنى كۈلدۈرسۈن،
يا بولمىسا ئاتقا دەسسەپ ئۆلتۈرسۈن،
رەھىم قىلىپ ياكى ئىشق بىلدۈرسۈن،
ھىجران ئوتى خەدخارىمغا يەتكۈزمەس!
خالىس قىرىپ سۈپىلارغا ئوخشايدۇ،
ئەلىك ياشتا قەد ئېگىلىپ بوشايدۇ،
ئىشق دەستىدە زار يىغلاپ قاخشايدۇ،
ئۆمرۈم مېنى نىگارىمغا يەتكۈزمەس!

ئەلقىسسە، شۇندىن كېيىن زۇلەيخا يۈسۈپ ۋىسالىدىن ئۈمىت ئۈزمەي، كېچىلىرى بىدار، كۈندۈزلىرى غەم-ھەسرەتكە يار بولۇپ، خۇدادىن دەردىگە دەرمان تىلەپ، سەۋر-قانائەت قىلىپ يىللارنى ئۆتكۈزدى...

ئەييۇھەنناس، تەقدىرى ئەزەلدە قىسمەت دەپتىرىگە پۈتۈلگەن ئىشقى-مۇھەببەت ماجرالىرى ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ مۇشتاق كۆڭۈللىرىگە مېھىر ئوتىنى ياقماي قالماس!

ئەلقىسسە، ئەمدى سۆزنى زۇلەيخانىڭ ئىككى كۆزى كور بولغىنى ۋە يۈسۈپنىڭ تەقدىرى ئىلاھ قۇدرىتى بىلەن زۇلەيخاغا ئاشىقى بىقارار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشقىدا ئۆرتەنگىنىدىن باشلايلى:

مىسىر ئېلىدە يەتتە يىللىق قەھەتچىلىك تۈگەپ، خەلق ئاۋات ۋە پاراۋان يىللارغا ئۇلاشتى. ھەممە كىشى شات-خورام بولۇپ خۇداغا شۈكرى-سانا، يۈسۈپكە مەدھىيە ئوقۇپ چوڭ داغدۇغا بىلەن مەرىكە ئۆتكۈزۈشتى...

زۇلەيخا قىز-كېنىزەكلىرىگە ئېيتتىكى:

— قىزلار، ۋۇجۇدۇم يۈسۈپ ھىجرانىدىن پارە-پارە بولدى، دەرت-ئەلەم ئىچىدە ئىككى كۆزۈمدىن ئايرىلدىم. مېنى يۈسۈپ ئۆتىدىغان يولغا ئاپىرىڭلار، ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۆلسەممۇ ئارمانسىز ئۆلەي!

قىزلار: «ئەي مەلىكەم، سىز ئۇچۇن جېنىمىز پىدا!» دەپ، زۇلەيخانى تەختىراۋانغا ئولتۇرغۇزۇپ، يۈسۈپ ئۆتىدىغان جايغا ئېلىپ كەلدى. يۈسۈپ سارايى ئەھلىلىرى بىلەن ئات ئۈستىدە خالايىق توپلانغان سورۇنغا قاراپ يولغا چىقتى، جىمى خەلق يۈسۈپنىڭ جامالىنى تاماشا قىلىپ، ئۇنىڭغا تەھسىن-ئاپىرىن ئوقۇپ، چۇقان كۆتۈرۈشتى. يۈسۈپ زۇلەيخا تۇرغان جايغا كەلگەندە زۇلەيخا تەختىراۋاندىن يۈسۈپنىڭ ئالدىغا ئۆزىنى تاشلاپ دات-پەريات كۆتۈرۈپ دېدىكى:

— ئەي مىسىر ئېلىنىڭ شەھەنشاھى، مەندەك دىل خەستىلەرنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر سالغىن، مەن بىر ئاجىز بىچارىمەن، سېنىڭ ئىشقىڭدا كۆيۈپ ئادا بولدۇم، سەۋرى قارارىم تۈگىدى!

رىۋايەتچىلەر شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇشبۇ دەمدە زۇلەيخا بىر ئاھ

ئۇردى، ئۇنىڭ ئاغزىدىن بىر پارچە ئوت چىقىپ، يۇسۇپنىڭ يۈرىكىگە تۇتاشتى، يۇسۇپنىڭ قەلبىدە زۇلەيخاغا نىسبەتەن شەيدالىق ئەلەنگىسى ياندى.

يۇسۇپ زۇلەيخاغا قاراپ ئېيتتىكى: «ئەي ئىشق ئوتىغا مۇپتىلا بولغۇچى، مەقسىدىڭنى ماڭا ئىزهار قىلغىن، مۇرادىڭنى هاسىل قىلاي!»

زۇلەيخا زار-زار يىغلاپ، ئون ئىككى يىل ئىشق ئازاۋى چەككەنلىگى، ۋىسالىغا ئىنتىزار بولۇپ ئىككى كۆزىدىن ئايرىلغىنىنى بايان قىلىپ، ئۇشبۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئون ئىككى يىل ئىشق ئوتۇڭدا كۆيدۇم مەن،
خۇدا مېنى سەندەك يارغا يەتكۈزسە.
دەردى هىجران بالاسىدا سولدۇممەن،
مۇرادىم شۇل: غەمگۇزارغا يەتكۈزسە.
بىر گۈل ئىدىم، توزدۇم بۈگۈن سارغىيىپ،
مۇهەببەتىنىڭ دەشتىدە بولدۇم غېرىپ،
ئەما بولدۇم كۆزلىرىمدىن ئايرىلىپ،
مۇرات: ئاللا نىگارىمغا يەتكۈزسە!
يۈرۈگىمدە قالماس ئىدى هېچ ئارمان،
كۆزۈك سالساڭ كۆڭۈل بېرىپ بىر زامان،
دەرتلىرىمگە قىلماس ئىدىم پۇشايمان،
مۇنتىزىرنى ئىنتىزارغا يەتكۈزسە!
خالىس ئىدى زۇلەيخانىڭ ئەسرارى،
كىتاپلاردا قالدى ئۇنىڭ مۇڭ-زارى،
جاهان ئىچرە يۇسۇپ ئىدى دىلدارى،
كۆڭلىدىكى سۆيگەن يارغا يەتكۈزسە.

زۇلەيخادىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ يۇسۇپ شۇنداق دىدى:

— ئى زۇلەيخا، سەن پاكدۇرسەن، تاهارەت ئېلىپ، ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ ئامىن دىگەن، مەنمۇ هەققىڭدە دۇئا قىلاي، خۇدا مۇرادىڭنى هاسىل قىلسا ئەجەپ ئەمەس، مەندە دۇئادىن بۆلەك هېچنەرسە يوق.

زۇلەيخا تاهارەت ئېلىپ، ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدى، ئۆزىنىڭ پاك مۇهەببىتى ئۈچۈن خۇدادىن مۇراد ۋىسالىغا يەتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى، يۇسۇپمۇ زۇلەيخاغا ئېچىندى، يەنە بىر تەرەپتىن قەلبىدە زۇلەيخانىڭ مېهرى-مۇهەببىتى زوهۇر قىلىپ، ئىختىيارسىز كۆزىگە ياش ئالدى هەمدە تەڭرىدىن زۇلەيخانىڭ ئىككى كۆزىگە شىپالىق ئاتا قىلىشنى ئىلتىجا قىلدى... تەڭرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن زۇلەيخانىڭ ئىككى كۆزىدىن قارا پەردە كۆتىرىلىپ، كۆزلىرى روشەنلەشتى، زۇلەيخا سەجدىدىن باش كۆتەرگەندە، كۆز ئالدى يورۇقلۇققا ئايلاندى، ئۇ قايرىلىپ يۇسۇپكە قارىدى، هايهات يۇسۇپ، زۇلەيخانىڭ جامالىغا نەزەر سېلىپ قارىسا، ئالدىدا ئون تۆت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك هۆسن جامالى بىلەن بىر پەرىزات تۇرۇپتۇ. يۇسۇپ كۆزلىرىگە هەيران قالدى. شۇ قەدەر گۈزەل، نازاكەتلىك، خۇشرۇي بىر پەرىنىڭ ئىشقىدىن بويۇن تاۋلىغىنىغا يۈزمىڭ پۇشايمانلارنى قىلىپ ئاللادىن بۇ پەرى پەيكەرنىڭ ۋىسالىغا يەتكۈزۈشنى ئىلتىجا قىلىپ، ئۇشبۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

ئېچىلىپ گۈلدەك بولۇپ بۇ گۈلئۇزارىم كۆيدۈرەر،
يۈز كەرەشمە نازى بىرلەن شىرىن نىگارىم كۆيدۈرەر،
كۆزلىرى ئاتەش كەبى بۇ جىسمى-جانىم كۆيدۈرەر،
جىسمى-جانىم نە ئېرۇر، جۈملە ماكانىم كۆيدۈرەر،

پۇتتى ئەمدى تاقىتىم، سەبرى-قارارىم كۆيدۇرەر.

ئىشق ئوتى ئەمدى ماڭا قايتىپ كېلەرىن بىلمىدىم،
بۇ زۇلەيخا ھالىغا ھەرگىزمۇ پەرۋا قىلمىدىم،
مەستۇ مۇستەغرىق يۈرۈپ ئەسلا ئۆزۈمگە كەلمىدىم،
ئول ياراتقان تەڭرىنىڭ بۇ مۆجىزاتىن كۆرمىدىم،
كۇلبەئى ئەۋزاندە① مەن، ئىشرەتتە يارىم كۆيدۇرەر!

ئەي خۇدايا سالما يۇسۇپ كۆڭلىگە ھىجران دېغى،
بولمىغاي ھەرگىز خازان ئۇشبۇ مۇھەببەتنىڭ بېغى،
بۇ ئېرۇر ئەمدى ماڭا ئىشقى گادالىقنىڭ چېغى،
قۇل ئىدىم قىلدىڭ مەلىك② ھەم بىر پەرىنىڭ ئاشىقى،
ئىشق سۆيگۈ ئۆرتىدى جۇرئەت-مادارىم كۆيدۇرەر!

ساقلىغىن خالىس ئۆزەڭ ئۆتمە مۇھەببەت دەشتىدىن،
قىزىللىقتا كۆپ ھەزەر قىل ئىشقى-سەۋدا دەستىدىن،
دىمىسۇن مەجۇن سىنى ئەل ئۆتكىنىڭدە رەستىدىن،
گەر گىرىپتار بولغىنىڭدا قاچمىغىن يار ۋەسلىدىن،
ئۇشبۇ شەيدالىق يامانۇر، يوقۇ-بارىم كۆيدۇرەر!

ھەزرىتى يۇسۇپ، زۇلەيخانىڭ جامالىغا قاراپ چەندان مېھر-مۇھەببەتكە چۇلغاندى، كۆزىگە زۇلەيخانىڭ گۈزەل جامالىدىن باشقا ھېچنەرسە كۆرۈنمىدى، بى ئېختىيار ھالدا زۇلەيخاغا ئۆزىنى تاشلاپ، ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلدى. ئەمما، زۇلەيخا دېدىكى:

— ئەي يۇسۇپ، ئۇياتمامسەن؟ سەۋرى-قانائىتىڭ شۇنچىلىكمۇ؟ ماڭا ئىشقتا سەۋىر قىلىش ھەققىدە تەنبىھ بەرمىگەنمىدىڭ؟ قۇلۇقىنى تارت، ئۇستىمىزدە خۇدا ھازىر. مەن سېنىڭ ھىجرىڭغا ئون ئىككى يىل سەۋىر قىلدىم، سەنمۇ سەۋىر قىلغايسەن!...

ئەلقىسسە، شۇ كۈندىن باشلاپ، يۇسۇپ زۇلەيخانىڭ ئىشقىدا كېچە-كۈندۈز داد-پەرياد چەكتى، كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. كېلىدىن ھېچنەرسە ئۆتمىدى، «ئاھ زۇلەيخا، ۋاھ زۇلەيخا» دەپ، ئۇنىڭ نامىنى تىلىغا ئېلىپ، شۇنىڭدىن دەردىگە دەرمان تېپىپ كۈنلەرنى تۈنلەرگە ئۇلىدى. ئەمما، زۇلەيخا يۇسۇپكە ھېچ ئىلتىپات قىلماس ئىدى، ھەتتاكى، يۇسۇپكە كۆرۈنۈشتىن ئۆزىنى تارتىپ، جامالىنى پىنھان تۇتۇپ، ئۆز دەردىگە يىغلاپ، يالغۇز بىر ئۆيگە كىرىپ، خۇداغا ئىبادەت قىل-

① كۇلبەئى ئەجران — خازانلىق ئۆيى.

② مەلىك — پادىشا

لار ئىدى. ئون ئىككى يىل شەيدالىق
ئوتىدا كۆيۈپ ئادا بولغان زۇلەيخا، ۋە-
سال پەيتلىرى يېتىپ كەلگەن ئۇشبۇ دەم-
لەردە پاك ئىشقى-مۇھەببىتىنىڭ ئېغىر سەر-
گۈزەشتىلىرىنى ئويلاپ، ئۆز هالىغا شۈكرى
قىلىپ، يۈسۈپنىڭ پىراقىنى كۆڭلىدىن چىق-
قىرىش، بۇ چەكسىز دەرت-ئەلەمدىن
ئادا-جۇدا بولۇشقا جەزم قىلغان ئىدى.
يۈسۈپنىڭ شەيدالىغى بولسا، كۈندىن-كۈن-
گە ئۇلغايدى، ئۇ زۇلەيخانى كۆرمەي
تاقەت قىلالمىدى، چارباققا زۇلەيخانىڭ
هەرەمى ئالدىغا كېلىپ، بىدار هالدا نۇر-
غۇن كېچىلەرنى ئۆتكۈزدى.

كۈنلەرنىڭ بىردە زۇلەيخا تاۋۇس-
تەك ياسىنىپ، هۆسنى-چىرايىغا تولۇپ،
ئەتراپىغا مۇشك، ئەنبەر چېچىپ چار-
باققا چىقتى. يۈسۈپ زۇلەيخانىڭ قامىت-
تىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى تۇتالماي، ئۇنىڭ
ئارقىسىغا ئەگەشتى، زۇلەيخا بولسا، ئال-
دىغا چۈشۈپ قاچتى. يۈسۈپ زۇلەيخانىڭ
چاچۋانىغا ئېسىلدى، زۇلەيخانىڭ چاچۋانى
يىرتىلدى... زۇلەيخا كەينىگە قاراپ، خۇش
تەبەسسۇم بىلەن يۈسۈپكە تەنە قىلغاندەك
ئىما قىلدى...دە، ئۆز هەرەمىگە كىرىپ
كەتتى، يۈسۈپنىڭ يۈرىگىدە گويا ئوت
كۆيگەندەك بولدى، ئۇ زار-زار يىغلاپ،
زۇلەيخانىڭ پىراقىدا ئۇشبۇ بېيىتنى
ئوقۇدى:

قىلدىڭ كەرەشمە بىر بېقىپ،
كەتتىڭ جىنىمغا ئوت يېقىپ،
قالدىم كۆزۈمدىن ياش ئېقىپ.
ئەي زۇلەيخا رەهىم قىل!
كۆيدۈرمەگىن جانىمنى سەن،
ئاققۇزمىغىن قانىمنى سەن،
بىلدىڭ جىمى سىرىمنى سەن،
ئەي زۇلەيخا رەهىم قىل!
بەرمە ماڭا ئەمدى جازا،
قىلغىن كەرەم ئەي مەهلىقا،
بىر سۆي مېنى بولاي رىزا،
ئەي زۇلەيخا رەهىم قىل!

...ئەلقىسسە، بۇ باپتا رىۋايەتچىلەر
شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى، تەڭرى تائالا-
نىڭ روسۇلى يۈسۈپنىڭ بۇ ئىشىق ماجى-
راسى ئەرش مالائىكلىرىنى تەسىرلەندۈردى.
مالائىكلار خۇداغا يىغلاپ: «ئەي پەرۋەر-
دىگار، يۈسۈپنىڭ هالىغا تاقەت قىلالمىدۇق.
.هەبىبىڭنى يار ۋىسالىغا مۇيەسسەر قىلغاي-
سەن» دەپ مۇراجەت قىلىشتى. خۇدا
جەبرائىلدىن ۋەهى ئەۋەتتى. روهىل
ئەمىن① ئاللادىن ۋەهى ئېلىپ، يۈسۈپكە
يەتكۈزدىكى: «ئەي يۈسۈپ، خۇدايىڭ
سالام دىدى، مالائىكلەر هەمدۇ-سانا
ئەۋەتتى. زۇلەيخا ئالىنىڭ ئەمرى بىلەن
باشتا ساڭا شەيدا بولۇپ، سېنى قوغلاپ،
ياقاڭنى يىرتقان ئىدى، ئەمدى، خۇدايى
تائالا زۇلەيخاغا سەۋر-قانائەت ئاتالا قىلىت-
دى، شەيدالىق نۆۋىتى ئەمدى ساڭا نېسىپ
قىلىندى، هالاسەن بۈگۈن زۇلەيخانىڭ
كەينىگە چۈشۈپ، ئۇنىڭ چاچۋىنىنى يىرت-
تىڭ... ئىككىڭلارنىڭ تەڭ بولدى... شەي-
دالىغىڭغا ئوتتۇز بەش كۈن بولدى، يەنە
بەش كۈن سەۋر قىلغىل، قىرىق كۈندىن
كېيىن، تەقدىرى ئەزەلدە پۈتۈلگەن نىكا-
هىڭلار روياپقا② چىققاي!»
يۈسۈپ تەقدىرگە تەن بېرىپ، ئۆت-
رىگە تەسەللى هەمرا قىلىپ، سەۋرى-قا-
نائەت قىلدى، ئەمما، باغرىنى سو-
غاق يەرگە يېقىپ، «ئاه زۇلەيخا، ۋاه

① روهىل ئەمىن — جەبرائىلنىڭ سۈپىتى.
② روياپقا چىقىش — ئەمەلگە ئېشىش مەنىسىدە.

زۇلەيخا!» دەپ پەريات چېكىپ، شامدىن
تاكى تاڭ سەھەرگىچە يىغلاپ بەش
كۈننى ئۆتكۈزدى، بۇ بەش كۈن يۈسۈپ
ئۈچۈن بەشيۈز يىلدەك ئۇزاق بىلىندى.
زۇلەيخانىڭ ئون ئىككى يىل تارتقان
ئىشق ئازاۋى يۈسۈپنىڭ قىرىق كۈنلۈك
ھىجران كۈلپىتى ئالدىدا زەررىچە ئەمەس
ئىدى!

ئەلقىسسە، قىرىق كۈن توشتى: جەب-
رائىل ۋەھى ئېلىپ كەلدى. ھەزرىتى يۈ-
سۈپ، چەندان شاتلىق ئىچىدە شاھ راي-
يانغا خەۋەر قىلدى. شاھ رەييانى يۈسۈپ-
نىڭ زۇلەيخانى ئۆز نىكاھىغا ئېلىش
قارارىغا كەلگىنىنى ئاڭلاپ، ھەددىسىز خۇ-
شال بولدى، خەۋەرچىلەرگە تەتىللا تون-
لارنى كىيگۈزۈپ، ئۆزى پىيادە يۈسۈپنىڭ
ھۇجرىسىغا كەلدى. ھەزرىتى يۈسۈپ ئۆز
مۇددىئاسىنى رەييانغا ئىزھار قىلدى، رەييان
«مەرھەبا ئەي يۈسۈپ!» دەپ، دەرھال
زۇلەيخاغا چاپارمەن ئەۋەتىپ بۇ خۇشخە-
ۋەرنى يەتكۈزدى، زۇلەيخا بۇنى ئاڭلاپ،
بىر ئۇھ تارتىپ، ھۇشىدىن كەتتى، كېيىن
ھۇشىغا كېلىپ، ئاللاغا كۆپ شۈكرى-
سانا ئېيتىپ، ئەڭ نەپىس، ئېسىل ۋە گۈ-
زەل كىيىملىرىنى كىيىپ، ياسىنىپ، كېنى-
زەكلىرى بىلەن ئوردىغا كەلدى. يۈسۈپ
بىلەن زۇلەيخا بىر-بىرلىرىگە قارىشىپ،
ۋىسال شاتلىغىدىن ئۈنسىز بۇقۇلداپ يىغ-
لاپ، قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى... مىسىر ئېلىدە
يۈسۈپ بىلەن زۇلەيخانىڭ داغدۇغىلىق
توي مەرىكىسىگە شاھانە تەييارلىق باش-
لاندى، يۈسۈپ زۇلەيخا ئۈچۈن ئالتۇن-
كۈمۈش ۋە مەرمەردىن ھەيۋەتلىك كاشا-
نە① ياساتتى، ئۇشبۇ جاھاننىڭ ئەڭ نەپىس
سەنئەت نەمۇنىلىرىدىن ئۈرنەك ئېلىپ،
كاشانە ئىچى-تېشىنى نەقىش، گۈل بىلەن
زىننەتلىدى. كاشانىگە «بەيتۇلھەرەم»②
دەم نام قويدى ۋە بۇنى زۇلەيخانىڭ
خاس خانىسى قىلدى. يۈسۈپ زۇلەيخاغا
دېدىكى:

— ئەي زۇلەيخا، سەن مېنىڭ ئىش-
قىمغا ئاتاپ بىر ئۆي ياساتقان ئىدىڭ،
ئۇ ئۆيگە «كاسافەت خانا»③ دەپ نام
قويغان ئىدىڭ. مەن سېنىڭ ئىشقىڭ شا-
راپىتى ئۈچۈن مەزكۇر كاشانىنى ياساتتىم
ۋە ئۇنى «بەيتۇلھەرەم» دەپ ئاتىدىم.

زۇلەيخا خۇش تەبەسسۇم، نازۇ-كە-
رەشمە بىلەن يۈسۈپكە تازىم قىلدى...

قىرىق كېچە-كۈندۈز توي قىلىن-
دى، پۈتۈن مىسىر خەلقى قىرىق كېچە-
كۈندۈز توي مەئىشىتى بىلەن ئوزۇقلاندى.
يۈزمىڭلاپ تۆگە، قوي سويۇلدى، ئاشتا
تويمىغان، يېڭى لىباس-سەرۇپايى كەيمە-
گەن ئادەم قالمىدى، مىسىرنىڭ گادايلىرى
باي بولدى...

يۈسۈپ بىلەن زۇلەيخانىڭ نىكاھىدا
جىمى مالائىكىلەر، پەرىشتەلەر ھازىر بولدى،
بۇ ئىككى ئاشىق-مەشۇق مۇراد-مەقسەت-
لىرىگە يەتتى. بۇ ۋىسال پەيتىدە جىمى
كائىنات «مەرھەبا!» دېدى... يۈسۈپ
بىلەن زۇلەيخانىڭ ئىشقى-مۇھەببىتى
بەشەرىيەت④ مۇھەببىتىنىڭ ئېپتىداسى، رە-
شىك ۋە ھىجرانىڭ ئىنتىھاسى⑤ بولدى...

① كاشانە — مەخسۇس بېزىتىلگەن قەسىر.
② بەيتۇلھەرەم — مەخسۇس ئۆي - ساراي.
③ «كاسافەت خانا» — پارىچە پالاكەت باستان ئۆي.
④ بەشەرىيەت — ئىنسانىيەت، كىشىلەر دۇنياسى.
⑤ ئىنتىھا — ئاخىرى، تۈگىشى، تاماملىنىشى.

بىيىت:

نە خوش كۈندۈر مۇساھىپلەر كىشى جانانىغا يەتسە،
چىكىپ جەبرۇ-جاپالارنى كۆزى مەستانىغا يەتسە.

تۈمەن رەنجى-مۇشەققەتلەر يولىدا يۈزمىڭ ئاپەتلەر،
كۆرۈپ تۈرلۈك ئالامەتلەر گۈلى رەيھانىغا يەتسە.

پەلەك ئۇردى ماڭا شەبخۇن، يىقىلدى باشىمە گەردۇن،
كۆرۈپ يۈز دەردۇ-غەم، ئەبزۇن يەنە دەرمانىغا يەتسە!

مېنىڭ كۆڭلۈم خاراپ بولدى، كۆيۈپ باغرىم كاباپ بولدى،
مېنىڭدەك كۆيدۈرۈپ جانى كىشى ئەرمانىغا يەتسە!

مەلەك سىما، بويى زىبا، كۆزى ئاھۇ، يۈزى رەئنا،
بولۇپ چۇن ئەندەلىب شەيدا گۈلى خەندانىغا يەتسە!

نە خۇش دۆلەت ئادەتتۇر، نەچچە يىل مۇنتەزىر بولغان،
ئۈمىتلىك ھەر كىم دىسە خەستەسى دەرمانىغا يەتسە!

بەھەققى ھۆرمىتى يۇسۇپ، مېنىڭ ھەم ھىجرى دەردىم كۆپ،
يەنە ئۇل ھۆرمىتى ياقۇپ، بۇ مىسكىن يارىغا يەتسە.

قىرىغاندا مېنىڭ كۆڭلۈم نە ئالدى بۇ زۇلەيخانى،
خۇدايا كۆز تۇتارمەن بۇ دىلىم داستانىغا يەتسە!

قېنى ياقۇپ، قېنى يۇسۇپ، قەيەردە شەھرى كەنئان ھەم؟
ئاۋاپ ئەتكەي ئىدى خالىس ئۇلار مازارىغا يەتسە!

ئەلقىسسە، بۇ ئىككى ئاشىق-مەشۇق قوشۇلۇپ، مۇرات-مەقسىدىگە يەتتى. يۇسۇپنىڭ دۆلىتى كۈندىن-كۈنگە زىيادە بولدى. جىمى ئالەم ئۇنىڭ ئەمىر-پەرمانىدا بولۇپ، شۇنداق پادىشالىق قىلدىكى، ئادىل ۋە راستلىق بىلەن رەئىيەتكە غەمخورلۇق قىلىپ، ئېلىنى ئابادانچىلىققا ئايلاندۇردى. يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ تەئرىپى-تەۋسىپلىرى ئالەمگە يېيىلدى. مىسىر ئېلى ئاۋات-پاراۋان بولغان زاماندا، قەھەتچىلىك ئاپىتى كەنئانغا يېتىپ كەلدى. كەنئانلار مىسىر ئېلىگە كېلىپ، ئاشلىق-دان ئېلىپ ۋە باشقا سودا-تىجارىتىنى قىلىپ قايتىدىغان بولدى.

كۆنلەرنىڭ بىرىدە ياقۇپ ئەلەيھىسسالام مىسىرنىڭ پاراۋانلىقىنى ئاڭلاپ، ئوغلانلىرىنى چاقىردى ۋە دىدىكى:

— سىلەر مۇسودىگەرلەر بىلەن قوشۇلۇپ، مىسىرگە بېرىڭلار ۋە يىگۈدەك دان ئېلىپ كېلىڭلار. مىسىر شاھىنى زىيارەت قىلىڭلار، مۇبادا سىلەرگە جەبىر - سەتەم قىلىنغۇدەك بولسا، ئۆز نامۇ - نەسەبىڭلارنى ئىزھار قىلىپ، مەندىن سالام ئېيتىڭلار. مىسىر شاھى ئەدلى ئادالەتتە، رەئىيەتپەرۋەرلىكتە مەشھۇردۇر، سىلەرگە ئىززەت - ئىكرام قىلۇر. شۇنداق دەپ، ئۇ ئۆز نامىدىن مىسىر شاھىغا بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ بەردى. ئوغلانلىرى مەكتۇپنى ئېلىپ بىر نەچچە تۆگە مال يۈكلەپ، سەپەر جابدۇقلىرىنى تەخلەپ، مىسىرغا قاراپ يولغا چىقتى.

ئەلقىسسە، مىسىر شاھى يۈسۈپ ئۆز ئېلىنىڭ تۆت ئەتراپىغا قاراۋۇل - ياساۋۇللارنى تۇرغۇزۇپ، چەتتىن كەلگەن سودىگەر - مۇساپىرلارنىڭ نامى - ئەمالىنى تەكشۈرۈشنى، چارلاپ ئاندىن شەھەرگە كىرگۈزۈشنى ئەمىر قىلغان ئىدى. يۈسۈپنىڭ ئاغىلىرى ئۆز كارۋىنى بىلەن مىسىرگە يېقىنداپ كەلدى. شەھەرگە كىرىشتە قاراۋۇللارغا دۇچ كەلدى. قاراۋۇللار ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى چارلىدى. ئاغىلىرى دادىسى ياقۇپنىڭ مەكتۇپىنى قاراۋۇللارغا كۆرسەتتى. قاراۋۇللار مەكتۇپنى ئېلىپ، شاھنىڭ ھوزۇرىغا كەلدى:

— ئەي شاھىم، — دىدى ئۇلار، — كەنئاندىن بىر كارۋان كەلدى، ئۇلار ئۇشبۇ مەكتۇپنى ھوزۇرىڭىزغا كىرگۈزدى.

يۈسۈپ مەكتۇپنى ئېلىپ ئوقۇدى ۋە دادىسى ياقۇپنىڭ سالامىدىن ۋاقىپ بولۇپ، بىھوش بولۇپ يىقىلدى، كېيىن ھوشىغا كېلىپ دىدىكى:

— ئەي نەۋكەرلەر، بۇ كەلگەن كارۋانلارنى سارايغا تەكلىپ قىلىڭلار، ئۇلار مېنىڭ ئالدىمغا ھاجەت بولۇپ كەلگەن بولسا، زۇلۇم قىلىش ياخشى ئەمەستۇر. شەھەرگە كىرگۈزۈپ، ھوزۇرۇمغا كەلتۈرۈڭلار!

نەۋكەرلەر يۈسۈپنىڭ ئاغىلىرىنى ئوردىغا باشلاپ كىردى، يۈسۈپ ئۇلارنى چوڭ ئىززەت - ئىكرام بىلەن زىياپەت قىلدى. يۈسۈپنىڭ ئاغىلىرى مىسىر شاھىنىڭ بۇ ئېھتىرامىغا مەدھىيە ئوقۇدى، شاھقا رەھمەت - تەشەككۈر ئىزھار قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىدا ئېگىلدى، قارىسا، شاھ يۈزىگە پەردە تارتىۋالغان ئىكەن، ئۆزى ئالتۇن تەختتە ئولتۇرۇپتۇ، ئىككى ئەتراپىكى جاۋاھىر بىلەن نەقىشلەنگەن كۇرسىلاردا ۋەزىر ۋە ساراي ئەھلىلىرى ئەدەپ بىلەن ئورۇن ئاپتۇ. ئولىما، ھۆكۈما ۋە نەۋجەۋان بەگلەر تەختنىڭ تۆت تەرىپىدە مۇنتەزىر تۇرۇپتۇ. ئاغىلىرى بۇ ئۇلۇغ سەلتەنەتنى كۆرۈپ قورقۇپ، ئەيمەندى ئەمما يۈسۈپ ئۆز ئاغىلىرىنى كۆرۈپ، قېرىنداشلىق مېھرى جۇش ئۇرۇپ، ئىككى كۆزىگە ياش ئالدى، لېكىن سەۋىر قىلىپ، سىرنى پىنھان تۇتۇپ، ئەرەبى تىل بىلەن ئۇلاردىن سوئال سورىدى:

— سىلەر كىمنىڭ ئەۋلادى، قايسى باغنىڭ گۈلى، قايسى گۈلنىڭ بۇلبۇلى، قايسى دەريانىڭ گەۋھىرى ۋە قايسى سەدەپنىڭ جەۋھىرى؟ قەيەردىن پەرۋاز قىلىپ بۇ دىيارغا چۈشتىڭلار؟

ئاغىلىرى ئېگىلىپ تازىم قىلدى ۋە جاۋاپ بېرىپ شۇنداق دىدى:

— ئەي سائادەتلىك ۋە مۇرۇۋۋەتلىك شاھ، بىز خۇدانىڭ مۆمىن قۇللىرىدۇرمىز، ھەزرىتى ئىبراھىمنىڭ ۋە ھەزرىتى ئىسمائىلنىڭ نەۋرىلىرى، ھەزرىتى ياقۇپ ئەلەيھىسسا-

سالامىنىڭ چەشمە دىدىلىرىدۇرمىز. كەنئاندىن تىجارەتكە كەلدۇق، پەدەر بۇزرۇكۋارىمىزنىڭ سالامىنى ئېلىپ، ھوزۇرىڭىزنىڭ زىيارىتىگە مۇشەررەپ بولدۇق.

— ئاتىڭىزلارنىڭ كەسپى-كارى نىمە؟ نەچچە پەرزەندى بار؟— دەپ سورىدى شاھ.

ئۇلار جاۋاپ بېرىپ دىدىكى:

— بىز ئون ئىككى ئوغۇل ئىدۇق، ئەمما بىرىسىنى بۆرە يەپ كەتكەن، ھازىر ئون بىر ئوغۇل قالدۇق.

— راست سۆز قىلىڭلار، يالغان ئېيتساڭلار خۇدا راۋا كۆرمەيدۇ. شەرمەندە بولىسىلەر،— دىدى يۇسۇپ.

— ئەزبىرايى، خۇدا — دىيىشتى ئاغىلىرى، — سۆزلىرىمىزنىڭ ھەممىسى راستتۇر، سىزنىڭ تەئرىپ-تەۋسىپلىرىڭىزنى ئاڭلاپ، ئاتىمىز ھوزۇرىڭىزغا ئەۋەتتى...

يۇسۇپ ئۆزىنى تۇتۇپ، شۇنداق دىدى:

— ئەي ياقۇپ پەيغەمبەرنىڭ ئوغلانلىرى، ئۇلۇغ، پاك زاتنىڭ دىلبەرلىرى ئىكەنسىلەر، ئاتىڭىزنىڭ مەكتۇبىدە، «بىر ئوغلانىم يوقاپ كەتكەن، ھالا ئىز-دېرىگى يوقتۇر، مىسىر دىيارىدىن ئىزلەشكە شاھلىق شەۋكىتىڭىز بىلەن ياردەم قىلغايسىز»، - دىيىلگەن. سىلەر، بۆرە يىگەن، دىدىڭلار، ئاتاڭلارنىڭ سۆزى راستمۇ ياكى سىزلەرنىڭمۇ؟

— بىزنىڭ راستتۇر، ئۇكىمىزنى بۆرە يىگەندە ھەممىمىز ئۇنىڭ يېنىدا ئىدۇق،— دىيىشىپ، ئۇلار يۇسۇپنىڭ ساياھەتكە چىققان ۋاقتىدىكى ھادىسىلەرنى بىر-بىرلەپ بايان قىلدى.

— بىر پەيغەمبەر ئەۋلادىنى ۋەھشى ھايۋانلار يىمەيدۇ، دەپ ئاڭلىغان ئىدۇق. قېرىنداشلارنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەت-ئەلەملەر پۈتۈن ئالەمگە ئاشكارا بولدى،— دىدى يۇسۇپ ۋە يەنە سورىدىكى:

— قېرىنداشلارنىڭ ئېتى نىمە ئىدى؟

— يۇسۇپ ئىدى. بىر ئانىدىن ئىككى ئوغۇل بىر قىز بولۇپ، چوڭى يۇسۇپ، كىچىگى ئىبىن يەمەن، سىڭلىسى نارجان دەپ ئاتىلاتتى، يۇسۇپنى بۆرە يىگەندىن كېيىن ئاتىمىز ئىبىن يەمەننى يۇسۇپ ئورنىدا كۆرۈپ، كېچە-كۈندۈز ئۆز يېنىدا تۇتىدۇ.

ئاندىن ئۇلار دادىسى ياقۇپ پەيغەمبەرنىڭ يۇسۇپ پىراقىدا قىرىق يىل يىغلاپ، جۇدالىق ۋە سېغىنىش دەردىدە ئىككى كۆزى ئەما بولغانلىغىنى، ھازىرمۇ يۇسۇپ كويىدا دىلى ۋەيران، كۆڭلى پەرىشان ياشاۋاتقانلىغىنى، كەنئاننى قەھەتچىلىك، ئاچلىق ۋە غۇربەتچىلىك بالاسى ئۆز چاڭگىلىغا ئالغانلىغىنى، ياقۇپنىڭ مىسىر ئېلىدىن ياردەم ئىستەيدىغانلىغىنى بىرمۇ-بىر سۆزلەپ تۇردى. ئاغىلىرىدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان يۇسۇپنىڭ يۈرەك-باغرى لەختە-لەختە بولۇپ ئىچىدە بۇقۇلداپ يىغلىدى، ئەمما سىرتىغا چىقارمىدى، سىرنى پىنھان تۇتۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ دىدىكى:

— بۇ مۇساپىر مېھمانلارنى ياخشى تائام ۋە مەئىشەت بىلەن كۈتۈڭلار، سوغا-سالاملىرىنى قوبۇل قىلىڭلار!— دەپ ئەمىر قىلىپ، ئۆز ھەرەمىگە كىرىپ كەتتى. يۇسۇپ ھەرەمگە كىرىپلا ھۆڭرەپ يىغلىدى. چوڭقۇر دەرت-پىراق ئىچىدە ئاھۇ-پىغان چەكتى. بۇ ھالنى كۆرگەن زۇلەيخا يۇسۇپنىڭ يېنىغا كەلدى-دە:

— ئى شەھرىيار، نىمىگە بۇنچىلىك پىغان چېكىسىز، يىغلىشىڭىزنىڭ بائىسى نىمە؟— دەپ سورىدى.

— ئى زۇلەيخا،— دىدى يۇسۇپ،— بۈگۈن مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن! ھەزرىتى ياقۇپ— مېنىڭ ئاتام ئىدى. مېنىڭ

پەدەر بۇزرۇكۋارىم، پۇشتۇ پاناھىم، دۇئا گۇيۇم ئىدى. ھالا بۇگۇن مىنىڭ پىراقىمدا ئىككى كۆزىدىن ئايرىلىپتۇ، بەللىرى مۇكچەيىپ مادارىدىن كېتىپتۇ. ئۇشبۇ كەلگەن سودىگەر سىياقىدىكى مۇساپىرلار مىنىڭ ئاغىلدىرىم بولىدۇ، — دەپ ئۆز بىشىدىن ئۆتكەن ھەممە سەرگۇزەشتىلەرنى تاكى قۇل بولۇپ سېتىلىپ، زۇلەيخا ھەرەمىگە مەھرەم بولغىنىغىچە تەپسىلى سۆزلەپ بەردى. ئاندىن دىدىكى:

— ئى زۇلەيخا، ئۇشبۇ ۋەقەلەرنى ساڭا ئىزھار قىلدىم، بىر مۇددەت پىنھان تۇتقايسەن، سىر-ئەسرارىمىز بى ۋاقىت ئاشكارا بولمىسۇن.

كېيىن يۇسۇپ يەنە تەختىگە چىقىپ، ئاغىلىرىنى چاقىرتتى ۋە ئۇلارغا شۇنداق دىدى:

— ئى كەنئانلىق مۇساپىرلار، سىلەرنىڭ ئىيتقان سۆزۈڭلارغا ئىشەنچە بىلدۇرۇپ بولمايدۇ، راست گەپ قىلمىدىڭلار، ئىھتىمال جاسۇس ياكى ھىلە-مىكىر بىلەن مەشغۇل بولغان ناپىسەت بولساڭلار كېرەك.

يۇسۇپنىڭ ئاكىلىرى باش-كۆزلىرىگە ئۇرۇپ، دات-پەرىيات كۆتىرىپ دىيىشتىكى:

— ئى مۇرۇۋۋەتلىك شاھ، بىز راستىنلا خۇدانىڭ ھەبىبى ياقۇپ پەيغەمبەرنىڭ ئوغۇللىرىمىز. بىزنى بۇ يەرگە ئاتىمىز ئەۋەتتى، سۆزلىرىمىزنىڭ بىرسىمۇ يالغان ئەمەس، ئىيتقانلىرىمىزغا خۇدا ئۆزى گۇۋادۇر. قەھەتچىلىكتە قالغان كەنئان ئۇچۇن دەشتى-باياۋانلارنى كېزىپ مىسىر ئېلىگە كەلدۇق، ياخشى نىيەت، خالىس مەقسەتتىن باشقا دىلىمىزدە ھىچقانداق غۇبار يوق!

— خوپ، — دىدى يۇسۇپ ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىپ، — سىلەرگە يېتەرلىك ئاشلىق-دان بېرىپ، كەنئانغا يولغا سالاي، لېكىن شۇ شەرت بىلەنكى، ئاراڭلاردىن بىرىڭلار كېپىللىك ئۇچۇن بۇ يەردە قالىسىلەر. ھەزرىتى ياقۇپنىڭ مەكتۇبىدە بايان قىلغان ۋەقەلەر راست بولسا، سىلەر ئىبىن يەمەنىنى ئېلىپ قايتىپ كېلىڭلار، ئاندىن مەن سىلەرنىڭ راست پەيغەمبەرزادە ئىكەنلىكىڭلارغا ئىشىنىمەن، جاسۇسلۇق ۋە ناپىسەتلىك قىلمايدىغانلىقىڭلارغا شۇبھىلەنمەيمەن! ئانداق قىلالمىساڭلار بارچە سۆزۈڭلارنىڭ يالغانلىقى، كاززاپ ۋە مەككار ئىكەنلىكىڭلار ئايان بولىدۇ!

— ئى ئادالەتلىك شاھ، شەرتلىرىڭىزگە كۆنىمىز، بىزنى ئۆز كارۋىنىمىزگە قوشۇپ، كەنئانغا يولغا سېلىشىڭىزنى ئىلتىجا قىلىمىز، — دىيىشتى يۇسۇپنىڭ ئاكىلىرى يالۋۇرۇشۇپ.

ئۇلارنىڭ ئىچىدىن شەمئۇن ئالدىغا چىقتى. شەمئۇن مەرت ۋە گېپىدە تۇرىدىغان باتۇر ئىدى، ئۇ دىدىكى:

— ھەممىمىز ئۇچۇن مەن كېپىل! ئەگەر شەرت بويىچە ئۆز ۋاقتىدا بۇلار يېتىپ كەلمىسە ھەرقانداق جازاغا تەييارمەن. بىرىلگەن ئاشلىق-دان ئۇچۇن قەرزدارمەن!

— خوپ، يېتەرلىك ئاشلىق، كىيىم-كېچەك، لەئلى-جاۋاھىر ۋە قورال-ئەنجاملار بېرىلسۇن! — دەپ ئەمىر قىلدى يۇسۇپ ھەمدە ياقۇپ پەيغەمبەرگە بىر پارچە مەكتۇپ يېزىپ ئەۋەتتى.

ئەلقىسسە، يۇسۇپنىڭ ئاكىلىرى تۆت يۈز تۆگىگە ئاشلىق ۋە باشقا سوغا-سالاملارنى يۈكلەپ، شەمئۇننى كېپىللىكتە قالدۇرۇپ، كەنئانغا قاراپ راۋان بولدى. كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ بىرنەچچە مەنزىلنى بېسىپ ئۆتۈپ، كەنئانغا يېتىپ كەلدى. ھەزرىتى ياقۇپنىڭ ئالدىغا كىرىپ، سالام ۋە ئېسەنلىك-ئامانلىقتىن كېيىن، مىسىر شاھى بىلەن بولغان ۋەقەنى بەتەپسىل بايان

قىلدى، مەكتۇپنى بەردى. ھەزرىتى ياقۇپ
مەكتۇپنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنى كۆزىگە يېقىن
ئەكەلدى، خەت يېزىلغان مۇلجاما ئىپەك
قەغەزنى پۇرىدى-دە، كۆزلىرىگە جىق ياش
ئالدى. ئوغلانلىرى بۇنى كۆرۈپ ھەيران
قالدى: «ئى ئاتا، نىمە ئۇچۇن يىغلايسىز؟»
دەپ سورىدى. ياقۇپ ئېيتتىكى: «بۇ مەك-
تۇپتىن كۆز نۇرۇم يۇسۇپنىڭ ھىدى كەلدى.
مەكتۇپنى يازغان شاھتىن يۇسۇپىمنىڭ دېرى-
كىنى سوراپ كۆرۈڭلار، ئۇنىڭ قايدا ئىكەنى-
لىگىنى ئۇ شاھ بىلسە ئەجەپ ئەمەس!...»

ئاندىن قايتا سەپەر تەرەددۇتىنى
قىلىپ ئوغلى ئىبىن يەمەننى قوشۇپ ئوغ-
لانلىرىنى مىسىرگە يولغا سالدى... ئۇلارغا
دۇئا، پاتىھە بېرىپ: «ھەسەتخور كۆزلەردىن
ساقلىنىڭلار، توپ-توپ بولۇپ يۈرمەڭلار،
شاھنىڭ ئالدىغا كىرگەندە ئەدەپ-تاۋازئىنى
ئۇنتۇماڭلار» دەپ نەسىھەت قىلدى. ئۇلار
بىرنەچچە كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ، مى-
سىرگە يېتىپ كەلدى ۋە شاھقا خەۋەر
يەتكۈزدى، شاھ كىرىشنى ئەمىر قىلدى، بۇ
خەۋەردىن ۋاقىپ بولغان شەمئۇن قېرىنداش-
لىرىنىڭ ئالدىغا چىقتى-دە، ئوردىغا باشلاپ
كىردى. يۇسۇپ ئۆز تەختىدە، يۈزىگە پەردە
تارتقان ھالدا ئۇلارنى قوبۇل قىلدى.

ئاكىلىرى ئەدەپ بىلەن يۇسۇپكە
سالام بېرىپ، ھەزرىتى ياقۇپنىڭ سالامىنى
ۋە تەشەككۈرلىرىنى يېزىپ بەرگەن مەكتۇ-
بىنى يۇسۇپكە ئىزھار قىلدى، يېزىپ بەر-
گەن مەكتۇبىنى يۇسۇپكە سۇندى ۋە ئىبىن
يەمەننى كۆرسىتىپ:

— ئى سائادەتلىك شاھ، بىزنىڭ كىچىك
ئۇكىمىز، يۇسۇپنىڭ بىر تۇققان قېرىندىشى
ئىبىن يەمەن ئۇشبۇ يىگىتتۇر. ۋەدىسىگە ۋاپا
قىلىپ ئۇنى ھۇزۇرىڭىزگە ئېلىپ كەلدۇق.
پەيغەمبەرزادە ئىكەنلىگىمىزگە ۋە سىزگە
سادىق ئىكەنلىگىمىزگە ئىشىنىشىڭىزنى سوراي-
مىز!—دېيىشتى. ئىبىن يەمەن ئالدىغا چى-
قىپ، يۇسۇپكە چوكقۇر تازىم قىلدى-دە،
ئۆزىنىڭ ئىبىن يەمەن ئىكەنلىگىنى بايان
قىلدى. يۇسۇپ بۇلارنى شاھانە ئىززەت-
ئىكرام ۋە ھۆرمەت ئېھتىرام بىلەن ئوچۇق-چىد-
راي قارشى ئېلىپ، ھەزرىتى ياقۇپقا سالامەتلىك
تىلىدى، ئاندىن مەكتۇپنى ئېچىپ ئىچىدە
ئوقۇپ ئاكىلىرىغا قاراپ شۇنداق دىدى:

— ئەي پەيغەمبەرنىڭ ئوغلانلىرى،
ھەزرىتى ياقۇپ ئۆز خېتىدە «ئوغلۇم
يۇسۇپنىڭ دۇنيادا ھايات ئىكەنلىگىگە كۆڭ-
لۇمدە شۇبھە يوقتۇر، مىسىر دىيارىدىن
ئۇنىڭ دەرىكىنى بىلىشكە ئەجرى ئەزىم
قىلغايسىز!» دەپتۇ. سىلەر «ئۇنى بۆرە
يىگەن» دىدىڭلار. ئاراڭلاردا بۇ ئەسرار-
نىڭ راستىنى سۆزلەيدىغان دىلئۇزار يوق-
مۇ؟ — دەپ سورىدى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ،
ئىبىن يەمەن كۆزىگە ياش ئالدى،
يۈرىگى ھىجران كۈيىگە تەككەش بولۇپ
كۆيۈلدەپ ئۇرۇپ پۈتۈن بەدىنى ھاياجانغا
تولدى، ھۆكرەپ يىغلاۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران
تۇتۇپ، بۇ سىردىن خەۋەردار ئىكەنلىگىنى
ئاكىلىرى ئالدىدا ئېيتىشتىن ئەيمەندى-دە،
جىم تۇردى. يۇسۇپنىڭ ئاكىلىرى بۇ سىرى-
ئەسرارنىڭ ئېچىلىپ قېلىشىدىن، ئۆزلىرىنىڭ
شەرمەندە-شەرمىسار بولۇشىدىن ئەندىشە
قىلىشىپ شۇنداق دېيىشتىكى:

— ئى ئادالەتلىك شاھ، يۇسۇپنى بۆرە
يىگەنلىگىنى بىز ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەن-
دۇرمىز. بۇنىڭدا ھىچ شۇبھە يوقتۇر.

يۇسۇپ بىرەر پەيتى ۋە ئۆز سائىتى
كەلگىچە بۇ سىرنى پىنھان تۇتۇپ، ئاشكارا
قىلماسلىقا، ئاكىلىرى ئالدىدا ئۆزىنى تونۇت-
ماي تۇرۇشقا جەزم قىلدى-دە، چاندۇرماي
ئۇلارنى ئۆز مېھمانخانىسىغا زىياپەتكە تەك-

ليپ قىلدى. ئازادە مېھمانخانىغا شاھانە دەستۇرخان سېلىندى.

— ئەي مېھمانلار، — دېدى يۈسۈپ، — ھەممىڭلار قېرىنداش ئىكەنسىلەر، ھەركىم ئۆز قېرىندىشى بىلەن بىللە ئاكا-ئۇكا بىر جۈپ بولۇپ بىر تاۋاققا مەرھەمەت قىلسۇن.

ئۇلار «خوپ!» دەپ، ئاكا-ئاكا بىر جۈپ بولۇپ بىردىن تاۋاققا ئولتۇرۇشتى. ئاخىرىدا ئىبنى يەمەن تاق قالدى. يۈسۈپ بۇنى كۆرۈپ، ئىبنى يەمەننىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا جۈپ بولۇپ، بىر تاۋاققا ئولتۇردى. ئۇلار ئاشقا قول سوزۇشتى. ئىبنى يەمەن بولسا كۆزلىرى نەملىك خاموش ھالىتىدا تائامغا قول ئۇزاتماي ئولتۇراتتى. يۈسۈپ ئۇنىڭدىن:

— ئى يىگىت، تائامغا مەرھەمەت قىلىڭ. نېمە ئۈچۈن كۆزىڭىز ياشلىق، دىلىڭىز ۋەيران؟ مىسىردەك ئەلنىڭ شەھىنشاھى بىلەن بىر تاۋاقتا تائام يېيىشكە مۇيەسسەر بولغاندا، ئەجەبا ھالىڭىز پەرىشان بولدىغۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئى كەرەملىك شاھ، — دەپ جاۋاپ بەردى ئىبنى يەمەن، — جانابىڭىز بىلەن ھەمتاۋاق بولغىنىم ئۈچۈن خۇداغا كۆپ شۈكرى، لېكىن، ئىجازەت بولسا، دىلىم ۋەيران، ھالىم پەرىشان بولغانلىقىنىڭ سىرىنى ئېيتار ئىدىم.

— ھەرقانداق سۆزىڭىز بولسا ئېيتىڭ، نېمە دەردىڭىز بولسا ئىزھار قىلىڭ! — دېدى يۈسۈپ.

— ئى مۇرۇۋۋەتلىك شاھ، خۇدا سىزگە لۇتپ-ئىنايەت ئاتا قىلغاي، — دەپ سۆز باشلىدى ئىبنى يەمەن، — ھالىم پەرىشان بولماقلىقىنىڭ ئىككى سەۋىۋى بار: بىرى — جانجىگەر ئاكامدىن ئايرىلدىم. يەنە بىرى، سىزنىڭ قول ۋە بارماقلىرىڭىزنى كۆرۈپ «ئەجەبا ئاكام يۈسۈپنىڭ قوللىرىغا ئوخشايدىكەن» دېگەن خىيال دىلىمغا كەلدى ۋە ئاكامنىڭ پىراقى يۈرىكىمنى بىئارام قىلدى. شۇڭا تائام يېيىشكە قولۇم بارمىدى...

يۈسۈپ بۇنىڭغا جاۋابەن شۇنداق دېدى.

— ئى يىگىت، كۆڭلۈڭنى بىئارام قىلمىغىن، نىيىتىڭ خالىس بولسا، ئاكاڭنىڭ دىدارىغا مۇشەررەپ بولارسەن ئىنشائاللا!

زىياپەت ئاخىرلاشتى، يۈسۈپ ئاكىلىرىنى ياشقا خانىغا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئەمر قىلىپ، ئىبنى يەمەننى ئۆز مېھمانخانىسىدا ئېلىپ قالدى-دە، ئۇنىڭ بىلەن خىلۋەت جايدا مۇڭداشماقنى نىيەت قىلدى. شۇ ئەسنادا، خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن بىر شامال ئېسىپ، يۈسۈپنىڭ يۈزىدىكى پەردىنى قايرىدى، ئىبنى يەمەن يۈسۈپنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ قالدى-دە، دەرھال تونۇپ، بىھوش بولۇپ يىقىلدى. يۈسۈپ ئىبنى يەمەننىڭ بېشىنى تىزىغا ئېلىپ، يۈزىگە گۈلاپ چېچىپ ھوشىغا كەلتۈردى، ئىككىسى قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى... بىر ھازا مۇڭدۇشۇپ ئۇشبۇ بېيتلەرنى ئېيتىشتى:

ئىبنى يەمەن:

شۈكرى ئاللا قادىر ئىگەم يار ئىكەن،
دىدارىڭنى كۆرەر كۈنلەر بار ئىكەن،
ھىجرانىڭدا ئادا بولدۇم جان ئاكا،
دىدارىڭنى كۆرەر كۈنلەر بار ئىكەن.

يۈسۈپ:

غەم-غۇسسىلار بىردىن نېرى كېتىشتى،
ئىنتىزارلار بىر-بىرىگە يېتىشتى،
ھەسرەت بىلەن زار يىغلىدىم جان ئۇكا،
دىدارىڭنى كۆرەر كۈنلەر بار ئىكەن.

ئىبنى يەمەن:

كېچە ـ كۈندۈز پىكرىڭ ئىدى دىلىمدە،
يۈسۈپ نامىڭ زىكىر ئىدى تىلىمدە،
دىدارىڭنى كۆرەر ئىدىم چۈشۈمدە،
ۋىسالىڭغا يېتەر كۈنلەر بار ئىكەن!

يۈسۈپ:

يەر قەھرىدە تۈمەن ـ تۈرلۈك كان بولۇر،
مۇشەققەتسىز قايدا بىر جانان بولۇر؟
خارلىق تارتقان ئاخىرىدا خان بولۇر،
دەرت ـ ئەلەمىمۇ كېتەر كۈنلەر بار ئىكەن!

ئىبنى يەمەن:

ئاتام يىغلاپ كۆز نۇرىدىن ئايرىلدى،
لاچىن ئىدۇق قاناتىمىز قايرىلدى،
ھەسەتخورلار بىزنى ئايرىپ شات بولدى،
ئىقبالىمىز كۈلەر كۈنلەر بار ئىكەن!

يۈسۈپ:

قارىياغدۇر بەلەند تاغلار باشىگە،
قۇياش كۈلسە باھار كېلەر قاشىگە،
ھەسەتخورلار زەھەر سالۇر ئۆز ئاشىگە،
دىدارىڭنى كۆرەر كۈنلەر بار ئىكەن.

خالىس:

جاھان ئارا مەندەك مۇڭلۇق بولدىمۇ،
بۇ كۆڭۈلنىڭ گۈلىستانى سولدىمۇ؟
ئۇل نىگارىم سەپەردىمۇ ـ يولدىمۇ؟
ئەمدى خالىس ئۆز يارىغا زار ئىكەن.

ئەلقىسسە، يۈسۈپ قېرىندىشى ئىبنى يەمەن بىلەن دىدار كۆرۈشۈپ دادىسى ياقۇپ، سىڭلىسى نارجان ۋە كەنئان ئېلىنىڭ جىمى ئەھۋالاتىدىن بەتەپسىل ۋاقىپ بولدى. ئاندىن شاھ رەييانغا خەۋەر بېرىپ مىسىرنىڭ ھەممە ئۆلىما، پازىل كىشىلىرىنى، ساراي ئەھلىلىرىنى جەم قىلىپ، چوڭ سورۇن تۈزدى، ئاكىلىرىنى ئالدىغا چاقىردى ـ دە، يۈزىدىكى پەردىنى ئاچتى! ئاكىلىرى يۈسۈپنى كۆرۈپ، كۆزلىرى جامدەك ئېچىلدى، سەراسىمگە چۈشۈپ شەرمەندىلىكتە قالدى ۋە يىغلىشىپ، يۈسۈپنىڭ ئايىغىغا ئۆزلىرىنى تاشلاپ، ئەيىپىنى بىر ـ بىرىگە دۆڭگەپ، بۇ شەرمىسارلىقتىن ئۆزلىرىنى قۇتقۇزۇشقا ئۇرۇندى... پۈتۈن مەجلىس ئەھلى ئالدىدا ئىبنى يەمەن يۈسۈپنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى باشتىن ـ ئاياق بەتەپسىل بايان قىلدى. بۇ ھېكايەتنى ئاڭلىغان مەجلىس ئەھلى ۋە پۈتۈن مىسىر خەلقى كەنئاندىن كەلگەن يۈسۈپنىڭ ئاكىلىرىغا لەنەت ۋە نەپرەت ئوقۇشتى. شاھ رەييان غەزەپكە كېلىپ، يۈسۈپنىڭ ئاكىلىرىنى زىندانغا تاشلاشنى ئەمىر قىلدى!

ئەلقىسسە، يۈسۈپ ئۆز نامىدىن دادىسى ياقۇپ ئەلەيھىسسالامغا مەكتۇپ يوللىدى. ھەزرىتى ياقۇپ ئوغلى يۈسۈپنىڭ مەكتۇبىنى ئېلىپ جىمى سىرى ئەسرارىدىن خەۋەر تاپتى، خۇداغا شۈكۈر ـ سانا ئېيتىپ يۈسۈپ سەرگۈزەشتىنى پۈتۈن كەنئانغا جاكا قىلدى... كەنئانلىقلار ئاجايىپ ۋەقەلەرگە تەسەننا ئەيلەپ، يۈسۈپ شەنىگە چوڭ شادىيانە توي قىلىپ، ئۇنىڭ ھەققىگە دۇئا قىلدى.

يۈسۈپ سوغا ـ سالام، ئاشلىق ـ دان، ھەر خىل ماتا ـ ئەنجام راسلاپ كەنئانغا كاتتا كارۋان ئەۋەتىپ، كەنئان ئېلىنى قەھەتچىلىكتىن قۇتقازدى...

ياقۇپ ئەلەيھىسسالام مىسىرگە كېلىپ ئوغلى يۈسۈپ بىلەن دىدار كۆرۈشتى.

يۈسۈپ خۇداغا سېغىنىپ، دادىسى ياقۇپنىڭ كۆزىگە شىپالىق تىلىدى. ئۇنىڭ دۇئاسى ئىجاۋەت بولۇپ، ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆزلىرى ئېچىلىپ مىنەۋۋەر بولدى.

ئاتا ـ بالا شات ـ خۇرام بولۇپ، مۇڭ دۇشۇپ، بىرنەچچە كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلىدى.

كېيىن ياقۇپ ئەلەيھىسسالام ھەسەتخورلۇق قىلغان ئوغۇللىرىنىڭ گۇنايىدىن كېچىشنى يۈسۈپتىن ئىلتىجا قىلدى، يۈسۈپ ئاكىلىرىنىڭ گۇنايىنى ئەپۇ قىلىپ، ئۇلارنى زىنداندىن ئازات قىلدى. ئاكىلىرى قىلمىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ تۆۋە ـ ئىستىغپار ئوقۇدى. لېكىن، ئۆز قېرىندىشىغا ۋاپاسىزلىق قىلغان، دادا نەسىھىتىگە قۇلاق سالمىغان ھەسەتخور ۋە ئىچى قارا شەمئۇن باشلىق يۈسۈپنىڭ ئۆگەي ئاكىلىرى خەلقى ئالەم ئالدىدا مەردۇت بولۇپ، لەنەت ۋە نەپرەت بىلەن تىلغا ئېلىنىدىغان بولدى!..

ئەلقىسسە، ياقۇپ ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى يۈسۈپ قىرىق يىل جۇدالىقتىن كېيىن قايتا دىدار كۆرۈشۈپ تىنچ ئاسايىشتا ھايات كەچۈرۈشتى....

يۈسۈپ بىلەن زۇلەيخا ئوتتۇرىسىدىن پەرزەندلەر تۇغۇلدى. يۈسۈپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە مىسىر، كەنئان، يەمەن ئەللىرىگە شاھلىق پەيغەمبەرلىك قىلىپ، ئالەمدىن ئۆتتى.

خۇلاس كالام، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام بىلەن ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ جۇدالىق پاجىئەلىرى ۋە يۈسۈپ بىلەن زۇلەيخانىڭ ئىشقى ـ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى ئىنسانىيەت ئالىمىدە ئاجايىپ داستان بولۇپ تىللاردىن تىللارغا، ئەۋلاتتىن ـ ئەۋلاتقا تەۋەررۈك بولدى.

بۇ قىسسە جىمى قىسسىلەرنىڭ ئېپتىداسى، ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ جاھاننەماسى، ۋاپا ۋە قانائەتنىڭ، ھىجران ۋە ۋىسالنىڭ رەھنىماسى بولدى...






ئەلىشىر ناۋايى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: قۇربان بارات

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

«داستان پادشا ئىسكەندەر» — ئەلىشىر ناۋايىنىڭ مەشھۇر «خەمسە»سى تەركىبىگە كىرگۈزۈلگەن 5 - داستان. داستاندا مۇندىن ئىككى مىڭ يىل مۇقەددەم ئۆتكەن يونان - ماكدونىيىلىك جاھانگىر ئالېكساندىر ماكدونسكى (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن) نىڭ ھاياتى پائالىيەتلىرى ۋە تارىخى يۈرۈشلىرى تەسۋىرلىنىدۇ. ناۋايى بۇ داستاندا قۇدرەتلىك ھەربى كۈچ بىلەن بالقان يېرىم ئارىلى، كىچىك ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ، ھىندىستانغىچە يۈرۈش قىلغان پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ سەلتەنەتى، كۈچ - قۇدرىتى، ئەقىل - پاراستى ۋە ئامال - تەدبىرلىرىنى ئەتەيىن ئۇلۇغلاش ئارقىلىق، ۋاستىلىق يوسۇندا ۋە ئۇستىلىق بىلەن، ئۆزى ياشاپ ئۆتكەن دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى خەلقلەرنى ۋەيرانچىلىق گىرداۋىغا ئەكىرىپ قويغان فېئودال بۆلگۈنچىلىك ھەركەتلىرىنى، قابىلىيەتسىز ۋە سىياسى يىراقنى كۆرەرلىكى كەم بولغان نادان خانلارنىڭ تۈگىمەس دەتالاشلىرىنى تەنقىت قىلىدۇ. شۇ سەۋەپتىن ۋە زامانىسىدىكى ھاكىمىيەت ئىگىلىرىگە ئۈرنەك بولسۇن ئۈچۈن، ناۋايى بۇ داستاندا پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ ھاياتى ۋە تارىخىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز ئارزۇسىدىكى غايىۋى ۋە قۇدرەتلىك ھۆكۈمرانىنىڭ ئوبرازىنى ياراتقان.

«داستان پادشاھ ئىسكەندەر» ناملىق بۇ مىراسنىڭ بۈگۈنكى ياش ئۇيغۇر كىتابخانلىرىغا ناۋايىنىڭ «پەرھات - شىرىن»، «لەيلى - مەجنۇن» ناملىق داستانلىرىدەك كەڭ مەلۇم ئەمەسلىكىنى ۋە بۈگۈنكى كۈندە بىزدە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان ئىلمي تەتقىقاتنىڭ جىددى ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، مەن داستاننى ھازىرقى ئۇيغۇر ھەرپلىرى بىلەن

ترانسكرىپسىيە قىلىش ۋە ئەرەبى، پارسى سۆزلەرگە لۇغەت مەنىسى بېرىش يولى بىلەن نەشرگە تەييارلىدىم. داستاننىڭ بۇ نەشرىگە ئابدۇمەنناف قارى ناملىق خەتتات تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈپ ھىجرى 1323 - يىلى (مىلادى 1893 - يىلى) تاشكەنتتە تاش مەتبەدە چاپ قىلىنغان نۇسخا ئاساس قىلىندى. ترانسكرىپسىيە ۋە لۇغەتنى ھۆرمەتلىك ئۇستازىمىز داموللا ئابدۇرېشىت ئىسلامىنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزدۇم.

**بۇ خەمسە تەكمىلىداكىم سەلاتى خەمسە ئاداسىدەك ئول فەجر سەجداتىندىن سىماھۇم فى ۋۇجۇھىھىم مىن ئەسەر سۇجۇد زۇمرە سىفە كىرىبلدى ۋە زۇھرە رەكئاتىدىن ۋەركەئۇ مەئەرراكىئىن خەيلىگە قوشۇلدى ۋە ئەسىر قىيامىدىن ۋە ئىقامەسسەلات جەمائىتىگە يۈز قويۇلدى ۋە مەغرىب قىرائىتىدىن ئىقراﺋ بىسمى رەببىكە خەلەقە خەلقىگە باش ئىندۈرۈلدى ۋە ئەمدى ئەشا نىيىتىدىن ئاتىل تەبىئىنى غەفلەت ئۇيقۇسىغە بارغانى قويمايىن ئاراسىغا تەرغىپ قىلىندى**

**(بۇ خەمسەنىڭ تولۇقلىنىشى بەش ۋاقىت نامازنى ئادا قىلغانغا ئوخشاش بولدى. ئۇ، بامدات نامىزىنىڭ سەجدىسىدە ئولتۇرغانلار قاتارىغا كىرىپ، ئۇلارنىڭ يۈز تۈسى ۋە قىياپىتىنى ئالدى، پېشىن نامىزىنىڭ رەكئەتىدە روكۇ قىلغۇچىلار گۇرۇھىغا قوشۇلدى، ئەسىر نامىزىدا نامازنى بەرپا قىلغۇچىلار جامائىتىگە يۈزلەندى، شام نامىزىنىڭ قىرائىتىدە «ياراتقان تەڭرىنىڭ نامىنى ئوقۇغىل» دېگۈچىلەرگە باش ئەگدى ۋە ئەمدى مەرھەمەتلىك نىيەت بىلەن، بوش تەبىئەتلىكلەرنىڭ غەپلەت ئۇيقۇسىغا يول بەرمەي، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ باردى)**

كەل ئى تالىئى سەئىد بەختى بەلەند،
كى سىزدىن بولۇر ئادىمى ئەرجۇمەند.
ئاڭاكىم توشەر قايىسىڭىز سايەسى،
قوياشدىن بىيىكراق ئولۇر پايەسى.
ئاڭا كىم يېتەر ئىككىڭىزدىن مەدەد،
مەدەدكارى ھەقتۇر ئەزەل تا ئەبەد.
كەرەم ئەيلەب ئىكى قولۇم قولداڭىز،
سۆز ئىقلىمى سارى مېنى يولداڭىز.
بۇ ۋادى ئارا خىزرى راھىم بولۇڭ،
قىيان يۈز كىتۇرسام پاناھىم بولۇڭ.
بۇرۇندىن چۇ كۆرگۈزدۈڭىز يارلىق،
بەسى يەتتى سىزدىن مەدەدكارلىق.
كىچىك ئىركانىمدىن بولۇپ قاشىمە،
ئۇلۇغ مۇددىئا سالدىڭىز باشىمە.
چۇ ئالىمغە كەلگەچ بىنىك تاغ ئىدى،

تاشى ئىتتىكۇ يولى بورتاغ ئىدى.
بۇ بورتاغلىق بىرلە يۈز پىچ ئاڭا،
چىقا ئالىياغۇدەك كىشى ھىچ ئاڭا.
چىقار يولىدا تۆرت ئارامگاھ،
بەشىنچىسى مەقسەد بىلا ئىشتىباھ.
ھەر ئارامگاھىدا يۈز نەۋئ رەنج،
ۋەلى تۇتقاچ ئارام زىمنىدا گەنج.
ئاڭا چىقماق ئولماي كىشىنىڭ ئىشى،
مەگەركىم چىقىب بىر، ئىككى، ئۈچ كىشى.
ماڭا چۈنكى سىزدىن مەدەد بار ئىدى،
نى سىزدىنكى تەڭرى مەدەدگار ئىدى.
چىقارغا چۇ قىلدىم ئەزىمەت دۇرۇست،
قەدەم ئۇردۇم ئۇل ئەقەبە يولىغا چۇست.
قىلاي دىب مەقام ئۇل فەلەكۋەش سەرىر،

ئىنىك تاش ئاياغىمغا ئىردى ھەربر.
قەدەم ئۇرماغىم بى مەدارا بولۇب،
كىم ئۇل خارە يولۇمدا خارا بولۇب.
قىلىب تەنغە ئاسۇدەلىغنى هارام،
ھەمۇل تۆرت مەنزىلنى قىلدىم خىرام.
يولۇم ئىچرە مەنزىل چۇ بۇ تۆرت ئىدى،
چىقارىم بىيىك ئۆيلەكىم ئۆرت ئىدى.
سالىب چۆن بىيىك يولغە چىقماقغە خىز،
ماكان تەي قىلىب ئوت كەبى گەرمۇ تېز.
نى مەنزىلغە يىتكۈنچە كۆب رەنج ئولۇب،
ۋەلى بەھرە مەنزىلدە بىز گەنج ئولۇب.
قويۇلدى چۇ تۆرتىنچى مەنزىلغە گام،
دىدىم كىم قىلاي تۆرت ـ بەش كۈن مەقام.
كى يول رەنجىدىن ناتەۋەند ئىدىم،
تىنارغا بەسى ئارزۇمەند ئىدىم.
نىچە كۈنكى دەفئى ئولدى فەرسۇدەلىق،
مىزاجىمغە يۈزلاندى ئاسۇدەلىق.
تەبىئەتكى خۇيى كاسالەت دۇرۇر،
تەرەددۇد ئاڭا سەئىب ھالەتدۇرۇر.
خۇسۇسەنكى تاۋسالمىش ئولغاي لىبى،
قاتىغ پويەدىن قالىبىش ئولغاي لىبى.
بش ـ ئون كۈنچە كىم بولدى ئارامجوي،
نشاتى، مەيۇ نۇقلىدىن كامجوي.
هاۋا ئانى ئەيلەبدۇر ئانداق لەۋند،
تەرەب تەنبەلۇ كامۇ غەفلەتدە بەند.
كى جۇز مەيلى كامۇ مۇراد ئەيلەمەس،
قەدەم يولغە ئۇرماقنى ياد ئەيلەمەس.
دىسەم ئەزم تەرغىبىگە يۈز مەسەل،
ئانىڭ دەفئىگە كۆرگۈزۈر مىڭ ھىيەل.
يول ئەمگەكلارىن ياد قىلغان زامان،
بولۇر خاتىرىم ئەزم ئىتەردىن ئامان.
دەمۇبى مەيۇ نۇقلى مەسرۇر ئىمەس،
ماڭا ئانىڭ ئىسلاھى مەقدۇر ئىمەس.
ئەزىمە ئاڭا مۇندىن ئەر قالسا كەچ،
نى ئەمگەككى چەكتىم ئىرۇر بارچە ھىچ.
خۇسۇسەنكى زەنجىرلەر بىرلە ھەم،
ئەگەر چەكسەلەر يولغا قويماس قەدەم.
نەسىھەت مىزاجىگە دەركىر يوق،
كۆچۈم يىتماسۇ ئۆزگە تەدبىر يوق.
يارىم يولدا قالماق ئىرۇر مۇشكۈل ئىش،
ماڭا تۈشكەن ئىش ئۆزگەگە تۈشمامىش.
بۇ داستانكى سۆردۇم كىنايەت دۇرۇر،
غەرەز ئاندىن ئۇشبۇ ھىكايەت دۇرۇر.
كى ھەقدىن ئاتا چۆن ماڭا بار ئىدى،
يانا بەختۇ ئىقبال ھەم يار ئىدى.
كى چۆن خەمسە ئەزمىن دۇرۇست ئەيلادىم،
كەمەرگاھىگە پەنجە رۇست ئەيلادىم.
يىتىشماي كۆب ئۇل ئىشدا پەنجىمگە رەنج،
نەسىب ئۆلدى بىش گەنجىدىن تۆرت گەنج.
نى ۋەسف ئەيلەيىن چۈنكى ھەركىم يىتەر،
تەئەممۇل ئەگەر قىلسا مەئلۇم ئىتەر.
كى گەنج ئۆيلە يوقدۇر فەرىدۇنغە ھەم،
فەرىدۇن دىنيەي بەلكى قارۇنغا ھەم.
ۋە لىكىن بىشىنچىدە تەبئى نەژەند،
نىچە كۈن بولۇب لەھۋىغە پايبەند.
قەدەھ دۇردىغا قول ئۇزاتىب دۇرۇر،
ئاياغى بۇ لاي ئىچرە باتىبدۇرۇر.
ئانى تارتماغلىقنى بۇ لايدىن،
ھەمۇل بادەئى خاتىر ئالايدىن.
نىچە ئۆز قاشىمدا قىلۇرمەن خىيال،
خىرەد ئۇل خىيالىمنى ئەيتۇر مەھال.
ئۇيكىم ۋەھەلدىن چىكەر يۈز كىشى،
ئانى چىكمەك ئىرمەسدۇر مور ئىشى.
بۇ ئىشدىن كى تەبئىم ھەراسان دۇرۇر،
ئەگەر تەڭرى لۇتفى ئەتسە ئاساندۇرۇر.
قاچان چەكسە ئانى ئىنايەت قولى،
ئىلاندا ئاچسا ھىدايەت يولى،
تەلەب يولدا تەلپىنا، تىرمانا،
نى دىشۋار مەنزىلغە يىتىبەك يانا؟
كى ھەقدىن ئىدى ئۇل سائادەت ماڭا،
بۇ دىشۋار ئىشدا جالادەت ماڭا.
بۇ دەم ھەمكى مۇشكۈلراق ئولمىش ئىشىم،

ئىرۇر تەڭرى ئالىدا ئوق نالىشىم.
ئەگەر لوتفىنى ئەيلەسە ياۋەرىم،
تىلىمنى يازۇغلارغا ئۆزر - ئاۋەرىم.
چىكىپ بارچە ئالۇدەلىقدىن ئاياق،
تۇتۇب بارچە بىھۇدەلىقدىن قىراق،
نادامەت كۆزىن ئەشكناك ئەيلەبان،
ھەم ئول سۇ بىلە غۇسلى پاك ئەيلەبان.
سالىب كۆڭلۈمە سۆز دىمەك نىيەتىن،
كىيىب ئەگنىمە داغى سۆز كىسۋەتىن.
سۇخەنۋەرلىق ئەسبابىنى ساز ئىتىب،
دۇرى نەزم ساچماغلىق ئاغاز ئىتىب.
تۈزەي نەزم مۈلكىدە شاھانە بەزم،
ھەمۇل بەزم سارى قىلاي يانا ئەزم.
بىلىك تەختى ئۈزرە چىقىب ئولتۇراي،
خىيال ئەلچىسىن ھەر تەرەف چاپتۇراي.
نە مۇدارى رەسمى رىياسەت قىلىب،
ئىبا ئەيلەگەنگە سىياسەت قىلىب،
مەئانى سىپاھىنى جان مۈلكىدىن،
نى جان مۈلكىدىن لاماكان مۈلكىدىن.
ياساق بىرلە يىتكۈرتەيىن فەۋج - فەۋج،
كى تۇتسۇن چىرىك نى ھەزىزۇ، نى ئەۋج.
يىغىلغاچ سىپاھ تەركى بەزم ئەيلەبان،
جاھانگىرلىق سارى ئەزم ئەيلەبان،
سالىب تەنتە سۆز جەۋشەنى پەيكەرىن،
قويۇب باشقە نەزم ئەفسەر گەۋھەرىن.
مىنەي كۈشىشۇ سەئى رەخشىغە تىز،
سىپاھ زىننىتىغە سالاي رۇستەخىز.
ياسالىنى تۈزەي ئانداغ ئاراستە،
كى بىر تۈز چەمەن سەرۋى نەۋخاستە،
مەمالىككە تەبئ ئەيلەمىش ئىردى فەتھ،
ئول ئىقلىمكىم ئولىمامىش ئىردى فەتھ.
نى ئىقلىمكىم بەلكى جان كىشۋەرى،
كى تابمىش ئىدى فەتھ ئىسكەندەرى.
سىكەندەردىك ئەيلەب سىپاھدارلىق،
سىپاھىنى خەلەلدىن نىگاھدارلىق.
نىچۈككىم سىكەندەر كىزىب خۇشكۇ تەر،
مۇسەخخەر قىلىب نەزم ئىلە بەھرۇبەر.
كەيفىنى چىكىب خامەئى خۇش خىرام،
سىكەندەر ئىشىگە قىلاي ئىھتىمام.
ئىلاھى ناۋايىغە تەۋفىق بەر،
قارا شامىغا شەمئى تەھقىق بەر.
كىم ئول شامۇ دەيجۇر ئافاتىدىن،
نى ئافاتىدىن بەلكى زۇلماتىدىن.
چىقارسۇن خىزىر يەڭلىغ ئابىھايات،
يىتۇرسۇن سىكەندەر جانابىغە بات.
نىچە زائىل ئولسە ھاياتى ئانىڭ،
تىرىلسۇن بۇ دەم بارى ئاتى ئانىڭ.

سۆز تەئرىفىدەكىم بىرىنچە سۆز: ئافىرىنىش دەرياسىدىن بۇرۇنغى چىققان گەۋھەرى سىي-رابدۇر ۋە خىلقەت سىپەھرىدىن ئەۋۋەلغى تۇلۇئ ئەتكەن ئەختەرى پۇرتاب ۋە بۇ مۇناسىبەت بىلە ھەزرەتى شەيخ نىزامى قۇدىسە سىررۇھۇ مەدداھلىغى كىم بۇ ئەختەرنىڭ سىپەھر گەردانى ئول ئەردى ۋە بۇ تەقرىب بىلە ئەمىر خۇسرەۋى نەۋۋەرەمە قەدەھۇ ئەۋسافىكىم بۇ گەۋ-ھەرنىڭ دەريايى بىپايانى ئول ئەردى

(سۆز تەرىپىدە بىرىنەچچە سۆز: بۇ، ھاياتلىق دەرياسىدىن بۇرۇن تىپىلغان مول گۆ-ھەرلەر ۋە يارىتىلىش ئاسمىنىدا ئاۋال پارلاپ چىققان شولىلەرى تاۋلىنىپ تۇرغان يۇلتۇز-لاردۇر. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ھەزرەت شەيخ نىزامىنى تىلغا ئالىمىز، ئۇ، بۇ يۇلتۇزلارنىڭ ئايلىنىپ تۇرغۇچى يۈكسەك ئاسمىنى ئىدى، بۇ مەقسەت بىلەن ئەمىر خۇسرەۋنى سۆپەتلەي-مىزكى، ئۇ، بۇ گۆھەرلەرنىڭ بىپايان دەرياسى ئىدى)

ئىچەر خەيل سۆز بادەئى سافىنى،
دىمەك فەرز كەلدى سۆز ئەۋسافىنى.
بۇدۇر ۋەسفى ئىچرە كامالىن دىمەك،
كى بولماس كامالىنى ۋەسف ئەيلەمەك.
بۇ تەئرىف ئاڭا بەس مۇۋەججەھ دۇرۇر،
كى تەئرىف ئىتەردىن مۇنەززەھ دۇرۇر.
بىيىكراق مەقام ئىچرە ئەفلاكدىن،
نى ئەفلاككىم ۋەھمۇ ئىدراكدىن.
ئۇل ئەۋج ئۆزرەكىم ساچىلىب سۆز دۇرى،
سۇرەيىيا كىلىب ئاندا تەھت ئەسەرى.
ۋۇجۇد ئىچرە ئالەمغە سەبقەتناماي،
شەرەف بىرلە ئادەمغە رىفئەت فەزاي.
گەر ئۇل بولماسا كىمسەكە يوق شەرەف،
ئانىڭدىك كى گەۋھەرسىز ئولغاي سەدەف.
سەدەف تا گۆھەر ئاندا پىنھان ئىرۇر،
ئانىڭ خازىنى بەھرى ئۇممان ئىرۇر.
گۆھەردىن چۇ خالى بولۇر ئۇل سەدەف،
ئىرۇر ئۇل هامان بىر قۇرۇغان كەشەف.
بەشەر زاتىدا جەۋھەرى جان هەم ئۇل،
ئۆلۈك جىسمىدا ئابىھەيۋان هەم ئۇل.
بۇ كىم جەۋھەرى جان دىدىم ئاتىنى،
قىلاي جان بىلە بۇ سۆز ئىسباتىنى.
چۇ جىسىم ئىچرە جان يوقتۇر، ئۇل يوقدۇرۇر،
يانا جانغا ئانسىز بۇ هال ئوقدۇرۇر.
بەشەر خەيلغە تىل تۇتۇلغان زامان،
تىرىلمەك هامان كىلدى ئۆلمەك هامان.
بۇ هەم كىم دىدىم ئابىھەيۋان ئانى،
قۇلاق سالكى شەرھ ئەيلەي ئاسان ئانى.
ئۆلۈك تىرگۈزۈر بولسە هەيۋان سۇيى،
قىلۇر هەم بۇ ئىشنى دەمى ئىسەۋى.
قايۇكىمسەكىم سۆز بىرۇر جان ئاڭا،
قىلۇر جان فىدا ئابىھەيۋان ئاڭا.
ئۆلۈككە گەر ئاندىن دۇرۇر جان پاك،
ۋە لىكىن تىرىكنى هەم ئەيلەر هالاك.
گاهى مەسجىد ئىچرە ئەلالا سالىب،
خارابات ئارا گاهي غەۋغا بىيالىب،

هەمۇل چەرخ باغرىغا دۇردانەدۇر،
هەمۇل بەهرۇ گەۋهەرغە ئەفسانەدۇر.
بەشەر تەبئىنىڭ ئىنشۇەگەر دىلبەرى،
نەزەردىن نىھان ئۇل سۇپەت كىم پەرى.
دىل ئارالىغ ئاندا جاهان دەر جاهان،
لاتافەت ئانى كۆزدىن ئەيلەب نىھان.
ۋەلى گەر تىلەب خەلق ئافەتىلەرىن،
كىيىب هەرف ئىلە سەۋت كىسۋەتلەرىن.
هۇلەلكىم جامالىن مۇشەككەل قىلىب،
مەئانى دۇرىدىن مۇكەللەل قىلىب.
يۈزىگە بىرىب زىب سەنئەت بىلە،
سالىب زۇلفىگە تاب دىققەت بىلە.
بىرىب نۆكتەدانلىغ فاساھەت ئاڭا،
ياساب نۆكتەزانلىغ بالاغەت ئاڭا.
يۈزىن لوتفىدىن ئەيلەب ئاراستە،
بولۇب ئۇيلەكىم ماهى نەۋكاستە.
ئاغىز رەۋزەنىدىن خىرام ئەيلەسە،
قۇلاق هوجراسىدا مەقام ئەيلەسە.
نى ئوتلاركى سالغاي جاهان ئىچرە ئۇل،
جاهان ئىچرە يوق ئىنسۇ جان ئىچرە ئۇل.
بۇ هال ئولسا مىنبەر ئۆزە ئاشكار،
ۋەرەئ ئەهلىنى كۆڭلىن ئەيلەب فىگار.
بىرى نالەئى دەردناك ئەيلەبان،
بىرى دەلقى پەشمىنە چاك ئەيلەبان.
بۇ يەڭلىغكى شەرھ ئەيلەدىم ماجارا،
ئەگەر زاهىر ئولسا خارابات ئارا.
بىر ئوت دۇردكەشلەرغە سالغايكى دەهر،
تاپا ئالماغاي شۇئلەدىن ئۆزگە بەهر.
قاقىب كۆكسىغە يۇمرۇغ ئورنىغە تاش،
ئۇرۇب يەر ئۆزە بۆرى ئورنىغە باش.
دەمىكىم ئاڭا زاهىر ئولماي ۋۇجۇد،
كۇم ئىردى ئەدەم ئىچرە يۇدۇ نەبۇد.
نى بۇ يەتتى قەندىلي ۋالا ئىدى،
تونى توققۇز سىپەهر مۇئەللا ئىدى.
ئەدەم ئەردى هەرنىكى مەۋجۇت ئىرۇر،
جۇز ئۇل زاتكىم فائىزى جۇد ئىرۇر.

ھەم ئۇل ۋەھدەتى ھەرف نسيانىدىن،
نى بوستان، ھەقىقەت گۆلستانىدىن.
بۇرۇنراق نەسىمىكى ئۇردى نەفەس،
ئىشتكىل نەفەسكىم سۆز ئەردىيۇ بەس.
ئاچىلدى چۇ ئۇل يەل دەم ئۇردى نىھۇفت،
ئەدەم ئىچرە يۈز غۇنچە ئى ناشۇگۇفت.
قايۇ غۇنچەكىم گۈلشەنى كائىنات،
بۇ جانبەخش يەل بىرلە تاپتى ھايات.
ھەمە ئافرىنىشدا تۇتماي ئورۇن،
كى تەبرەنمىش ئولغاي بۇ يەلدىن بۇرۇن.
قايۇ ۋەردكىم كەلدى ئەنبەر شەمىم،
ئانى بىلكى ئاچمىشدۇرۇر بۇ نەسىم.
مەگەر بولدى روھۇلقۇدۇس ھەمراھى،
ۋە يا كىلدى ئەنفاسى رۇھۇللاھى.
ئانىڭ بىرلە كانى مەئانى كۇتۇب،
يوق ئەرز كىتىب، ئاسمانى كىتىب.
نىچە قىدمەتى ئارتۇق ئەندازەدىن،
ۋەلى دەمبەدەم تازەراق تازەدىن.
جاھان گۇلشەنى ئىچرە بۇ تازە گۈل،
قۇياش ۋەردىدەك ئالى ئەندەزە گۈل.
كى ئاندىن دۇرۇر دەھر باغىگە ئەتىر،
بارى ئافرىنىش دىماغىگە ئەتىر.
ۋەلى ۋاقىئ ئۇلمىش تافاۋۇت بەسى،
بىرى گۈلبۇن ئۇلمىش يانا بىر خەسى.
بۇ گەۋھەردىن ئولدى تولا غەربۇ شەرق،
ۋەلى تابتى قىسمەتدە بىسيار فەرق.
بىراۋگە يېتىشگەندە قىسمەت پەشىز،
يانا بىرگە قىسمەت كېلىب گەنج خىز.
بۇ گەنج ئالغان ئۇل نادىرى فەرد ئىرۇر،
كى گەنجى ئانىڭ گەنجى پەرۋەرد ئىرۇر.
ھەمۇل گەنج رىزۇ ھەمۇل گەنج پاش،
بولۇپ دەھر ئارا بەزلىدىن گەنج فاش.
نىچەكىم ئاچىب گەنج تۆكمەككە قول،
ۋەلى مەخزەنى راز گەنجۇرى ئۇل.
ئانىڭ گەنجىدىن ھەر دەرەم ئەختەرى،
ياشىل كۆب ئاڭا گۇمبەزى ئەخزەرى.

كۇب ئاستىداغى خىشىپ قۇرسى قەمەر،
ۋەلى باشىدا تەشتى زەررىنى خۇەر
قەزا قىسمىدىن يېتمەيىن رەنج ئاڭا،
بۇ يەڭلىغ نى بىر گەنج بەش گەنج ئاڭا.
تۇتۇب گەنجى بۇ چەرخى نوھ تاقنى،
نىچۈككىم قۇياش نۇرى ئافاقنى.
بۇ يەڭلىغكى گەنجى مەئانى تۆكۈب،
جاھان ئەھلىگە جاۋىدانى تۆكۈب.
بۇ بىش گەنجىدىن كىم جاھاندۇر تولا،
كى كۆك جەۋفىدە داغى يوقتۇر خەلا.
يوق ئۇلكىم جاھاننى تولا ئەيلەمىش،
كى گەردۇننى ھەم ئىمتىلا ئەيلەمىش.
كېلىب تەبئى گەردۇنى ئالى ئاساس،
مەئانى دۇرى ئاندا ئەنجۇم قىياس.
بۇ گەردۇن ئارا تەبئى خۇرشىد ئولۇب،
ئانىڭ نۇرى ئالەمدە جاۋىد ئولۇب.
شىھابى قەلەم چۈنكى ئەيلەب تاراش،
تاپىب سەھفەئى مىھىر ئاندىن خاراش.
ئاتارىدكى مەۋلايى دەرگەھ نىشىن،
قاچان خامە يونسا بولۇب رىزەچىن.
فەلەك ئۇد سۆزىدە ئەخكەر قىلىب،
مالائىك ئانى ئۇدى مىجمەر قىلىب.
نى قەغەزغەكىم كىلكى گەۋھەرەپشان،
قىلىب مىھىر زەركەش ئاڭا زەرەفشان.
ئىتىب ئانى ئالتىنچى كۆك زىۋەرى،
ئۇپۇپ باشىغە سانچىبان مۇشتەرى.
فەلەك ئەھلى ئۇل نامە كۆرگەن زامان،
باشى ئۆزدە مىسۋالى ئەيلەب گۇمان.
قۇياش چۈنكى نۇر ئەيلەبان ئەينىدىن،
ئانى يارۇتۇب گەردى نەئلەينىدىن.
بولۇب سۆز مەيىغە چۇ ھۇشى گەراۋ،
ئاڭا جۇرئەكەش يوق مەگەركىم بىراۋ.
بىراۋ يوقكى ھىندۇيى لەئب ئاۋەرى،
نى ھىندۇكى جادۇيى دانىشۋەرى.
نى جادۇكى دانايى ھىكمەت مەئاب،
سۆزى نەزم دىۋانىدىن ئىنتىخاب.

چۈچۈك نۆكتەدىن ياپىشىپ نامەسى،
مەگەر نەيشەكەردىن بولۇپ خامەسى.
ئاڭا خامە نوكى قەرەنفۇل كىبى،
ۋەيا سەرۋى ناز ئۆزرە سۇنبۇل كىبى.
گاھ ئۇل سۇنبۇلى تەر قەرەنفۇل ساچىب،
قەرەنفۇل داغى گاھ سۇنبۇل ساچىب.
سۆز ئىچرە ئاڭا تىز بازارلىق،
بۇ بازار ئارا تۆرفە ئەتتارلىق.
ۋەلى ئۇل دۇكانى كى مەۋجۇد ئاڭا،
سۈتۈنۈ ئىشك سەندەلۇ ئۇد ئاڭا.
بۇ ئەتتارلىقدا مەقاسىد بىلىب،
ئانى دالى دانىش ئۇتارىد بىلىب.
قاچان خامە داستان سارا ئەيلەبان،
ساۋادى جاھانىنى قارا ئەيلەبان.
چۇ ھىندۇستاندىن سۈرۈب داستان،
قىلىب دەھر باغىنى ھىندۇستان.
سۆزى شاھىدى مەجلىس ئاراي ھىند،
بۇ مەجلىس ئىچىدە ئۆزى راھى ھىند،
دىبەي راي ئاڭا بەلكى يۈز كىدۇراي،
سازادۇر ئاڭا خاكروبى ساراي.
بۇ يەرگە چىكىب بايە خىسراۋلىغى،
بىلىك ئەۋجىدە مىھر پەرتەۋلىغى.
كى دانىش بىاۋادىدا ھەركىمكى شاھ،
ئانىڭ خىزمەتىدە بولۇب خاكىراھ.
نىزامىيچە گەر نەزمى چالاك يوق،
چۇ ئۇل مۇنچە چالاك يوق، باك يوق.
سۆز ئەۋجىدە گەر ئۇل ماھى خاۋەرى،
بۇ گەر يوق ماھى خاۋەرى، مۇشتەرى.
ئانىڭ لەئلىدە گەر دۇرەخشەندەلىق،
مۇنىڭ داغى دۇررىدە رەخشەندەلىق.
گەر ئۇل رەھرەۋ ئولسا بۇ پەيراۋ كىلىب،
گەر ئۇل شاھ بۇ داغى خىسراۋ كىلىب.
كى، جەننەت ئالار، مەسكەنى تا ئەبەد،
ناۋايىغا مەئنالاردىن مەدەد.
يانا ھەم قىلىب نەقد جولۇغ ئادا،
بۇ سوداغا ئۇردى قەدەم ھەر گادا.
ۋەلى ھەربىرىگە بىر ئافەت يىتىب،
كىم ئۇل كام تەھسىلى مەنئىن ئىتىب.
ئانىڭ كىم بولۇب نەزم پىرايەسى،
بۇ سودانى قىلماققە سەرمايەسى.
تاپىب جۇزۋى سوداسى بىرلە سۇرۇر،
سالىب كۆڭلىگە ئۇل سۇرۇرى غۇرۇر.
تاجاۋۇز قىلىب ئەجزۇ ئىنسافدىن،
قابارتىب ئۆزىن دەئۋىي لافدىن.
چۇ تەركى ئەدەب ئۇل ئىتىب ئىقتىزا،
سۆز ئەيتۇرغە تەۋفىق بەرمەي قازا.
ئەگەر نەقد ئىلە بولسا ھەم يارلىق،
ئاڭا خەلق قىلماي خىرىدارلىق.
نى كاغەزدەكىم نۆكتە ئەيلەب رەقەم،
رەقەم قىلماي ئانى يانا كىمسە ھەم.
كىشى نەقل قىلماققە چەكمەي نەسەق،
بولۇب ئۇل ۋەرەق رەمل چەككەن ۋەرەق.
بۇ خەيل ئىچرە بىر نامۇرادى ئىدى،
كى تەھرىر قىلغان ساۋادى ئىدى.
كى گەرچە يۈزى زىبدىن ئىردى غەرد،
نىياز ئاھىدىن لىك تابتى نەۋەرد.
بۇ مەئنىدىن ئارى زۇلىەت، ئارى نۇردۇر،
سۆزى گاھ تىللاردا مەزكۇردۇر.
چۇ ئۇل چاشنىغا مۇشەررەف بولۇپ،
ئۆزى چىركالىكلاردىن ئەشرەف بولۇب.
بۇلار چۇ ئەدەم سارى كۆچمىش ئىدى،
دىگىل مەسنەۋى ئاتى ئۆچمىش ئىدى.
ھەمۇل باغ ئارا گۈل يوقۇ بويى ھەم،
قۇرۇمىش ئىدى ئۇل ئەرىغ سۇيى ھەم.
بىھەمدىللاھ ئۇل گۈل تاپىب رەڭگى بۇ،
بىر ئاقغان ئەرىقغە يانا ئاقتى سۇ.

**سۆز دۇرلارى نەزمىدە نىزامى نىزام ۋە تەكەللۇم گەۋھەرلەرى ئىنتىزامدا خۇسرەۋى كەلام، نىزامى بىلە خۇسرەۋى قائىم مەقامى يەئنى ھەزرەت مەخدۇم مەۋلانا نۇردىدىن**

## ئابدۇراخمان جامى قۇدسى جانىبىدا ئەرز نىياز ۋە ئىزھارى راز قىلماقدۇر.

(سۆز ياقۇتلىرى ئىزمىسىدا قائىدىلىك ۋە سۆز گۆھەرلىرى ئىنتىزامىدا پادىشا بولغان نىزامى بىلەن پادىشا ئۇرۇنباسارى — يەنى روھى مۇقەددەس ھەزرەت مەخدۇم مەۋلانا نۇرىدىن ئابدۇراخمان جامى ئالدىدا مۇھتاجلىغىمنى ئەرز قىلىپ ئۇلارغا سىرىمنى ئىزھار قىلىمەن)

بىراۋ ئالدى سۆز كىشۋەرىدىن يەك قەلەم،
كى قىلدى قەلەمنى سۇتۇنى ئەلەم.
قولىغە ئالىب نەيزە ئورنىغە كىلك،
سۆز ئىقلىمىنى سەربەسەر قىلدى مۇلك.
بىلىك ئەۋجىنىڭ مىھرى تابانى ئول،
قايۇ مىھر، سۆز جىسمىنىڭ جانى ئول.
چۇ سۇرئەت ئارا ئوت ساچىب خامەسى،
يانا گەرم ئولۇب نۆكتە ھەنگامەسى.
ھەمۇل ئوتقەكىم نەزم شەمئىن تۇتۇب،
مەئانى شەبىستانىنى يارۇتۇب.
چۇ تەبئىدىن ئاقىب مەئانى سۇيى،
كىلىب چەشمەئى زىندەگانى سۇيى.
ھەمۇل چەشمەدىن چۇن سۇ بەرمەك تۈزۈب،
سۇخەنۋەرلىك ئۆلگەن تەنىن تىرگۈزۈب.
چۇ ئىستەب تەرەۋى تەبئ ئازادەسى،
قويۇب نەزم جامىغا سۆز بادەسى.
ئانىڭ جۇرئەسى ئىلىنى مەست ئەيلەبان،
دىمەي مەستكىم مەيپەرەست ئەيلەبان.
نى جامكى چۇن جۇرئەسىدىن نەمى،
تەرەششۇھ قىلىب مەست ئولۇب ئالەمى.
بۇ يەكلىكى جامى مەئانى تۇتۇب،
فەلەك خەيلىگە دوستىگانى تۇتۇب.
بولۇب چۇن ئانىڭ جامىدىن جۇرئەچەش،
بولۇب چەرخ سوفىلارى جۇرئەكەش.
كى مەشئۇف ئولۇب جامى مەستانەگە،
گەرەۋ ئەيلەبان خىرقە مەيخانەگە.
يەكى ئايىنى جامى ھىلالى قىلىب،
نىچەكىم تولا بولسا خالى قىلىب.
جاناھىن ئىتىب سۇكرىدىن خاكرۇب،
گاھى دەست ئەفشان، گاھى پايكوب.
بۇ نەۋئ ئۆلسەلەر ئەرشى ئەئزەم ئىلى
نى بولغاي خىيال ئۇيلە، ئالەم ئىلى؟
چۇ ئول جامدىن ئابىھەيۋان تاپىب،
ئۆنى جان بىرىب كى بىرى جان تاپىب.
دىمەي جام ئىلە مەيكى نەزمى راۋان،
يەرۇ كۆك ئىلىن ئەيلەدى ناتىۋان.
قايۇ نەزم، بەلكىم جاھان ئافەتى،
جاھان ئافەتى يوقكى جان ئافەتى.
ئىشتىمەگلىكى زەۋقناك ئەيلەبان،
ۋەلى دەركى مەئنى ھالاك ئەيلەبان.
غەزەل دەردۇ سۆزىنى ۋاھ-ۋاھ نە دەي،
ذىسە مەشرەبى ئاللاھ-ئاللاھ نە دەي!
ئەگەر نەزمدىن بارچە ئوسلۇب ئاڭا،
بارى بىر-بىرىدىن ئىرۇر خوب ئاڭا.
ۋەلى مەسنەۋى ئۆزگە ئالەمدۇرۇر،
كى تەبئىغە ھالا مۇسەللەمدۇرۇر.
بولۇب جىلۋەگەر تەبئى كۆزگۇسىدا،
كى سەبىت ئەيلەدى خەمسە ئوترۇسىدا.
ئىرۇر ئاندىن ئارتۇقكى ئۆكسۈك ئەمەس،
ئەل ئاندىن دەر ئارتۇقكى ئۆكسۈك ئەمەس.
ئانىڭ بەيتىغە گەر فۇزۇندۇر ئەدەد،
ۋەلى يوقتۇرۇر مۇندا مەئنىغە ھەد.
نىچە ئاندا دۇرجى دەقايىقدۇرۇر،
ۋەلى مۇندا دۇررى ھەقايىقدۇرۇر.
بولۇر ئانى بەھرۇ مۇنى كان دىمەك،
ئانى كۆڭۈل، ئەمما مۇنى جان دىمەك.
بۇرۇن جىلۋە ئەيلەب ئايان تۆھفەسى،
بىرىب ئالەم ئەھلىگە جان تۆھفەسى.
چىكىب خامە لەيلى-مەجنۇن سارى،
يۈز ئافەت سالىب تاغۇ ھامۇن سارى.
بۇ دەمكىم قىلىب خامەسىن دۇرفىشان،
سىكەندەر ھەدىسىدىن ئەيتۇر نىشان.

شەك ئىرمەسكى فەتنە ئەيلابان خۇشكۇتەر،
سىكەندەر كىبى ئالغۇسى بەھرۇ بەر.
بۇ كۈن كامىل ئۇل نەۋئ مەفھۇم ئەمەس،
بۇرۇن بار ئىكەن داغى مەئلۇم ئەمەس.
بىراۋ كۆڭۈل ئالىنداكىم سافدۇر،
ئەگەر زەركەش، ئەر بودىيا بافدۇر.
ئەگەر بولسا ئۆز فەننىدە بى بەدەل،
غەنىمەتتۇر ئول بارچەغە فىل مەسەل.
بىراۋكىم نەفەس ئاڭا قۇدسى سىفات،
نەفەس بىرلە ئۆلگەنگە بەرگەي ھايات.
قايۇ كىمسەكىم ئەھلى ئىدراكدۇر،
ئاڭا جان فىدا قىلسا نى باكدۇر.
ئەگەر نوكتەئى جان فىداسى ئانىڭ،
بۇ نەۋئ ئولسا يۈز جان فىداسى ئانىڭ.
ئەلا تاكى جان بولغاي ئىنسان بىلە،
تىرىك بولغاي ئىنسان داغى جان بىلە.
ھەدىسنى ئەل جانىغە ۋايە قىل،
ھەمۇل ۋايەدىن جانىغە سەرمايە قىل.
بۇ سەرمايەدىن بىزگە كامى يېتۇر،
لەبالەب مەيى ۋەسلى جامى يېتۇر.
كى جامىغە ئۆزنى قىلىب جۇرئەكەش،
سۆز ئەيلەي ئادا مەستۇ دىۋانەۋەش.

ئىنايەت قوياشى ۋەسفىدەكىم فەيز مەتلەئىدىن تۇلۇئ ئەتسە تەربىيەتى خارەنى ياقۇت ئەھمەر ۋە لەئل ئاتەشىن قىلۇر ۋە ھىدايەت ساھىبى تەئرىفىدەكىم جۇد ھاۋاسىدىن ئىرتىفائ تۇتسا تەقۋىيەتىدىن تۇفراقىدىن لالەئى سيراب ۋە گۈلى ئاتەشىن ئاچىلۇر ۋە ئۆزىنىڭ كۆڭلى خارەسى ئۇل قوياش تابىقايمەن دىمەك ۋە جىسمى تۇفراغى ئۇل بۇلۇت نەمىن كۆرماكىن ئەتمەكدۇر

(مەرھەمەت قۇياشى تەرىپىدە: ئۇ راھەت بېغىشلىغۇچى ئورنىدىن چىقىپ كەلسە، ئۇنىڭ تەربىيەتى قاتتىق تاشنى قىزىل ياقۇتقا ۋە ئوتلۇق لەئىلگە ئايلاندۇرىدۇ؛ توغرا يول ئىگىسى تەرىپىدە: ئۇ جۇت ھاۋاسىدىن ئۆزىنى يۈكسەك تۇتسا، ئۇنىڭ قۇۋۋەت بېرىشى بىلەن تۇپراقتا مول لالىلەر ۋە ئوتلۇق گۈللەر ئېچىلىدۇ؛ كۆڭۈلنىڭ تېشى ئۇ قۇياشنى تاپسام دەيدۇ، جىسىم تۇپرىغى ئۇ بۇلۇتتىن نەملىك ئېلىشنى ئىستەيدۇ)

بىراۋكىم ئىرۇر ياۋەر ئىقبال ئاڭا،
نى ئىش قىلسا فەرخۇندەدۇر فال ئاڭا.
قايۇ ئىشگەكىم رايى ئازىم بولۇر،
زەفەر يارۇ دۆلەت مۇلازىم بولۇر.
ئەگەر قىلسا خار مۇھرە دەرىيۇزە ئۇل،
بولۇر، كىرسە ئىلكىگە فىرۇزە ئۇل.
تىكەن سارى كىم قول ئۇزاتۇر نىھۇفت،
قولىگە كىرەر غۇنچەئى ناشىگوفت.
ئەگەر ئايىغا تۇشسە كۆزى كۈن بولۇر،
قەدەم قويسا تۇفراقىغە ئالتۇن بولۇر.
قارا ئەفئىغە يەتسە ئانىڭ قولى،
بولۇر كام گۈلچېھرەنىڭ سۇنبۇلى.
بۇلۇت باشىغا يەتسە يامغۇر ساچار،
غەلەتدۇركى يامغۇر ساچار، دۇر ساچار.
ۋەلى ئىش كىبرەك بۇيلە فەرزانەغە،
بۇ يەڭلىغ ئەتايادا شۇكرانەغە.
كى فارىغ بولۇپ خەلق بىدادىدىن،
فەراغ ئىستىمەي دادگەر يادىدىن.
جافاسى ئانىڭ دوستىغە يەتمەگەي،
قايۇ دوست، دۇشمەنىغە جۇر ئەتمەگەي.
دىمەي جەۋركىم قىلسا ئەئداسى جەۋر،
ئاڭا بولماغاي تارتماق كىينمە تەۋر.
جافا ئوترۇسىدا ۋافا ئەيلەگەي،
ۋەگەر بۇ خىل كۆرسە ئەتا ئەيلەگەي.
نىچە تابسە دۇنيا ماتائىگە كام،
ئانىڭ ھىفزىگە قىلماغاي ئىھتىمام.

دىمە ھەق نىكىر يىتكۈرۈر نەيلەگەي،
بارىن ھەق رىزاسىدا سەرف ئەيلەگەي.
ئۆزىگە ئارا يەردە كۆزمەي ۋۇجۇد،
بۇ شۇكرانەغە ھەققە ئەتكەي سۇجۇد.
ئەتايانى ئاڭلاب مۇسەببىب ئىشى،
ئۆزىن بىلمەگەي ئورتا يەردە كىشى.
كى يوترۇدا يەتكەي ئانىڭدىك فۇتۇھ،
كى شەرھىگە بەردىم يۇقارراق ۋۇزۇھ.
بولۇت ئەلگە دۇردىن ئەتاكىش ئىمەس،
ھەق ئىھساندۇر ئۇل سەبەب بىش ئىمەس.
تۇگەنگەچ ساچار فەيز ئەمتار ئاڭا،
ھاۋادا يانا بارمۇ ئاسار ئاڭا؟
شەگۇفە چاغى يەل كى ساچقاي دەرەم،
بولورمۇ دىمەك يەلنى ساھىب كەرەم؟
قازادىن ئاڭا ھەرنى مەرقۇم ئىرۇر،
چۇ تۇتتى ۋۇجۇد ئۆزگە مەئدۇم ئىرۇر.
ماڭا تەڭرىدىن بولدى روزى بۇ كام،
كى ھەر ئىشگەكىم ئەيلەدىم ئىھتىمام.
ھوسۇلىغا ئانىڭ ئۇزاتقۇنچە قول،
سۇھۇلەت بىلە قويتى ئالىمدىن ئۇل.
مۇراكىم ئەگەر خارە بۇنياد ئىدى،
بولۇب گەرد ئالىمدا بەرباد ئىدى.
يولۇمدا نىكىم ئەژدىھالىق قىلىب،
قولۇمدا مەدەدغە ئەتالىق قىلىب.
بۇزۇغ سايەسىدا قىلاي دەفئ رەنج،
تۇشۇمگە كىرىب مەخفى ئاستىدا گەنج.
كۆرۇب تەڭرى لۇتفىن فەلەك چاغلىق،
نىچۇك قىلماي ئوترۇدا تۇفراغلىق.
نىچە تەڭرىغە سەجدە قىلسام نەژەند،
مىنى چۇنكى ئەيلەر فەلەكدىن بەلەند.
سۇجۇد ئىچرە بۇ سود تۇتسا ۋۇجۇد،
ئىرۇر بى ۋۇجۇد ئۇلكى قويغاي سۇجۇد.
بۇ مۇجمەلكى كىلىك ئەتتى تەئۋىل ئانى،
ئىشىتسەڭ قىلاي ئەمدى تەفسىل ئانى.
بارىن ئىبتماق گەر ئىمەس دىلپەزىر،
ۋەلى شەرھى مەقسۇددىن يوق گۇزىر.

كى چۇ ھەقدىن ئولدى ئىنايەت ماڭا،
كەرەم ئەيلەدى بى نىھايەت ماڭا.
ئۇلۇغ كامالاردىن ئىدىم بەختىيار،
كى يوق ئىردى ئاندا ماڭا ئىختىيار.
نىتاڭ بولسا كۆبىدىن كۆب ئەر قايغۇلۇق،
تەمەئ بولسا كىمگە ئۇلۇغدىن ئۇلۇق.
ۋە لىكىن نى غەم تەڭرى ئەيلەب كەرەم،
ئۇلۇغ مۇددىئا بەرسە، مەقسۇد ھەم.
غەرەزكىم چۇ نەزم ئولدى تۆھمەت ماڭا،
يايىلدى جاھان ئىچرە شۆھرەت ماڭا.
غەزەل تەرزىغە ئەۋەل ئەيلەب سىتىز،
جاھان ئىچرە سالدىم ئۇلۇغ رەستەخىز.
ئوقۇر ۋاقتى ئەھلى سالامەت مۇنى،
كۆرۇب ئالەم ئىچرە قىيامەت كۈنى.
ھەر ئەسنافى زىكرى ئىمەس شەئنىمە،
بىلۇر ھەر كىشى باقسا دىۋانىمە.
ۋەلى قانىئ ئولماي ئۇشاق ئىشگە ھىچ،
دىماغىمدا ئىردى ئۇلۇغ پىچ-پىچ.
نى مەيدان ئارا سۇرسام ئىردى سەمەند،
ھاۋاسىن كۆڭۈل قىلماس ئىردى پىسەند.
نى بوستانىكى سەير ئىچرە مەۋجۇد ئىدى،
ھاقارەتدىن ئالىمدا مەردۇد ئىدى.
خىيالىمدا كىشۋەرستانلىغ كىرىب،
مەمالىكدا ساھىبقىرانلىق كىرىب.
بۇ ئەندىشەدىن ئىردى كۆڭلۈمدە شەيىن،
كى بولدى كۆڭۈل مايىل خەمسەتەيىن.
چۇ مەشغۇل بولدۇم تاماشاسىغە،
ئۆتۈب ۋادىيۇ تاغۇ دەرياسىغە.
يارىم چۇق كۆرۇب تەرك سەير ئەتمەدىم،
يىرى قالمادى ئاندا كىم يەتمەدىم.
جاھانى كۆرۇندى كۆزۈمگە نىھان،
نىھان بەلكى ھەر بەيتى ئىچرە جاھان.
قايۇ گوشەكىم نازىر ئولدۇم دەمى،
نەزەرغە ئىدى جىلۋەگەر ئالەمى.
ۋەلى تاغىنىڭ تىغى ئۇل نەۋئ تىز،
كى كۆك خەم بولۇب ئەيلەب ئاندىن گۇرىز.

ئتسكلسكده هەر خاره تاشی ئاڭا،
كەمەرده كسلسب دوٌرباشی ئاڭا.
بولوٌب لاله قان سەبزه تىغی هالاك،
گىياهی داغی سەربەسەر زەهرناك.
خالايتقه ئاتماقغه سەنگی بالا،
ئتەك هەم تولا ئاندا قول هەم تولا.
تولا غارلار ئەژدىهايى دەمان،
دەمی ئوٌيلەكىم ئەژدىهايى زامان.
يوٌتارغا چوٌ ئاغىزلارى ئاچىلىب،
شەرارى بالا هەر تەرەف ساچىلىب.
ئوٌل ئەتقه ئوتوٌن تىشلارىدىن قالاب،
زامانه تىلىدىن فەلەكنى يالاب.
يانا بەهرى زەخخارى ئانداق ئەمىق،
كى ئاندا فەلەك خىنگىدەك يوٌز غەرق.
ئوٌبوٌر ئەيلەب ئوٌليان بالا سەرسەرى،
كى مەۋج بالا يوٌزلانىب هەرسەرى.
يوٌبان كوٌك يوٌزىن خەيلى كوٌلاك ئاڭا،
هەباب ئاڭلانىب گوٌيى ئەفلاك ئاڭا.
بالا سىيلىدىن مەۋجى خوٌنخارراق،
نەهەڭگى ئەجەلدىن سىتەمكارراق.
يانا دەشتىنىڭ سەتهی ئانداق ۋەسىئ،
كى يەتمەي قىراغىغه چەرخى سەرىئ.
بالا مەنزىلى مىرزوٌ بوٌمی ئانىڭ،
ئەجەل شەخسى ئوٌرتەب سەموٌمی ئانىڭ.
دىمه دىۋباد ئانداكىم بارى دىۋ،
يوٌگوٌرمەكته سەرگەشته هەرسارى دىۋ.
هاماقەت تابىپ چوٌن كوٌروٌب توٌل ئاڭا،
بوٌ دەشت ئىچره بازى بېرىپ غوٌل ئاڭا.
قوٌم ئىچره تاپىب ئوٌل بىيابان گوٌمی،
مەشەققەت هىسابی بىيابان قوٌمی.
كىشىكىم باقىب ئاشكارا ۋە نىهان،
كوٌروٌب بويله مىهنەت جاهان دەر جاهان.
نەزەرغه كيلىب گەنجی بی ئىنتىها،
ۋەلی هەر بىر ئوٌزره يوٌز ئەجدىها.
بولوٌپ چوٌن بوٌ ئالەمغه نازىر دەمی،
ماڭا يوٌزلەنىب هەرزامان ئالەمی.

قىلىب ياد دەئۋايوٌ لافىمنى هەم،
ساغىنىپ بوٌروٌن دەرگىزافىمنى هەم.
ئوٌياتقا سالىب بويله هالەت مېنى،
هالاك ئەيلەبان بەل خىجالەت مېنى.
گاهی يوٌزلەنىب ئوٌل سوٌزوٌمدىن ئوٌيات،
سوٌزوٌمدىن دىمەيكىم ئوٌزوٌمدىن ئوٌيات.
گاهی دەب كی يوق دەخلی ئىمكان موٌڭا،
تەسەرروف قىلا ئالماق ئاسان موٌڭا.
بوٌ ئەندىشه كوٌڭلوٌمده قويماي قارار،
هالاك ئەيلابان ئەجز ئىله ئىزتىرار.
ئوٌزوٌمدىن ئىشىم يەئسی جاۋىد ئولوٌب،
ئىشىمدىن كوٌڭوٌل داغی نەمىد ئولوٌب.
قوٌلاغىم بوٌ هالەت ئارا بىر خوٌروٌش،
ئىشىتتىكی دەر ئەردی فەرروٌخ سوٌروٌش:
كی، ئەي بوٌلبوٌلی زار ئەلهان سەرا،
ۋەلی سوٌز دىياردا داستان سەرا،
ناۋا ئىچره مىڭ لەهىن سازىڭ قېنی؟
دەساتىنی خاتىر نەۋازىڭ قېنی؟
ساڭا ئانچه هەق لوٌتفی ۋاقىئدوٌروٌر.
كی تا توٌرك ئەلغازی شايئدوٌروٌر.
بوٌ تىل بىرله تا نەزم ئىروٌر خەلق ئىشی،
يېقىن قىلماىش خەلق سەندىك كىشی.
ساڭا توٌرك ئەقالىمىن ئەيلەب رەقەم،
ئەزەلده نەسىب ئەيلەمىش يەك قەلەم.
نەسىب ئەتتی ئەيلەب سىنی مىرزابان،
سىنانی قەلەم بىرله تىغی زابان.
كی بوٌ موٌلك ئارا قەهرامان بولغاىسىن،
ئوٌلوٌس ئىچره ساهىبقىران بولغاىسىن.
بوٌ يول قەتئىدىن تاپماغىڭ نی ئىدی،
كوٌروٌب خەمسه سوٌستايماغىڭ نی ئىدی؟
قايوٌ ئىشكی بولمىش موٌيەسسەر ساڭا،
بولوٌرموٌ بوٌ ئەندىشه باۋەر ساڭا؟
كی هەق لوٌتفی بولغاي بولوٌپ ئەركىن ئوٌل،
ئوٌل ئاچماي يوٌروٌپ ئەركىن ئالىڭدە يول.
نی ئىشگەكی ئەل سوٌندىڭ ئوٌل توٌتتی ئىل،
موٌنوٌڭ هەم ئالارىن يانا بىری بىل.

ئەگەر ئاچماسا ھەق ھىدايەت يولى،
ۋەگەر تۇتماس ئۇلسا ئىنايەت قولى.
كىم ئۇلغاي زەئىپ ئادىمزات جەسى،
كى ئىشىدا تاۋانالىغ ئىتكەي ھەۋەسى.
خۇسۇسەنكى سەن بارچەدىن پەستسەن،
دىمەي خەسكى تۇفراققە ھەمدەستسەن.
ھەم ئەلدىن ساڭا كۆپرەك ئەفگەندەلىق،
ھاۋاسىڭغە داغى پاراكەندەلىق.
نە كۆڭلۈڭدە قۇۋۋەت، نە جىسمىڭدا زور،
نىچۈككىم ئاياغ ئاستىدا قالسا مور.
باسىلغاچكى يانچىلسا مورى زەئىپ،
نى ئىش قىلغالى بولغاي ئايا ھەرىف.
ئەگەرچە سەن ئۇل مورى پەژموردە سەن،
كى دەۋران جافاسىدىن ئازۇردە سەن.
ۋەلى ھەقدىن ئۇلسا ئىنايەت ساڭا،
تولۇغ ئەتسە مىھرى ھىدايەت ساڭا.
نىچە مور ئىسەڭ بەخت ئۇلۇب رەھنەمۇن،
ساڭا ئەجدىھالارنى قىلغاي زەبۇن.
كۆڭۈلدىن تەۋەھھۇمىن ئەيلەب ئەدەم،
ئىلىك ئىشكە ئۇر، يولغا قويغىل قەدەم.
چۇ ھاتىف ماڭا بۇ نىدا ئەيلەدى،
سەن ئەتكەن ئادانى ئادا ئەيلەدى.
شۇكۇھ ئانچە يۈزلەندى جانىم سارى،
تەۋان ھەم تەنى ناتۇۋانىم سارى.
كى بولدى نەزەر نەرگىسى باغچە،
كۆڭۈل غۇنچەسى خۇد، نى دەي تاغچە.
يىتىپ غەيبدىن چۇن بۇ نەيرەۋ ماڭا،
بولۇب سۆز دىمەك مەيلى ئەسرۇ ماڭا.
قازادىن كۆرۈب گەرم ھەنگامەنى،
يونۇب خەمسە تەھرىرىغە خامەنى.
كۆڭۈل ئىچرە شەۋق ئوتىگە ئىشتىئال،
كۆڭۈل ھەم چۇ نەزم ئەتكەلى ئىشتىغال.
نى يەڭلىغكى باز ئەردى قىلدىم شورۇئ،
نىچۈككىم مۇراد ئەردى تابتى ۋۇقۇئ.
قەلەمنى چۇ كاغەز نىگار ئەيلەدىم،
كۆب ئەئجۇبەلەر ئاشكار ئەيلەدىم.

نى غايەتكى تەبئىم ھەراسان ئىدى،
يۈز ئانچە بىتەر ۋاقتى ئاسان ئىدى.
گۇھەر ئۇل قەدەر ساچتىم ئافاق ئارا،
كى جەۋفى ئۇلدى كىم بۇ كۇھەن تاق ئارا.
دۇۋاتىم كى ئاچتى دۇكانى گۇھەر،
دۇكانى گۇھەر يوقكى، كانى گۇھەر.
ھاماناكى يۈر چاغدا لاسىن ئانىڭ،
سىلايە قىلۇردا قاراسىن ئانىڭ.
تامىزغاندا ھەر قەترەئى سۇ ئاڭا،
سۇ ئورنىدا تامغاندۇر ئىنجۇ ئاڭا.
قايۇ قەترە سۇ بەلكى دەريايى ژەرف،
كى قىلمىش ئاڭا ھەق دوۋاتىمنى زەرف.
دۇۋات ئەرمەس ئۇل ئۆزگە ئالەم دىگىل،
نى ئالەم، ئانى چەرخى ئەئزەم دىگىل.
گەر ئۇل چەرخدىن يوق نىشانى ئاڭا،
نىدۇر يۈز جاھانى مەئانى ئاڭا.
بولۇب كىلكىم ئانداق دىلاۋەر نەھەڭ،
كى بەھرى مەئانىدا قىلماي دەرەڭ.
قايانكىم بۇ سۇدا تاۋاف ئەيلەبان،
سۇنى چەڭ يەڭلىغ شىگاف ئەيلەبان.
مەئەلقىسسە ئەيتۇردا ئۇل مەسنەۋى،
ئەگەرچە بار، ئەردىم، ئۇلار پەيرەۋى.
ۋەلى دەر زامان قايسى بىر دەققەرىن،
ساچىب بەھرى ئەندىشەئىڭ گەۋھەرىن.
ئاڭا زىبۇ-زىنەتلەر ئەتتىم فۇزۇن،
كى ۋەسفى ئانىڭ شەرھ ئىتەردىن ئۇزۇن.
كىم ئەفسانە كىلىك ئەتتى تەھرىر ئاڭا،
كى يول تابمامىش خەتتى تەغيىر ئاڭا.
چۇ ھەقدىن ئىدى كەلدى سافۇ سىلىغ،
قايۇ يىرگەكىم بولدى ئارتۇق سىلىغ.
بۇ يەڭلىغ يىتىب تۆرتى ئىتمامىغە،
بىرى يىتمەمىش ئەردى ئەنجامىغە.
شۇرۇئى داغى ناپەدىدار ئۇلۇب،
كى تەغيىر ۋەزئىگە دىشۋار ئۇلۇب.
لەتايىف تاپىلماس ئىدى ئانچە ھەم،
يانا تۆرتىگە لايىق ئولغانچە ھەم.

كۆڭۈلگە تاپىلماسدىن ئازار ئىدى،
ۋە لېكىن تاپار فىكرىدە بار ئىدى.
مۇڭا تىكرۇكىم نەزم ئېلىنىڭ شاھى،
بۇ ئىش بارچە دىشۋارىنىڭ ئاگاھى.
سافا بەزمىنىڭ سافى ئاشامى ئۇل،
بۇ دەير ئەھلى سەرھەلقەسى جامى ئۇل.
ئىشىتتىم قىلىب زىب دەفتەر سۆزىن،
قىلۇر نەزم گويا سىكەندەر سۆزىن.
ۋەلى قىلماين مەيل ھالاتىغە،
شۇرۇئ ئەيلەمىشدۇر ماقالاتىغە.
قويۇبدۇر تەۋارىخۇ ئەفسانەسىن،
بىتىبتۇر دىگەن دۇررى يەكدانەسىن.
بۇ سۆزدىن ماڭا يۈزلەنىب شادلىغ،
تاپىب خاتىرىم غەمدىن ئازادلىغ.
كى تابىتىم دۇرنىكىم تەلەبكار ئىدىم،
بىرىب ئۆمر نەقدىن خېرىدار ئىدىم.
كىم ئۇل داستان سارى باقغامەن،
كۆب ئارتۇقسى زىۋەر ئاڭا تاقغامەن.
چۇ ھەقدىن بولۇب لۇتفى راھبىر ماڭا،
نەسىب ئولدى مۇنداق جاۋاھىر ماڭا.
يونۇب خامە كاغەز نىگارىش قىلاي،
ھەمۇل داستانىنى گۈزارىش قىلاي.
سىكەندەر جاھاندار كىشۋەرستان،
ئىشىدىن چۇ نەزم ئولسا بىر داستان.
سۆزىدىن داغى ياخشى تەقرىب ئىلە،
ھەمۇل داستان زەيلدە زىب ئىلە.
سۇرەي ھىكمەت ئاسا ماقالاتىنى،
سۆز ئىچرە ئاجايىب خىيالاتىنى.
بىرىب داستان زىبى ئەلگە فىرىب،
سۆزىدىن فىرىب ئولغاي ئارتۇقسى زىب.
كى فەرزانەلار دەب كۆپ ئەفسانە ھەم،
سۆزىن نەزم ئېتىبدۇر بۇ فەرزانە ھەم.
قەدەم ئۇرسام ئۇشبۇ ئىككى يولغا مەن،
نىكىم بارچە دەبدۇر دېمىش بولغامەن.
بولۇب گەرم نى ھىرزە سۆزلەر دىدىم،
مەگەر مەست ئىدىم، يوقسە مەجنۇن ئىدىم.

بۇ دەمكىم خىرەد مەندىن ئاگاھدۇر،
سۆزۈم بارچە ئەستەغفىرۇللاھدۇر.
ھەق ئەتكەي مۇڭا داغى ئىلكىم قەۋى،
كى بولغايمەن ئۇل خەلقىنىڭ پەيرەۋى.
ئۇلاردىن قاچان يېتماگۈنچە مەدەد،
ماڭا نامە سەبت ئەتكەلى قايدا ھەد؟
ئەگەرچە بۇ سۆزنى ئۇلوس كەم بىلۇر،
ۋەلى مەن بىلۇرمەن، خۇدا ھەم بىلۇر.
كى ئەيلەب يارىم تۈنلەر ئۇيقۇ ھارام،
كى ھەق سەجدەسىغە قىلۇرمەن قىيام.
ئۇلارنىڭ راۋانى پۇر ئەنۋارىغە،
بۇ بىرنىڭ داغى قۇۋۋەتى كارىغە،
قىلىب فاتىھە خەتمى ئىخلاس ئىلە،
كۆزۈم بەھرىدە جىسمى غەۋۋاس ئىلە،
قىلۇرغا نىيازىمنىڭ ئىسباتىنى،
تۇتۇب باشقا - باشقا ئۇلار ئاتىنى.
تەزەللۇم يۈزىدىن تەزەررۇئ قىلىب،
مەدەد ھەر بىرىدىن تەۋەققۇئ قىلىب.
بۇلاردىن سۇڭ ئىلكىمگە ئالىب قەلەم،
نى كىم خاتىر ئىستەر قىلۇرمەن رەقەم.
ئىشىم تا بۇ ئاشۇبى پىنھان ئىمەس،
قەلەم سەفھەغە قويماق ئىمكان ئىمەس.
بۇلار يوقكى ھەركىمگە نەزمى دېمىش،
ۋە يا بۇ جامائەتگە داخىل ئىمىش.
بارىغە نىيازۇ دۇئادۇر ئىشىم،
ئۇلاردىن مەدەد مۇددەئادۇر ئىشىم.
چېكەرمەن ئۇلار جامى شەۋقىنى خۇش،
ۋەلى بىر جامىغە مەن دۇردكەش.
كىتۈر ساقىيا ئۇل كايانى قەدەھ،
تاغاردىكى دىگەيلەر ئانى قەدەھ.
كى ئاغزىغە قۇيغان دەم ئوق سىبقاراي،
ئاغىز ئاندىن ئالغاچ ئۆزۈمدىن باراي.
مۇغەننىي سەرودى ھەرىفانە چەك،
بىر ئۈن بىرلە تىنك تۇرماغىل، يانە چەك.
دېمە سۆز مەيى ئۇيلە مەستى خاراب،
كى تاڭلا سۆز ئېيتۇرغە قىلغۇم شىتاب.

ناۋايى نچه ساقى گەر شەك ئېرۇر، ئۆزۈك ئاسراغايسەن ئېچەر چاغدا راھ،
مۇغەننى داغى دىلكەش ئاھەك ئېرۇر، كى كۆللى ئىش ئالىغە تۆشمىش ساباھ.

بۇ گەۋھەر فىشانلىغدىن چۇن ئۇلۇغ مەقسۇد تارىخ ئىلمى مەخزەنىغە ۋۇقوف باغماغلىغ ۋە بۇ جەۋھەر فىشانلىغدىن كۆللى مۇراد سالاتىنى مازىيە ياخشى ھالاتى مەكشوف بولماغلىغ ئەردى، ئۇل جەھەتدىن ئەجەم مەلوكىكىم تۆرت تەبەقەدۇرلار، ئۇلار ئەھۋالدىن ئىجمال تەرىقى بىلە ئىقتىسار ئىتىلدى ۋە ئەۋەلغى تەبەقەكىم پېشدادىلاردۇر، بەش نېھاد ئۇلار ئىشلارى شەرھىن قىلماق

(بۇ گۆھەرلەرنى چېچىشتىكى ئۇلۇغ مەقسەت تارىخ ئىلمى خەزىنىسىدىن مەلۇمات بەر- مەك ۋە بۇ جەۋھەرلەرنى چېچىشتىكى بارچە مۇددىئا ئۆتكەن زامان پادىشالىرىنىڭ ياخشى ئىش-ھەركەتلىرىنى بايان قىلىش ئىدى، بۇ جەھەتتىن ئىيتساق، ئەجەم (ئىران) دۆلىتىدە تۆرت تەبەقە ئۆتكەن، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى قىسقارتىپ بايان قىلىمەن؛ ئۇلارنىڭ ئەڭ ئا- ۋالقى تەبىقىسى پېشدادىلار بولۇپ، ئۇلارنى بەش ئاساس بويىچە شەرھىلەيمەن)

بۇ تارىخ سۈرەت نىگارەندىسى،
بۇ يەكلىغ بولۇب سۆز گۇزارەندىسى:
كى ئاندىنكى ئادەم ئەلەيھىسسالام،
خىلافەت سەرىرىدە تۇتتى مەقام.
ئاڭا تىكرۇكىم شاھى مەككىي لەقەب،
نى مەككىي لەقەبكىم رەسۇلى ئەرەب.
مۇھەممەدكە ئەردى رۇسۇل شاھى ئۇل،
لەدۇننى ئۈلۈمنىڭ ئاگاھى ئۇل.
قىلىب ھەق ئانى سەييىدۇلمۇرسەلىن،
رىسالەت ئۇزە بولدى مەسنەد نىشىن.
بۇ مابەيىن ئارا ۋاقىئە ئولگان مەلۇك،
كى كۆرگۈزدىلەر شەھلىغ ئىچرە سۈلۈك.
كاپ ئەتتىم تاۋارىخ ئوقۇر سارى مەيىل،
ھاماناكى بار ئېردىلەر تۆرت خەيل.
كى تارىخ تەھرىرىن ئەتكەن رەقەم،
بىتىبدۇر ئۇلارنى مۈلكى ئەجەم.
ئەگەرچە كۆپ ئولمىشدۇرۇر ئىختىلاف،
كى بار ئىختىلاف ئەيلەگەنلەر مائاف.
كى سالمىشدۇرۇر ئىبتىدادى زامان،
ھاۋادىسكى ئام ئەيلەمىش ئاسمان.
تاۋارىخ ۋەسفىگە بىھەد فۇتۇر،
كي ئاندىن بۇ فەن ئىچرە بولمىش قۇسۇر.

ۋەلى ئۇلچە بەرگەيلەر ئاندىن خەبەر،
«نىزامۇتتاۋارىخ» ئېرۇر مۇئتەبەر.
قىلىب ئۆزگىلەر بىرلە تەتبىق ھەم،
بۇ سەرنامە فىھرىستىن ئەتتىم رەقەم.
بۇلارنى كى سەبتا ئەيلەدىم تۆرت قىسىم.
ئىشىت ئەمدى بارىغە تارىخ ئىسىم.
بۇرۇنغىگە كەلدى لەقەب پېشداد،
ئىككىنچى ئىمىشلەر كەيانى نىھاد.
ئۈچۈنچىغە ئەشكانى ئولدى لەقەب،
يانا بىرگە ساسانى ئولدى لەقەب.
ۋەلى پېشداد ئەردى ئون بىر كىشى،
بۇرۇن سەلتەنەت كەلدى بۇ قەۋم ئىشى.
ئۇلار پېشۋاسى گەيو مەرس زاد،
كىم ئۇل قويدى تەخت ئۆزرە ئائىنى داد.
تۇتۇب گەر جاھاننى ئاسماسى ئۇنىڭ،
دەدۇ دام چەرمى لىباسى ئۇنىڭ.
يانا بىر جاھاندار ھۇشەڭ ئىدى،
كى زىبەندەئى تاجۇ ئەۋرەڭ ئىدى.
ئاڭا يوق خىرەدمەندلىق ئىچرە ھەد،
بىتىب نۇسخەنى «جاۋىدانى خىرەد».
چۇ ئۇل باردى تەھمۇرەس ئولدى پەدىد،
ئاڭا باغلادي ئالەم ئەھلى ئۇمىد.

بەسى شەھەر ئالەمدە قىلدى بىنا،
نىشاپۇرۇ، مەرۋۇ، سىپاھان يانا.
يانا ·سىۋردى جەمشىد ئالەمغە رەخش،
كى ھەم تەختىگىر ئەردى،ھەم تاج بەخش.
خالايىققە كۆپ يىتكۇرۇپ ئىنتىفائ،
غىرىب ئەمىر كۆب ئەيلەدى ئىختىرائ.
يانا دەھر داراسى زەھھاك ئىدى،
كى ئەل قانى تۆكمەكتە بىباك ئىدى.
نىچە كۈن ئىشكە كۆرۇندى سەبات،
بارۇر چاغ كۆرۇندى ئاڭا ئەسرۇ بات؛
فەرىدۇن ئىدى سۇڭرە ئافاقگىر،
ئاڭا بارى ئافاق فەرمان پەزىر.
باشى ئۆزرە تاجى كەيانى بولۇب،
دۇرەفشى ئانىڭ گاۋىيانى بولۇب.
مەنۇچەھر بولدى ۋەلى ئەھد ئاڭا،
كى مەسنەد ئىدى بۇ كۇھەن مەھد ئاڭا.
فۇرات ئارىغىن ئۇل راۋان ئەيلەدى،
شەجەر ئەكتىيۇ بوستان ئەيلەدى.
يانا تابتى نۇدەر جاھاندىن ناۋا،
جاھان مۇلكىگە بولدى فەرمان راۋا.
ۋەلى دەھر كامىن راۋا قىلمادى،
ئاڭا داغى ئالەم ۋافا قىلمادى.
يانا شاھلىق قىلدى ئەفراسىياب،
ۋەلى قىلدى ئالەمنى زۇلمى خاراب.

زامانىدا گەر ئىبردى ئاباد كەم،
ئانى قويمادى چەرخ ئاباد ھەم.
بولۇب زاب تەھماسبىنىڭ نەۋبەتى،
فەلەكدىن ئۆتۈب چەترىنىڭ رىفئەتى.
مۇسەللەم ئاڭا ئەردى ئەۋرەڭۇ تاج،
كى باغىشلادى يەتتى يىللىق خىراج.
چۇ ئالەم تەھى بولدى تەھماسبدىن،
زامان زىبۇ فەر تابتى گەر شاسبدىن،
فەلەك تەۋسەنىن گەرچە رام ئەيلەدى،
چۇۋەقت ئولدى ئۇل ھەم خىرام ئەيلەدى،
بارى دەھرىنىڭ سەرفەرازى ئىدى،
ۋەلى دەھردىن بارچە بازى يىدى.
كىتۇر ساقى ئۇل جامى جەمشىد ساز،
كى قىلغاي جاھاندىن مىنى بى نىياز.
چۇ يوق شاھلىق رەسمى ئاگاھلىق،
ئىرۇر مەيدىن ئاگاھلىق شاھلىق.
مۇغەننى ئەجەم ئىچرە تۇتغىل نەغەم،
سىغۇر ئاندا زىكرى مۇلكى ئەجەم.
ئالار پىشداد ئىركەنىن ياد قىل،
ماڭا سەن داغى تەركى بىداد قىل.
ناۋايى، ئەجەب يەرگە يەتمىش سۆزۈڭ،
نى ئەلدۇر بۇلار، خود بىلۇرسەن ئۆزۈڭ.
ئەدەب بىرلە شاھانە ساغەر سۇمۇر،
دىماغىڭ چۇ گەرم ئولدى ئەفسانە سۇر.

**ئىككىنچى تەبەقە كىيانىلاردۇرۇلاركىم ئۇلارنىڭ ئالى تەختلارىن ۋە كىيانى تاجلارىن باشدىن - ئاياقىغىچە دىمەك**

**(ئىككىنچى تەبەقە كىيانىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئالى تەختلىرى ۋە تاجلىرىنى باشتىن - ئاياق بايان قىلىمەن)**

بىراۋكىم بۇ سۆز ئەيلەدى ئىبتىدا،
قىلۇر فارس تارىخى بۇ نەۋئ ئادا.
كىم ئەردى كىيانى ئىككىنچى گوروھ،
كى ئالەمدە ئەردى ئۇلاردىن شۇكۇھ.
بۇلاردىن بۇرۇنغىنى بىل كەيقۇباد،
كىم ئەردى خىرادمەندۇ ئادىل نىھاد.

مەگەر رۇستەم ئۇل ۋە ئىدى نەۋجۇۋان،
كى بولدى ئانىڭ ئالىدە پەھلىۋان.
يانا تۇتتى كاۋۇس ئافاقنى،
تەمە ئەيلادى چەرخى نۇھتاقنى.
سىپەھدارى گۇدەرەز ئىبردىيۇ تۇس،
سىياۋۇشقە يارۇتتى نارى مەجۇس.

يانا بولدى كەيخسراۋى پاك راي،
جاهان ئەهلىگە راي ئىلە كەدخۇداي.
سىپەهدار ئاڭا تۇسۇ، گۇدەز گيۋ،
فارا مەرز ئىلە رۇستەمۇ، زالۇ نيۋ.
يانا بولدى لۇهراسب مۇلىك ئۆززە شاه،
كۆپى بەلخ ئەردى ئاڭا تەختىگاه.
ياقىندىن ئاڭا تىيرە بولدى بەسەر،
كى لەشكەركەشى بولدى بۇختۇننەسەر.
يانا مۇلىك ئۆززە قىلدى گەرشاسب هۆكۈم،
نىچۈككىم قىلىب ئەردى لۇهراسب هۆكۈم.
ۋەلى تۇتتى زەردەشت ئائىننى ئۇل،
مەجۇس ئولدى ئىستەب ئۇلار دىننى ئۇل.
يانا مۇلۇك ئۆززە تۇتتى بەهمەن قارار،
ئۇچۇردى زالالەت ئوتىدىن شارار.
ئەگەر زابۇلىستانغا سالدى فۇتۇر،
ۋەلى بەيتى مۇقەددەسقە بەردى سۇرۇر.
چۇ ئۇل باردى مۇلكىنى بەردى خۇداي،
قىزىغەكى يار ئەردى ئاتى هۇماي.
چۇ تەۋفىق ئاڭا بولدى ئامۇزگار،
نىچە يىل ئاڭا توختادى روزگار.
ۋافا قىلماي ئۇل ئالەمئازاغا مۇلىك،
يانا مۇنتەقىل بولدى داراغا مۇلىك.
شاهى ئەردى ئۇل شىۋەسى ئەدلۇ داد،
بۇيۇردى جاهان ئەهلىغە ئىنقىياد.

ئانىڭ ئوغلى دارايى دارا ئىدى،
كى ئاندىن سۇڭ ئۇل ئالەمئارا ئىدى.
ۋەزىرى بولۇب شاه ئىلە خەشمناك،
ئانىڭ قەستىدىن بولدى دارا هالاك.
سىكەندەركى گەردۇنغا چەكتى لىۋا،
ئانىڭ ئەسرىدە بولدى فەرمان راۋا.
ئۆز ئورنىدا گەر زىكرى تابتى ۋۇقۇئ،
ۋەلى قىلماغۇم قىسسەسىغە شۇرۇئ.
كىيانىلار ئەردى بۇ توققۇز كىشى،
كى چەكتى ئالارنى فەلەك گەردىشى.
ۋەلى ئۇيلەكىم كۆكنى چەكتى بەلەند،
قارا يەر ئۆززە سالدى ئاخىر نەژەند.
ئاياقچى مەيى دەستىگانى كېتۇر،
تولا ئەيلە، جامى كىيانى كېتۇر.
كى دەۋرانكى، ئائىنى ئولمىش جافا،
نى كەيگە، نى داراغا ئەيلەر ۋافا.
مۇغەننى تۈزۈب نەغمەئى پەهلەۋى،
سەرۇدى ئانىڭ بىرلە چەك مەئنەۋى.
بۇ شاهلاركى نەزم ئىچرە قىلدىم ساۋاد،
سەرۇدۇڭ ئارا سەن داغى ئەيلە ياد.
ناۋايى مەي ئىچ، داغى بول رەهشۇناس،
بۇ شاهلاردىن ئەت ئۆز ئىشىڭنى قىياس.
جاهاندارلارنى جاهان قىلسا پەست،
تاپا ئالماغايمۇ گادالارغە دەست؟

**ئۈچۈنچى تەبەقە ئەشكانىلاردۇرۇركىم ئۇلارنى مۇلۇكى تەۋايىف هەم دەبدۇرلار، ئۇلار هالاتىدىن داستان سۇرمەك**

**(ئۈچىنچى تەبەقە ئەشكانىلار بولۇپ، ئۇلارنى تەۋايىف ئىباى دەپ هەم ئاتايدۇ، ئۇلارنىڭ ئەهۋالىدىن داستان تۈزمەن)**

مۇئەررىخكى يازدى مۇلۇكى ئەجەم،
بۇ يەڭلىغ قىلۇر داستانىنى رەقەم.
كى ئون توققۇز ئېردى ئۈچۈنچى مۇلۇك،
قىلۇر ئەردى ئۇلار ئالەم ئىچرە مۇلۇك.
مۇلۇكى تەۋايىفكى مەشهۇر ئېرۇر،
بۇلاردۇركى دەفتەردە مەستۇر ئېرۇر.
كى ئىسكەندەرى كاردان ئەتتى نەسب،
مەمالىك ئارا هۆكۈمران ئەتتى نەسب.
ئۇلاردىن بىرى ئەنتىكى دارا ئىدى،
كى كۆب شەۋكەتى ئاشكارا ئىدى.
نىچە كۈن قىلىب زۇلىم يا ئەدلۇ داد،
جاهان مۇلكىگە ئەيلەدى خەيرباد.

چۇ ئەشكانى داراغە قالدى جاھان،
قىلىب زۇلمىنى ئەل كۆزىدىن نىھان.
جاھان ئەشكى ئاشكانغە بولغاچ مەقام،
زۇھۇر ئەتتى ئەيسا ئەلەيھىسسالام.
چۇ بەھرامۇ شاپۇرغە قالدى دەھر،
بارى دەھر ئىلى ئەدلىدىن تابتى بەھر.
يالاش ئىبنى بەھرام سۇرگەچ سەمەند،
فەلەك بۇرجىغە مەھكەم ئەتتى كەمەند.
چۇ ئالدى جاھان ھورمۇز ئىبنى يالاش،
ئادالەت ئۆتەر دەھر ئارا قىلدى فاش.
يانا نەرس ئىبنى يالاش ئالدى تەخت،
نىچە كۈن ئانى كامران ئەتتى بەخت.
يانا قالدى فىروز ھورمۇزغە تاج،
ئوكۇش تاجۋەرلاردىن ئالدى خىراج.
يالاش ئىبنى فىروز چۈن بىلدى مۈلك،
تاپاخور ئانىڭ ئەدلىدىن قىلدى مۈلك.
يانا خۇسراۋ ئىبنى يالاش ئولدى شاھ،
ئاڭا يەر يۈزىن تۇتتى خەيلۇ سىپاھ.
يانا شاھلىغ ئەتتى يالاشۇ يالاش،
كىشىگە ئانىڭ بىرلە بولماي تالاش.
يانا ئەردەۋانى يالاش ئولدى تۇند،
ئانىڭ تىغىنى ھەم فەلەك قىلدى كۇند.
يانا ئەردەۋان ئىبنى ئەشغان بولۇب،

زامانە ئانىڭ ئۆزرىنى ھەم قولۇب.
جاھان ئالدى گۇدەرزى ئەشغان يانا،
ئاڭا ھەم جافا قىلدى دەۋران يانا.
يانا شاھ ئالەمدە گۇدەرز ئىدى،
كى مەنزىلگەھى بۇ كۇھەن مەرز ئىدى.
يانا بولدى گۇدەرز تىغى ئۇلۇغ،
ئانى ھەم زاۋال ئەيلەدى قايغۇلۇغ.
يانا تۇتتى ئالەم يۈزىن ئەردەۋان،
كى چەكتى ئانى چەرخى ئەخزەر داۋان.
بۇلارغە داغى باقى ئولماي ھايات،
فەلەك مۈلكىنى بەردى بات، ئالدى بات.
كىتورساقى ئۇل ساغەرى لەئلرەڭ،
ئانىڭ دەۋرىدە زاھىر ئەتمە دەرەڭ.
چۇ يوقتۇر دەرەڭگى فەلەك جامىغە،
كۆڭۈل قويما ئاغازۇ ئەنجامىغە.
مۇغەننىي، بۇ شاھلارغا چەكتىم تەراز،
ئۇلار يادىدا نەغمە چەك دىلنىۋاز.
كى نەغمەڭ بىلە بىر قەدەھ نۇش ئېتەي،
دەمى نوكتەدىن تىلنى خامۇش ئېتەي.
ناۋايى، بۇ شاھلاركى كۆردى جاھان،
بۇ كۈن بارچە تۇپراغ ئارادۇر نىھان.
چۇ بارچا ئۇل يان ئەزىمەتدۇرۇر،
زامانى خوش ئولماق غەنىمەتدۇرۇر.

**تۆرتۈنچى تەبەقە ساسانىلار ئەردىلەركىم جاھان مۈلكىدە جاھانبانلىق قىلدىلار، رۇبئى مەسكۇن مەملىكەتىنى ئالدىلار**

**(تۆتىنچى تەبەقە ساسانىلار بولۇپ، ئۇلار جاھاندا ھۆكۈم سۈردى، دۇنيانىڭ تۆتتىن بىر بۆلىكى مەملىكەتلەرنى ئىلكىگە ئالدى)**

ناۋا سازى داستانى ئازەر پەرەست،
بۇ نەۋئ ئەتتى سۆز رىشتەسىن بار بەست.
كى تۆتىنچى خەيل ئولچە شاھ ئەردىلەر،
فەلەك قەدرۇ ئەنجۇم سىپاھ ئەردىلەر.
كى ھالا ئەدەمدۇر ئۇلارغا مەفەر،
يىگىرمەدۇرۇر داغى توققۇز مەقەر.
بىرى ئەردەشىر ئىبنى بابەك ئىدى،
كى بەئزى ئەل ئانى ۋەلى ھەم دىدى.
يانا ئەردى شاپۇر بىننى ئەردەشىر،
كى شاھى ئىدى كاردانى دەلىر.
ئۇل ئەتتى ياقا مۈلكى سارى خىرام،
قويۇب ئوغلى ھورمۇزنى قائىم ماقام.
يانا تەگدى بەھرامۇ ھورمۇزغە تاج،
جاھان ئىچرە ئەدلىدىن ئولدى راۋاج.

يانا قىلدى بەھرامۇ بەھرام جەھد،
كى دەھىر ئەتتى تازە ئانىڭ بىرلە ئەھد.
يانا ئوغلىگە دەھر ئارا كام ئىدى،
كى، بەھرامۇ بەھرامۇ، بەھرام ئىدى.
يانا قىلدى نەرسىنى چەرخى ئەرجۇمەند،
ھەم ئاخىر ئەدەم سارى سۈردى سەمەند.
يانا ھورمۇزۇ نەرسى ئەتتى غولۇ،
كى قەدرى فەلەكدىن ئاشۇردى ئۇلۇ.
يانا تابتى شاپورى نەرسەغە زور،
كى سالدى سىپاھ بىرلە ئالەمغە شور.
يانا ئەردەشىر بىننى ھورمۇزغە كەۋن،
يىتىشتى چۇ ئول تەگرىدىن تابتى ئەۋن.
يانا قىلدى شاپورى شاپور كىن،
كى ئافاق ئاڭا بولدى زىدى نىگىن.
يانا تۈزدى بەھرام شاپور جەيىش،
كى ئىلكىگە ئالدى تولا جامى ئەيش.
يانا ئالدى فىروز بىننى يەزدىجەرد،
جاھاندا قىلىب ئەدلۇ ئىنساف ۋەرد.
يانا شاھ يالاش ئىبنى فىروز ئىدى،
ئادالەت بىلە ئالەم ئەفرۇز ئىدى.
قۇباد ئىبنى فىروز ھەم تۈزدى بەزم،
بۇ كاخ ئىچرە لېكىن قويۇب قىلدى ئەزم.
يانا بولدى جاماسىب كىشۋەرىستان،
جاھان بولدى ئىنسافىدىن بوستان.
چۇ تەخت ئالدى نوشىرۋانى قۇباد،
ئۇل ئەتتى بىنا دەھر ئارا ئەدلۇ داد.
يانا ھورمۇز ئىبنى ئەنۇشىرۋان،
كېتۈردى جاھان ئىچرە جىسمى راۋان.
چۇ پەرۋىز ھورمۇزغە چەرخ ئولدى يار،
زاماندا شاد ئولدى مۈلكۈ دىيار.
چۇ شىرويە ئاغازى كىن ئەيلەدى،
ئەزىز ئەلنى خارو ھەزىن ئەيلەدى.
يانا ئەردەشىر ئولدى چۇن قەھرەمان،
ئانىڭ قەھرىغە قالدى ئەھلى زامان.

يانا ئەردەشىر ئولدى كىشۋەر سىتاي،
جاھان ئەھلىغە بولدى رەھمەت فەزاي.
يانا كىسرا ئارسلان تابتى فەر،
ئەدەم مۈلكىگە ھەم ئۇل ئەتتى سەفەر.
ياناكىسرا ئولدى جاھان داۋەرى،
كى گەردۇندىن ئۆتتى ئانىڭ ئەفسەرى.
يانا دەھر تۇراننى قىلدى ئەزىز،
كى نىسبەتدە پەرۋىزغە ئەردى قىز.
يانا ئالدى پەرۋىز بەھرام ھەم،
قولىغە تۇتۇب تىغ ئىلە جام ھەم.
يانا بولدى ئازەرمى ئەفسەرپەرەست،
كىم ئۇل تابتى تۇران يېرىغە نىشەست.
يانا فەررۇخ ئالدى جاھان كىشۋەرىن،
سالىب ئەدىل ئىلە تەبئ دانىشۋەرىن.
يانا يەزدىجەرد ئالدى مۈلكۈ دىيار،
كى دەرلەر لەقەبدە ئانى شەھرىيار.
قايۇ بىركى مۈلك ئالدى، تابتى سۇرۇر،
مۇبەددەل سۇرۇرىغە بولدى غۇرۇر،
جاھان مۈلكىن ئۆز مۈلكى قىلدى گۇمان،
گۇمانى ھامان ئەردى، كەتمەك ھامان.
قۇتولدى ئۇلار دەھر ئازارىدىن،
كېتىب بارى، قالدى جاھان بارىدىن.
ئاياقچى ماڭا جامى شاھانە تۇت،
تۈگەنگەن سايى تولدۇرۇپ يانە تۇت.
چۇ كەتكۈمدۇرۇر دەھر بەزمى قالىب،
كىتەي بارى كامىنى مەيدىن ئالىب.
مۇغەننىي، سەرۇد ئەيتبان رۇد تۈز،
ۋافاسىز جاھان بىرلە پەدەرۇد تۈز.
چۇ كەتمەكلىك ئاندىن ئېرۇر ناگۇزىر،
دەمى خوش دىل ئولماق ئېرۇر دىلپەزىر.
ناۋايى، بۇ يەڭلىغ ئىمىش دەھر ئىشى،
ۋافا كۆرمامىش ھەرگىز ئۇندىن كىشى.
كىشىلىك بۇدۇركىم ئۇنۇتساڭ ئۇنى،
چۇ تەركىڭ قىلۇر تەرك تۇتساڭ ئۇنى.

ئىسكەندەر داستانىنىڭ ئاغازىكىم ھەق ئەنجامىغە يەتكۇرگەي ۋە تارىخنىڭ ئىفتەتاھى كىم تەڭرى تائالا ئىختىتامىغە رەقەم سۈرگەي ۋە ئۇنىڭ نەسەبىدە ئىختىلافكىم تارىخ ئەھلى قىلمىشلار ۋە ئۇل ئىختىلافنى دەفئ ئىتىب ئەھلى تەھقىق ئىشىنىڭ ھەقىقەتىن بىلمىشلار ۋە مەلىكى فەيلەقۇسنىڭ دارى باقاغە كەتكەنى ۋە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ مۇلكى فانى تەختىن مەقام ئەتكەنى

(ئىسكەندەر داستانىنى باشلىدىم، ئۇنى تەڭرى ئاخىرىغا يەتكۈزسۈن؛ تارىخ باشلانغان، ئۇنى ئاللا تائاللا ئۆزى تامام قىلىدۇ؛ تارىخى نەسەپلەردە كۆرۈلگەن ئىختىلاپ ۋە نۇقسانلارنى تارىخ ئەھلى تۈزىتىپ، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىدۇ؛ پادىشا فەيلەقۇس باقىيلىق ئۆيىگە (ئۇدۇنياغا) كەتتى، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن پانى دۇنيا تەختىدىن ئورۇن ئالدى)

نىگار ئەيلەگەن نەقشى رومى تەراز،
ئاچىب پەردە بۇ نەۋئ كۆرگۈزدى راز.
كى بۇ تۆرت خەيىلكى بولدى ئادا،
كى كۆك تاقىگە سالدىلەر كۆب سادا.
كى دەۋرانلارى تۆرت مىڭ ئۈچيۈز يىل،
يانا ئوتتۇز ئالتىيۇ ئون ئاي بىل.
بۇ مۇددەتتە كىمدىن كىم ئاسار ئىدى،
كى كىشۋەر كۇشا بەل جاھاندار ئىدى.
تاپىب بەش يۈزۈ بەلكى مىڭ يىل ئامان،
بۇ مۇددەتتە مەھكۇم ئەھلى زامان.
قىلىب ئولچە خاتىرغە كىلگەنچە ئىش،
ئالارغا نىيسىب ئولمادى ئانچە ئىش.
كى ئاز ۋاقىت ئارا شاھى يەزدانپەرەست،
سكەندەرگە ئافاق ئارا بەردى دەست.
بىلىنگەي دىيىلگەندە بىر-بىر ئىشى،
كى خەلق ئەتىيەدى تەڭرى ئانداق كىشى.
بۇ مۇجمەلكى ۋەسف ئەيلەدىم زاتىنى،
قىلاي ئەمدى بارىنىڭ ئىسباتىنى.
ھەمۇل تۆرتە خەيىلكى يازدىم سۇتۇر،
ئىككىدىن سۇڭ ئىسكەندەر ئەتتى زوھۇر.
كىيانىلار ئولغاندا بىر-بىر نىھان،
كى دارايى بەھمەنغە قالدى جاھان.
مۇباھات ئىتىب تەخت ئىلە تاج ئاڭا،
بىرورلار ئىدى شاھلار باج ئاڭا.
بۇ فۇرسەت ئارا ۋالى رومۇ، رۇس،
شاھى ئەردى ئاتى مەلىك فەيلەقۇس.

مەلەكۋەش كىلىب ھەر سىفاتى ئانىڭ،
مەلەكۋەش ۋەلى پاك زاتى ئانىڭ.
نىزامىكى نەزىم ئەھلىگە شاھ ئىدى،
بۇ شاھ سەرگۈزەشتىدىن ئاگاھ ئىدى.
كىتابىدا دەر چاغ نىشانىن ئۇنىڭ،
بۇ يەڭلىغ دىدى داستانىن ئۇنىڭ.
كى نەسل ئىچرە يوق ئەردى پەيۋەند ئاڭا،
مۇراد ئەردى ئالەمدە فەرزەند ئاڭا.
بۇ سەۋدا سالىب جىسمىغە - پىچ-پىچ،
كى بولماس ئىدى ئۇل تەمەنناسى ھىچ،
مەگەر بىر كۈن ئوۋدىن ئالىب كۆڭلى بەھر،
تەرەب بىرلە ئەيلەب ئىدى ئەزمى شەھر.
كۆروندى يولى ئۆزرە ۋەيرانەئى،
يۇمۇرگەن فەلەك زۇلمى كاشانەئى.
تاشى خەستەلەر كۆڭلى يەڭلىغ سۇنۇق،
ئىچى ماتەمىلەر ئىچىدەك بۇزۇق.
بۇ ۋەيرانە ئىچرە شاھى بەختىيار،
سابا سەيرىنى سۈردى بى ئىختىيار.
كۆرەركىم قوبار ھەمىل بىر ھامىلە،
قەرىن قالماىىن روھ ئاڭا جىسىم ئىلە.
ياتىب ئالدە تىفل زارۇ زەبۇن،
چىكىب كى گەھى يىغلاغان يەڭلىغ ئۈن.
بولۇب شامى رىھلەت ئانانىڭ كۈنى،
كىلىب گاھۇ گاھ يوق ئوغۇلنىڭ ئۈنى.
ئۇنىگە بۇكىم يىغلاماقنى قاتىب،
ئانا - مەۋگى ئانى مەگەر يىغلاتىب.

سالىپ چۈن ئۇلارغا نەزەر فەيلىقۇس،
دىگىل تۇشتى كۆڭلىگە نارى مەجۇس.
بۇ يۇردىكى مەھرەمۋەش ئەل يەتتىلەر،
ئۆلۈكنى ھەم ئول يەردە دەفىن ئەتتىلەر.
ئۆزى تىغلىنى ئالدى ئىززار ئىلە،
قىلۇر ئىردى پەرۋەردە يۈز ناز ئىلە.
سىكەندەر ئاتاپ ئوغلى بىلدى ئۇنى،
ئۆلەردە ۋەلى ئەھد قىلدى ئۇنى.
مۇئەررىخ يانا نەۋئ ھەم سۈردى سۆز،
كى نىسبەتدە داراغا يىتكۈردى سۆز.
كى داراغە بەردى قىزىن شاھى رۇم،
ياساب زىب ئىلە ئۈيلەكىم نەھلى مۇم.
بىر ئىش بولدىكىم بىمەدارا ئۇنى،
ئاتاسىغە قايتاردى دارا ئۇنى.
ھاماناكى سۇر ئەيلەگەن تۇن ساھاب،
سەدەفغە تۆكۈب ئىردى دۇردى خۇشاب.
چۇ ۋەقت ئولدى فاش ئەيلەدى ئول سەدەف،
دۇرىكىم جاھان تاپتى ئاندىن شەرەف.
يانا بۇيلە سۆز داغى مەزكۇر ئىرۇر،
كى تارىخى فەرەس ئىچرە مەستۇر ئىرۇر،
كى ئالەمدە ئىككى سىكەندەر ئىمىش،
كى ئىككىسى دەۋراندا داۋەر ئىمىش.
بىرى ئولكى دارا بىلە قىلدى رەزم،
بىرى بۇكى سەد باغلايۇ ئەتتى ئەزم.
ۋە لىكىن بۇ فۇرسەتدە دارايى دەھر،
بىرۇر ئەردى بۇ قىسسەدىن ئەلگە بەھر.
كى جامى سافا ئۇردى ئەلگە سالا،
كى جامىغە يىتكۈرماسۇن ھەق بالا.
سىكەندەر ئىشى ئەردى مەنزۇم ئاڭا،
بارى ھالەتى ئەردى مەئلۇم ئاڭا.
ماڭا ھەم چۇ مەشغۇللۇق بۇ ئىدى،
تۋارىخ ئالىمدا ئوترۇ ئىدى.
بۇ يەردە مىنى چۈنكى ئەجز ئەتتى لال،
ئۈپۈپ يەرنى، دانادىن ئەتتىم ساۋال،
سىكەندەرغە ئىككى ئىكەننى ئەدەد،
چۇ ئالىندە تەھقىق ئىدى، قىلدى رەد:

«ئۇل ئىشلار دىدى بىرگە ۋاقىئ دۇرۇر،
گۇۋاھى ئانىڭ نەسسى قاتىئ دۇرۇر.
ئانىڭدەككى ئەسلىن نىزامى دىدى،
ھەمۇل نەۋئ فەرزانە جامى دىدى.
كىم ئۇل فەيلەقۇس ئوغلى ئىرمىش يەقىن،
ئەمەس ئەھلى تەئرىخ تەردىدى چىن»،
قىلىندى چۇ تەھقىق تەدقىق ئىلە،
قىلاي ئەمدى تەدقىق تەھقىق ئىلە.
بۇ يەڭلىغ بايان ئەتتى تارىخ سەنج،
كى چۈن ياۋەر ئولدى سارايى سىپەنج.
سىكەندەرنى تاپتى مەلىك فەيلەقۇس،
ياساب مۈلكىن ئانداغكى زىبا ئەرۇس.
ئاچىب بەخشىشۇ بەزل ئەبۋابىنى،
تۈزەتتى بەسى سۇر ئەسبابىنى.
مۈلۈكانە تەرتىبۇ ئائىن بىلە،
يارۇتتى كۆزىن ئول جاھانبىن بىلە.
قىلىب ھىفزىگە كىچە-كۈندۈز قىيام،
فۇزۇنراق ئىتىب دەمبەدەم ئىھتىمام.
بىرىب پەرۋەرىشقە مۇناسىب خۇرىش،
مۇناسىب خۇرشىدىن تاپىب پەرۋەرىش.
ئانى ئاسراماي كاخى ئايۋان ئارا،
ياساب يەر كۆڭۈل ئىچرە بال جان ئارا.
نىچۈككىم تىگىز دۇررى شاھانەسىن،
تىگىز يوقكى كانى لەئلى يەكدانەسىن،
ئاڭا تىكروكىم بولدى لەفزى دورۇست،
تەئەللۇم ئىشى ۋاجىب ئولدى نۇخۇست،
نىقۇماھىس ئالىندە دەستۇر ئىدى،
كى ھىكمەتقە ئالەمدە مەشھۇر ئىدى.
سىپەھر ئەۋجىغە فىكرى سۇرئەتنەماي،
فەلەك سەيرىدىن رايى مۇشكىلكۇشاي.
نەزەر چابۇكىن چۈن قىلىب، تىزبىن
بولۇب نازىرى ۋەجھى ئەينولىيەقىن.
كىشى يوق بىلىك ئىچرە مانەند ئاڭا،
ئارەستويى فەرزانە فەرزەند ئاڭا.
چۇ تەدبىر ئىلە دەفئ ئافات ئىتىب،
ئانىڭ رايىدىن شاھ مۇباھات ئىتىب.

بارى ئبلىم ئارا ئۇيلە ساھىب كامال،
كى كامىل ئانىڭدىك تاپىلماق ماھال.
سكەندەرنى داناغا تاپشۇردى چۇست،
كى دانىشنىڭ ئەۋراقىن ئەتكەي دورۇست.
ئۆزىگە شەرەف بىلدى دانا مۇنى،
كى ئۇل ۋاقىف ئەردى ۋىلادەت كۈنى.
باقىب چەرخنىڭ بارچە ھالاتىغە،
كەۋاكىبنىڭ ئىقبالۇ ئافاتىغە.
كۆرۈب مۇستەقىمىن، بىلىب راجىئىن،
يازىب ئەردى مەۋلۇدىنىڭ تالىئىن.
قىلىب ھۆركۈملەر ئەنجۇم ئەرقامىدا،
رەقەملەر قويۇب ئەردى ئەھكامىدا.
كىم ئۇل تىفلى پەررۇخ پەي پاكزاد،
شاھى بولغۇسى پاكۇ پەررۇخ نىھاد،
يەتتى كۆك ئۈزە شەۋكىتى يەتكۈسى،
يۈرۈب رۇبئى مەسكۇننى فەتھ ئەتكۈسى.
كىرىب شاھلار قۇللارى سانىغە،
بويۇن قويغۇسى تەۋقى فەرمانىغە.
سىپەھر ئەۋجىغە يېتكۈرۈب ھىممەتىن،
فەلەك تاقىدا چالغۇسى نەۋبەتىن.
چۇ ھەيئەتدە تەبئى جەدەل قىلغۇسى،
فەلەك مۈشكۈلاتىنى ھەل قىلغۇسى.
قىلىب خۇردەدان تەبئى ھىكمەتنى قىسىم،
بەسى پەردە ساز ئەتكۈسىدۇر تىلسىم.
رىيازى بىلە تۈزگۈسىدۇر رەسەد،
ئىلاھى بىلە فىتنە ئالىغە سەد.
جاھان مۈلكىنى چۇن مەقەر قىلغۇسى،
تىگىز ئىچرە يىللار سەفەر قىلغۇسى.
ئاگا ھەق نەسىب ئەيلەبان خوشكۇ تەر،
يۈرۈب فەتھ قىلغۇسىدۇر بەھرۇ بەر.
ھەكىم ئاڭلامىش ئەردى چۇن بارچە ھال،
بۇ ئىقبالدىن ئەردى ئىشرەت سىگال.
مۇرەتتەب قىلىب لەۋھى ئىرشادىنى،
ئاگا قىلدى تەئلىم بۇنيادىنى.
قايۇ ئىشكى تەئلىم قىلغان زامان،
ئىشتمەك ھامان ئەردى، بىلمەك ھامان.

بىلىب بولماس ئەردى تەۋەققۇف ئاگا،
قىلۇر ئەردى تۈرلۈك تەسەررۇف ئاگا.
بۇ يەڭلىغكى تەئداد بولدى سىفات،
ھامانا ئۇن ئانچەنى كەسب ئەتتى بات.
بىلىك كەسبىنى قىلدى تا جانى بار،
ھۈنەر بىلدى ئانچەكى ئىمكانى بار.
چۇ تۈتتى مۇسەللەم كامالاتىن ئەل،
دىلاۋەرلىغ ئەمرىغە رۇست ئەتتى بەل.
نى ئىشكىم سىپاھىغە نەفئ ئەيلەگەي،
كى ئاندىن ئەدۇسىنى دەفئ ئەيلەگەي.
گاھى مەركەب ئۈزرە سەكەھشور ئىدى،
ياياغلىغدا گاھ ۋەرزىشى زور ئىدى.
دىمەيكىم ئوقى ئاچتى تارى زىرەھ،
كى تارى تەخەييۇلدىن ئاچتى گىرەھ.
سىنانى بىلە تىكتى ئەختەر كۆزىن،
نى ئەختەر كۆزىن، چەرخى ئەخزەر كۆزىن.
ئانىڭ تىغى خارانى قىلدى شىگاف،
كى كىمخەت غەيرادىن ئەتتى غىلاف.
كەمەندىنكى، چىن - چىن قىلا باشلادى،
فەلەك قەلئەسى بۇرجىغە تاشلادى.
قاچان گۇرزىنى قىلدى خارا نەبەرد،
قاتىغ خارەدىن كۆككە تىگۈردى گەرد.
چۇ مەيدان ئارا زور رەسىمىن تۈزۈب،
چۈرۈك ئىپ كەبى ئەجداھانى ئۈزۈپ.
ۋەگەر رايى بىرلە بولۇب چارە ساز،
دىلاۋەرلىغۇ كۈچكە بولماي نىياز.
بارى ئىشدا بىر يەرگە يەتتى ئىشى،
كى مۈمكىن ئىمەس ئانداق ئولماق كىشى.
ئاتاسى داغى چۇن سۈرۈب ئەردى ئۆمر،
ۋىدائ ئەتگەلى يەتكۈرۈب ئەردى ئۆمر،
قەدىنىڭ خەمىدىن بىلىب ئەردى خەيل،
كى جىسمىغە تۇفراق سارى بولدى مەيل
قەۋاسىنى زەئف ئەيلەگەن چاغدا سۇست،
سكەندەر بولۇب ئەردى شاھلىغدا چۇست.
ئۆزى بولدى تەگرىغە پوزشپەزىر،
سكەندەرگە تاپشۇردى تاجۇ سەرىر.

چۇ ئۇغلىگە تەختىنى قىلدى ماقام،
ئۆزى ئەيلەدى تاختنا سارى خىرام.
هامانا ئىككى شاخ بەردى دەرەخت،
بىرىن يوندىلەر تاختاۋۇ بىرنى تەخت.
نى قوشقاكى بىر شاخى مەسكەندۇرۇر،
يانا شاخى سۇكرە نىشمەندۇرۇر.
سىكەندەر چۇ كۆردى ئاتا مەرگىنى،
يىقىن ئەردى قىلغاي جاهان تەركىنى.
چۇ مۇستەۋلى ئولدى بۇ نىيەت ئاڭا،
ئاتا قىلمىش ئىردى ۋەسىيەت ئاڭا.
كى مۈلكۈمدە بىگانەنى قويماغىل،
شەبىستانىمە يانەنى قويماغىل.
هەرىمىم ئارا كىرمەسۇن هىچ يات،
كى بولغاي ئاڭا پەردەدەرلىغدە ئات،
سىنى ئىستەبان تابقانىمدىن مۇراد،
بۇدۇركىم قاچان ئەيلەسەم خەيرباد.
سەن ئولساڭ چۇ قائىم ماقامىم مىنىڭ،
بەباد ئولمىغاي نەككۇ نامىم مىنىڭ.
بۇ سۆز يادىغە كەلگەچ ئولدى زەرۇر،
يىتۇرمەك ئاتا پەردەسىغە سۇرۇر.

هەمىيەت داغى مانع ئولدى بەسى،
كى يەلدىن زۇلالغە تۈشكەي خەسى.
ئاتا سوگىنى ئەيلەگەچ بىر تەرەف،
سەرىرۇ نىگىن تابتى ئاندىن شەرەف.
ئاتا تەختىنى چۈن مۇقام ئەيلەدى،
تۈزۈب رول ئاهاڭى جام ئەيلەدى.
ئاياقچى كىتۇر ساغەر غەم زەد ئاي،
دىمە غەم زەد ئاي؛ جامى ماتەمزەد ئاي،
كى ئاندىن سۈمۈرسەم غەمىم قالماسۇن،
ئاتا سوگىدىن ماتەمىم قالماسۇن.
مۇغەننى قىلىب ساز رودى نىشات،
ئانىڭ بىرلە تۈزگىل سۇرۇدى نىشات.
كى سۆز تەختىدە بولدۇم ئارامگىر،
بولاي تەهنىيەت بەزمىدە جامگىر.
ناۋايى جاهانىڭ فىرىبىن يىمە،
خىرەد ئالدە نەقشۇ زىبىن دىمە.
چۇ دەۋران ئىشى بىۋافالىقدۇرۇر،
فۇزۇن شاهلىقدىن گادالىقدۇرۇر.
گادايىكى قەيد ئولغاي ئاندىن يىراق،
مۇقەييەد جاهاندارىدىن ياخشىراق.

هەممەت هومايىنىڭ بەلەند پەرۋازلىغى تەئرىفىدەكىم جەناهىنىڭ سايەسى قۇياشىنىڭ ئەنقايى زەررىن جەناهىگە زۇلمەت قافىدە نەشىمىن بىرور ۋە ئەزىم جەنەتلىغى ۋەسفىدەكىم ئاسمانىنىڭ سىمىن بىزەسىن جەناهىنىڭ ئاستىغە ياشۇرۇر ۋە هەر گاداغە ئول سايە تۈشسە سەلاتىن ئۇنىڭ گادايىدۇرۇر ۋە هەر شاهدىن سايەسىن ئالسا گادانىڭ قاشىدا شاه كۆرۈنۈر

(هىممەت هۇماسىنىڭ يۈكسەك پەرۋازى تەرىپىدە: ئۇنىڭ قاناتلىرىنىڭ سايىسى قۇياشنىڭ ئەنقا قۇشىدەك ئالتۇن قاناتلىرىغا زۇلمەتلىك قاق تېغىدا ئۇۋا بېرىدۇ، ئۇ جەننەتكە قاراپ ئۇچقاندا، ئاسماننىڭ كۈمۈش بېزەكلىرىنى قاناتلىرىنىڭ ئاستىغا يوشۇرىدۇ، ئۇنىڭ قاناتلىرىنىڭ سايىسى گادايغا چۈشسە، پادىشالار ئۇ گادايىنىڭ گادايلىرى بولىدۇ، ئۇ، قاناتلىرىنىڭ سايىسىنى قايسى شاهتىن يىغۋالسا، ئۇ شاه ئۆزىنى دەرهال گادايلار ئارىسىدا كۆرىدۇ)

بىراۋكىم ئاڭا هىممەت ئولدى بەلەند،
ئىرۇر ئالەم ئەهلى ئارا ئەرجۇمەند.
كىشى نەقدى گەر بىر قارا مىس ئىمەس،
ئەگەر هىممەتى بولسا مۇفلىس ئىمەس.
ئۇنى ئاڭلا مۇفلىسكى يوق هىممەتى،
چۇ يوق هىممەتى يوق ئۇنىڭ هۆرمەتى.

بۇ رەسىم ئولدى ئائىنى دەيرى فانا،
كى هۆرمەت تاپار كىمدە بولسا غىنا.
چۇ هىممەت ئېرۇركىمىيايى ۋۇجۇد،
كى ئاندىن تابار ئىئتىبار ئەهلى جۇد.
بىراۋكىم ئانىڭ كىميادۇر فەنى،
ئانى دىسە بولغاي ئەل ئىچرە غەنى.
غىنادۇر چۇ ئەل هۆرمەتىغە سەبەب،
ئاڭا ئىهتىرام ئەتسىلەر يوق ئەجەب.
بىراۋكىم ئۇنىڭ هىممەتى يوقدۇرۇر،
غەنى بولسا هەم هۆرمەتى يوقدۇرۇر.
تۇتاي دۇن سىفات كىمسەنىڭ گەنجى بار،
تۈنۈ كۈن ئۇنىڭ هىفزىدىن رەنجى بار.
پەشىزى ئەگەر تۆكدى ئېرسە لەئىم،
مۇدام ئاچىغىدىن تاپار كۆڭلى بىم.
دىسە كىم ئاچاي تاڭلا، ياخۇد بۈگۈن،
تۆگەر ئۇل تۆگۈنگە يانابىر تۈگۈن.
ئاچاردىن ئىمەس كامى تارقاتماغى،
غەرەز بار ئاڭا ئۆزگە بىر قاتماغى،
كۆرۈنمەي دەرەم ئەقدىن ئاچماغى خوب،
دەرەم هەرنىچە كۆب تۆگۈن داغى كۆپ.
ئاچار بولسا ئاندىن ساراسەر گىرەه،
سالۇر كۆڭلىگە بىر گىرەه هەر گىرەه.
ئەيىغ لەئىمدىن كىمگە كىم نان ئېرۇر،
ئۇنى ئىستىگە سالماق نە ئىمكان ئېرور.
بىجىن تاپسا يەر تا ئىچىگە سىغار،
نىكىم قالسا ئورنىگە بارىن يىغار.
ياغاچ ئۆزرە گەر بولسا يۈزمىڭ ياڭاغ،
كۆمەر يەرگە هەر نە ئوغۇرلادى زاغ.
يەر ئاستىكى سىچقانىغە كاشانەدۇر،
يانا ئاندا هەريان نىهان خانەدۇر.
رازالەتنى هەددىن قاچان ئاشۇرۇب،
ئۆزىدىن داغى تۆئمەسىن ياشۇرۇب.
نىجاسەتنى يەلدىن يىغىپ گۈلخانى،
زەخىرەم دىب ئەنبار ئەيلەر ئانى.
جۇ ئەلدۇر تىمزەك تاشماقتىن زەبۇن،
كى بولمىش قارارىب يۈزى سەرنىگۈن.

ئانى قويماس ئۆلمەكلىگىن بىلسە هەم،
نىچە ئات ئاياغىدا يانچىلسا هەم.
كۆرەر ئەيب دۇن سەرف قىلماق دىرەم،
ئانىڭدەككى يىغماقنى ئەهلى كەرەم.
كەرەمدىن بىراۋكىم تەهى جەيب ئېرۇر،
تەهى ئەيلەماق جەيب ئاڭا ئەيب ئېرۇر.
بۇ ئىش هىممەت ئەهلىغەدۇر ئىبتىلا،
كى جەيب دەرەم بىرلە بولغاي تولا.
كەرەمسىزكى بار ئويدا مەخزەن ئاڭا،
فالاكەت بىلە فاقەدۇر فەن ئاڭا.
يىمەس ئەلكى ئەهۋال ئارا بولسا غەرق،
ئۇلار بىرلە مۇخلىسلەر ئىچرە نە فەرق؟
دىسە هەم بولۇركىم ئېرۇر فەرق كەم،
خىرەد ئالدە كوبدۇرۇر فەرقى هەم.
كى هەر نىچە بىمايە بولسا لەئىم،
ئاكا كىمسەدىن يوقتۇرۇر هىچ بىم.
ۋەلى بولدى چۇن گەنجىيۇ مەخزەنى،
خالايىق ئېرۇر جانىنىڭ دۈشمەنى.
قىزىل تۈلكۈ ياخۇد قارا كىش كىبى،
كى بولغاي تۆكى قەتلىنىڭ مۇجىبى.
سەدەفدەككى يىققان ئۈچۈن دۇررى پاك،
قىلۇرلار ئالۇر چاغدا كۆكسىنى چاك.
كۆڭۈل هىممەت ئەهلىگە كىم بولدى كەڭ،
غىنا بىرلە فەقر ئولدى ئالدە تەڭ.
نى گەنج ئولسا بىرمەكدە باردۇر ئەزىز،
نى ناموس ئىتەر بىرگەلى بىر پەشىز.
مۇهابات قىلماس يىمەكدىن كۆلاچ،
غەمىن بولماس ئەر تاپسە ياۋغان ئوماچ.
خىرەد ئەهلى چۈنكىم تەئەممۇل قىلۇر،
تافاۋۇت بۇ ئىككىدە هەم تاپىلۇر.
نى نەقدىكى ئەهلى كەرەم سەرف ئېتەر،
ئاڭا خەلقدىن كۆب مۇشەققەت يېتەر.
ئەگەر يوق ئاڭا بەزل ئىتەر دەسترەس،
كى زاتى ئارا هىممەتى گەنجى بەس.
نى ئەلدىن تاپار هەر زامان يۈز مالال،
نى ئەهۋالىغە يۈز قويار ئىختىلال.

كىشىكىم بىيىكرا قدۇرۇر ھىممەتنى،
جاھان ئەھلىدىن كەمدۇرۇر مىھنەتى.
نى قۇشكىم بەلەند ئولسا پەرۋاز ئاڭا،
ھالاك ئىستەمەس نادۇك ئەنداز ئاڭا.
ئەگەرچە ئىبرۇر مۇشەك ئاتماق ئىشى،
بولۇت ماموغىن ئۆرتايالماس كىشى.
نىچە تىغىل قىلسا پولاب خىرەلىق،
قاچان شەمسى ئەنجۇم تاپار تىيرەلىق؟
توتايكىم بىيىك تاققا چىقسۇن پەلەڭ،
تولۇن ئايغا سەكرەپ تۇشكەيمۇ چەڭ؟
بەلەند ئەيلەبان ھىممەت ئول بى نىياز،
كى ھەرنىچە ھىممەت بىيىك، مىھنەت ئاز.
بىراۋگە ھىممەت قىلۇر يارلىق،
گادالىق تىلەر، يوق جاھاندارلىق.
ئۆزىن فەقر بىرلە جاھاندار ئىتەر،
جاھاندارلىقدىن ۋەلى ئار ئېتەر.
دىيە فەقر كۆيى گادايىن گادا،
كى شاھلار شاھى قىلمىش ئانى خۇدا.
قىلۇر پادشاھ ئول گادالىق ھەۋەس،
نىچۈككىم گادا پادشالىق ھەۋەس.
مەگەر ھەق يىتۈرگەي بۇ ئاگاھلىغ،
كى فەقر ئىستەگەي ئەل قويوب شاھلىغ.

**ئىسكەندەر بىلە ئۇل گادالىغ ئىختىيار ئەتكەن پادشاھ بەلكى فەلەھەقىقەت پادشاھلىققە يەتكەن گادا ھىكايىتىكىم ئىسكەندەر ئۇنى مەزەللەت چاھىدىن چىقارىپ سەلتەنەت گاھىغا ئولتۇرتماق ئىستەدى ۋە ئۇل تاج تەركىن قىلىپ باشىدىن تەركى تاج خىيالىن چىقارماغى**

**(ئىسكەندەر بىلەن پەقىرلىقنى خالىغان، بۇ ئىشى بىلەن ھەقىقەتتە پادشالىق دەرىجىسىگە يەتكەن گادايىنىڭ ھىكايىتى: ئىسكەندەر ئۇنى خارلىق قۇدۇغىدىن تارتىپ ئېلىپ، پادشالىق ئورنىغا ئولتۇرغۇزماقچى بولدى، ئۇ بولسا، پادشالىقنى تەرىك قىلىپ، بېشىدىن تاج خىيالىنى چىقىرىپ تاشلىدى)**

ئىشتىمكى ئىسكەندەرى نامدار،
چۇ بولدى جاھان ئەھلىغە كامگار.
نى كىشۋەركى بولدى مۇسەخخەر ئاڭا،
مۇتىئ ئولدى دارايى كىشۋەر ئاڭا!
ھەمۇل شاھنى كىشۋەرگە شاھ ئەيلەدى،
ھەمۇل ئەلگە كىشۋەر پاناھ ئەيلەدى.
شامۇ مۈلۈكدىن كۆڭلى تىنغاچ تامام،
يانا مۈلىك ئەزمىغە قىلدى خىرام.
مەگەر فەتىھ بولغاندا مەغرىب زىمىن،
شەھى زاھىر ئەيلەپ ئىدى قەتلۇكىن.
چۇ رەزم ئوتى بولمىش ئىدى بىر تەرەف،
شاھ ئولمىش ئىدى رەزم ئىچىندە تەلەف.
سكەندەر چۇ فەھىم ئەتتى خەسمىن قەتىل،
ئاڭا مۈلكى ئىچرە تىلەتتى ئەدىل.
دىدىكىم بۇ كىشۋەر سالاتىندىن،
خەبەرلىق جاھانبانلىق ئايىندىن.
قالىبمۇ ئىكىن بىر ئانىڭدىك كىشى،
كى قىلسام رۇجۇئ ئاڭا بۇ مۈلىك ئىشى.
ئانى ئەلگە شاھ ئەيلەسەم مۇستەقىل،
كى مۈلىك ئۆزگەگە بولماسا مۇنتەقىل.
دىدىلار خالايىق دۇئا ئەيلەبان،
ھەدىسىغە جانلار فىدا ئەيلەبان.
كى ئافاق ئارا سەرفەراز ئولغايسەن،
ھەمىشە رەئىيەتناۋاز ئولغايسەن.
بۇ يەڭلىغ كىشىكىم قىلۇرسەن سوراغ
كى ئاندىن رەئىيەتقە يەتكەي قەراغ.
قوبۇل ئەيلەگەي ئانى ياخشى-يامان،
كىشى يوق مەگەركىم بىراۋ بۇ زامان.
ۋەلى خەلق ئىچىدىن فىرار ئەيلەمىش،
ئەجەب نەۋئ ئىش ئىختىيار ئەيلەمىش.
تىرىكلەر ئاراسىغە قىلماس ئۇبۇر،
ماكانى ئەمەس غەيرى ئەسكى قوبۇر.

هامانا تىرىكلەردە كۆرمەي ۋاپا،
قۇبۇر ئەھلىگە ئەيلەمىش ئىكتىفا.
باش تاج تەركىن قىلىپ ئىختىيار،
بولۇپ تەرك تاجى بىلە بەختىيار.
نى مەسكەن بولۇپ كىنچە بىر بوم ئاڭا،
نى كۈندۈز يىمەك ۋەجھى مەئلۇم ئاڭا.
كىشى بىرلە يوق مۇتلەقا ئۈلپەتى،
بولۇپ خەلق غەۋغاسىدىن كۆلفەتى.
نىياز ئەھلى چۈن قىلسەلار ئىختىلات،
قىلۇر سۆزدە زاھىر گاھى ئىنبىسات.
نەسايىھ دەر ئەلگە بەغايەت مۇفىد،
كى ئالەمدىن ئەلنى قىلۇر نائۈمىد.
سۆز ئىچرە بۇ تەقرىب تەرتىپ ئىتەر.
كى ئەلنى فانا سارى تەرغىب ئىتەر.
سىكەندەر ئىشىتكەچ دىدىكىم: يۈرۈك،
ئانى قايدا بولسا تاپىپ كەلتۈرۈك!
راۋان ھۆكىم ئىلە ھەر تەرەف سوردىلەر،
تاپىپ شاھ بەزمىغە يەتكۈردىلەر.
يالاڭ ئەردى، باشى-ئاياغى يالاڭ،
ياقا چاكىدىن كۆكسى داغى يالاڭ.
جاھان شوغلى گەردىغە سىلكىپ ئىتەك،
تۇتۇپ ئىككى ئىلگىگە ئىككى سۆڭەك.
سىكەندەر ئانى ئىھتىرام ئەيلەدى،
ئۆز ئالىندە ئالى مەقام ئەيلەدى.
دىدى: بۇ سۆڭەكلەردىن ئەفسانە ئەيت،
نى سورسام جاۋابىن ئانىڭ يانە ئەيت.
دىدى: «گورلاردىن قىلۇردا گۈزەر،
نىچە بۇ سۆڭەكلەرگە سالدىم نەزەر.
زەمىرىمغە لىكىن نىھان بولدى بۇ،
كى شاھىنىڭ قايۇدۇر، گادانىڭ قايۇ؟
چۇ ئۆلگەندە بىردۇر بۇ ئىككى مەتائ،
تىرىكلىكدە نىچۈن قىلۇرلار نىزائ؟
كىلىب بۇ كالامى سىكەندەرغە خوش،
دىدى كى زەبان ئاۋەزى باركەش:
سىنى تاپتىم ئەسرۇ بىيىك نوكتەلىك،
ئەگەر بارئىسە ھىممەتىڭ ھەم بىيىك.
، مىنى كىشۋەرىڭدە قىلاي ئەرجۇمەند،
بىرىپ شاھلىغ پايەڭ ئەيلەي بەلەند.
دىدى ھىممەت ئولمىش ماڭا ھەمنىشەست،
سەن ئىستەردەك ئىرمەس، ۋەلى ئەسرۇپەست
كى تەرك ئەيلەبان فەقر سەرمايەسىن،
پىسەند ئىتگەمەن شاھلىغ پايەسىن؟
ئىمەس رۇبىئى مەسكۇنغە رغبەت ماڭا،
تىلەر تۆرت سەرمايە ھىممەت ماڭا:
بىرى ئاندىن ئولماق ھاياتى ئەبەد —
كى يوقتۇر ئانىڭ ئىنتىھاسىغە ھەد.
يانا بىر: يىگىتلىككى ياپماي خەلەل،
قەرىلىق بىلە بولماغاي ئول بەدەل.
يانا بىر: غىنايى مۇئەببەد دۇرۇر،
كى ئالىندە ئىفلاسىغە رەد دۇرۇر.
يانا: شادلىغ كىم يوق ئانىڭ غەمى،
ئەدەم بولغاي ئول سورتىنىڭ ماتەمى.
سىكەندەرنى ھەيرەت زەبۇن ئەيلەبان،
دىدى بەش ئۇياتدىن نىگۇن ئەيلەبان.
«كى ئەي فەررۇخ ئائىنى فۇرخەند راي،
بۇ ئەقدىگدىن ئول بولدى مۇشكۈل كۇشاي.
كى بۇ دەير ئارا تابساڭ ئاگاھلىغ،
ساڭا فەقر بەردى، ماڭا شاھلىغ.
ئەگەرچە مىنى ئەيلەدى ئەرجۇمەند،
ساڭا بەردى ھىممەتنى مەندىن بەلەند.
گادايىكى بولغاي بىيىك ھىممەتى،
ئاڭا پەست ئىرۇر شاھلىغ رىفئەتى.
چۇ ھىممەت بەلەند ئولدى ئىرسە فەقىر،
كۆزىگە ئىرۇر ئەسىر شاھى ھەقىر.

ھىكمەت ئىسكەندەر ئەرەستودىن سۇئالى ئول بابداكىم مەقسۇدغا قايسى مەقام يېقىنراق ۋە ئول مەقام سارى نى نەۋئ خىرام ئەتمەك مۇناسىبراق ۋە ئەرەستو يۇقلۇق مەقامىغا يەل كۆركۆزمەك ۋە سەبۇكپەرلىك خىرامى ئاھەڭگىن تۈزمەك

(ئىسكەندەرنىڭ ئەرەستۇدىن، قايسى ئورۇن مەقسەتكە يېقىنىراق بولىدۇ، ئۇ ئورۇنغا قايسى خىلدا مېڭىش مۇۋاپىق كېلىدۇ؟ دەپ سورىغانلىغى؛ ئەرەستۇنىڭ يوقلۇق ئورنىغا يول كۆرسىتىپ، ئۇ ياققا قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈش چارىلىرىنى تۈزۈپ چىققىنى)

ئەرەستودىن ئىسكەندەر ئەتتى سوئال،
كى ئى فىكرەتىڭ غا فەلەك پايمال.
نى يولدۇركى مەقسۇد ئېرۇر مەنزىلى،
نى ئىشدۇركى مەھمۇد ئېرۇر ھاسىلى.
دىدى: خەلقدىن ئۆزىن فەرد ئەيلەمەك،
فانا كويى يولىدا كەر ئەيلەمەك.
دىدى ئول كىشىكىم تەۋانگەر دۇرۇر،
ئاڭا خەير كوبراق مۇيەسسەر دۇرۇر.
ئەمەلنىڭ چۇ مەقسۇد ئارا دەخلى بار.
تەۋانگەرگە كوبراق كېرەك ئىئتىبار.
بىراۋكىم ساۋاب ئېتسە كوبراق ھوسۇل،
ئاڭا كوبراق ئولغاي ئۇمىدى ۋۇسۇل.
دىدى خەير گەر قىلسا ئەھلى مەنال،
بۇ ئىشدىن ئىمەسدۇر يىراق ئىككى ھال.
بىرى ئۇلكى مەۋقەئدەدۇر ئۇل ئىشى،
ئىشى غەير مەۋقەئ قىلۇر ھەم كىشى.
گەر ئىش غەير مەۋقەئدە مەۋجۇد ئېرۇر،
كىشى ھەرنىكىم قىلدى مەردۇد ئېرۇر.
ۋەگەر ئۆز يېرىدە دۇرۇر قىلغانى،
نى ئىش قىلسا مەقبۇل تۇتساق ئانى.
نىكىم ئەسلىدىن تابتى مەئزۇللۇق،
ئىشى فەرد ئىلە بولدى مەشغۇللۇق.
ئېرۇر راھزەن كىمكى ئاگاھ ئېرۇر،
بۇ يولدا نىكىم ماسىۋەللاھ ئېرۇر.
بىراۋ شاھ ۋەسلىگە قەتئ ئەتسە يول،
كېرەك ۋاقىف ئولسا قاراقچىدىن ئول.
قاراقچىغە بولغان كىشى مۇتتەفىق،
قاچان شاھ بەزمىغەدۇر مۇستەھىق.
ۋەلى ئولكى رەفئ ئەتتى بۇدۇ نەبۇد،
گۇمان قىلمادى ھەقدىن ئۆزگە ۋۇجۇد.
ئۆزىن چۈنكى مەقسۇد ئارا قىلدى يوق،
ئۆزى قالمايىن قالدى مەقسۇد ئۇق.
گۇمان قىلما مۇندىن بىيىكراق مەقام،
كىشى ئاندا چۈن يەتتى بولدى تەمام.
بۇ دۇرلارنى كىم ساچتى گەۋھەر فۇرۇش،
سەدەف ئاغزىدەك سايىل ئولدى خۇمۇش.

ئىسكەندەرنىڭ سەلتەنەت تاجىدىن سەركەشلىك قىلىپ خىلافەت تەختىدىن ئاياق تارتقانى ۋە روم ئەھلى باشلارىن ئاياغىگە قويوب ئۇنىڭ مەقدەمىدىن تەخت پايەسىن بەلەند قىلىب تاج قەدەرىن ئەرجۇمەند قىلغانلارى ۋە ئۇنىڭ ئەدلى ئەينىنىڭ قوياشى بىلە زۇلم شامىنىڭ خەففاشىن كور ئېتىب جاھاننى يارۇتقانى ۋە زۇلم ئەھلىنىڭ زۇلمەتىدەك ئالەم يۈزىدىن قاراق تۇتقانى

(ئىسكەندەرنىڭ سەلتەنەت تاجىدىن بويۇن تولغاپ، خەلىپىلىك تەختىگە ئولتۇرۇشتىن باش تارتقانلىغى؛ روم خەلقىنىڭ ئۇنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ، ئۇنىڭ قەدەم ئىزىدا تەخت پايەنى يۈكسەلك قىلىپ تۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭ قۇدرەتلىك تاجىنى ئەزىز بىلگەنلىگى ۋە ئۇنىڭ ئادالەت قوياشى بىلەن زۇلۇم كېچىلىرىنىڭ كۆزىنى كور قىلىپ، جاھاننى يورۇتقانلىغى؛ زۇلۇم قىلغۇچىلارنىڭ ئالەم يۈزىدىن تۈن قاراڭغۇلۇغىدەك تاراپ كەتكەنلىگى)

گۇزاربشقا ئۇلكىم قەلەم قىلدى تىز،
قەلەمدىن بۇ يەڭلىغ بولۇر نوكتە رىز.
كى چۈن فەيلىقۇس ئۇرتادىن چەكتى رەخت،
سكەندەرغە تەسلىم ئىتىب تاجۇ تەخت.
سكەندەركى دانايى ئافاق ئىدى،
بىلىك ئىچرە ئافاق ئارا تاق ئىدى.
ئاڭا تاج ئىلە تەخت تۇشمەي قەبۇل،
بۇ ئەندىشەدىن بىھەد ئەردى مەلۇل.
كى شاھلىغدا ھەددىن كۆپ ئافات ئىرۇر،
نى قىلسا فەلەكدىن مۇكاپات ئىرۇر.
ئەگەر تەركىگە كۆڭلىنى شاد ئىتىب،
ئاتانىڭ ۋەسيەتلارىن ياد ئىتىب.
كۆپ ئاشۇفتە قىلغاچ ئۇنى بۇ مىھەن،
ئۇلۇسنى يىغىپ تۈزدى بىر ئەنجۇمەن.
كى يەكسەر يىغىلدى شەرىفۇ ۋەزىع،
سۆزى قىلدى ئاغاز بىھەد بەدىع.
«كى ئى قەۋمكىم مۇلكىڭىز كەلدى رۇم،
كى ئالىمدە ھالا قىلىبسىز ھۇجۇم.
ئەگەر سەرفەراز، ئەر سەرەفگەندە سىز،
بارى تەڭرىگە مەن كەبى بەندەسىز.
ئىمان سىز كەبى، سىزدىن ئۈكسۈك بەسى،
ئاتاسىز دىل ئازوردەئى بى كەسى.
ئاتامنى ئەگەر لوتف ئەيلەب ئىلاھ،
بۇ كىشۋەر ئۈزە ئەيلەدى پادىشاھ.
ھامانا بۇ ئىشگە سازاۋەر ئىدى،
بۇ يۈك چىككەلى قۇۋۋەتى بار ئىدى.
ۋەر ئاباۋۇ ئەجدادىيە قىلدى ھەق،
بۇ مۇلك ئەھلىگە ھۆكمرانلىغ نەسەق.
ئۇلار داغى زىبايى تەخت ئەردىلەر،
تەۋاناۋۇ فىرۇز بەخت ئەردىلەر.
ۋەلى مەن ئىرورمەن بىغايەت ھەقىر،
داغى سەلتەنەت ئەمرى بىھەد خەتىر.
بۇ ئىشگە كىرەكتۇر تەۋانا كىشى،
ئىمەس مەن كەبى ناتىۋانا ئىشى.
ئىرۇر تارتماق شىر چىككانىنى مور،

يۈكىن پىلنىڭ ئەيلەمەك پاشا زور.
نى سۇلتانلىغ ئەيلەرde نىيەت ماڭا،
نى ئەيلەي دىسەم قابىلىيەت ماڭا.
بۇ تەكلىفدىن چۈنكى رەنجۇرمەن،
ئەگەر ئەيلەسەم تەرك مەئزۇرمەن.
چۇ مەن ئەيلەدىم ئەجزىم ئىزھارىنى،
بۇ ئەندىشەدىن كۆڭلۈم ئازارىنى.
سىز ئەمدى ئۆزۈڭىزگە شاھى تاپىڭ،
بۇ كىشۋەرغە كىشۋەر پاناھى تاپىڭ.
ھەر ئىشتا زامان ئەھلىنىڭ فايىقى،
كى تا بولغاي ئۇل شاھلىغ لايىقى.
قۇياشدەك قەۋى مىھرۇ رەۋشەن زەمىر،
ۋەگەر چىقسا ئەشھەبگە ئافاقگىر.
ئادالەت ئارا فەسلى نەۋروزدەك،
سىياسەتدە بەرقى جاھانسوزدەك.
ئىرىكلىك چاغى خەسمغە چارە ساز،
قاتىغلىق مەھەللى رەئىيەتنىۋاز.
ئاڭا تەختۇ دەۋلەتنى مەسكەن قىلىب،
باشىن تاج بىرلە مۇزەييەن قىلىب.
كىم ئۇل ياغدۇرۇب ئەبرى ئىھسانىنى،
ئىرەمدىك قىلىب مۇلنىك بوستانىنى.
ئەدۇ خەيلىن ئاشۇفتە ھال ئەيلەسۇن،
سەنەم زۇلفىدەك پايمال ئەيلەسۇن.
نىچە شوئلەئى فىتنە ياقسا ئەدۇ،
قىلىچ سەيلىدىن ئۇرسۇن ئۇل ئوتقا سۇۋ.
رەئىيەتقە قىلسا قەلەمزەن سىتەم،
قەلەمزەننىڭ ئىلگىنى قىلسۇن قەلەم.
مۇسافىر يولى رىشتەسىن ئۈزمەسۇن،
قاراقچى قاراسىنى كۆرگۈزمەسۇن.
قىلىب زەبت ئىلە مەھكەم ئوغرى يولىن،
ئۇلۇس مالىدىن قىسقا قىلسۇن قولىن.
ئەدەم ئەيلەسۇن زولم تەئلىمىنى،
لەمى جەھد ئىتىب لام ئىلە مىمىنى.
ئادالەت قىلۇرنىڭ تاپىب ھالەتىن،
فۇزۇن قىلسۇن ئەلگە ئەدۇ ئالەتىن.
نىكىم ھەق بۇيۇرمىش بولۇب پەيرەۋى،

ھەق ئەيتۇر ئۇلۇس ئىلگىن ئەتسۇن قەۋى.
بىرىب زۇلم گوستەرغە فەرسۇدەلىق،
رەئىيەتقە يىتكۇرسۇن ئاسۇدەلىق.
تۇگەتكەچ سۆزىن شاھى روشەن زەمىر؟
ئۇلۇس چىكتىلەر ھەر تەرەفدىن نەفىر.
كى ئى خۇسرەۋى ئادىلى دادگەر،
نىگە ئەيلەدىڭ بىزنى فەريادگەر؟
يىتەر چاغدا ئەدلىڭدىن ئەلگە ناۋا،
بۇ يەڭلىغ نىدىن زۇلم كۆردۇك راۋا؟
نى سۆزلەر ئىدىكىم بايان ئەيلەدىڭ،
كى بۇ خەلق باغرىنى قان ئەيلەدىڭ.
بۇ سۆزلەر دىگۇنچە ئاقىز قانىمىز،
كى بولسۇن يولۇڭدا فىدا جانىمىز.
سەن ئالغۇنچە بۇ ئەل باشىدىن يىراق،
يىراق بولسەلەر جانىدىن ياخشىراق.
ساڭا گەرچە جانبەخش كەلدى كەلام،
يىقىن ئەردىكىم ئەيلەگەي قەتلى ئام.
سىنۇ سەلتەنەت تەركى سۆزمۇ بولۇر؟
بەدىلىڭنى كۆرگۇچى كۆزمۇ بولۇر؟
بۇگۇن ئالەم ئىچرە سەن ئۇل شاھسەن،
كى ئەفلاك سەيرىدىن ئاگاھسەن.
جاھان ئىچرە سەن بىلمەگەن يوق ئۇلۇم،
بىلۇر ئالەم ئەھلى نىكىم ئەھلى رۇم.
فەلەك شەمئى رايى مۇنىرىڭ سىنىڭ،
مالائىك چىراغى زەمىرىڭ سىنىڭ.
جاھان كۆرمەگەن سەن كەبى خۇسرەۋى،
قۇياش تەلئەتى مۇشتەرى پەرتەۋى.
قىلىب ئەدىل رايىڭدىن ئانداق زوھۇر،
كى گۇل بىرلە خۇرشىددىن ئەترۇ نۇر.
ۋۇجۇدىڭدا پىنھان خىرەد يارلىغ،
جامالىڭدا پەيدا جاھاندارلىغ.
بۇ ھىممەتكى زاتىڭ ئارا باردۇر،
ساڭا رۇم سۇلتانلىغى ئاردۇر.
بىلۇرمىزكى بۇ مۇلىك ئىرۇر كەم ساڭا،
ئۇمىد ئۇلكى تۇشكەي جاھان ھەم ساڭا.
فەلەك سەيرىدىن ئاشكارۇ نىھان،
كى ھۆكمى يازىلمىش سىنىڭدۇر جاھان.
يانا كىمسە فەرمان راۋا قىلماغىل،
جاھان ئەھلىنى بىنەۋا قىلماغىل.
ئەگەر سەن بۇ ئىشنى قوبۇل ئەتمەگۇڭ،
بۇ مۇلىك ئەھلى فەريادىغە يەتمەگۇڭ.
قويۇب مۇلىك مەۋرۇسۇڭە يانەنى،
راۋا كۆرسەڭ ئۆي ئىچرە بىگانەنى.
قىلا ئالمايىن بۇ بەلا ئىختىيار،
بارىمىز قىلۇرمىز جەلا ئىختىيار.
چۇ تۇشسەڭ گادالىقغە ھەر مۇلىك ئارا،
خۇدا سورغۇسى سەندىن ئۇل ماجارا.»
بۇ سۆز دىب ئۇلۇس بولدىلەر ئەشك رىز،
باش ئەيلەب يالاڭ چەكتىلەر رۇستەخىز.
سىكەندەركى مۇنداق ئالامەت كۆرۇب،
ئالامەت دىمەيكىم قىيامەت كۆرۇب.
پۇشايمان بولۇب دىگەن ئەھۋالىغە،
بۇزۇلدى بەسى كۆڭلى ئەل ھالىغە.
سالىب ئۇل سىفات سىدق ئايىن سىفات،
دىگەندىن ئۇنىڭ كۆڭلى ئىچرە ئۇيات.
ھەم ئەتبائىنىڭ ياخشى نىيەتلەرى،
يانا ھەم ئاتاسى ۋەسىيەتلەرى.
ئايان ئەتتى بۇ نەۋئ تەسىر ئاڭا،
كى بەرمەك ماھال ئىردى تەغىير ئاڭا.
بولۇب خاتىرى ھەددىن ئارتۇق مەلۇل،
ئۇلۇس ئىلتىماسىنى قىلدى قەبۇل.
رىزا زاھىر ئەتكەچ شاھى نەۋجۇۋان،
ئەرەستۇيى فەرزانە قوبتى راۋان.
ئالىب تاجىنى ئەيلەبان ئەرجۇمەند،
ئانىڭ باشىدىن ئەيلەدى سەر بەلەند.
راۋان تۇتتى ئەيتىب سانا بىر قولىن،
بەلىناس دانا يانا بىر قولىن.
ئىككى گەنجى ھىكمەت ئۇنى يولدابان،
چىقاردىلەر ئەۋرەڭ ئۆزە قولدابان.
تاپىب مەقدەمىدىن بىيىك پايە تەخت،
قۇياش باشى ئۆزرە سالىب سايە تەخت.
ئەرەستۇ بىلە يوق بەلىناس ئىدى،

کی بوُ خىزر ئىدى، ئوُل بىر ئىلياس ئىدى.
خەلايىققە يوُزلەندى بىر ئىنبىسات،
کی ئوُلتوُرگەلى يەتتى موُفىرىت نىشات.
نىسار ئوُل قەدەر ساچتى ياخشى - يامان،
کی قىلدى نوُجوُم ئەرزىنى ئاسمان.
ئەدەدسىز سوُروُر ئەهلىگە بولدى سوُر،
ئانىڭدىككى سوُر ئەهلى قىلدى سوُروُر،
چوُ ئىسكەندەرى مىهر ئولوُب پەردەپوُش،
شەفەت بادەسىن تاپتى قىلماققە نوش.
تەرەبدىن فەلەك قىلدى خالى ئاڭا،
ياڭى ئايىنى جامى هىلالى ئاڭا.
سىكەندەر بەروُمەند ئولوُب بەختىدىن،
شەبىستانىغە كىردى توُشوُب تەختىدىن.
گوُلوُ سەبزە ئوُزرە توُزوُب تازە بەزم،
مەيى لالەگوُن ئىچكەلى قىلدى ئەزم.
قەدەه پەرتەۋىكىم دەمادەم توُتوُب،
شەبىستانىنى خوُرشىددەك يارۇتوُب.
دىبان سوُز دىنگەچ شاهى گەردوُن جاناب،
جاۋابىن ئەرەستويى هىكمەت مەئاب.
سوُروُب نوكتە هەر سارى دانىشۋەرى،
بىلىك ئىچرە ئەللامەئى كىشۋەرى.
نى هىكمەتدىن ئەيزۇ قەدەه گەردىشى،
نى جوُز ئىلمى هىكمەت تەكەللوُم ئىشى.
نوكەت شاهى كامياب ئەيتىبان،
ئاڭا نوكتە ئەهلى جاۋاب ئەيتىبان.
زوهوُر ئەيلەبان گەرچە ئەيشوُ تەرەب،
ۋەلى سەربەسەر مەهز ئىلمۇ ئەدەب.
چوُ هەر ئىلمدىن بولدى گوُفتوُ شەنىد،
دىماغىنى شاهنىڭ قىزىتتى نەبىد.
قىپوُب چىققالى مەيل كوُرگوُزدى خەيل،
كوُزى شاهنىڭ ئوُيقوُغە قىلدى مەيل.
بولوُب ئوُيقوُ چوُن ئولچە مەتلوُب ئولوُب،
يارىم كىيچە هەم سەجدە مەرغوُب ئولوُب.
ئىبادەت ئوُچوُن شاهى يەزدانپەرەست،
ئوُزىن خەس كەبى قىلدى توُفراققە پەست.
ئىشى يىغلايوُ ئوُزرى مافات ئىدى،
ئاڭا تاڭغىچە بوُيلە ئەۋقات ئىدى.
قوُياش چوُن قىلىب ئەۋج ئاهەڭگىنى،
يارۇتتى يانا چەرخ ئەۋرەڭگىنى.
كەۋاكىب تاپىب ئوُل ياروُقدىن زەرەر،
بارى ئوُچتىلەر ئوُل سىفەتكىم شەرەر.
ئىسكەندەر يانا تەخت ئەيلەب مەقام،
خالايىققە هوُكوُم ئەيلەدى بارى ئام.
ئوُلوُس قىلدىلەر خىزمەتىغە هوُجوُم،
قوُياش تىكراسىدا نىچوُككىم نوُجوُم.
يىغىلغاچ ئوُلوُس شاه قىلىب ئىبتىدا،
خالايىققە سوُز موُنداق ئەتتى ئادا:
«كى بەردى ماڭا دادگەرلىك ئىلاه،
بار ئەرسە خالايىق ئارا دادخاه،
كىلىب ئالىمە ئەرزى هال ئەيلەسوُن،
ئوُز ئەهۋالىنى قىيلوُ قال ئەيلەسوُن.
قاشىمدا سوُزىن ئەرز ئەيلەر زامان،
مىنى بىر ئوُزى يەڭلىغ ئەتسوُن گوُمان.
نى تەختىمدىن ئولسوُن ئاڭا دەهشەتى،
نى تاجىمدىن ئولسوُن ئاڭا ۋەهشەتى.
نى شاه دىب مىنى ئەيلەسوُن ئىزتىراب،
نى مەقسوُد ئاداسىدا قىلسوُن شىتاب.
ئايان ئەيلەسوُن رىشى دەردوُ غەمىن،
ياقاي داد بەرمەك بىلە مەرهەمىن».
ئوُلوُس باشلادى ئەرز هال ئەيلەمەك،
سىكەندەر بىلە قىيلوُ قال ئەيلەمەك.
سەهەردىن ئاڭا تەكروُكىم ئىستىۋا،
سوُروُب، خەلق دەردىغە قىلدى داۋا.
كىشى قانى توُككەننى پوينىن ئوُروُب،
قىلىن كىيستوُروُرنى قىلىن كىيستوُروُب.
بىرىب داد مەزلوُمى غەمخارەغە،
قىلىب رەهم مەرهوُمى بىچارەغە.
قىلىب زوُلم ئەهلىن قارا يەرگە پەست،
ئالارغەكى مەزلوُم ئىروُر زىردەست.
خوش ئول شاهكى زوُلم ئەهلىن ئەيلەب نىگوُن،
جافاكەش جافاگەرنى كوُرگەي زەبوُن.
بوُ يەڭلىغ قىيوُب ئەدل بوُنيادىنى،

يارىم كۈنگىچە بەردى ئەل دادىنى.
ئاتاسى زامانىدا ھەرنەۋئ ئىش،
كى ئاندىن خالايىققە ئازار ئىمىش.
تامامىن ئۇلۇس باشىدىن قىلدى دەفئ،
يىتۇشسۇن دىب ئاندىن خالايىققە نەفئ.
يانا شاھلار ھادىس ئەتكەن رۇسۇم،
كى بىداد ئىمىش ئەل ئارا بۇ ئۇمۇم.
ئۇلار تەرھىنى بۇزدى بۇنيادىدىن،
خالايىقنى قۇتقاردى بىدادىدىن.
ئادالەت تەرىقىنى فاش ئەيلەدى،
سىياسەت ئاڭا دۇرباش ئەيلەدى.
رەئىيەتقە مەئلۇم ئىتىب ئىھتىياج،
ئىككى يىل ئۇلاردىن كۆتەردى خىراج.
ھەمۇل ئەھلىغە قىلدى مەشغۇللۇق،
يامانلارغە يىتكۇردى مەئزۇللۇق.
ۋەلى ياخشىغە تەقۋىيەت ئەيلەدى،
يانا ياخشىلار تەربىيەت ئەيلەدى.
يانا نەرخلەرغە قىلىب ئىشتىغال،
ئىغىر ساتقۇچىغا بىرىب گوشمال.
تۇز ئەيلەب تارازۇ ئىككى باشىنى،
تۈمۈردىن ياساب مۇھىر ئىتىب تاشىنى.
قەرى ھەم تۈمۈردىن ئاڭا بولدى خاس،
كى ئەل بولدى كەم گەز ئالۇردىن خالاس.
قاپاننى ھەم ئۇل ئىفتىرائ ئەيلەدى،
قىياس ئىچرە رەفئى نىزائ ئەيلەدى.
يانا تۇزلۇك ئىزھارىغە تۇزدى كەيل،
كى ئەل قىلماغاي ئەگرىلىك سارى مەيل.
يانا تۇزدى ئالتۇن تارازۇسىنى،

قەۋى ئەيلەبان ئەدىل بازۇسىنى.
مەراھىل ئارا قۇيدى رەھدارلار،
يول ئەھلىن خەتەردىن نىگاھدارلار.
ئادالەت قۇلىن تۇتتى ئانداق بىنىڭ،
كى تابتى ئامان ئارسلاندىن كىيىك.
تەزۇر ئەھلىغە قارچىغاي دەرمىيان،
ئالار چۆجە يەكلىغ بۇ بىر ماكىيان.
يارىم كۆنگىچە ئەدىل ئىلە داد ئىدى،
يانا كۈن سۇكى ياخشى بۇنياد ئىدى.
بۇ يەكلىغ چۇ ئاز ۋەقىت تۇزدى رۇسۇم،
غەنى بولدىلەر ئەدلىدىن ئەھلى رۇم.
كىتۇر ساقىيا تولدۇرۇپ جامى ئەدىل،
كى كۆرگۈزدى ئىسكەندەر ئەييام ئەدىل.
تەئادۇل بىلە تۇت ئانى بى ھەمال،
ئىچەردە ماڭا گەرچە يوق ئىئتىدال.
مۇغەننى ناۋادا تۇزۇب مۇئتەدىل،
ناۋا سازلىق قىل ماڭا مۇتتەسىل.
قۇلاغىمغە دىلكەش سادايى يىتۇر،
مىنى بىناۋاغە ناۋايى يىتۇر.
ناۋايى تەئادۇلدىن ئەتمە ئەدۇل،
قەبۇل ئەھلىدىن گەر تىلەرسەن قەبۇل.
چۇ ئادىل شاھ ئىلكىندىن ئىچكۇك ئاياق،
نىچە ئىئتىدال ئاسراساڭ ياخشىراق.
نىچۇككىم ئىرۇر ئەدىل شاھلارغە زىب،
ئىرۇر ھەم گام خاكرەھلەرغە زىب.
شاھىكىم ئادالەتتۇر ئانىڭ ئىشى،
تەڭ ئىرمەس ئاڭا شاھلاردىن كىشى.

**ئادالەت ئەينىنىڭ تەئرىفىدەكىم سىلاتىنىنىڭ زۇلمەتى زۇلمى ئاراسىدا ئەينۇلھاييات جاۋەدانىدۇرۇر ۋە ئىچكانگە زۇلالى زىندگانى يىتكۇرۇر**

**(ئادالەت ئەينىنىڭ تەرىپىدە: پادىشالارنىڭ زۇلۇم قاراڭغۇلۇقلىرى ئىچىدە ھاييات بۇلغى يەنىلا ئەبىدى بولۇپ ئىقىپ تۇرىدۇ ۋە ئىچكەنلەرگە تىرىكلىكنىڭ سۈزۈك سۈيىنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ)**

نى ئەسىاكىم ئۇل ھەق سىفاتىغە زوز،
ئەگەر فىكرەتىنىڭ ھەر بىر ئاتىغە دوز.
نى ئەمرىكى بولغاي سىفات داخىلى،
ھەق ئاتىدۇر ئۇل ئەمرىنىڭ فائىلى.
كەرەم تەرەفەدىندۇر كەرەم ئولماغى،
تەرەھھۇم كەۋبىدىن رەھىم ئولماغى.
ئەگەر ۋاجىدۇ مابدەت ئىتىبار،
ئەگەر ھەييۇ قەييۇم بىر ھۆكمى بار.
ۋەلى ئالتە ئەسمادا ئەدىل ئىمەس،
ئوقۇر چاغدا ئەل ئانى ئەدىل دىمەس.
ئادالەتقە يىتكەندە قىلمىش خۇدا،
ئۆز ئاتىنى «ئەل ئەدىل» بىرلە ئادا.
بۇ ئاتىغە كوبىراق ئۈچۈن ئىھتىمام،
ئۇنىڭ بىرلە ئالەمغە بىرور نىزام.
نى شاھكىم ئۇنىڭ ئەدىل كىبرادىددۇر،
دىسەم يوق ئەجەبكىم خۇدا ياردۇر.
بۇ مەئنىدىن ئەركىنكى ئالەمدە شاھ،
كى دەرلەر ئانى خەلق زەللى ئىلاھ.
گەر ئەفئالى مەردۇدۇ مەقبۇل ئىمەس،
بولاردىن قىيامەتدە مەسئۇل ئىمەس.
ئىرۇر ئەدلى كىم قادىرى زۇلجەلال،
قىيامەت كۈنى ئاندىن ئەيلەر سۇئال.
ئەگەر ئەدلى يوق ئاشكارۇ نىھان،
يەقىن بىلكى زىرو زەبەردۇر جاھان.
ئەنۇشىرۋان گەرچە كافىر ئىدى،
ۋەلى ئەدلى نىھايەتتە زاھىر ئىدى.
ئورۇن گەرچە كافىرغە دەۋزەخ دۇرۇر،
ئۇنىڭ ئەدلىدىن ئورنى بەرزەخ ۋرۇر.
ئەگەر كۇفرى رىزۋان سارى قويمادى،
ۋەلى ئەدل نىران سارى قويمادى.
يۇل ئۆتكەندىن ئارى مىڭ ئەندازەدۇر،
ئادالەتدىن ئاۋازەسى تازەدۇر.
ئىرۇر تۆرفە بۇكىم سىلاتىن ئارا،
قايۇ ئەدل ئىتەر كىشۋەرى دىن ئارا.
قىلۇردا سىفات ئەدلۇ ئىنسافنى،
نىھايەتكە يەتكۈرمەك ئەۋسافنى.
دىمەكلىك ئىمەس ھۆكمرانى زامان،
دىمەكتۇر ئەنۇشىرۋان زامان.
ئەجەبراق بۇكىم ئۇلكى بۇ ئالتى بار،
بۇ تەشبىھ بىرلە مۇباھاتى بار.
نى سۆزدىن ئۆتتى ئىرۇر بۇ ئەجەب،
كى كەۋنەيىن شاھى رۇسۇلى ئەرەب.
شاھكىم رۇسۇل كەلدى خەيلى ئۇنىڭ،
بارى ئافرىنىش تۇفەيلى ئۇنىڭ.
قىلۇر چاغدا ھەق شۇكرى ئىزھارىنى،
مەگەر بۇ سۇفەت سۇردى گۇفتارىنى.
«كى سۇلتان ئەدىل زامانىدا دەھر،
ۋۇجۇدۇم بىلە بەردى ئالەمغە بەھر.
ماڭا چون ۋىلادەت زامانى ئىدى،
ئۇلۇسقە ئادالەت زامانى ئىدى».
ھەدىسدە بۇ بىشارەت دۇرۇر،
كى ئەدىل ئەھلى سارى ئىشارەتدۇرۇر.
كى ئەدىل ئىچرە ئۆتكەنگە بىر سائىتى،
ئىرۇر جىننۇ بەشەر تائىتى.
شاھ ئەر كۇفر ئارا ئەدلىن ئەتىبە راۋان،
تۆزەر مۇلكىن ئانداغكى نۇشىرەۋان.
ۋەگەر دىن ئارا زۇلم پەرران قىلۇر،
بۇ شاھلاردەك ئاز چاغدا ۋەيران قىلۇر.
شاھكىم قىلۇر خەيلى ئىنسانغە ئەمر،
ھەق ئەتمىش ئاڭا ئەدلى ئىھسانغە ئەمر.
ئەگەر زۇلم قىلسە ئىرۇر نىچە ھال،
كى جانىغادۇر بارچە ئانىڭ ۋۇبال.
بىراۋكىم ھەق ئەمرىغە ئاسى بولۇر،
نىكىم قىلسە جۇرمۇ مەئاسى بولۇر.
يانا بىر بۇ كىم ئەيلەر ئۆزنى سەفىھ،
ھەق ئەخلاقىگە خەلقى قالماس شەبىھ
يانا بۇكى ئەلگە سالۇر ئىزتەراب،
قىلۇر زۇلمى ئابادلارنى خاراب.
يانا ئۇلكى چۇن زۇلمى مەۋجۇد ئولۇر،
بارى خەلق كۆڭلىگە مەردۇد ئولۇر.
نى مەردۇدلۇغكىم بولۇر ئەل ئىشى،
تۈن ۋە كۈن ئانىڭ جانىنىڭ قارغىشى.
نى دەيكىم ئۇرار خەلق نۇقسانىغە،

قىلۇر تېز دەۋزەخ ئوتىن جانىغە.
ئۇلۇس دۇشمنى دىسە بولماس ئانى،
كى بار ئۇل ھەقىقەتدە ئۆز دۇشمنى.
نىچە زۇلم كىم ئەلگە زالىم قىلۇر،
ئۆر - ئۆزىگە كوبراق قىلۇر ھەق بىلۇر.
نى زالىمكى بىر كىمسەگە زۇلم ئېتەر،
ئىككى فائىدە زۇلم كەشگە يېتەر.
بىر ئولكىم قىيامەت كۈنى ئەجرى بار،
ئاڭاكىم بۇ زۇلم ئەيلەمىش زەھرى بار.
يانا بۇكى مەزلۇم ئېرۇر ئات ئاڭا،
كىشى ئەيلەمەس زۇلم ئىسبات ئاڭا.
ۋەلى كىمسەكىم زۇلم ئاڭا كام دۇر،
بۇ ئالەمدە مەردۇدۇ بەدنامدۇر.
ماكان چۇن قىلۇر ئۆزگە ئالەم سارى،
ئۆتەر بى تەۋققۇف جەھەننەم سارى.
قايۇ شاھكىم ئەدلدىن فەرددۇر،
ھەم ئۆز جانىغا زۇلمدىن دەرددۇر.
كىتۇرسە ئۆزىن ئادىل ئەل سانىغە،
نى زۇلم ئەلگە ئەيلەرنى ئۆز جانىغە.
ئەگەر بىلسە شاھ ئەدىل ئېتەر ھىرفەسىن،
نىچۇك بەرگەي ئۆز ئىلكىدىن جەرۋەسىن.
نىچە ھىرفەرىن شاھ كىبزەكدۇر يىراق،
بۇ يەردە ۋەلى ھىرفەسى ياخشىراق.
شاھكىم ئاڭا ئەدلى بولغاي قىلىق،
ئېرۇر ئەيلەسە سىرفە بى سىرفەلىق.

(داۋامى بار)

لۇغەت

ئا

ئاتىل — ئىشكارچى، ھورۇن
ئالىمغە — ئالدىمغا، قېشىمغا
ئاسۇدە — ئارام، راھەتلەنمەك
ئارامجۇي — ئارام ئېلىشنى ئىستىمەك، ئارام ئالماق
ئالاي — بۇلغانغان، ئارىلاشقان
ئاغاز ئېتىپ — باشلاپ
ئالۇدە — بۇلغىنىش، گۇناھ، ناپاك
ئافرىنىش دەرياسى — يارىتىلىش، پەيدا بولۇش دەرياسى
ئافاتىدىن — ئاپەتلىرىدىن
ئادەمغە رىفئەت فەزاي — ئادەمگە ئۇستۇنلۇك قىلغۇچى
ئاراستە — بېزىمەك
ئافاق — ئالەم.
ئاسار — ئەسەرلەر، ئىزلار
ئازۇردە — ئازار چەككۇچى، جاپاكەش
ئافاقگىر — جاھاننى ئالغۇچى
ئالەم تەھى بولدي — ئالەم بوش قالدي

ئاموٗزگار — ئوٗستاز
ئاياقچى — شاراپ قۇيغۇچى
ئاناسۇكى — ئانىنىڭ ماتىمى
ئاداسى — بەجىرىلىشى

## ئە

ئەسىر — نامازدىگەر
ئەينۇلھايات — ھاياتلىق بۇلىغى
ئەشك رىز — كۆز يېشىنى ئېقىتىش
ئەنجۇمەن — يىغىن، يىغىلىش
ئەيىغ لەئىبى — ئېيىق ئويۇنى
ئەنقا — سۇمىرۇغ
ئەرقام — رەقەملەر
ئەرەستۇيى فەرزانە — دانىشمەن ئالىم ئارىستوٗتىل
ئەمەس ئەھلى تارىخ تەردىدى چىن — ئىسكەندەر ھەققىدە تارىخ يازغانلارنىڭ ئىسكەندەرنى ئىران شاھى دارانىڭ ئوغلى، دىگەن رىۋايەتلىرى راس ئەمەس.
ئەنجامى — ئاخىرى
ئەۋن — مەدەت، ياردەم
ئەشكى دارا — دارانىڭ ئوغلى، ئىران شاھى
ئەفراسىياپ — تۈرك خاقانى
ئەۋرەڭ — تەخت
ئەشكانى — ئەشكانى سولالىسى
ئەجەم مۇلۇكى — ئىران پادىشاھلىرى
ئەستەغفىرۇللا — تەڭرىدىن گۇناھلىرىمنى كەچۈرۈشنى تىلەيمەن.
ئەئجۇبەلار — ئاجايىپ-غارايىپ نەرسىلەر
ئەفگەندەلىق — ئىگىلمەك، تازىم قىلماق
ئەبۇر ئەيلەپ — ئۆتۈپ
ئەژدىھايى دەمان — دەم تارتقۇچى ئەژدىھا
ئەئدا — دۈشمەنلەر
ئەتا — ماددى ۋە مەنىۋى نەرسىلەرنى بەرمەك
ئەختەرى پۇرتاب — نۇرلۇق يۇلتۇز.
ئەمىر خۇسرۇ — خىسراۋ دىھلەۋى
ئەۋسافى — سۈپەتلىرى

ئەفلاك — ئاسمانلار، پەلەك
ئەلالا — چوقان، غەۋغا
ئەدەم — يوقلۇق، ئالەم پەيدا بولۇشتىن بۇرۇنقى هالەت
ئەنبەر شەمم — خۇشپۇراقلىق شامال، پۇراق
ئەتىر — خۇشپۇراق
ئەرز — يەرشارى
ئەختەر — يۇلتۇز
ئەنجۇم قىياس — يۇلتۇزلارغا ئوخشاش
ئەخكەر — چوغ
ئەجز — ئاجىزلىق
ئەرشى ئەزەم ئېلى — پېرىشتىلەر
ئەلا — ئاگاھ بولغىن!
ئەرجۇمەند — بەختىيارلىق
ئەزىمەت — جەزم قىلماق
ئەقەبە — مەنزىل، جاي
ئەزم — يۈرمەك، ماڭماق
ئەر — «ئەگەر»نىڭ قىسقارتىلمىسى
ئەشكىناك — يىغلىماق، ياش تۆكمەك

## ب

بورتاغ — پۇتاقلىق، ئەگرى
بىلائىشتىباھ — شۇبھىسىز
بى مەدارا — كېلىشىمسىز، تايانچىسىز
بادە — مەي، شاراپ
بەهر — دېڭىز
بەر — قۇرۇقلۇق
بادەئى ساف — سۈزۈك شاراپ
بۇخل — بېخىل
بەشەر خەيلى — ئىنسانلار گۇرۇھى
بەشەر — ئىنسانىيەت، ئىنسان
بەهرى ئۇممان — ئۇممان دېڭىزى
بۆرك — بۆك، باش كىيىمى، دوپپا
بۇدۇ-نەبۇد — بارلىق ۋە يوقلۇق
بەزلى — ساخاۋىتى، سېخىلىقى

بىھەمدۇلىللاھ — تەڭرىگە تەشەككۈركى
بىرەۋ ئالدىسۆز كىشۆەرىن يەكقەلەم — بىراۋ يالغۇز قەلەم بىلەنلا سۆز (شىئىر) مەملىكىتىنى بويسۇندۇرىۋالدى.
بورىياباف — بورا توقۇغۇچى
باد : — شامال
بولۇرمۇ دىمەك يەلنى ساھىب كەرەم — باھار شامىلىنى ساخاۋەت ئىگىسى دىيىشكە بولامدۇ؟
بازى بىرىپ — ئالداپ
بەل — بەلكى
بۇلبۇلى زارئەلھان — زارلىنىپ سايرىغان بۇلبۇل
بەھرى زەخخار — دولقۇنلۇق دىڭىز
بولۇپ گەرم — قىزىپ قىلىپ
بولدى پەدىد — پەيدا بولدى
بىھەد قۇتۇر — چەكسىز نۇقسان، خاتالىقلار
بۇختۇننەسر — زالىم، قانخور بىر سەركەردە
بەھمەن — ئىران شاھلىرىدىن بىرى
بەيتى مۇقەددەس — ئىرۇسالىم
بەھرام شاپۇر — ئىران پادىشاھلىرىدىن بىرى
بەقا مۇلكى — باقى ئالەم، ئاخىرەت
بەزل ئەبۋابى — خەلققە خەير-ئىھسان قىلىش ئىشىكلىرى
بەدەل — ئالمىشىش (ياشلىق ئورنىغا قېرىلىق ئالمىشىش)
بىھەد خەتىر — چەكسىز خەتەرلىك
بەرقى جاھانسوز — ئالەمنى كۆيدۈرگۈچى چاقماق نۇرى
بەدىئ — گۈزەل
بەدىلىك — سىڭنىڭ ئورنۇك

پ

پىچ — تولغانىماق، چىگىش، تولغىماچ، ئەگرى
پۇيە — يۈگۈرمەك، تېز يۈرمەك
پەنج رۇست ئەيلەدىم — قولۇمنى تەييار قىلدىم
فەرىدۇن — تۇران شاھلىرىدىن بىرى
پەيكەر — تەن، بەدەن
پەرى — پەرىزات، جىن
پەشىز — كۆمۈش، مىس ئاقچىلارنىڭ پارچىلىرى
پەيرەۋ — ئەگەشكۈچى، ئارقىدىن يېتىپ كەلگۈچى

پايى كۇب — يەرگە تىپىش
پىچ - پىچ — چىگىش
پەرمان پەزىر — پەرمانىنى قوبۇل قىلغۇچى
پىشداد — ئىلگىرىكىلەر
پەدەرۇد — خوشلاشماق، ۋىدالاشماق

**ت**

تەبشىنى — مىجەزىنى
تالىئى سەئى — بەختلىك، سائادەتمەن ئادەم
تەنغە ئاسۇدەلىق — تەنگە راھەت بەرمەكلىك
تاتەنۇمەند — تونتۇش ئەمەس
تەبئى نەژدند — جورۇن تەبىئەتلىك كىشى
تىرمانا — چىرمىشىپ، يامىشىپ
تەركى بەزم — بەزمىنى تاشلىماق
تەر — سۇ، دېڭىز
تۇلۇد ئەتكەن — تۇغۇپ چىققان
تەقرىب — يېقىنلاشماق
تەھتەسسەرى — يەر ئاستى
تافاۋۇت بەسى — كۆپ پەرق
تەشتى زەررىنى خور — ئالتۇن تەشتەكتەك قۇياش
تاغ - هامۇن — تاغ - تۈز، چۆل - باياۋان
تەقۋىيتى — كۈچەيتىشى
تۇل — يالغۇز
تۈرك ئەلفازى — تۈرك تىللىرى، تەلەپپۇزلىرى
تۈرك ئەقالىمى — تۈرك يۇرتلىرى، تۈرك مەملىكەتلىرى
تىغى زەبان — تىل تىغى
تەرەششۇھ — كۆزىنىڭ ئۇستىگە تەپكەن نەملىك
تەكرۇ — غىچە، قىچە، گىچە، كىچە
تەۋارىخ — تارىخلار
تەۋەققۇد — ئۇمىد قىلماق
تاغار — قەدەھ، مەي قاچىسى
تارىخ تەھرىرى — تارىخ يازغان، تارىخ تۈزگەن
تەختىگىر — تەخت ئالغۇچى
تاج بەخش — تاج بەرگۈچى

تەۋارىخ ۋەزئى — تارىخلارنىڭ يېزىلىشى، تۈزۈلۈشى، مەزمۇنى
تەھمۇرەس — ئىران پادىشاھلىرىدىن بىرى
تۇسسەنىن — كۆندۈرۈلمىگەن ئېتىنى
تۇس — ئىران پالۋانلىرىدىن بىرىنىڭ نامى
تەرەپ — خوشاللىق
تىيرە بولدى بەسەر — كۆزى قارغۇ بولۇپ قالدى
تەفار — پەخىرلەنمەك، كىبىرلەنمەك
تەمەننا — ئۈمىد، ئارزۇ
تارىخ فەرس — پارس تارىخى
تالئى — تەلىيى، بەختى، ئىقبالى
تەۋقى پەرمانى — پەرمان بويۇنچۇغى
تاج تەركى — تاجنى تاشلىماق
تاق — يەككە، يالغۇز، بىردىن-بىر
تەزۇر — قىرغاۋۇل
تەئادۇل — ئادالەت قىلماق
تەكمىل — مۇكەممەلەشتۈرمەك
تەراش — يۇنۇش، ياساش

ج

جۆز — بۆلەك
جەلادەت — چىۋەرلىك، چاققانلىق
جەۋشەن — زەنجىر چاپان (زىرەھ)
جاھان دەرجاھان — جاھان ئىچىدە جاھان
جاۋىدان — مەڭگۈ
جاھاندۇرمەلا — جاھان تولغان
جاھاننى تولا ئەيلەمىش — جاھاننى تولدۇرمىش
جۆركەش — سۆمۈرۈپ ئىچكۈچى
جادۇيى دانىشۋەرى — ئىلىم-پەن سېھرىگەرى
جامى مەستانە — مەس قىلغۇچ قەدەھ
جەناھىن — قاناتلىرىنى
جۇدى ھەۋا — فەيز ھاۋاسى
جەۋھەر فەشان — گەۋھەر چاچقۇچى
جەمشىد — مەشھۇر ئىران پادىشاھلىرىدىن بىرى
جاھانبانلىق — مەملىكەتنى باشقۇرماق

جەيش — ئەسكىرى قوشۇن
جەناھى — قۇش قانىتى
جۇئەل — ئات، كالا قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ تېزىگىدە پەيدا بولىدىغان قارا قوڭغۇز
جەلا — ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ ياتلار يېرىگە كەتمەك

## چ

چىقماقغە خىز — چىقماق بولۇپ سەكرىدىم
چەرخ بەھرى — ئاسمان دېڭىزى
چاك ئەيلەبان — يىرتىپ تاشلاپ
چاشنى — تەمى، لەززىتى
چىركالىك — پاسكىنىلىق، ناپاك، چىرىكلىك
چەشمە زىندەگانى — تىرىكلىك بۇلىغى
چەرخ سوفىلىرى — ئاسماندىكى پەرىشتىلەر
چەرخى سەرئە — تېز ئايلانغۇچى ئاسمان
چەرخى ئەزەم — بۈيۈك ئاسمان
چەترى — چىدىرى
چەرخى نوھ تاق — توققۇز قەۋەتلىك ئاسمان
چەرخى ئەخزەر — يېشىل ئاسمان
چاھ — قۇدۇق زىندان

## خ

خەلەقە — يوقتىن بار قىلدى، ياراتتى
خىزرى راھىم — يولباشچى خىزىرىم
خارە — تاش
خەرام — ماڭماق، بېسىپ ئۆتمەك
خۇيى كەسالەت — ھورۇنلۇق، خوشياقماسلىق
خىرەد — ئەقىل
خەمسە ئەزمىن — «خەمسە» داستانىنى يېزىشقا كىرىشمەكنى
خاتىر نەۋازىڭ — كۆڭۈللەرنى كۆتۈرىدىغان ئاۋازىڭ
خەلەل — بۇزۇلۇش، نۇقسان يېتىش
خەشك — قۇرۇق، قۇرۇغلۇق
خامە — قەلەم

خۇشخىرام — چىرايلىق يۈرگۈچى
خىلقەت سىپەھرى — يارىتىش ئاسمىنى (تەقدىر ئاسمىنى)
خەيلى سەۋز — سۆز (شېئىر) گۇرۇھى
خازىن — خەزىنىچى
خالى (خەلا) — بوش، قۇرۇق، خالى جاي
خۇرشىد — قۇياش
خەراش — تاتىلاش، شىلىش
خامە يۈنسە — قەلەمنى يونسا، ياسىسا
خەرۇش — ئاۋاز
خامە نەۋكى — قەلەمنىڭ ئۇچى
خاكرۇب — يەر سۈپۈرگۈچى
خىرقە — جەندە (سوپى-ئىشانلارنىڭ قۇراق چاپىنى)
خامەسى دۇرەفشان — قەلىمىدىن گەۋھەر-ئۈنچە چاچقۇچى
خەرمۇھرە — ئېشەك مەدىكى
خەلقى بىدادى — خەلققە ئادالەت يۈرگۈزمەك
خەلافەت سەرىرى — خەلىپىلىك تەختى
خەسم — دۈشمەن
خەيل — گۇرۇھ

**د**

دەرگىر — قوبۇل قىلماق
دەلق پەشمىنە — يۇڭ جەندە
دۇررى نەزم — نەزم گەۋھىرى
دەريايى بىپايان — پايانسىز دەريا
دەمى ئېيسۇى — ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ دەم سېلىپ ئۆلۈكنى تىرىلدۈرىدىغان نەپەسى
دەھر — زامان
دىماغى — مىڭىسى
دالى دانىش — بىلىمگە باشلىغۇچى
دۇرەخشەندەلىق — پاقىراق، تۇرلۇق
دەستان ئەفشان — قولىنى سىلكىپ
دەردكى مەئنى — مەنىنى بىلىش
دۇرجى دەقايىق — ئىنچىكە مەنىلىك سۆزلەر تىزىمى
دۇررى ھەقايىق — ھەقىقەت گەۋھەرلىرى

دەريۇزە — تىلىمەك، تىلەمچىلىك قىلماق
دادگەر — ئەرز ـ دات قىلىپ كەلگۈچى
داستان سەرا — داستان تۈزگۈچى
دەساتىن — داستانلار
دۇككانى گۆھەر — گەۋھەر دۇكىنى
دەريايى ژەرف — مەۋج ـ دولقۇنلۇق چوڭقۇر دەريا
دەرەڭ — توختىماق، تۇرۇپ قالماق
دۇررى يەكدانە — ئەڭ قىممەتلىك بولغان بىر تاللا گەۋھەر
دىلكەش ئاھاڭ — كۆڭۈلنى تارتقۇچى ئاۋاز
دەرەفشى — بايرىغى
دۇردانە — ئۈنچە ـ گەۋھەر دانىسى
دەھرىدىن بازى يىدى — زاماننىڭ ئالدىنىغا ئۇچرىدى
دارا — ئىران پادىشاھلاردىن بىرى
دارايى دارا — دارانىڭ ئوغلى
دۇررى خۇشاب گۈزەل — گەۋھەر سۈيى
دانىش ئەۋراقى — بىلىم ۋەرەقلىرى (كىتاپلىرى)

ر

رەفئە ئولدى — كۆتىرىلدى
رىياسەت — رەئىسلىك
رۇستەخىز — قوزغالماق، ئورنىدىن تۇرماق
روھۇلقۇددۇس — پاك رۇھ
رىزە چىن — قەلەم ئۇچلىغاندا چۈشكەن قىرىندىنى تەرگۈچى
رايى ھىند — ھىندىستان پادىشاسى
رەخشەندەلىق — نۇر چېچىپ تۇرغۇچى
رەھرەۋ — يولباشلىغۇچى
رەمل چەككەن ۋەرەق — پال سىزىقلىرى چۈشۈرۈلگەن ۋاراق.
راۋانى پۇرئەنۋارى — نۇرغا تولغان رۇھلىرى
روسۇل شاھى — ھەممە پەيغەمبەرلىق پادىشاھى مۇھەممەت ئەلەيسسالام
رىسالەت — پەيغەمبەرلىك
رەخش — ئات
رىقئەتى — ئىگىزلىگى
رۇستەم — مەشھۇر پالۋان
راجىئە — سەير قىلىپ يەنە ئۆز مەركىزىگە قايتىدىغان يۇلتۇزلار

رىزالەت — رەزىللىق، خورلۇق، پەسكەشلىك
راھزەن — قاراقچى، بۇلاڭچى
رەۋشەن زەمىر — كۆڭلى رۇشەن

## ز

زىمنى — ئىچى، مەزمۇنى
زايىل ئولسا — يوقالسا
زاتىدە — ۋۇجۇدىدا، جىنسىدا
زىب سەنئەت بىلە — ھۈنەر-سەنئەت بىلەن بىزەپ
زۇلفىگە تاب دىققەت بىلە — چېچىنى نازۇكلۇق بىلەن ئۆرۈپ
زەرفەشان — ئالتۇن چاچقۇچى
زىۋەر — زىننەت، بىزەك
زەقناك — زوق كەلتۈرگۈچى
زەركەش — ئالتۇن يىپلىق رەخ توقۇغۇچى، ئالتۇن يىپ ئەشكۈچى
زەفەريار — غەلىبىگە ئېرىشمەك
زىكرى — بايانى
زەھەرناك — زەھەرلىك
زەبۇن — ئاجىز، مەغلۇپ
زەرف — قاچا، قۇتا
زال — رۇستەمنىڭ دادىسى، ئېيتىلىشلارچە دانا ئادەم بولغان ئىكەن.
زابولىستان — ئىراندا بىر ئۆلكىنىڭ ئىسمى
زوھۇرئەتتى — ئاشكارە بولدى، دۇنياغا كەلدى
زەردۇشت ئايىنى — ئوتپەرەسلىك دىنى
زەھاك — ئىران شاھلىرىدىن بىرى. زالىم ۋە قانخور پادىشا.
زۇلقەرنەيىن — ئىسكەندەرنىڭ لەقىمى
زىبا ئەرۇس — بىزەنگەن كېلىن
زەررىن جەناھ — ئالتۇن قانات
زۇلمەت قافى — قاراڭغۇ تاغ
زاغ — قاغا
زەمىرىم — كۆڭلۈم
زۇلۇم گۇستەر — زۇلۇم تارقاتقۇچى
زۇلال زىندەگانى — ھاياتلىقنىڭ سۈزۈك سۈيى (ئابىھايات)
زۇمرەسى — گۇرۇھى، ئەۋلادى

**س**

سەئىب — قاتتىق

سۆز كىسۋەتىن — سۆز كىيىمىنى

سۆخەنئۋارلىق — سۆزمەنلىك

سارى — تەرىپى

سەرۋى نەۋخاستە — سۇۋادان تېرەكنىڭ كۆچىتى

سىپەھدارلىق — قوماندانلىق، ھەربى سەركەردىلىك

سىپەھرگەردان — چۆگىلەپ، ئايلىنىپ تۇرغۇچى ئاسمان

سۆز دۇررى — سۆز گۆھىرى

سۇرەييا — ھۈكەر يۇلتۇزى

سەبقەت نەماي — مۇسابىقىلەشكۈچى، ئۆتۈپ كەتكۈچى

سەفھەئى مىھر — قۇياش سەھىپىسى (يۈزى)

سۇنبۇل — پىلەك تارتىپ ئۆسىدىغان، رەڭگى قاپ-قارا گىيا

سەدەف — گۆھەر قېپى (بۇ يەردە ئاننىڭ بالا ياتقۇسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ)

سەندەل — باش ئاغرىقىغا داۋا بولىدىغان، رەڭگى ئاق سېرىق كەلگەن بىر خىل ياغاچ

سەۋادى — كۆپىيىسى

سۇرۇر — خوشاللىق

سەربەسەر — باشتىن ئاخىر

سۆز بادەسى — سۆز شارابى

سۇكرە — مەستلىك

سوزى — كۆيدۈرۈشى، ئۆرتىشى

سەبت — ئىسپاتلىماق، تۇرغۇزماق

سەمەند — تېز يۈرۈشلۈك ئات

سۇجۇد — سەجدىلەر

سەھۇلەت بىلە — ئاسانلىق بىلەن

سەرۆش — غايىپ ئالەمدىن كەلگەن خەۋەر

سۆز رىيازى — سۆز باغچىسى

ساھىبقىران — زامان دەۋر ئىگىسى

سەڭگى بەلا — بالايى قازا تېشى

ستەمكار — زالىم

سەتھى — مەيدانى، ۋادىسى

سەمۇم — زەھەرلىك شامال
سىنانى قەلەم — قەلەم نەيزىسى (قەلەمنىڭ ئۇچى)
سۇستاتماق — بوشاشماق
سەلايە — دورا تەگشىيەك
ساف ۋە سلىغ — سۆزى سلىق، تىلى راۋان
سەرھەلقەسى جامى — ئالىم، شائىرلار يىغىلىشىنىڭ سەردارى، مەۋلانا ئابدۇراخمان جامى
سىپقاراي — سۇمۇرۇپ، تىلىنى يالاپ تۇرۇپ ئىچىۋېتەي
سۇرەت نەگارەندە — سۇرەت سىزغۇچى (رەسسام)
سۆز گۇزارەندە — سۆز قالدۇرغۇچى (رىۋايەت قىلغۇچى)
سەلاتىنى مازىيە — قەدىمقى زامان پادىشالىرى
سەييىدىلمۇرسىلىن — پەيغەمبەرلەرنىڭ خوجىسى
ساسان — ساسانىلار سۇلالىسى
سىياۋۇش — كەيكاۋۇسنىڭ ئوغلى
سەلەھشۇر — چەۋەندار پالۋان
سەنەم زۇلفى — مەھبۇبىنىڭ چېچى
سەلاتى خەمسە — بەش ۋاقىت ناماز
شىماھۇم — مۆمىنلەرنىڭ يۈز قىياپەتلىرى

## ش

شامى دىجۇر — قاراڭغۇ كېچە
شەيخ نىزامى — نىزامى گەنجىۋى
شەگۇفە — گۈل ۋە دەرەخلەرنىڭ چېچەكلەش ۋاقتى
شايىئ — ئاشكارە بولغۇچى
شەرارى بەلا — بالايى-ئاپەت ئوتىنىڭ ئۇچقۇنلىرى
شۇكۇھ — ھەيۋەت، قورقۇنچ
شۇرۇئ — باشلىماق، كىرىشمەك
شەھابى قەلەم — قەلەم يۈگۈرۈكى
شەڭ — شوخ، ھوشيار
شاھى مەككى لەقەب — مەككىلىك دەپ لەقەم قويۇلغان پادىشاھ
شەجەر — ئۆسۈملۈك، دەرەخ
شامى رىھلەت — ئۆلۈم كېچىسى
شەرىفۇ ۋەزىئ — چوڭ-كىچىك ئادەملەر

## غ

غۇنچەئى ناشگفت — ئېچىلمىغان غۇنچە (سىر دۇنياسى)
غەزەل تەرزى — غەزەل ئۇسلۇبى
غول — ئېزىتقۇ
غەۋۋاس — دەريا، دېڭىزلارغا چۆكۈپ گۆھەر تاپقۇچى
غرىب ئەمر — نادىر، ئاجايىپ ئىشلار
غەبرا — يەر شارى

## ف

فەلەكۋاش سەرىر — ئاسمانغا ئوخشاش تەخت
فەرسۇدەلىق — هارغىنلىق، چارچاش
فەۋج - فەۋج — گۇرۇھ - گۇرۇھ، توپ - توپ
فەتهى ئىسكەندەرى — ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ ئىشغالىيتى
فائىزى جۇد — رەھمەت تۆككۈچى
فۇزۇن — كۆپ، ئارتۇق
فەيز مەتلئى — فەيزنىڭ چىقىش ئورنى
فىرۇزە — يېشىل رەڭلىك قىممەت باها تاش
فەيزى ئەمتار — فەيز يامغۇرنىڭ تامچىلىرى
فەرزانە — دانا، ئالىم
فەرىدۇن — ئىران شاھلىرىدىن بىرى
فىهرىست — مۇندەرىجە، باپ، بۆلۈم
فەرامەرز — ئىران پالۋانلىرىدىن بىرى (رۇستەمنىڭ ئىنىسى)
فەيلىقۇس — قەدىمقى رۇم پادىشاھى (ئىسكەندەرنىڭ ئاتىسى)
فەررۇخ — مۇبارەك، بەختىيار
فاقە — يوقسۇللۇق
فىلهەقىقەت — ھەقىقەتتە
فائىق — ئۈستۈن
فەجر سەجداتى — ناماز بامدات سەجدىلىرى
فى ۋۇجۇھىهىم — ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە
فەلەك خەيلى — پىرىشتىلەر گۇرۇھى
فۇرات ئەرىغى — فۇرات دەرياسى

## ق

قىيام — نامازدا ئۆرە تۇرماق
قارۇن — مۇسا پەيغەمبەر دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر يەھۇدىي بېخىل باي

قەدەھ دۇردى — شاراپنىڭ پىيالە تېگىدە قالغان دۇغى
قىراق — يىراقلىشىش
قارا شامى — قاراڭغۇ كېچىسى
قۇدسەسسررىھۇ — ئۇل زاتنىڭ سىرى پاك بولغاي
قەندىل — زور ئاسما چىراق
قۇدسى سىفات — پاك، روھ سۈپەتلىك
قىدمەتى — قەدىمىلىكى
قۇرسى قەمەر — ئاي قوتانلاش
قەرەنفۇل — قەلەمپۇر (بىر خىل دورا ماتىرىيالى)
قارا ئەفئا — زەھەرلىك قارا يىلان
قىراغى — قىرغىقى، كانارىسى
قايىم مەقام — ئىز باسار
قەتلىنىڭ مۇھىبى — ئۆلتۈرۈشنىڭ زورۇرىيىتى
قەتل كىن — ئاداۋەتتە ئۆلتۈرۈلگەن
قىراق — چەت ياقىغا كەتمەك
قەلەمزەن — قەلەم تۇتقۇچى (ئوردا كاتىبى)
قىبرى — گەز
قاپان — ئاشلىق ئۆلچەيدىغان ئۆلچەملىك قاچا، تارازا

ك

كامجۇي — مەقسەت ئىستىمەك
كەمەرگاھىغە — بېلىنگە
كۇشىش — ئىجتىھات
كىشۋەر — مەملىكەت
كەشەف — تاش پاقىنىڭ قۇرۇق قېپى
كۆك جەۋفى — ئاسمان ئىچىدە
كىلىك — قەلەم
كۆزگۇ — ئەينەك
كىميا — خىمىيە
كىشۋەرىستانلىغ — ئىشغالىيەتچىلىك
كىنەتەۋر — گىنا، ئاداۋەت ساقلىماق
كام — مەقسەد
كۆك خەم بولۇپ — ئاسمان ئېگىلىپ، پەس بولۇپ
كاغەز نىگار قەغەزنى بېزىدىم، پۈتتۈم

کوهۇن مەهد — كونا بۆشۈك (جاهان)
کەيانى نەهاد — ئىران كەيانىلار سۇلالسى
کەيقۇباد — ئىران پادىشاھلىرىدىن بىرى
کاۋۇس — ئىران شاھلىرىدىن بىرى — كەيكاۋۇس
کەيۇ — ئىران پالۋانلىرىدىن بىرىنىڭ نامى
کۆك تاقى — ئاسمان گۈمبىزى
کەۋاکىپ — يىلانىتلار، يۇلتۇزلار
کانى مەئانى — ئىلىم - مەرىپەت (مەنىلەرنىڭ) كانى
کۇلاچ — توقاچ نان

## گ

گەنج — غەزىنە
گەرم تىز — قىزىق، تىز
گام — قەدەم، ئاياق
گەۋهەرى سىراب — قىيىنىق، تولۇق گەۋهەر
گۇلبۇن — قىزىلگۈلنىڭ ئۆسۈملۈگى
گەنج خىز — خەزىنە ئىگىسى
گەنج پەرۋەرد — خەزىنە ساقلىغۇچى
گەنج پاش — خەزىنىنى ئاشكارىلىغۇچى
گۇنبىزى ئەخزەر — كۆك ئاسمان
گەردۇن — ئاسمان
گەۋهەر فەشان — گۆهەر چاچقۇچى
گەردى نەئلەينى — ئىككى ئاياقتىن كۆتىرىلگەن چاڭ - توزاڭ
گەرم ئولۇپ — قىزىپ
گەرەۋ ئەيلەبان — گۆرە قويۇپ
گۈلى ئاتەشى — ئوتلۇق گۈل
گەنجى بى ئىنتىها — پاياىسىز، چەكسىز خەزىنە
گۇرىز — قاچماق
گەرشاسىب — ئىران شاھلىرىدىن بىرى
گۇدەرز — كەيكاۋۇس زامانىدىكى بىر پالۋان
گۇشتاسىب — ئىران شاھلىرىدىن بىرى
گۇفتى شەنىد — ئاڭلىغان، كۆرگەن سۆزلەر سۆزلەندى.

## ل

لوند — هورۇن
لەهۋە — ئويۇن - تاماشا

لامەكان مۇلكى — يوقلۇق مەملىكىتى (غايىپ ئالەمدە)
لەئلىدە — لىۋىدە
لالەئى سىراب — قىپقىزىل ئېچىلغان لالە گۈل
لەھىن — ئاھەڭدار ئاۋاز
لەدۇننى ئۇلۇمى — تەڭرى ئاتا قىلغان ئىلىملار
لەھراسىب — ئىران شاھلىرىدىن بىرىنىڭ نامى
لىۋا — بايراق، تۇغ
لەۋھى ئىرشاد — يولباشچىلىق قىلىش تاختىسى
لەمى (لام ئىلە مىمنى) جەھد ئېتىپ — «زۇلۇم» دېگەن سۆزنىڭ «ل» ھەرپىنى ئۈنسكار قىلىپ، «م» ھەرپىنى يوقاتسۇن (زۇلۇم دۇنيادىن يوقالسۇن، دېمەكچى)

م

مەغرىب قىرائىتى — ناماز شامنىڭ قىرائىتى
مايەسى — مەرتىۋىسى
مەقام — ئورۇن، دەرىجە، مەرتىۋە
مەكان تەي قىلىپ — يوللار بېسىپ ئۆتۈپ
مەقدۇر — كۈچ - قۇۋۋەت ئالغۇچى
مەھال — مۇمكىن ئەمەس
مۇر — چۈمۈلە
مەئانى سىپاھى — مەنە قوشۇنى
مەمالىك — مەملىكەتلەر
مەدداھلىغى — مەدھىيىلىگۈچىلىگى
مۇۋەججىھ — يۈزلەنگۈچى، قارىتىلغۇچى
مۇنەززىھ — پاك بولغۇچى
ماھى نەۋكاستە — يېڭى چىققان ئايدەك
مەخزەن — خەزنە
مەۋلايى دەرگەھ نەشىن — دەرگاھنىڭ خوجىسى بولۇپ ئولتۇرغۇچى
مۆھرى زەركەش — ئالتۇن مۆھۈر
مۇشتەرى — يۇلتۇز
مەقاسىد — مەقسەتلەر
مەجلىس ئارايى ھىند — ھىند مەجلىسگە زىننەت بېغىشلىغۇچى
مىھر پەرتەۋ — نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياش
مەھى خاۋەرى — شەرقتىن چىققان قۇياش

مېھر تابان — نۇرلۇق قۇياش
مەسكەن — تۇرار جاي، ماكان
مەئانى شەبىستانى — مەنىلەرنىڭ كېچىلىك بېغى
مەشئۇق — مەپتۇن، ئاشىق
مۇسەللەم — ئىشەنچلىك، ساغلام
مەفھۇم ئىمەس — بىلىنمەيدۇ
مۇسەببىب — سەۋەپچى (تەگرى)
مەرقۇم — يېزىلغۇچى
مەئدۇم — يوق قىلىنغۇچى
مەردۇد — رەت قىلىنغۇچى، تاشلاندۇق، قوغلاندى
مىرزى بۇم — يۇرت، مەملىكەت
مەزەبان — ئىگە، پادىشا، مۇھاپىزەتچى
مۇرى زەئىف — ئاجىز چۇمۇلە
مەئەلقىسسە — سۆزنىڭ قىسقىسى
مەكشۇف — ئېچىلغان، ئاشكارىلانغان
مەسنەد نەشىن — تەختىدە ئولتۇرغۇچى
مابەين — ئارىلىق، ئارىدا
مۇلۇك — پادىشالار
مائاف — ئەپۇ قىلىنغان
مەنۇ چەھر — ئىران شاھلىرىدىن بىرى
مۇئەررىخ — تارىخ ئالىمى، تارىخشۇناس
مۇلۇكى تەۋائىف — ئۇششاق بەگلىك، ئەمىرلىكلەرگە بۆلۈنگەن پادىشالار
مەستۇر — يېزىلغۇچى
مەقەر — تۇرار جاي
مۇباھات — پەخىرلەنمەك، مەغرۇرلانماق
مەلەكۋەش — پەرىشتە سۈپەت
مۇستەقىم — تۇرالىق يۇلتۇزلار
مەۋلۇدى — تۇغۇلغان بالا
مەزەللەت — خورلۇق
مۇفىد — پايدىلىق
مەھمۇد — ھەممە كىشى مەدھىيىلىگۈچى، ياخشى ئىش
مەئزۇللۇق — ئورنىدىن ئېلىپ تاشلانغۇچى
مۇستەھىق — ھەقلىق
ماشۇەللاھ — تەگرىدىن غەيرى
مەقدەمى — ئايىغى

مىھەن — مىھنەتلەر
مۇزەييەن — زىننەتلىگۈچى
مۇلكى مەۋرۇس — مىراس قالغان مەملىكەت
مۇفرىت نىشات — ھەددىدىن ئاشقان خوشاللىق
مەھلىز ئىلىم ۋە ئەدەب — ئىلىم ـ ئەخلاق مەسىلىلىرىدا…
ماجىد — ئۇلۇق، بۇزرۇكۋار كىشى
مىن ئەسەرىسسۇجۇد — سەجدىلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىن
مەئەرراكىشن — رۇكۇئ قىلىغۇچىلار بىلەن

## ن

نىشات — خوشاللىق، ئەيش
نەزم مۇلكى — شېئىرىيەت مەملىكىتى
نەزم ئەفسەرى گەۋھەرىن — نەزم تاجىسىنىڭ گۆھىرىنى
نەگەھدارلىق — قوغدىغۇچىلىق، مۇھاپىزەتچىلىك
نى ئافاتىدىن — ئاپەتلىرىدىن ئەمەس
نەۋۋەرە مەرقەدەھۇ — ئول زاتنىڭ قەۋرىسى نۇرلانغان
نەھان — يوشۇرۇن، مەخپى
نۆكتەدانلىغ فەساھەت بىلە — ناتىقلىق بىلەن ھىكمەتلىك سۆزلەپ
نسىيان — ئۇنۇتماق، يادىدىن چىقارماق
نەسىم — خۇشپۇراق شامال
نىھۇفتە — يوشۇرۇن، مەخپى
نادىر فەرد — تېپىلماس، يېگانە
نۇھ تاق — توققۇز پەلەك
نەيشەكەر — شېكەر قومۇشى
نەزمى چالاك — چاققان، تېز نەزم
نەقد جۇلۇغ — مەنا خەزىنىسىنى ئىزدىگۈچە
نەزم پىرايەسى — نەزم زىننىتى
نەسەق — كۆپىيە، نۇسخا
نۆكتە ھەڭگامەسى — سۆزلەش ۋاقتى
نەزمى راۋان — راۋان نەزم
نەژەند — خارلىق بىچارىلىق
نازىر ئولدۇم — كۆز سالدىم، كۆزدىن كەچۈردۈم
نىدا — ئاۋاز
نەركەس — ① بىر خىل قۇشنىڭ ئىسمى ② نەركەس گۈل

نەھەڭ — لەھەك بىلىغى
نىيازىم — ھاجىتىم
نىزامۇتتەۋارىخ — بىر تارىخ كىتاۋىنىڭ نامى
نىودەر — ئىران شاھلىرىدىن بىرى
نىغەم — نەغمە ـ ساز
نارى مەجۇس — مەجۇسلىق ئوتى (زەردۇشت دىنىدا)
نەسىب — تىكلىمەك، بەلگىلىمەك
نەرس — ئىران شاھى يەلاشنىڭ ئوغلى
نۇشراۋان — ئىراننىڭ مەشھۇر، ئادالەتپەرۋەر پادىشاھى
نەسسى قاتىئ — قۇرئاندىكى قەتئى ئايەت
نەڭگۇ نام — نام ۋە نومۇس
ناۋۇك ئەنداز — ئوق ئاتقۇچى
نۇكتەرىز — ئىلىم ـ ھىكمەت تۆككۈچى
نەفىر — چۇقان ـ قىقاس، غوغا
نەبىد — مىۋە شارابى

ه

ھەرىر — ئىپەك، مەشۇت
ھىيەل — ھىلىلەر
ھەقدىن ئاتا — تەڭرىدىن بولغان رەھمەت، مەدەت
ھەراسان — قورققۇچى، قاچقۇچى
ھەزىز — ئويمان ـ چوڭقۇر
ھەمول — ھەم ئول
ھىندۇيى لەئب ئاۋەرى — ھىند ئويۇنچىسى (خىسراۋ دىھلىۋى)
ھىكمەت مەئاب — خىسلەتلىك زات
ھىدايەت سەھابى — توغرا يولنىڭ بۆلگى
ھىيزى — ساقلاپ قويۇلۇشى، ساقلىنىشى
ھەر ئەسناف — ھەر گۇرۇھ، تەبىقىلەر
ھەرىف — تاقابىل تۇرغۇچى، ھەمسۆھبەت
ھاتىف — غايىپ دۇنيادىن كەلگەن ئاۋاز، خەۋەر بەرگۈچى
ھىرزە — بىھۇدە سۆز
ھاۋادىس — ھادىسلەر، ۋاقەلەر
ھۇشەڭ — ئىران پىشدادىلار سۇلالىسىدىن بۇرۇنقى بىر پادىشاھنىڭ نامى
ھۇرمۇز — يەلاشنىڭ ئوغلى، ئىران شاھى

هۇماي — ئىران شاھى بەھمەننىڭ قىزى
ھەمل — ھامىلە
ھەمىيەت — غەيرەت
ھاياتى ئەبەد — مەڭگۈ ھاياتلىق
ھۇجۇم — يىغىلىپ كەلمەك، تىكىلىپ تۇرماق
ھەمال — تۇرغۇزۇپ قويماق

## ئو

ئوق نالىشىم — شۇ نالىشىم

## ئۇ

ئۇتارىد — يەتتە يۇلتۇزنىڭ بىرى
ئۇد سوز — ئۇد ياغىچىنى كۆيدۇرگۇچى (ئىسرىق سالغۇچى)
ئۇد مىجمەر قىلىپ — ئۇد ياغىچىنى كۆيدۇرۇپ
ئۇلۇس — خەلق، مىللەت

## ئۆ

ئۆزرە ئاۋەرە — تۆۋە قىلىپ، ئۆزرە ئېيتمەن

## ئۆ

ئۆپۆپ — سۆيۆپ

## ۋ

ۋەلى — ئەۋلىيا
ۋۇقۇئ — ئەمەلگە ئاشماق، بولماق
ۋەرەئ ئەھلى — تەقۋادارلار، پەرھىزچىلەر
ۋەسئ — كەڭ، زور
ۋەھەل — لاي
ۋالى رۇم رۇس — رۇم، رۇس مەملىكەتلىرىنىڭ ۋالىسى
ۋەھم — ئوي، تەپەككۇر

ۋەھدەت — بىر، يىگانىلىق
ۋاجد — ① مەڭگۈ بايلىقتىن ئايرىلمىغان كىشى، ② ئالىم، دانا
ۋەرد — قىزىلگۈل
ۋۇزۇھ — ئوچۇق بايان قىلماق
ۋەلئەھد — ئىز باسار
ۋەركەئۇ — رۇكۇئ قىلىشلار، ئىگىلىشلار

## ئى

ئىرتىغائە تۇتسا — ئۆرلەپ چىقسا
ئىشتىئال — شولا چاچماق
ئىنايەت قولى — تەڭرىنىڭ مەرھەمەتلىك قولى
ئىلانى — سوچۇق، يورۇق
ئىھتىمام — ئەھمىيەت بەرمەك، كىرىشمەك
ئىقلىم — مەملىكەت، دۆلەت
ئىدراك — ئويلاپ بىلمەك
ئىشۋەگەر دىلبەر — نازاكەتلىك، نازلىق مەھبۇپ
ئىنس جان — ئىنسان ۋە جىنلار
ئىمتىلا — تولدۇرماق
ئىسكەندەر ھەدىسى — ئىسكەندەرنىڭ تارىخىي داستانى
ئىنايەت قۇياشى — ئىلتىپات، مەرھەمەت قۇياشى
ئىزتەرار — ئارامسىزلىق
ئىمەن سىز كەبى — سىزلەرگە ئوخشاش ئەمەسمەن
ئىشتىغال — شۇغۇللانماق
ئىجمال تەرىقى — قىسقا يول
ئىختىرائ — ئىجات قىلماق
ئىنتىفائ — مەنپەت يەتكۈزمەك
ئىمتىدادى زامان — زاماننىڭ ئۆتۈشى
ئىنقىياد — باش ئەگدۈرمەك، بويسۇندۇرماق
ئىفتىتاھى — باشلىنىشى
ئىئزاز — ئىززەت قىلماق
ئىسكەندەرنى تاپتى مەلىك فەيلىقۇس — ئىسكەندەرنى پادىشا فەيلىقۇس تاپقان (ئىسكەندەر فەيلىقۇسنىڭ ئۆز ئوغلى، دىمەكچى)
ئىختىلات — ئارىلاشماق
ئىنبىسات — كۆڭۈل ئازادىلىكى

ئىلكىنى قىلسۇن قەلەم — قولىنى كېسىپ تاشلىسۇن

ئىقامىسىەلات — ناﻣﺎزنى بەرپا قىلىش

ئىقرەئ بىسمى رەببەكە — تەڭرىنىڭ ئىسمىنى ئوقۇغىن!

ئىشا — خۇپتەن نامىزى

ي

يارلىق — دوستلۇق، مەدەتكارلىق

يازۇغ (يازۇق) — خاتالىق، گۇناھ

ياۋەرىم — مەدەتكارىم

ياساق — قانۇن، تۈزۈم

ياشىل كۇب — كۆك كۇپ، يەنى ئاسمان

ياقۇت ئەھمەر — قىزىل ياقۇت

يوق گۇزىر — ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايدۇ

يەئىسى جاۋىد — مەڭگۈ ئۈمىتسىزلىنىش

يارىب — يورۇپ، ئېچىلىپ

يەلاش — بەھرامنىڭ ئوغلى — ئىران شاھى

يەزدى جەرد — «يەزدى گەرد» نىڭ ئەرەپچىسى، ئىران شاھى

يەزدان پەرەست — خۇداغا ئىشەنگۈچى


يەكسەر — بىردەك



# سەيفۇلمۇلۇك - بەدىئۇلجامال

نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: جۇنەيد بەكرى
ئابدۇۋايىت روزى

نەشرگە تەييارلىغۇچىلاردىن:



قولىڭىزدىكى بۇ كىتاپ ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان مۇھەببەت داستانلىرىدىن بىرى بولۇپ، بۇنىڭدا شاھزادە سەيفۇلمۇلۇك بىلەن مەلىكە بەدىئۇلجامالدىن ئىبارەت ئىككى ئاشىق - مەشۇق تەسۋىرلىنىدۇ. داستاندىكى تاجۇلمۇلۇك، شاھى سۇلايمان، شەھرىزات، سەئىد، زەڭگى ھەم دىۋە قاتارلىق پېرسوژلار «مىڭ بىر كېچە» دە تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلەردىكى پېرسوناژلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

19 - ئەسىردە ياشىغان ئۇلۇغ ئۇيغۇر تارىخچىسى ۋە ئەدىبى موللا بىلال بىننى موللا يۈسۈپ نازىمى ئۆزىنىڭ «غەزەلىيات» ناملىق ئەسىردە بۇ ئىككى ئاشىق - مەشۇقنى «غېرىپ - سەنەم»، «تاھىر - زۆھرا»، «ۋامۇق - ئۇزرا»، «لەيلى - مەجنۇن»، «پەرھات - شىرىن» قاتارلىق مەشھۇر مۇھەببەت داستانلىرىدىكى پېرسوناژلار بىلەن بىر قاتاردا قويۇپ تەسۋىرلەيدۇ. مۇنداق ئەھۋالنى نۇرغۇن جايدا ئۇچرىتىش مۇمكىن. مەسىلەن:

ئىبنى ھەم چۈن بەدىئى، چۈن مېنى سەيفۇلمۇلۇك ئەتكىل،
مېنى مىسلى قىلىپ مەجنۇن، ئول ئاينى ئەيلەگىل لەيلا.
ئول ئاي مانەندە شىرىندۇركى ئارى مەن ئاڭا پەرھاد.
نەقى ئەيلە مېنى ۋامۇق، ئول ئاينى ھەم قىلىپ ئۇزرا.

(«بۇلاق» 9 - سان. 150 - بەت)

سەيفۇلمۇلۇكمەن، سەن ـ سەن بەدىئى،
مەن مىسلى ۋامۇق، سەن مىسلى ئۇزرا.
مەن مىسلى پەرھاد، سەن بىزگە شىرىن،
مەن مىسلى مەجنۇن، سەن بىزگە لەيلا.

(«بۇلاق» 152 - بەت)

نەقى زەۋق ئىبتەرلەر يۈزۈڭنى كۆرۈپ،
يەنە لەيلى، شىرىن كى ئۇزرا، ئىشىت.
ئۆتتۈپتۇر بەدىئى، رەبىئۇلجامال،
بۇ ئەسىردە سەن ـ سەن زىلەيخا، ئىشىت.

(«بۇلاق» 158 - بەت)

ھەر پەرى ئولماس بەدىئى، ھەر گۈل ئولماس نەسترىن،
ھەر بەشەر بىلسەڭ مۇھەممەددەك دىلى ئاگاھ ئەمەس.
ھەر دەرەخت شەمشاد بولالماس، ھەركىشى مەجنۇن سۈپەت،
ھەركى مەشۇق ئولكى مەشۇقتەك مەلەك سىما ئەمەس.

(«بۇلاق» 172 - بەت)

ھەم بولۇپ سەيفۇلمۇلۇك، تىنماي يۈرەي تاغلار كېزىپ،
چۈن ۋىسالىڭ ئىزلەبان، ئەي دۇررى گەۋھەر ئەلۋىدا.
بەلكى مەجنۇندەك بولۇپ، ئىشق ۋادىسىدا سەربەسەر،
ھەم باھايىمغا بولۇپ ئىشقىڭدا سەرۋەر ئەلۋىدا.

(«بۇلاق» 204 - بەت)

يۇقۇرقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، سەيفۇلمۇلۇك ۋە بەدىئۇلجامال ھىكايىسى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا خېلى بۇرۇن تارقالغان، يەنى موللا بىلال نازىمى ياشىغان ۋاقىتلار ـ دىنمۇ بۇرۇن داۋام قىلىپ كەلگەن.

ئەپسۇسكى، ئەسەرنىڭ ئاپتورى، ئۇنىڭ تەرجىمىھالى ۋە بۇ ئەسەرنىڭ قاچان يېزىلغان ـ لىغى ھەققىدە ھازىرچە ماتېرىيال يوق. ئاپتور بۇ ئەسىرىدىمۇ ئېنىق مەلۇمات بەرمىگەن. پەقەت بۇ ئەسەرنىڭ خاتىمىسىدە:

ئوقۇبان مەجلىسنى ياد قىلىڭ،
دۇئا بىرلە ئۇنى شاد قىلىڭ.
تىلەگىمدۇر دۇئا ئۆزگە سۆزۈم يوق،
بۇ دۇنيادا سۆزۈم قالغاي ئۆزۈم يوق.
بۇ ئاسى مەجلىسى كۆپ جان چېكىپدۇر،
كۆڭۈللەرگە ۋاپا ئۇخۇمىن ئېكىپدۇر.

ئەربخ تۈركى تىلغە نەزمى ئېتىپمەن،
ھەۋەس بىرلە ئوقۇپ مەۋزۇن ئېتىپمەن.
(ئەسلى نۇسخا، 123 - بەت)

دەپ يازغان. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئەدىبى تەخەللۇسىنىڭ «مەجلىسى» ئىكەنلىكىنى ۋە بۇ ئەسەرنى ئۇيغۇر تىلىدا يازغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

دەرۋەقە، بۇ ئەسەرنىڭ تىلى تارىختا چىغتاي تىلى دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا تەئەللۇق بولۇپ، بۇ ئەسەر شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا خاس ئەنئەنىۋى قائىدە ۋە مىللى ئىپادىلەش شەكلى بويىچە يېزىلغان، شۇنىڭدەك بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا ئۆز دەۋردىكى ئىسلامىيەت ئىدىئولوگىيىسى چوڭقۇر سىڭدۈرۈلگەن. دېمەك، بۇ مەزمۇن جەھەتتىن مەلۇم تارىخى چەكلىمىگە ئىگە. بۇنىڭغا تارىخىي ماتېرىيالىزىم نۇقتىئىنەزىرى بويىچە مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

بۇ ئەسەرنىڭ قولىمىزدىكى ئەسلى نۇسخىسىنى بىز 1982 - يىلى خوتەن بازىرىدىكى كىتاپپۇرۇشلاردىن ئالغان ئىدۇق. بۇ ئەسەر «قىسسەئى سەيفۇلمۇلۇك» نامى بىلەن ھىجرىيە 1255 - يىلى (مىلادى 1839 - 1840 - يىللىرى) قازان شەھرىدىكى قازان ئۇنىۋېرسىتېتى مەتبەسىدە بېسىلغان ئىكەن. ئەسلى كىتاپ 125 بەت بولۇپ، ھەربىر بەتكە 18 قۇردىن خەت يېزىلغان. كىتاپنىڭ جەمى تۆت مۇناجات، 118 ماۋزۇ، 1877 بېيىتتىن تەركىپ تاپقان. قولىمىزدىكى بۇ نۇسخىسىنى نەشرگە تەييارلاشتا ئاشۇ قازان نۇسخىسى ئاساس قىلىندى. كەمچىلىك كۆرۈلگەن ۋە خاتا كەتكەن جايلىرىغا كىتاپخانىلارنىڭ تەنقىدى پىكىرلىرىنى بېرىشىنى قارشى ئالىمىز.

سانا ۋە ھەمدۇ ئۇچۇن تىل بەردى گويا،
كۆڭۈلگە ئىشق سېلىپ قىلىپ شەيدا.
ئەجەپ قادىر تۇرۇر قۇدرەتلىرىن كۆر،
ئەجەپ سانىئ تۇرۇر سەنئەتلىرىن كۆر.
شۇكۇر قىلغىل ئۇنىڭ نىئمەتلىرىگە،
تەفەرۇج قىل ئۇنىڭ سەنئەتلىرىگە.
تۇتۇپ توققۇز پەلەكنى ئول مۇئەللەق،
قىلىپ ھەم يەتتە يەرلەرنى مۇتەببەق.
زەھى قۇدرەت، زەھى سۇلتان، زەھى بىھەت،
زەھى مۈلكەت، زەھى ھۆرمەت، زەھى رەھمەت،
ئۆزىدۇر ئەھمەدۇ پەرد ئەھەد ئول،
قەدىم ھەييۇ ۋە تەرەھھۇم سەمەد ئول.
ياراتتى بارچە خوجلارنى مالىھ ئول،
تۈزەتكەن بارچە تىللارنى فەسە ئول.
بۇ شىرىنلىك بىلەن غۇنچەئى يار،
كۆلۈپ باقىپ ئىچۈك بولماس كىشى زار.
جاھاننى ئايۇ-كۈن بىرلە ياراتقان،
ھەم ئۇن سەككىزمىڭ ئالەمنى ياراتقان.
پەلەكنىڭ زىننىتى ئەنجۇمنى قىلدى،
چۇ يەرنىڭ زىننىتى ئادەمنى قىلدى.
بېرىپ تېبخى ئادەم ئوغلىغە نۇسرەت،
تونىدى يولنى سود جاسارەت.
بىھەمدۇللا تونىدۇق تەڭرىمىزنى،
كى بىلدۇق توغرىمىزنى، ئەگرىمىزنى.
جاھان ئىچرە ئاجايىپلار ياراتقان،
كى سانىسىز شوئلايۇ نۇرلار ياراتقان.

ھەمەل دەپ دۇنيانى ھەررەم قىلادۇر،
چۇ رەھمەت ياغۇردىن نەم قىلادۇر.
قىلىپ سىز بىزكىلارنى سەبزە ھەررەم،
كۆتىرىپ جان جانىۋار كۆڭلىدىن غەم.
قىلىپ سەرۋى سەھىلارنى خىرامان،
مەگەر بەردى ئۆلۈكلەرگە يېڭى جان.
قۇرۇغان غۇنچىلارنى خەندان قىلادۇر،
چۇ رەھمەت قەمەرنى فالان قىلادۇر.
قىلىپ بۇلبۇلنى ئۇيقۇدىن بىدار،
كى قىلغاي ئىشقدىن بىر زەررە ئىزھار.
ئىنايەت بەھرىدىن رەھمەت يېبەرگەن،
فەساھەت سۈيىدىن شەربەت يېبەرگەن.
تېخى قۇللۇق ئۇچۇن جان بەردى بىزگە،
سۇجۇت ئىيتقىلى ئىمان بەردى بىزگە.
جاھانغا خىلئەت نورۇزى بەردى،
تامام قۇرۇت ۋە قۇشقا روزى بەردى.
ئانىڭ دەرگاھىدا قويماق كېرەك باش،
گۇناھ ئۇزرى ئۇچۇن تۆكمەك كېرەك ياش.
ئىنايەت سايەسىن سال باشىمىزگە،
تەرەھھۇم قىل تېخى كۆز ياشىمىزگە.
خۇدايا مەجلىسغە ئىشق ئوتى سال،
كى ئىشقى شەمئىدىن رۇشەن قىل ئەھۋال.
ئايا مەھشەر كۈنىنىڭ پېشىۋاسى،
يېگىلىپ يول يۇتۇزگەنلەر ھىداسى.
تامامى ئەنبىيانىڭ سەرۋىرىدۇر،
ساما ئەرزى ئېلىنىڭ موھتىرىدۇر.
مۇبارەك ئىسمىدۇر مەھمۇد ـ مۇھەممەد،
سۆيۈپ دەيتتى يەنە مەھمۇدۇ ـ ئەھمەد.
مۇھەببەتتىن ئىيتار ئاتىن مۇھەممەد،
سۆيىشىدۇر ئوبۇلقاسىم ۋە ئەھمەد.
توققۇز ئەپلاك، يەتتى يەر كۆك يوق ئىدى،
ئۆزىدىن ئۆزگە ھېچ ھازىر يوق ئىدى.
ئۆزىنىڭ نۇرىدىن قىلدى ۋۇجۇدىن،
مۇھەببەت بىرلە ئەمرى ئەتتى سۇجۇدىن.
ئانىڭ نۇرى كى بىر دەريا ئىچىندە،

كى مىڭ يىل قويدى ئۇل دەريا ئىچىندە.
چىقاردى ئاندىن ئەبزى ھەقتەئالا،
ئوقۇدى جۈملە ئەشيادىن ئەئدا.
تامامى كۆك يەر خەلقى ئاۋۋەلى ھەم،
نۇجۇمۇ، ئەرشۇ لەۋھى خامەنى ھەم.
ئانىڭ ئىشقىدا مەۋجۇت ئەتتى قادىر،
بىھىشتۇ ۋە دەۋزەخ مۆئمىنۇ كافىر.
ياراتتى ئەۋۋەلۇ ئاخىر ئۇزاتتى،
ئانىڭ ئەمرىنى ئالەمگە يۈرۈتتى.
بىھەمدۇلىللا ئانىڭ ئۈممەتىدۇرمىز،
قىيامەتدە ئۈممەت شەپقەتىندۇرمىز.
ئەگەردە ئۈممەت بولساڭ توت يولىن بەرك،
ئانىڭ سۈننەتلىرىنى قىلماغىل تەرك.
ئۇياتقا قالمىغىل ئاندىن ئۇ يانغىل،
ئانىڭ ئەمرىنى توتقىل ئاز ياتقىل.
ئاتادى ئانى ھەققى كۆنىن شاھى،
تامامۇ پادىشاھلار خاكى راھى.
ئېرۇر ئۇل لۇتف دەرياسىندە شاھى،
بىزنىڭدەك ئاسىلارنىڭ ئۇزرە خىۋاھى.
ئانىڭ دەريايى نەئتىدە كەھى كۆپ،
ئانىڭ تەئرىپىگە يەتمەس مەن كەبى چۆپ.
بەسى غەۋۋاسلار ھەيرانۇ نالان،
كى بۇ دەريا ئىچىندە زارى ۋە گىريان.
مېنى مىسكىن ئۇياتلىغ ئۈممەتىمەن،
يېقىن ئۈممەتلەرنىڭ ھەم ئاتى مەن.
يېقىن ئۈممەتلەرنىڭ ئالتىندە بىسيار،
يېقىنلارنىڭ يېقىنى ئۇل تۆرت يار.
بۇلارنىڭ سىرنى ھېچ ئىنسان بىلمەس،
ئالارنىڭ سىرىگە ھەم دەخلى قىلماس.
نىچۈك سۆيدى رەسۇلنىڭ سەن تېخى سۆ،
ئالارنى قايدا بولساڭ سۆيگىن ھەم ئۇ.
بىزىن سۆ ئۇچىن سوماش نەدىندۇر،
باشىن كېسىپ ئوتقا سال كۆڭلىنى تىندۇر.
مۇنى سۆيگەن ئەرنىڭ مەن قۇلىمەن،
قۇلىنىڭ قۇللىرىنىڭ قۇللىرى مەن.
ئانىڭ ئەۋلادى ئون ئىككى ئىمامنىڭ،

كىچە ـ كۈندۈز دەرىغ ئەتمە سالامىڭ.
ئالارنىڭ دىنى بولدى خاسۇ ئامە،
ختاي، رۇمۇ، ھندۇ، مىسرۇ، شامە،
ئالارنىڭ مەجلىسى يولدە قوي يۈز،
ئالارنى قىلما يەنە ئۆزگىچە سۆز.
ئالارنىڭ ئايىغاندىن بولماغىل تاش،
ئالارنىڭ يوللرىغا قويەكۆر باش.

## مۇناجات

ئىلاھا سىرىمىز ئالدىڭدا ئىزھار،
ئۇياتلىقمەن سىنىڭ ئالدىڭدا بسيار.
ساڭا تۈز باققىلى يۈزدە كۆزۈم يوق،
ساڭا قۇلمەن دىگىلىمۇ يۈزۈم يوق.
سىنىڭ ئىشىڭنى قىلغۇدەك قىلمىدۇق بىز،
خۇجام دەپ ئىشىگىڭگە كەلمىدۇق بىز.
ئىنايەت بىرلە رەھىم ئەيلە قولۇڭغا،
بىرىپ تەۋپىقۇ سالغىل تۈز يولۇڭغا.
كىدۇرتىن كۆتەرگىل كۆڭلىمىزدىن،
تەرەھھۇم بىرلە تۇتقىل قولىمىزدىن.
يوق ئەرسە بىزگە ھىچ تەدبىرى يوقدۇر،
ئەمەلىمىز رائىدە توفرىمىز يوقدۇر.
ساڭا ئۆزلۈر ئېيتقالى تىل ـ كۆڭۈل ھەم لال،
سىنىڭ ئالدىڭدا بىزگە ئۇشبۇدۇر ھال.
خجالەت يولىدا لەب تەشنادۇرمىز،
كى سەندىن سوتىلارگە يوق تىلىمىز.
ئىنايەت بەھرىدىن ئىنئامۇ قىلغىل،
كى ئۆز لۇتفىڭ بىلە ئەنجۇمۇ قىلغىل.
پەرىشانىمىز بىلىڭ ئەھۋالىمىز كۆپ،
سىنىڭ ئالدىڭدا ھەم ئىسيانىمىز كۆپ.
ئىلاھا مۇستافانىڭ مىئراجۇ ھەققى،
مۇئتەبەر ساچۇ ھەم تاجى ھەققى.
ھەم ئانىڭ تۆرت يارىنىڭ ھەققىدىن،
بارى ئەسھابلارنىڭ ھەم ھەققىدىن.
يەنە سوفىيۇ، ئابىدۇ، زاھىدۇ، غازى،
تىخى بىچارىلەرنىڭ دەردۇ زارى.
يەنە ئاسىيۇ جافى ئاھۇ ھەققى،
پەلەكنىڭ شەمسى ھەم بىر ماھۇ ھەققى.
مەلائىك تەسبىھى ئەئزارى ئۈچۈن،
تامامى ئەنبىيانىڭ رازى ئۈچۈن.
يېتىملارنىڭ، تۇللارنىڭ كۆز ياشى ھەققى،
تۈززاك سۆيگەن ئىرانىڭ ياشى ھەققى.
ئىلاھا مەجلىسە قىل ئىنايەت،
بىغىشلىغىل يارۇق ئىمان سالامەت.

## مۇناجات

ئىبرۇرسەن رەھىمۇ رەھمانۇ رەھما،
ئىبرۇرسەن غافىرۇز زۇنۇبى كىرىما.
نەچچە كۈنلەر يۈرۈپمەن مەستى ھەيران،
يانىپ كەلدىم ئىشىكىڭگە زار گىريان.
سىنىڭدەك مېھرىبان دىلدارى بولماس،
قولۇڭغا سەن كەبى غەمخۇارى بولماس.
شۈكرى قىل مەجلىسى بولغىل ئۈمىدۋار،
مېھرىۋان خوجىدۇر غاپپارۇ ساتتار.
نەچچە كۈنلەر پەرىشان ئىبردى ھالىم،
يوق ئىبردى ھىچ كىم بىلە قىلۇ قالىم.
مۇساپىر ئىبردىم دىلكىرۇ يۇر ئىش،
مۇساھىبلارىمىز ئافىندە تەشۋىش.
يوق ئىبردى ھەم نىشانىم غەيرى ئاھىم،
خۇدا بولغان ئىدى دىلدارۇ شاھىم.
خىيالىدا ئانىڭ شامۇ سەھەر گاھ،
يۈرەكتىن قان ئاقىپ يۈز نالەئى ئاھ.
فىراقىدا كۆزۈم ياشى قۇرۇماي،
يۈيۈر ئىبردىم كىچە ـ كۈندۈز ئۇيۇماي.

چۈشۈمدە کەۋكەب تالىئ تولوٗئى،
بولوٗپ پەيدا ماڭا بولدى روٗجوٗئى.
جاهان بولدى يەنە مىسلوٗ خازاندەك؛
قازاڭغوٗ كېچە بولدى خازاندەك.
ئۆچۈپ قالغان چىراغىم غەيرە ياندى،
كۆڭۈل غەپلەتتە ئېردى هەم ئوٗياندى.
كى ناگاه بىر كۈنى جانان يولۇقتى،
بوٗ مىسكىن بەندىگە سوٗلتان يولوٗقتى.
كۆرۈشتى چوٗ جان كىلىپ جىسمى بىرلە،
كى سوردى بەندىنى بوٗ ئىسمى بىرلە.
دىدىكىم مەجلىسى هالىڭ نىچۈكدوٗر،
پىراق ئوتىدا ئەهۋالىڭ نىچۈكدوٗر.
توٗتا بەردىم ئېچىپ كۆردى ئانى يار،
ئوقوٗدى ئاچىلدى باغ گۈلزار.
چۈكۈردى نەزمە پاكى تۈركى تىلى ئول؛
مېنى دىۋانىغە تەكلىپ ئەتتى بوٗ يول.
سالىپ باشىمغە تۈرلۈك بوٗ سەۋدا،
چۈشۈپ كۆڭلۈمگە مىڭ تۈرلۈك بوٗ غەۋغا.
چىقاردى قويىنىدىن بوٗ داستانى،
نە داستان ئول مەگەر بىر بوستانى.
ئىچىندە يۈز تۈمەن گۈللەر ئاچىلغان،
لاتاپەت بەهرىدە گۈللەر ساچىلغان.
غارايىپلار ئانىڭ ئىچىندە بىسيار،
قوٗلاق توٗتساڭ ئەجايىپ سۆزلىرى بار.
دىدىكىم مەجلىسى بىكار توٗرما،
كى مەن شادوٗمان دەپ لاپ ئوٗرما.
ئەگەر بولسا هۈنەر ئىلكىڭدە كۆرسەت،
كى بوٗ دەپتەرنى تۈركى تىلگە تۈزەت.
بوٗ يۈردىكىم گۈل نوروٗزى نەزمىن،
ئاڭا مىزان قىلوٗبان نەزىم قىلايىن.
چوٗ يارلىغ ئەيتتى سالدىيوٗ كەندى،
كۆڭۈل بوٗ بەهرىگە تۈشتىيوٗ پاتتى.
تىلەپ هىممەت موٗهەببەتنى خوٗدايىدىن،
چوٗ ئالدىم پەردە تەبئىم رەختىدىن.
موٗساهىبلار قىلوٗبان يادى قىلغاي،
بوٗزوٗلغان يېرىنى ئابادى قىلغاي.
چۈ هىممەت بىرلە پىرىم يارو بولدى،
خىيال ئەتكەنلىرىم گۈلزارو بولدى.
كېتوٗر ساقى پىيالە نوٗش ئېتەلى،
تەقى قاينار قازاندەك جوٗش ئېتەلى.
ئوٗقايمەن سىز ئاڭلاڭ بىر ياخشى قىسسە،
ئەجايىپ قىسسە پىردەردوٗ غوٗسسە.

## ئەسلى داستانىنىڭ پەيدا بولغانى

رىۋايەت قىلدى راۋى ئەسلى سۆزنى،
كۆرۈپ سوٗلتانوٗ مەهموٗد ناخوٗش ئۆزنى.
نەچچە كۈنلەر ئاجايىپ تەيرى بولدى،
ئەزارى ئەرغىۋانى خەيرى بولدى.
بار ئېردى ئالدىدا ئىككى ۋەزىرى،
لاتاپەت بىرلە يوق ئېردى نەزىرى.
دىدى سوٗلتان ئەجەپ ئاشوٗفتەدوٗرمەن،
بىلە ئالمام نىچۈك ئەلئەتتەدوٗرمەن.
مەگەر بوٗ غوٗسسەدىن سەۋدايى بولدوٗم،
بوٗ سەۋدايى بىرلە هەم شەيدايى بولدوٗم.
قىلىڭ بىر قىسسەئى پەيدا ۋە نالى،
ئوقوٗپ ئاندىن زامانى سويەنالى.
كى مەن هېچ ئىشتىمگەن بولغايمەن ئانى،
كى ئالەمدە بىلمىگەن بولغايمەن ئانى.

## شاهزادە ئالىم شاه

چوٗ قىلدىلەر ئاڭا يۈز قىسسە پەيدا،
قوبوٗل ئەتمەدى بىرىن شاهوٗ شەيدا.
ۋەزىرلەرنى توٗتوٗپ زىندانغا سالدى،
غەزەپ قىلدى هول جانىغە سالدى.

ئالارغا بولدى زىندان بەيتۇلئەخزان،
نەچچە كۈنلەر يۈزەكتىن ئاققۇزۇپ قان.
دىدىلەر بىزنى زىنداندىن چىقارغىل،
فالان ئىقلىمغا بىزنى سەن يىبەرگىل.
رىۋايەت قىلدى بىزگە مۇندا بىر يار،
كى تانسۇق ھىكايەتلەر ئاندا بار.
بۇ سۆز بىرلە ئۇلارنى شاھ چىقاردى،
بىرىبان ھەدىيەلەر ئاندە ئىبەردى.
بارىپ ئاندا پۈتۈپ ئۇشبۇ ھىكايەت،
قوبۇل بولغايمۇ دەپ قورقۇپ بىنھايەت.
ئەۋەتتى ئانى سۇلتان قاشىغە،
لاتاپەتلىك ھىكايەت خان قاشىغە.
ئوقۇپ كۆردى سۇلتان شاد بولدى،
ۋەزىرلەرى ھەم تېخى ئازاد بولدى.
قىلىپ ھەر بىرىگە ئىنئامۇ يۈزئون،
بىرىبان ھەم تېخى خوپ ئاتۇ خوپ تون.
چۇ بەردى ھەم يەنە بىسيارى نىئمەت،
قىلۇر سۇلتان بۇ داستان بىرلە ئىشرەت.
ۋەلى ئۇ نۇسخە فارىسى ۋە نەسرى،
ئېرۇر سادده ھىكايەتسىز ھەم قەسرى.
قىلىبدۇر مەجلىسى بۇ سۆزى پەرۋاز،
ئوقۇساڭلار قىلۇر جان قۇشى پەرۋاز.

**ئاغاز كەردىن بەدئۇاچاھال پەرىزات**

كەل ئى شاھى جاھان جان بازى قىلغىل،
قانات باغلاپ بۇ دەم پەرۋازى قىلغىل.
كۆڭۈل مەيدانىغە جەۋلانى سالغىل،
تېخى بىر بۇلبۇلى خۇشخىۋانى ئالغىل.
كى ئول بۇلبۇل ناۋائى سازى قىلسۇن،
كى بىر داستان خوب ئاغازى قىلسۇن.
كۆرۈك بۇلبۇل نىچۈك پەريادى قىلدى،
قەپەسدە ھەم نەپىسد بۇنيادى قىلدى.
دىدى ئول بۇلبۇل ئۇستادى ئەخبار،
سۇلايمان دەردىدىن تەنسۇق بۇ گۇفتار.
بىرىپ ئالدىغە ئەرباپ رىۋايەت،
بايان قىلدى نەزىم ئەيتتى ھىكايەت.
بار ئېردى مىسىر ئىلىندە پادىشاھى،
يەتتە ئىقلىم ئۈزە ئانىڭ سىپاھى.
ئانىڭ ھۆكمىدە ئىدى تۆرت يۈز شەھەر،
ئانىڭ ھۆكمى ئىدى مەشھۇر دەھر.
ئاتاغان ئاتى ئاسىم ئىبنى سەفۋان،
ئول ئىدى يەتتە ئىقلىم ئۈزرە سۇلتان.
بىرىپ ئىدى خۇدا جۇملە مۇرادىن،
جاھانغا يايىپ ئىدى ئەدلۇ دادىن.
ۋەلى يوق ئىدى ھىچ پەرزەند ئاندا،
بەسى خىرمان ئىدى ئۇشبۇ جاھاندا.
بولۇپ ئۆمرى ئانىڭ يۈز يەتمىش،
بۇ مەۋسۇمدە خىيالىغە بۇ يەتمىش.
كى مەندە بىر ئوغۇل يوق يادىكارى،
نە بولغاي تەختى - بەختىم كارى بارى.
كى بۇ ئەندىشىدىن دىل تىيرە بولدى،
تەپەككۇر بىرلە ئەقلى خىرە بولدى.
قىلىپ بەيتۇلخەزان ماۋى ئۆزىگە،
كۆرۈنمەس بولدى بۇ ئالەم كۆزىگە.
كى چىقماس بولدى ئول دىۋان بېشىغا،
كىلە بىلمەس ئۇلۇغ بەگلەر قېشىغا.
تىلەك بىرلە تىلەك ئۈستىدە سادىق،
تىلەگى بىرلە ئوغۇل كۆڭلىدە خالىق.
بۇ ھالەتتە يىغلىدى قىرىق كۈن شاھ،
كېچە - كۈندۈز دۇئا بىرلە چېكىپ ئاھ.

**بەگلەر باشى قوشۇپ شاھغە مەسلىھەت بەرگەنلەرى**

كېتكەشتى بىر كۈنى بەگلەر تاماھى،
يىغىلدىلەر ئىشىككە خاسۇ ئامى.
نەچە ئىچكىلىرى كىردى قاشىغە،
قىلىپ قۇللۇق تەۋازۇئ ھەزرىتىغە.

چۆكۈردىلەر ئەجەپ ھال ئىلە شاھى،
چېكىبان جان ۋە دىلدىن ئاھۇ ۋاھنى.
بولۇبان گۈل يۈزى چۈن كەھرىبادەك،
ساچى يۈزگە تۈشۈپ چىرگەن گادادەك.
تىلەك بىرلە يۈزىندە سەجدە خاكى،
چېكەر ھەردەم چۇ ئاھ دەردۇ ناكى،
قىلىپ باغرىنى غەم تىغ جاراھەت،
كۆتەرىپ ئول كۆڭۈلدىن ئەيشى راھەت.
كۆرۈپ بەگلەر بۇ ياڭلىغ قالدى ھەيران،
يۈرەكلىرى بۇ غەمدىن بولدى بەريان.
ھەممىسى يىغلىشىپ خان ھەسرىتىدە،
بارى يۈز قويدىلەر سۇلتان قاشىدە.
دىدىلەر ئى شاھ ھالىڭ نىچۈكدۇر،
ئىشتىپ بىلالى پالىڭ نىچۈكدۇر.
ئەگەر سەن چىقمىساڭ بىل فىتنە ئارتار،
چىقار بىر ئەژدەرھا ئالەمنى تار - تار.
شاھىنشاھ قىلدى ھالنى مۇقەررەر،
ۋەزىرلەر بولدى بۇ سۆزدىن مۇكەررەر.
دىدىلەر سەن چىقىپ تەختىڭدە ئولتۇر،
يىغىپ جۈملە مۇنەججىملەرنى كەلتۈر.
بىرۇرمۇ يوق ساڭا ئوغۇل خۇداۋەند،
ئۆزۈڭنى قىلمىغىل بىھۇدە دەربەند.
ئىشتتى شاھ بۇ ماقۇل سۆزنى،
چىقىپ تەخت ئۈزە كۆرسەتتى ئۆزنى.
ياسانۇپ تەختى ئۈزە ئولتۇردى بۇ شاھ،
يىغىلدىلەر مۇنەججىملەر بەھەرىگاھ.
قىلىپ ھەر قايۇسى ئۆز ئىلمىنى تەكرار،
تەفەخخۇس قىلدىلەر كۆپ سىرۇلئەسرار.
بولۇبان بارچە مۇۋاپىق بىر ئۆزىگە،
قويۇبان جۈملە ئەھكامى بۇ سۆزىگە.
يەمەن سۇلتانىنىڭ قىزىنى بۇ شاھ،
ئەگەر ئالسا بىرۇر پەرزەندە ئاللاھ.
ئىشتىپ شاھ بۇ سۆزنى شاد بولدى،
كى بۇ ئەندىشىدىن ئازاد بولدى.
بىرىپ ھەر بىرىگە تۈرلۈك سۆيۈنچى،
كى بەرگەي دەپ خۇدا يەنە قۇۋانچى.
ئوشۇل كۈن چارلىدى مەنشىلەرنى،
چۇ ئىشا قىلغۇچى ياخشىلەرنى.
دىدىلەر نامە پۈتۈڭ جان قاتىدىن،
قىلىپ ئەرزە نىيازىن قۇللۇغىدىن.
تېخى گىيا كوكا مەقبۇللىغىدىن،
يەمەن سۇلتانىغا شاھ ھەزرىتىدىن.
پۈتۈكچىلەر قىلىپ تەئزىمۇ ئىكرام،
جاۋابىنى قىلدىلەر بۇنيادى ئەنجام.
مۇئەززە سەلتەنەت سۇلتانۇ ئالەم،
ئۇلۇسىنىڭ ئىگىسى خاقانۇ ئەئزەم.
خۇدانىڭ سايىسى ئاسارە دۆلەت،
سۇلايمان ئورنىدا ئەئيانۇ ھەزرەت.
مادار دۆلەت شاھي مۇكەررەم،
پەلەك ھۆرگاھىدا ماھى مۇئەززەم.
پەلەك شۆكدە پىسەندى خۇرشىدۇ رەفئەت،
شاھىنشاھ زامانۇ دىنۇ دۆلەت.
خىلاپەت مۇسەندىنىڭ دارىسى سەن،
ئامانلىق مۇسا سۇنىڭ باغىسى سەن.
گۈزەللىك ئاسمانىنىڭ كى ھىلاكى،
ئادالەت تەختىگاھىنىڭ كامالى.
كەمىنە ئاسىم ئىبرۇر كەمتەرىن قۇل،
گۈلىستان سەن سەنۇ بۇ باغى بۇلبۇل.
ئۇلۇس دىسەڭ ۋىلايەتلەر سىزىڭدۇر،
تامامۇ گەنجى دۆلەتلەر سىزىڭدۇر.
مۇنىڭدەك ئەيمىنىپ قورقۇپ چۇدەرمەن،
ساڭا چۈن قۇل بۇلاي دەپ يول تىلەيمەن.
بولۇپىمەن مىسلى بۇلبۇل سىزگە ئاشىق،
ئەگەر كۆرسىڭىز ئۆزىڭىزگە لايىق.
كەمىنە بەندىنى گەر خوشلاسىڭىز،
باشىمدۇر قايداكىم بولىما ئۆزىڭىز.

### مسىر پادىشاسىنىڭ كۆپ مال بىرلەن ئەلچى ئىبەرگەنى

بۇ بىسۆز بىرلە قۇماش ئەنبار ۋە ئەنبار،
يىبەردى لەئلى زەرھۆر خەيرۋار.
قاتار ئىشتەرلەر زەنگى ھەبەشلەر،
چالور دەرى بەگلەر بەش كىشلەر.
نەچە ئىچكىلىرۇن سەردار قىلدى،
ئول ئىشقا بارۇنى غەمخۋار قىلدى.
ئالىپ تەبرەدىلەر خوش شادۇ خۇررەم،
كۆتەرىپ شاھى ئاسىم كۆڭلىدىن غەم.
يۈتۈشدىلەر ھەسەننىڭ سىر ھەددىنە،
خەبەر تۈشتى ھەسەننىڭ مەملىكتىنە.
بەدىئۇلئەسرىندۇر ئىسمى بۇ شاھنىڭ،
يوق ئىدى ھۆججەت ئالىندە بۇ ماھنىڭ.

ياساۋى ئەلچىلەرگە خوپ يەرلەر،
نىچۈك ئەسبا بۇ شاھ نەگى دەرلەر.
ئەلچىلەر كۆرۇندى سۇلتانغا ئولدەم،
ئەدەپ شەرتى بىلە ئىركانۇ ئەكرەم.
تەۋازۇر بىرلە بىرىپ نامەنى ھەم،
تۇتا بەردىلەر ئەلچىلەر ھەم.
ئەدەپ بىرلە قويۇپ تەئزىم قىلدى،
ئاچىپ ئول نامەنى تەكرىم قىلدى.
چۇ بىلدى نامەنىڭ مەزمۇنىن ئول شاھ،
دىدى بولسا بولۇر تەقدىرى ئاللاھ.
قىلىپ ئەزازى ئىكرام ئەلچىلەرنى،
قىلىپ تەئيىن قونالغۇ يارچىلەرنى.

### يەمەن پادىشاھى قىزىنىڭ ۋەسفى

بار ئىردى بىر قىزى شەمسى قەمەردەك،
يىتىلگەن تازە تىرشىرىن سەمەردەك.
ئاتاپ ئىردى ئانىڭ ئاتىن جەمىلە،
سۆيەر ئىردى ئانى قەۋمى قەبىلە.
بەسى مەئقۇلۇ مەقبۇل مەلىھ ئول،
تەكەللۇمدا بەسى شىرىن پەسىھ ئول،
بەسى مۇزۇن ھەم شىرىن تەلەپپۇز،
بەسى نازۇك لەبى مىغىز تەپەخخۇس.

لەتاپەت بىرلە ئىردى خانغا لايىق،
مەلاھەت بابىدا سۇلتانغا لايىق،
بويى نازۇك گۈلى ھەددى كامالى،
لەتاپەت بوستانىنىڭ نەھالى.
يۈزى گۈل بەرگى ئاغزى غۇنچە ئىردى،
نەچچە جانسىز كىشى كۆرگۈنچە ئىردى.
تىرىلۇر ئىردى ئەيسادەك دەمىدىن،
ۋەلى ئاخىر بولار ئىردى غەمىدىن.

### يەمەن پادىشاھىنىڭ توي ياراغىنى قىلىپ قىزىنى ئۇزاتقانى

بەدىئۇلئەسرى قىلدى توي ياراغىن،
ياسىدى ئۆيۈ كۆشۈك چارە باغىن.
كەلتۈردى شىرۇ شەربەتلەر بىسيار،
يىغىلدى مۇترىبى شىرىن گۈفتار.
شارابۇ، نەقلۇ ھەم چاكۇ نەققارە،

بولۇپ خۇرسەندە بىر ھەپتە زامانە.
تامام سازۇ، مۇسقارۇ، تەنبۇر،
بۇ ئەلدىن قىلىپ ئول قايغۇلار نىدۇر.
ئاغىرلاپ ئەلچىلەرنى نازى بىرلە،
ئۇزاتتى قىزنى ئەئزازى بىرلە.

ئۈزۈپ يىبەردى باغنىڭ گۈلىنى،
قىلىبان شادىمان ئۇل بۇلبۇلنى.
ئۈزاتتى غۇنچىسىنى بىر نەچچە يول،
يانىپ كەلدى كۆزى ياشىن قىلىپ كۆل.
جاھان بارانچە بۇدۇر رەسمى ئالەم،
مىسالدۇر كىم پەرىشان تۇخمۇ ئادەم.

**شاھ ئاسىم ئۇل قىزغا پەش باز قىلىپ چىققانى**

يېتىشتى مىسرەسىر ھىندىگە جانان،
سۈيۈنچىگە كىشى چاپتى پاراۋان.
ئىشتىكەچ شاھ ئاتلاندىيۇ چاپتى،
مەگەر جانسىز بەدەن جاننى تاپتى.
ئارا يولدا يېتىشتى مىسىر شاھى،
تۇغۇپ مەغرىب سىرىدىن مىسلى ماھى.
پەلەكنىڭ شەمئى تۈشتى مەنزىلگە،
باقىپ كۆرسە مەشئۇل ئۇل مەخفىلگە.
بولۇپتۇر ئۆيىدە بىر ھۆرى مېھمان،
راۋادۇركى جاننى شاھ قىلسا قۇربان.
شاھىنشاھ ئۆيگە كىردى تۆرگە باقتى،
مەگەر رىزۋان بېھىشت شەمئى ياقتى.
قوپۇپ مېھمان بۇ شاھقا قىلدى تەئزىم،
شاھىنشاھ تۇتتى ئىلگىنى بە تەكرىم.
ئىككەۋلەن ياندىشىپ ئولتۇردىلەر خۇش،
تۇشۇپ سۇلتانغا بەھەد ئاتەشى جۇش.
قولۇن بويىنغا سالىپ دىدى ئەي جان،
ساڭا قۇلمەن ۋەلى ئالەمگە سۇلتان.
ئۈزۈپ شاپتۇللار لەبلىرىدىن،
ئالىپ ئاق ئالمىنى غەبغەبلىرىدىن.
زامانى ئولتۇرۇپ نازارە قىلدى،
كۆڭۈلدىن قايغۇنى ئەۋۋارە قىلدى.
مۇھەببەت شەۋقى شاھ كۆڭلىگە تۈشتى،
تۈشەك سالدى ئۆيقۇ ۋاقتى بولدى.
كۆرۈك غۇنچە ئاچىلدى شاھ ئېلىندە،
ئالىپ گۈلنى قىلۇر زوق قولىندە.
قوشۇلدى ئىككى جانان خۇش مۇناسىپ،
دۇرنىسان سەدەپكە بولدى غالىپ.

**خۇدايى تائالا شاھى ئاسىمغا پەرزەند بەرگەنى**

ئەزەلدىن بار ئىدى ھۆكمى ئىلاھى،
كى قىلدى قەترە سۇدىن دۇررە شاھى.
سائادەت بىرلە ۋاقىت سەئدە بولدى،
ھەم ئۇل سائەت ۋۇجۇد ھەل بولدى.
ۋاقىت بولغاچ ۋۇجۇدقا كەلدى شاھزاد،
ئۇلۇغ ئېيتىپتۇر بەندە ئازاد
تۇشۇپ دۆلەت ياراغىنە چۇ سۇلتان،
قىلىپ تويلار چىقاردى مال پاراۋان.
تارىخ ئىدۇشلىرى شىرىنۇ شەربەت،
قىلۇرلەر پەردىرۇيىشە نازۇ نىئمەت.
بولۇپ ئېردى ئاجايىپ شاھزادە،
ئانى كۆرسە بولۇر شىرلەر پىيادە.
يېتىلدى ھىندى خوبى غۇنچە بولدى،
ئېچىلدى گۈل تەقى سۈيگەنچە بولدى.
كۆرۈپ ئاسىم شۈكۈر قىلدى ئۇ ئانغا،
خەزىنەسىن ساچىپ كۆللى ئامانغا.
قويۇپ سەيفۇلمۇلۇك ئاسىم ئاڭا ئات،
كىم جانان جۈملە بىرلە راھات.
كەلتۈردىلەر مۇنەججىملەرنى ئاندا،
ئانىڭ ھالى نەدۇر ئۇشبۇ جاھاندا.
قىلىپ سەيفۇلمۇلۇك ئاتىنى تەقسىم،
كۆۋاكىبلەر رەجۇئى بىرلە تەقدىم.
تەپەھخۇس قىلدىلەر تالىئ نۇجۇمدىن،
كى كۆردىلەر ئانىڭ مەيىل رەجۇئىن.
دىدىلەر ئۆمرى ئۇزۇن سورسىڭىز،
ئانىڭ دەۋرىندە بولۇر كۆپ خۇنرىز.

ئۆزى ئەگەك كۆرەر رەنجى بىسيار،
يېتەر مەقسۇدىگە ئول ئاخىرى كار.
دىدىلەر زاھىرى ساھىپ قىران ئول،
يۈرۈپ ئالغاي مەڭگۈ ئۇشبۇ جاھان ئول.

ئېشىتتى ئۇشبۇ سۆزنى شاھ، جەملە،
پىكىردە بولدىلەر ئۇشبۇ غەم ئىلە.
قىلىپ ئاخىر چۇ تەگرىگە تەۋەككۇل،
ئۇنتۇت بولدى بۇ سۆز بولدى تەھەممۇل.

### شاھزادىغا قولداش تەئيىن قىلغانى

بار ئېردى شاھنىڭ ياخشى ۋەزىرى،
ئاتى ئېردى ھەمىد يوق نەزىرى.
ھەمىدنىڭ ھەم تېخى بىر ئوغلى بولدى،
ئانىڭ ھۆسنى تېخى ئالەمگە تولدى.
ئاتادىلەر ئانىڭ ئاتىنى سائىد،
كى يوقدۇر مىسىر ئىچىندە ئانچە شاھىد.
مەلىكە زادەغە قىلدىلەر قولداش،
ئانىكالارغا ئانىڭ ئانىسى باش.
ئانىكاسىن قىلۇرلەر پەرۋەرىش ھەم،
كى يوقتۇر مۇندىن ئۆزگە ياخشى ئىش ھەم،

ئانىكالار قىلىپ پاكىزە تەئيىن،
ئانىڭ ھەر بىرىدۇر ھۆرۇ ئەيىن.
ئۇلۇغ بولۇپ ئوقۇپ ئىلمۇ ھۈنەرلەر،
سىبىلىپ كۆللى ھۈنەرلەرگە نەزەرلەر.
ھەمىشە خۇررەمۇ خوشھالۇ دۇلشاد،
يۈرۈرلەر چۈن نىھالى سەرۋى زاد.
يۈرۈر شاھزادە ئويۇن بىرلە مەشغۇل،
ھەۋەس قىلدى ئاتاسى پىكرى مەئقۇل.
قىلايىن چارە باغۇ نەۋ نىھالى،
كى تەڭ يەتكەي بۇنىڭ بىرلە نىھالى.

### شاھى ئاسىم ئوغلىغا چاھار باغ بىنا قىلدۇرغانى

چۇ بۇنياد ئەتتى ئاسىم باغ مەيدان،
كى سەيفۇلمۇلۇك قىلغاي ئاندا جەۋلان.
بىنا قىلدى ئەجەپ باغۇ غارايىپ،
سىبلىپ تەرراھلار تەرھى ئاجايىپ.
قىلىپ ئېگىز ھەم بىر كۆشك زىبا،
لەتاپەت بىرلە چوق ئاسىر خوپ غىنا.
لەتاپەت بىرلە چۈن باغى بېھىشدۇر،
دىگەيسەن تۇپرىغى ئەنبەر سەرشىددۇر.
ئەجايىپ چارەباغ زەپ ياخشى دىلكەش،
دەرۇ دىۋارىدۇر زىبا ۋە زەركەش.
ئەگەر بولسا كىشىنىڭ كۆڭلى ناخۇش،
ئاڭا كىرسە بولۇر پەيلى ھالى خۇش.

يېتىلدى چارە باغ تازەئى تەر،
ئانىڭ ھەر مىۋەسى گوياكى شىكەر.
مەگەر كىم ئول ئېرۇر باغى جەننەت،
بەسى خۇش بويلىرىدۇر جانغا راھەت.
بولۇپ نازۇكى ھايۋانلار خىرامان،
ئۈنۈپ سەپدۇكى ۋە نەسرىنۇ رەيھان.
ئاچىلىپ يۈز تۈمەن گۈللەر ئىچىندە،
ئوقۇپ خوشخان بۇلبۇللار ئىچىندە.
سۈزۈك سۇلار ئاقىپ ھەرسارى شەر-شەر،
تولۇبان ھەۋزلەر مانەندۇ كەۋسەر.
تولۇپ مەيدان كى قۇشلار غۇلغۇلىدىن،
خەبەر بېرۇر ئىرامنىڭ بۇلبۇلىدىن.

## ئول كۆشكنىڭ ۋەسفىنى ئەيغانى

ئىشتكىل كۆشكنىڭ ئەۋساپىنى ھەم،
كى ئەي شاھ سەن بۇ قۇلنىڭ لاپىنى ھەم.
بولۇپ تەييار ھەم بۇ كۆشك ئالى،
ئىچىندە بولغايۇ ھەم ئىشقۇ قالى.
ئەجايىپ كۆشك لۇتفۇ خوپ ئەجايىپ،
بەسى ئۇستادلار قىلغان كۆپ غارايىپ.
قىلىبان خەشتى رەنگىن زەئفران،
ئانىڭ بالچىغىدۇر زەئفەرسىمان.
ئىچۈك تۈرلۈك لەتافەتلەر دىسەڭ بار،
مەلاھەت بىرلە سۈرەتلەر دىسەڭ بار.

ئەجايىپ ھەم غارايىپ كۆپ مۇنەققەش،
نەچە باقساڭ باقارسەن ياخشى دىلكەش.
ئەجەپ قەسىر بەلەندە ساخى ئالتۇن،
مۇرەسسەخ ئۈنچە-مارجان دۇررە مەكنۇن.
چۇ ياقۇتۇ ئەقىق خىشتى پۇرچىن،
بۇلار بىرلە ئىمارەت قىلدى رەنگىن.
كى پۇرچىن خىشدۇر نەقرەئى خام،
قىلىپ بىر مۇنچە تەكلىپ بىرلە ئەتمام.
كى قىلغاي شاھزادە ئاندا ئىشرەت،
پەرى رۇخسارىلەر بىرلە مەئىشەت.

## مەلىك زادە سائىد بىرلە ئول چاھار باغدا ئىشرەت قىلغانى

مەلىكزادە يېتىپ ئون ئىككى ياشىغە،
تۈشۈپ ئىشرەت خىيالى ئەمدى باشىغە.
نىھالى ئەيتىش تەگدى باغ ئىچىندە،
پەرى رۇخساردلارنىڭ داغى ئىچىندە.
قىلىپ كۆشك ئىچىندە بۇنياد ئىشرەت،
بىرور ئول باغ ئىچىندە داد ئىشرەت.
ئىچىپ قىلىپ ئەيشۇ تەنەغۇم،
قىلۇر سائىت بىلە دائىم تەكەللۇم.
سىۋەر ئىردى بەس ئانى جانى بىرلە،
مۇھەببەتتىن ۋەلى پەرمانى بىرلە.
كېچە-كۈندۈز ئايرىلماس بىر-بىر بىندىن،
قوپار بولسا قوپار يېرىدىن.
كۈلۈپ ئويناپ ئوۋ-ئوۋلاپ قۇش سالۇرلار،
ئۇچار قۇشتىن كىيىكتىن كۆپ ئالۇرلار.
كېچە بولسا ساھىبلار بارى خۇش،
كى بىر بۆلەك پەرىزادە پەرى ھۇش.
بارى خىزمەت قىلۇرلەر كۆشكە جەمئى.
دىگەيسەن ھەم ئۇلار مىسلى شەمئى.
تەپۇچىلار تۇرۇپ خىزمەتتە بىر پاي،
يانار مەشئەل كەبى رۇخسارىسى ئاي.
مەلىكزادە بولۇپ بىر تولۇن ئايدەك،

ئانىڭ لەئلى لەبى مىسلى ھەسەلدەك.
ھەمىشە سۆھبەتى شامۇ-سەھەرگاھ،
بىرى بىرىدىن گۈزەل ماھى پارە ئاھ.
تەرەننۇم مۇترىبە نەغمە سەرالار،
خوشخانلىق غىزال خانۇ نەۋالار.
تۈزۈپ سازەندە خان ئىلە سازىن،
ئاياقچىلار كەرەشمە بىرلە سازدىن.
قۇمرى رەشىك ئىلتادۇر سۆھبەتلىرىدىن،
پەلەك چەرخ ئۇردۇ ئىشرەتلىرىدىن.
بولۇبان قۇمرى بۇلبۇل ئاندا شەيدا،
بولۇر قەسىر ئۈستىدە ھەر سۇبھى پەيدا.
سەھەرلەر قىلسا مەترۇپ نەقشە پەرۋاز،
ئۇلار بىرلە بولۇر بۇلبۇل ھەم ئاۋاز.
مەلىكەزادە مەجلىسدە قۇمرىدەك،
سىلسىبىل زۇلفى سۆزى شېكەردەك.
بولۇبان ھالقا-ھالقا زۇلفى يۈزدە،
كۆزى ئوينار كىيىكدەك ئاغزى سۆزدە.
چۇ نەرگەس كۆزلىرى خۇددى تەردۇر،
مەگەر رۇخسارەسى شەمسى قەمەردۇر.
چۇ ئاسىم شاھ، جەمىلە كۆپ سۆيۈندى،
ئىككىسى شۈكرى ئاللاھ دەپ ئۆتۈندي.

## شاھ ئاسىم ئوغلىنى چىرلاپ تون، ئۆزۈك بەرگەنى

پەلەك ناگاه بىر ئىشنى ئەگىز قىلدى،
كى ئاسىم مىھرىنى ھەم تەيىز قىلدى.
مۇنىڭدەك ئەيش ئەيدۇب يۈرۈر ناگاھ،
كى چىرلادي ئانى بىر كۈن شاھىنشاھ.
ئاتاسى ئەرزكىم ئوغلىنى كۆرسە،
سۆيۈپ ئاڭا ئۆزۈك ھەم توننى بەرسە.
ئىشتىكەچ ئاتاسى سۆزىن مەلىكزاد،
راۋان بولدى، قوپۇپ جۈن سەۋرى ئازاد.
پەرى ياڭلىغ تاپۇغچىلار قاتىندە،
كېلىپ يەر ئۆپتىلەر شاھ ھەزرتىدە.
ئالارنى كۆردى شاھ خۇرسەند بولدى،
دىلۇ جانۇ مۇھەببەت بىرلە تولدى.
بۇيۇردى خەزىنچىگە خەزىنىنى ئاچ،
پالان ساندۇقنى كەلتۈر قۇلۇپىنى ئاچ.
كەلتۈردى خەزىنچى بىر ئالتۇن ساندۇق،
كى بىر تونۇ، ئۆزۈك ئۆزگە نىمە يوق،
چۇ تون بىرلە ئۆزۈكنى ئوغلىغە بەردى،
كى بىلمەس ئۇشبۇ توندىكى نە ئېردى.
مىراخورغا بۇيۇردىكىم پالان ئات،
نە ئاتدۇركىم دىگەيسەن بىر پەرىزات.
كەلتۈردي ئاتنى سەئىدكە بەردى،
مۇھەببەت بىرلە سەئىدنى سورادى.
ئەجەپ ئىنئاملاركىم تەڭدىشى يوق،
بۇ ئالەمدە ئۇلارنىڭكى تېڭى يوق.
قوپۇپ شاھزادە ۋە سائىد يەر ئۆپۈپ،
تەۋازۇئ قىلدىلەر خان كۆڭلىن ئوۋلاپ.
ئىجازەت بولدى قوپتى شاھزادە،
پەرىلەر ئالدىدا بولدى پىيادە.
چۇ ئىنئام قىلدى شاھ سوۋارلىرىگە،
ۋەلى ئوت سالدى ئانىڭ كۆيەرگە.
ئېتىپ ئىنئام ئەگەرچە قىلدى خۇررەم،
نە بىلسۇن ئوندا ئېرمىش تۈز تۈمەن غەم.

## شاھزادە ئول توندە بىر سۈرەت كۆرۈپ ئاشىق بولغانى

كېلىپ تۈشتى ئۆزىنىڭ مەنزىلىگە،
قوشۇلدى ئول پەرىلەر مەخفىلىگە.
تامامى ھۇجرىلاردا شەمئى رۇشەن،
قىلىپ ئول كۆشكنى خانەندە گۈلشەن.
ئىچەر بادە ھەر ئۆيدىن ئۆيگە يۈرۈپ،
يۈرەر فەرەشلار يولنى سۈرۈپ.
سۆيۈنۈپ ئۇشبۇ كېچە ئىچتى كۆپ مەي،
يىقىلدى ھەركىشى ئۆزنى بىلمەي.
ۋەلى شاھزادە كۆڭلىدە نە ئېردى،
ئاچىپ كۆرسەكى بۇ توندە نە ئېردى.
يېشىپ بوخچەنى تونىنى يەزدى ناگاه،
ئەجەپ قىسسە رىۋايەت قىلدى راۋى،
خەۋەر سالدى جاھانغا تۈشتى جارى.
ئاتاسىنىڭ قاشىدىن چىقتى شاھزادە،
خىرامان تەبرەدى چۈن سەرۋى ئىرادە.
كى چىقتى جانىدىن بەھۇۋەست بىر ئاھ،
قوبا كەلدى يەنە بىر ئۆيگە باردى،
ئاچىپ كۆرگەچ ئۆزىدىن ئۆزگە باردى.
تەفەررۇج قىلدى ئول بۇ تونغا بسيار،
نەچە باققان سارى تەقى بولدى زار.
نە توندۇر ئولكى جانىنىڭ بالاسى،
بولۇپ كۆڭلى بۇ تونىنىڭ مۇپتالاسى.

## ئول توندىكى سۈرەتنىڭ تەئرىفى

بار ئېردى توندا بىر سۈرەت مۇنەققەش،
بويى باشدىن ئاخىر زىبايۇ دىلكەش.
يۈزىگە باقسا گويا ئول كۈلەدۇر،
ئانى كۆرگەن سايىن جانى كۆيەدۇر.
ئېرۇر رەڭگى رۇھى گۈل بەرگى تەردەك،
لەبى لەئى ئانىڭ شىرىن شېكەردەك.
دىگەيسەن ئاغزىنى گويا غۇنچە گۈل،
يۈزىدە تۆلغىنار ئول زۈلفى سۈنبۇل.

قاشى يادەك قۇرۇغلۇق ئوق ئاتارغا،
ئانى كۆرگەندە يوق سەبر ئېتەرغە.
ئۇنىڭ كىرپىكلىرى مانەندە نەشتەر،
مەگەر سۇ بەردى ئۇستادچۇ خەنجەر.
بويى گۈلنىڭ نىھالىدەك ئېگىلۇر،
بولۇر ھالقا گويا ساچى چىگىلۇر.
نىھالى سەرۋىدەك چۈن قەددى مەۋزۇن،
لەبى لەئلى تىشى چۈن دۇررە مەكنۇن.
كۆزىگە باقسىڭىز كۆزى سۆزلۇر،
بويى نازۇك مەگەر بىلى ئۈزۈلۇر.
كۆرۈپ شاھزادە مۇنداق سۈرەتى خوب،
يۈزىگە يۈز قويار ئاغزىنى ئۆپۈپ.
نە سۈرەتكىم بىلەي جان ئېكەندۇر،
بىلەي جان ۋەلى جانان ئېكەندۇر.
يا قىلدى ئىشقى ئوتى جىسمىغا شاھنىڭ،
قاتىلدى ئىشق ئوتى كۆكسىگە ماھنىڭ.

**شاھزادە ئول سۈرەتنى ساغىنىپ بىقارار بولغانى**

تاڭ ئاتقۇنچە قىلىپ پەريادۇ نالە،
ئاققۇزۇپ كۆزلىرىدىن دۇررەئى ژالە.
كۆكسىنى يەرگە سۈرۈپ ھەم ياقا چاك،
ئېغىناپ تون ئۇپراغىن قىلىپ خاك.
قىلىپ بويىنى كۆكسىنى ھەم قىزىل قان،
شۇندىمۇ چىقمىغان تەندىن ئىسسىغ جان.
بولۇبان كەھرىۋادەك گۈل بەرگى يۈزى،
تولۇبان قان بىلە بادەمدە كۆزى.
بولۇپ نازۇك تېنى مىسلى خازاندەك،
ئىچى ئانىڭ گويا قاينار قازاندەك.
يىغىدىن خالى ئېرمەس بىر زامانى،
چىقار كۆككە ئانىڭ ئاھۇ فىغانى.
خۇمارۇ ئۇيقۇسىدىن ئويغاندى سائىد،
يېنىدا كۆرمىدى ئول شەمئى زاھىد.
قوپۇپ ئۆيدىن چىقىپ ھەيرانە بولدى،
ئانى كۆرمەي ۋەلى گىريانە بولدى.
تەپەككۇردە تۇرۇپ ئېردىكى ناگاھ،
كى چىقتى ئۆزگە ئۆيدىن نالەئى شاھ.
يۈگۈرۈپ بارديۇ كىردى قاشىغا،
كۆزى تۈشتى ئانىڭ بويى باشىغا.
غارايىپ ئەھۋالغا كۆردى شاھنى،
تۇتۇلغاندەك كۆرۈپ سائىدنى ماھنى.
بۇ ھەم يىغلاپ ياقىسىنى پارە قىلدى،
كۆڭۈل خوشلۇغىنى ئەۋۋارە قىلدى.
نەچەكىم سوردى ئول دىمىدى دەردىن،
كۆتەرمىدى سارىغ يۈزىنى يەردىن.
ياشۇردى جان ئىچىدە جانىنى ئول،
كۆڭۈلدە ساقلىدى جانانەسىن ئول.
سۆيەر سائىد سۆزى ياقمىدى ئەسلى،
ئۆيالىپ يۈزىگە باقمىدى ئەسلى.

**سائىد بارىپ ئاتاسى شاھى ئاسمىغا خەبەر ئېيتقانى**

تەھەممۇلسىز بولۇپ چىقتى قاشىدىن،
ياقاسىن سۇ قىلىپ كۆزى ياشىدىن.
يۈگۈرۈپ باردى سائىدخان قاشىغە،
ئاققۇزۇپ كىردى ياشىن ھەزرىتىمىغە.
كۆرۈپ شاھۇ جەمىلە ئۇرديلەر ئاھ،
راۋان ئوقتەك قوپتى ئورنىدىن شاھنشاھ.
بۇ سائىد قىلدى ئاگاھ بۇ خەبەردىن،
شاھنشاھ كەچتى ھەم تاجۇ كەمەردىن.
دىدى كەلدى مۇنەججىملەر ئۆزى ئاھ،
يۈرۈپ تەبىرىدى ئوغلى تامان شاھ.
كېلىپ كۆردى ئانىڭ ھالىنى مۇشكۈل،
ئەجايىپ كۆردى ئول ئوغلىنى بى دىل.
نەچەكىم يىغلابان سوردى ئاتاسى،
ئاياغىغە يۈزىن قويدى ئاتاسى.

چۇ ئېيتمادى ئۇلارغا ھەم ھالىتىنى،
كى ئىش مېھنەتكە ئېيتتى راھىتىنى.
بۇ ھالەت بىرلە شاھ بولدى گىرىپتار،
ئۇلارنىڭ ھالىغە مىسىر ئەھلى يىغلار.
تەبىبلار تۇتتىلەر نەبزى مىزاجىن،
ھېچ ئىش بىرلە قىلىپ بولماس ئىلاجىن.
يىغلادى سېھىرگەرلەر سېھرى ئەيلەپ،
كى يەئنى يىغلاماق بولغاي ئۇشال خوب.
ئاڭا ھېچ كار قىلماس بۇ جىبدەللەر،
يەنە سۇد قىلماس بۇ ئەمەللەر.
بۇ ھالەت بىرلە ئول بوستان سارايلار،
بولۇپ ماتەم ئۆيى بولۇپ ناۋالار.
چۇ ھېچكىم بىلمەدى تەدبىرىنى ئانىڭ،
نەچە كۈن بولدى بىلمەدى سىرىنى ئانىڭ.

## شاھزادە ھالىنى سائىدقا ئېيتقانى

دىدىكىم سائىدەكى سەن بىلۇرسەن،
نە تەدبىر قىلساڭمۇ سەن قىلۇرسەن.
تۇرۇپ سائىد قاشىندە كىيچە-كۈندۈز،
قويۇبان ئول مۇقەددىمى سارى يۈز.
نەچەكىم ھالىنى سورسا دىمەدى،
كى سائىدنىڭ غېمىنى ھەم يىمەدى.
سۇغۇردى بىر كىيچە سائىد بىلدىن،
ئىتتىك خەنجەركى قان ئاقار دەمىدىن.
دىدىكىم ئۆلگەنىم بار مۇندىن ئۆزگە،
يۇشۇردۇڭ ئۇشبۇ سىرنى مەندىن ئۆزگە.
چۇ قويدى باغرىنى خەنجىرگە ناگاھ،
قوپۇپ تۇتتى ئىلكىنى شاھىنشاھ.
كى ئەي كىم مېھرىبانىم سەن سورنما،
بالاي مەن كۆرۈپمەن ئاسەن كۆرمە.
نە ياشۇراي بۇ كەز سەندىن سۆزۈمنى،
ئەدەم بولماققا كۆرەرمەن ئۆزۈمنى.
تامامى خەلق ئەلدىن ئۇيالۇرمەن،
تەھەممۇل قىلسام ئوتقا يانادۇرمەن.
ۋەلى تەدبىرى يوقدۇر ئانى كۆرمەي،
سوراپ ئىستەپ تەقى ھەم ئانى بىلمەي.
ئاتام بەرگەن، تون ئىچرە بىر بالاسى،
كۆر ئەمدى بارمۇ ئىكىن ھېچ داۋاسى.
ئاتى بەدىئۇلجامال بەنت شەھبال،
يېرى ئانىڭ ئىرەم باغى بۇدۇر ھال.
بۇدۇر ھالىم ساڭا دىدىم ئەسرار،
بارىپ ئېيتقىل ئاتامغا سەن بىرابار.
ھىكايەت قىلدىيۇ يىغلادى بىسيار،
ئىشتىپ بولدى سائىد زارۇ ئەفكار.
قوپۇپ چىقتى قاشىدىن زارۇ يىغلاپ،
كى ئۆلمەككە بىلىن نە چارە باغلاپ.
قىلىپ سائىد بۇ سۆزنى قىلدى ئاڭا،
ياقاسىن چاك ئېتىپ يىغلادى ئول شاھ.

## شاھى ئاسىم ئول تونىنى، ئۆزۈكنى بەگلەرگە ھېكايەت قىلغانى

ئايا بەگلەر ئىشتىڭلار بۇ رىۋايەت،
قىلاي تون قىسسەسىدىن بىر ھېكايەت.
چۇ بىر كۈن ئولتۇرار ئىدىمۇ يالغۇز،
تىلىمدا يوق ئىدى غەيرى خۇدا سۆز.
بولۇپ مەن بىخەبەر ئۆزۈمدىن ئاندا،
كۆزۈم ئاچتىم بىلەلمەي كىمۇ قاندا.
بولۇپ توپان جاھان بولدى قاراڭغۇ،
كۆرە بىلمەس يېرى بىرىن كىم ئول بۇ.
كېلىپ ئىككى كىشى ئالدىمدا تۇردى،
سۇلايمان نەبىدىن سۆز كەلتۇردى.
دىدى ھولۇقماڭىز بىقىڭچۇ بىزگە،
كېلىپمىز ئەلچىلەر تەئزىمىڭىزگە.
سۇلايمان نەبى ئۇشبۇ جاھاندىن،
يۈرۈش قىلدى ۋەسىيەت قىلدى سەندىن.

دىدىكىم شاھى ئاسىمنى سۆيەرمەن،
ئانى مەھشەر كۈنىدە ھەم ئۇيارمەن.
ئىبەردى بىر ئۈزۈك، بىر تون ۋە بىر ئات،
دىدى ئۇ سىز بۇلارنى تەككۈزۈڭ پات.
قوپۇپ تەئزىم ئىلە ئالدىم ئۇلارنى،
تەۋازۇئ قىلدىمۇ ئالدىم بۇلارنى.
ئىلىپ كۆردۈم ئىدىم ئول توننى ئانده،
كى قالمادى شۇ دەمدە ئەقىل مەندە.
چۇ كۆردۈم سەئى قىلدىم تاپقايمەنمۇ،
ۋىسال بىرلە خۇرسەندە بولغايمەنمۇ.
دىدىلەركىم بۇ سۈرەتنىڭ ۋۇجۇدى،
ھۇنۇز ئالەمدە ھەرگىز يوقتۇر زات بۇدى.
ئانى بىلگىلكى بولار پەرىدۇر،
گۈلىستانۇ ئىرەم ئانىڭ يېرىدۇر.
ئاتاسى ئاتى شەھبال بىننى شاھرۇھ،
مەن مىسكىن گادايۇ، ئۇ مىھرى رۇھ.
كۆڭۈل ئۈزدۈم تېخى مەن سەبرى قىلدىم،
قوپۇپ ئول ئاتقا مىندىم ئۆيگە كەلدىم.
كۆرۈپ بىلىپ قوبۇل قىلدىم ئۇلارنى،
سۇلايمان قايدادۇر سورسام خەبەرنى.
گۈلىستان ئىرەمنى كىم كۆرۈپتۇر،
ئۇنىڭ يولىدا نە ئادەملەر يۈرۈپتۇر.
خۇدادىن ئۆزگە ھىچ دەستگىرى يوقتۇر،
ئوغانىنىڭ ئىشىگە تەدبىرى يوقتۇر.
ئەجايىپ مۇشكۇل ئىش تۈشتى بىلىڭلار،
ئايا بەگلەر كېڭەش نەدۇر قىلىڭلار.

**شاھى ئاسىم بەگلەرى بىرلە كېڭەش قىلىپ تۆرت تەرەپكە ئەلچى ئىبەرگەنى**

دىدى بەگلەرگە كى سۇلتانى ئالەم،
ئەۋەتەيلى كىشى ئەتراپى ئالەم.
بۇ سۆز بىرلە ئۆزىنى ئول ئۇتتۇقاي،
ئۇلار كەلگۈنچە شايەدكى ئۇنۇتقاي.
كۆرۈپ سۇلتان بۇ سۆزنى ياخشى لايىق،
تەسەللى تاپقاي ئول بىچارە ئاشىق.
قىلىبان تۆرت يۈز سەيياھنى پەيدا،
تېخى سەيياھلار كەچكىلى دەريا.
بېرىپ ھەر بىرىگە بىسيارە كۆپ مال،
ئۇلارغا شەرھى قىلدى جەملە ئەھۋال.
ئىبەردى تۆرت بۇرجىغا جاھاننىڭ،
بېرىبان يۈز باھالىقلارنى ئانىڭ.
ئۇلار بىرىنى مۇھلەت ئالدى مۇتلەق،
خەبەر يەتكۈزەيلۇق يەتكۈرسە گەر ھەق.
مەلىكىزادە قاشىغا كەلدىلەر ساق،
ئانىڭ كۆڭلىنى ئوۋلاپ ئۇردىلەر لاف.
مەلىكىزادە بۇ سۆزدىن بولدى خۇرسەند،
قوبۇل قىلدى نەسىھەت بەرھەم بەند.
مەلىكىزادە بولۇپ خۇرسەندە خوشھال،
مەئىشەت بىرلە مەشغۇل بولدى فىلھال.
يەنە بۇرۇنقىدەك شاھزادە بولدى،
كى ئەيش ئەسبابى ئىمادە بولدى.
بارى ھەم سۆھبىتى مەۋزۇنۇ مەقبۇل،
كى بىر يىلغا دىگۈنچە بولدى مەشغۇل.

**ئەلچىلەر بىر يىل يۈرۈپ خەبەر تاپالماي كەلگەننى ئىشتىپ، شاھزادە ئاشۇفتە بولغانى**

چۇ ئۆتتى ئايۇ- كۈن بولدى بىر يىل،
كى بارغانلار بارسى كەلدى بىلگىل.
كى بىر سۈرەت سۆزىدىن ھىچ خەبەر يوق،
گۈلىستانۇ ئىرەمدىن ھەم ئەسەر يوق.
ئەكەلدى تۆرت يۈز مەرۋەدىن خەبەرلەر،
بارى شاھزادەئى ساھىب نەزەرلەر.
كى شاھزادە ئىشتتى ئەلچىلەرنى،
كەبى ھاسىل بارىپ كىلۇچىلەرنى.

ئىشتىپ شىرىن ئاشۇفتە بولدى،
ئۇشۇل قايغۇ بىلەن ئالۇفتە بولدى.
دىدى ئۆزۈم بۇرۇماي پۈتمەس ئىشىم،
بۇغەم بىرلە ئۆتەرمۇ يازۇ-قىشىم.
ئىنايەت قىلسا تەڭرىم ئۇل تاپىلغاي،
تاپىلمىسا ئۆز كۆڭلۈم ئاچىلغاي.
يەنە قىلدى ئېيتىڭىز نالەئى ئاھ،
يەنە غەمخانە بولدى غەم بىلە شاھ.
دىدى بەگلەر نەسىھەت قىلدى ئىڭىز،
قىلۇر يۈزمىڭ نەسىھەتلەر شىكەر رىز.
دىدى سۇلتانەكى سەن-سەن ئادىمىزات،
بىلۇرسەن كىم بۇ سۈرەتتۇر پەرىزات.
ئىشىتمەدۈك پەرىيۇ ئادەم ئەسلى،
قوشۇلغان بولغاي ئۇل دۇنيادا نەسلى.

بۇنە ئوتدۇركى سەن بىزگە ياقىپسەن،
ئۆزۈڭنى مۇپتالالىقغا سالىپسەن.
كەل ئەمدى تۆۋە قىل قوي مەھمەل ئىشى،
پەراغەت بىزلە ئۆتكۈز يازۇ-قىشى.
سوراپ ئىستەپ تېپىلماس بىر ئېرەمدۇر،
قىل ئەمدى بىر تەرىپى بىھۇدە غەمدۇر.
پەرى بىرلە بەشەر لايىق بولۇرمۇ؟
ئۇچار قۇشقا كىشى ئاشىق بولۇرمۇ؟
ئۇچار قۇش ئۇچسايۇ كەتسە ھاۋاغا،
كىشى ئوتقا ئۆز-ئۆزىنى سالۇرغا.
كىشى بولۇپمىدۇر ھىچ يەلگە ئاشىق،
بولۇرمۇ يەل بىلەن تۇپراق مۇۋاپىق.
ساڭا تۆرت يۈز مەرۋىدىن ئالايىن،
نىچۈك كۆڭلۈڭ تىلەر ئانداق قىلايىن.

**شاھزادە يىغلاپ ئاتاسىدىن ئىجازەت تىلەگەنى**

دىدى شاھزادە يىغلاپ ئەي جاھاندار،
مىنىڭ ئۇچۈن بەسى بولدۇڭ گىرىپتار.
ئاياغىڭ كۆردى كۆزۈم تۇتىياسى،
ئۇنۇتۇلماس بۇ سۈرەت ماجراسى.
ئۇياتنى ئۆرتىدى ئىشق ئەي جاھان شاھ،
ئۆچۈردى نامۇسۇم شامىسىنى بۇ ئاھ.
ئەگەر شەمىسى قەمەرنى ئەرزى قىلساڭ،
بېرىپ جەننەت ھۆرلىرىنى كەلتۈرسەڭ.
ماڭا ئاندىن ئۇكۈن جانان كېرەكمەس،

ماڭا ئانىڭسىز بۇ تەندە جان كېرەكمەس.
ئىجازەت بەرسىڭىز ئۆزۈم كېتەيىن،
يۈرۈپ ئىستەرىمنى ئۆزۈم بىلەيىن.
ئاتاسى ئاھ ئۇرۇپ چىقتى قاشىدىن،
ياقاسىن سۇ قىلىپ كۆزى ياشىدىن.
بولۇپ سەيفۇلمۇلۇككە غەم مەساھىپ،
قەدىم ئىچكى ئورۇنى قىلدى غايىپ.
بولۇپ شاھزادە بىر سۈرەت گادايى،
بولۇپ بوستان سىرا ماتەم سارايى.

**شاھزادە ئۇل سۈرەتنى ساغىنىپ نالە قىلغانى**

ئاتاسى چىقتى ئوغلى قالدى يالغۇز،
يەنە ئىڭىز ئېيتىپ ئاھ چېكەر سۆز.
ساغىنىپ ئۇل سۈرەتنى ھەردەم شاھزادە،
چىقاردى جانىدىن يۈز ئاھۇ پەريادە.
ھامان ئېيتۇر سېنى قايدىن تاپايمەن،
سوراغىڭنى سوراپ كىمدىن بىلەيمەن.
كىم ئېيتۇر بۇ خەبەرنى باغۇ ئېرەمگە،

كىم ئېيتۇر دەردۇ ھالىم ئۇ سەنەمگە؟
نە قىلاي كىمگە ھالۇ دەردىم،
ساڭا يەتكۈزۈشنى بىلمەي بوردى زەردىم.
كىچىك ياشتىن بۇ جانىمغا نە ئوتتۇر،
يورۇق خۇرشىد غېمىدىن نە بۇلۇتتۇر.
باشىم تۈشتى فىغانۇ ئاھۇ بىرلە،
نە مۈشكۈل ئىشقا تۈشتۈم ۋاھ بىرلە.

قولۇم يەتمەسن كى تۇتسام ئاه ئۆزىنى،
كۆزۇم يەتمەسن كى كۆرسەم يار يۈزىنى.
ئىلىمدىن بولدى ئالتۇن جامۇ بەرباد،
رەفىقەم بولدى قايغۇ، ئاهۇ پەرياد.
ئول ئاندا پادىشاھى نە پاراغەت،
كى مەن مۇندا بالايى رەنجۇ راھەت.
مىنىڭ هالىمدىن ئاڭا هىچ خەبەر يوق،
كى بۇ دەردىمدىن ئاڭا هىچ ئەسەر يوق.
هامان ئىبتۇر ئانى قايدىن تاپارمەن،
ماۋق بىرلە نىچۈك ئوتنى ياپارمەن.
قىلۇر كۆڭلۈم قۇشى پەرۋازى بىرلە،
ئۇچۇپ تاپقايمۇ ئەسىرۇ نازى بىرلە.
قىلىبدۇر تاقىتىم تاق ئىشتىياقىڭ،
هەم ئۆرتەر خەستە جانىمنى پىراقىڭ.
ئىچەرمەن شەربەتۇ هىجران هەمىشە،
فىراقىڭدا كۆزۈم گىريان هەمىشە.
يۈرەك قانۇ شارابۇ هەم دىمىم ئاه،
بۇ هالەت بىرلە ئۆلسەم لەۋ خۇشۇللا.
مەزاجى هەسرىتىدە قانۇ يىغلار،
كۆيەر شەمئى تۇرۇپ خەيرانۇ يىغلار.
سىنىڭ ئىشقى ئوتۇڭ دىلدا ئۇرار جۇش،
بولۇپ سەرۋى سەهى ئىشقىندە بىهۇش.
ئۇچۇغ ئون بىرلە يىغلىغىل شەمامە،
مۇشەررەف بولمىدىم جانۇ سالامە.
كى تىنماي شەرهى ئېتىپ يىغلار بۇ خامە،
كى ئىلتىكەي دەپ پۈتۈلگەي رازى نامە.
فىغان ئەيلەپ راباپ ياد قىلۇر،
ئۇرار كۆكسىگە كىم پەرياد قىلۇر.
ئۇزاتىپ بويىنىنى بىچارە تەنبۇر،
مىنىڭ هالىمغا يىغلار نالىشىن كۆر.
كۆيەر ئاهىمغا غۇد هەم مۇسقار،
بولۇپ دەردىمگە قانۇنى كۆش نار.
تامامى سازەلەر بولدى هاۋادار،
بارى هالىم كۆرۈپ دەردىمگە يىغلار.
جاهاندا بولغاي ئىدىم تاش كەبى مەن،
بۇ سۈرەتنى كۆرمىگەن بولسام كاشكى مەن.

بۇلۇتلار هەم چىمەندە يىغلاشۇرلەر،
بىرى - بىرىن كۆرۈبان چۈلغاشۇرلەر.
قىلۇر نالە بىلنى باغلابان شاه،
مىنىڭ هالىمغا يىغلار قۇمرى ناگاه.
سىنىڭ يادىڭ بىلەن گۈللەر ئاچىلۇر،
سىنى كۆرمەي فىراقىڭدا ساچىلۇر.
هەيۇ ئاتلار تېخى ئاخشام ئارالەر،
بويۇك كۆزەي دىنبان چىقسۇن قارالەر.
ياساپ سەرۋە سەهى مۇزۇن كوچەلەر،
فىراقىڭ بىرلە سۆزلەشۇر كىچەلەر.
سەھەر فەرياد ئېتەر بىچارە بۇلبۇل،
كۆرۈپ گۈلنى قىلۇر سەبرى تەهەممۇل.
ئۆزۈم بىدىل سىنى قايدىن كۆرەرمەن،
هەمىشە هىجرى ئوتۇڭدا كۆيەرمەن.
تەبىب ئاجىز تۇرۇر دەردىگە ئەي يار،
داۋا تاپماي مىنىڭ هالىمغا يىغلار.
بولۇپ شاهزادىنىڭ رەڭگى خازاندەك،
هىقىقدەك لەبلىرى چۈن زەئفىرانىدەك.
كىتىپ سەبرۇ قارارۇ ئەقلى ئانىدىن،
كىچىبان تەختى - بەختى هەم جاهاندىن.
بەسى ئاجىز بولۇپ ئانىڭ ئاتاسى،
تۆكەر كۆزدىن يۈرەكتىن قان ئاناسى.
كىچە - كۈندۈز بۇ غەم بىرلە گىرىپتار،
ئۇلارنىڭ هالىغا مىسر ئېلى يىغلار.
ئاڭا هەردەم نەسىهەت قىلسا تۇتماس،
قاتىغدۇر ئىشقى تاغ مەستىدىن ئارتماس.
سۆيۈپ تۇرغان كۆڭۈلنى ئۆزسە بولماس،
ئانى كۆرمەگۈنچە تۇرسا بولماس.
كىشىگە ئىشق ئەگەر هەمراهى بولماس،
گادادۇر ئول جاهانىڭ شاهى بولماس.
هاياۋەتنىڭ ناموس ئاندا بولماس،
كى ئىشقى ئوتىدەك ئوت جاهاندا بولماس.
كۆڭۈلگە ئىشق ئەگەر زور ئەيلەر،
بەسى ئاقىل كۆزىنى كور ئەيلەر.
فىراق ئاغۇسى ئاڭا شەهدۇ شەربەت،
غەمۇ غۇسسە ئاڭا چۈن ئەيشى ئىشرەت.

كى بولماس ئىشقىدا ھەم كۇفرى ئىمان،
نە سەبرى ئاندا نە كافىر، نە مۇسۇلمان.
مۇھەببەت بەھرى ئاشقلار يېرىدۇر،
ئانى سۆيگەن كىشى ئەرنىڭ ئېرىدۇر.
ئېرۇر چۈن ئىشقى دەريايى مۇئەززەم،
كىرە بىلمەس ۋەلى ھەر قايسى ئادەم.
مۇھەببەت شەربەتىن ئىچكەن ئۇنۇتماس،
ئاڭا بەندە نەسھەتى كار قىلماس.

**شاھ ئاسىم بەگلەرى بىرلە كېڭىشىپ، ئوغلىغە سەپەر تەييارلىغىنى قىلغانى**

چۇ كۆردى شاھ ئوغلىنىڭ مىزاجىن،
نەسھەت بىرلە تاپمايدۇر ئىلاجىن.
كىم ئاخىر باغلىدى باغرىغا شاھ تاش،
كۆزىنىڭ نەرگەسلىرىگە تولدۇرۇپ ياش.
كېڭەشتى بەگلىرى بىرلە ئولتۇرۇپ،
دىدى بەگلەر دەلىللەر ھەم كەلتۈرۈپ.
كى ئەي شاھ سەن تېخى شاھانە بولغىل،
يۈرەكىڭ بەركىتىپ مەردانە بولغىل.
مۇنۇڭدەكلەر جاھاندا بىرگە تۇشار،
ئىسەن بولسا ئەر ئوغلىغە نۇ پۇشار.
سەپەرنىڭ مېھنەتى ھەم بەندە بولغاي،
نىچەكىم تېپىلمىسا خۇرسەند بولغاي.
چۇ ئاسىم كۆردى ھېچ تەدبىرى يوقدۇر،
ئىبەرمەكدىن ئۇ كۈن توغرى يوقدۇر.
دىدى سۇلتان قىلىڭ دەريا ياراغىن،
كېرەك كىم سۇدا ھەم سالغاي سىراغىن.
بۇ يۈرىدىكىم تۆرت يۈز كېمە چاپىڭلار،
كى ھەر كېمىدە يۈز ھوجرە ياپىڭلار.
كەلتۈردىلەر كېمە چاپقۇچىلارنى،
كېمىدە ھوجرىلار ياپقۇچىلارنى.
نەچە ئاي ئىشلىبان ئايى فەراۋان،
نەچە مىڭ خەلق تارتىپ ئاندا مىڭ جان.
مۇكەممەل بولدى كۆللى كېمە ھوجرە،
كى بەردىلەر كېمەچىلەرنى ئىچرە.
يىغىپ كەلتۈردىلەر دەريا لەبىگە،
مۇھىت ئاتلىق دېڭىزنىڭ چۇ لەبىگە.

**شاھ ئاسىم ئوغلىنى ئۈزۈتۈپ بارغانى**

چۇ ئاسىم چىرلاتىپ يىغدى چېرىگىن،
داۋا قىلغاي بىراكۇ ئوغلى پىكرىن.
بولۇبان شەھرى مىسىر شورى ئاشىپ،
بەسى تۇشتى خالايىققا تالىتىپ.
تامامى مالىنى ئاسىم چىقاردى،
كۆزى ياشلىق بۇ ئوغلىغا باقاردى.
بوشاپ قالدى ئۆيى ھەمدە خەزىنە،
دۇررى لەئلى زەررە كۆللى دەفىنە.
نەسەڭ پارەلىرى ھەم ئىدى ئاندا،
نە ئەجناسىلار ئىدى جىق خانۇماندا.
تامامى تىيۋەيۇ ھوجرالىرىن ھەم،
بۇ مالىن يۈكلىمەككە مالىنى ھەم.
ئانىسۇ سەلتەنەت بىرلە كۆچۈردى،
ئىلىكتىن شاھ بازىسىنى ھەم ئۆچۈردى.
تېخى يۈز مىڭ كىشى نەق ھازىر ئېردى،
قولىدىن ئىش كېلۇر دانالار ئېردى.
باھاردىرلار ئىدى بارى بەكلىك،
شىجائەت بابىدا بارى ئىلىگلىك.
كەۋاكىپ بىلگۈچى رەممالىرى ھەم،
كى يول باشلاغۇچى سەيياھلىرى ھەم.
نەچە سەرۋەر بەگلەرىن ھەم يولىغە،
يىغىپ بارچىسىنى قوشتى ئوغلىغە.
دىدى ئاسىم كى ئەي جانۇ جاھانىم،
قاراڭغۇ ئەيلىدىڭ روشەن جاھانىم.
جەملە دەركى ئەي جان نۇر دىدە،
نىگە بولدۇڭ كى سەن رەمىدە.
يۈرەگىم پارىسى قۇۋۋەت مادارىم،

پىدا بولسۇن ساڭا بۇ تەندە جانىم.
يەنە يۈزۈڭنى كۆرگەيمىزمۇ ئاھى ھاي،
بۇ ھەسرەت بىرلە ئۆلسەك يۈز ۋايى - ۋاي.
مەزگەركىم جان بەدەمدىن ئايرىلادۇر،
بىلىك كىم غۇنچە شاخى قايرىلادۇر.
مەلىكزادە تېخى يىغلار بۇ غەمدىن،
قىلۇر پەرياد فىغان بۇ ئەلەمدىن.
ئۇزاتىپ كەلدىلەر دەريا قاشىغە،
دېڭىز تولدى بۇلارنىڭ كۆز ياشىغە.
بولۇپ دەريا لېۋىدە نالە بىسيار،
تامام خەلق بولدى زارۇ ئەفگار.
شاھ ئەيتۇر قورقارىم ئۇشبۇ كۈندىن،
مېنىڭ ھالىم نە بولغاي سوڭ بۇ غەمدىن.
دەرىخا ئۆزۈمگە ئۆزۈم قىلىپ مەن،
يۈرىگىمنى ئۆزۈم كۈچكە تىلىپ مەن.
ئاتا - ئانا چۇ سائىدكە كۆرۈشۈپ،
باقىپ قالدى كۆزىدىن ياش تۆكۈشۈپ.

مەلىكزادە چۇ مىندى سۇر ئاتىغە،
تىلەپ سائىدنى ئالدى خان پاتىھە.
تىكتىلەر كېمە باشىغە ئالتۇن ئەلەم،
يول ئالدىلەر دېڭىزدا يۈزمىڭ ئادەم.
كىرىپ دەرياغا شاھزادە يول ئالدى،
ئاتاسى يىغلابان ئارقىدا قالدى.
دۇئا بىرلە تېخى مەشغۇل بولدى،
كى سۇلتانلىقتىن ئول مەئزۇل بولدى.
تەسەددۇقلار قىلۇر دەرۋىشلەرگە،
تەرەھھۇملار قىلۇر دىل رىشتەلەرگە.
خۇدا بەرگەن گۇھەرنى شاھ يۈتۈردى،
كەرىم بەيتۇلھەزەن ئىچرە ئوتۇردى.
ئىلىگدىن شاھ لاچىننى قاچۇردى،
قەپەزدىن تۆتىسىنى ئۇچۇردى.
پەلەك مۇندىن بۇ كۈننى قىلغۇسى بار،
ئىشنى قىلدى ئول نە قايغۇسى بار.

**شاھزادە كېمە خەلقى بىرلە چىن ۋىلايەتىگە يەتكەنى**

ئايا راۋى كەل ئەمدى قىل راۋايەت،
نە سۈرەت بىرلە قىلدىڭ ھىكايەت.
دىدى راۋى كى ئاندىن تەبرەدىلەر،
كېچە - كۈندۈز كېمەلەر تىنمادىلەر.
ۋەلى ئىشرەتلىرىنىڭ ھىچ سانى يوق،
كى قىنار چۇ تىڭىزدىن ھىچ غېمى يوق.
بۇ يۈزمىڭ خەلق ئىشرەتتە ئويىنار،
مەلىكزادە بالىغ ئاۋۇنى ئاۋلار.
كېچە بولسا ئىچەرلەر لالەگۇن مەي،
كېچە - كۈندۈز ئۆتكەننى بىلمەي.
كىمەدىن - كېمەگە يۈرۈپ ئىچەرلەر،
كىزىك بالىق ئېتى شامۇ سەھەرلەر.
دىدىلەر چىننىڭ خوپ نەققاشلىرى بار،
جاھانگەشتە ئەجايىپ ياشلىرى بار.
ئىشىتكەن بولسا ئول سودىگەر ئەھلى،
ۋەيا خۇد سۈرەتىنى سۈرەتكەر ئەھلى.

بۇ سۆز بىرلە خاتاغا قويدىلەر يۈز،
خۇدا قىلدى ئىنايەت قوبدى يىل تۈز.
كۆرۈپ موللاھلار كېتىشتى تۇرماي،
سىياھ شامدا بىر سائەتمۇ ئولتۇرماي.
بەش - ئالتە ئاي ئۆتتى يەتتىلەر ئاندە،
كى ھىچ تەشۋىش بولماستىن جانۇ - تەندە.
ياقاغا چىقتىلەر كۈللى كېمەلەر،
چىقاردىلەر بارى سۇدىن نىمەلەر.
مۇئەززەم چېدىرلار تىكتى ئالى ھەرگاھ،
چىقىپ تەخت ئۈززە ئولتۇردى ئول ماھ.
بۇ يۈزمىڭ خەلق ئۇردى چېدىر ئالۋان،
يىراقتىن كۆردى بۇ چېدىرنى مەيدىۋان.
ئالدىراپ چاپتى ئول فەغفۇرۇ چىنگە،
دىدىكىم باغى كىردى بىزنىڭ ئېلگە.
بۇ سۆزدىن بولدى چىن شەھرى شوراشۇپ،
بەسى تۈشتى خالايىققە تالاتۇپ.

قىلبان قىلغۇلۇقنى راستى مەربۇت،
ياسدى ئەلچىلەر ئىبەرگىلى زۇد.
دىدىكىم ھەرنە دىسىمۇ قوبۇل قىل،
قەيەردىندۇر نە دەيدۇ سەن بىلىپ كىل.
كىلىپ ئەلچى ئىلىپ شاھ ئۆز قاشىغە،
كۆرۈنۈش قىلدى شاھ ھەزرىتىغە.
دىدىكىم ھەرنە دىسىلەر تۇرۇپمىز،
ۋەگەر شەھرۇ، ۋەگەر مالۇ، ۋەگەر قىز.
كۈلۈپ شاھزادە ئىيتۇر بارچە سىزگە،
نەچە كۈن يول بىزنىڭ مىھمانىڭىزگە.
بۇگۈن مۇندادۇرمىز تاڭلا كىتەرمىز،
ۋىلايەتكە زىيان قىلماي ئۆتەرمىز.
ۋەلى بۇ شەھرىڭىزدە بىر سۆزۈم بار،
خەبەر بولمايمۇ دەپ ئاندىن كۆزۈم بار.
ئاياق باش كىيدۇرۇپ ئانى ئۇزاتتى،
شاھ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياخشى كۆزەتتى.
سۆيۈنۈپ كەلدى ئەلچى ئۆز شاھ يېنىغا،
بولۇپ ھەيران ئانىڭ يۈزۈ... ماھىغا.
دىدى ئەلچى كىلىپ خاقانۇ ئەئزەم،
مىسىر شاھزادىسى سۇلتانۇ ئالەم.
چىرىگى بىناھايەت ھىچ زەرەر يوق،
ئاڭا بۇ مەملىكەتتىن ھىچ خەبەر يوق.
دىدى مىھماندۇرمىز سىزگە نەچە كۈن،
سۆزۈم باردۇر مەن سوراي بىر نەچچە كۈن.
كى بىر شاھزادەدۇر مىسلى تولۇن ئاي،
مۇنىڭدەك تۇغۇلمىغان ئالەمدە ھاي ـ ھاي.

## چىن پادىشاسىنىڭ سەيفۇلمۇلۇكنى ئۆيىگە ئۈندەگەنى

بۇ سۆز بىرلە قىلىپ مەجلىس ياراغىن،
ياساپ فەغفۇرى ياخشى كۆشكۇ باغىن،
چىقىپ كىلىپ ئۆزى قىلدى كۆرۈنۈش،
ئانى ئۈندەپ دىدى تەختىم ئۇزاتۇش.
مەلىكزادە قەبۇل قىلدى بۇ سۆزنى،
ياسدى ھۇجرىلارنى ھەم چۇ ئۆزنى.
سەلتەنەت بىرلە كەلدى ئاندە سۇلتان،
ئاتالىقلار بىلە ئول بولدى مىھمان.
بىرىپ سۆھبەت بۇلارغە شاھى فەغفۇر.
قىلىپ بىر ھەپتە چىن شەھرىنە مەئمۇر.
قىلىپ شاھزادە ھەم سىرىنى ئىزھار،
سوراپ كۆڭلى خالايىقتىن بۇ بىسيار.
كى ھىچكىم بىلمەدى تەدبىرىن ئانىڭ،
دىدىلەركىم بىلۇر شاھبالۇ سەنگىن.
ۋەلى بىر پەر بۇ شاھبالنىڭ ھەزرىتىغە،
دىدى شەھرى ئىرۇر ئاتى قەتىنە.
ئىشىتىپ مەنكىم ئاندە كۆپ ياشارلار.
نە كىم مۇشكۈل بولۇر ئاندە تاپارلار.
دىدى شاھزادە قانچىلىك يىراقدۇر،
قىرى ئەيتۇركى بىر يىللىق يىراقدۇر.
ئەگەر توزىل قوپۇپ موللاھ بولسە،
يېتەر يەرگە ئەگەر كىم جەھدە قىلسە.
قىلىپ فەغفۇر ھەم سۆھبەتنى ئاخىر،
كى قىلدى بەش كىشى دۇررى جاۋاھىر.
ئۇزاتتى مىسرى شاھى ئانى تۆيدىن،
قىلىپ مەئمۇر ئول ئەلنى تۆيدىن.

## شاھزادە قەتىنە شەھرىگە يۈزلەنىپ كىمەلەرى غەرق بولغانى

كەل ئەي راۋى رەۋايەت قىل بۇ قىسسە،
نىچۈك تۈشتى مەلىكزادىغە غۇسسە.
دىدى راۋى كى ئىش بىسيارى بولدى،
بەسى مىھنەت بىلە ئەفكارى بولدى.
مەلىكزادە قىلىبان كۆچ ياراغىن،
قەتىنە شەھرىغە سالغاي سوراغىن.
بۇ شاھزادە كىلىپ كىمەگە تۈشتى،
تامامى مالنى سالدى بەكۈشتى.

قوپۇپ بەگلەر كىمەلەرگە كىردى،
تامامى خەلق كىمەلەرگە كىردى.
قوپۇپ شاھزادە كىمەگە كىردى،
خۇدانىڭ قۇدرىتىدىن نە بولدى!
كېلىپ مەلاھلەر كىمەگە تۇشتى،
ئۇلارنىڭ سوكۇنچە كىمە يۇرۇشتى.
مەلىكزادە خىيالى بىرلە خۇررەم،
بى خەندان يوق كۆڭۈلدە زەررىچە غەم.
بۇ ئىشرەت بىرلە شاھ ئالتى ئاي باردى،
قاراۋۇللار ھەممىشە يول قاراردى.
ھەسەت قىلىپ پەلەك بۇ دۆلىتىگە،
يامانلىق باشلىدى مىندى ئاتىغە.
سىكىن - سىكىن بۇزۇلۇق قىلدى تىڭىز،
بىلىنگە باغلىدى شەمشىرى خۇنرىز.
چىراغىن چەتى ۋە توفان قوپاردى،
كى ھەردەم بىر تەرقەسى ئىيداردى.
قاراڭغۇ ئەل قوپۇپ دۇنيا بولۇپ تار،
بولۇپ دەريا يۈزىندە نالەئى زار.
بولۇپ كۈندۈز كۈنى يەلدە تۈندەك،
نە قاتىغ كۈن قىيامەتنىڭ كۈندەك.
توبىدىن چاپقالۇر پىر شۇرى دەريا،
كىمەلەرنىڭ قىلۇر قەددىنى بەرپا.
يەنە قاينايدۇ دەريايى پىرشۇر،
قىلۇر قەھرى قەھرىغە بىلەن پۇر زور.
خۇدانىڭ كۆر، نىچۈك ئاپاتلىرى بار،
كى بىر سائەتتە نە ھىكمەتلىرى بار.
قايان باقساڭ كۆزۈڭگە ئەل كۆرۈنمەس،
ئىلىك سالساڭ سۇدىن ئۆزگە ئۇرۇلماس.
ئورنۇشۇپ خالايىقنىڭ ئۈنىدۇر،
مەگەر گويا قىيامەتنىڭ كۈنىدۇر.
ئۇرۇنۇپ بىر - بىرىگە ھەم ئوترار،
كىمەلەر سۇنۇپ ئول سۇغا پاتار.
قاداقلار سۇندى كىمە بولدى پارە.
كى ھىچكىم تاپمىدى قاچماقغا چارە.
دىدىلەركىم ئۇشۇل تۆرت يۈز كىمە،
بارىسى سۇندى قالمادى نىمە.
چۇ بولدىلەر پانا دەريا لىۋىدە،
كۆرۈنمەس ھىچنىمە دەريا يۈزىدە.
يىدى پاكىزە ئول دەريايى خۇنخۋار،
كى قالمادى ئۇلاردىن زەررە ئاسار.

## شاھزادە بىر تاختىپارە بىلە گىردابغە كىرگەنى

ۋەلى شاھزادىنى ئول سەنئى سانىئ،
بالادىن ساقلىدى ھەم قىلدى مانىئ.
ئىنايەت بەردى قادىر قۇدرىتىدىن،
سۇلايمان يۈز كىيىنىڭ ھۆرمىتىدىن.
دىڭىزكىم بىر زامان جۇش ئۇردى،
ئانىڭ ھۆلىندە شاھ بىھۇدە ئېردى.
يوق ئېردى ئۇ زامان قاشىندە سائىد،
قاشىندىن بولدى غايىپ شەمئى شاھىد.
پەلەكنىڭ گەردىشى قىلدى ئىشنى،
كى كۆرمەدى بارى ئاخىر كىشنى.
كىشى بىلمەس كىمە قايدا بارادۇر،
خۇدا مۇنداغ بالالارنى بىلەدۇر.
كى شاھزادە ئۆزىگە كەلدى نەگاھ،
تەفەررۇج قىلدى دەريا يۈزى ئول شاھ.
نە ئەل بار، نە كىمە بار ۋە نە سائىد،
نە بەگلەر بار، نە سىپاھى نە ئابىد.
كۆرەركىم پارە- پارە تاختا يۈرۈر.
قاشىدا ئەللىك- ئاتمىش چۆرە يۈرۈر.
بار ئىدى دىلبەر ئۇچۇن باغرىدا داغ،
پەلەك سالدى يەنە داغ ئۈستىگە داغ.
بۇ غەمدىن ئاھ- ئاھ ئۇرۇپ بىھۇش بولدى،
قاشىندە چۆرەلەر ھەم مەدھۇش بولدى.

## شاهزاده چۆرەلەری بىرلە گىرداپتا يىغلاشقانلارى

مەلىكزادە يەنە كەلدى ئۆزىگە،
تولۇپ خۇنابلار ئولدەم كۆزىگە.
نە كىم بارچە ياقالارىن قىلىپ چاك،
كۆكسىلىرىن قىزىل قانغا بوياپ پاك.
بىھەللىكلەر تىلەشىپ بىر ـ بىرىدىن،
نە ئەفغانلار قىلۇر بىرلىك يىرىدىن.
كۆرۈك كىم ئىشق ئوتى ئالەمنى ئۆرتەر،
كى ئاشىق نالىسى ئالەمنى ئۆرتەر.
بىغەر خۇنابىسى ھەرگىز توگەنمەس،
نەچە خۇنابە يۇتسا كۆڭلى قانماس.
قىلۇر شاھزادە كىم بىھەد نالى،
تۆكەر خۇنابىلەر مانەندە چالى.
كى ئىيتۇر ئاھ ئۇرۇپ يەلدىن تىلەرمەن،

بەسى يىغلار مەتۇ سۇدىن تىلەرمەن.
قايان باردىڭ قاشىمدىن سائىد سەن،
كىرەك ئىردىڭ بۇ غەمدە ۋاقىغا سەن.
بۇ قالغانلار قىلۇرلەر بارچە ئەفغان،
ساڭا قۇربان بولاي ئى شاھى جاھان.
قاشىڭدا بىز بارى قالمىغاي ئەردۇك،
بۇ دەرد ئىلە سىنى كۆرمىگەي ئەردۇك،
ئاتا ـ ئاناڭ كۆزى گىريان سەن ئۈچۈن،
كى بىز ھەيران بولۇپمىز سەن ئۈچۈن،
كىلىك سەبرى ئىيتەيلى بۇ بالاغە،
قىلىپ شۈكرى تەۋەككۇل ئول خۇداغە.
بۇ ھال ئىلە يۈرۈپ ئۈچ ئاي مۇتلەق،
كۆرۈك بىچارىلەرگە نە سالۇر ھەق.

## شاهزاده چۆرىلەرى بىرلە گىرداپتە نالە قىلغانى

بارى ئىردى ئاندا بىر گىردابى خۇنخۋار،
پانا بولغان كىمەلەر ئاندا بىسيار.
كىلىپ تۈشتىلەر ئاندا بۇ بالاغە،
يەنە بىچارىلەر قالدى جاپاغە.
فىغان قوپتى بۇلارنىڭ ئورتاسىندە،
چۇ قالدىلەر تىڭىزنىڭ ئورتاسىندە.
ئۈزۈپ بارچەلەرى جانىدىن ئۈمىد،
كى بولدىلەر بارى بىسيار ئۈمىد.
بالا ۋە رەنجۇ مىھنەت ئاشىق ئۈچۈن،
ۋەلى ئارمان بىرەرلەر لايىق ئۈچۈن.
بۇ مىھنەت بىرلە ئىيتۇر ئول خۇداغە،
سالام ئىيتۇر يەنە بادى ساباغە،
سابا يەتكۈر سالامىم ئول جامالى،
پىيامىمنى تىگۈر ھۆسنى كامالى.

دىدى شاھزادە ئى بادى شامالى،
چۆ كۆرمەس بولدۇم بەدئۇلجامالى.
سالامىمنى يەتكۈر باغى ئىرەمگە،
مۇشەررەپ بولمىدىم ئول جان سەنەمگە.
سالامىمنى يەتكۈزمەستىن ئۆلەرمەن،
لىۋىدىن دەردى دەردۇ سورماي ئۆلەرمەن
سالامىمنى يەتكۈزمەي ئارماندا ئولدۇم،
داۋا ئىستەپ تىبخى دەرماندە بولدۇم.
سالامىمنى يەتكۈز مىسكىن ئاتامغە،
پايامىمنى يەتكۈز غەمكىن ئانامغە.
تىرىك بولسە تىبخى سائىدغە يەتكۈز،
بۇ قۇلۇڭ ھالىنى ئول شاھىدغە يەتكۈز.
بىخىل قىلسۇن بارى بۇ خەستەلەرغە،
بۇ جەيغۇن بەھرىدە يا بەستەلەرغە.

## شاهزاده چۆرەلەرى بىرلە گىرداپتىن خالاس بولغانلارى

بۇلار ئۈچ ئاي تۇرۇر ئۇشبۇ بالادا،
كىچە ـ كۈندۈز قونارلار ئول جاپادا.

قىلىپ يۈزمىڭ فىغانۇ نالە ئولدەم،
كۆزىنى ئۈيقۇ باستى يەتتى ساغەم.

كۆركەم بىر مەلىك سۇرەت كىشىدۇر،
ئۇل ئېيتۇر ھەرنەكىم تەڭرى ئىشىدۇر.
ئەگەر بولسە ئېردى مېھرى سۇلايمان،
تېگمەز قايناپ چىقار ئېردى بېخىرمان.
ئىشتىكەچ چۇن شاھ پەيدا بولدى،
بۇ غەمدىن مەس ئىدى ھۇشيار بولدى.
قوپۇپ دىدى يىگىتلەر كەلدى دۆلەت،
يەنە ئىدى دۇشنى با سائادەت.

سۆيۈندى بارچەسى بىچارىلەرنىڭ.
سۆيۈندى بارچەسى ئاۋارىلەرنىڭ.
چىقارىپ ئۈزۈكنى دەرياغە ئۇردى،
تېگمەز قايناپ بۇلارنى قىرغە سۇردى.
قۇتۇلدىلەر بۇ بارى بەستەلىكتىن،
سۆيۈندىلەر يۈرۈپ سەرگەشتىلىكتىن.
يەنە بىر نەچە كۈن تۈز يولغە تۈشتى،
تېخى كۆرۈك پەلەكتىن نە ياپۇشتى؟

## شاھزادە چۆرەلەرى بىرلە زەڭگىلەرگە تۈشكەنلەرى

كەل راۋى رىۋايەت قىل بۇ داستان،
بىرى خانەمىدۇر ياخۇد بوستان.
دىدى راۋى قىلايىن بىر ھىكايەت،
قۇلاق سالىپ ئىشتىكىل تا نىھايەت.
بارۇر ئېردى مەلىكزادە يولىغە،
قارارلەر ئېردى ئۇل ئوڭۇ سولغە.
كۆرەركىم بىر كىمە توغرى كېلەدۇر،
بۇلار بىلمەدىلەر ئوغرى كېلەدۇر.
دىدى بۇ كىمە بىزنىڭ ئەلدىن بولغاي،
ۋە ياكى سودىگەر ئەھلىدىن بولغاي.
بۇلار بۇ پىكىر ئىلە شادۇ مەئمۇر،
كى ئىش تۈشكەن ئەمەسلەر مەستە مەئمۇر.
يېقىن كەلدىلەر ئېرسە كۆردىلەر پاك،
يامان دىدارلىق زەڭگىلەر بى پاك.
دىدى راۋى يەتمىش تەن ئىدىلەر،
كى يەپ تويىماس ئىدىلەر ئادىمىلەر.
چۇ كۆردىلەر بۇلارنىڭ نەقلى مەقبۇل،
كى بولدى زەڭگىلەر تۇتماققا مەشغۇل.

مۇسەللەھ بولدىلەر بارى ئۇرۇشقا،
ياراغلانىپ بارى ئوترۇ تۇرۇشقا.
ئۇرۇشتىلەر بەسى تۆكۆلدى كۆپ قان،
ئىلىك تەبرەتكۈنچە چىقتى كۆپ جان.
بۇ زەڭگىلەر تەفەك ئەنداز ئىدىلەر،
ئۇرۇش بابىدا ئاتەش باز ئىدىلەر.
كى ئەتتى زەڭگىلەر چۇن زەرىب زەنگىن،
قىزىل قان بىلەن دەريا قىزارتتى رەڭگىن.
كى دەريا بولدى ھەم تۇتاشقان ئوتتەك،
تۈتۈن بىرلە ھاۋا بولدى بۇلۇتتەك.
كى كۆپ بىچارىلەر كۆيدىلەر ئەكسەر،
كۆيۈپ كېچە بىرلە كۆل بولدى ئەكسەر.
تۇتۇپ شاھنى ئۇن ئىككى چۆرە بىرلە،
ئالىپ دۇرنى بۇ جەمئى مېھرى بىرلە.
ئىلىك ئاياغلارنى باغلادىلەر،
ئۇلارنى غەم ئوتىدا داغلادىلەر.
ئالىپ تەبرەدىلەر باغلابۇ چۇلغاپ،
تامام ئەئزالىرىنى قانغا بۇلغاپ.

## شاھزادەنى چۆرەلىرى بىرلە ئالىپ بارىپ پادشاغە ئېبەرگەنى

بار ئېردى بىر جەزىرە ھەق ياراتقان،
ئانىڭ ئىچىندە زەڭگىلەر تۇراتقان.
بار ئېردى زەڭگىلەرنىڭ پادشاھى،
كى ئەقرىپ سۇفەت زەڭگى سىپاھى.
بۇلارنى ئىلتىدىلەر چەكتىلەر ئاندە،

كۆڭۈلگە ئۆلۈمنى ئەكتىلەر ئاندە.
قەھقەھ كۈلۈبان زەڭگى خۇنخۇار،
شۈكۈنمەي ئىچتىلەر ئادەمى خۇار.
دىدىكىم توققۇزنى ئۆلتۈرۈڭلار،
مۇھەييا قىلىپ ئانى كەلتۈرۈڭلار.

## مۇناجات

دىدى سەيفۇلمۇلۇك سۇببۇھ قۇددۇس،
مېنىڭ ھالىم رۇشەندۇر ئەي يارەن دوس.
سېنىڭ ئالدىڭدا ئاساندۇر رەھىما،
كى بىز سائىل دۇرۇرمىز سەن ـ سەن كەرىما.
كەرىم ئالدىڭدا سائىل يوقدۇر نەۋمىد،
رەھىم ئاتلىق رەھمىتىڭدىن كۆبدۇر ئۇمىد.

## بۇ زەڭگى شاھزادەنى ئىككى چۆرە بىرلە قىزىغە ئىبەرگەنى

ئولتۇرۇپ زەڭگىلەر ئىچىپ شارابى.
يىدىلەر زەڭگىلەر ئادەم كابابى.
كى ناگاھ زىكرى ئېيتىبان زەڭگى كافىر،
خىياللەر قىلدى بۇ يۇردى ئاخىر.
بۇ ئۈچۈسۈن قىزىمغە ئىلتىڭىزلار،
بولسۇن ئاڭا بۇ ئۈچى سوغىتىڭىزلار.
ئىشتىپ بۇ سۆزنى ئۇلار زەڭگى شاھىدىن،
ئۈمىدىن ئۈزدى ئاخىر خەستە جاندىن.
تۇرۇپ بىچارىلەر باغرى جىگەر خۇن،
ۋەلى شاھزادە ئېيتۇر بولدى شۇ بۇ كۈن.
ئۈچۆۋلەننى قىزىغە چۈن ئىبەردى،
ئۇلارنىڭ بىرسى شاھزادە ئېردى.
چۇ كافىر زەڭگى بولۇپ مەستۇ خۇرسەند،
پەرىلەرنى قىلىبان دىۋە دەربەند.
ئېلىپ باردى ئۈچىنى زەڭگى قىزىغە،
كۆزى تۈشتى مەلىكزادە يۈزىگە.
كۆرۈپ شاھزادىنى قىز بولدى ئاشىق،
بارۇنى كۆردى بۇ ئۆزىگە لايىق.
دىدىلەر شاھ ئىبەردى سىزگە ئانى،
كاباب ئېتىپ يەڭ تامامى سىز ئانى.
دىدى زەڭگى بەچچە بەزلەر بىلالى،
كېتۇرۇڭلار نە قىلساق بىز قىلالى.
ئاتاسى ھۆرمىتىن بىجا كېتۇردى،
تەۋەزۇۇ بىرلە تۇردى ئاندىن ئوتۇردى.
كىتۇرگەن ئەلچىلەر كەتتى قاشىدىن،
سۆيۈندىلەر بۇ قىزنىڭ ھۆرمىتىدىن.
دىدىكىم قىز بۇلارنى ياشۇرۇڭلار،
پالان ھۇجرامغا بارىپ تاپشۇرۇڭلار.
ئۇنۇتتىلەر بۇلارنى زەڭگىلەر ھەم،
كى زەڭگى پەيلىنى بىلدى بۇلار ھەم.

## زەڭگى دەھتەر ئۆزىنى ئارەستە قىلىپ شاھزادىنىڭ قېشىغا كەلگەنى

چۇ بىر كۈن قىز ئۆزىنى راست قىلدى،
قوپۇپ شاھزادىگە بىنخۋاست كەلدى.
مەراھىدە شارابى نەقلى بىسيار.
پەراغەت قىلغايۇ بولغان خېبىدار.
يۈزىگە سۈرتۈبان ئول ئۇپا كەچ،
قارا يۈزىگە قارا زۇلفىن قويۇپ پەچ،
قارا كۆمۈر قاشىغە سۈرمە تارتىپ،
قالىن كىرپەچ بىلە يۈزىن ئاقارتىپ.
بويىنى كۆرسىڭىز مىسلى مۇنارە،
گەر ئاغزىغا باقسىڭىز مىسلى غارە.
قارا ئارغامچىنى قىلىپ چۇ ساچ باغ،
قويۇپ ناچاق بويىنغا چۇ ئانى چاغ.
قارا ئۆي تۈڭلۈگىن ئېشەپ قىلىبان،
قارا چەكمەندىن چاش‌بەند قىلىبان.
قىلىپ بىر ئەسكى قەسناقنى بىلەزۈك،
سالىپ نەچە قىزىل ساغۇردىن ئۈزۈك.
چۇ فىلنىڭ تىرنىغىدەك تىرنىغىنى،
قىزىل بوياش ئۈچۈن ياقتى خېنىنى.

يۈرۈر بولسا يۈرۈر دىۋە يۈرۈشىن،
كۆلەر بولسا كۆلەر ئاياق كۆلۈشىن.
ئانىڭ ھەر ئەمچىگىدۇر سوققا،
يۆگۈرسە ئۇنى كېلۇر ساققا ـ شاققا.
يېيىلىپ قىلدەك ئىككى قۇلاغى،
سالپىيار تىۋەدەك ئاستىن دۇداغى.
قۇلاغىغە سالىبان سالىنچاق،
سىرغا ئورنىغە سوغان سارۇمساق.
كېيىپ ئۆرمەكتىن ئەگىنىگە قاراشال،
ھەۋەس بىرلە ئىگەرلەپ ھەم مەسال.
ئانىڭ ھەر بىر كۆزى مىسالى ئۆزەڭگۈ،
قۇلاقلارى مەگەر ئەسكى تىبەنگۈ.
ئانىڭ ھەربىر تىشى ئېرۇر مانەندە سەندان،
نەچە دىسەم سۈپەت قىلغۇنچە چەندان.
چۇ بۇرنىدۇر ئۇلۇغ ئاتاسى گۆرى،
تۆشۈكلەرى مەگەر بىر ئەسكى مورى.
تىلى ئانىڭ جەھەننەم ئەقرەبىدەك،
يۈزىگە باقسىڭىز يەلدا تۈنىدەك.
بۇ سۈرەت بىرلە قىلۇر نە خىيالى،
يۈزۈم گۈلدۇر بويۇم تازە نىھالى.
كى ئالەمدە بىر مەندەك سەنەم يوق،
پەرىلەر ئاشىق ماڭا مەندە غەم يوق.
كۆرۈك مەندەك سەنەم بارمۇ جاھاندە،
مېنى كۆرسە بولۇر شاھزادە بەندە.
بۇ تەلئەت بىرلە كىردى شاھ قېشىغە،
كىرىپ بۇ دىۋە پەرىلەر سۆھبىتىگە.
قوپۇپ شاھزادە ھەم تەئزىم قىلدى،
زۆرۆرەتتىن يەنە تەكرىم قىلدى.
ئېلىپ زەڭگى قىزى شاھنى قاشىغە،
تىلەيدۇركىم ئانى سوقسە جانىغە.
كېلىپ شاھزادىغە بويى ناخۇش،
يىقىلدى سۇسانىپ شاھ بولدى بەھۇش.
دىدى ئۆي قىزلىرى كۆرۈپ سېنى بىل،
بولۇپ ئاشىق ئۆزىدىن باردى بىلگىل.
كى باشىن ئالدى ئول تىزىغا قويدى،
بۇلۇت يۈزىنى ئاي يۈزىگە قويدى.
قويۇپ قىلدەك لەبىنى شاھ لەبىگە،
ئالىپ گۈل غۇنچىنى پىل خارتومىغە.
سۈيەر غۇنچە لەبلەرنى مىسلى ئەژدەر،
قۇچار شاھنىڭ بېلىدىن دىۋە ھەفتىسەر.
خۇمار ئۇيقۇسىدىن ئويغاتتى شاھنى،
قارا بۇلۇت ئېلىپ قوينىغا شاھنى.
ئاياق تولتۇردىلەر يورۇۋادى بادە،
بولۇپ زەڭگى دۇختەرى ئىشقى زىيادە.
بولۇپ سەرخۇش تەلئەت بىرلە قوپتى،
قۇچۇپ بويىنىن تۇتۇپ ئاغزىن ئۆپتى.
ئۆپۈپ ئېيتۇركى ئى جانىم ئىچۈك سەن،
كى مەندىن باشقە جانانىم ئىچۈك سەن.
مېنىڭ ھىجرىم بىرلە تالىڭ ئىچۈكدۇر،
كى مەنىسىز غەمدە ئەھۋالىڭ ئىچۈكدۇر؟

## شاھزادە زەڭگى قىزنى كۆرۈپ زەرافەت سۆزلەر ئېيتقانى

دىدى شاھزادە سەنسىز خۇش ئىدىم،
نىگارىم شەۋقى بىرلە سەر خۇش ئىدىم.
سېنىڭ دىدارىڭغا مەن خىرە بولدۇم،
تېخى ئىشقىڭ ئوتىغە خەستە بولدۇم.
جامالىڭنى كۆرۈپ خۇن بەستە بولدۇم،
ئۆزۈمدىن باردىم ھەم تىيرە بولدۇم.
قارا يۈزۈك ئۈچۈن ھەم باستى قايغۇ،
مۇنەۋۋەر خاتىرىم بولدى قاراڭغۇ.
قاشىڭ قايغۇسىدە يادىك پۈكۈلدۈم،
يەنە گۈل غۇنچىدەك ئاغزىڭنى كۆردۈم.
يىلاندەك زۇلفىلارىڭ ئەفسۇن قىلىبدۇر،
مېنى مۇنداق ئاياغىمنى ئىلىپدۇر.
جامالىڭنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپمەن،
كېتەر بىلمەي چۇ سەرگەردان بولۇپمەن.
كۆزۈڭدىن ئاي يۈزۈمنى كۈنلەرمەن،
يۈزۈمگە كۆپ باقما مەن ئۆلەرمەن.

بۇ قۇلنىڭ بويىنىغە سالما قولۇڭنى،
چۇ ئۆزەڭگە تەڭ ئەتمە گۈل بويۇمنى.

مەلىكزادە سۆز ئېيتتى فەھم قىلماس،
زەرافەت سۆزلىرىنى زەڭگى بىلمەس.

## زەڭگى دەھتەر شاھزادىنىڭ سۆزلىرىنى ئىشتىپ غەزەپ قىلغانى

ئىشتتى زەڭگى دەھتەر ئۇشبۇ سۆزنى،
غەزەپ بىرلە يۈزىگە تىكتى كۆزنى.
كېلىپ قەھرى قويۇپ چىقتى قاشدىن،
ۋە كۆڭلى خاراپ ئول ھەسرەتىدىن.
دېدىكىم مەن سېنىڭ ئىشىڭ قىلايىن،
ساباھ ئەرتە بىلە باشىڭ كېسەيىن.
ۋەلى ئۆلتۈرگىلى ھەيىف كېلەدۇر،
يۈزىن كۆرۈپ يەنە مېھرى كېلەدۇر.
نەچە كۈنلەر بۇيۇردى يارغۇ چەقە،
ھىلە قىلسا ئۇرارلار چەقە-چەقە.
قوللىرىمۇ قاپارىپ يارما تارتار،
كۆزلەردىن بادەئى كەلكۈن ئاقار.
يىغى ئايەدەك بولۇپ تارتار ئول ئۈن،
لەبى لەئلى قۇرۇپ بولۇر جىگەر خۇن.
بۇيۇردىكىم بۇكەز ئۇتۇن توشۇسۇن،
كېچە بولسا يەنە ئاتنى قاتسۇن.
قىلۇر شاھزادىغە مۇنداق جاپانى،
كى يەئنى بۇزمايىن قىلغاي ۋاپانى.
جاپالارنى چېكىۋبان نەچە يىللار،
تۈشدىلەر قىلىپ قۇللۇق ئوتۇنلار.
پەلەكنىڭ جەۋرىنى ئېيتىپ تۈگەنمەس،
مۇرادىن تاپمايىن ئاشىق قۇۋانماس.
كىم ئۇشبۇ ماجرا بىرلە نەچە يىل،
قىلىپدۇر جەبرى ئۇلارغە سەن بىل.
كېچە بولسا تۇرۇپ ئول مۇڭدۇشۇرلەر،
كى ئىش تۈشكەنلەرىگە يىغلاشۇرلەر.
ئېرۇر بۇ ئىشقنىڭ جەبرۇ جاپاسى،
بىرۇر خۇنابەلەر ھىجران بالاسى.
تۈشەر ئەر ئوغلىغە ئەمگەك جاھاندە،
كۆپۈشمەس مۇنچىلار جان بولسە تەندە.

## شاھزادە چۆرەلىرى بىرلە قاچقالى كېچەش قىلغانلارى

كېچەشتى بىر كۈنى بۇ ئۈچ گىرىپتار،
كى مۇندىن بولغۇسى يوق بىزگە غەمخۇار.
بىزنىڭ تىرىكلىگىمىزنى كىشى بىلمەس،
كىشى بىزنى سوراغە مۇنداق كەلمەس.
بۇلارنىڭ ئىلكىدە ئۆلمەك نە ھاجەت،
غۇ مېھنەت ئوتىدا كۆيمەك نە ھاجەت؟
ئەگەر ئۆلسەك سۇ تۈبىدە ئۆلەيلى،
نىمە كۆرسەك سۇ يۈزىندە كۆرەيلى.
ئېرۇ پۇرسەت مۇشۇ زامان غېنىمەت،
ئېرۇر قاچماق ئۈچۈن بۇ دەم غېنىمەت.
يىغىپ خاشاكى سالنى باغلىدىلەر،
قاچار يولنى كېلىپ چاغلىدىلەر.
كېچە بىرلە كېلىبان مىندىلەر سال،
خۇدا دەپ كىردىلەر دەرياغە فىلھال.
نەچە كۈنلەر كېچە-كۈندۇز يۈرۈبان،
كى جەھد ئەيلەپ بۇلار سالنى سۈرۈبان.
كۆرۈندى بىر جەزىرە بەس كى خۇررەم،
يېتىشتىلەر يۈرۈپ بى چارىلەر ھەم.
ئاجايىپ ئول جەزىرە سىرۇ نېئمەت،
چېكىپ ئېردى بۇلار بسيارى مېھنەت.
شۈكۈر قىلدى ئۇلار كۆپ تۇردى ئاندا،
ئاجايىپ نىمسەلەرنى كۆردى ئاندا.
كى كۈن تۇغسا كۈمۈش ئالتۇن تۇغادۇر،
يەنە كۈن پاتسا ئالتۇنلار پاتادۇر.
يەنە بسيارى سەندەل ئۇد ئەنبەر،
يەنە تۈرلۈك يېمىشلەر كۆپ گۆھەر.

قوبۇل قىلدى ئۇلار ئۇشبۇ جەزىرە،
كى قىلدىلەر بىر بىرىنە ھەزىرە.
يىغىپ تۆرلۈك يېمىشلەرنى بە تامام،
قىلىپ قىشنىڭ ياراغىنى سەرەنجام.
كى بىر قىش ئۇشبۇ يەردە ئۆمرى كەچتى،
ئۆچۆيلەن شىرىن شەربەتلەرنى ئىچتى.

**شاھزادە ئاندىن كۆچۆپ مايمۇن شەھرىگە تۈشكەنى**

يەنە بىر كۈن كۆچۆپ ئول مەنزىلىدىن،
تۇرالماستىن پەلەكنىڭ گەردىشىدىن.
نەچە كۈنلەر يۈرۈپ دىلگىرى بولدى،
كى ناگاھ خەزىرە دەستىگىرى بولدى.
كېلىپ تۈشتىلەر ئانىدا نە كۆرەرلەر،
كى قورقۇپ بىر زامان ئۆزدىن بارۇرلەر.
كى ناگاھ چىقتىلەر بىسيارۇ مايمۇن،
ئۇلارنىڭ كۆزلىرى چۈن تاسەلەر خۇن.
يانادۇر كۆزلىرى مانەندە مەشغۇل،
قۇتۇلماس گەر ئۇلاردىن قاچىسا ئىشغۇل.
كى ھەر ھەمدۇنەدۇر مانەندە يولبارۇس،
كۆرۈپ سەرگەشتىلەرنى ئۇردىلەر قەرۇس.
تۇتۇپ ئەلقىسسە بۇ دىل خەستىلەرنى،
كۆتەرىپ كەتتىلەر ۋابەستىلەرنى.
بار ئېردى شەھرى ھەمدۇنە دىگەن شەھەر،
ئەجايىپ شەھرۇ بىھچۈن كەمرۇ بەھەر.
ئالىپ باردىلەر ئۆز سۇلتانلىرىغە،
پۈتۈنسۇخ ھەدىيەلەرنى خانلارىغە.
كۆرۈپ سۇلتانلىرى ھەيران بولدى،
بۇلارنىڭ ھالىغە چۈن گىريان بولدى.
ئوشۇل سۇلتان نەسلى ئادەم ئېردى،
ئاگا بۇ شەھەر ئىچىندە ماتەم ئېردى،
قوپۇپ كۆرۈشتىيۇ ئالدى قاشىغە،
دەر ئىندۇركىم ئۆكۈرۇلسە باشىغە.
دىدىكىم ئەي پەرى رۇي گۈل ئەندام،
نە ھالىڭ ئالدىمدە قىلغىل تامام.
كى ئېيتتى شاھزادە دەردۇ ھالىن،
تامامى ھالىنى ھەم قىلۇ قالىن.
بۇكەز سەۋدايى ھالىنى شاھزادە،
كى ئول سۇلتان بۇ سۆزدىن قىلدى نالە.

**مايمۇن شاھى شاھزادىغە ئۆزىنىڭ ھالىنى ئېيتقانى**

دىدى: بىلگىلكى ئوممان شەھرىدىن مەن،
مەگەر تۈشتۈم خۇدانىڭ قەھرىدىن مەن.
ئاتامدۇر تەخت ئىگىسى ئۇندا بىلگىل،
كى تۈشتۈم شوقلۇغۇمدىن مۇندا بىلگىل.
خىيال ئەتتىم كېزەيىن دەپ جاھانىنى،
كۆرەيىن دۇنيادا ياخشى-يامانىنى.
يۈرۈپ دەريا يۈزىندە سەيرى ئېتەيمەن،
نەچە كۈنلەر يۈرۈپ ئۆيگە كېتەيمەن.
مۇخالىپ يەل قوپۇپ سۇندى كېمەلەر،
چېرىگىم ئاقتى قالمادى نىمەلەر.
يۈرۈر ئېردىم سىنىڭدەك تاغۇ-تۈزدە،
كۆپلەپ مايمۇن يولۇقتى ئۇشبۇ يۈزدە.
بۇلارنىڭ پادىشاھى ئۆلگەن ئىكەن،
ئانىڭ كى تەخت بەختى قالغان ئىكەن.
بۇلارغا رەسىم ئېمىش سۇلتان ئۆلسە،
خوتۇن ئەرگە بارماس كۆپ يىل ئۆتسە.
ئانىڭ ئورنىغە سۇلتان كەلمىگۈنچە،
كى تەخت ئۈستىگە خان مىنمىگۈنچە.
بۇلار ئۆز ئېلىدىن خان قىلماس ئېرمىش،
ئەگەر كۆپ قىلسا تەركى بولماس ئېرمىش.
چىقار ئېرمىش ئۇلار سىر سەھرا،
كېزەر ئېرمىش ئۇندا چۆلۇ دەريا.
ئۇلارغا كىم يولۇقسا ئەۋۋەلى كار،
قىلۇر ئېرمىش ئۇندا شاھ مۇختار.

چۇمەن سەرگەشتە تالىئ ئۇچراشمەن،
ئاتام شەھرىنى گويا كۆرمىشمەن.
يەنە بىر شەھرى ئېرۇر ئىت باش شەھرى،
ماڭا تابە ئېرۇر سەھرا ۋە بەھرى.
ئانىڭ شاھى قىزىن بىزگە ئىبەردى،
تامامى مۇلكى مالىن ماڭا بەردى.
باشى ئىتدەك تامام ئەئزاسى ئادەم،
بولۇبدۇر ماڭا ئول ئۆلگۈنچە ماتەم.
بۇ سۆزنى ئېيتىبان يىغلادى بىسيار،
ئۇرار ئاھ ئۆزىگە ئول دىلفىگار.
تۇشۇبدۇرمەن بۇگۈن زىندان غەمىغە،
كىشى ئېيتماس ئاتام بىرلە ئانامغە.
كى ئىت باش شاھنىڭ قىزىنى ئالدىم،
مەن بىچارە بۇ غۇربەتكە قالدىم.

بۇلارنىڭ تەختى ئېرۇر بىزگە مەرك،
قىلىپمەن دۇنيانىڭ ئىشرەتلىرىن تەرك.
كى بول شاھزادە سەن سەرەفراز،
مېنىڭ ھالىم بۇ ئېرۇر قىشۇ ياز.
نەچە كۈنلەر تۇردى شاھزادە ئاندا،
ئىشتتى شاھۇ ئىت باش ئول زاماندا.
بار ئېردى ئۆيىدە بىر كىچىككىنە قىزى،
تۆگەل ئىتدەك بېشى ۋە يۈزى - كۆزى.
كى مېھمان شاھغە بەرسۇن قىزىنى،
ئۆزىگە قىلماسۇن ئەلبەتتە سۆزىنى.
مۇناسىپ كۆربىبان ئىبەردى قىزىنى،
ئۇلۇغ كۇياۋگە ھەم سالدى سۆزنى.
تامامى مۇلكۇم ۋە. بەختىم ئانىڭدۇر،
تامامى مالۇ رەختىم ھەم ئانىڭدۇر.

**شاھزادەنىڭ ئىت باشلىق شاھ قىزىنى ئالغانى**

كۆرۈڭ سەيفۇلمۇلۇكنىڭ ھالىنى سىز،
ئەكەلدىلەر ئانىڭ ئالدىغە بىر قىز.
باقار شاھزادە بۇ قىزنىڭ يۈزىگە،
كىيىكدەك سەسكىنىپ ھەردەم ئۆزىگە.
كۆرەر بۇ قىز مەلىكزادە يۈزىنى،
كىيىكدەك ئىت مەگەر تىكتى كۆزىنى.
كىشى بىلمەس نە سۆزلىگەي، نە دىگەي،
دەرىندۇركىم ئانى قىلھالى يىگەي.
نە سۆھبەتدۇر كىيىك ئىتكە قوشۇلسا،
نە دۆلەتدۇر كىيىك ئىتتىن قۇتۇلسا.
ئەللىك كۈن قىز بىلەن غەمخۋارە بولدى،
شاھ ئاخىر بۇ كەزدىن دىۋانە بولدى.
قىلۇر پەريادۇر ۋاۋەيلا دەيمەن،
بۇ ئىت چاڭگىلىدىن نىچۈك كېتەرمەن.
مەلىكزادەغە بۇ قىز ھەم نىسپدۇر،
مەگەر دوزاخ ئىلە بۇلبۇل قەپەسدۇر.

بىل ئاخىر شاھ پىرغۇسسە بولدى،
بۇ قىز بىرلە يۈرەككە قايغۇ تولدى.
قىلىپ زارى بىلە تەئسىر قىلدى،
ئوشۇل شاھ ھالىغە دەستىگىر بولدى.
كېلىپ ئۇممان شاھغە يىغلىدى زار،
ئاياغىغە تۇشۇپ شاھى دىلفىگار.
نەچە كۈن توي ئېتىپ شاھزادىغە ئول،
ئانىڭ كۆڭلىنى ئوۋلاپ كۆرسەتتىلەر يول.
ئىچى كۆيۈپ ئىجازەت قىلدى ئاخىر،
سالىپ ئاۋازەكىم قاچتى مۇسافىر.
شاھى ئۇممان دۆلەتىگە فىغانلار قىلدى،
چۇ كەتتىلەر بەدەندىن ھەم ھۇسنى ھەم رەڭگى.
سەپەر قىلدى ئوشۇل گۈل بەرگى لالە،
قىلىپ ئۇممان شاھى تۆكتى دۇررى ژالە.
پەلەكنىڭ كۆركى نىچۈك ئىشلىرى بار،
يەنە بۇ نۇش ئۇچۇن يۈز نەشتىرى بار.

## شاھزادە ئاندىن كۆچۈپ يەنە بىر خۇش جەزىرىگە ئۇچراغانى

نەچە كۈنلەر يۈرۈپ ئاندا كېزىپ يول،
ئۇلۇغ تاغ تېگىزۇ ھەمدە ئۇزۇن چۆل.
پىيادە يۈرۈش بىلمەي ئول شاھىنشاھ،
يەنە دەرياغە تۈشتى كېلىپ ئول ماھ.
بۇرۇر دەريا ئىچىندە دەررۇ شاھى،
دېگىزنى قايناتۇر بۇ شاھنىڭ ئاھى.
بارۇر ئېردىلەر ئالتاي ئۇ سۇدا،
ھەمىشە مەشغۇل ئېردى زىكرى ھۇدا.
يەنە بىر جەزىرە زىبا ۋە خۇررەم،
ۋە لېكىن ۋەھشىدىن ئادەمگە ماتەم.
ئەجايىپلارنى ئىشتىكىل قۇدرىتىندىن،
ئەجەپ ئېرمەس كى خالىق سۇنئىتىندىن.
كېچە بولسا ياغاچلار شۇئلە ئۇرار،
يېشىن ياشناپ يۈزمىڭ مەشئەل ئۇرار.
يەنە بەزى ياغاچلاردا سەمەرۋار،
كىشىنىڭ باشىدەك مېۋەلىرى بار.
ئۇلارنىڭ بەئزىسى ئىت ئۇلاشۇر،
يەنە بەئزىسى قەھقەھ كۈلۈشۇر.
بىلىڭكىم ياشناغان بالىقلار ئەرمىش،
ھارارەتدىن ئۇلار شۇئلە ئۇرارمىش.
ناھايەتسىز يىمىشلار كۆپ ۋە جانگال،
ئەجايىپ كۆپ ئېرۇرلەر چۆپ سەندال.
ۋە لېكىن كۆپ ئەجايىپ ئاپەتلىرى بار،
خۇدانىڭ كۆرگىن نە ھىكمەتلىرى بار.
ئانىڭ ھەر بايقۇشى مانەندە بۈركۈت،
ئۇلۇغ قۇشلارنىڭ تەئرىپىدىن ئۆت.
ئانىڭ ھەر تۈلكىسىدۇر مانەندە قاپلان،
بۆرىسى دىگەيسەن ئاچ ئارسلان.
زەبۇن جانۋاردۇر ھەم قۇمۇرۇسقا،
مۇقابىلدۇر بۇ يولدا يولبارىسقا.
ئانىڭدۇر ساچقىنى مانەندە ئەشئەل،
ياناۇر كۆزلىرى مانەندە مەشئەل.
ئانىڭ ھەر پىشەسى مانەندە تورغاي،
ئەگەر تەگسە تامام قانىڭنى شورغاي.

ئانىڭ ھەر قارچىسى بىر قارچىغادۇر،
نە قارچە بولغاي ئۇلكىم بىر بالادۇر.
ئانىڭ ھەر تورغىيىدۇر مىسلى قازى،
تېخى ھەر ماچىسىدۇر مىسلى تازى.
ئېلىپ بارۇرلەر ئېرمىش خامە ئىتلار،
يېغىلۇر ئېرمىش ئاندا قۇشۇ- قۇرۇتلار.
تامام جانۋارلار ئاندا يىغىلمىش،
بۇ مەئىندە نەپىئى ئالىپ كېتەرمىش.
تۇرۇپ شاھزادە نەچە كۈن بۇ يەردە،
كېچە ۋە كۈندۇز يوشۇرنۇپ بىر يەردە.
تەفەررۇج قىلۇر ئول ئاپەتلەرىغە،
خۇدانىڭ قۇدرەتو سۇنئەتلەرىغە.
كېچە بىرلە كەتتىلەر قاچىپ ئاندىن،
ئۈزۈپ مۇتلەق ئۇمىدلەرنى جاندىن.
خۇدا گەر ساقلىسا تەگمەس ھىچ ئاپەت،
خۇدانىڭ زىكرى دايىم جانغە راھەت.
يۈرەر چۈن ساغىرىپ ئول زەئفىراندەك،
سۇ ئىچرە بولۇپ ئول مىسلى خازاندەك.
كىشىگە ئىشق ئوتىدىن ئوت چاقىلسە،
غەمى يوقدۇر جاھان ئوتقا ياقىلسە.
كۆرۈندى بىر جەزىرە ئۇندا ناگاھ،
سۆيۈنۈپ سوردى سالنى شاھىنشاھ.
تايىنىپ كەلدىلەر ئول چىقتى ئاندا،
كۆرەرلەر كۆپ ئەجايىپ بۇ جاھاندا.
پەلەكتىن شەمس ئولتۇردى بولدى غايىپ،
كى چىقتى سۇ يۈزىگە كۆپ ئەجايىپ.
بولۇبان سۇ يۈزىدە باغ گۈلشەن،
چېچەكتەك بولدى يۈزمىڭ شەمئى رۇشەن.
كى يۈزمىڭ مەشئەللەر سۇدا يىقىلدى،
مەگەركىم ئىككى دەرياغە چىقىلدى.
تېقى يۈزمىڭ سانالار بولدى پەيدا،
بۇلار قورقۇپ بولۇر بىسيارە شەيدا.
يەنە تاڭ ئاتتى ئېرسە بارى يۇتتى،
كى دەريا تۈبىگە پاتتى كەتتى.

بۇ مەشئەللەر بالىقلار كۆزى ئەرمىش،
سانالار ھەم ئۇلارنىڭ سۆزى ئەرمىش.
كى قايسى بىر ئۇن بىرلە خۇدا دەر،
خۇدايىغا جان دىل بىلە سانا دەر.
قۇرۇق ھەم جەزىرە ئېردى پۇر مۇشەققەت،
يوق ئېردى خار خۇاستىن ئۆزگە مىھنەت.
كۇرا بىلمەي يەنە كۆچتىلەر ئاندىن،
قاناتلىق قۇش كەبى ئۇچتىلەر ئاندىن.
ئىككى بىچارە ھەم كۆڭلىن كۈزەتىپ،
يۈرۈرلەر غۇسسە ھەمدە مىلتىق ئاتىپ.
ئەجايىپ تاشلاپ ئىدى چۇ بۇ دەريا،
ئۇلار ئېيىتۇر بىر خوپ يەر بولسا پەيدا.
كى ئاندىن ئۆزگە يەرگە كەتمىگەيمىز،
كۆچەر پىكرىنى ھەرگىز ئېيىتمىغايمىز.
بۇ سۆزنى ئېيىتۇر ئېردى ئىككى يارى،
تىگەر شاھزادىنىڭ باغرىغا خارى.
ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ھەق سالۇرمىش،
ئۇنىڭ ئۇچۇن ئۇشۇل جايدا قالۇرمىش.
ئۇلار بۇ سۆز ئىلە مەھكەم تۇراردە،
شاھىنشاھ ئاھ ئۇرۇپ پىكرى يۈرۈردە.
كى ناگاھ بىر ئۇلۇغ جەزىرە كۆردى،
تۈزەتىبان سالنى ئاڭا سوردى.
دىيەرمىشلەر ئانى ئىسپەندىيار باش،
تابولۇر ئەرمىش ئاندا مىۋەلەر ئاش.
كى بىر خوپ جەزىرە ئول باغۇ گۈلزار،
لۇتىف ئالۋانۇ تۈرلۈك مىۋەلەر بار.
چۇ كۆردىلەر بۇنىڭدەك باغۇ بوستان،
دىدىلەركىم تۇرارمىز بۇ زىمىستان.
يۈرۈبان ھېچ يەرگە كەتمە بولماس،
مۇنىڭدەك يەرنى سالىپ كەتمە بولماس.
خۇدانىڭ قۇدرىتىن كۆرمەك كېرەك بىز،
نەكىم كەلسە رىز بەرمەك كېرەك بىز.
كى سەيفۇلمۇلۇك كۆپ ئەندىشە قىلدى،
تەھەممۇل بىرلە سەبرىن پىشە قىلدى.
كى بىر يىل تۇردىلەر قىلماي تەبەسسۇم،
فىراق ئوتى بىلە دايىم تەۋەھھۇم.
تۇرۇپىدۇر غەم بىلە خۇرسەندە بولۇپ،
دېڭىز ئورتاسىدا دەربەندە بولۇپ.
قوپۇپ دامۇ گاھى قارماق سالۇرلەر،
بېرىن ئىككى بالىقلاردىن ئالۇرلەر.
يۈرەرلەر غەم بىلەن بىچارىلەر شاد،
ئۇشۇل غەمكىن ئول غەم بىرلە دىل شاد.
كى بىر نەچەنى كۆرە بىلمەي بۇ گەردۇن،
ئۇلارنىڭ خاسىنى قىلدى دىگەرگۇن.
ئول ئىككى يارنى بىمارى قىلدى،
يەنە شاھزادەنى ئەفكارى قىلدى.
قىلىپ سەيفۇلمۇلۇك نالانۇ ھەيران،
يۈرەگى پارە بولۇپ باغرى بەريان.
مەلىكزادە قىلىپ بىر ئايۇ تۇمار،
يۈرۈش قىلدى ئۇلار چۇن ئاخىرى كار.
ئۇلارنىڭ دەردىدە بىسيارى كۆيدى،
كۆمۈشتەك كۆكسىنى بىسيارى سۆيدى.
غېرىپلار روھىغا تەكبىرى قىلدى،
غېرىپ ئۆلمەك بەسى تەئسىرى قىلدى.

## شاھزادە ئاندىن قېچىپ بىر بالاغا گىرىپتار بولغانى

كى ئەي راۋى رەۋايەت قىل بۇ گۈپتار،
نىچۇك بولدى مەلىكزادە گىرىپتار؟
قويۇبان ئاھ ئۇرۇپ شاھ يولغە كىردى،
كېلىپ يالغۇز يەنە شاھ سۇغا كىردى.
ئۆزى بىلمەس بۇ سال قايدا بارادۇر،
كىرىپ دەرياغە سەرگەردان بولادۇر.
قىزىدىن كۆتەرە بىلمەس باشىنى،
كۆزىدىن ھەم تىيا بىلمەس ياشىنى.
مەلىكزادە ئاھ ياشىدىن تولدى دەريا،
قىلۇر ھەردەم بىر ئۆزگە مەۋجى دەريا.
چۇ قوپتى ناگىھان بىر مۇختەلىپ يەل،
كى چايقاپ ھەر تەرەپ شاھنى سىراسەل.

نىچۈك بولسە بۇ شاخان خارى خاشىك،
چىشلىدى، باغلادى بوشادى خەس پىك.
ئىلىك يۇدى مەلىكزادە جانىدىن،
يۈزنى چۇ يۇدى يۈرەك قانىدىن.
يولۇقۇپتۇ شاھقا ئاندا بىر ياغاچچى،
قۇرۇتۇپ قويۇلغان ئىكەن ئاق ياغاچى.
ئۇ كۆرۈپ يەل سۈرۈپ كەلتۈردى ئاندا،
مۇنىڭدەك مۇپتەلا بارمۇ جاھاندا.
گاھى ئاستىن باقادۇر گاھى ئۈستۈن،
كى بولدى بىر تۇتام خەس يۈزمىڭ ئالتۇن.

ئۆزىنى بەركىتىپ بولدى گىرىپتار،
ياغاچ ئۈستىدە قالدى شاھ ھالى ناچار.
كىچە يۇلتۇز بارى سۇدا كۆرۈنۈر،
بۇ ئاي كۈن ئاراسىندە كۆرۈنۈر.
ئىچەر خۇنابىلار ھەر كۈندە يۈز غەم،
ئانىڭ نەقلى ئىرۇر ھەردەمدە يۈز غەم.
تۈگەنمەس دۇنيادا ئاشىق بالاسى،
كى بولماسۇن كىشى ئىشىق مۇپتالاسى.
كىلۇر ئاشىق جانىغە ئىشقى كۆپ جەبىر،
يىتەر مەقسۇدىغە ئاشىق قىلىپ سەبىر.

## مەلىكزادىنىڭ ئاللا تائالاغا نالە قىلغانى

مەلىكزادە چۇ قالدى ئاندا ناچار،
كى بولدى ئۈچ كىچە ـ كۈندۈز گىرىپتار.
كەرىما، قادىرا، پەرۋەردىگارا،
نىھان سۆزلەر ساڭادۇر ئاشكارا.
نە يازدىم، نە يىڭىلدىم ھىچ بىلمەيمەن،
جاپادىن ياخشىلىققا ھىچ كەلمەيمەن.
بۇ يەردە ئۆزگە ھىچ تەدبىرى يوقدۇر،
خۇدا سەندىن ئۈكۈن دەستىگىرى يوقدۇر.
ئىنايەت قىلدى يەتتى قۇدرەتۇللا،
خالاس ئەيلەر ئانى ئول ھىكمەتۇللا.

قىلۇر ئىردى مەلىكزادە تەزەررۇئ،
ئىنايەت بىرلە كەلدى رەھىم تەۋەققۇئ.
قۇلاغىغە سادايى كەلدى ناگاھ،
كۆزۈن ئاچىپ يۇقارى باقتى ئول شاھ.
نەزەر قىلدى ھاۋاغە شاھى شەيدا،
كۆرەركىم بىر ئۇلۇغ قۇش بولدى پەيدا.
يازىپ چاڭگالىنى قۇش قەس قىلدى،
ياغاچنىڭ باشىدا شاھ بەستە بولدى.
ئالا بولماي قونۇپ ئولتۇردى ئاندا،
ئىرۇر قەستى ئانىڭ شاھى جاھاندا.

## شاھزادە ئول قۇش ئاياغىغە ياپۇشۇپ خالاسلىق تاپقانى

دىدى شاھ نەچە خۇنابە يۇتەرمەن،
نە بولسام بولايىن قۇشى تۇتارمەن.
قولۇمدا تۇتتۇم قۇشنىڭ ئاياغىن،
تۇتۇپ دەمدەمگە ئىچتىم تىرىك ئاياغىن.
تۇتۇپ قۇشنىڭ پۇتىنى مەلىكزادە،
يۇقارى قۇش قويىي دەريا بىندارە.
ياپۇشۇپ تىشى ھەم تىرناغى بىرلە،
ئىبسىلىپتۇر ئوشۇل تۈن ئۇپراغى بىرلە.
چۇ بىر كىچەيۇ كۈندۈز ئۆتتى زاھىر،

كى بولدى ناگىھان نەق بىر تاغ ھازىر.
يىتىشتى تاغنىڭ ئۈستىگە ئول قۇش،
كىلىبان ئاشيانىغە كىلىپ تۈش.
مەلىكزادە ئانىڭ كۆردى ياراغىن،
تۈشەر تۈشمەس قويۇپ بەردى ئاياغىن.
ھاۋادىن كىلىبان خوش يەرگە تۈشتى،
كىم ئول يەرگە بەسى قاتتىغ ياپۇشتى.
يىشىندى بىر قىنيا تۈبىگە مەھكەم،
غەنىمنى تاپىمىدى فىلھالى ئول دەم.

### شاھزادە ئول قۇش ئايىغىدىن تۇتۇپ بىر ئەژدەرھاغا ئۇچراغانى

چۇ ئۆتتى پۇرسىتى ناگاھ بۇ ئەژدەر،
يولۇپ پەيدا مەگەر ئالەمنى تارتار.
دىدى سەيفۇلمەلىك كىم يا ئىلاھىم،
تېڭى سەندىن ئۇ كۈن يوقدۇر پاناھىم.
بويۇن سۇندۇم ئەزەلدە قىسمىتىڭگە،
سېغىنىپ مەن ھمىشەم ئەسمىتىڭگە،
بۇ ئەژدەرگە ھەمىشە ئادەت ئەرمىش،
كى بۇ قۇشنىڭ بالاسىن يىيەر ئەرمىش.
كۆرۈپ بۇ قۇش ئىلانغە ھەملە قىلدى،
ئىلاننىڭ ئاغزىدىن ئوتلار چىپچىلدى.
بۇ قۇشنىڭ ئۆيىگە قەست قىلدى ئەژدەر،
كۆرۈپ شاھزادە دەر ئاللاھۇ ئەكبەر.
كېلىپ ئەژدەر ياپۇشتى قۇش يىراقتىن،
كىلە بىلمەي فىغان ئەيلەر يىراقتىن.

### شاھزادىنىڭ ئول ئەژدەرھانى ئۆلتۈرگەنى

مەلىكزادە كۆرۈپ بۇ ھالنى قۇشغە،
نىيەت قىلدى ئەژدەر ئىلە ئۇرۇشغە.
بار ئېردى بىر تەبەر تاشى بىلىندە،
ئەكەلگەن ئول زەڭگىلەرنىڭ ئېلىندە.
يېرۇپ شاھزادە ئۇردى بىلغە،
كى مەرەبىبە ئايىرىن قىلدى ئالىغە.
كېسىلدى ئورتادىن ئەژدەر قەلەمۋار،
بۇ قۇشنىڭ دۇشمەنى بولدى نىگۇسار.
بۇ قۇش كۆردى يىگىتنىڭ زەربەدەستىن،
تەرەھھۇمدىن كۆتەرذى ئەمدى قەسدىن.
ئالىپ چىقتى قۇش ئۆيىگە ئىلاننى،
مەلىكزادىگە بەردى تەڭرى جاننى.
شۇكرى قىلدى تەڭرىگە ئول پاراۋان،
ئاتا قىلدى مەگەر ئاڭا يېڭى جان.
كى ساقلار بولسا تەڭرى ھىچ بالا يوق،
ئېگەر ئالەم بېغى بولسا خاتا يوق.

### شاھزادە ئۆز ھالىغا نالە قىلغانى

شەئۇل قۇش قاپىدىن ئۇچقاندا بەتراق،
تېڭگە تەگىمدى بىر زەررە تىرناق.
شۇكرىلەر قىلىبان شەھ تاغقە تۇشتى،
مەگەر ئول باغ ئىلە بوستانغە تۇشتى.
بەسى تاشلاپ ئىدى دەريا ھاۋاسى،
ياراشتى جانغە سەھرا ھاۋاسى.
ھوزۇر بەخشى ئېتەر ئادەمگە تۇپراق،
مەلىكزادىگمۇ لالە ۋە ياپىراق.
كى زىبادا مەنەدۇر سەبزە خۇررەم،
تۇشەر ئېردى سۇبھى دەم گۇللەرگە شەبنەم.
دىماغىغە ياغار سەھرانىڭ ھىدى،
بۇ يالغۇزلۇقتا ھەمدە كېرەك ئىدى.
ئەجەپ ھەيران ئېرۇر قاي سارى بارغاي،
كىشى يوقدۇر ئانىڭ ھالىنى سورغاي.
بەسى خوب تاغ ئېرۇر نېمەتلىرى كۆپ،
كى ھەمدەم بولمىغاچ مېھنەتلىرى كۆپ.
ئالۇر كۆڭلىنى شاھىنشاھنىڭ كۆپ ھاۋالار،
قىلۇر ھۇ بىرلە يۈزمىڭ ئول ناۋالار.
بۇ ھالەتتە ئول نىگارىن ياد قىلدى،
كۆيۈبان نالەئى پەرياد قىلدى.

### شاھزادە خۇدايى تائالاغە نالە قىلىپ فىغان ئەيلەگەنى

دىدى باۋاقىغا سىررۇلخۇفىيا،
كى يالغۇزلارغا مۇنىس سەن خۇدايا.
سېنىڭ زىكرىڭدىن ئۆزگە ئېيتۇرۇم يوق،
بېشىم باركى بۇ يولدىن قايتارىم يوق.

بۇ يالغۇزلۇقتا بولدى ھەمدەمىم ئاھ،
بىغىر قانىن ئىچىپ شامۇ سەھەر گاھ.
مىنى مىسىر ئىلىگە سۇلتان ياراتتىڭ،
ۋەلى رىزقىم يۈرەكتە قان ياراتتىڭ.
ئەگەر شاھ ياراتتىڭ بەندە قىلدىڭ،
جاپا تىغى بىلە باغرىمنى تىلدىڭ.
بارى شاھزادىلەرغە راھەت بىرىپسەن،
ماڭا تۇرلۇك بالا مىھنەت بىرىپسەن،
بارى شاھلار سىپاھلارى بىلە شاھ،
ئۆزۈم مىسكىن سىپاھىم غەم بىلە ئاھ.
بارى شاھلارنى قىلدىڭ يەلگە لايىق،
مىنى مىسكىننى قىلدىڭ يەلگە ئاشىق.
بارى شاھزادىلەر قەنۇ شىكەر يەر،
ئۆزۈم بىچارىمەن جىگەر خۇنۇم زەر.
تىرىككىم سەبرى قىلغايمەن بالاغە،
ئانىڭ يولىدا شاكىرمەن جاپاغە.
ئەگەر يۈزمىڭ جاپا چىقسا ئەپلاكتىن،
يۈز ئۆرۈرمەن تىغى ئۇشبۇ تىلەكتىن.
ئىنايەت بىرلە بۇ مەقسۇدىغە يەتكۈر،
تەرەھھۇم بىرلە مەتلۇبىمغە يەتكۈر.
چۇ يىلدىن يىلغا سورارمەن خەبەرلەر،
كى ئەلدىن ئەلگە ئىستەرمەن نەزەرلەر.

### شاھزادە نىگارىنى ياد ئىتىپ نالە قىلغانى

سابا يەتكۈز نىگارىمغە سالامىم،
گۈلىستانۇ ئىرەمگە ئول پايامىم.
ئول ئاندا نازى بىرلە خىرامان،
ئۆزەم مىسكىن يۈرۈرمەن گىريان.
نىگار گۈلدەك تۇرار باغۇ ئىرەمدە،
ئانى كۆرمەك ئۈچۈن مەن دەردۇ غەمدە.
نىگارىم تەختىدە ئىشرەتتە ئىيىگىز،
مىنى بىدىل يولدا دىدى خۇنرىز.
ئۆزى نازۇك ئىرۇردۇر ئول چىمەندە،
مىنى بىچارە قىلدى ئىشقى تەندە.
ئىرۇر ئول گۈل پەرىگە شاھىنشاھ،
ئۆزۈم مىسكىن گادا دۇررى مىھراھ.
كۈچۈم يوقدۇر خىزمىتىغە يىتەرگە.
تىلىڭ يەتمەس ھەرىمىنى تۇتارغا.
يۈزىنى كۆرگىلى تىلەيمەن ئۆزىنى،
سوراپ ئالەمدە ئىشتتىم مەن سۆزىنى.
پىراق ئوتىدا كۆيمەك ھەم سەراسەر،
كىچە ـ كۈندۈز ماڭا بولدى بەرابەر.
غىرىپلىق يولىدا ئولكىم دۇر ۋاھ ئاھ،
غىرىپلار ھالىدىن ئول ئىرمەس ئاگاھ.
مىنىڭ ھالىم بۇ ئىرۇر ياز ۋە كۈزدە،
كى جان ھىجران بىلەن بۇ تاغۇ تۈزدە.
تەلەپ يولىغە كىردىم يانمىغىم يوق،
نەچە خۇنابى ئىچسەم قانمىغىم يوق.
تەۋەككۈلنى ساڭا قىلدىم خۇداسەن،
بارى بىچارىلەرگە رەھنىماسەن.
بارىنىڭ سىرىنى بىلگۈچى سەن سەن،
بارىنىڭ يولىنى تۈزگۈچى سەن سەن.
يۈز ئۆگۈرمەن تىغى كۈللى جاپادىن،
ئۈمىدىم كۆپتۈرۈر ئاخىر ۋاپادىن.
مىسالدۇر ھەركىشى چەكسە جاپانى،
كۆرەركىم ئاقىبەت ئاندىن ۋاپانى.

### شاھزادە يەنە ئۇلۇغ بەھەيبەت تاغلارغە ئۇچراغانى

غىرىپ بىر يىل ئول تاغ ئىچرە قالدى،
كىتە بىلمەي يامان داغ ئىچرە قالدى.
بولۇپ ھەيران قايان بارۇرنى بىلمەي،
هامان يىغلار قەدەم سالۇرنى بىلمەي.
ئۇلۇغ تاغلار بەھەيبەت پۇر سىياسەت،
بولۇر تاغلاردا ھەم مىڭ تۇرلۇك ئاپەت.

كېلۇر ئەژدەرۇ ئارسلانلار ئۈنى،
تېخى يولبارسنۇ قاپلانلار ئۈنى.
خۇدانىڭ ئىسمەتىگە سېغىنىپدۇر،
نەكىم بولسا قازا ئانى كۆرۇپدۇر.
بويۇن سۇندۇم كەلگەن بارچە قازاغە،
رىزا بولۇپ تۇردۇم ھېكىم خۇداغە.
تۇتۇپ يولنى تىشى تىرناغى بىرلە،
ياپۇشتى تاغقا ئول ئون بارماغى بىرلە.
چىقىپ بولدى دىگەندە ئول تاغ باشىغە،
بولۇبان تاشلارى نەم كۆز ياشىغە.
قىراۋۇلدەك كۆزەتتى تاغۇ تۈزنى،
كۆرەر دەريا تۇتۇپدۇر يەر يۈزنى.
يەنە بىر ياندۇركىم دەشتى سەھرا،
كى بولماس ئاندا بىھۇدە پەيدا.
بۇيان باقساڭ تىڭىزدۇر ھېچ ئۇچى يوق،
ئەگەر چۆلگە كىرەي دىسە كۆچى يوق.
كېلۇر ھەر ياندىن ئارسلانلار تاۋۇشى،
يىلان بىرلە يەنە قاپلان خىرۇشى.
تەۋەككۇلنى قىلىپ ئىندى دەرياغە،
چىقار چىقماستا ئۇچرىدى بىر بالاغە.

**شاھزادە ئاندىن چىقىپ بىر يولبارسقا ئۇچراغانى**

كۆز ئالدىدا بىر يولبارس ناگاھ،
بۇلۇت گۇكىرابان قارىس ئۇردى باشاھ.
بار ئېردى بىر تەبەر تىشەسى بارى،
ئىلىندە زەڭگىلەرنىڭ يادىكارى.
دىدى قاچقان بىلەن قۇتۇلسا بولماس،
قاراپ تۇرۇپ خاتۇندەك ئۆلسە بولماس.
ئەر ئوغلىكىم قەدەم قويسا چۇ يولدا،
قەدەم يولدا كېرەكدۇر باشى قولدا.
يۈگۈردى ئالدىغە ئول شاھىنشاھ،
ئاچىپ ئاغزىنى ساچراپ قوندى ناگاھ.
خۇدانى ياد ئېتىپ ئول شاھى غازى،
ئۇچۇپ قوندىكى مەگەر شاھى بازى.
تەبەر تاشى بىلە ئۇردى ئېڭەككە،
كېسىپ ئاغزىنى ئۆتتۈپ بويۇن سۆڭەككە.
يىقىلدى ئالدىدا ھايۋانۇ خەربى،
تېگىپ شاھزادىنىڭ دەستى زەربى.
كى مۇررىخ ئاپىرىن قىلدى ئىشىگە،
نە تىغ ئۇرماق نە قان تۆكمەك كىشىگە.
ئانىڭ دۇمبىسىدىن بىر تاسمە تىلدى،
ئۆزىنىڭ بېلىگە بىر بەستە قىلدى.
يۈرۈبان جىستە چاپىك چىقتى تاغدىن،
كۆتەردى مىڭبەلەر مىسلى باغدىن.
يۈردى شاھ نەچچە كۈنلەر دەشتى چۆلدە،
قۇش ئۇچماس بايابان تاغۇ تۈزدە.
يۈرۈپ يۇمشاق ئاياقلارى ئويۇلۇپ،
تېخى نازۇك تاپانلارى سويۇلۇپ.
يېڭى ئايدەك بولۇپ قەددى پۈكۈلۈپ،
يۈرۈپ يىغلابان كۆزىدىن دۇر تۆكۈلۈپ.
ئاياقچى كۆز بىشىمدۇر ھەمدە ھەم ئاھ،
ھەمىشە دەركى يا رەھمانۇ ئاللاھ.
مېنىڭ ھالىمنى ئۆزگە سەن بىلۇرسەن،
نىچۇك تەدبىر قىلۇرسەن سەن بىلۇرسەن.

**شاھزادە ئاندىن يۈرۈپ بىر دىۋىنىڭ چاھار باغىغە كىرىپ بەدىئۇلجامالدىن خەبەر تاپقانى**

كەل ئى ساقى ئەكەلگىن بادەئى نار،
راۋايەت قىلدى راۋى خوش ئاخبار.
دىدى: راۋى ئىشتىكىل خۇش خەبەرنى،
ۋەلى كۆرسەتمىسۇن تەڭرى زەرەرنى.
قىلىپ مەنزىل دەساھىللار بىساتى،
نە يەرگە يەتكۈرۈر ئول سانىئ ھەيىيى.

كۆرۈندى ئالدىدا بىر پىشتۇ ناگاھ،
يۈرۈپ جان ۋە ھاۋادىن يەتتى شاھىنشاھ.
كى چىقتى پەشتىنىڭ ئۈستىگە ئولدەم،
تۇراز ئالدىدا بىر مەيدانۇ خۇررەم.
يېقىن تۇشۇپ تۇرۇر دەريا لىبىدە،
ئاقار قاينار تېڭىز ئانىڭ تۇبىدە.
تەفەررۇج قىلسا جانۋار ئۇنى كەلمەس،
تەفەخۇس قىلسا قۇشلار ئۇنى بىلمەس.
چۇ قۇۋۋەت يوق ئىدى بىر زەررە تەندە،
يېتىپ پىشتە ئۈزە ئولتۇردى ئاندە.
كۆرۈپ شاھزادىنى مەيدانغە كىردى،
كى باش ئويناغالى مەردانە كىردى.
دىدى مۇندا بەشەر ئېرمەس پەرىدۇر،
ئەگەر بۇدۇر پەرى دىۋىنىڭ بىرىدۇر.
ئانىڭ ئىشىگىنى كۆردى كۇشادە،
خۇدا دەپ كىردىلەر شاھزادە ئاندە.
كۆرۈك شاھزادىنى مەيدانغە كىردى،
كى باش ئويناغالى مەردانە كىردى.
تۇرارلەر چارە باغدا پەرى رەئنا،
نە تۇرلۇك مىۋىلەر بار ئېردى ئاندا.
ئاچىلىپ گۈللەر نازۇك چىچەكلەر،
كى چۇلغانۇپ نە ھال ئىلە بىچەكلەر.
يۈرۈبان سەيرى قىلدى ھىچ جانى يوق،
بەسى رەئنا چىمەندەدۇر جاھانى يوق.
تېخى بىر ئورتاسىدە بىر كوشكى ئالى،
مۇنەققەش ھۇجرىلەردۇر بارچە خالى.
كى ناگاھ چىقتى بىر شىر تىلسىمى،
ئوقۇدى شاھ خۇدانىڭ بۇزرۇك ئىسمى.
باھادۇر شاھ قاچمايىن ئوتتۇردا تۇردى،
خۇدانى ياد ئېتىپ باشغا ئۇردى.
كېسىلدى شىر باشى ھەم يەرگە تۇشتى،
ئانىڭ تەزۋىرى مىكرى كۆككە ئۇچتى.
كۆرەركىم قەغەزدە بىر پارە سەيرىش،
قىلىپ تەزۋىر ئىلە دىۋىلەرگە ئىش.
بۇ كەز كۆڭلى تىنىپ كىردى شاھىنشاھ،
ئەجايىپ مەنزىلى خۇش كۆردى ئول ماھ.
ھەۋەس بىرلە ياساپدۇرلەر بىر ئۆيۈ،
ھەرەم قىلغاي ئىمىش ئانى شاھى دىۋ.
سالىپدۇر ئىشىگگە قۇلپى ئالتۇن،
مۇنۇڭدەك يەرگە كەلدى شاھى مەجنۇن.
ئاچقۇچى يوق ئانىڭ ئىشىگىن ئاچقاي،
نە بار ئېردى ئانىڭ ئىچىندە باققاي.
سوغۇردى پالتىسىن قۇلۇپنى ئۇردى،
ئىشىكنى ئاچىبان ئول ئۆيگە كىردى.
لۇتف ئۆي كۆردى لەئلى جۆھەر ئاندە،
يەنە قىممەت باھالىق گۆھەر ئاندە.

**شاھزادە ئول ئۆيدە تەخت ئۈزرە بىر ماھى پارەنى كۆرگەنى**

نە كۆردى شاھ ئول ئۆيدە سەن ئىشىتكىل،
قۇلاق سالۇ فەراغەت قىلۇ كەتكىل.
تەخت ئۈزرە ياتىبدۇر بىر نىمەرسە،
چۇ شاھ كۆرگەن ئەمەس مۇنداغ كىم ئەرسە.
بارىپ چىمىرىشنى ئاچتى يۈزىن،
كۆرەر بىر نازىنىن جانۇ شىرىن.
ياتىبدۇر تەخت ئۈزر بىر ماھى پارە،
يۈزىن كۆرگەچ ياقاسىن قىلدى پارە.
كى يەئنى ئول تىرىك بولسا قوپاردى،
مېنى كۆرۈپ يۈزىنى ھەم ياپاردى.
ئەگەر ئۆلۈك دىسە ئاندە نەپەس بار،
ۋەلى تۇتسە ئالدىدە نەپەس بار.
يىلاندەك پىچ ئۇرۇپ ساچى ياتىندە،
كى جان بارۇ ھەركىتى يوق تەنىندە.
باشىنىڭ ئاستىدە بىر لەۋھى ئالتۇن،
مەگەر قىلغان بۇ تەختغە جىگەر خۇن.

دىدى كۆپ تۇرمىغىم ھىكمەتتىن ئېرمەس،
بۇ تەختە قالسا ھەم دۆلەتدىن ئېرمەس.
تۇرۇپ بۇ تەختنى ئول قولىغا ئالدى،
تېخى بىر پارەدۇر قوينىغا سالدى.
ئالىپ چىقىپ ئىشكتە بىر لەھزە تۇردى،
بۇ قىز ئۆيىنىڭ ئىچىندە ئەتسە ئۇردى.
كى باقسا ئولتۇرۇبدۇر نازىنىنى،
يەنە كىردى ساغىندى ئۇيقۇسىنى.
يەنە تەخقە كىرگەچ باردى ئۆزىدىن،
كۆزىن يۇمدى تېخى قالدى سۆزىدىن.
تەفەخخۇس قىلسە بۇ لەۋھى ئىچىندەدۇر بەند،
قىلىپدۇرلار ئانىڭ ئۇيقۇسىنى بەند.
بۇ كەز تەختنى تاشقا راۋا ئاتتى شاھ،
قوپۇپ ئىزلە‌ردى تەخت ئۇستىدە ئول ماھ.
سالام ئەتتى تەۋەززۇئ بىرلە سۇلتان،
يۇزىگە باقتى شاھ قالدى ھەيران.
دىدى بارىپ پەرىدۇر يا ئادىمدۇر،
مۇنۇڭدەك يەردە دىۋە ھەمدەمدۇر.
بولۇپ ھەيران بۇ قىز دىدى ئۇلدەم،
كىلە بىلمەس پەرى خانىغە ئادەم.
قىز ئېيتتى ئەي يىگىت سۆزلە نەجان سەن،
بەسى مەئلۇم ئېرۇر دىلكەيرى جان سەن.
شاھ ئېيتۇر ئىنسى جىنسەن يا پەرىسەن،
بەشەرسەن ھۆر يا شاھۇ پەرىسەن؟
قىز ئېيتۇر ھۆل تىلما ئادىمى مەن،
زۆرۇرەتتىن بۇ دىۋە ھەمدەمىمەن.
تۇرۇپ يىغلاپ كۆرۇشتى ئىككىلەسى،
ۋەلى قورقار كېلۇر دىۋان ئىگەسى.
دىدى شاھزادە مەندەك زار ئىمىش سەن.
فىراق ئىلكدە ھەم ئەفكار ئىمىش سەن.
نە ھالىڭدۇر ماڭا ئېيتقىن سىراسەر،
كى بولغايمۇ ماڭا دەردىڭ بارابەر؟
ئاتىڭ كىمدۇر قايۇ يەرلىك بولۇرسەن،
سەبەب نەدۇر كېلىپ مۇندا تۇرۇرسەن،
قىز ئېيتۇركىم سەن ئەۋۋەل سۆزلە ھالىڭ،
ئىشتەيكىم نە بېرۇردۇر مۇژدە ھالىڭ.
دىدى شاھزادەكىم قىسسە ئۇزۇندۇر،
كى دىۋىنىڭ ئالدىدا ئادەم زەبۇندۇر.
ئەرىز قورقۇنچ ئەمەسدۇر كەتمەي ئۆلسەم،
بولۇر ئارمان خەبەرنى ئىشتمەي ئۆلسەم.
قىز ئېيتۇر دىۋىلەر يەنە ئۇچ كۈندە كېلۇر،
كېلىپ ياخشى ـ يامان ھالىمنى بىلۇر.
كېلۇرمە ئادىتى ھەر كۈندە بولۇر،
تۇرار ئۇچ كۈن تېخى ئاۋارە بولۇر.
مىنى بەند ئېتىپدۇر ھېچ بىلەلمەيمەن،
ياتقانىنى / بىلمەن سۆزلىيەلمەيمەن.
بىلۇرمەن ھەم ئۇنىڭ كېلۇر كۈننى.
قوپارمەن ئىشتىپ ئۇنىڭ ئۈننى.
كى ئون بىر يىل بولۇپتۇرمەن گىرىپتار،
بۇ ھال بىرلە كېچە ـ كۈندۈز بولۇپ زار.

## شاھزادە ئۆزھالىنى مەلىكىگە ئېيتقانى

ئىشتتى ئەر سەبۇ قىزنىڭ سۆزىن شاھ،
ئىچى كۆيۈپ يالىندەك ئۇردى بىر ئاھ.
دىدى: ئەمدى مېنىڭ ھالىم ئىشتكىل،
غەلەت ئېرمەس ئى جان چىن راست بىلگىل.
ئاتامنىڭ ئاتى ئېرۇر ئاسىم ئىبنى سەفۋان،
ئېرۇر ئول مىسرى ئىقلىمدە سۇلتان.
مېنىڭ ئاتىم ئېرۇر سەيفۇلمۇلۇك بىل،
ئىشتىپ ھالىمنى ياخشى سۇلۇك قىل.
مىسىر ئىقلىمىنىڭ شاھزادىسى مەن،
كى بىر سۇرەت كۆرۇپ دىلدارىسى مەن.
يانار ئوتىغە سالىبان خانلىغىمنى،
قۇلى بولسام قويۇپ سۇلتانلىغىمنى.
بەدىئۇلجامال ئاتىدۇر بەنت شاھبال،

يېرى ئانىڭ ئېرەم باغى بۇدۇر ھال.
ئىككى يىل مىسرى ئىچرە زارە بولدۇم،
داۋا تاپالماي تېخى ئەفكارە بولدۇم.
مېنىڭ ئۈچۈن تامام بىر ئىقلىمۇ بىر ھەم،
بولۇپ ئېردى تامامى مىسرىدۇر غەم.
ئاتام قىلدى ئاساسى پادىشاھى،
ياساپ تۆرت يۈز كىمە يۈزمىڭ سىپاھى.
قوشۇپ ئىبەردى چۈن بىچارە بولدى،
مېنىڭ ئۈچۈن بارى ئاۋۋارە بولدى.
تۈشۈپ باشىمغا ئوتتەك ئۇشبۇ سەۋدا،
يولۇم بولدى چىۋىرخۇن خىۋار دەريا.
قوپۇپ توپان چا قىلىپ رەئدە ھەم بەرق،
ئوشۇل خەلق رىيسىلسىم بولدىلەر غەرق،
كى يولداشىم بار ئىدى سائىد ئاتلىغ،
ئارامىزدا يوق ئىدى قىلچە ياتلىغ.
ئاتاسى ئېردى ئاتامنىڭ ۋەزىرى،
ئۆزى ئېردى بۇ كۆڭلۈم دەستىگىرى.
ئەگەر كۆرمىسەم ئېردى بىر زامانى،
كۆيەر ئېردىم يەنە كىۆرگۈنچە ئانى.
ئون ئىككى يىل ئېرۇر ئاندىن جۇدا مەن،
بۇرۇن سۇلتان ئىدىم ئەمدى گادامەن.
بۇ غۇربەت كويىدە بەسى مۇپتالامەن،
يۈرۈپ يالغۇز گىرىپتارۇ بالامەن.
قويۇپ ئېردى بەدىئىم كۆكسۈمگە داغ،
يەنە سائىد قويۇپ داغ ئۈستىگە داغ.
ئەگەر كۆرسەم ئىدىم بەدىئۇلجامالىم،
كېتەر ئېردى بۇ كۈن بارچە خىيالىم.
بۇسۇغاسىن ئانىڭ تەخت دەرمەن،
قۇلى بولسام زەھى خۇش بەخت دەرمەن.
نەئىش تۈشكەنلەرىن ئەيدى سىراسەر،
ئىشىتىپ يىغلىدى قىز ھەم بەرابەر.

## مەلىكە بەدىئۇلجامالنىڭ ئاتىنى ئىشىتىپ يىغلاغانى

بەدىئۇلنىڭ ئاتىنى قىز ئىشىتتى،
ياقاسىن چاك ئېتىپ ئول پەرياد ئەتتى.
ئاتىنى قىز ئىشىتىپ يىغلىدى بىسيار،
ئانىڭ بىرلە تېخى بۇ ئاشىق ۋە زار.
دىدى قىزكىم ئىكەۋلەنمىز ئىمەكداش،
ئېرۇرمىز بىر كېچە تۇغغان قېرىنداش.
چۇ ئون بىر يىل بولۇبدۇرمەن زار،
بۇ ھالغا كېچە ـ كۈندۈز مەن گىرىپتار.
ئانىڭ ھىجرىدە گويا جىسمۇ جانىم،
قاراڭغۇدۇر فىراقىدا جاھانىم.
نەچە يىللار ئانىڭ بىرلە يېيىشكەن،
ئانا سۈتىنى ئانىڭ بىرلە ئېمىشكەن.
كى ئول مەندىن خەبەر بىلمەيدۇرلەر ھىچ،
مېنى قويماسلار ئېردى مۇندا ئۇلار ھىچ.
ئەگەر ئۈچرىسىڭىز ئېردى ئاندا بىزگە،
كى يەتكۈزگەي ئېردىم مەقسۇدىڭىزگە.
نىتەيمەن نە قىلاي بىچارىدۇرمەن،
مەن بۇ دىۋىنىڭ ئىلكىدە ئاۋۋارىدۇرمەن.

## شامزادە بۇسۆزلەرنى مەلىكەدىن ئىشىتىپ نالە قىلغانى

ئىشىتكەچ سۆرىنىڭ سۆزىنى ئول شاھ،
سۆيۈنۈپ دەردى بىرلە ئۇردى بىر ئاھ.
دىدى يارەپ نە خۇش ئاخبار ئىشىتتىم،
تۈشۈممۇ يا ئوڭۇممۇ دۆلەتكە يەتتىم.
ئاياغىغە يۈزىن قويۇپ دىدى زار،
چىن ئېيغىل ئۇشبۇ سۆزنى ئى سەفادار.
ئۆزۈڭ بىرلە ھەزىن جانىم ئاۋۇندى،
سۆزۈڭ بىرلە غەمكىن كۆڭلۈم سۆيۈندى.
ئىنانىمەنكىم ماڭا جاھان قىلدى تالىئ،
مۇنەججىم بىلمەدى بولغاي بۇ ۋاقىئ.

بۇ سۆزلۈك چىنمىدۇر دىدىلك ماڭا سەن،
نە تۈرلۈك ھەمنەشىن بولدۇڭ ماڭا سەن.
مۇھەببەت ئىزى كىلەدۇر ئۆزۈڭدىن،
ھەجەپ دۆلەت ئىشتتىم بۇ سۆزۈڭدىن.
چىن ئېيتقىل بۇ سۆزنى تا نىھايەت،
تامامى مەئنىدىن ئىشتۇر بىغايەت.

## مەلىكە بەدىئۈلجامال بىرلە سۈت ئەمگەننى ھىكايەت قىلغانى

دىدىكىم قىز قۇلاق تۇت ئېيتايىن مەن،
سۆزۈمنى ياخشى ئىشتىپ تىڭشاغىل سەن.
كى شايەت تۈشكەيسەن ئۇل سارلارغا،
دىگەيسەن بۇ خەبەرنى ئانىداغىلارغا.
ئاتام ئاتى رەبىئۈلمەلىك بىلگىل،
ئىرۇر تەخت ئىگىسى شاھۇ سەرىنىدىل.
تېخى بىر ئىنىسى تاجىئۈلمەلىك ئۇل،
قىلۇر بارچە ياخشى بىلەن سۈلۈك ئۇل.
ئانىڭ ھەم پايتەخت شەھرى سەنكىن،
ئىرۇر شەھرۇلتەيىپ بەسى رەنكىن.
بۇ ئالەمدە تىرىك بولساڭ كۆرەرسەن،
ئەگەر مەندىن خەبەر ئالساڭ بارارسەن.
مېنىڭ ئاتىم مەلىكە بۇ جاھاندا،
ئۈزۈم مۇندا، ۋەلى كۆڭلۈمدۇر ئاندا.
ساغۇنۇرمەن بەدىئىمنى ھەمىشە،
زۆرۈرەتدىن قىلىپمەن سەبرى پىشە.
مەن ئېيتاي ئەمدى سۈت ئەمگەن سەبەبنى،
ئىشىت تەھقىق بىل قويما ھىچ تەلەپنى.
ئۇشۇل كۈنكىم ئاتام ھامىل يېتىپدۇر،
كى توي ئەتمەك ياراغىنى ئېتىپدۇر.
كى باردۇر چارە باغىمىز ئارامدار،
لەتافەتلىك چەمەندۇر باغۇ گۈلزار.
بەدىئىمنىڭ ئاناسى كەلگەن ئېرەمگە،
نەزەر تاشلاپ ھەۋەس بىرلە چەمەنگە.
ئاڭا ھامىل يېتىپدۇرلەر ئۇ شاندا،
بەدىئىمنى تۇغۇرغان ئېرمىش ئاندا.
ئانام ئاندا قىلىپ تويۇ ھەشەملەر،
مۇئەننەرلەر قىلىپ تىكىپ ئەلەملەر.
نەچە كۈنلەركى مۇندا ئولتۇرۇپدۇر،
بۇلارنىڭ تويلارىنى ھەم كۆرۈپدۇر.
يىغىپ تويىغا بىھسابۇ ھەشەملەر،
ۋە داغ ئېلكىگە بېرىپ يىغىپ ئەلەملەر.
ئانا قىلغان ئىمىش ئاق ئۆيدە ھىلۋەت،
كىرىپدۇر ئالدىغا بىر خۇبى ئۇرەت.
كۆرۈشۈپتۇر سوراپ ياخشى بىلىشىپ،
بىرى-بىرىن يەنە تەتقىق قىلىشىپ.
مېنىڭ يۈزۈمنى ئاچىبان كۆرۈبدۇر،
ماڭا مېھرى كىلىبان ئىمزۈپدۇر.
چۇ ئېيتىپدۇر ئۇشبۇ كۈن ئىچرە بىر قىز،
تۇغۇرمەنكى مۇنى ياخشى بىلۈڭىز.
بىلىڭ ئەمدى بۇ دەم شاھى پەرىدۇر،
پەرىلەر سەرۋەرىنىڭ ھەم شاھىدۇر.
قىزىم دەپ سەنكى بەردىڭ سۈت قىزىمغە،
كى مەنمۇ سۈت بېرەي سېنىڭ قىزىڭغە.
چىنار ئۈستىدە بىر جىنغا بۇيۇرمىش،
كى بىر ياقۇتدىن باشىڭ كىتۈرمىش.
كى بولغاي بىر-بىرى بىرلە ئىمەكداش،
ئۇلارنى دىسە بولغاي ھەم قېرىنداش.
ئانام ئاچىپ كۆرۈپدۇر گۈل يۈزىنى،
سۆيۈپ جان بىرلە ئەمگۈزۈپ قىزىنى.
ئانام دەپدۇركى ئەي شاھى پەرىزاد،
قىلۇرمەن بۇ بەدىئىمنى بەسى ياد.
كۆرەي دىسەم تاپالمادىم نەقىلاي،
ئارام باغى قاياندادۇر نە بىلەي.
قىلىبدۇر شەرت ئانام بىرلە پەرىزات،
چىن ئېيتۇرسەن مۇنى ئەي ئادىمىزات.
ھەر ئۈچ ئايدا قىزىمنى سىزگە ئىبەرتەي،
كېلىپ سىزنى بەدىئىم مۇندا كۆرگەي.
بەخىللىكلەر بىلە كېتىپدۇر ئاندىن،
بولۇپدۇر سۈت ھەققى ئۇل زاماندىن.

ئۆچ ئاي بولغاچ كېلىپ بىزنى كۆرەر ئول،
نەچە كۈن بىزنىڭ باغدا تۇرار ئول.
قىلار ئېردۈك ئوشۇل مەنزىلدە راھەت،
نەچە يىللار ئانىڭ بىرلە فاراغەت.
كى مەن ئايرىلغىلى بولدى ئون بىر يىل،
تېخى يۈز ئانچە بولدى ھۆسنى بىلگىل.
ئەگەر دىدارىنى مەن كۆرسەم ئېردىم،
سېنى مەقسىدىڭگە يەتكۈزەردىم.
خۇدا بەرگەي مۇرادىڭنى ئايا شاھ،
يەنە مىسر ئېلىگە بولغايسەن پادشاھ.

ئەجەپ بىچارە بولدۇم مەن گىرىپتار،
بۇ دېۋە ئىلكىدە ئولكىم تۇرۇر زار.
مەلىكزادە ئىشىتىپ كەتتى ئۆزىدىن،
بېخەبەردەك قان ئاققۇزۇپ ئىككى كۆزىدىن.
يەنە يىغلاپ دىدى ئەي كىم مەلىكە،
نىچۈك تۈشدۈڭ دېۋىگە ئەي جەنىكە.
كى مۇندا تۈشكىنىڭنى قىل ھىكايەت،
فەلەكنىڭ جەۋرىغە يوقدۇر شىكايەت.
ئاتا ـ ئاناسىنى ئاندا يۈتتۇردى،
بۇ زالىم دېۋنى نىچۈك كىتۇردى؟

مەلىكە دېۋىگە تۈشكەنىنى شاھزادىغە ھىكايەت قىلغانى

مەلىكە ئەيدى ئەي سۇلتانۇ ئالەم،
سېنىڭ بولسۇن تەفدىلىڭ جان ئالەم.
جانىم بولسۇن پىدا سوراغانىڭغە،
ئۆزەم قۇربان كۆڭۈل ئاۋلاغانىڭغە.
بەدىئىم بىرلە ئويناپ يۈرۈر ئېردۇق،
خوشاللىقتا ھەمىشە تۇرۇر ئېردۇق.
بۇ زالىم بىزنى ئاندا كۆرگەن ئىكەن،
غافىللىغىمىزنى ئول بىلگەن ئىكەن.
ماڭا بولغان ئىكەندۇر ئاندا ئاشىق،
ئالىپ قاچقالى كۆرۈپدۇر مۇۋاپىق.
بەدىئىمگە ئانىڭ كى تىشى پاتماس،
ئالاي دىسە تۇتارغە ئىلكى يەتمەس:
يۈزۈمگە چىققاي ئېردى كاشكى چېچەك،
روھىمدە بولغاي ئېردى داغۇ چېچەك.
يۈزۈم بولغاي ئىدى قاپقارا چۇ خال،
قەبىلەم بىرلە ئويناپ ھەم مەھەم سال.
ساچىم بولغاي ئېردى كاشكى ئافىغى،
كى بولغايمۇ ئىدى بۇ غۇسسە دەفئى.
ماڭا كۆزىن سالمىغايدى بۇ زالىم،
چۇ ھوسنىم چۈن پىرىشان بولدى ھالىم.
كى قىرمىغاي ئىدى كۆز قاشۇ ياسىن،
چېكەدۇرمەن بىلىڭ ھۆسنۈم بالاسىن.
بويۇم بولمسا ئېردى سەرۋى ئازاد،

بارى بولغاي ئىدىم بۇ غەمدىن ئازاد.
كى بولسا غۇنچىدەك ئاغزىم شكەفتە،
لەبىم لەئلۇدىشىم دۇررى نىھەپتە.
مەن ئەمدى ئېيتايىن ھالىمنى سىزگە،
مۇۋاپىق بارمۇ ئىكىن دەردىمىزگە.
كى بىر كۈن باغ ئىچىدە كېزەر ئېردىم،
باشىمنى گۈل بىلە ھەم بېزەر ئېردىم.
قالىن قىزلار بىلەن مەن سۇغا تۈشدۈم،
ئۆزۈمدىن باردىمۇ مەن كۆككە ئۇچتۇم.
قاراڭغۇلۇق بولۇپ توپان يېلىدىن،
يىراق تۈشدۈم تامام شەھەر ئېلىدىن.
كۆزۈم ئاچتىم ئۆزەمنى مۇندا كۆردۈم،
كى ئالدىمدا مۇقابىل دېۋە كۆردۈم.
كى قورقۇپ دېۋىدىن مەن بىھۇش بولدۇم،
ئۆزۈمدىن باردىمۇ ھەم خامۇش بولدۇم.
نەچە كۈنلەر مېنى ئالدىدى بۇ دېۋە،
سۇنۇق كۆڭلۈمنى يەنە ئوۋلادى بۇ دېۋە.
بۇ ھەم دېۋلەرگە ئىكەن شاھزادە،
ئېرۇر سۇلتان ۋەلى گۇمراھزادە.
مۇنىڭ ئاتىنى دەرلەر شاھ ئاسۇد،
كى يوقتۇركى مۇنىڭدەك كافىرى جوھۇد.
بۇلارنىڭ يۇرتى قەلزىم خۇي ئېرمىش.
كاپىرلىق بۇلارغا كى بىر كۆي ئېرمىش.

ئېرۇر شاهبال شاھىدۇھ مۇسۇلمان،
بۇلار بىرلە يېغى ئېرمىش تۆكۈپ قان.
دېدى ماڭا: ئاتا ـ ئاناڭنى ئۇنۇتقىل،
غەنىمەت تۇت مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئۇتقىل.
كى مۇندىن ئىككى يىلدا يەتسە بولماس،
مېنىڭ ئىلكىمدىن ھېچكىممۇ قۇتۇلماس.
پەرىلەرگە ئېرۇر بىر ئايچىلىك يول،
ئاراسىندە مۇھىت تاغۇ، ئېدىر، چۆل.
تەسەررۇف مەئىنىسىدىن كۆپ سۆز ئېيتۇر،
رىزا بول مەن بۇ سۆزدىن يەنە قايتۇر.

كۆڭۈل بىرلە ماڭا ھەرگىز قاتىلماس،
كى ئول مەئنى بىلەن جانىمغە تېكمەس.
رىزا ئەمەسمەن ئاڭا ئۆلگۈنچە ھەرگىز،
بويۇن ئەگمەسمەن رىزا بولۇپ بىلىڭىز.
كى بۇ زالىم تۇرۇر زالىمنى بىلمەي،
كى ئول كافىر تۇرۇر جەۋرىنى بىلمەي.
تىلەيمەن كېچە ـ كۈندۈز تەڭرىدىن مەن،
كى ساقلىغىل دېۋىنىڭ زۇلمىدىن سەن.
ئىكۈۋلەن ئولتۇرۇپ يىغلاشتىلەر زار،
ئىشتكەنلەر ئۇلارنىڭ ھالىغە يىغلار.

## شاھزادە مەلىكە بىرلە ئول دېۋنى ئۆلتۈرگەلى كېڭەش قىلغانى

دېدى سەيفۇلمۇلۇك بىر پىكىر ئېيتقىلى،
دېۋنى ئۆلتۈرۈپ مۇندىن كېتەيلى.
مەلىكە دېدى: نە پىكرى ئېيتارسىز،
بۇ زالىم ئىلكىدىن نىچۈك كېتەرسىز؟
كى ھەر پىكرىڭگە ھەردەم ياردۇرمەن،
سېنىڭ ھالىڭ ئۈچۈن غەمخۋارەدۇرمەن.
خۇدايىم قىلغاي ئۇشبۇ پىكرىنى راست،
خالاس ئەتكەي ئىلاھىم بىزنى بىخۋاست.
مەلىكزادە دېدىلەر ئەي مەلىكە،
سۆيۈكلۈك خاھىرىم سەن سەن جانىمكە.
كېلۇر ۋاقتى بولۇپ دېۋە كەلسە ناگاھ،
بۇ ئىشلاردىن مۇبادا بولسە ئاگاھ.
كى بۇ تەختەنى ئورنىغا قويايىن،
بۇ چەترىشنى يۈزۈڭگە ھەم ياپايىن.
ئىشكىنىڭ قۇلۇپىنى ھەم بۇرۇنقىدەك،
تۈزەپ چىڭ بېكىتەي ئاۋۋالقىدەك.
ئۆزەمنىڭ ياراغىمنى مەن بىلۇرمەن،
پىشۇر مەسلىھەتنى ھەم قىلۇرمەن.
ئانىڭ بىرلە مۇھەببەتنى ساز قىلغىل،
لەتاپەت بىرلە خوپ ئاغاز قىلغىل.
ئانى مەزاف ئىلە مەشغۇل قىلىپ،
ئويۇن بىرلە ئانى سەن كۈلكۈ قىلىپ.
قىلىپ تەرىپ ئانىڭ ياشىنى سورغىل،

كى بۇ دۇنيادا ئانىڭ جانىنى سورغىل.
دېۋلەرنىڭ بەسى ئۇزۇن ياشى بار،
بىلىپ بولماس ئانىڭ نەچچە جانى بار.
ئۇلارنىڭ جانى تەندە يوقتۇ بولغاي،
ئانىڭ ئۈچۈن بۇ كۆڭلى توقتۇ بولغاي.
دېگىل جانىڭىز قايدا تۇرۇركىم،
مەگەر سىزنىڭ بىلە ئول ھەم يۈرۈركىم.
ئادەملەر جانىنى ئەزرائىل ئالۇر،
بىلمەيمەن دېۋە پىرى جانىن كىم ئالۇر.
بۇ سۆزگە دېۋنىڭكى قەھر كەلسە،
ئاچىغلانىپ ئانىڭ كىم زەھرى كەلسە.
سەن ئاندا ناز قىلىپلا يىغلاغايسەن،
غېرىپلىق دەردىنى ئاڭا دېگەيسەن.
ئىشتكىل ئول نە ئېيتۇر بۇ مەئنىلاردىن،
تېپخى تىرىكلىك ئاخىر ھەم ئۇلاردىن.
مەلىكە دېدى بۇ سۆزنى سوراپمەن،
دېۋنىڭ كۆڭلىنى چىن تىندۇرۇپمەن.
كى بىر كۈن دېۋە ماڭا ھەم زارى بولدى،
مۇھەببەت بىرلە ئول دىل سازى بولدى.
بۇ سۆزلەرنى ماڭا سىزكىم دېدىڭىز،
سوراپمەن بىر كۈن ئانى ئىشتىڭىز.
مازاق ئىكەن ئىتۇپ ئەسۋەت دېۋنى مەن،
دېدى كۈلۈپ كى كۆپ مۇنچە سورايسەن.

چۇ سوردۇم جاننى ئۇردى تەبا نەچە،
نە سۆزدۇركىم سورايسەن مەندىن ئانچە.
ئاگامەن يىغلىدىم كۆپ نازۇ قىلدىم،
ئانىڭ بىرلە كۆللى ئاغازى قىلدىم.
ئاگا دىدىم: ساگا مەندىن نە كەلگەي،
پىقىر بىچارە جانىڭغە نە قىلغاي.
سىنى دەپ جۇملە ئالەمدىن كىچىپمەن،
مۇھەببەت جامىنى سەندىن ئىچىپمەن.
مازاق ئەتكەنگە سەن مىنى ئۇرارسەن،
ئۆزەمنى ئۆلتۈرۈرمەن سەن كۆيەرسەن.
كى ئەي جانىم دىۋىلەر سەرۋەرى سىز،
كىرەك جانىم ئالۇر دەپ قورقەمۇسىز.
كىتىپ قەھرى دىۋىنىڭ ئى جان،
سىنىڭ كۆز ياشىڭغە بۇ جانىم قۇربان.
مىنىڭ جانىمغە ئىلكىڭ قايدا يىتەر،
ئەگەر بىلسە ئادەم ئەفكانە ئىتەر.
تۇرۇر جانىم بۇ دەريانىڭ تۈبىندە،
كى بىر چاھ ئىچىندە ساندۇق ئىچىندە.
ئەگەر بولسە سۇلايمان ھىكمىتىدىن،
يەنە ئانىڭ يۈزىكى ھۆرمىتىدىن.

سۇغا ئۇرسا چىقار ئەسۋەدنىڭ جانى،
ئۆزى قانى سۇلايمان مىھرى قانى.
سۇلايمان ئۆلدى دىۋىلەر قۇتۇلدى،
ئانىڭ دەۋرىدە كۆپ غۇسسە يۇتۇلدى.
ھىكايەت ئۇشبۇدۇر دىدىم سىراسەر،
دىدىكىم سەن ماگا باقغىل بىرابەر.
كۆلۈپ ئالدىغا كەلدىم مەسلىھەتىدىن،
بەسى ھەيران ئىدىم ئۇشبۇ نىيەتىدىن.
مەلىكە دىدى: ئى يارۇ ۋاپادار،
مىنىڭ ھالىم بۇدۇر دەپ يىغلىدى زار.
قۇتۇلماق بىلمىدىم ئەي دىلدار بۇندىن،
ئۈمىد ئۈزگىل بۈگۈن ئەي يار مەندىن.
بۈگۈن بولماي ھايالسىز يولغە چۈشۈڭ،
ئاتا ـ ئانام بىلە بارىپ كۆرۈشۈڭ.
مۇنىڭ جانىغە كىمنىڭ قولى يىتەر،
بۇ مىسكىن ئادەم ئوغلى ئاگا نىتەر.
سۇلايمان مىھرى قانى مۇندا ئەي يار،
چىقار ئەردى ئەسۋەدنىڭ جانى ئەي يار.
مەلىكە سۆزلىرىن دىدى بىرابىر،
مەلىكزادە قوپۇپ چەرخ ئۇردى چىر چىر.

**شاھزادە مەلىكەدىن بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ، مەلىكەدىن سۆيۈنچى ئالغانى**

دىدى: سۆيۈنچى بەرگىل ئەي مەلىكە،
خۇدا بەردى تىلىگەنىنى جانىكە.
سۇلايمان مىھرى مەندە ھازىر ئىرۇر،
ئىنايەت قىلغۇچى ئول قادىر ئىرۇر.
قۇتۇلغايمىز بۇ دىۋە مىھنىتىدىن،
سۇلايمان ئۈزىگىنىڭ ھۆرمىتىدىن.
قوپ ئەمدى مەسلىھەت تۇرماقغا ئىرمەس،
فاراغەت بىرلە ئولتۇرماقغا ئىرمەس.
يىغىپ ئوزۇق گۆل نىئمەتلىرىدىن،
چىقارىپ دۇر لەئلى دانەرىدىن.
چىقىبان باردىلەر باغلاغالى سال،
قۇتۇلغايمىز تۈشۈپ دەرياغە فىلھال.

كى بارچە ئىشلارىن قىلدى سەرانجام،
كىرىپ دەرياغە ئىككى دىلئارام.
دىدىلەر ئەي تىڭىز تەگرى ئاتىدىن،
سۇلايمان ئۈزىگىنىڭ ھۆرمىتىدىن.
كى سەن مەۋج ئۇرۇپ دولقۇن كۆتەرگىل،
بۇ دىۋەنىڭ جانىنى بىزگە بەرگىل.
ئۈزۈكنى سۇغا ئۇرغاچ جۇش قىلدى،
كى بىر ساندۇق چىقىپ سەرپۇش قىلدى.
بولۇپ خۇررەم ئىكوۋلەن چۈن كۆللى تەر،
ئاچىپ كۆردى ئاندا بىر كەبۇتەر.
كەبۇتەرنى كىسىپ فىلھال باشىن،
تۈشۈردىلەر بۈگۈن ئەسۋەدنىڭ جانىن.

ئوشۇل سائەتتە ناگاھ قوپتى توفان،
ھاۋادىن ياغا باشلادى قىزىل قان.
كېلىپ يىقىلدى ئول زالىم ھاۋادىن،
ئۈزۈلۈپ باشى تەقدىرى خۇدادىن.
قۇتۇلدى بۇلەر دىۋە ئاپىتىدىن،
پەرىلەر كەتتى ئول دىۋە قاشىدىن.

قىلىپ سەجدە دىلدىلەر ئەي ياراتقان،
بالالارنى كېرەم بىرلە ئارىتقان.
ئىنايەت سايەسىن سال باشىمىزغە،
تەرەھھۇم قىل تېخى كۆز ياشىمىزغە.
غېرىپلار كۆڭلىنى ئەمدى كۆزەتكىل،
مۇخالىپ يولىمىزنى سەن تۈزەتكىل.

## شاھزادە خۋاھىرە مەلىكە بىرلە ئاندىن كۆچۈپ كەتكەنى

خالاس ئەتتى شاھىنشاھ خىۋاھىرنى،
كى دىۋە ئىلكىدىن گويا پەرىنى.
كلىبان كىردىلەر تەكسىز تېڭىزگە،
پاناھ ئەيلەپ تايالىپ تەڭرىمىزگە.
غېرىپلەر يولىنى تۈزەت كېرەم سەن،
مۇخالىپ يوللىرىدىن ساقلىغىل سەن.
كېچە-كۈندۈز يۈرۈپ سالىن سورارلەر،
ئوقۇبان ئىسمى ئەزەمنى ئۇرارلەر.
خۇداۋەندە كىشىگە يارى بولۇر،
ئوشۇل قۇلغە يارى غەمخۋار بولۇر.

كى يۈزمىڭ مۇپتالالىقدىن قۇتۇلدى،
كى سانسىز بالالاردىن قۇتۇلدى.
سېغىنساڭ گەر خۇدانىڭ قىسمىتىگە،
سېنى تارتار ئۆزىنىڭكى رەھمىتىگە.
قازان ئوت ياقمىغۇنچە جۇش قىلماس،
كى بادە جۇش ئۇرمىسا نۇش بولماس.
نەخۇش دۇركىم كىشى يۈز رەنج چەكسە،
چېكىبان رەنجۇ مەقسۇدىغە يەتسە.
تېڭىزغا كىردىلەر بۇ ئىككى ماھى،
لەھەڭنى كۆيدۈرۈر بۇلارنىڭ ئاھى.

## شاھزادىنىڭ سەپەر ئۈستىدە بىر لەھەڭگە يولۇققانى

دىدى: راۋىكى ئۈچ ئاي تىنمادىلەر،
قايان بارۇرنى ئۇلار بىلمىدىلەر.
ئوشۇل بىچارىلەركىم سۇدا ئېردى،
چۇ بىر كۈن شاھزادە ئۇيقۇدا ئېردى.
قازادىن بىر لەھەڭكى بولدى پەيدا،
مەلىكە قىچقىرىپ ئېيتۇركى ئەي شاھ.
قۇتۇلدۇق دىۋىدىن بۇ نە بالادۇر،
كى ئويغاندى يەنە ئول شاھ باھادىر.
كۆرەركىم بىر لەھەڭ ئاغزىنى ئاچىپ،
يېتىپدۇر بۇلارغە سۇنى ساچىپ.
دىدى سەيفۇلمۇلۇك سۇببۇھۇ قۇددۇس،
مېنىڭ ھالىم ساڭا روشەندۇر ئەي دوست.

باقىپ تۇرغۇنچە بىر زەخمە ئۇرالى،
نەكىم بولسە قازا ئانى كۆرەلى.
تەبەر تىشەنى ئالدى ئوترۇ تۇردى،
خۇدانى ياد ئېتىپ باشىغە ئۇردى.
ئانىڭدەك ئۇردى باشى پارە بولدى،
پۇلاڭلاپ دېڭىزدا ئول ئاۋارە بولدى.
شۈكۈر بىرلە خۇدانى قىلدىلەر ياد،
كى بولدىلەر يەنە بىچارىلەر شاد.
يۈرۈپ ئۇلار نەچچە كۈن يىمىدى غەم،
كۆرۈندى بىر جەزىرە سەبزە خۇررەم.
دىدىلەر نەچە كۈن مۇندا تۇرالى،
نە كېلۇر تەڭرى سۇنئىنى كۆرەلى.

تايانالى شۇكۇر ئەيتىپ تەڭرىمىزگە،
سىغىنايلى ياراتقان ئىگىمىزگە.

شۇكرىلەر قىلىبان چىقدىلەر ئانىدە،
خۇدانى ياد ئېتىپ تۇردىلەر ئاندە.

### ئۇشۇل جەزىرىدە بۇلارغە راست كېلىپ بىر كارۋان ئۇچراغانى

كەل ئەي راۋى كىتۇر ئۈيىيغە قىرقەف،
مۇغەننىلەر بىلە چەڭۇ مۇرددەف.
دىدى راۋى رەۋايەت قىل بۇ داستان،
ئۆتۇپ قىش ۋاقتى بولدى گۇلىستان.
گۇلىستاندە گۇل ئاچىلىپ ساچىلۇر،
بۇ داستاننى ئوقۇ كۆڭۇل ئاچىلۇر.
گۇلىستان ۋاقتىدۇر بىر نەچە كۈنلەر،
بۇ داستان قازادۇركى ئۆتسە يىللار.
كېلىپ ئىشرەت يەنە مىھنەت تۈگەندى،
كېتىپ مىھنەت يەنە دۆلەت بۆلۈندى.
قازادىن تەڭرى تەقدىرى بىلە راست،
يېتىپ بىر كارۋانى مۇندا بىخۋاست.
ئۇلار هەم كۆردىلەر بىر مەنزىلى خۇش،
كېلىپ تۈشتىلەر ئاندا بىر مەهەفىلى خۇش.
ئىشتىپ ئۈنلىرىنى شاهزادە،
يىراقتىن تۇرۇبان بىر ماهى پارە.
يەنە قورقار مۇخالىپ بولمىغاي دەپ،
قىلۇر تەهقىق سادىق بولمىغاي دەپ.
ئۈنلىرىنى ئاڭلابان بىر نەچە تۇردى،
يىراقتىن كۆرۇبان تەئزىم قىلدى.
بۇلار دەرلەر قاراقچى بولمىغاي دەپ،

كى بىرنى چاقلاغالى كەلمىگەي دەپ.
كى كۆپ تەهقىق قىلدىلەر مەددە قاقىق،
بۇلار هەم ئاڭلىغاي مۆئمىنمۇ تەهقىق.
كۆرۇبان تەهقىق قىلدىلەر مۇنى،
بۇلار هەم بىلدىلەر مۆئمىن سەننى.
بارىپ بۇ هەم سالىندە هەرنە بارىن،
مەلىكە بىرلە ئول كەلتۈردى بارىن.
ئوتۇردىلەر قوشۇلۇپ كۆڭلى تىنىپ،
فەلەكنىڭ جەۋرى ئېتەرىدىن بەدىنى تىنىپ.
بۇلار كۆڭلىنى ئوۋلاپ سۆز سورادىلەر،
تەئەججۇپ بىرلە ئۇلارغە باقارلەر.
مۇنىڭدەك ساچى تۈشۈپ يۈزلەرىگە،
باقارلار بويى، باشى، كۆزلەرىگە.
كى ئىككىسىن كۆرۇپ تەڭلا دىدىلەر،
تەئەججۇپ بىرلە باشىن ئېرغاتۇرلەر.
چۇ دەرلەركى مەگەر خۇرى سامادۇر،
مۇنىڭدەك سارغىيىپ نۇرى تامادۇر.
كى بىلدىلەر ئانىڭ پەئلۇ نىشانىن،
بۇلار هەم مەلۇم قىلدىلەر ئاتىن.
چۇ سوردىلەر بۇلار هالىن سىراسەر،
بۇلاز هەم هالىنى دىدى بىرابەر.

### بۇلارنىڭ سۆزىنى ئىشتىپ، كارۋانلارنىڭ مەلىكزادە مەلىكەنى تانىغانى

ئىشتىبان كارۋان ئۇشبۇ سۆزنى،
قىلىپ تەقرىر پەريات ئەتتىلەر بۇ سۆزنى.
بىرسى دەركى بىزنىڭ سۇلتانىمىزنىڭ،
ئاغاسىنىڭ قىزى بۇ خانىمىزنىڭ.
كى ئون بىر يىل تۇرۇر غايىپ بولۇپدۇر،

كىشى بىلمەس ئۆلۈكمۇ يا تىرىكدۇر.
بۇلار دىدى: سىزنىڭ سۇلتانىڭىز كىم؟
ئانىڭ ئۇلۇغ ئاغىسى خانىڭىز كىم؟
دىدى: تاجۇلمەلىك سۇلتانىمىزدۇر،
رەبىئىلمەلىك ئاغاسى خانىمىزدۇر.

ئوشۇل ئەلدىن ئېرۇرمىز راستى بىلگىل،
ئاغاسى خان ئېرۇر شاھى سىرىندىل.
ئىشتىكەچ چۈن مەلىكە يىغلادى زار،
ئوشۇل ئاۋۋارەدۇرمەن دىلفىگار.
قىغان قىلدى تامامۇ كارۋانى،
سۆيۈنۈپ ئۇچراغانىغە شاھى جاھانى.
كى بولدىلەر بۈگۈن بىچارىلەر شاد،
تامامۇ قايغۇدىن بولغاچقا ئازاد.
دىدى: كارۋانلار ئاندا بىز بارۇرمىز،
ئوشۇل ئىقلىمدىدۇر بىزنىڭ ئۆيىمىز.
مۇسۇلمانلار ئېرۇر بارى تەلەفكار،
يەنە ئۈچ ئايدا يېتەرمۇ دەپ ئۈمىدۋار.
دىدى: بىزلەر خىتايدىن سودىگەرمىز،
بەش - ئالتى ئاي سۇدا يۈرۈپ كېلۇرمىز.

ئىككى - ئۈچ كۈن تۇرۇپ ئول جايدا كارۋان،
بولۇشتىلەر يەنە يولىغە راۋان.
ئالىپ شاھزادىلەرنى دەرمىيانە،
ئۇلار ئۆز مۈلكىغە بولدى راۋانە.
ئىنايەت بولدى كەچتى بادىبانى،
سالامەت بولدى ئول ئەيلەگكى جانى.
سۈرۈپ مىلاھىلار كۈندە بۇكىشتى،
چىنەگەن مەنزىلىگە ھەم يېتىشتى.
قۇرۇغلۇق سەر ھەدىنە يەتتى كېمە،
چىقاردى خەلقى راھەت گۈل نىمە.
يىغىبان كارۋان بېشى تېخى كىشىلەر،
خىتايدىن تېخى ياخشى قىماشلەر.
سۆيۈنچىگە كىشى ياراغلاردىلەر،
كۆچەرگە رەخت بارىن باغلادىلەر.

**كارۋانلار سۆيۈنچىگە كىشى ئىبەرگەنى**

ياراغلاپ كارۋانى ئىككى ئۇلۇغىن،
سۇخەن پەرۋەر ھەم ساھىپ رەقۇقىن.
دىدىلەر: شاھنى بارىپ كۆرۈگىزلار،
قىلىپ ئەخبار سۆيۈنچى ئالۇگىزلار.
ئىكوۋلەن ئاتلىنىپ ئىلگىرى چاپتى،
كېلىپ شاھنى ئۇلار ئۆيىندە تاپتى.
دىدى: شاھقا بۈگۈن بارىپ كۆرۈش،
قىلالى بۇ خەبەرگە كەلگەي ئاڭا خۇش.
ئىشىتىپ چىقتى دىۋان خانىغە شاھ،
كۆرۈنۈش بەردى ئەلچىلەرگە ئول شاھ.
تۇرۇپ كۆرۈندىلەر سۇلتان كۆزىگە،
دۇئالار قىلدى ئىنايەت يۈزىگە.
دىدىلەركىم دۆلىتىڭ پايىندە بولسۇن،
ئۇلۇسۇڭ ئاي يۈزۈڭ قابىندە بولسۇن.
تولۇغ ئېيتتى ئۇنىڭغا دۆلەت ئايى،
ئول ئاي بىرلە تېخى دۆلەت ھىمايى.
ئاغاڭنىڭ ئايىنىڭ نۇرىن كىتۈردىك،
باغىڭ بەرگى سۈيىن كىتۈردىك.
ئامان - ئىسەن سالامەت شاھبازى،

سىگىل ئۇقۇپدۇرۇر بەر سەرۋى نازى.
ئەجەپ شاھزادەدۇر جانغە كېرەكلىك،
باھادىرلىقتا ھەم ئارسلان يۈرەكلىك.
كۆرەر كۆزگە مەگەر خۇددى پەرىدۇر،
تەكەللۇم قىلسا گويا شەكەر لەبىدۇر.
ئاڭا تېكسە تەغىل ئادەملەر ئازدۇر،
ئاڭا بەرسە تېخى ئالىملار ئازدۇر.
كى مىسىر پادىشاھىنىڭ ئوغلى ئېرمىش،
فەلەكىنىڭ جەۋرىدىن ئول مۇندا كەلمىش.
ئىشتىكەچ ئۇشبۇ سۆزنى شاھى قوپتى،
سۆيۈنگەندىن جانىدىن بىر ئاھى قوپتى.
بارى ئوردا ئىشتتى بۇ خەبەرنى،
قىلىپ ئارەستە ئاڭا تەخت زەرنى.
بېزىدى سىگلىگە بوستان سىرانى،
تېخى ھەم شەھرىگە باغلادى ئايىنى.
ئۆزى ئورداسىدىن فىلھالى چىقتى،
تامامى خەلق ئەل ئىستىقبالى چىقتى.
ئاشۇقۇپ بارى يەتتى ئوردا يولدە،
قىغان قوپتى سۆيۈنۈپ ئۇ پېرىدە.

کۆرۈشۈپ هال سوراشىپ يىغلاشتى زار،
ئاڭا ئورتاق بولۇشتى خەلقى ئەفكار.
يانىپ كەلدى تۇشۇپ ئىشرەت ئۆيىگە،
كىلىپ مەگەر هۆرى جەننەت ئۆيىگە.
كى سۈيلەپ سودىگەر ئىلەن شاهنشاه،
سەرۇپايلار بىرىپ ئۇزاتتى ئول ماه.
تۇرۇپ ئون كۈن فەراغەت تويلادىلەر،
ئىككى شاهزادە سۆزىن ئاڭلادىلەر.
قىلىپ سەيفۇلمۇلۇكنى شاهى خۇشنۇد،
كۆڭۈل بىرىپ دىدىكىم بولما بى هەبۇد.
مەلىكەنى چۇ ئىز نازى بىرلە،
ئاغىرلەب ئۆيدە كۆپ ئەئزازى بىرلە.
ئاغاسىغە خەبەر ئىيتىپ ئىبەردى،
سۆيۈنچى نامەلەر يىزىپ ئىبەردى.
نەچە كۈن سىڭلىسىنى ياخشى كۈزەتتى،
كى ئەلچىنىڭ سوڭىنچە پات ئۇزاتتى.
كى تاجۇلمەلىك نەچە بەگلەردىن،
يەنەكىم بىرنەچە ئۆيى قىزلاردىن.
ئۇلارنى باش ئىتىپ بىرەپ ئىبەردى،
ئىككى شاهزادىنى تۇزەپ ئىبەردى.

## مەلىكەنىڭ ئاتاسى ئىشتىپ ئوترۇ چاپقانى

ئىشتىپ بۇ خەبەرنى شاهى سىراندىل،
قىلىبان شەهەرنى ئاكىنى قەندىل.
ئاشۇقۇپ چىقتى ئوترۇ كۆڭلى ئوردە،
تىرىلدى ئوشۇل گۈل بەرگى مۇردە.
رەبىئۇلمەلىك كەلدى پىشى بازى،
يىتىشتى دەپ يەنە جان سەرۋى نازى.
قوشۇلدى بىر بىرىگە جىسمۇ جانى،
ئارا يولدە ئوشۇل دۇررى ماكانى.
تولۇغ ئىيتتى چۇشمەس خاۋەرىدەك،
كۆرۈشتى ئايۇ زۆهرە مۇشتەرىدەك.
بۇلارنىڭ هالىدىن قوپتى فىغان،
سۆيۈنۈپ خەلق يىغلار مىسلى نىسان.
ئەجەپ زور سەلتەنەت بىرلە ئەكەلدى،
سىرىندىل شەهرىنىڭ جانىن ئەكەلدى.
مۇرەسسەغ ئالتۇندىن قىلغان تەختىلەر،
يايىپ تۇرلۇك قىماش خوپ رەختلەر.
كىلىبان شاهى رەبىئۇلمەلىك سىڭلى،
بىرىبان تويي خۇررەم بولدى كۆڭلى.
ئوتۇردىلەر سۆيۈنۈپ شەمسى خاۋەر،
سۆيۈپ ئىيتۇر ئاناسى جانۇ مادەر.
سىنىڭ هالىڭ غەرىبىم يازۇ كۈزدە،
نىچۇك كەچتى ئىكىن ئول تاغۇ تۈزدە.
سىنىڭ دەردىڭ بىلە تۇزمەدىم ئەي جان،
تىرىكلىك تانابىن ئۈزمەدىم ئەي جان.
سىنىڭ هىجرىڭ بىلە ئۆلگۈمدۇر ئاخىر،
فىراقىڭ ئوتىدا كۆيگۈمدۇر ئاخىر.

## مەلىكە ئۆزىنىڭ پاك ئامانلىغىنى ئىيتقانى

نە كىم كۆرگەنلىرىنى دىدى بىر بىر،
تىپخى كىم مۇندا يوقدۇر هىچ تەقسىر.
تەپەككۇر قىلمىڭىزلار سۇتتىن ئاقمەن،
تەكەللۇم قىلماڭىزلار سۇدىنمۇ پاكمەن.
تىنىمگە تەگمىدى كۆڭلاكتىن ئۆزگە،
بۇ قولۇم تۇتمىدى هىچ يەڭدىن ئۆزگە.
يۈزۈمگە تەگمىدى غەيرى بىر نىچاك،
لەبىم ئىردى هەمىشە غۇنچىدىن پاك.
هەمىشە غەبغەبىم رويي مالى باغلىغ،
مائادەم ئىردى ئۆلگەن كىشى ياڭلىغ.
قىلىڭ باۋەر بۇ مىسكىنىنىڭ سۆزىنى،
كۆزۈم كۆرمەس نامەهرەم يۈزىنى.
ئىچتىم قان، غۇنچىدەك ئاغزىمنى ئاچماي،
ئىچەر ئىردىم ئوشۇل قانىن كى قاچماي.

ئاھ ئۇردى ئىشىتىپ خىش قەبىلە،
قىلىۋرلەر پىكرى بىسيار جۇملە ئىلە.
بۇ سۆزلەرنى دىدى ئۇل قىلدى پەيمان،
ئىشىتكەنلەردە ھىچ قالىمادى گۇمان.
ئاتا ـ ئاناسى ئىشىتىپ دىل شادى بولدى،
كۆڭۈل تەپەككۇرىدىن ئازادە بولدى.
ئوغۇل ئۇقتى ئوشۇل شاھزادىنى شاھ،
ئاڭا تاپشۇردى مۇلكى مالىنى شاھ.
بۇرۇنقىدەك يەنە شاھزادە بولدى،
بارى ئەسبابلارى ئامادە بولدى.

### شاھزادە ساغىنىپ نالە قىلغانى

كىچە ـ كۈندۈز مەئىشەتدە شاھىنشاھ،
ۋەلى سائىد ئۈچۈن ھەردەم ئۇرار ئاھ.
چۇ بىر كىچە پەرراخۇ روزى بولدى،
شاھىنشاھ كۆڭلىنى پەرشۇرى قىلدى.
ئىجازەت ئىلدە ئۇل قالدى يالغۇز،
ساغىنىپ يىغلادى ئۇل كىچە تارۇز.
ئۆزۈڭكى كۆڭلۈمدە ھەم كۆزۈمدە نازىر،
كۆزۈمدىن غايىپ كۆڭلۈمدە ھازىر.
سالام ئالغالى ھازىرۇ كۆڭلۈدە،
تىپىڭىزدا قالدىڭۇ يا تاغۇ چۆلدە.
سالام ئەي يارۇ جانان مىھربانى،
سالام ئەي مىھربانى جاۋىدانى.
سالام ئەي كۆز نۇرۇم قۇت رۇخ راۋانىم،
سالام ئەي دىلبەرۇ جانۇ جاھانىم.
سالام ئەي مىھربانى دىل نەۋازىم،
سالام ئەي بوستانىۇ سەرۋى نازىم.
سالام ئەي لالەرۇي گۈلئۇزارىم،
سالام ئەي قۇۋۋەتۇ باغۇ نىھارىم.
ماڭا سەنسىز ئازاپ ئىرۇر بۇ راھەت،
ماڭا سەنسىز يۈرەكتە مىڭ جاراھەت.
ماڭا سەنسىز بۇ ئىچكەنلەر قىزىل قان،
ماڭا سەنسىز ئاچچىق ئىرۇر سۈچۈك جان.
ماڭا سەنسىز ھارام ئىرۇر بۇ سۆھبەت،
ماڭا سەنسىز مۇسىبەتدۇر مەئىشەت.
ماڭا سەنسىز مەئىشەتلەر مۇشەققەت،
ماڭا سەنسىز بۇ سۆھبەتلەر چۇ مىھنەت.
سىنىڭ ھالىڭنى مەن بىلمىدىم ئەي دوست،
سىنىڭ قايغۇڭدىن ئايرىمادىم ئەي دوست.
سىنىڭ قايغۇڭ بىلە ئاخىر ئۆلەرمەن،
فىراقىڭ ئوتىدا ئەكسەر كۆيەرمەن.

### مۇناجات ئېيتقانى

دىدى شاھزادە ئەي پەرۋەردىگارا،
تىلەگىم ئوشبۇدۇر لەيلۇ نىھارا.
تىرىك بولسا ماڭا سائىدنى كەلتۈر،
چىراغىم ئىشرەتىم سائىدنى كەلتۈر.
بولۇپ بىر كىچىدە بەرگى خازانىدەك،
ئۇ زارى ئەرغىۋانى زەئفىرانىدەك.

### مەلىكە شاھزادىنىڭ نالە قىلغانىنى ئىشىتىپ كەلگەنى

ئىشىتىپ بۇ خەبەرنى سىڭلىسى ئانىڭ،
يۈگۈرۈپ كەلدى كۆيۈپ كۆڭلى ئانىڭ.
قالىن قىزلار بىلەن كىردى قاشىغە،
قىزىنى قىلدى ياستۇق شاھ باشىغە.
كۆرۈپ قىزلار ئانىڭ زىبا يۈزىنى،
كىتەرمەسلەر بارى ئىككى كۆزىنى.
تىزىغا باشىنى ئالىپ ئۇل مەلىكە،
كۆيۈبان يىغلاپ ئېيتۇر ئەي جانىكە.

كۆڭۈل سالما قوپۇپ ئۆزۈڭنى تۇتقىل،
چىقىپ ئوۋغا بۇ ئوتۇڭنى سوۋۇتقىل.
تىرىك بولسا قوشۇلۇر سائىد ساڭا ھەم،
نەچە كۈنلەر سەپەر قىل يېمىگىل غەم.
ئىشتتىم كېلەدۇر بەدنىئۇلجامالى،
كۆرەرسەن يەنە ئون كۈندە ۋىسالى.
كى ئەلچىسى كېلىپ كەتتى ماڭا كىم،
بۇگۈن ئېيتماقچى ئېردىم مەن ساڭا كىم.
قوپ ئەمدى ئۇشبۇ دۆلەتكە شۈكۈر قىل،
ئانى ھەم كەلتۈرەر تەڭرى سەبىر قىل.
مېنى كۆيدۈرمىگىل ئەي مېھرىبانىم،
سېنىڭ كۆيگەنىڭگە كۆيدى بۇ جانىم.
بۇرۇن كۆيگەنلىرىمىز بىرگە يېتەر،
يەنە كۆيدۈرمىگىل سەن ئۇشبۇ نېتەر.
قوپ ئەمدى مېھرىبانىم سۆزگە كىرگىل،
بۇگۈن ئاتلان تېخى سەن ئوۋغا بارغىل.
ئىشتتى شاھ ئاندىن بۇ خەبەرنى،
قوپۇپ تون كەيدى ئول باغلاپ كەمەرنى.
زامانى سىڭلىسى بىرلە شاد بولدى،
كىم ئۇشبۇ قايغۇدىن ئازاد بولدى.
تېخى سىڭلىسى قوپۇبان ئۆيگە باردى،
بارىبان خاسسە نېئمەتلەر ئىبەردى.

**شاھزادىنىڭ مەلىكە سۆزى بىرلە ئوۋغا ئاتلانغانى**

مەلىكە سۆزى بىرلە ئول دىلفىگارى
ئۇنىماقچا قىلىپ ئەزمى شىكارى.
يىراقلاپ تون ئۇپراغىن قىلدىلەر،
ئوشۇل كۈن ئاتلانىپ چىقدى بەخۇاست.
مىسالدۇر ئەرتەدىن بىر سۆز ئىشتتى،
قوبۇل قىلدى نەپەس دۆلەتكە يەتتى.
قوبۇل ئەتكىل نەپەسكىم سۇد جاندۇر،
ئىشتمىسەڭ نەسىھەت بىل زىياندۇر.
ئانىڭ كىچەكى ئاھ ئوقلىرى ھەم،
بارىپ تەگمىش سائىدقا بىر سىر كەم.

**شاھزادە ئوۋغا بارۇردا بىر يىگىتنى سائىدكە ئوخشۇتۇپ كەتكەنى**

ئوشۇل سائەتدە كېلىپ ئاندا سائىد،
تۇرۇپ بازار ئىچىندە شەمئى شاھىد.
چىقىپ دەرۋازىدىن ئول شاھزادە،
ئانىڭ ئالدىدەدۇر ئالىم پىيادە.
كۆرەر بىر يىگىتنى مانەندە سائىد،
مۇسافىر ئۆزىغە ئېيمىگەن سائىد.
باقىبان سىنچىلاپ يۈزىگە ئانىڭ،
كۆرۈندى ئىسسىغ ئول كۆزىگە شاھنىڭ.
دىدى شاھ ئانى ئوبدان ساقلاڭىزلار،
كى مەن كەلگۈنچە ئانى باقىڭىزلار.
بېرىپ ئىككى پىيادە ئانى تۇتتى،
غېرىپ خەستە كۆڭۈلنى ھەم ئۇنۇتتى.
دىدىلەركىم بارى ئىلگەرى كەلگىل،
جاۋابىڭ بولسا تاڭلا شاھقا ئېيتقىل.
بۇ بىچارە يەنە قورقۇپ يورۇماس،
كۆزى ياشى يۈزىدىن ھىچ قۇرۇماس.
كى بىرنەچە ئۇرۇبان يولغە سالدى،
بۇ مەئنىدىن خالايىق ھەيران قالدى.
مەھاسىللار بولۇپ غافىل ئەجايىپ،
بارا تۇرغاچ ئىلكىدىن بولدى غايىپ.
كى بىر بىر ئاقتۇرۇپ بەزكۇ بۇزۇقنى،
كى تاپتىلەر ئوشۇل كۆڭلى بۇزۇقنى.
بۇ كەز ئۇرماق بىلە زۆھرەسىن ئالدى،
يەنە قاچار دىبان زىندانغە سالدى.
غېرىپلىقدىن يامان ئىشبۇ بارمىدۇر،

غىرىپلارغە مېھرىبانمۇ بارمىدۇر؟
غىرىپنى قىلماڭىز غۇربەتدە ئازار،
غىرىپنى قىلماسۇن تەڭرى گىرىپتار.
غىرىپقا تۇشسە ئىش غەمخۋارى بولماس،
غىرىپلار قايغۇسىغە يارى بولماس.
غىرىپلارغە كىشى دەستىگىرى يوقدۇر،
سۇنتۇقلۇقدىن ئۇ كۆن تۇفرى يوقدۇر.
غىرىبدۇر مەجلىسى ئۇزار قىلماك،
سۇنۇق كۆڭلىنى تېخى ئەفكار قىلماك.
ئەگەر ھەركىم غىرىپنىڭ كۆڭلىن ئالۇر،
ئۇشۇلكىم ئاخىرەتلىك ساۋاپ ئالۇر.

**شاھزادە ئۆۋدىن قايتىپ كېلىپ ئول يىگىتكە كىشى ئىبەرگەنى**

قارارى قالمايىن ياندى شاھىنشاھ،
سىپاھى كەلدى تۇشتى بەھرىگاھ.
بويۇردى ئۇ يىگىتنى كەلتۈردىلەر،
ئانىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتماي يۈرۈڭلار.
دىدىلەركىم ئايا شاھۇ جاھاندار،
ئەجەپ نە ئەيلەسۇن رەندە غەيىيار.
قىلىپ مىكرى قۇتۇلۇپ قاچىپ ئېردى،
كى قويماي دۆلتىڭىز تەڭرى بەردى.
بارىپ كەلتۈردىلەر ئىلكىنى باغلاپ،
يۈزىنى كۆزىنى تۇپراققا بولغاپ.
بۇ ھال ئىلە ئانى كۆردى شاھىنشاھ،
تەھەممۇلسىز بولۇبان ئۇردى بىر ئاھ.
غىرىبلەرنى كىشى مۇنداغ قىلۇمۇ؟
ئانىڭ ھالىنى سورمايىن بولۇرمۇ؟
بۇ مىسكىننىڭ گۇناھى نە بولۇپدۇر،
تەھەككىمدىن تېخى قورقۇپ ئۆلۇپدۇر.
ئىچى كۆيۈپ يەنە سوردى ئاتىڭ كىم؟
نەيەرلىك سەن ياشۇرماغىن ئاتىڭ كىنم؟
دىدىكىم سائىد ئاتىم مىسرى شەھرىم،
ئون ئۇچ يىلدىن ئاچىلماي باھارىم.

**شاھزادە سائىدنى تونۇپ يىغلاشىپ كۆرۈشكەنلەرى**

ئىشىتكەچ شاھ بۇ دەم ساچرادى يېرىدىن،
ۋەزىرلەر قوپتىلەر يەرلىك يېرىدىن.
قۇچۇپ يىغلادى دىدى: سەيغۇل،ۇلۇكمەن،
كى سەنسىز دۇنيادا مىسلى ئۆلۈكمەن.
ئۇشۇل سائەت مېنى سەندىن ئايىردى،
پەلەك ئىشرەت نە ھالىنى قايىردى.
ئون ئۇچ يىل ئىلگىرى سەندىن ئايىرىلدىم،
ئۆلۈك ئەردىم سېنى كۆرۈپ تىرىلدىم.
سەرۇپاي بېرىپ شاھانە بولدۇم،
بارىپ خەمامغە كىرىپ شادانە بولدۇم.
دىدى: كىم سىزنىڭ مېھمانىڭىزدۇر،
سىزنىڭ مېھمانىڭىز جانانىمىزدۇر.
ئايا خۇش كەلدىڭىز مېھمانۇ جانى،
سورايمىز جان بىلە سىز ئىككى جانى.
دىدى شاھ كىم سوئال بولسا سورارسىز،
سۇچۇك جان شەھرىنىڭ زالنۇرسىز.
ئۇشۇل مەجلىسنى خاسۇلخاس قىلدى،
بارچە خەلق ئىچىدە خەيرۇلناس قىلدى.

**سائىد ئۆز ھالىنى شاھزادىغە ئېيتقانى**

كەل ئەي راۋى سائىد ھالىنى ئېيتقىل،
نىملەر كۆردى ئانىڭ ئەھۋالىنى ئېيتقىل.
ئۇشۇل كۈن كىم بۇزۇقلۇق سالدى تەڭرى،
كى يۈز مىڭ خەلقنى بىز بىر قىلدى تەڭرى.

ئايرىدى بىر بىرىمىزنى بۇ غەددار،
ئاققۇزۇپ ھەر سارى دەريايى خۇنخۋار.
نەچە كۈنلەر ئاققۇزۇپ بىزنى دەريا،
قازادىن نەچە زەڭگى بولدى پەيدا.
تۇتۇپ باردى ئۇلار ئۆيلىرىگە،
كى تۇشتۇق زەڭگىلەرنىڭ كۆيلەرىگە.
كى بىزنى زەڭگىلەر قۇللۇققا سالدى،
كۈنۈ تۈن بىزنى ئۇل ئوتۇنغا سالدى.
ئىككى ـ ئۈچ يىل قىلىپ قۇللۇق بولۇپ زار،
ئۇلارنىڭ ئىلكىدە بولدۇق گىرىپتار.
نەچە زەڭگى ئۇلارغە بولدى مېھمان،
بىرىمىزنى ئۇلارغە قىلدى قۇربان.
كېچەشتۇقكى ئۇچۇيلەن تۈندە قاچتۇق،
كېلىپ جان ھۇلىدىن دەرياغە تۇشدۇق.
خۇدا قىلدى ئىنايەت بىرلە تۈز يىل،
ئاققۇزۇپ سالىمىزنى ھەرسارى سىل.
چۇ زەڭگىلەر يۈزنى تىرىس ئەتتى تەگرى،
تېخى ئاندىن بەتەر كۆرسەتتى تەگرى.
جەزىرە ئۇچرىسا ئاندىن قاچارمىز،
بالا بولمىغاي دەپ قانلار ئىچەرمىز.

## سائىد زەڭگىلەردىن قۇتۇلۇپ بىر بالاغە مۇپتالا بولغانى

كۆرەرمىز بىر بۆلەك زات ئەجايىپ،
خۇدانىڭ قۇدرىتىدىن كۆپ غارايىپ.
كېلىبان تۇتىدىلەر بىر خەستىلەرنى،
تۇتۇپ بەند ئەتتىلەر ۋابەستىلەرنى.
ئۇلارنىڭ باشلارى ئارقاسى خارۋار،
ۋەلى يۈزى كۆزى ئېرۇر بەشەۋار.
قوللىرى كىشدەك ھەم ئاياغى،
نە ئادەم، نە ھايۋان ئىككى قۇلاغى.
يۈرۈشى مىسلى ئادەم راستى بارى،
ۋەلى بويىندەدۇر يايلى ھىمارى.
تىلىنى بىلسە بولماس كىم نەدەيدۇر،
ۋەلى ئۇل خوب نېئمەتلەر يەيدۇر.
ئېرۇر بىزگە يەنە كۆپ كىشىمىشلەر،
تۆكەرلەر ئالدىمىزغە كۆپ يېمىشلەر.
سۇ ئورنىغە ئېرۇرلەر بادەئى ناب،
ئىككىمىز بولدىلەر گۈل بەرگى سىر ئاب.
بىر ئىككى بىزنى بورداديلەر،
سەمرىتىپ ئىككىمىزنى خوب يىدىلەر.
ماڭا يەمەك سىنىنىڭ پىكرۇ فىراقىڭ،
كۆزۈمگە كۆرۈنۈر ھەردەم ۋىسالىڭ.
ئۇلارنىڭ نېئمەتىدىن ھەم يېمەسمەن،
تۇلا ئاغزىدىغا ئالىپ چاينىماسمەن.
سىنىنىڭ قايغۇڭنى يەرمەن كېچە ـ كۈندۈز،
قورقۇدۇرمەن ئوشۇل ھۇجرىدە يالغۇز.
غېرىبى ئىككى يىل بىر ئۆيدە تۇردۇم،
سىنىنىڭ ھىجرى ئوتۇڭدا دائىما كۆيدۇم.
كى بىر كۈن ئورنىتى كىردى قاشىمغە،
باقىپ تۇردى يۈزىمىڭ كۆز ياشىمغە.
ئىشكىنى ئاچتى ئۇ قىلدى ئىشارەت،
كى بىلدىم قاچقىلى بەردى بىشارەت.
چىقىپ سالدىم ئۆزەمنى خارى غۇسقە،
پاناھ بولدۇم ماڭا بىر دىۋاسقە.
كى خۇرشىد ئولتۇرۇپ بولدى قاراڭغۇ،
قاچارغە يولمۇ يوق غەيرى تۇرانغۇ.
كېلىپ تۇشدۇم يەنە تىلسىز بالاغە،
تەۋەككۇل قىلدىم يالغۇز ئۇل خۇداغە.
نەچە كۈنلەر يۈرۈپ ئېردىم خۇدا دەپ،
خۇداغە جانۇ دىل بىرلە سانا دەپ.

## سائىد ئاندىن قۇتۇلۇپ يەنە بىر بالاغە ئۇچراغانى

يولۇقتى بىر جەزىرىدە يولدا ناگاھ،
كى چىقتى بىر بالايى ئاندا ناگاھ.
تۇتۇپ مېنى ئېلىپ باردىلەر ئاندە،
ئەجايىپلار ياراتىپدۇر جاھاندە.

ئۇلارنىڭ بويلىرى مىسلى چىنارە،
دىگەيسەن كۆرسەتكۇ بىر مۇنارە.
قۇلاقلارى ئانىڭ مىسلى كىلىمى،
كىشى بىلمەس ئۇلارنىڭ هەم تىلىنى.
ۋەلى ئېرمەسلەر ئادىمى خۋار،
يىمەس ئېردى ئۇلار هەم جىنىس مۇردار.
ۋە لېكىن كۆردىلەر مېنى ئەجايىپ،
ئۇلارنى مەن تېخى كۆردۇم غارايىپ.
مېنى تۇتۇپ ئۇلار سالدى قەپەسكە،
بۇ كەز قالدىم يەنە زارى نەپەسكە.
تەئەججۇپ بىرلە باشىن ئىرغادۇرلەر،
مېنى سايراتۇبان هەم يىغلاتۇرلەر.
ئاسارلار مېنى تامغا مىسلى بۇلبۇل،
قىلۇرمەن نالە-پەرياد بىرلە غۇلغۇل.
تەفەررۇجلار قىلۇر بۇ قەفەسدىن،
ئالۇرلەر بەهرى پەريادۇ نەفەسدىن.
چىقىر ئىچسەلەر ئىلتىپ قۇيارلەر،
مېنىڭ يىغلاغانىمنى خۇش كۆرەرلەر.
قەفەسدە ئىككى يىل بولدۇم گىرىپتار،
كېچە-كۈندۈز فىراقىڭدە بولۇپ زار.
كى بىر كۈن سەيرىگە چىقتى يىغىلىپ،
بېرىپ دەريا لەبىگە مېنى ئالىپ.
ئانىڭدەك ئىچتىلەر هەرلەهزە تىنماي،
يىقىلدىلەر ئاياق قولىنى بىلمەي.
تاپىپ پۇرسەت چىقىپ كەتتىم قەفەسدىن،
قۇتۇلدۇم ئاندا پەريادۇ نەفەسدىن.
كۆرەرمەن سۇ لەبىدە ئەسكى زوراق،
ئىچىگە سالدىم ئانىڭ نىئمەت ئازراق.
خۇدا دەپ سالدىم ئۆزەمنى چۇ سۇغا،
تەۋەججۇدۇ قىلدىم ئاندا زىكرى هۇغا.
غېرىبى ئىككى ئاي ئول بەهرى ئىچىندە،
كېچە-كۈندۈز يۈردۈم نەهرى ئىچىندە.
كۆپ ئاپەتلەر ياراتىپدۇر خۇداۋەندە،
ئەجەلسىز ئادەم ئۆلمەيدۇ دەمى چەندە.

## سائىمدقا بىر كارۋاننىڭ راست ئۇچراغانى

كى ناگاه ئۇچرىدى بىر كارىۋانى،
بارۇر بىر كۇشتى بىرلە دەيدىۋانى.
مېنى كۆرۈپ كېلىبان ئالدى ئۇلار،
كى ئۆز كۈشتەلىرىگە سالدى ئۇلار.
سوراپ بىلىپ مېنىڭ هالىمنى بىر بىر،
كى مەن هەم بارچىنى قىلدىم تەقدىر.
ئۇلار بىرلە چىقىپ سەهرا يۈزىگە،
كۇنەيدىم دۇنيانىڭ تاغۇ-تۈزىگە.
يۈرۈپ ئىزدەپ سېنى مەن ئەلدىن ئەلگە،
چېكىبان سەيياهلار قوروني بەلگە.
نەچە يىللار يۈرۈپ كەزدىم جاهانىنى،
كى ئولدىگە باتىپ ئەردىم بۇ جانىنى.
ئۇشۇل كۈن ئېردى مۇندا كەلگەنىمىز،
بار ئىكەن مەگەر بىز قىلغانىمىز.
بىهەمدۇلىللاهۇ يەنە كۆردۇم چۇ ئەشرەپ،
مۇبارەك يۈزىگە بولدۇم مۇشەررەپ.
ئىشتىپ هالىنى شاهزادە يىغلار،
ئۆپەر يۈزىگە سىلاپ كۆڭلىنى ئاۋلار.
شۈكۈر قىلىپ بولۇپ سۆهبەتكە مەشغۇل،
ئۇلارنىڭ ئالدىغە غەم بولدى مەئزۇل.
نەچە كۈنلەر قىلىشىپ ئەيشى مەئىشەت،
كى بولدى هەر بىرى بىر هۆرى جەننەت.
ئىلاها جۈملە غەمدىن شاد قىلغىل،
كى غەمكىن بەندىلەرنى ئازاد قىلغىل.
نە خۇش بولغاي تۈزۈك يۈرسە پۇركار،
كى مەتلۇبىغە يېتىشىپ تەلەفكار.
نە خۇش بولغاي جاپا تارتىپ جاپاكەش،
مۇرادىن تاپسا ئاخىر ئول بالاكەش.
نە خۇش بولغاي جاپاسىدىن جاپاكەر،
پۇشايمان بولسا لۇتىف قىلسا دىلدار.

## بەدىئۇلجامال مەلىكەنى ئىشتىپ كۆرۈشكەلى كەلگەنى

ئايا ئاشىق كەل ئەمدى قىلما نەۋمىد،
ئېرۇر ئاشىققا شەرت تۇتقىل ئۇمىد.
راۋايەت قىلدى داۋى بۇ گۈلىستان،
دىدى بولۇر مۇئەتتەر ئەمدى بوستان.
ئىمەكداشىم كېلىپدۇر دەپ پەرىزات،
ئىشتىپ بۇ خەبەرنى بولدى دىل شات.
سورار ئېردى ئانى بەس جانى بىرلە،
تىنغىل ئېيتار ئۆزىنى تۇرغانى بىرلە.
ئانىڭ پىكرىدە ئېردى زادى ئەفكار،
كېچە-كۈندۈز غېمى بىرلە گىرىفتار.
ساغۇنۇر ئېردى دائىم ئەي مەلىكە،
قايان باردىڭ جانىمدىن ئەي جانىكە.

ئاتاسى ھەم ئاناسى شاد ئولدى،
قىزىم غەم ئىلكىدىن ئازاد بولدى.
دىدىلەر باربان ھالنى سورغىل،
نەچە كۈنلەر تۇرۇپ تۈيغۇنچە كۆرگىل.
بەدىئۇلجامال ئېيتۇر سۆيۈنۈپ،
ياراغىمنى قىلىڭلار دەپ ئۈنۈپ.
كەلتۈردىلەر ئانىڭ تەختى راۋانىن،
قىلىپ ئەزىم سەپەر كۆرگىلى جانىن.
قالىن چىرىك بىلە بولدى راۋانە،
پەرىلەر ئالدى ئانى دەر مىيانە.
كەلتۈردىلەر سەرىندەلگە ئۇچۇرۇپ،
مەگەر باغى ئېرەمنى ھەم كۆچۈرۈپ.

## مەلىكە بەدىئۇلجامالغە پىش چىقىپ كۆرۈشكەنى

ئىشتتى بۇ خەبەرنى شاھى سەرىندىل،
ئانىڭ ئۈچۈن ياسادى باغى مەنزىل.
قىلىپ تەييار ئەسبابۇ ياراغىن،
غەيرۇ ئەنبىرۇ مۇشكى چىراغىن.
ئاڭا ئوترۇ چىقىپ ماھى مەلىكە،
كۆرۈشتى قوشۇلۇپ ئىككى جانىكە.
قۇچۇشۇپ ئىككى جاندان مېھرىبانلار،
ئۆپۈشۈپ، يىغلاشىپ قىلدى فىغانلار.
كېلىپ تۈشتى ئوشۇل باغۇ-چىمەندە،
تىكىپ ھەرگاھلار بەرگى سىمەندە.
تېخى بىر بىرىنىڭ يۈزلىرىگە،
تولاردۇر ياشى نەرگەس كۆزلىرىگە.
تىكىپ بىر بىرىنىڭ نازىنىن كۆزىنى،
قوشۇپ بىر بىرىگە شىرىن سۆزىنى.
يەنە بىر بىرىگە زار ئېيتۇشۇرلەر،

فىراق ئوتىنى مىسانە ئېيتۇشۇرلەر.
مەلىكە ھالنى سورار پەرىزاد،
نە كۆرگەنىن دىدى ئول سەرۋى ئازاد.
ئاڭا ئېيتۇركىم ئول زارى ۋە دىلنى،
سەبەپ بىرلە ئېچىلغان مۈشكۈلنى.
ئىشتىپ ھالنى يىغلادى دۇگانە،
تۆكەر گۈل يۈزىگە مارجانۇ دانە.
قىلىپ ئەمدى بۇگۈن شۈكرى ۋىسالىن،
ياشۇرۇن توي قىلىپ بەدىئۇلجامالىن.
مۇئەتتەر قىلدىلەر مەيدان يۈزىنى،
كۆيۈپ ئەنبەر تۇتۇپ دۇنيا يۈزىنى.
قوشۇلۇپ ئايۇ كۈن ئۆيدىن چىقارلەر،
مەگەر كۈن بىرلە چۇلغاشۇپ تۇغارلەر.
كېزەرلەر باغنى ئىككى دىلئارام شۇدەم،
ياسارلار زۇلپى خالى دانەئى ھەمدەم.

## بەدىئۇ لجامال سەيفۇلمۇلۈكنىڭ چېدىرىنى كۆرۈپ مەلىكىدىن سورغانى

كى ناگاھ شاھىنىڭ چېدىرى كۆرۈندى،
بۇ نە ھورگاھ ئېرۇر دەپ ئانى سوردى.

مەلىكە دىدى ئانىڭ ئولجاسى مەن،
مېنى قىلغان خالاس ئول بەندىسى مەن.

ئۆزىدۇر مىسىر ئېلىگە شاھزادە،
بولۇبدۇر ئىشق يولىدا ئول فەتادە.
قىلىپ مەئلۇمكى ئۆتتىلەر ئاندىن،
خەبەر يوق شاھقا ھىچ كۆتكەن جاناندىن.
كەچۈرۈپ نەچە كۈنلەر ئۆمرىنى شادە،
پاراغەتدە مەي ئىچەر سەرۋى ئازادە.

**بەدىئۈلجامال مەلىكەدىن ئەفسانە تىلەگەنى**

كى بولدى ئىككى ھەمشىرە ماتاشىر،
مەلىكە قىلدى ئۆز دەردىنى ئاخىر.
بەدىئ ئەيتۇر قىل ئەمدى بىر ھېكايەت،
كى بولغاي ئول ھېكايەتدە شارايەت.
كۆڭۈل ئاچىلغۇدەك ئەفسانە ئەيتقىل،
كى بۇ ئەفسانەئى دۇردانە ئەيتقىل.
بەدىئۈل ئاندىن ئەفسانە تىلەدى،
مەلىكى سۆزگە باھانە تىلەدى.
چىگىلگەن زۇلفىنى تاپتى ئول شانە،
تۈگۈننى يەشكىلى بولدى باھانە.
مەلىكە تاپتى تەقرىرە ھېكايەت،
كى بۇنياد ئېيتتى قىلدى ئول رىۋايەت.

**مەلىكە شاھزادىنىڭ تەئرىپىنى بەدىئۈلجامالغە دەلىل ئەتكەنى**

دەلىل ئەتتى شاھىنشاھنىڭ سۆزىنى،
كى ئاچتى ئول ھىكايەتنىڭ يۈزىنى.
دىدى بىر نازىنىن شاھزادە كۆردۈم،
غېرىبۇ بىكەسۇ ھالىنى سوردۇم.
نىھالدۇر ۋەلى ھالى پەرىشان،
بولۇپدۇر تەشنەلەپ ئىشقىدا بەريان.
بىغايەت نازۇك ئول ھەم نازۇ ئېردى،
مالاھەت بىرلە جاھان ھۆرى ئېردى،
جاھاندا سەيرى ئېتىپدۇر ئاپتابى،
كۆيۈپ خۇنابە يىغلار كابابى.
ئاتى سەيفۇلمۇلۇك ئول شاھى ئالەم،
ئاڭا قۇل بولسا بولۇر جىنۇ ئادەم،
قىلىپ شاھزادىنى بىسيارە تەئرىپ،
پەرى خوردىنمۇ كۆپ ئارتتۇردى تەۋسىف.
دىدى ئاخىردا ئەي يارى ۋاپادار،
سىنىڭ ئىشقىڭدا ئېرۇر ئول گىرىپتار.
نە كۆرگەنىن نە قىلغانىن سەراسەر،
ئون ئۈچ يىل جەۋرى چەككەنىن بەرابەر
ئانىڭ ئەھۋالىنى ئەۋۋەلدىن ئاخىر.
بەدىئۈل ئالدىدا شەرھى ئەتتى زاھىر.

**مەلىكەنىڭ سۆزىنى ئىشىتىپ بەدىئۈلجامالنىڭ ئاچچىغلانغانى**

ئىشىتتى شاھنىڭ كى دەردىنى بىر بىر،
مۇشەررەھ قىلدى بەسكى ياخشى تەقرىر.
شاھىنشاھ كۆردى ھالىنى تەبەپتە،
چىرايىن چىقتى ئەمما دىل شىكەستە.
بەدىئۈل ئېيتتى ئەي جانۇ جاھانىم،
نەلەر دەيسەن ماڭا ئەي مېھرىبانىم.
ساڭا دىدىم ماڭا ئەفسانە ئېيتقىل،
قاچان دىدىم ماڭا جانانە ئېيتقىل.
بولۇپ ئاشىق پەرىگە ئادىمىزاد،
بۇ ئىش قايسى ئەقلغە قىلدى بەس ياد.
بىر ئېيتىڭ ئەمدى بۇ سۆزنى دىمەگىل،
ئانىڭ ئۈچۈن غەم-غۇسسە يىمەگىل.

## مەلىكە بەدىئۇلجامالغە ئاناسى بىرلە نەسىھەت قىلغانلارى

مەلىكە بىرلە ئاناسى ۋاپادار،
شاھىنشاھ دەردىگە ئېرۇر ۋاپادار.
مەلىكە ئېيتتى: ئۆلۈكمەن تىرگۆزەكۆر،
ئۆزەڭىنىڭ بىر گىنەسىن كۆرگۆزە كۆر.
خىجىل قىلما مېنى شاھقا كۆرۈنگىل،
كى ئۆزگە مەسلىھەتىڭنى ئۆزۈڭ بىل.
ئاناسى ھەم دىدى ئەي نۇرى دىدە،
يۈرەگىم ئىچرە فەرزەندە گەزىدە.
مەلىكە سىڭلىڭۇ ئولدۇر ئاغاسى،
مەن مىسكىن تېخى بولدۇم ئاناسى.
قىلىپدۇر ۋەئدە كۆرسەتسە سىزنى،
كۆرۈنگىل قىلماغىل شەرمەندە بىزنى.
ئون ئۈچ يىلدۇر سېنىڭ ھىجرىڭدە ئەفگار،
غېرىبلىقتا سېنىڭ ئۈچۈن گىرىفتار.
ئېرۇر ئارزەندەئى ئىشقىڭغە لايىق،
قىلىپ تەڭرى سېنىڭ ۋەسفىڭغە ئاشىق.
تۈمەن ئارتۇق بىلۇرمىز ھۆسنىڭنى گۈلدىن،
ياشۇرۇرمىز سېنىڭ يۈزۈڭنى يېلدىن.
كى باردۇر بۇندا بىر سەررى ئىلاھى،
سالىبدۇر باشىغە سەۋدايى ئاھى.
بۇ سەۋدانى ئاڭا سالغان خۇدادۇر،
بۇ ئېيتقان سۆزىمىز بادە ھاۋادۇر.
ئانىڭ دەردىگە دىدارىڭ داۋادۇر،
ئانى بىر كۆرمىگىڭ ساڭا راۋادۇر.
مەلىكە كۆڭلىنى قىلغىل زىيارەت،
بۇزۇلغان كەئبىنى قىلغىل ئىمارەت.
بەدىئى تولغانىپ كۆپ نازى قىلدى،
نەچە ئالداسا نازىن سازى قىلدى.
نەچە كۈن ئالدىدىلەر بولمىدى ھىچ،
كى خۇرشىد ئولتۇرۇپ كۈن بولدى ھەم كەچ.
مەلىكە ئۆپكىلەپ ھەم تىرە بولدى،
مەگەر ئاھى تابان خىرە بولدى.
قويۇپ ئۇيقۇ ئۈچۈن تەكيە باشىغە،
بولۇبان تەكيەسى نەم كۆز ياشىغە.
بەدىئىنىڭ كۆزىگە ھىچ ئۇيقۇ كەلمەس،
كى ئۇيقۇ چىميەسىدىن ئۆتسە بولماس.
بۇ تەئرىپ ئوقى كۆكسىگە تەگدى،
مۇھەببەت رىشتىنى كۆڭلىگە چىگدى.
كىم ئول ئەلدىن ئويالىپ نازى قىلدى،
ۋەلى كۆكۈل قۇشى پەرۋازى قىلدى.
بۇ سۆز ئۈستىدە قىلدى كۆپ دالالەت،
مەلىكە ئاقىبەت بولدى خىجالەت.
باشىن قويدى مەلىكە ئۇيقۇ باستى،
بەدىئ كۆڭلىنى ئىشق ئوتىغە ئاستى.
شاھىنشاھ ئىشقىنى ئاڭا زور قىلدى،
بەدىئىنىڭ كۆڭلىنى پىرشۇر قىلدى.
يېرىم تۈننى ئۈزاتتى ئۇيقۇسى يۇق،
كى شاھزادەدىن ئۆزگە قايغۇسى يوق.
بۇ ئەلنىڭ كۆزىدىن مەخپى راۋانە،
كى ئۇخلاپ قالدى ئۆيدە ئول يىگانە.
قوپۇپ باردى كۆرەي تازە گۈلنى،
يۈزىن كۆرگەچ چۇ ئۆلدۈردى ئۆزىنى.
كېلىپ بەدىئۇلجامال ئۆيىنىڭ يانىغە،
يا قىلدى ئىشق ئوتى ئانىڭ جانىغە.

## شاھزادە چۈرەلەرى بىرلە مەي ئىچىپ ئولتۇرغانلارى

مۇغەننىلەر سەرۋەرى ئەيتدى قاشىندە،
قولىدا گۈل دەستە ساقىپ باشىندە.
باشلىرىدا قۇببە ئالتۇن يەككە پۈر ھەم،
ئىچەر مەينى ئوشۇل يار دەپ يىگەچ غەم.
ئاياقچىلار تۇتۇبان بادەئى ناب،
بولۇبان شاھزادە چۈن بىرگە سەيرئاب.

## مەلىكە بەدىئۇلجامالغە ئاناسى بىرلە نەسىھەت قىلغانلارى

مەلىكە بىرلە ئاناسى ۋاپادار،
شاھىنشاھ دەردىگە ئىبرۇر ۋاپادار.
مەلىكە ئېيتتى: ئۆلۈكمەن تىرگۈزەكۈر،
ئۆزەڭنىڭ بىر گىنەسىن كۆرگۈزە كۆر.
خىجىل قىلما مېنى شاھقا كۆرۈنگىل،
كى ئۆزگە مەسلىھەتىڭنى ئۆزۈڭ بىل.
ئاناسى ھەم دىدى ئەي نۇرى دىدە،
يۈرەگىم ئىچرە فەرزەندە گەزىدە.
مەلىكە سىڭلىڭۇ ئولدۇر ئاغاسى،
مەن مىسكىن تېخى بولدۇم ئاناسى.
قىلىپدۇر ۋەئدە كۆرسەتسە سىزنى،
كۆرۈنگىل قىلماغىل شەرمەندە بىزنى.
ئون ئۈچ يىلدۇر سىنىڭ ھىجرىڭدە ئەفگار،
غېرىپلىقتا سىنىڭ ئۈچۈن گىرىفتار.
ئىبرۇر ئارزەندەئى ئىشقىڭغە لايىق،
قىلىپ تەڭرى سىنىڭ ۋەسفىڭغە ئاشىق.
تۈمەن ئارتۇق بىلۇرمىز ھۆسنىڭنى گۈلدىن،
ياشۇرۇرمىز سىنىڭ يۈزۈڭنى يىلدىن.
كى باردۇر بۇندا بىر سەررى ئىلاھى،
سالىبدۇر باشىغە سەۋدايى ئاھى.
بۇ سەۋدانى ئاڭا سالغان خۇدادۇر،
بۇ ئېيتقان سۆزىمىز بادە ھاۋادۇر.
ئانىڭ دەردىگە دىدارىڭ داۋادۇر،
ئانى بىر كۆرمىگىڭ ساڭا راۋادۇر.
مەلىكە كۆڭلىنى قىلغىل زىيارەت،
بۇزۇلغان كەئبىنى قىلغىل ئىمارەت.
بەدىئى تولغانىپ كۆپ نازى قىلدى،
نەچە ئالداسا نازىن سازى قىلدى.
نەچە كۈن ئالدىدىلەر بولمىدى ھىچ،
كى خۇرشىد ئولتۇرۇپ كۈن بولدى ھەم كەچ.
مەلىكە ئۆپكىلەپ ھەم تىرە بولدى،
مەگەر ئاھى تابان خىرە بولدى.
قويۇپ ئويقۇ ئۈچۈن تەكيە باشىغە،
بولۇبان تەكيەسى نەم كۆز ياشىغە.
بەدىئىنىڭ كۆزىگە ھىچ ئويقۇ كەلمەس،
كى ئويقۇ چىيەسىدىن ئۆتسە بولماس.
بۇ تەئرىپ ئوقى كۆكسىگە تەگدى،
مۇھەببەت رىشتىنى كۆڭلىگە چىگدى.
كىم ئول ئەلدىن ئويالىپ نازى قىلدى،
ۋەلى كۆڭۈل قۇشى پەرۋازى قىلدى.
بۇ سۆز ئۈستىدە قىلدى كۆپ دالالەت،
مەلىكە ئاقىبەت بولدى خىجالەت.
باشىن قۇيدى مەلىكە ئويقۇ باستى،
بەدىئ كۆڭلىنى ئىشق ئوتىغە ئاستى.
شاھىنشاھ ئىشقىنى ئاڭا زور قىلدى،
بەدىئىنىڭ كۆڭلىنى پىرشۇر قىلدى.
يېرىم تۈننى ئۆزاتتى ئويقۇسى يوق،
كى شاھزادەدىن ئۆزگە قايغۇسى يوق.
بۇ ئەلنىڭ كۆزىدىن مەخپى راۋانە،
كى ئۇخلاپ قالدى ئۆيدە ئول يىگانە.
قوپۇپ باردى كۆرەي تازە گۈلنى،
يۈزىن كۆرگەچ چۇ ئۆلدۈردى ئۆزىنى.
كېلىپ بەدىئۇلجامال ئۆيىنىڭ يانىغە،
يا قىلدى ئىشق ئوتى ئانىڭ جانىغە.

## شاھزادە چۇرەلەرى بىرلە مەي ئىچىپ ئولتۇرغانلارى

مۇغەننىلەر سەرۋەرى ئەيتدى قاشىندە،
قولىدا گۈل دەستە سانچىپ باشىندە.
باشلىرىدا قۇببە ئالتۇن يەككە پۇر ھەم،
ئىچەر مەينى ئوشۇل يار دەپ يىگەچ غەم.
ئاياقچىلار تۇتۇبان بادەئى ناب،
بولۇبان شاھزادە چۇن بىرگە سەيرئاب.

قولىدا مەي دىلىدا يارى شەۋقى،
نەخۇش كۈندۈر هامان گۈلزار زەۋقى.
بولۇبان بىر تولۇن ئايدەك شاھىنشاھ،
هارارەتدىن ئۇرار ھەرلەھزە بىر ئاھ.
بۇ هالەتدە ئاغزىدا نە ئىردى،
كى ئىشق ئاھى بىلە شۇئرى ئىردى.
ئايا شاھزادىلەرنىڭ شاھى سەن سەن،
فەلەك هۆرگاھىنىڭ كى ماھى سەن سەن.
شەرەف بۇرچىدا تۇغۇپ سەن هىلالى،
ئىلىك يەتمەس ساڭا نىچۈك قىلالى.
جالالەت كىشۋەرىنىڭ پادىشاھى،
قاچان يېتەر ساڭا بۇ قۇلۇڭنىڭ ئاھى.
مالاھەت شەھرى هۆسنى جامالى،
لەتافەت بوستانىنىڭ نىهالى.
ئايا باغى ئىرەمنىڭ گۈلئۇزارى،
ساڭا يەتمەس نىتەي پەريادۇ زارى.

پەرى رۇخسارىلەرنىڭ سەرۋەرى سىز،
گۈلىستان ئىچرە گۈل بەرگ تەرك تىرى سىز.
ئىرۇرسەن پادىشاھى مەن گاداڭىز،
غېرىبلىق شەھرىدە بىر مۇپتالاڭىز.
تەخت ئۈستىدە سىز ناز ئۇيقۇڭىزدا،
كۆيەرمەن شام كەبى زار ئوتىڭىزدا.
ئايا شەمشاد بوي بېلى بىر قىل،
فىراقىڭدا كۆيەدۇرمەن رەھىم قىل.
مېنىڭ دەرتىلىك دىلىمدىن بول خەبەردار،
مېنى ئىشق ئوتىقە قىلما گىرىفتار.
غېرىبىنىڭ يۈزىگە باقساڭ نە بولغاي،
ئانىڭ هالىنى بىر سورساڭ نە بولغاي.
سېنىڭ ۋەسلىڭ تىلەي بولدۇم غېرىبىمەن،
ئوتۇڭدا زەر مىسالى سارغىيىپ مەن.
ئۇقۇر تەقرىر پىيادە ۋە ئۇرار ئاھ،
نەدۇر دەرگاھىدىن ئۆرتەنسە ھەرگاھ.

**بەدىئۈلجامال شاھزادىنى ياشۇرۇن كۆرگەلى كەلگەنى**

تۇرۇپ بەدىئۈلجامال ئولتۇردى يالغۇز،
تەفەررۇج قىلدى قاشۇ كۆزى گۈل يۈز
يېقىپ بەدىئۈلجامالىنىڭ ئىشق ئوتىن شاھ،
ئاڭا مېهرى ئوقى تېگىپ ئۇردى بىر ئاھ.
كى ئىشق ئوتى ئاڭا سارى چېقىلدى،
كى كۆكسىگە بەدىئىگە يادى قىلدى.

كى ئىچمەي بادەنى ئول بىھۇش بولدى،
هۇشىدىن كەتتى ئول ھەم خامۇش بولدى.
كى شاھنىڭ مەجلىسى ھەم مەست بولدى،
سىرۇ سازۇ نالىلەر ھەم بەست بولدى.
ئەقلىدىن كەتتىلەر بولدى خامۇش،
شاھىنشاھ ئىشقىدا كى بولدى بىھۇش.

**شاھزادە ياتالماي تاشقارى چىقىپ بەدىئۈلجامالنى تاپقانى**

بارى ئۇيقۇ يېرىگە قويدىلەر باش،
ۋەلى شاھزادە كۆزدىن تۆكتىلەر ياش.
ياتا بىلمەي قوپۇپ تاشقارى چىقدى،
يۈرۈپ ئۆي تەكراسىنى باقتى كۆردى.
كۆرەر بىر نازىنىنى مەست بىھۇش،
ياتۇرسىن بەدەن نازۇك بەنا گۇش.
كېلىپ تۇرغاچ تانىدى يارۇ سادىق،
كۆتەردى باشىنى ئول شاھى ئاشىق.

باشىن تىزىغە ئالدى ئۇردى بىر ئاھ،
كى ئويغانمادى ئۇيقۇسىدىن ماھ.
ئانىڭكى ئاھ دىمى كۆزىگە تەگدي،
كۆزىنىڭ ياشى ھەم يۈزىگە تەگدى.
كى ناگاھ سەسكىنىپ كەلدى ئۆزىگە،
چۇ ناز ئىلە يەڭىن تۇتتى كۆزىگە.
دىدىكىم سەن بۇ نە ئۇستاھلىقدۇر،
پەرى شاھقا نە گۇستاخلىقتۇر.

ئەگەر كۆرسە سېنى بىرجىن بىكبار،
قىلۇر ئۇشبۇ زامان مەئيۇبى ئەفگار.
كى بىلدى شاھ ئۇچۇن جانانىسدۇر،
مەگەر شەمئى ئۇستىدە پەرۋانىسدۇر.
چۇ يىغلاپ دىدى شاھ جاھان زىنھار،
چۇ سەن غەمخۋارى سەن ئۆزگە نە غەم بار.
مۇرادىم مەقسۇدىم كۆرەر كۆزۈم سەن،
ئون ئۈچ يىلدىن بېرى سۆزلەر سۆزۈم سەن.
ئون ئۈچ يىل بولدى مەن ھىجرىڭدە ئەفكار،
غېمىڭ بىرلە غېرىپلىقتا گىرىفتار.
بۇ بىچارە قۇلۇڭدىن يۈز ئۆگۈرمە،
تەرەھھۇم قىل تېخى ھالىمنى سۇرمە.
يۈزۈمگە باق مېنىڭ ئىككى كۆزۈم سەن،
شىكەر ئاغزىڭنى ئاچ شىرىن سۆزۈم سەن.
كىشى جانىن جانانىدىن ئايارمۇ؟
كۆرۈك پەرۋانەنى ئوتتىن تايارمۇ؟
بايان قىلغاي تىلىمىز دەردىمىزنى،
شىكەر كۆرۈك بۇ رۇي زەردىمىزنى.

## بەدىئۇلجامال شاھزادىغە تەبەسسۇم قىلىپ ئېيتقانى

سوزۇلۇپ باقتى ئول قىلدى تەبەسسۇم،
قىلىبان غۇنچىدەك بىر بىر تەكەللۇم.
دىدىكىم ئادەم ئوغلى بىۋاپادۇر،
ھەقىقەت بولماس ئاندا بىر جاپادۇر.
پەرىگە ئادەم ئوغلى بولسا ئاشىق،
كى تۇپراق ئوت بىلە بولۇرمۇ لايىق؟
مەلىكزادە دىدى ئۆرتەنسە تۇپراق،
قىلۇر ئوتقا تەھەممۇل قىلسا تۇپراق.
نەچە كۆيسە كۆيەر ئوت يېلىدىن،
يۈز ئۆگۈرمەس تېخى تۇپراق يېلىدىن.

## بەدىئۇلجامال شاھزادە بىرلە ئەھدە قىلىشقانلارى

قەسەمياد ئېيتتى، يىغلادى بىسيار،
مۇئەسسىر نالە بىرلە زارۇ ئەفكار.
كى كۆردى شاھنىڭ ئىشقىنى ھەقىقەت،
قىلىبان شەرت باغلادى مۇھەببەت.
مۇھەببەت بىرلە ئىچتى شەربەتۇ ئەھد،
بىرىگە بىرى سۇندىلەر شەكىرۇ شەھد.
ئىلىكلەرىن سېلىپ بويۇنلىرىغە.
پەلەك ئىتەر ھەسەد ئويۇنلىرىغە.
ئۈزۈپ شاپتالۇلەر غەبغەبلارىدىن،
تېرىلىپ سەبدە بەرگ گۈل يۈزلەرىدىن.
سۇرۇپ دەردىگە دەرمان لەبلەرىدىن،
شىپا تاپتى كۆكۈل ئاغرىقلارىدىن.
كۆكۈل تىندۇردى قوپتى ئول پەرىزاد،
ئۆيىدە قالدى شاھزادە بولۇپ شاد.
نىچۈكدىن غافىل ئېردى ئۇشبۇ گەردۇن.
مۇرادىغە يېتىشتى ئول جىگەر خۇن.
ئەگەر بولمىسا مەشۇقدىن ئىشارەت،
كى ئاشىقتا يەنە كەلمەس بىشارەت.
ئەگەر مەشۇق يوق مەيلى بىلىڭىز،
ياتا بىلمەس ئاڭا ئۇشاقۇ ھەرگىز.

## مەلىكە ئۇيقۇسىدىن ئويغانىپ ئاھ ئۇرغانى

مەلىكە غاپىل ئىككى دىلرەبادىن،
ئىچىپ شەربەت ئالار جامى ۋاپادىن.
كى ناگاھ ئويغانىپ ئول سۇبھى گاھى،
مەلىكە ئۇردى بىر دىل سۆزى ئاھى.
دىدىكىم ئەي ئەزىزىم زارى ئەفكار،
ئۆلەرمەن ئاقىبەت غەم بىرلە ناچار.

دىدى بەدىئۇلجامال ئەي مىھرىبانىم،
نىگە ئاھ ئۇرارسەن كۆيدى بۇ جانىم.
مەلىكە دىدى ئاشىم ئاھ بولدى،
سىنىڭ ئىشقىڭدا ھەق ئول شاھ بولدى.
ئۇمىدىم كۆپ ئىدى بىلسەڭ سۆزۈمنى،
ئۇياتتىن يەرگە باققۇزدۇڭ كۆزۈمنى.
نە كۆز بىرلە ئانىڭ يۈزىن كۆرەرمەن،
نە تىل بىرلە ئانىڭ ھالىن سورارمەن.
ئانىڭ ئالدىدا مەن شەرمەندە بولدۇم،
تىرىك كەلدىم يەنە خىجىلدىن ئۆلدۇم.
سۆزۈمنى بىر كەررە ئالساڭ ئىردى،
ئۆزۈڭنى بىر كەررە كۆرسەتسەڭ ئىردى.
دىدى بەدىئۇلجامال ئەي داستانىم،
پىدا بولسۇن سۆزۈڭگە ئۇشبۇ جانىم.
ھايانىڭ نامۇسى كۆپ ئىشلىرى بار،
يەنە ئەلنىڭ تىلىنىڭ نەشتىرى بار.
تامانلارغا تېگەر بىر زەررە نامۇس،
يۈزۈمگە نەچچە سالۇر دۇشمەنۇ دوست.
شەھەرلەر تىلىنى باغلاسا بولۇر،
ئەرزىكۆيلەر تىلىنى نىتسە بولۇر.
بارى ئانىڭ ئۇياتى ھەم ئانامنىڭ،
نىچۈك يۈزلىگە باقارمەن ئانامنىڭ.
مېنىڭ كەلگەن چېھرىگىم يوق دىگەيلەر،
كۆرۈپ بىلىپ ئىشىتىپ تەن دىگەيلەر.
راۋا كۆرسەڭ بۇلارنى مەن كۆرەيىن،
ئانىڭ ئالدىدا ھالىنى سورايىن.
ئەگەرچە لۇتفى قىلسام كۆرگۈنچە مەن،
قالۇرمەن سۆز نىمىشگە ئۆلگۈنچە مەن.
مەلىكە دىدى ئەي جانۇ جاھانىم،
سېنىڭ ئۈچۈن پىدا بولسۇن بۇ جانىم.
ئەگەر بىلسە كىشى سېنى بىزگە سالغىل،
نەچچە بەدخۇينىڭ ھەم بوينىنى چالغىل.
ئاناڭغە جاۋابىن بىز بىرەلىك،
ئاتابۇن ئازابىن بىز كۆرەلىك.
دىدى بەدىئۇلجامال مىھرىبانىم،
ئىككى دۇنيادە سەن سەن يارۇ جانىم.
سۆزۈڭ سۇنغۇنچە دۇشمەن بوينى سۇنسۇن،
ئانى چىللاڭ كۆرەيىن كۆڭلى تىنسۇن.
سۆزۈڭدىن ھەرنە كەلسە مەن كۆرەيىن،
ئانىڭ ھالىنى ئالدىڭدا مەن سورايىن.
بولۇپ خۇرسەند مەلىكە كۆڭلى خۇررەم،
نىتاڭ كىم ھالىنى ئالدىڭدا سورام.

## مەلىكە بارىپ شاھزادەنى ئۇندەگەنى

ئۇيۇدى خەلق، ئەل بولدى غايىل،
بارىپ شاھزادەنى ئۇندىدى ئاقىل.
قوپۇپ شاھزادەم يولغە كىردى،
چۇ ھىجرەت يولىدە لەپ تەشنا ئىردى.
چۇ زۇلمەت كېچەئى ئابۇ ھاياتى،
بولۇپ گويا يۈرەگىگە نىجاتى.
قىلىپ ئەغيارىدىن ئول ئاينى خىلۋەت،
مۇھەييا قىلدىلەر ئول ئەسباپ مەئىشەت.
ئىجازەت بىرلە كىردى شاھزادە،
تەۋەززۇئ قىلدىيۇ بولدى فىتادە.
كۆزى يەردە ھاياسىنى كۆزەتىپ،
بەدىئى قوپتى ھەم بوينىن تۈزەتىپ.
تۇرۇپ كۆرۈشتىلەر ئول ئىككى جانان،
قۇچاقلاشىپ ئىككى سەرۋى خىرامان.
پەلەك ھەيران بولۇپ باقتى ۋە قالدى،
كى ئول شاھباز بۇدەم سۇنانى ئالدى.
ئارادا ھىچ كىشى يوق غەيرى سىڭلى،
مۇرادىغە يەتكۈزۈپ تىندى كۆڭلى
ئولتۇرار ئىككى جانان لەئلى دۇردەك،
بىرىسى خۇدپەرىندۇر، بىرى ھۆردەك.
ئەكەلدىلەر كەبابۇ نەقلۇ مەيدىن،
مۇنەۋۋەر بولدى ھۇجرە شەمسى ئايدىن.
سالىبان ئوتقا ئەنبەر مۇشكى خۇشبۇي،
مۇئەتتەر بولدى باغۇ كوچا بەكۇي.

ياراشتى ئىككى زوهره مۇشتەرىدەك،
ئېرۇر هەر قايىسسى خۇددى گۈلدەك.
قىلۇرلەر بىرى - بىرى بىرله نەزاره،
ئېرۇر هەرقايىسسى بىر ماهى پاره.
ئىچىپ مەي بىر - بىرى بىلەن گېزەك دەپ،
سۇنارلەر بىرى بىرىسگە شېكەر دەپ.
ئۆزۈشۈپ بىر بىرىدىن شاپتۇلۇ يەر،
تېرىپ لەئلى لەبىدىن قەنۇ شېكەر.
يەنە بىر بىرىگە بولۇپ مۇۋاپىق،
هەقىقەتلىك مۇناسىپ ئىككى ئاشىق.
پەلەك غاپىل بولۇپ ئىككى دىلئارام،
زامانى تاپتىلەر بىر بىرىدىن ئارام.

## بەدىئۇلجامال ئىناگەسىگە دەردى هالىنى ئېيتقانى

كېچەش بىرله ئىناگەسىن كىتۈردى،
بۇ مەئىندىن ئاڭا سۆزىن يىتۈردى.
كى مۇشكۈل ئىشلىرىغە يارۇغۇمسەن،
بۇ مەخپى دەردىمە دەرمان ئانامسەن.
خىيالى ناگەهان باشىمغە تۈشتى،
ئارىغ كۆڭلىگە ناگاه ئوت ياپۇشتى.
بىله لمەدىم بۇنىڭ تەدبىرى نەدۇر.
چۇ تەقسىر ئۆلدىمۇ تۇپرىغى نەدۇر؟
بۇ ئىشنىڭ پىكىرىنى قىلغۇچى سەن سەن،
بۇ مۇشكۈل پەتىهنى بىلگۈچى سەن سەن.
ئۈمىد سىزدە ئېرۇر ئۇشبۇ ئىشىمغا،
تەرەههۇم قىل كۆرۈبان كۆز ياشىمغا.
كىمۇندا كاشكى كەلمىگەي ئىدىم مەن،
بۇ كۆڭلۈم ئاپىتىنى كۆرمىگەي ئىدىم مەن.
يۈره گىمنىڭ قۇۋۋەتى بۇ كېچە سەن سەن،
سۆز قىلما ئىشىمدىن ئۆزگىچە سەن سەن.
ئانىڭدىن كەلگۈنچە سەن غەمخارلىق قىل،
كۆيەر كۆڭلۈمگە هەم دىلدارلىق قىل.
بۇ سۆز بىرله ئاڭا يىغلادى بىسيار،
قويۇپ يەرگە يۈزىنى ئول زارى ئەفگار.

## ئىناگاسى بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ يىغلاغانى

كۆرۈبان ئىناگاسى يىغلادى كۆپ،
نىگە بولدۇڭ مۇنىڭدەك زارى ئاشۇپ؟
كۆڭۈللەرنى پەرىشان قىلدىڭ ئاخىر،
بۇ غەم بىرله يۈرەكنى تىلدىڭ ئاخىر.
هاياتىمدىن قىزىم ئاخىر كېچۈردۈڭ،
سۇ ئورنىغە بېغىر قانىن ئىچۈردۈڭ.
تىرىكلىك بۇ كەز ئەمدى نىتەيىن،
بۇ ئىشىڭگە نىچۈك تەدبىر ئېتەيىن؟
بىلەلمەدىم ئىشىڭنىڭ جاۋابىن،
نىچۈك بېرەي ئاتا - ئانا جاۋابىن؟
ئاتاڭ سورسا دىگەيمەنكى ئەي زار،
ئەجەپ قايغۇ بىلەن قىلدىڭ گىرىپتار.
ئاناڭنىڭ يۈزىگە نىچۈك باقارمەن،
نىتاك باغى ئېرەمگە ئوت ياقارمەن؟
قىزىنىڭ بۇ ئىشىغا كۆيدى بۇ دەم،
بۇ بىچاره ئاخىر قىلدى مۇرەههەم.
دىدى چىرلاڭ كۆرەيىن شاه يۈزىنى،
سورايىن هەم بىلەيىن دەرت سۆزىنى.
مەلىكزادىنى چىرلاپ كىردى ئانده،
كېلىپ شاهزاده تۇردى مىسلى بەنده.
تۈشۈپ مېهرى بولۇپ ئىناگا،
راۋا كۆرمەس ئانى قىزدىن يەناگا.
بولۇپتۇر چۈن قىزى ئاشىق ئاڭا كىم،
كۆرۈپ لايىق قىزغە هەم ئۆزى كىم.
دىدىكىم بۇ ئىشىڭ خۇد مەخپى ئولماس،
تېخى ياشۇرمىغىمىز ياخشى بولماس.
دىمەگىل كۆپ پۇشده بولماس ئاخىر،
نىچۈك بىر جىنى بۇ ئىشنى قىلماس ئاخىر.

قىلۇر ئاخىر ئاناڭ مۇنى سەرانجام،
چۇ قىلدىڭ پۇختا قىلغىل بولمۇسۇن خام.
بەدئىن ئېيتۇر ئىناگاسەن بىلۇرسەن،
يامانۇ ياخشى قىلساڭ سەن قىلۇرسەن.
ئىناگا دىدى شاھزادە قوشۇلسۇن،

يارىپ قۇللۇق نىيازىن ئەرزە قىلسۇن.
ئەگەرچە غايىبانە ئىسە بولۇر،
ۋەلى يۈزىن كۆرۈبان سۇسە بولۇر.
ئەگەر ئۇلۇغ ئاناڭنىڭ كۆڭلى سۆيدى،
مۇنى تەھقىق قىلكىم ئوغلى سۆيدى.

## ئىناگا شاھزادەنى ئۇلۇغ ئاناسىغە ئالىپ بارغانى

دىدى بەدىئۇلجامال ئەي نىگارىم،
سالامەت يەتكۈزگەي ئول پەرۋەردىگارىم.
قىزىلگۈللەر ئىچىندە تولغان ئايىم،
يىگىتلەر ئىچىندە شىرىن زەبانىم.
ئىناگا بىرلە ئول ئىبەردى جانىن،
دىدى ياخشى سىپارىش قىل بۇ ھالىن.
ئاتاسىنىڭ ئاناسى شەھرىبانۇ،
كى ئېردى شەھرىبانۇ ئاتى ئانى.
ئانىڭ مەئۇسدۇر شەرىستان سەمىن،
لەقەب باغى ئېرەم ئېردى ۋە لېكىن.
ئانى چۇن شاھى شەھرۇخ ياساپ ئېردى،
ئاتىنى باغۇ ئېرەم ئاتاپ ئېردى.
مەلىكزادىنى ئالدى ئىناگا،
قىلىپ گۈل يۈزىگە جانىن كۈلاگا.
قىزىدىن كۆپرەك مايىل بولۇپدۇر،
ۋەلى ئەل دىلىدىن قايىل بولۇپدۇر.
يېتىشتىلەر ئوشۇل باغۇ ئېرەمگە،

يېقىن ئېردى گۈلىستانۇ ئېرەمگە.
تۈشۈپ كىردى ئىناگا ئىچكىرىگە،
سالام قىلدى راۋان شاھى پەرىگە.
تەۋززۇئ بىرلە ئولتۇردى قاشىندە،
كى ئول سوردى قىزنى سۆز ئاشىندە،
قىلىپ تەقرىر ئىباگا يىغلىدى زار،
ئېرۇر بەدىئۇلجامالىڭ زارۇ ئەفكار.
ئىشق ئوتى يۈرەگىگە ياقىلمىش،
مۇھەببەت رەئدى جانىغە چاقىلمىش.
كېچە-كۈندۈز يىغىسىز ئەمەسدۇر،
نىچۈك قىلماس فىكىر قىل خاس ئەمەسدۇر.
قىزىڭنىڭ سۆيگەن ئېرى زىندە ئېرۇر،
ئۆزى ئادەم پەرىلەر بەندە ئېرۇر.
شىكەر سۆزلۈك يىگىت نۇتقى دىلاۋىز،
ھىكايەت قىلسا ئەلپازى شەكەررىز.
مەلاھەت بىرلە ئەسىر نازىنىندۇر،
لەتافەت بىرلە كۆرگىل ماھى چىندۇر.

## ئىناگا شاھزادىنى شەھرىبانۇغە سۆھبەت قىلغانى

ئانى نەچە سۆپەت قىلسام تۈگەنمەس،
ۋەلى كۆرمەي كىشى ھەرگىز ئىنانماس
ئەكەلدىم مەن ئانى ئالدىڭىزغە قۇلدەك،
كۆرەر بولساڭ يۈزى گۈزەل گۈلدەك.
ئالىپ كىردى ئىجازەت بىرلە شاھنى،
چۇ شەھرىبانۇ كۆردى ھۆسنى ماھنى.
كېلىپ كىرگەچ تەۋەززۇئ قىلدى شاھزادە،
بويىدۇر چۇن نىھالى سەرۋى ئازادە.
قىلىپ قۇللۇق قاشىندا بەندىلەردەك،

ئەدەپ بىرلە تۇرۇپ شەرمەندىلەردەك.
يۈزىن كۆرگەچ ئاناسى مېھرى تۈشتى،
مۇھەببەت بىرلە چىرلادى كۆرۈشتى.
چۇ شەھرىبانۇنىڭ كۆڭلىگە ياقتى،
تامامى چىرىگىن ئالدىغە يىغدى.
كۆرۈك دەپ بارچىسىگە بۇ بەشەرنى،
كى قىلماڭلار مۇڭا شۇررۇ ئەسەرنى.
ئانى يالغۇز قويۇپ باغى ئېرەمگە،
ئۆزى باردى سۆز ئەيغالى ھەرەمگە.

بارىپ ئوغلىغه قىلغان سىرىن ئىزهار،
قىزىڭ بولمىش دىگەيكىم ئاشىقۇ زار.
كى يالغۇز قالدىلەر شاهزاده ئانده،
مۇنىگدەك باغنى كۆرەلمەس جاهانده.
يۈرۈبان سەيرى قىلدى باغى مەيدان،
پەرىلەر مەنزىلىنى قىلدى چۇلان.
مۇئەتتەر باغ تۇرۇر رەئنا ۋە دىلكەش،
مۇتەققەش هۇجرىلەردۇر كۇشكى زەركەش.
پاراغەت بىرله ياتۇر شاهزاده،
ئىشتكىل نه ئويۇن كۆرسەتۇر ئانده.
هەسەد ئېتىپ بۇ ئىشرەتنى زامانه،
نه ئىشنى قىلدى ئول يەرده باهانه؟

**شاهزادەنى تىزۇ يەر قىلىپ دىۋىلەر ئۇچۇرۇپ كەتكەنى**

چۇ راۋى قىلدى بىر قىسسه رىۋايەت،
بولۇپ يۈز غۇسسىدىن ئۇشبۇ هىكايەت.
ئوشۇل كۈن دىۋىنى ئۆلتۈردى شاهزاد،
كى ئانىڭ كۇشكى باغى بولدى بەرباد.
نەچه كۈندىن سۆڭره بىلدىلەر ئەخبار،
قالىن دىۋەلەر كېلىپ يىغلادى زار-زار.
سوراپ ئىستەپ يۈرەرلەر هەر دەم ئانى،
قاچان تاپسا ئەگەر كىم تۆكسه قانى.
ئۆتۈپ بارۇر ئىدى نەچچه دىۋه ئاندىن،
كېلۇر ئادەم هىدى ئۇشبۇ چىمەندىن.
چۇ دىۋىلەر ئازغۇرۇپ تەزۋىر قىلدى،
ئۇچۇرەرغه ئانى تەدبىر قىلدى.
دىدى دىۋىنى ئۆلتۈرگەن سىز ئوخشار،
مەلىكه قىزنى كەلتۇرگەن سىز ئوخشار.
مەلىكه ئېيىتتى بىزگه كەلتۈرۈڭ دەپ،
ساغىنىپمىز دىدى تېز يۈرۈڭ دەپ.
مەلىكىنىڭ ئىبەرگەن ئەلچىسىمىز،
ساڭا دىدۈك بۇدۇر بىزنىڭ سۆزىمىز.
بۇ سائىندى بەدنىئىمكىم ئىبەردى،
دىۋەنىڭ مكرىنى چۇ بىلمەي ئىدى.
بۇ ئىدى كىم ئوشۇلدۇرمەن فېقىرنىڭ،
غېرىبۇ بىكەسۇ زارۇ هېقىرنىڭ.
چۇ شاهزاده خيالى خامه تۈشتى،
خيالى خام ئىله ئول دامه تۈشتى.
ئۇچۇردىلەر دىۋەلەر كۆككه ئانى،
دىدىلەركى تۇتتى ئەسۋەدنىڭ قانى.
كى ئەي سەرگەشته بەد بەخت ئادىمزاد،
بىزنىڭ شاهزادىمىزنى سەن قىلدىڭ بەرباد.
ئوشۇل كۈندىن بېرى قەلزۇمنىڭ شاهى،
نەچچه كۈندىن سېنى ئىزلەپ سىپاهى.
كۇياۋ قىلغان ئىمىش شاهبالى شاهى،
كى ئەسۋەد دەردىدىن بولماس ئاهى.
كى سەن شاهبالى شاهقا كۇياۋ ئېرمىش،
ئانى ئۆلتۈرگەنىڭنى بىلگەن ئېرمىش.
كەلتۈردىلەر ئانى قەلزۇم شاهىغه،
يەنه سالدى پەلەك مىهنەت جانىغه.
كۆرۈپ زىبا يۈزىنى هەيران قالدى،
تېخى گۈل يۈزىگه هەم هەيقى كەلدى.
بەسى قورقار ئىدى شەهبالدىن دىۋه،
قاچىپ بارىپ ياسادى قەلزۇمده بىر ئۆي.
دىدىكىم نەچچه كۈنلەر ياشۇرايلىك،
خەبىرى بولغۇسىدۇركىم كۆرەيلىك.

**قەلزۇم شاهىنىڭ شاهزادىنى تۇتۇپ زىندانغه سالغانى**

ۋەلى شاهزادىنى زىندانغه سالدى،
ئايرىم ياردىن ئارمانغه سالدى.
پەلەك پۇرقەت سالۇرغه دەست تاپتى،
مەلىكزاده ئىشى شكەست تاپتى.
بۇ قەلزۇم تۈبىده شاه غەمگه تۈشتى،
پەلەك چەرخ ئۇردى ئاي چاهغه تۈشتى.

مەلىكزادە بولۇپ دىۋەگە دەر بەند،
مىسالى چەزمەكىسلەرگە تۇشۇپ قەند.
كى سالدىلەر ئانى زىندان غەمىغە،
چۇ تۇشتى زۇلمەت ھىجران غەمىغە.

تۇشۇپ زىندانغە ئول دۇررى يىگانە،
سالىپ زىندانغە ئول دەۋرى زەمانە.
تۆكەر بادام كۆزىدىن دۇردى ژالە،
نىچۇك قىلماس كىشى ئول يەردە نالە.

## شاھزادەنىڭ خۇدايى تائالاغە نالە قىلغانى

دىدى يارەب يەنە مىھنەتكە تۇشتۇم،
يار ۋە قۇللۇقتىن يەنە زۇلمەتكە تۇشتۇم،
تۇشۇمدا كۆردۇم ئوخشار ئول سەنەمنى،
خىيالىمدا كېزىپ باغۇ ئېرەمنى.
يىتىشكەندە يەنە ئابۇ ھاياتى،
كى تۇشتۇم تەشنە لەپ چاھۆ ماماتى.
كى بولدۇم غەم قەپەسىندە گىرىپتار،
غېرىبغە ھىچ كىشى بولغايمۇ دۇر يار.
يەنە يۈزۈڭنى كۆرگەيمەنمۇ ئەي جان،
بۇ زىندان ئىچرە ئۆلسەم ئاھ دەرمان.
تۇشۇپدۇرمەن يەنە زىندان غەمىغە،
كى يەتكۇزگەي بۇ خەبەرنى باغ ئېرەمگە.

يۈرەگىم خەستەدۇر زىندان ئىچىدە،
يەنە كىرگەيمەنمۇ زىندان ئىچىدە.
ۋەلى نەۋمىد بولمەن ئول خۇدادىن،
ئاڭا ئاسان خالاس ئەتمەك بالادىن.
خۇدايا ئۆزگە يوقدۇر ماڭا غەمخۋار،
خالاس ئەتكىل بۇ زىنداندىن مىنى زار.
تۇرۇپ زىنداندا شاھى زامانە،
ئاسار ئەھلى ئوقىن ئۇرغاي نىشانە.
چۇ شەھرىبانۇ ئول ئوغلىغە كەلدى،
تامامى جىن بۇ ئىشلەرنى بىلدى.
ئۇچۇردىلەر سۇچۇك جاننى جاھاندىن،
كى شەھرىبانۇ غاپىل بۇ خەبەردىن.

## شەھرىبانۇ شاھزادەنى ئوغلىغە سۇفەت قىلغانى

كېلىپ ئولتۇردى ئوغلىنىڭ قاشىندە،
قىلىپ تەقرىپ شاھنى سۆز باشىندە.
سۇفەت قىلدى شەھىنشاھنى بى ناھايەت،
تامامى مەنىدىن ئەسرۇ بىغايەت.
دىدى بىر شاھى كۆردۇم دۆلەتكە لايىق،
قىلىپ تەگرى ئانى قىزىڭغە ئاشىق.
سۇلايمان نەبىدىن ئالۋان نەزەر ئول،
ئول ئەرنىڭ رەمزىدىن تاپقان خەبەر ئول.
كى مىسرى ئېلىنىڭ سۇلتانى ئېرۇر،
مالاھەت كىشىۋەرىنىڭ خانى ئېرۇر.
سۇلايماندىن بولۇپدۇر مۇژدە ئاڭا،
كۇياۋلىككە كېلىپ بەرمىش چۇ ساڭا.
ئەجەپ شاھزادەدۇر ياخشى سۇفەتلىك،
قاچان بولسا قىز ئوغلان بولۇر ياتلىق.

بولۇر ئېرمىش قىزىڭ ھەم ئاشىقى زار،
كۆرۈپ ئېرمىش مەلىكە سەدقى يار.
مۇناسىپ كۆرۈپ ئول قىزىڭغە لايىق،
تاپىپ ئېرمىش ئىنىڭ كۆڭلىن مۇۋاپىق.
ئون ئۈچ يىلدۇر بەلالەر كۆرگەن ئېرمىش،
غەرىبلىقتا جاپالار چەككەن ئېرمىش.
مەلىكەنى كېتۇرگەن ئول شەھىنشاھ،
كى ئەسۋەد دىۋنى ئۆلتۇرگەن ئول ماھ.
چۇ مەن كۆردۇم مۇناسىپ سەن تېخى كۆر،
كېتۇرۇپ مەن كى ئالدىڭدا ئۆزۈڭ سور.
قىلىپ تەئرىپ شاھنى نەچچە مىقدار،
كى كۆرمەي سۆيدى شەھبال ئانى بىسيار.
دىدىكىم كەلتۇرۇڭلار بىز كۆرەيلى،
تەرەھھۇم بىرلە ھالىن بىز سورايلى.

بارىپ كەلدىلەر تاپمايىن ئاندە،
قايان باردى دىدىلەر بىر زاماندە.
دىدى، شەھبال يالغۇز ئەردىمۇ شاھ،
خاتا قىلىپ قويۇپسىز ئاندە هايهاھ.
بۇ باغلاردۇر پەرىلەر سەيرى گاھى،
تېخى بىزگە دۇشمەندۇر قەلزۇمنىڭ شاھى.
ئاجايىپ تىرە بولدى شاھى شاھبال،
ئىبەردى هەر تەرەف چاپقۇنچە دەرهال.
كى شەهربانۇ ئەنكىپ ئاشۇفتە بولدى،
تامامى چېرىگى ئالۇفتە بولدى.

## بەدىئۇلجامالنىڭ بۇ خەبەرنى ئىشتىپ ئاشۇفتە بولغانى

ئىشتتى بۇ خەبەرنى بەدىئۇلجامالى،
مۇبەددەل بولدى هىجرانغە ۋىسالى.
مەلىكە بىرلە سائىد قىلدى فىغان،
بۇ كەز چىقتى دىبان تەندىن ئىنىسىق جان.
بەدىئى قىلدى كۆكسىن پارە - پارە،
بۇ كەز بولدى يۈزۈم هىجراندە قارە.
مەلىكە هەم ياقاسىن قىلىپ چاك،
بوياپ گۈلدەك يۈزىنى قان بىلە خاك.
كېسىپ تونىن سائىد هەم يۈز ئالىپ چاك،
بولۇپ باشتىن ئاياقى قان بىلە پاك.
گۈلىستان ئارامىدا بولدى غەمىستان،
خازان بولدى مەگەر مىسلى زىمىستان.
سەرەندىل شاھى چۈن ئاشۇفتە بولدى،
تامامۇ خەلقۇ هەم ئالۇفتە بولدى.
نە مۇشكۇلدۇر كى جان تويغۇنچە تۇرماي،
نە ئەرماندۇر ئۈزۈلگەن غۇنچە كۈلمەي.
بەدىئى ئېيتۇركى جان بەردى نە مۇشكۇل،
مېنى مىسكىن بەقا قالدىم نە مۇشكۇل.
كېچە - كۈندۈز كۆيەر بولدۇم مەن ئەمدى،
بۇ غەم بىرلە ئۆلەر بولدۇم مەن ئەمدى.
كى شاھبال ئىشتىپ قىزى پىغانىن،
قىلۇر قۇربان قىزىغە تەندە جانىن.
ئىبەردى هەر تەرەپ چابغۇنچى شەھبال،
خەبەر نە بولغاي ئاندىن بىلگەي ئەھۋال.

## شاھى شەھبال شاھزادەنىڭ خەبەرىنى تاپقانى

كېلىپ بىر جىن خەبەر قىلدى ئايا شاھ،
ياتۇر ئىبردىم خارابۇ خەستە ناگاھ.
كى كۆردۇم نەچچە دىۋە بىر ئاددىمنى،
ئالىپ كەتتى تۇتۇپ بىر ئادەمنى.
دىدى شەھبال قەلزۇم دىۋەلىرىدىن،
ئۇلاردۇر دۇشمەن ئاندا ئويلارىندۇر،
ئىنايەت بولسا بەندىگە خۇدادىن،
ئاڭا هەردەم مەددەت بولۇر سامادىن.
كىشى دائىم خۇدا هۆكمىدە بولسە،
ئەجەپ بولغاي مۇرادىن تاپماي ئۆلسە.
مەلىكزادە خۇدا ۋەندەغە مەشغۇل،
دۇئاسى بولدى دەرگاهىدە مەقبۇل،
ئۇچۇپ كەلدى سائادەتلىك هۇماي،
تولۇئ ئېيتىپ يەنە دۆلەتكە ئاي.

## شەھبال قالىن چېرىك بىرلەن قەلزۇمغە بارغانى ۋە سوقۇش قىلغانى

دىدى راۋىكى بولدى پىتنە ئەنگىز،
بۇ ئىشتىن بولغۇسى بىسيار خۇنرىز.
بۇ ئىشكە تىرە بولدي شاھ شەھبال،
چېرىك چىرلاتتى قەهرى بىرلە دەرهال.
بولۇپ تەييار هەم شەھبال چېرىگى،
بۇ تۇشرەتتە شەھىنشاھنىڭ شېرىگى.

چىرىك تۇتتى هاۋا يۇزىن بۇلۇتتەك،
يېتىپ قەلزۇمغە تۇتاشقان ئۇتتەك.
بولۇپ شەهبال قاشىندە كۆپ يار چىقتى،
مۇسەللەه بولۇبان ئاتلاندى كەتتى.
يەغىشتۇردى بۇلار هەم چىرىكىنى،
جەهدى بىرلە باغلادى ئۇلار هەم بىلىنى.
ئىبەردى ئەلچىلەر شەهبال شاهرۇه،
نە قىلدىك كەلتۇرۇپ ئول ماه مەهرۇه.
ئانى بەرگىل كېتەيلىك پىتنە قىلماي،
چىرىكلەر بىر بىرىنى خەستە قىلماي.
مۇساهىپ بولالى ئۆلگۈنچە دائىم،
ئىچەلى بادەنى تويغۇنچە دائىم.
يوق ئەرسە قەلزۇمنىڭ تۇپراغى توزار،
ئاقار قانلار تېخى يۇرتۇڭنى بۇزار.
دىدى قەلزۇم شاهى ئۇنىڭ جاۋابى،
نەدۇر مۇنچە يەنە قەهرى ئىتابى.
ئوشۇل ئەسۋەدنى ئۆلتۇرۇپمەن،
ئۇنىڭ يولىدا باشىن كىتەرىپمەن.
بىر ئادەم ئوغلى ئۇچۇن كۆپ پەرىزات،
باردى بولغاي بۇ قەلزۇم ئىچرە بەربات.
ئانى كەلگەچ زامان يۈز پارە قىلدىم،
بۇ قەلزۇم تۈبىدە ئاۋارە قىلدىم.
بۇ سۆزنى كېلىپ دىدى ئەلچى شەهبال،
ئاچچىغلاندى ئۆزگىچە بولدى ئەفئال.
سۇغۇردى تىغىنى قىلدى ئامۇ شاه،
يۈرەكىدىن چەكتى ئول ئوتلۇق بىر ئاه.
تۆكۈلدى قار يامغۇردەك پەرىزات،
مۇقابىل بولدى دىۋىلەر هەمچۇ شەددات.
بولۇپ توپان تىلقاق قاراڭغۇ،
كىشى بىلمەس كى دەريا قانۇ يا سۇ.
بىرى بىرىن قەلەم قىلىپ سالۇرلەر،
بىرى بىرىنىڭ جانىنى هەم ئالۇرلەر.
بىرى بىرىنى قىلۇرلەر زار ئەفكار،
چىقار هەردەم بۇلارنى نالەئى زار.
قىلۇرلەر گۈرزىلەر چۇن پارە-پارە،
سۆڭەكلىرى بولۇپ خىشى-خىشى دانە.

بىرى بىرىنى قىلۇرلەر زار ئەفكار،
بىرى ئېيتۇر كىرۇ بىرىدۇر ۋار.
قىزىل يۈزىگە چاپارلەر تىغى خۇنىن،
قارا باشقا ئۇرارلەر گۈرزى زەربىن.
قىلۇرلەر گۈرزىلەر چۇن بادە قالغان،
سۆڭەكلىرى بولۇر خىش-خىش تالقان.
ئۇرارلەر بىر بىرىنى دۈككە-دۈككە،
بارىپ قاچىپ چىقارلەر پەردىن كۆككە.
قىلىچلەرنىڭ يۈزىدىن ئوت چاقىلۇر،
كى دەريا هەر زامان ئوتقا ياقىلۇر.
پەرى دىۋىنىڭ باشىغە يوقتۇر سانى،
بولۇپ باش ئىلىك چۇن كۆيگەنى.
تە ئەججۇپ پەرى دىۋىنىڭ ئاهۇ فىغانى،
پەلەكنى تىترەتۇر مۇررىغ جانى.
قىران قويىتى قىرىلدى دىۋە بىسيار،
قارا قان بىرلە قىينار بەهرى خۇنخۋار.
بولۇپ قەلزۇم سۇيى دەريايى پۇرخۇن،
قىزىل قان بىرلە دەريا بولدى نىلگۇن.
كېسىلدى باشلىرى تۆكۈلدى كۆپ قان،
پەلەكتە قىلدى مۇررىغ ئاهۇ فىغان.
دىدىلەر مۇنچە هەدسىز قان بولۇرمۇ؟
مۇنىڭدەك رەهىمسىز سۇلتان بولۇرمۇ؟
بولۇپ مەغلۇپ ئاخىر كار،
ئىلىككە تۈشتى قەلزۇم شاه ناچار.
ئانىڭ بوينۇن باغلاپ شاهى شەهبال،
بۇيۇردىكىم بۇ دىۋىنى قىنە دەرهال.
تىرىك بولسا بىزنىڭ كىشىنى بەرگىل،
يوق ئەرسە قىين بىرلە كافىر ئۆلگىل.
بۇيۇردى قىيمە-قىيمە قىلغىزلەر،
تېرىسىن تاسما-تاسما تىلغىزلەر.
بولۇپ جالالاتلار قىينارغە مەشغۇل،
دىۋە ئېيتتى: بىر سۆز ئېيتايلى بولسا مەئقۇل.
دىدى شەهبال: ئېيغىل نە سۆزۈڭ بار،
ئۆلەرسەن ئاقىبەت ئىلىكىمدە ناچار.
دىدى: قەلزۇم مېنى ئازات قىلىڭلار،
سېنى ئۆلتۇرمەيمىز دەپ شەرت قىلىڭلار.

## دىۋە قورقۇپ سەيفۇلمۇلۇكنى كەلتۈرگەنى

بېرەيىن كەلتۈرۈپ ساڭا كىشىڭنى،
كېتەرسەك مەندىن ئۇشبۇ سائىشىڭنى.
سۆيۈنۈپ بولدى شەھبال ئاندا خوشھال.
بۇ سۆز بىرلە قەسەم ياد ئەتتى فىلھال.
چۇ كىردى پەرىلەر سۇ تۈبىگە،
غەۋۋاسلاردەك چۆمۈپ قەلزۇم تۈبىگە.
سالىپ ساندۇق بىلە چاھغە شاھنى،
پاتۇرۇپ بىر تۈگۈرمەن تاش بىرلە ئانى.
غەۋۋاسلاردەك كىرىبان دىۋە خۇنخۋار،
چىقاردى بەھرىدىن لوئ لوئ شەھۋار.
چىقاردى دىۋە ئوشۇل دۇررى شەپ ئەفرۇز،
بولۇپ شەھبالغە ئول كۈن ھەيد نۇرۇز.
چىقىپ بۇلبۇل قاراڭغۇلۇق قەپەزدىن،
قىلىپ شەھبالنى خۇررەم قەپەزدىن.
كېلىپ شەھبال شاھزادە ئورتاسىندە،
تەۋازۇئ بىرلە يەر ئۇپتى قاتىندە.
دىدى شاھ كى بىر خەۋاردار بولغىل،
غېرىبلەرگە تېخى غەمخۋار بولغىل.
ئىلاھا دۆلەتىڭىز يار بولسۇن،
ھەممىشە بار تەڭرى يار بولسۇن.
دۇئاچىدۇر ساڭا بۇ جىنسى خاكى،
مەدەت قىلغاي سۇلايمان رۇھى پاكى.
قىلۇرمىز دۆلەتىڭگە كۆپ دۇئالار،
چۇ تۈشتۇق خىزمىتىڭگە بىز گادالار.
كۆرۈپ شەھبال شاھنى شادى بولدى،
ئۆلۈمدىن دىۋە تېخى ئازادى بولدى.
بولۇپ شاھزادە مىسلى زەئفىراندەك،
تېخى گۈلدەك يۈزى بەرگى خازاندەك.
غەم ئىلكىدە سارىغ يۈزىنى كۆردى،
تەرەھھۇم قىلىبان ھالىنى سوردى.
ئېلىپ كىردى گۈلىستانۇ ئېرەمگە،
تۈشۈردىلەر يەنە باغۇ ھەرەمگە.
تامام خەلق ئىشىتىپ بولدى خوشھال،
يەنە قوشلۇقتا مۇژدە كەلدى بۇ ھال.

## شەھبال شاھ قىزىغە توي ياراغىن قىلغانى

ئايا راۋى كېتۈرگىل ياخشى داستان،
بۇ دەپتەر ئاخىرىنى قىل گۇلىستان.
دىدى راۋى قىش ئۆتىبان كېلىپ باز،
كۆڭۈلدە غەم خۇمارى مەي ئىچىپ ياز،
كۆڭۈلدىن كېتەرىپ شەھبال غەمنى،
ياساپ تۈزەپ گۈلىستان ئېرەمنى.
قىلىپ ئىنىڭىز ئەمدى توي ياراغىن،
سافا بەردى سارايۇ كۈشكۈ باغىن.
بەدىئۇلجامال بىرلە ھەم مەلىكە،
ئارام باغىدا كېلىبان جانىكە.
كى سائىد ھەم كېلىبان شاھ قاشىغە،
بولۇبان مۇنىس ئول يالغۇز باشىغە.
چۇ شەھرىبانۇ ئوغلۇم دەپ شاھنى،
دىدي مەن توي قىلارمەن مېھرى ماھنى.
ياراغىن قىلىبان گۈفتىگۈي بىرلە،
كېتۈردى توي ھاي-ھۇي بىرلە.
تىكىبان بارىگاھى خىسرووۋانە،
قۇلاق ئىشىتكەن بىر شامىيانە.
ئۇ تاغ ئۆي قىلىبان ئول بارىگاھى،
ئوشۇنداغ تەخت ئۇزرە ئولتۇرتتى شاھنى.
سۇلايمان سۇرمەسىن چەكتى كۆزىگە،
كۆرۈندى جۈملە پەرىلەر كۆزىگە.
كۆرۈپ مېھرى سۇلايماننى قولۇندە،
مۇسەھھەر بولدى دىۋىلەر ئۇتۇك-سولىندە.
چۇ يارلىق قىلدى ئولدەم مىسرى شاھى،
بۇ سائىدغە كۆرۈنسۇنلەر ئامامى.
كىتۈردىلەر شارابۇ مەست رەنگىن،
كېرەك نەقلى كەباب شەھدى شىرىن.

يىغلدىلەر پەرىزات كۆللى ئەندام،
تۇرۇبان ساز مۇسقا ئۇل دىلئارام.
كى يارۇ خۇشبۇي ئەنبەر بىناھايەت،
ئىرەم باغ بولۇبان خۇش بىغايەت.
پەرىلەر نەغمەلەرىن سازۇ قىلدى،
كۆكۆل بۇلبۇللىرى پەرۋازۇ قىلدى.
چىلىپ سازەندىلەر ناز ئىلە سازىن،
كى نازۇك بىلە ئارتۇردي نازىن.
پەرىلەرنىڭ چەرخىدىن بۇ چەرخى گەردۇن،
كىچە ـ كۈندۈز قىلۇر شەۋق ئىلە جەۋلان.
پەلەك بولۇپ بۇنىڭ تويىدە چەرخى،
ئويۇنچى چەرخىلەرنىڭ سۇندى چەرخى.
يانار ھەم كىچە تولۇن ئاي مەشئەل،
تاڭ ئاتقۇنچە ياقار تويىدە مەشئەل،
تىكىپ ئالتۇن ئەلەم سۇلتانى داۋەر
ئۇرار كۆلبارىڭ ئۇل خۇرشىد خاۋەر.
ئىتەر نەقش باغلار ساز ئىچىندە،
قىلۇر نەققاشلىق ئاۋاز ئىچىندە.

بولۇبان مۇشتەرى زۆھراغە داساز،
كەرەشمە بىرلە دەست ئەنداز پەرۋاز.
مۇسەللەھ ئالدىدا مۇررىخ خۇنرىز،
كى تۆككىنىگە دۇشمەنىنىڭ قانىنى تىز.
مەئىشەت بىرلە مەشغۇل جىن ھەم باز،
تەفەررۇج بىرلە زۆھرا ئەنجۇم نەققاز.
تەنەئئۇم بىرلە سۇلتان ئىردى مەشغۇل،
بولۇپ ئاندىن يەنە بۇ غەم مەئزۇل.
يەپ ـ ئىچىپ نەچچە كۈنلەر شۇكرى شەھد،
قىلىپ ئەقدە نىكاھ مىھر ئىلە ئەھد.
كى ئاخىر بولدى تىزىلار ئەلگە رۇخسەت،
بولۇپ ۋاقتى قوشۇلسۇن بەخت نۇسرەت.
سائادەت بىرلە دۆلەت يار بولدى،
غىرىپ شاھزادە پىرخۇر دار بولدى.
تۆشۇبان شەمس ھاۋۇر مەنزىلگە،
ئىجازەت بولدى كۆللى مەھفەلگە.
چۇ خىلۋەت بولدى شاھزادە بىر ئۆيدە،
يىغلدىلەر مەھرەملىرى بىر ئۆيدە.

## ئىناگەلەر شاھزادەغە بەدئۆلجامالنى ئالىپ كەلگەنى

ئىناگە بىرلەن ئۆي قىزلىرى پاك،
پەرىلەردۇر بارى گۆل سۇدىن پاك.
يىغىلىپ كەلدىلەر گۆل بەرگىن ئالىپ،
شاھىنشاھغە سەرۋى سىمەننى ئالىپ.
ئىناگە كەلتۈرۈپ تاپشۇردى جاننى،
قوبۇل ئەتتى شاھىم رۇھى راۋاننى.
مىسالى تۇرنىغا لاچىننى سالدى،
ئاچ ئىتالكو مەگەر خوررانىغا قوندى.
ئۆزۈپ شاپتۇل قول ئالمىغا سالدى،
مەگەركىم قارچۇغا سۇنانى ئالدى.
ئىسىپ ئىشرەت يەلى ئاچىلدى غۇنچە،
چىمەن گۆلزار چۇ بولدى ھەي دىگۈنچە.
نە سۆھبەتدۇر گۆلى غۇنچە ئاچىلغاي،
ئاچىلىپ ئورتادا گۆل ساچىلغاي.
سەدەفكە سالدى نىسان دۇررى غەلكان،

ساچىلدى دۇررى گۆھەر لەئلۇ مارجان.
قويۇپ تەكلىپ ئىرادە بولدى قانئ،
ھەمىشە زەۋقى شەۋقتە يوقدۇر مانئ.
كىچە ـ كۈندۈز قۇچاقلاشماق سۆزلەشمەك،
ئىلىكلەرىن تۇتۇشماق ھەم ئۆپۈشمەك.
مۇرادىغە يىتىشىپ كۆڭلى تىندى،
پەلەك كۆرۈپ ئۇياتتىن بوينى سۇندى.
نە خوشتۇر ئەمگەك ئىچرە تاپسا راھەت،
چۇ مەرھەم بولسا تۇتاشسا جاراھەت.
ھەسەت بىرلە زامانە قالدى ھەيران،
ھەسەتخورنىڭ يۈرەكى بولدى لەرزان.
نە خۇش كۈندۇركى غەمدىن شاد بولدى،
بۇزۇلغان كۆڭلى ھەم ئاباد بولدى.
ئىلاھا جۈملە ئاشق مەقسۇدىن بەر،
كىرەم بىرلە يۈرەككە تەسكىنىن بەر.

## شاھزادە مەلىكەنى سائىدگە بەرگەنى

چۇ بولدى شاھ سەيفۇلمۇلۇك ئەفرۇز،
ئۆتتۇپ مىھنەت، كېتتى قىش، بولدى نەۋرۇز.
چىمەنلەر بولدى جەننەتتەك شكۇفتە،
بولۇپ سەھراز مۇرەدرەسىز سىفتە.
يىراق ئول كۆردىلەر سەيفۇلمۇلۇك شەھبال،
مەلىكە بىرلە سائىد بولسا ھەم ھال:
سىراندىل شاھىغە ئىبەردى سۆزچى،
ئەززال ئولغالى باردى ھەم ئاۋچى.
كېرەك بىر يەردە بولسا ئول ئىمەكداش،
يەنە بىر بىرىگە بولغاي سۆيۇكداش.
ھەر يەردە بولسىلەر قولداشلار ئىرۇر،
غېرىبلىقدا يەنە مۇڭداشلار ئېرۇر.
قوبۇل ئەتتى بۇ سۆزنى شاھ سىراندىل،
ياسادى شەھەرنى باغلادى قەندىل.
ئىنىسىن چىرلادى تاجۇلمەلىكنى،
كېتۇردىلەر سائىد سەيفۇلمۇلۇكنى.
يىغىلىپ بارچىسى ئەركان دۆلەت،
بولۇپ ھازىر يەنە ئەئيان ھەزرەت.
تەكەللۇپ بار ئىدى ئانچە كىم قىلدى،
نە كىم ئەھلى نىشاد ئېردى يىغىلدى.
تىكىپ ئول بارىگاھى خىسراۋانە،
ئالاكىندە خىتايۇ شامىيانە.
يىغىلدى شاھلار تۈزۈلدى سۆھبەت،
نەچە كۈنلەر قىلىبان ئەيشۇ ئىشرەت.
رەبىئۇلمەلىك قىلدى تويۇ ئالى،
نىچۈك بار ئېردى شاھلار پائالى.
ئىجازەت بەردى كەلگەن ئىكەن ئاندا،
بۇنىڭدەك تويلار بولماس بۇ جاھاندا.
چۇ ئېردى تەشنەلەپ ئابۇ ھاياتى،
ئىچتۈردى شەربەت ۋەسلۇ نىجاتى.
قوشۇلدۇردى ئول ئىككى تەننى،
مۇقابىل قىلدىلەر جانۇ جاھاننى.

چۇ نۇقرە قەفىلنىڭ بەندى ئاچىلدى،
ھىقىق ۋە لەئلى مارجان ساچىلدى.
ئاچىلدىيۇ ساچىلدى باغ ئارا گۈل،
قىلىپ ئىشرەت گۈلىستان ئىچرە بۇلبۇل.
ئۆتتۇپ پەسلى زىمىستان كەلدى بۇ ياز،
گۈلىستان ئىچرە بۇلبۇل قىلدى پەرۋاز.
كىرىپ تۆبىسىز تېكىنزلەر ئىچرە كۈندە،
چىقارىپ دۇرنى ساچتىم تۇتە ـ تۇتە.
يەنە ياخشى گۈلىستانلارغا كىردىم،
بۇ ئاشىقلار ئۈچۈن گۈل دەستە تەردىم.
ئىلاھا غەم يېرىن گۈلزارى قىلغىل،
رەفىقلەرنى چۇ پىرخور دارى قىلغىل.
كىم ئوقۇسا مۇبارەك پالى بولسۇن،
تامام دوستلارى خوشھال بولسۇن.
ئۆتتۈبان نەچچە يىللار كەلدى نورۇز،
كى ئۇردى شاھ ئاھىيۇ دىلسۇز.
گاھى باغۇ ئېرەمگە گاھى سىراندىل،
قىلىبدۇر ئىككى يەردە باغۇ مەنزىل.
دىدى بەدىئۇلجامال ئەي دىلىستانىم،
بۇ ئاھىڭ ئۆرتەدى جانۇ جاھانىم.
بۇ ئاھىڭ بىلسەم ئاھ نەدۇر،
بۇ دەم ئېيتقىل ئىشتەي پالى نەدۇر.
دىدى ئۆتكەن جاپالارنى ساغىندىم،
يۈزۈڭگە باقتىم يۈز شۈكرى قىلدىم.
ئىشىتتى ئۇشبۇ سۆزنى شەھبال شاھرۇھ،
دىدى يۇرتىن ساغىندى شاھى مەھرۇھ.
دىدى چىرلاپ كېلىڭ شاھزادىلەرنى،
غېرىبلىق چەككەن ئول مەزادىلەرنى.
مەھەل بولدى سەن ئەمدى مىسىر بارساڭ،
ئاتا ـ ئاناڭ تاۋابىغە يىغىلساڭ.
كۆڭۈلدە بار ئىدى مىسىرغە بارغاي،
ئاتا مۈلكىگە شاھ ئەسىر بولغاي.

## شاھزادەغە شەھبال ئىجازەت بەرگەنلەرى

كۆڭۆل بەردى قىزىغە شاھى شەھبال،
ئاڭا قىلدى نەسھەت لايىقى ھال.
مۇساھىپ لايىق ئەرزەندە بولسا،
قۇلى بولۇك بۇلار ھەرقايدە بولسا.
كۆڭۆل سۆيگەن ئايرىم چىمەندۇر،
بولۇپ ۋەيران قالاتۇرغان ئىرامدۇر.
سۆيۈك بىرلە سەقىر باغى چىمەندۇر،
چىمەندە سۆيگەنىڭ گۆل تىكەندۇر.
سۆيۈك بىرلە سەقىر گۆلزار ئەمەسمۇ،
سۆيۈكسىز بىرلە جەننەت تار ئەمەسمۇ.
مەلىكە بىرلە ھۆرگاھى قىزلىرى ھەم،
ئەلىق بويلۇق پەرىلەر ماھىرۇيلار ھەم.
بۇ سۆزنى ھەم رەببىئۇلمەلىك بىلدى،
قىزىنىڭ كۆچەرىگە جەھدى قىلدى.
رەببىئۇلمەلىك بەردى ھەرنە بارىن،
تېخى سائىدغە تاپشۇردى نىگارىن.
قىلىپ تەيىن شەھبال ئىبنى شاھرۇھ،
كى بىر سەردار جىن كىم ئاتى مەفەررۇھ.
بەدىئىغە ئاتالىق ئول جىن،
ئىناگەلەر بىلە تاپشۇردى كۆچىن.
مەلىكە سائىد ھەم جەمئى بىرلە،
كى سەيفۇلمۇلۇك ھەم جان شەمئى بىرلە.
كېلىپ ئولتۇردىلەر تەخت راۋانە،
قالىن چېرىكلىرى ئالدى دۇرمىيانە.
ئاساسى كۆكبە بىرلە كۆچۇردى،
مۇردەسسەئ تەختىنى جىنلار ئۇچۇردى.
پەرىلەردىن بارى ئۆي قىزلىرىن ھەم،
يىغىپ تاپشۇردى جۇملە لەشكىرىن ھەم.
چىقاردىلەر ئۇلارنى كۆك ئالىمغە،
كېتۇردىلەر بىسىر شەھرى ئىقلىمغە.
كېلىپ كۆك ئالمىدىن يەرگە بىر تەخت،
تۈشۈپ ئۆز مەملىكىتىغە نۇسرەتى بەخت.
ھەيرانۇ بولۇپ مىسىر ئېلى ئاندىن،
غارايىپ تۇغدى گويا بۇ جاھاندىن.

## مىسىر شاھى بۇ خەبەرنى ئىشىتىپ بەلدەرە ئەلچى ئىبەرگەنى

ئىشىتىپ بۇ خەبەرنى شاھى ئاسىم،
كىشى ئىبەردى بىلگىلى ئانى ئاسىم.
كېلىپ ئەلچى خەبەر قىلدى ئايا شاھ،
سائادەت بىرلە تۈشمىش كوشكى بىرماھ.
كېلىبان ئەلچە كۆردى شاھزادە،
سۆيۈنگەندىن يۈگۈردى ئول پىيادە.
كېلىپ سەيفۇلمۇلۇك ئول بەختى بىرلە،
تۈشۈپ كۆشكىگە ئالتۇن تەختى بىرلە.
ئىشىتىپ ئاسىم ئولدەم ئاھ ئۇردى،
قوپۇبان ئورنىدىن ياياغ يۈگۈردى.
جەملە ئىشىتىپ قوپتى يېرىدىن،
يۈگۈردى چاپسانراق ئۆي قىزلىرىدىن.
تېخى شاھزادە ھەم ئىلگىرى كەلدى،
كېلىپ كەئبە تاۋابىغە يىقىلدى.
قۇچاقلاشىپ كۆرۈشۈپ يىغلادىلەر،
سۆيۈنگەندىن تامامى خەلقى يىغلار.
كېلىپ تۈشتى قەمەر ئۆز مەنزىلىگە،
قوشۇلدى تولۇن ئاي ئۆز مەخفەلىگە.
ئاتا-ئانا ئېلىپ ئورتاغە ئانى،
چىقىپ ئىدى ئۇلارنىڭ كىردى جانى.
ئاتاسى يۈزىنى يۈزىگە سۈرتەر،
ئاناسى باغرىنى باغرىغە سۈرتەر.
سالامەت تاپتى ئوغلىن شاھ سۆيۈندى،
باشىغە تۈشكەن جاپالارنى سوردى.
سۆيۈنۈپ شاھ سەيفۇلمۇلۇك ئۈنى،
كى بىر بىر سوردى ئول شاھ سۆلۈكنى.
بايان قىلدى نە كۆرگەنىن مەلىكزاد،
كى يۈزمىڭ نالە قوپتى ئاھۇ پەرياد.

تېخى سائىد راۋان يەتكۇردى ئۆزىن،
ئاياقىغە تۇشۇپ ئول سۇردى يۇزىن.
ئاتا ـ ئاناسى باردىلەر ئۆزىدىن،
ئىشتكەنلەر تۆكەر قانلار كۆزىدىن.
يەنە شۇكرى قىلۇر ئۇشبۇ دەمغە،
ئېسەن بولسا نە تۇشمەس ئادەمغە.
قىلىپ توي ھەشەملەر تاپشۇردى تەختىن،
كى ھەكىم خۇتبەئى ھەم ئالى رەختىن.
ئېيتتىكى شۇكرى قىلاي كېچەيۇ ـ كۇندۇز،
قىلىپ سەجدە قويار دەرگاھىغە يۇز.
بولۇپ سەيفۇلمەلىك ئۆز مۇلكىغە خان،
يەنە تۇغدى يېڭى ئول ماھى تابان.
بارى ئىقلىم ئاراسىدىن كېتىپ ئېردىم،
سۆيۇنۇپ شادى بولدى يەتتى ئىقلىم.
بولۇپ سەيفۇلمۇلۇك ئۆز مۇلكىغە شاھ،
يەنە بۇرۇنقىدەك قەۋمىغە ئول ماھ.
گاھى مىسىرگاھى شەھرى سىراندىل،
قىلۇر باغى ئېرەمدە گاھى مەنزىل.
قىلىپ ئۆز مۇلكىغە سائىدنى شىركەت،
قىلۇر سۆيۇكلى بەدىئى بىرلە ئىشرەت.
نە خۇش كۇندۇر ئۇشۇل كۇن غەم تۇگانە،
جاپاكەشلەر ۋاپا كۆرۇپ قۇۋانە.
ئىلاھا سەن بارچىنى قىل خاتىرجەمئ،
بارى ئاشىقنە بەرگىل تالىئى شەمئ.
يورۇسۇن كۆزى كۆكسى دىلرەبانىڭ،
بارى كۆرسۇن ۋاپاسىن دىلبەرىنىڭ.
نىچۇككىم شاھ كۆردى يار ۋاپاسىن،
ۋەلى چەكتى ئاجايىپ كۆپ جاپاسىن.
جاپا چەكمەي كىشىگە راھەت بولماس،
ئەگەر كۆيمەس ئوتۇنغا جۇش بولماس.
چۇ دىھقان چەكمىسە جەۋرۇ جاپاسىن،
يېمىشلەرنىڭ كىشى كۆرمەس ۋاپاسىن.
خۇدايا بارچىغە لايىق يولۇقتۇر،
مۇھەببەت يولىدا سادىق يولۇقتۇر.
جاھاندا جەبرىلەر ئاشىق ئۇچۇندۇر،
ۋەلى بىلگىل ئۇلار لايىق ئۇچۇندۇر.

سائادەتتۇر مۇۋاپىق يارۇ سادىق،
مۇناسىپ بولسا خوشتۇر ئىككى ئاشىق.
ئوقۇبان مەجلىسىنى ياد قىلىڭ،
دۇئا بىرلە ئانى سىز شاد قىلىڭ.
تىلەكدۇر دۇئا ئۆزگە سۆزۇم يوق،
بۇ دۇنيادا سۆزۇم قالغاي ئۆزۇم يوق.
بىھەمدۇلىللا كى تاپتى قىسسە ئەنجام،
يارانلارغە سالامىم بىرلە ئەتمام.
سالامى دوستلار سىزگە سالامى،
كېرەك سىزدىن دۇئا بىزگە پايامى.
كىلىد ئېرۇر تىلىڭ، كۆكسۇڭ گەنىج،
بىلۇر قەدرىنى ھەركىم كۆپ چەكسە رەنج.
ئېرۇر سەرراپلارغا كىم خېبىردار،
بەلەند ئىدراكلار سۆزگە خېبىردار.
بۇ ئاسى مەجلىسى كۆپ جان چېكىپتۇر،
كۆڭۇللەرگە ۋاپا تۇخمىن ئېكىپتۇر.
كىتابىم مۇنەسبەم دىلبەندىم ئېرۇر،
ئانىڭ ھەر بىر بېتى پەرزەندىم ئېرۇر.
ئەرزىمدۇر تېخى سەن ئەرز قىل،
ئوقۇغىل زەۋق ئىلە ياخشى تەمىز قىل.
قىلىپ ئىنگىزلەر كۆپ بەزىم قىلدىم،
ئوقۇغىل ئاشقانە نەزىم قىلدىم.
ئىرىغ تۇركى تىلگە نەزىم ئېتىپمەن،
ھەۋەس بىرلە ئوقۇپ مۇزىن ئېتىپمەن.
خۇدايا بىزنى نەۋمىد ئەتمىگەيسەن،
ئوقۇغانلار ئۇنۇتۇپ كەتمىگەيسەن.
قەلەم قىلدى تىلىمگە ھەم زۇبانلىق،
ئىككى تىل بىرلە قىلدىم دۇررى پىشانلىق.
ئىنايەت قىلدى تەڭرىم بەردى ھىممەت،
ئىنايەت بىرلە بولدى ھەل بۇ مېھنەت.
مەدەت بولدى ئىنايەت بولدى خامە،
بولۇپ تىلگە مەدەت يېتىلدى نامە.
ئەرز نەقش سەت كەزباز ماندى،
كى ھەستى رانىمى دانىمى بەقايى.
خۇدادىن بولمىسا ئىنئامۇ ئەنجام،

نەدۇر بۇ ئەگرى تىل بەندەئى خام.
بىلىڭ يوقدۇر بۇ دۇنيانىڭ ۋاپاسى،
چۇ بەش كۇندۇر بۇ ئۆمۇرنىڭ بەقاسى.
كىشدىن قالسا خوبىدۇر يادىكارى،
كى يوقتۇر جاھاننىڭ پايىدارى.
ئەرىز بۇدۇركى سۆز دۇنيادا قالدى،
ئوقۇپ ئاشىقلار ئاندا بەھرى ئالدى.
ئېرۇر ئاغزىڭ چۇ ھەققە گۆھەرى سۆز،
تىلىڭ ئېرۇر چۇ خەنجەر جەۋھەرى سۆز.
ئەگەر سۆز بولمىسا كىم كىمنى بىلۇر،
سۆزىدىن ئادىملەر مەلۇم بولۇر.
گۆھەردۇر سۆز ئانىڭ قەدرىنى بىلگىل،
تەلەپ بىرلە بۇ سۆز پىكرىنى قىلغىل.
كى ئەي مۇنشى چۇ ئىنشاي نەسىھەت،
چېكىپ مېھنەت ھەم رەنج مۇشەققەت.
بەلەند ئىدراك سەندە بار خۋاستمى يار،
سۆزۇمنىڭ ئەيبىنى ياپقىل ئەي يار.

خۇدايا سەن مېنى مەھرۇم ئەتمە،
كى ئىسيان بەھرىدە مەزلۇم ئەتمە.
رەفىقا بىزنى نەۋمىد ئەتمگەيسەن،
دۇئادىن ھەم ئۇنۇتۇپ كەتمگەيسەن.
بىھەققى مۇستافا يا تۆرت يارى،
قىل ئاخىر دەمدە ئىمان تىلگە جارى.
كۆڭۈل شەيتاننى كور قىلغىل،
بۇ نەپسى ئىلكنى ئاۋۋارە قىلغىل.
ئىلاھا جۇملە غەمكىن شاد قىلغىل،
كى بەندەلەرنى ئازاد قىلغىل.
كىم ئوقۇسا مۇبارەك پال بولسۇن،
تامامى دوستلارى خوشھال بولسۇن.
ئىلاھا جۇملە مۆئمىنلەرگە ئىمان،
ئاتا قىلغىل كى تەندە چىقسە بۇ جان.
پۇتتۇم بۇ كىتاپنى نەچچە كۇن،
تامام بولدى ئاخىر بىر نەچچە كۇن.

# موللا مۇسا سايرامى شېئىرلىرىدىن تاللانما

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەنۋەر بايتۇر

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

موللا مۇسا سايرامى (موللا مۇسا بىننى موللا ئەيسا خوجا سايرامى) ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە مىلادى 18 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ھەتتا 20 - ئەسىرنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىغىچە داۋاملاشقان مەزمۇنى ناھايىتى مول، دائىرىسى كەڭ، تەسىرى كۈچلۈك، نەتىجىسى چوڭ ھەم ۋاقتى ناھايىتى ئۇزۇن بولغان ئەدەبىي گۈللىنىش دولقۇنىنىڭ ئاخىرقى نامايەندىلىرىدىن بىرى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. ئۇ ئۆز ھاياتىدا بىر قانچە پارچە يىرىك تارىخىي، ئەدەبىي ۋە دىنىي ئەسەرلەرنى يازغان. بۇ ئەسەرلەر ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، تىلى، ئەدەبىيات - سەنئىتى، دىنى ۋە پەلسەپىسىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىز موللا مۇسا سايرامىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرى ئۈستىدە 1957 - يىلى ھەم 1982 - يىلى ئىككى قېتىم مەخسۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ئىدۇق.

موللا مۇسا سايرامى ھىجرى 1252 - يىلى (مايمۇن يىلى) ماھى جەمادىلئەۋۋەلنىڭ 10 - كۈنى (مىلادى 1836 - يىلى 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى) باي ناھىيىسىگە قاراشلىق سايرام رايونى ئاناقىز يېزىسى تۇغايلا مەھەللىسىدە ھاللىق دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى موللا ئەيسا خوجا بىننى موللا ئېزىزخان خوجا خېلى دىنىي مەلۇماتقا ئىگە كىشى بولۇپ، سايرام رايونىدىكى ئەھلى مۆتىۋەرلەرنىڭ بىرى ئىدى. موللا ئەيسا خوجا تۇنجى ئوغلى موللا مۇسانىڭ ئىستىقبالىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلەتتى. شۇڭلاشقا موللا مۇسا تېخى ئەمدىلا يەتتە ياشقا ئۇلاشقاندا، ئۇنى سايرام مەدرىسىگە ئوقۇشقا بەردى. «كىچىك موللا مۇسا ئۆز ئۇستازلىرى ۋە دادىسىنىڭ ياردىمى بىلەن بىر قانچە يىل ئىچىدىلا چىرايلىق ھۆسنى خەت يازالايدىغان، ھەپتىيەكنى ۋە سوپى ئاللايار، ناۋايى شېئىرلىرىنى يادقا ئوقۇيالايدىغان سەۋىيىگە ئىگە بولدى. «بالا موللا»، «موللا مۇسا» دىگەن نام بىلەن شۆھرەت قازاندى»①

ھىجرى 1263 - يىلى شەۋۋالدا (مىلادى 1847 - يىلى 9 - ئايدا) دادىسى موللا مۇسانى ئەينى زاماندا يەتتە شەھەر بويىچە چوڭ ئوقۇش يۇرتلىرىنىڭ بىرى بولغان كۇچاردىكى «ساقساق» مەدرىسىگە ئوقۇشقا ئەۋەتتى. موللا مۇسا بۇ مەدرىسىدە ئەينى زامانىدىكى ئۇيغۇر ئالىمى موللا ئوسمان ئاخۇنۇمنىڭ تەربىيىسى ئاستىدا قۇرئان، ھەدىس، تارىخ، ئەدەبىيات، تەقۋىم (كالىندارچىلىق)، ئىلمىي نۇجۇم (ئاسترونومىيە)، ئىلمىي نەھۋى (گىراماتىكا) ئىلمىي رىيازەت (ماتېماتىكا) ۋە ئەرەپ، فارس، ئوردۇ تىلى قاتارلىقلارنى ئۆگىنىپ، ناھايىتى

① ئېزىز داموللا: «موللا مۇسا نەسەبنامىسى»دىن.

تېز ئارىدىلا پۈتۈن كۇچار بويىچە شۆھرەت قازاندى. ھىجرى 1270 - يىلى (مىلادى 1854 - يىلى) موللا مۇسا ئۆز يۇرتى سايرامغا قايتىپ، سايرام مەدرىسىدە مۇدەررىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى.

ھىجرى 1281 - يىلى ماھى مۇھەررەمنىڭ 1 - كۈنى (مىلادى 1864 - يىلى 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى) كۇچار شەھرىدە ئۇيغۇر دىخانلىرى ۋە قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ چىڭ سۇلالىسى ۋە يەرلىك فېئوداللارنىڭ مىللى زۇلمى ۋە فېئوداللىق زۇلمىغا قارشى كەڭ كۆلەملىك قوزغىلىڭى پارتلىدى. قوزغىلاڭ تېز ئارىدا تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي تەرەپلىرىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى كۇچاردىكى چىڭ سۇلالىسى ئەمەلدارلىرى ۋە يەرلىك فېئوداللارنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، ئۆز ھاكىمىيىتىنى تىكلەپ، راشىدىن خوجىنى خان قىلىپ سايلاپ تەرەپ- تەرەپكە يۈرۈش قىلىشقا باشلىدى. موللا مۇسا سايرامىنىڭ ئۇستازى، ساقساق مەدرىسىنىڭ باش مۇدەررىسى موللا ئوسمان ئاخۇن قوزغىلاڭچى قوشۇنلارنىڭ باش قازىسى بولۇپ تەيىنلەندى. كۇچار قوزغىلىڭىنىڭ خۇش خەۋەرلىرى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ھەممە بۇلۇڭ- پۇچقاقلىرىغىچە تارالدى.

ئەينى زاماندا يۈز بەرگەن بۇ بوران- چاپقۇنلۇق جىددى كۆرەش، بارلىق ۋۇجۇدى بىلەن ئىلمىي تەپەككۇرغا بېرىلگەن ياش موللا مۇسا سايرامىنىمۇ ئۆزىنىڭ شىددەتلىك دولقۇنى ئىچىگە سۆرەپ كىردي. كۇچار قوزغىلاڭچىلىرى كۇچار شەھرىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن غەرپكە قاراپ- يۈرۈش قىلدى. قوزغىلاڭچى قوشۇنلار سايرام رايونىغا قاراشلىق قىزىل دىگەن جايغا كەلگەندە، موللا مۇسا سايرامى ئۆزىنىڭ سايرامدىكى ئەھلى بۇرادەرلىرىنى ۋە باشقا دىخانلارنى باشلاپ قىزىلغا كېلىپ، قوزغىلاڭچى قوشۇنلارنىڭ سېپىگە قوشۇلدى ھەم قىزىل، سايرام، باي، ياقا ئېرىق قاتارلىق جايلاردىكى فېئودال ئەمەلدارلار ۋە ئۇلارنىڭ گۇماشتىلىرىنى باستۇرۇش كۆرەشلىرىگە پائال قاتنىشىپ، قوزغىلاڭچى قوشۇنلارنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە ئىناۋەتكە ئىگە بولدى. موللا مۇسا سايرامىنىڭ ئۆز مەلۇماتىغا قارىغاندا بۇ قېتىم قىزىل، سايرام، باي قاتارلىق جايلاردىن يەتتە مىڭدىن ئارتۇق دىخان ۋە قول ھۈنەرۋەن ئۆز ئىختىيارى بىلەن بۇ قېتىمقى كۆرەشكە قاتناشقان.①

ھىجرى 1281 - يىلى ماھى سەفەرنىڭ ئاخىرىدا (مىلادى 1864 - يىلى 7 - ئايدا) كۇچار قوزغىلاڭچى قوشۇنلىرى ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان قاتارلىق مۇھىم شەھەرلەرنى ئىگەللىدى. موللا مۇسا سايرامى بۇ قېتىمقى شىددەتلىك جەڭلەرگە پائال قاتناشتى. شۇنداقلا قوزغىلاڭچى قوشۇنلارنىڭ ئۈچتۇرپاندىكى باش قوماندانى مەخمۇدىن خوجىنىڭ يېنىدا باش مىرزا ۋە مۆھۈردارلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى. ھىجرى 1283 - يىلى (مىلادى 1866 - يىلى)، ئۈچتۇرپاننىڭ سابىق ھاكىم بېگى توختى بەگ قاتارلىقلار قوزغىلاڭچىلارغا قارشى توپىلاڭ پەيدا قىلىپ، ياقۇپبەگ (بەدەۋلەت) نىڭ بۇ جايلارنى ئىگەللىشىگە ياردەم بېرىشكە ئۇرۇنغان چاغدا، موللا مۇسا سايرامى يالغۇز ئۆزى توپىلاڭچىلارنىڭ بازىسىغا كىرىپ، ئۆزىنىڭ ئۈچتۇرپان خەلقى ئىچىدىكى يۇقۇرى ئابروييىدىن پايدىلىنىپ، توپىلاڭنى ئۆز- ئىچىدىن يوق قىلىپ، قوزغىلاڭچى قوشۇنلار ھۆكۈمىتىنى ساقلاپ قالدى. شۇڭلاشقا قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ قوماندانلىرىدىن بولغان ھامىدىن خوجا ۋە خېتىپ خوجا قاتارلىقلار موللا مۇسا

① تارىخىي ھەمىدى قوليازما، 82 - بەت.

سايرامىغا «ناھايىتى خۇش بولۇپ، سەللە، كۆلاھ ۋە تون سەرۇپالار ئىنئام قىلدى... خىتىپ غىرجام خۇرسەند ۋە فەرھەمەندلىكنى ھەددىدىن زىيادە ئۆتكەرىپ، كۆز ياشلارىنى ئابى نىساندەك قەتران- قەتران تۆكۈپ، يىغلاپ دۇئا قىلدى»①

لېكىن ھىجرى 1284- يىلى ماھى مۇھەررەمدە (مىلادى 1867- يىلى 5- ئايدا) ياقۇپبەگ قەشقەر، يەركەن، خوتەن قاتارلىق جايلارنى ئىگەللەپ، زور قوشۇن بىلەن ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلغان چاغدا، ئۇچتۇرپاندىكى قوزغىلاڭچى قوشۇنلارنىڭ قوماندانلىرى ئۇرۇشماي تەسلىم بولدى. موللا مۇسا سايرامى بۇ قوشۇن قوماندانلىرى بىلەن بىللە ئاقسۇدا نەزەر بەنت قىلىندى ۋە ياقۇپبەگنىڭ ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق باش زاكاتچىسى (باش ۋالىسى) مىرزا بابابېك ھىسارنىڭ ئائىلە خىزمەتچىسى بولۇپ ئىشلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، موللا مۇسا سايرامىنىڭ تالانتى مىرزا بابابېك ھىسارىغا مەلۇم بولۇپ، ئۇ موللا مۇساغا ئۆز يېنىدىكى مىرزىلىرىنىڭ قاتارىدىن ئورۇن بەردى.

موللا مۇسا سايرامى ھىجرى 1294- يىلىغىچە (مىلادى 1877- يىلىغىچە) مىرزا بابابېك ھىسارنىڭ قول ئاستىدا مىرزا بولۇپ ئىشلەيدۇ. شۇ يىلى چىڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنى يوق قىلىدۇ.

موللا مۇسا سايرامى بۇ دەۋردىكى ۋەقەلەر ھەققىدە بىرەر تارىخي ئەسەر يېزىش ئۈچۈن بىر قانچە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ قەشقەر، كۇچار، كورلا، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا سەپەر قىلىدۇ. ئۇ، بۇ جايلارنىڭ تارىخى، بولۇپمۇ ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى دەۋرىدىكى ئۇرۇشلار ھەققىدە نۇرغۇن ماتېرىيال توپلايدۇ. موللا مۇسا سايرامى ھىجرى 1295- يىلىنىڭ ئاخىرى (مىلادى 1878- يىلى) ئۆز يۇرتى سايرامغا قايتىپ كېلىپ، توپلىغان ماتېرىياللىرىنى رەتلەشكە كىرىشىدۇ.

ھىجرى 1296- يىلى (مىلادى 1879- يىلى)، موللا مۇسا سايرامى ئاقسۇدا تۇرۇشلۇق ئەھلى بۇرادەرلىرىنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن بۇ جايغا كېلىپ ئۆزىنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرىنى باشلايدۇ. ھىجرى 1335- يىلى ماھى جەمادىلئەۋۋەل (مىلادى 1917- يىلى 3- ئايدا) موللا مۇسا سايرىمى ئاقسۇدا قاتتىق كېسەلگە دۇچار بولىدۇ. ئۇنىڭ يېقىن تۇققىنى ھۇشۇر ئاخۇن خەلپەت موللا مۇسا سايرامىنى ئۆز يۇرتى سايرامغا قايتۇرۇپ كېلىدۇ، شۇ يىلى جەمادىلئاخىرنىڭ ئاخىرقى بىر ھەپتىسى (1917- يىلى 4- ئايدا) موللا مۇسا سايرامى ئۆز يۇرتى سايرام رايونىنىڭ ئاناقىز يېزىسىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. شۇ يىلى ماھى شەۋۋالدا (1917- يىلى 8- ئايدا) ھۇشۇر ئاخۇن خەلپەت ھەم موللا مۇسا سايرامىنىڭ بىر تۇققان، قېرىنداشلىرىدىن بولغان ئىسلام ئاخۇن، قاسىم ئاخۇن، ھېلاخۇن ۋە سىڭلىسى زىۋەرخانلار قەشقەرلىك مەشھۇر ئۇستا يۈسۈپ ئاخۇننى تەكلىپ قىلىپ، موللا مۇسا سايرامىنىڭ قەۋرىسى ئۈستىدە چىرايلىق كۆك كاھىشلىق گۈمبەز ۋە قىرىق- ئەللىك كىشى پاتقۇدەك مەسچىت ياسىتىدۇ. بۇ گۈمبەز ۋە مەسچىت تاكى «مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى» يىللىرىغا قەدەر قەد كۆتىرىپ تۇرغان ئىدى. ئەپسۇسكى، «مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى» دا بۇ ئاسارە- ئەتىقە ئورنى ۋەيران قىلىۋېتىلدى.

موللا مۇسا سايرامى ئۆزىنىڭ ھاياتىدا، بولۇپمۇ ئاخىرقى ئۆمرىدە بىر مۇنچە مۇھىم

---

① تارىخىي ھەمىدى، قولىيازما، 107- بەت.

ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. بۇنىڭ ئىچىدە «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا» ياكى «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا فى مۇفتاھۇل ئىمان»، «دەرنەئەت ئەسھابۇل كەھف»، «تارىخي ئەمنىيە»، «قەسىدەئى سىدىق»، «غەزەلىيات»، «تارىخي ھەمىدى»، «سالامنامە» قاتارلىق ئەسەرلەر خەلق ئىچىگە كەڭ تارالغان. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا، موللا مۇسا سايرامى يەنە «تەزكىرەئى خۇجا ئافاق»، «فەرھاد ۋە شىرىن» قاتارلىق تارىخي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازغان، فارس تىلىدىمۇ بىر مۇنچە شېئىرلارنى يېزىپ قالدۇرغان.

«تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا» ھەجرى 1302 - يىلى (مىلادى 1885 - يىلى) ئاقسۇدا يېزىلغان. بۇ ئەسەر ئۇسلۇپ جەھەتتىن «تەزكىرەئى سۇلتان قۇرمىش» دىگەن ئەسەرگە ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەسەردە ئاساسەن ئىسلام دىنىنىڭ قەشقەرىيەگە تارقىلىش تارىخى، بولۇپمۇ قەشقەر، ئۈچتۇرپان، ئاقسۇ، باي، كۇچار، كورلا، تۇرپان قاتارلىق جايلارغا تارقىلىش تارىخى ۋە «غازات» جەريانىدا «شەھىد» بولغان بىر مۇنچە تارىخي شەخسلەر، ئەۋلىيالارنىڭ مازارلىرىنىڭ تارىخى بايان قىلىنغان.

«دەربايان ئەسھابۇل كەھب»، ھەجرى 1316 - يىلى (مىلادى 1898 - يىلى) ئاقسۇدا يېزىلغان. ئاپتور بۇ ئەسىردە ئۆز زامانىدىن ئىلگىرى تۇرپاندىكى بۇ غار توغرىسىدا تارقالغان ھەر خىل ئەپسانىلەرنى رەت قىلىدۇ. ئاپتور بۇ ئادەتتىكىچە تاغ غارىنى، مىلادى 17 - ئەسىردە ئۆتكەن ئاق تاغلىق سوپىلارنىڭ پىرى خوجا ھىدايىتۇللا (ئاپپاق خوجا) نىڭ «ئەۋلىيا غارى» دەپ نەيراڭۋازلىق قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان ئەسھابۇل كەھب ئەمەسلىگىنى ئېيتىدۇ. ئاپتور بۇ ئەسەردە ئۆزىنىڭ ئەسھابۇل كەھب غارىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن، بىر مەزگىل «بۇ غاردىكى داش قازاننىڭ ئۇماچلىرىنى ئىچكەنلىگى» نى سۆزلەيدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى ئۇنىڭ كېيىنچەرەك يېزىلغان «تارىخي ھەمىدى» ناملىق يىرىك ئەسىرىنىڭ ئاخىرىغا ئۆز قەلىمى بىلەن قوشۇپ كۆچۈرۈلگەن.

«تارىخي ئەمنىيە» ھەجرى 1321 - يىلى (مىلادى 1903 - يىلى) ئاقسۇدا يېزىلغان. بۇ ئەسەرنىڭ شۇ يىلى ماھى رەجەپنىڭ 11 - كۈنى (مىلادى 1903 - يىلى 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنى) ئاپتورنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن كۆچۈرۈپ تەييارلانغان بىر نۇسخىسى ھازىر جۇڭگو ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقاتى ئىنستىتۇتىدا ساقلانماقتا.

«قەسىدەئى سىدىق»، ھەجرى 1321 - يىلى (1903 - يىلى) ئاقسۇدا يېزىلغان. ئەسەردە سىدىق ناملىق بىر غەلىتى ئادەم تەسۋىرلىنىپ ئۇنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق شۇ چاغدىكى جەمىيەت ئەھۋالى، شېئىرىيەت يولى بىلەن بايان قىلىنغان.

«غەزەلىيات» ھەجرى 1325 - يىلى (مىلادى 1907 - يىلى) ئاقسۇدا يېزىلغان.

«تارىخي ھەمىدى» ھەجرى (1326 - يىلى) (مىلادى 1908 - يىلى) ئاقسۇدا يېزىلغان. بۇ ئەسەر ئومۇمى مەزمۇن جەھەتتىن «تارىخي ئەمنىيە» گە ئوخشاش بولۇپ، ئاپتور بۇ ئەسەرنى «تارىخي ئەمنىيە» دىكى بەزى نۇقسانلارنى تۈزىتىشنى مەقسەت قىلىپ يازغان، ئۇ ئەسەرگە بىر مۇنچە يېڭى تارىخي ماتىرىياللارنى قوشقان.

«سالامنامە» ھەجرى 1334 - يىلى زۇلقەئىدە ئېيىدا (مىلادى 1916 - يىلى 9 - ئايدا) يېزىلغان ئۇزۇن تىپتىكى شېئىرى داستان. بۇ ئەسەر ئاپتورنىڭ سايرامدىكى بىر تۇققان

قېرىنداشلىرى ئىسلام ئاخۇن، قاسىم ئاخۇن ۋە ھېلاخۇنغا يېزىپ ئەۋەتكەن ۋەسىيەتنامىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

موللا مۇسا سايرامى ئۆز ھاياتىدا بىر مۇنچە قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئۆز ئەۋلادىغا يادىكار قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن «تارىخىي ئەمىنىيە» 1904 - يىلى قازاندا نەشر قىلىنغاندىن باشقا، قالغان ئەسەرلەر تا ھازىرغىچە قولىيازما ھالىتىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

موللا مۇسا سايرامىنىڭ بۇ قېتىم مەن نەشرگە تەييارلىغان بۇ شېئىرلىرى ئۇنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەركىۋى قىسمى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. شائىر ئۆز شېئىرلىرىدا، ئۆز دەۋرىدىكى جەمىيەتنىڭ بارلىق ھۆججەتلىرىنى ئېچىشقا خېلى ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ شېئىرلىرىدا ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك ۋە ئادالەتسىزلىكنى، ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ ئېغىر جەۋرى-زۇلۇمىنى، ئۇلارنىڭ قورالى بولغان سوپى- ئىشانلار ۋە «ئەۋلىيالار» نىڭ ئالدامچىلىقى ۋە تەمەخورلۇقىنى، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقىنى قاتتىق پاش قىلىدۇ. ئەمگەكچىلەرگە، جۈملىدىن ئىشانلارغا قول بەرگەن مۇرىدلارنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىغا ھېسداشلىق قىلىدۇ، خەلقپەرۋەرلىكنى، ئادالەتپەرۋەرلىكنى، ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلىكنى مەدھىيىلەيدۇ، ھالال ئەمگەكنى كۈيلەپ، دېھقانچىلىق ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ ئەھمىيىتىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ.

ئومۇمەن، موللا مۇسا سايرامىنىڭ شېئىرلىرى خېلى زور دەرىجىدىكى ۋارىسلىق قىلىش قىممىتى ۋە تەتقىقات ئەھمىيىتىگە ئىگە.

سەنائى بى ئەدەد خەللاق خۇداغە،
سىپاسى بى قىياس رەززاق خۇداغە.
خۇدايىكىم ئېرۇر ۋۇجۇدى بەرھەق،
ياراتىپ يەرۇ كۆكنى ھەم مۇتەببەق.
تۆرەتىپ ئىنسى جىن، دىۋە، پەرىزات،
ھەممە زىجان ناپاتاتى ھەمە دات.
تاراتتى ھەم بەلەند، پەس يوق بەرابەر،
مۇڭا ھىكمەت نەدۇر ئۆزى بىلۇرلەر.
ئەمەسدۇر ھەممە ئىنسان بىر مىزاجدا،
تېخى بىردەك ئەمەس بىر رەڭدە ئەسلا.
كېفىلدۇر ئول رىزقىغە ئول ھەيىي رەززاق،
سالىپ ھەر بىرىنى بىر كويغە خەللاق.
بىرىنىڭ نىئمەتىنى ئەتتى كامىل،
بىرىنى ئاچ قويۇبان قىلدى سائىل.
بىرى پادىشاھ بولۇپ يۇرت سوراماقغە،
ھەممە مال-جاننى ئاسىراماقغە.

قەدەمنى ھەر بىرى قويدى بىر ئىشغە،
تىرىكچىلىك ھەۋەسى تۇشتى باشقە.
بىرى كەسىپ-ھۈنەرگە بولدى مەھكەم،
بىرى قىلدى سەفەرنى ئىختىيار ھەم.
بىرى شۇغۇل ئەيلەدى بەئىشراغە،
بىرى بولدى مۇئەككىل ھەم كىراغە.
تېخى قىلدى بىرى ھەم مەردىكارلىق،
يەنە بەئزى ھورۇن قىلدى گادالىق.
يەنە ئىلغاپ بىرى تېرىقچىلىقنى،
كى لازىم ئەيلەدى دېھقانچىلىقنى.
قەدىمدىن بار ئىكەن ياشلەر ئويۇندا،
دەپ ئەيتۇرلەر ئاتاڭ باردۇر نە ئىشدا.
ئەگەر باردۇر ئاتام دىسە تۆمۈرچى،
دەرسەن ھەم باربان قىلغىل تۆمۈرچى.
مۇبادا دىسەلەر ئاتام دېھقاندۇر،
بارىپ دېھقان بول ئاتاڭ ئىشدۇر.
كىچىكلىك ئويۇندا تەرىقەدۇر بۇ،
بىكار ئېرمەس مەشايىخ سۆزىدۇر بۇ.
ئاتا قىلغاننى قىلماق لازىم ئېرمىش،
خۇدايىم رىزقنى ئاندىن ئىبەرمىش.
ئاتامىزنىڭ ئاتاسى ئادەم ئاتام،
ئاڭا ئەمىر ئەيلەدى ئول ھەيىي ئاللام.
دىدى: «تېرىقچىلىقنى پىشە قىلغىل،
ئانىڭكى ھاسىلىدىن تۇشە ئىلغىل».
دىگەن ئەمرى فەرائىزلەر ئۇلۇغى،
خۇدانىڭ فەرزىدۇر پىرغە يورۇغى.
بۇ ۋەجىدىن ھۈنەرنىڭ ئەۋۋەلى بۇ،
تىرىك بولماقغە بائىس مادەسى بۇ.
بۇ مىراس قالدىلەر ئادەم ئاتادىن،
يەنە مىراس قالىپ ھەر بىر ئاتادىن.
كىشىكىم خاھلاسە گەر كىمىيانى،
بىلىپ قولغا ئالغاي گەر كىمىيانى.
ھەمىشە قىلسۇن ئول دېھقانچىلىقنى،
زىرائەت قىلسۇن ئول دېھقانچىلىقنى.
زىرائەت زەرئەدىن مۇشتەق بولۇرلەر،
ھەممە ھەرفى مۇنىڭ ئۈچ ھەرفدۇرلەر:

کی ئىككی هەرفی ئەۋۋەلقی مۇنىڭ «زەر»،
يەنە هەم هەرفی «ئەيىن»نىڭ مەئناسی «زەر»
کی «زەر»نىڭ تۇركىسىدۇر يەئنی ئالتۇن،
هەممە باشىدىن ئاياغ ئالتۇنۇ ـ ئالتۇن.
گەر بولماسە ئۇندە گەر خانخۇدا بىر،
کی بولغاي ئانىڭ قاچان ئىمانی بىر.
کی مۇنی بىلگەن ئەرلەر مەرد ئەرەنلەر
زىرائەتنی قىلىپ تەرك ئەتمەگەيلەر.
زىرائەت قىلسەلەر هەممەنی قىلسە،
قوناقۇ ـ بۇغدايۇ ئارفە تارىسە.
كىنە قوغۇن، قاپاقنی بەلكی ماشنی،
نوخۇد، چامغۇر، فىيازی كۇللی ئاشنی.
قېرىنغاندا بولۇرلەر دېهقان ئەشرەف،
تېخى ئۇشرە ئايرىغاندا دېهقان ئەشرەف.
زىرائەتتە مۇشەققەت تارتسەلەر هەم،
يەنە كۆلفەتۇ مېهنەت كۆرسەلەر هەم.
شەرىئەتنىڭ ئىچىگە ئۆزنی ئالىپ،
نامازنی تەرك قىلماي ئۇشرە ئارىپ.
نىيەت خالىس قىلىپ ساچقان ئۇرۇغلار،
يەنە قوش هايداسە ئاسراپ ئۇلاغلار.
چاپىپ ئۆستەڭ ـ ئارىقنی، بەلكی كۆلنی،
سۇنی قويۇپ سۇغارسە هەممە كۆكنی.
يەنە پىشقاندا ئورغان هەممە ئوراغلار،
قىلىپ خىرمان شامالغا سوراغانلار.
مۇشەققەت تارتىبان قازغان ئارىقلەر،
ئۇرۇغ ساچماق ئۇچۇن ئاچقان ئاتىزلەر.
تۇشەرلەر تاڭلا مىزان پەللەسىغە،
ئىبادەت بولغۇسی كۆرگەي نەتىنجە.
بولۇر تەسبىهی تەهلىل ياكی زىكری،
هەممە بىلگەي مۇنی گەر بولسە ئەهلی.
بۇ يەڭلىغ قىلسەلەر ئول مەرد ئاگاه،
بولۇر رازی ئانىڭدىن هەق تائالاه.
غەرەزی دېهقانىنىڭ هالال يىمەكدۇر،
مۇشەققەت تارتىباقدىن نان يىمەكدۇر.
كىرەكلىك تاش ئەگەرچە بولسا ئاغىر،

ئالىپ كىلۇر مۇشەققەت بىرلە ئاخىر.
هالال يىمەك فەرائىزلەر ئۇلۇغى،
ئىچۇنكى مۇستافا دىدى «هەدىس»ى:
«كى يىگەيسىزلوقما كەددى يەمىندىن،
تاناۋۇل ئەيلەگىل ئەرقى جەبىندىن».
يەنە دىدى پەيغەمبەر ياخشى ئىنسان:
«كى كىشىغە نەفئ تىگۇرسە ئىنسان،
كىرەرلەر ياخشى ئىنسان جەركەسىگە،
قوشالۇر هەم سەخىلەر زۇمرەسىگە».
بۇ دۆلەت بارچەسى تىرىكچىلىكدا،
مۇرۇۋۋەت، نەفئ هەم تىرىكچىلىكدا.
بولۇرلەر هەم هالال كەسپى هۈنەردە،
تىجارەتۇ هەم سەفەر بەيئىشرادە.
ۋەلىكىن بولمىغاي دىهقانچىلىقدەك،
يەنە يوق بەرەكەت دىهقانچىلىقدەك.
هۈنەردە، كەسىپدە ئىشلەگەنلەر،
ئۆزىنى تاپىپ، ئۆزى خاس ئىشلەگەنلەر.
كىشىگە نەفئ تەكۈرمەك مۇهالدۇر،
ئۇشاقلارىن، ئايال ناچار باقادۇر.
جەمئ شاهى- شاهانە، رۇم خەلىفە،
يەنە فەغفۇر چىنى خۋاهى مەلىكە.
يەنە سۇلتان، خان خۋاهى ئىمپىراتۇر،
يەنە ئەمىر، ۋەزىر خۋاهى باهادۇر.
هەممەلەر دىهقان ئاشىغە تۇتارلەر كۆز،
بۇ ۋەجىدىن ئالۇرلەر غەللەنى كۆز.
ئەگەر زۇلۇم ئەيلەسۇن خۋاه ئادالەت،
خۇدانىڭ ئەمرىدۇر بىزگە ئىبادەت.

ئەگەر تەۋئەن ۋە كەرهەن بىز بىرۇرمىز،
بىكارغە كەتمەس ئول ئەجرىن كۆرەرمىز.
جەمئ پادىشاهلەر خۋاهى فىقىرلەر،
بولۇر ئاش ئالدىدا هەممە زەبۇنلەر.
كى پادىشاهلارغە جەمئ خەزىنە،
دىهقان قولى بىرلە تولۇر خەزىنە.
هەممەلەر مۇددىئاسى «نانغا بار» دەر،
جەمئ سۆز ئاياغى «نانغا بار» دەر.

بۇ جانىنىڭ جانلىغى ئاش بىلەن ناندۇر،
ئۆمرىنىڭ خوپلۇغى پۇل بىلەن مالدۇر.
ئەگەر بولماسە پۇل بۇ جان كىرەكمەس،
ۋەگەر بولماسە جان پۇل ھەم كىرەكمەس.

بۇ غەمگە مۇپتىلامەن خۋاھى ناخۋاھ،
ھەجەپ دىدىم غەلەت ئەستەغفىرۇللاھ.
ئەر بولسە ئەقدە ماڭا مەھكەم،
نە لازىم گەر كەسىپدۇر غەم يىمەك ھەم.

خۇداۋەندەم ياراتتى بىزنى ئاجىز،
ھەممە مەخلۇقلاردىن قىلدى ئەزىز.
بۇ ئالەمدە كىشى غەمسىز ئىمەسدۇر،
غەمى گەر بولماسە ئادەم ئىمەسدۇر.

ياراتىپ ئادەم ئاتامنى ئەزەلدە،
يوغۇرۇپ لايىنى بۇ غەم سۇيىدە.
ئەزەلدە غەم بىلەن بىزنى ياراتقان،
بۇ ۋەجدىن بۇ غەم بىزلەرگە قالغان.

تىرىكدۇرمىز بۇ غەمگە مۇبتىلابىز،
تىرىكلىك لازىمى كەلدى بۇ ئاجىز.
يەنە دىھقانچىلىق ئىشاندىن ئارتۇق،
يەنە «ھو-ھو!» دىگەن زىكرىدىن ئارتۇق.

ھەممە ئىشان، ئەرەبى سەييد دىگەنلەر،
يەنە ھەججى، مۇجاۋۇرى ھەرەملەر.
يەنە كەلتۈرگەنى ھەم كەئبە تۇفراق،
يەنە مويى مۇبارەك، شەددە بايراق.

كىچەلەر ئويۇماي «ھو-ھو!»نى ئېيتىپ،
يەنە چىللە ئولتۇرۇپ تەسبىھ ئېيتىپ.
ئۆزنى كۆرسەتىپ پىرى ھىدايەت،
ۋەلىكىن ئازغۇرۇپ يولدىن زەلالەت.

يەنە ئەيتىپ خىتاپ قىلغان نەسىھەت:
«ساڭا قىلماس نەتىجە بۇ زىرائەت،
زىرائەتنى قويۇپ «ھو-ھو!» دىگەيسەن،
ھەممەنى تاشلاپ تەرك ئەيلەگەيسەن».

مۇخالىپدۇر دىگەن سۆزى شەرىئەت،
بۇ سۆزنى تىڭلاماي قىلىڭ زىرائەت.
مۇۋافىق شۇرۇئ قىلسە گەر زىرائەت،

زىرائەتدىن ئۇلۇغ يوقتۇر ئىبادەت.
خۇدانىڭ نەزدىدە مەقبۇلۇ تائەت،
رىيا يول تاقماسە ئولدۇر ئىبادەت.
زىرائەتتە رىيا يوللار تاقالماس،
نە بەلكى دىھقان ئۈيىگە يولۇماس.
تىخى يوقتۇر رىيا ئۇشرە، زاكاتدا،
جەمىئ فەرزى، ۋاجىپ، سەۋم، سالاتدا.
ھەممە ئىشان تەمەئدىن خالى ئېرمەس،
يەنە ئۇجبۇ رىيادىن خالى ئېرمەس.
رىيا دىگەن ئىبادەت قەرچەسىدۇر،
تەخى كۆللى ئەمەلنى كەسكۈچىدۇر.
بۇ كۈندە نەفسىگە قۇل ھەممە ئىشان،
نەيەردە نەفسنى ئۆلتۈرگەن ئىشان؟
تاقىلماس خالىس ئىشان مىسلى ئەنقا،
ئۆزىن مەخفى تۇتۇپ كۆرسەتمەس ئەسلا.
شەرىئەت شاھراھىدا رۇست يۈرەلمەي،
تەرىقەت تەيىدە نىچۈك يۈرەلگەي؟
بۇ ئىشانلار ھۇنۇز تۇتماي شەرىئەت،
شەرىئەتنى قويۇپ كىرەر تەرىقەت.
زامان ئىشانلىغى بەلكى خەلىفە،
كى بىر نەۋئى تىجارەت بەلكى پىشە.
ئاجايىپ پىر ئېرۇر مۇرىدنى ئوۋلاپ،
يۈرەرلەر كەنتمۇ-كەنت ئىشىكنى مارلاپ.
مۇرىد بولغاي ئىدى پىرلەر ئىشىكدە،
زامانە پىرلەرى مۇرىد ئىشىكدە.
بۇ ئاسار قىيامەتدۇر ئەي بۇرادەر،
يامان نەفسى مۇنىڭ قىلدى زەبۇنلەر.
بۇ ئىشانلار ئىشى راست بولسا ئېردى،
مۇرىد ئوۋلاپ ئۈيىگە بارماس ئېردى.
بۇلاردا فەزلدە بىر نەرسە يوقدۇر،
زەھى ئالدامچى نەفس ئاۋارەسىدۇر.
تەمەئنىڭ دۇكانىنى قۇرۇپ ئىشان،
رىيانىڭ رەخلەرىنى تىزىپ ئىشان.
يىغىپ ئادەم قىلىپ سۆھبەت ئالالا،
ھەممە تەسبىھ زىكرى خاھى ئىللەللا.
بۇ قىلغان ماجرادىن مۇددىئا قول،

يەنە «هۇ-هۇ!» دىگەندىن ئىددىئا قىزىل.
تەمەئ خىسلەت ئىچىندە كۆپ يامانراق،
تەمەئ ئۇچ ھەرفدۇرلەر ئىچى كاۋاك.
تەمەئ گەر ھىچقاچان بولمىغاي توق،
يەنە كۆپىنىڭ ئىچىندە ئابرۇيى يوق.
تەمەئدىن گەر قولىغە كەلسە ھاسىل،
بىلىڭ ئەلبەتتە بولغاي زەھرى قاتىل.
رىيا بىرلە تەمەئ گەر بولسا ئەي يار،
بولۇرلەر تاڭلا ئەقرەپ يا بولۇر مار.
رىيادىن مەن تىلەپ ئەئۇزۇبىللاھ،
تەمەئدىن ھەم تىلەپ نەئۇزۇبىللاھ.

**يوقلۇق ئالەمىدىن ئاجىزلىق بىرلە ئىنسان يارۇقلۇق جاھانىغە كەلگەنى، كامالى ئىنساندىن بۇرۇنقى ھالەتىنى فەرامۇش ئېتىپ، ماۋەمىنلىك ئىددىئاسىن تۈزگەنىگە نەسبەت بەلكى ۋەسىيەتلەر قىلىپ، شۈكرى سۇبھانە جەللە ۋەئەلا تەرەفىگە تەرغىپ ئەتكەنى بايانى**

خۇدا ئىزھار ئېتىپ قۇدرەتلەرىنى،
يەنە فەيدا قىلىپ ھىكمەتلەرىنى.
يوق ئېردۈك بىزنى يوقدىن بار قىلدى،
يەنە بىر قەترە سۇدىن بار قىلدى.
نەچە ئاي، نەچە كۈن بولدۇق قورساقدا،
ئانا قۇرساقدا بولدۇق سولاقدا.
ئەتا قىلدى قۇرساقدا بىزگە جاننى،
غىزا قىلدى قۇرساقدا بىزگە قاننى.
نەچە ئىسكەنجەلەر بىرلە چىقاردى،
نىجىس سۇ، قان بىلەن ئارالاش چىقاردى.
ياراتتى بىزنى خەللاق كۆپ ئېزىزلەپ،
كى قىلدى مىھمان يەنە كۆپ ئۇلۇغلاپ.
ئىبەرىپ ئىككى قوينى تۈشكۈن ئۈچۈن،
نەچە كۈن سۈتلەرىنى ئەممەك ئۈچۈن.
بولۇپمىز ھەرقاچان بۇ سۈتكە مۇھتاج،
ئەگەر بەرسە بولۇپ توق، بەرمەسە ئاچ.
ئانانىڭ رەھمىدىن چىقاردى ئاجىز،
يەنە تىل يوق چىقاردى بەلكى تىلسىز.

ئاياغلانىپ يۈگۈرۈپ يولغه كىردۈك،
نهچه كۈن ئۆتتىلهر بۇلۇغغه يهتدۈك.
بۇ هالدا بهردى فههمى، چىزى ئىدراك،
ئهقىلنى بهردى ههم خهللاقى ئهفلاك.
يامانۇ ياخشىنى بىلدۈردى بىزگه،
نه ياخشى يوللارىن كۆرسهتتى بىزگه،
ياراتىپ نه خهللاق ئۆلمهك ئۈچۈن،
ئۆزىنىڭ زاتىنى بىلدۈرمهك ئۈچۈن.
خۇدانىڭ زاتىنى بىلمهك نهههددۇر،
ۋهلى قۇدرهتىن فىكىر ئهيلهمهكدۇر.
تونۇماي ههم بىلهلمهي ئۆزىمىزنى،
نىچۈك تاتۇپ بىلۇرمىز ههق ئىگهمنى.
ئهگهر بىلدۈرسهلهر فهزل خۇدادۇر،
نىچۈك هۆكۈم ئهيلهسه ئول پادىشاهدۇر.
نىجىس بىر قهتره سۇدىن بىر تۆرهلدۈك،
كىلىپ بۇ ئالهم ئىچره باش كۆتهردۈك.
قىلۇرلهرمىز ماۋمىنلىك ئىددىئاسى،
ههجهپ غهفلهت بىلهن ئۆرلهپ هاۋاسى.
ئۇنتۇتۇبان بىر ئۆلۈمنى ياد قىلماي،
لهههد ئاغزىغا كهلدۈك كۆزنى ئاچماي.
ئهگهر تاپشۇرساله بىزنى لهههدكه،
يهنه فۇل، مال قالۇر ئههلى ئايالگه.
سوراغ هىسابىنى بىزدىن ئالۇرلهر،
بۇ فۇل، مال راههتىن ۋهرسه كۆرۈرلهر.
كىشىكىم قولى بىرله قىلسا ئىهسان،
ئۆزى بىرله بارۇرلهر ههممه ئىهسان.
ئاسىغ يوق ياخشىلىقدىن ئۆزگهسىده،
يهنه ئىهسان، كهرهمدىن ئۆزگهسىده.
قىلۇرمهن بهئىدهزان مهن بىر ۋهسىيهت،
قۇلاق سالىڭ سۆزۈم باردۇر نهسىههت.
«ۋهسىيهت مۇستافادىن پىرغه سۈننهت،
بۇ سۈننهتنى تۇتۇپ قىلدىم ۋهسىيهت.
ۋهسىيهت قىلماغان باردۇر يامانى،
ههر ئىككى ئالهم ئىچره بار زىيانى.
خۇدايىم ئىلتىفاتى سىز ۋه بىزنى.

مۇسۇلمان زۇمرەسىدە قىلدى بىزنى.
يەنە بەردى خۇدا ئىمانىمىزنى،
ئەتا قىلدى تېخى نىئمەتلەرىنى.
بۇ دۇنياغا كېلىپ كۆردۇك ئاسايىش،
ھەممە ئىش ئىلگەرى كەلدى كۇشايىش.
مۇنىڭ شۇكرىنى ئەمدى بىز قىلالى.
نەھەد بار مىڭىدىن بىرنى قىلالى.
مۇنىڭ شۇكرى ئەگەرچە بىھىسابدۇر،
ئادا قىلماقىغە بەندە كۆپ زەبۇندۇر.
خۇدايا ئەيلەدى بى دەھىن، بى كام،
خىتاپىنى قىلدىلەر ئول ھەيىي ئەللام.
ماڭا شۇكرى ئەيلەسە گەربەندە قۇلۇم،
ئاشۇرۇپ نىئمەتىن زىيادە قىلغۇم.
ئەگەر شۇكرى ئەتمەسە گەر بەندە قۇللار،
كېتەرلەر قۇللارىدىن مالۇ فۇللار.
بۇ شۇكرىدىن بىرى ئۇشرە ئايماقدۇر،
فەقىرغە ئۇندىن بىرنى بەرمەكتۇر.
يەنە بەرگەيكى زاكات قوي، كالادىن،
تېخى فۇل - مال بىلەن ئالتۇن - كۇمۇشدىن.
يەنە خىش - ئەقرىبالەرغە مۇرۇۋۋەت،
يېتىم باشىن سىلاپ كۆرگۇزسە شەپقەت.
بۇ يەڭلىغ قىلغانى شۇكرى ئەيتقانىدۇر،
تېخى ئازراقىغە ھەمد ئەيتقانىدۇر.
ئېغىز، دىل خاس ئەمەس شۇكرىدا ئەسلا،
بولۇر فۇل، مال بىلەن شۇكرى بەرجا.
ئىبادەت تەنىغە يا مالىغە ئەمەس خاس،
مۇنى بىلگەي خەئى ئام بىلەن خاس.
كىشى مىلك يىلدا ئەگەر شۇكر ئەتسە تىلدا،
زاكاتۇ ئۇشرەنى بەرمەسە يىلدا،
ئادا قىلمابدۇر ئولكىم شۇكرى ھەقنى،
يەنە بەلكىم ئۇنۇتۇپ رەززاق ئىگەمنى».
يەنە بار سۆزۈم ئالغاي قۇلاقىغە،
ئېغىر كەلمەي كۆڭۈلگە ھەم قۇلاقىغە:
«مەشايىخ سۆزىدۇر بىزگە نەسىھەت،
ئىككى ئىشدىن بولۇر ئىنسانغە راھەت.
بىرسى دۇشمەن ئەھلىگە چىقىشماق،

بىرىكى دوستىغە مۇرۇۋۋەت قىلىشماق.
تىنچى باردۇر سەدىقە، سىلە رەھىم،
ئۇرۇغ - تۇققاندىن ئاشسە غەيرىغە ھەم».
مەشايىخ سۆزىنى تۇتسە كىمەرسە،
ئۆزىگە - غەيرىگە يەتكەي نەتىنجە.
ئەزىزلەر سۆزىگە ئەمەل قىلالماي،
نەسىھەتنى ئۆزۈمگە مەن قىلالماي.
ئۆمۈر كەلدى بۇ يەرگە مەن يىتەلمەي،
ئۈمىدىم كۆپ ئىرۇر سىلەرگە يەتكەي.
بۇ دۆلەت بولسا شايەد ئۆزلەرىگە،
ئەجەپ ئىرمەس يەنە قالغانلەرىغە.
ئەمەلغە كەلتۈرۈپ قىلسە كىمەرسە،
مەشايىخ قولداغاي كۆرگەي نەتىنجە.
بىناگاھ گەر كىشىگە قىلسە دوستلۇق،
نەسىھەت قىلغاي ئولكىم دىندە دوستلۇق.
خۇدانىڭ ئەمرىنى ھەربىر دىگەندە،
كى چۈمۈرۈرۈر رەھمەت دەريا ئىچىگە.
بۇ دۇنيا فانىدۇر، بىز فانىدۇرمىز،
خۇدادۇر ئۆزى باقى، ھەممەدۇر ناجىز.
ۋەفا يوق دۇنيادا يەنە بۇ جاندا،
يەنە يوق ۋەفا بۇ فۇل ۋە مالدا.
بار ئىردى نەچە خانلەر، نەچە بەگلەر،
يەنە مەنمەن دىگەن نەچە بايلەر.
ھەممەلەر ئالدىمىزدىن بىر - بىر ئۆتتى،
كۆزىمىز بىرلە كۆردۈك قانچە ئۆتتى.
قايان كەتتى ھۆكۈمەت بىرلە سەۋلەت،
يەنە فۇل، مال، جانى ۋە بەلكى دەۋلەت.
بۇرۇندىن ئادەت ئاللا بۇ تەرىقە،
بولۇپ كەلگەن قۇدرەت ئاللا ئۆزىدە.
ۋەفانى قىلمادى ھىچ بىرلەرىغە،
نە بەلكى ئۆزىغە فەرزەندلەرىغە.
جەمىئ ياخشىلىقدۇر خاھى يامانلىق،
ئۆزىدىن ئاشمادى بىر زەررە چاغلىق.
ھەمىشە بولماس ئىكەن دەستى قۇدرەت،
ھەمىشە تۇرماس ئىكەن نازۇ نىئمەت.

ۋەفا يوقدۇر فەلەكدە جان بۇرادەر،
قېنى قۇرداش، قېرىنداش، مالۇ جانلەر.
قولىڭىزدىن كېلىشچە كەلسە قوللاڭ،
كى مەندەك سىز يەنە غەفلەتتە قالماڭ.

**نازىم ئۆز فەرزەندىغە نەسىھەت قىلىپ خىتاپ قىلغان زىلىدە، كۆالى ئىنسان فەرزەندلەرىغە قىلغان نەسىھەتى ۋە ئەجىز ئىڭسارلىق بىرلە دۇئا قىلىپ، ئادەم فەرزەندلەردىن دۇئا ئىلتىماس ئېتىپ قىلغان مۇناجاتى بايانى**

جىگەر بەندىم بالام مەندىن تەۋەللا،
نىگاھبانىڭ سېنىڭدۇر ھەق تائالا.
خۇدايا سەن ئۆزۈڭ ئوڭلا بالامنى،
ھىدايەت يولىغە سالغىل بالامنى.
جەمئى ياخشى مەقسۇدىدىن رەۋائەت،
يەنە تەۋفىق ھىدايەتكە ھەرىس ئەت.
تېخى نىئمەتلەرىن قىلغىل فاراۋان،
جەمئى مۇشكىلاتىن ئەيلەگىل ئاسان.
ئاتادىن يادىكار نەمۇنە ئوغلۇم،
قۇلاق سالىڭ بالام سۆزۈمگە ئوغلۇم:
«خۇدايىم ئەقلى-ھۇشنى بەردى بىزگە،
مۇسۇلمان قىلدى ئەمما قىلماي ئۆزگە.
يەنە ھەم فەراسەت قىلدى تەۋانا،
تېخى ھەم سالىم ئەتتى ھەممە ئەئزا.
كى مەندىن سىزگەدۇر ئەۋۋەل نەسىھەت،
خۇدايىم ئەمرىگە قىلىڭ ئىتائەت.
نامازۇ رۇزە تەرك ئەتمەگەيسىز،
جامائەت جۇمئەنى فەۋت ئەتمەگەيسىز.
خۇدايىم بەرگەنىدىن ئۇشرە ئايرىڭ،
يەنە فۇل ۋە مالدىن زاكاتنى ئايرىڭ.
ھارام ۋە شۇبھەلەردىن فەرھىز ئەيلەڭ،
ئۆزىڭىزدىن ئۇلۇغقە ھۆرمەت ئەيلەڭ.
بولۇڭ ياخشىۇ يامان ئەندىشە قىلماڭ،
يامان نىيەت قىلىپ كۆڭۈلنى بۇزماڭ.
جىدەل ھەم ماجرا قىلماڭ يا ئۇرۇشماڭ،
نە بەلكى ماجرا ئۇرۇشقا بارماڭ.
مۇبادا سۆزنى قىلىڭ قىل تەفەككۇر،
كى ئالدى ئارقەسىنى قىل تەسەۋۋۇر.

كۆڭۈلغە كەلدى دەپ تىلىڭغە ئالمە،
يەنە ئاش كەلدى دەپ ئاغزىڭغە سالمە.
تىلىڭىز ياغ بولۇپ كۆپ شەكەر ئاقسۇن،
دىلىڭىزدىن يۇمشاق ئەسەللەر ئاقسۇن،
تىلىڭىزدىن تىكەننى ساچماغايسىز،
دىلىڭىزغە نەفاقنى ئالماغايسىز.
تىرىككەك يا زىرىككەك بولماغايسىز،
كۆڭۈلچەك ھەم سۆيۈنچەك بولماغايسىز.
ئېرىنچەك ھەم ئۇشاتماق بولماق ئاخىر،
چاقىلغاقۇ ياپۇشقاق بولماق ئاخىر.
ئاغىر، تەمكىن بولۇڭكى يەڭگىل بولماڭ،
يەنە تەمكىن بولۇڭكى تۈز سۆز بولماڭ.
سەھەرلەردە قوپۇپ خۇداغە يىغلاڭ،
يەنە غەفلەت بىلەن ئۇيقۇغە بارماڭ.
ئۆزۈڭىز ئىشلەمەكدىن ئار قىلماڭ،
كىشىگە تاشلابان ھەم خار بولماڭ.
گەر ئۆز ئىشىنى ئۆزى قىلماغانلار،
بولۇرلەر ئاقىبەت خارۇ زارلار.
كىشىغە ئىشەنىپ بولماڭ فەرىفتە،
كىشىنىڭ قىلغانىدە يوق نەتىجە.
ھەممە ئىشنى كىشى ئۆز قىلماغۇنچە،
يېتەلمەسلەر مۇراد - مەقسەدلەرىغە.
خۇسۇس دېھقان بولساڭ باشىدا بولغىن،
كېچە - كۈندۈز ئانىڭ قاشىدە بولغىن:
چاقىپ كەتمەن، قوش ھايداپ ھارمىغايسىز،
مۇشەققەتدىن قاچىبان تۇرمىغايسىز.
مۇشەققەت تارتىبان راھەت كۆرەلمەس،
كى ئەمگەك تارتماغۇنچە تېنجايالماس.
نەچە يولغا سالىپ مەن سىزنى ھالا،
مۇناسىپ كۆرمەدىلەر ھەق تائالا.
ئەزەل قەسامىدا تېرىقچىلىقنى،
نەسىپ ئەتكەن ئىكەن دېھقانچىلىقنى.
مۇبارەك قىلسۇن ھەم قۇتلۇق مۇبارەك،
بېرىپ بەرىكەت يەنە ھەم ھەق تەبارەك.
جەمىئ كەسىبلەردىن بۇ ئۇلۇغدۇر،
تىرىك بولماقغە بائىس مادەسىدۇر.

ياراتتى زى نەفسىنى رىزق بىرلە،
سەبەپ بىلەن تەييار بۇ ئالەم ئىچرە.
سەبەپ قىلغان كىشىنىڭ قۇرساقى توق،
سەبەپدىن قالسە قالۇر ئاغزى ئوچۇق.
خۇدادىن كۆركى بەختى تالىيىڭنى،
ئاتا مىراسىغە سالمە كۆزۈڭنى.
كى رىزقىڭنى تەلەپ قىلغىل خۇدادىن،
ئىمەسدۇر بۇ زىرائەت باغى ئاقدىن.
خۇدايىم خەزنەسى كۆپدۇر تۈگەنمەس،
نەچە بەرگەن بىلەن ئەسلى كېمىمەس.
ئاتاڭنىڭ خەزنەسى خەزنە ئەمەسدۇر،
نەچە بولغان بىلەن باقى ئەمەسدۇر.
خۇدايىم بەرگەنىگە قانىع بولغىل،
نە كەلسە باشىڭە ھەم سەبر قىلغىل.
قانائەت سەبرى ھەم گەنجى ئەزىمدۇر،
ھەممە تائەت فەزىلەت ئەفزەلىدۇر.
ئاتاڭدەك نەفسى سەككە بولما تابىع،
بىلىڭنى باغلا مەھكەم بولما تامىع.
يامانغە ياۋۇما، يامانغە يۈرمە،
ئاتاڭدەك خەلق ئارا شەرمەندە بولمە.
تەۋازۇع پېشە بولغىل بولمە ئۇستۇن،
تەكەببۇردىن باشىڭنى قىلمە ئۇستۇن.
تەكەببۇردىن ئەزازىل بولدى رانده،
تەۋازۇئدىن ھەممە يەتدى مۇرادغە.
خۇدا قىلسا ئۆزۈن سىنىڭ قۇلۇڭنى،
مەئىشەت بابىدا تۇتغىل ئۆزۈڭنى.
ھەمىشە كەركىدەك ئالدىڭغا يىغما،
يەنە ھەم رەندىدەك تاشقارى چاچما.
گاھى ئالدىڭغە تارتقىن گاھى ساچقىن،
تېرىك بولغىن ئەررە ئوخشە بولغىن.
بۇ يەڭلىغ بولسەڭىز ئىززەت تاپارسىز،
ئىككى ئالەم ئىچرە ئەجرىن كۆرەرسىز.
يەنە كۆپنىڭ ئىچىدىن چىقماغايسىز،
تىبخى ئەلدىن يەنە ئايرىلمىغايسىز.
كى ئەل بىرلە ئۆلۈم يۈزلەنسە سىزگە،

بىلىڭ توي، مەئرىكە ئەلبەتتە سىزگە.
دەمى ئىگىز بولۇر كۆمەكلىك ئىتتىنىڭ،
قۇرۇقى پەست بولۇر يالغۇز ئىتتىنىڭ.
قاراقچى دەست ئۇرار يالغۇز كىشىگە،
ياۋۇماسدىن قاچارلەر كۆپ كىشىگە.
يەنە ياشىسىز غورۇر - غۇررە بولماق،
ئۆمۈرنىڭ قەدرى ئازدۇر زايە قىلماق.
بەقاسى يوق مۇنىڭ يەلدەك ئۆتەرلەر،
ۋەفانى قىلمادى كەلگەن كېتەرلەر.
ۋافاسى كۆز يۇمۇپ ئاچقۇنچە تۇرماس،
بۇ ئالەمدە كىشى قارار ئالالماس.
بۇ ئالەمگە كېلىپمىز ھەم كېتەرمىز،
ئەگەر كەتسەڭ يانا كەلمەسمىز ھەرگىز.
ئۆلۈم دېگەن ئاتادىن بىزگە مىراس،
يېتىپ كەلدى باشىمىزغە بۇ مىراس.
ھەممە قۇرداش، قېرىنداش كەتتى قالماي،
كۆزىمىزنى ئاچىپ بىر ئىبرەت ئالماي.
يەتتە كۈنچە كۆرۈنمەي كۆزگە ئاخىر،
ئاشىپ ئۆمرۈم مېنىڭ يەتمىشدىن ئاخىر.
ئاتا بىرلە ئانا بىر - بىر كېتىپتۇر،
ئۆلۈمنىڭ نەۋبىتى بىزگە يېتىپتۇر.
كېتەرمىز بىر - بىر ئارقە بۇ جاھاندىن،
زۇئافغە تاپشۇرۇرلەر ئىلگىرى - كېيىن.
ئۆلۈم ئەسلا ئىمەسدۇر ياش - قېرىدىن،
ئۈمىد يوقتۇر ۋە لېكىن قېرىلەردىن.
ئەتا قىلسا خۇدايىم بىزگە ئىمان،
ئۆلۈم ھەم شەربەتدۇر ئەسەلدىن ئوبدان.
فەلەكدىن ياخشىلىق ھەمىشە بولماس،
يامانلىق ھەم يېتەر ھېچكىمنى قويماس.
ئالىپ كەلدى بۇ يەرگە بىزنى ئاخىر،
ئەگەر كەجلىكنى كۆرسەتسە ئاخىر.
ماڭا يىغلاپ يەنە ئاۋارە بولماق،
كى سەبرى ئىلە تەھەممۇل ئەيلەڭ.
ھەمىشە ياد ئېتىپ ئاتا - ئانانى،
سەھەرلەردە قوقۇپ قىلىڭ دۇئانى.

دۇئا بىرلە بولۇپ ياد ئەيلەگەيسىز،
يەنە ئۇچۇم قۇشنى شىر ئەيلەگەيسىز.
نىچۇن بىر خالىس ئىشنى قىلمادىم ھىچ،
رىيا ۋە ئەجەبدىن قىلغان ئىشىم ھىچ.
ئۇبۇدىيەت ئىشنى مەن قىلالماي،
خۇلۇسىيەت دىلىمدە ئەسلى بولماي،
ھەمىشە تەرك فەرزىغە لازىم ئەتتىم،
ئىبادەت تەركىنى بىل ۋاجىپ ئەتتىم.
يۈزۈم يوقدۇر باقارغە ھەم بۇ ھالدە،
كۆزۈم يوقدۇر قارارغە ھەم بۇ ئاندە.
قولۇم قۇرۇق، يۈزۈم ھۆرفۆك بارۇرمەن،
ئىلاجىم تاپمايان ناچار بارۇرمەن.
نەچە كۈن ياش غۇرۇر غۇررە ئۆتتۈپمەن،
ئۆمۈرنىڭ قەدرىنى بىلمەي قالىپمەن.
كۆزۈمنى مەن ئاچىپ باقسام بۇ ھالدە،
كۈچۈ قۇۋۋەت كېتىپدۇر ھەم بۇ ئاندە.
نىچۈك كەچكەي مىنىڭكى ئاندە ھالىم،
قاراڭغۇ گۆردەكي سوراق ـ سۇئالىم.
تەرەھھۇم ئەيلەسە قادىر خۇدادۇر،
ۋە گەر قىلسا غەزەپ ھەم پادىشادۇر.
ئولۇق زاتى سىفاتى رەھىمىندۇر،
يەنە بىر ئىسمى ئەكرەم ئەكرەمىندۇر.
ئايال ئۇششاق ئۇشۇل كۈن يىغلاغايلەر،
باشىن سىلارغە ھىچكىم قالماغايلەر.
ئايال، ئۇششاق، ئاجىز بەلكى تىلسىز،
يېتىم قالغاي بولار بولۇر ئاتاسىز.
ئۇشول كۈندە بۇلارنى ئىزدەگەيسىز،
باشىن سىلاپ تەرەھھۇم ئەيلەگەيسىز.
ئەگەر يوخلاسىڭىز ئەيىن كەرەمدۇر،
ۋەگەر يوخلاماسىڭىز ئاللا كەرىمدۇر.
ۋەسىيەت توغرادىن قىلدىم بۇ سۆزنى،
كۆڭۈل قۇلاقىدا تۇتۇڭ بۇ سۆزنى.
ئامانەت ئىگەسى بەرگىن دىگەندە،
كۆزۈم يۇمۇپ، قۇتۇم سۇنغان زاماندە،
تىلىم كەلگەي بۇ سۆزگە ياكى كەلمەي،
يەنە بۇ ھالدا سىز نە ھازىر ئولماي.

بۇ ئارمانىم ئىچىمدە كەتمەسۇنلەر،
بۇ سۆزنى ئوقۇبان ياد ئەيلەسۇنلەر.
خۇدايىم ئەجر بەرگەي ھەم كارامەت،
يەنە ئۆمرۆك ئۇزۇن قىلغاي سالامەت».
فۇتۇبمەن ئەۋۋەل ـ ئاخىر بۇ رىسالە،
نەسىھەت ھەم ۋەسىيەتتىن ئىشارە.
خىتابىنى مەن قىلىبدۇرمەن بالامغە،
ۋەلىكىن بۇ سۆزۇمدۇر خاسۇ ئامغە.
جاھاندا كىم كىشىنىڭ بالاسى يوق،
بالا ـ فەرزەندى يوققە ھەم سۆزۇم يوق.
ھەممە فەرزەندى بارلار ماڭا ياردۇر،
ۋەلىكىن بالانىڭ كۆپ غەمى باردۇر.
باقارلەر بىر ئاتا نەچە بالانى،
باقالماس نەچە فەرزەند بىر ئاتانى.
ئاتا بىرلەن ئانا تۇققان تافىلماس،
تارىغان بىرلە يەرگە ھەرگىز ئۈنمەس.
ئاتا بىرلە ئانانىڭ قەدرى يوقتۇر،
بۇلارنىڭ قەدرىنى بىلگەندە يوقتۇر.
قەدىمدىن ئادەم ئوغلى فېئلى بۇدۇر،
بۇلارنىڭ قەدرىنى بىلمەي كېلىپدۇر.
يىمەس ئاتا ـ ئانا غەمىنى بالا،
نەدۇر فەرزەندىغە مۇنچە تەۋەللا.
دىمەسۇنلەر بۇ ئىش باردۇر قەدىمدىن،
كى مىراس قالدىلەر ئادەم ئاتادىن.
بۇلارنىڭ يوق ئىدى ئاتا ـ ئاناسى،
بۇ ۋەجھدىن بۇ غەمدىن فارىغ ئىدى.
ئەگەر قىلسە دۇئا ئاتا ـ ئانانى،
ئانىڭ فەرزەندى ھەم قىلغاي دۇئانى.
ئەگەر گۇستاخلىق قىلسا ئاتاغە،
مۇنىڭ فەرزەندى ھەم قىلغاي ئاقاغە.
كى بۇغداي تارىغان بۇغداي ئالۇرلەر،
كى ئارفە تارىسە ئارفە ئالۇرلەر.
زەرەرنى سەن ئۆزۈڭ قىلىپ ئۆزۈڭگە،
كىشىدىن كۆرمە ھەرگىز بۇ ئىشىڭگە.
كىشىدىن بىھۇدە مەلال ئولما،
ئۆزۈڭدىن ئاگاھ بولغىل غافىل ئولما.

مۇكافاتى ئەمەل ھەقدۇر بۇرادەر،
يامانغە ھەم يامان كېلۇر بۇرادەر.
جاھاندا ياخشىلىق ئەسلا تافىلماس،
يامانلىقدىن ئىشى ئىلگەرى باسىلماس.
ئاتاڭنى ئۆلتۈرۈپ كۆمگەن كىشىگە،
ئاناڭنى سەن چىقارغىل ئول كىشىگە.
كى ياخشىلىق قىلىپ دەرياغا تاشلا،
باياباندا ئانىڭ ئەجرىن ئىزلە.
سۆزۈڭنى قىسقا قىل ئەي موللا مۇسا،
گۇناھىڭنى كەچۈرگەي ھەقتائالا.
مۇبادا ياخشىلار نەزەرنى سالسە،
بىناگاھ تەئرىخدىن سۇئاللار قىلسە،
دىگىل ئۈچيۈز يىگىرمە بەش مۇڭا يىل،
يەنە باردۇر تېخى مىڭ ئۈستىگە يىل.
تولا سۆزنى قويۇپ تىلە ئامانلىق،
دۇئاغە سۆز ئاچىپ تىلە ئامانلىق.
ساغىنىپ مەن ساڭا كەلدىم ئىلاھىم،
سېنىڭدىن باشقا يوقدۇر باشپاناھىم.
غەزەپ ھەم مەغفىرەت سەندىن خۇدايا،
ساڭا يوق يانا بىر شىرىك ئىلاھا.
دۇئانى مەن قىلاي ھەممەلەرگە.
جەمئ مۇسلىمە، مۇسلىملەرگە.
ئىجابەت ئىشىكىن ئاچقىن يۈزۈمگە،
يەنە رەد ئەيلەمە كەلدىم ئۆزۈڭگە.
ھەجەپ ئېرمەس ئىجابەت ئەيلەسە ھەق،
جەمئ ھاجاتىن قىلسا رەۋا ھەق.
ئىلاھا ھەممەلەرنى قىل سالامەت،
جەمئ ياخشى مەقسۇدىن رەۋائەت.
يەنە تەۋفىقى تائەتنى ئەتا قىل،
سىراتەل مۇستەقىيدە مۇستەقىم قىل.
خۇدايا يەتكۈزۈپ مۇرادلەرىغە.
يەنە تەۋبە نەسىب ئەت ھەممەلەرىغە.
ئالىپ بارغىل مۇسۇلمان زۇمرەسىدە،
قوپارغىل ھەم مىساكىن جەركەسىدە.
تېخى نىئمەتلەرىنى زىيادە قىلغىن،
كىي دەستى دەرازا ئەفزۇن قىلغىن.

ئاشۇرۇپ، تاپشۇرۇپ نىيەتلەرنى،
قوشۇلدۇر ياخشىلارغا ھەممەلەرنى.
ياماندىن كۆپ يىراق قىلغىن ئىلاھىم،
ئانىڭ شەررىدىن ئاسراپ ھەم خۇدايىم.
خۇدايا سەن كەچۈر گۇناھلەرىمنى،
يەنە ئاتا-ئانا، ئۇستادلارىمنى.
جەمئى مۆئمىنە ۋە مۆئمىنلەرنى،
ھەممە ئەھلى ھاياتۇ ماماتلەرنى.
رەۋا ئەيلە جەمئى ھاجەتلەرنى،
يەنە دەفئى ئەيلەگىل كۆللى بالانى.
بىھەققى ھۆرمەتى «تاھا» ۋە «ياسىن»،
ئىجابەت ئەيلەگىل ئامىنۇ ئامىن!

جاھان سەپھەسىنى كۆك ياغىن كۆكەرتىپ، زېمىن سەھنەسىنى پىتنىق قىلىپ، ئۆيدىن چىقماق مۇشكۇل بولغانىدە، مۇتەززەللۇم ئۇلغانىدىن شىكايەتكە ئاغىز ئاچقانى، بەلكى ئۆزلۈك لايىدىن ئايىغىنى تارتىپ، ئالالماغانىغا ئاجىزلىقىن شەفقە كەلتۈرۈپ، مۇناجات بىدەرگاھى قازىئۇلھاجاتقە مۇتەرەننۇم ئۇلغانى بايانى

ياغدى يامغۇر، بولدى پاتقاق ماڭغالى بولماس يایاق،
بۇ پىتنىق بىرلە يامغۇردىن يورنىيالماس ئات-ئۇلاق.
ئۆستەڭ ئولدى كوچەلەر، ئەنھار بولۇپ ھەر بىر ئىشىك،
ئاسمان تۆبى تېشىلدى، يازىمىن بولدى بۇلاق.
سولاقىپ ئۆي ئىچرە بىز ئاسان ئەمەس چىقماق كىشى،
شەئنى مات ئەتكەن كەبى روخ چۈك-كىچىك بولدۇق قاماق.
مۇشكۇل ئولدى كوچەغە چىقماق زەرۇر ھاجەت ئۈچۈن،
چىقسا ياكى بۇ پىتنىقنىڭ زەربىدىن يۇلۇر قولاق.
سەبرى قىلماي چارە يوقدۇر بۇ پىتنىق ئاسىيدىن،
ئەزقازا چىقسا تالاغە يىقىلۇر پالاق-پالاق.
سۈت بىلەن قايماق، ئوتۇندىن نائىلاج بولدى خوتۇن،
گۆشت، ياغ ئالماق مۇيەسسەر بولمادى ھەم سىر چىراق.
باش چىقارماق مۇمكىن ئېرمەس ھېچ ئىشىكدىن بىر كىشى،
قامالىپ ئۆي-ئۆيدە بىز جامائەتدىن قالىپ يىراق.
قەترە-قەترە ئۆتتى تامچە ھەم يىقىلدى كوھنە تام،
چىنە-چۆچەكلەر سىنىپ، قازان-قوشۇق بىرلە تاباق.
ھۆل بولۇپ كىگىز بىساتلە، بەلكى ھەم ئوتۇن ياغاچ،

ئاش قىشۇرماق، ناننى يافماق ھەم غىزا بىرلە تاباق.
ھەۋا يەڭلىغ دىل تۇتۇلۇپ قوزغالىپ سەۋدا كىسەل،
دەفىئىغە لازىم ئۇلفەت، مۇھەببەت بىرلە چاق-چاق.
بۇ سەبەبدىن كۇچەدە ماڭماق مۇيەسسەر ئولماغاچ.
مۇشكۇل ئولدى ھال سوراپ ھەم بىر-بىرىسنى يوخلاماق.
بولغان ئىردۇك نەچە يىل بۇ قىسىم باراندىن ئامان،
ساقلا بۇ دەرد-بالادىن سەن ئۆزەڭ ئەي ھەيىبى تاق.
بولدى دىھقان خىرمىنى يۆل ھەم ئېتىزدا ئۇنچەسى،
كۆك ياغىننىڭ دەستىدىن ھەم يوقالىپ قاغۇن، قاپاق.
كىچە-كۇندۇزلەپ يىغىپ ئارام، قارار ئالماي نەفەس،
ئاسراغىل ئافەت بالادىن بەندەنىڭ ھالىغە باق.
باش قىيىبان ئۇچتى ئەقلى ھەممەلەر بولىدۇق گەرەخ،
مۇزتەر ئولدۇق يا ئىلاھا ئەمدى تاقەت بولدى تاق.
كى ماۋمىنلىك فاتقاقى ھەم چوڭ-كىچىكلەرگە فىتىپ،
ئەسلا غەفلەت لايىدىن بىز چىقمادۇق سەكرەپ يىراق.
بولماغاچ ھىچ زار تەفەررۇغ بىرلە يۇرت ئەئيانلارى،
رەھمىتى يەڭلىغ غەزەپنى نازىل ئەتتى ئول خەللاق.
قاتىغ ئولدى كەمبەغەل بىچارە غىرىپلەرنىڭ كۇنى،
ئاچ-يالاڭلەر ئاچقا ئۆلسە غەم يىمەسلەر توق قوساق.
بىرنى ئاجىز، بىرنى قابىل شەھ ۋە گادا قىلدى فەلەك،
بىز ئەگەر سەبر ئەيلەسەك نۆۋبەت بىلەن توشار ئاياق.
سەن بىرىپ نۇسرەت خۇدايا نەفسى كافىر ئۇستىگە،
ھەجەپ ئېرمەس مەغفىرەت قىلساڭ تىخى ۋاقىت سوراق.
ئەي خۇدايا سەن ئۆزۈڭ ئاسان قىلىپ رەھم ئەيلەگىل،
كۆتەرەلمەي ئاجىز ئولدۇق يۈكلەمە مالا ياتاق.

ئوت تەئرىفىدە كىم زىمىستان فەسلى كەلگەندە ئاندىن خۇپىراق رەدىئە شىددەتى يەتكەندە، ئانىڭدىن مەرغۇپراق نىبەرسە بولماغانىغە تەرانە تۇزگەنى

ئوتنىڭ رەڭى قىش كۇنى گۇلشەندە گۇل فۇتكەنچە بار،
ھۆر-ھۇر ئەتكەن نالەسى بۇلبۇل سەدا ئەتكەنچە بار.
ئول ئىسىغ ئوتكىم ھەمىشە ئوچاقىدا ئوت كۆيەر،
ياز ئەيىامىدا گويا باغ ئىلە بوستانچە بار.
تۇرسە ئاتەشدانىدا چوغلار رەقس ئۇرۇپ تابان بۇلۇت،
نازىنىن مەھۋەشلەر ئوتلۇق چىھرە كۆرگۆزگەنچە بار.

ئوت نۇرىنى تۇتسە ئۇچقۇن دىلرەبا مەھبۇبلەر،
ئاتەشىن ئارەزغە نازۇك پەردىنى ياپقانچە بار
ئاختارىپ باققاندە كۆلنى چىقسا گەر بىر دانە چوغ،
ئاشىقى دىلخەستەلەرگە خەندەئى جانانچە بار.
ئوت تۇتاشقاندا ئۆرلەپ موردىدىن چىققان تۈتۈن،
تىيرە كۆيۈپ تۇرغاندا گاھى بىر ھەزىن ئاۋاز ئەيتار،
مۇترىپ ئەھلى نەغمەسى تارىنى ساز ئەتكەنچە بار.
پايالىق مەجمەر بىلەن كەلتۈرسە ئوت مەجلىس ئارا،
تەختى ئۆزە زىننەت بېرىلگەن بىر ماھى تابانچە بار.
ئوت ھەرارەتدىن قىزارتىپ چىھرەنى گۈلگۈن قىلۇر،
بادە تابىدىن قىزىپ رۇخسار لەئل ئەتكەنچە بار.
ئوتقا خاس تۈشكەندە ئۆيدە ئايلانىپ كۆيگەن تۈتۈن،
شال ۋە دەستارىن يىگىتلەر باشىغە چالغانچە بار.
بارچە ئەتراپى كۆيۈپ ئوتى ئۆچۈپ قالغان كۆتەك،
باش قۇيى سالىپ تەۋەججۇھ تاشلاغان ئىشانچە بار.
ياز كۈنى قىشنىڭ غەمىن ئويلاپ كىشى يىغسە ئوتۇن،
ئول كىشىنىڭ دانىشى ئەفلاتۇنۇ لوقمانچە بار.
بۇ زىمىستان شىددەتى يەتكەندە كەلتۈرگەن ئوتۇن،
كۆرگەلى مۇشتاق ئىكەندە مىھمانى كەلگەنچە بار.
سەندەل ئىچرە فۇت سۇنۇپ ئولتۇرغانىڭ پىرى زەئىپ،
تەخت ئىززەت دەۋلەتى ئەمىر تىمۇر كوراگانچە بار.
مۇزلابان تىترەپ گەرەخ ئولغاندا ئۇچراشقان ئالاۋ،
دەۋزەخ ئەھلى داخىل ئولغان جەننەتى رىزۋانچە بار.

**ئاجايىپ بىر مەتۇ ھەققىدە قىسسە**

سىپاسى بىقىياس ۋاجىپ ۋۇجۇتغە،
دۇرۇر بىھىساب ئول مۇجتە باغە.
جەمئى ئال ئەسھاپ رۇسۇلغە
خۇسۇسەن چارىيار باسافاغە.
تۆرەتتى بارچە ئەشيانى ئادەمدىن،
ياراتتى بىزنى ھەم ئادەم ئاتادىن.
بار ئىردى ئاقسۇدا بىر مەردى خەستە،
ئۆزى مەئتۇ ۋە لىكىن دىل شىكەستە.
زامان ئەئجۇبەدىن ئىردى بۇ مەردۇم،

نىچۇك ئادەم ئىكەن خۇداغە مەئلۇم.
ھەممە كۈن كۈچەلەرنى كىزەر ئىدى،
كى خىزمەت بويىرۇسە قىلۇر ئېردى.
تۆمۈرچى باستۇرۇپ كۆرۆكلەرىنى،
كى نانۋاي تاسقاتىپ ھەم ئۇنلەرىنى.
بۇ خىزمەتنى قىلىبان ئېرتەدىن كەچ،
تاماق بەرسە بولۇپ توق، بەرمەسە ئاچ.
نامازنىڭ ۋاختىدا ئىشنى تاشلاپ،
قوپۇپ تاھارەت قىلىپ نامازنى باشلاپ.
مۇنىڭ قىلغان نامازى خاھى تاھارەت،
ئىمەس تەرتىپ فەرائىز بەلكى سۈننەت.
نامازنى بەئىزدە كۆپ ئوقۇر ئېردى،
كى بەئىزدىن يۈزنى ھەم يۇماس ئېردى.
كىشىغە قىلىسە خىزمەت نەچە كۈنلەر،
تەلەپ قىلماس ئىدى ئەجر بەلكى مۇزدلەر.
يەنە ھەم بەئىزى كۈن بولغان غەزەبدە،
يەنە بەئىزى بولۇبان كۈلكۈ قەھقە.
زامانە ئەھلىغە مەھبۇب ئېردى،
ئۆزى مەجنۇن داغى مەجزۇپ ئېردى.
ئەگەر ئىنسان بىر ئىشدە بولسە ھەيران،
كى فال يەڭلىغ سۆزنى سورىسا ئىنسان.
جاۋاپىنى پايمۇ-پاپە قىلۇر ئېردى،
جەمئى مۇددىئانى ئەيتۇر ئېردى.
سۆزىلىنىڭ باشى يوقدۇر ھەم ئۇچى يوق،
يەنە ھەم ئۆزىدىن بەلكى ھۇشى يوق.
خالايىق بېرۇر ئېردى تون ۋە بۇلباق،
يەنە دەستار، كۆڭلەك بەلكى تۇماق.
كىيسان بەئزى كۈن ئۈچ-تۆرت تۇماقنى،
باشىغە يۆرگەبان ھەم نەچە خامنى.
ھەممەنى كەيگەن ئېردى ئۈستۈن-ئۈستۈن،
تومۇزدا ھەم ساۋۇقدا ئېردى بۇ كۈن.
يەنە يۇلۇر ئېردى كىرفىك-قاشىنى،
بىرىن قويماس ئېردى موي لەبلەرىنى.
يەنە ھەم بار ئېردى مۇندىن ئەجۇبە،
بىلىگە ئاسقان ئېردى نەچە شاخچە.
نە لازىم كىرەكدۇر بۇ مۇڭگۈزلەر،

دىسەلەر ئەيتۇر ئىدى بۇ مۈڭگۈزلەر —
ئاتامدا بار دىگەنگە بۇ مۈڭگۈز،
ئانامدا بار دىگەنگە بۇ مۈڭگۈز.
تېخى مۈڭگۈز ئاكامدا بار دىگەنگە،
يەنە مۈڭگۈز بالامدا بار دىگەنگە.
كى هەر بىرىڭ باشىغە بۇ مۈڭگۈزنى،
ئۇرارمەندەپ ئاسىپمەن بۇ مۈڭگۈزنى.
ئالىپ بىر-بىر ئانى كۆرسەتىبان،
هەممىشە بىرگە ئېردى هەم ئاسىبان.
ئۆزۈڭدە بولماغانىنىڭ ئاسىغى يوق،
كىشىدە بولغانىنىڭ فايدەسى يوق.
ئاسىبدۇرمەن مۈڭگۈزلەر مۇنىڭ ئۈچۈن،
ئۇنۇتماي ئۆز ئىشىمنى قىلماق ئۈچۈن.
دەر ئېردىلەر بۇ سۆزنى لاغەبازى،
تەمەسخىر قىلىبان مەسخەرە بازى.
ئۆزىدىن سۆزىدۇرلەر كۆپ ئاجايىپ،
كى مەئنەسى باردۇر مۇنىڭ غەرايىپ.
زامانە كۆرسەتۇرلەر هەر زاماندە،
بۇ يەگلىغ مەردىن هەر زاماندە.
مۇنىڭكى هالى خۇداغە مەئلۇم،
ئۆزى مەجزۇپ ۋە لېكىن سۆزى مۇهۇم.
خەلايىق ئەيتادۇرلەر بار ئۆيىدە،
نەچە-نەچە تاغار سۆڭەك ئۆيىدە.
كېچەلەر ئۇيۇماي سۆزلەر قىلىبان،
نەچە ئادەم بىلەن سۆهبەت قىلىشقان.
هەممە كېچە بۇ يەگلىغ ئېردى هالى،
ۋە لېكىن ئۆيلەرى بار ئېردى خالى.
ئۆينىڭ ئۈچ تامى بار بىر تامى يوق،
يەنە هەم ئۆگزەسىدۇر بەلكى ئوچۇق.
كى مۇنداغ بىرلە قىشىدە كۆپ ئىسسىغدۇر،
يەنە ياز كۈنلەرى سالقىن شامالدۇر.
ئاخىر ئۆمرىندە بۇ قىلدى ئەجوبە،
نامازىمنى ئوقۇغلا تاڭلا ئېرتە.
نامازىمغا كېلىڭلەر دىدىلەر بۇ،
كى تەكلىف قىلىبان كۆپ قىلدى كۆلكۆ.

بۇ يەگىلىغ بولماس ئىردى ئەسلا خوشال،
ئاجايىپ كۆلگۈ بىرلە بولدى ئەلھال.
ھەممە ئەل دىدى يوقدۇر مۇڭا ئەقىل،
ئۆزى دىۋانە ھەم بىھۇش، بىئەقىل.
ئەگەر بولسە مۇنىڭكى ئەقلى – ھۇشى،
تۈزۈك بولماسىدى مۇنىڭ يۈرۈشى.
ھەمىشە سۆزلەرىدۇر پايىمۇ – پايە،
ئۆزى بىھۇشدۇر مەجنۇن زادە.
دىدىلەر سۆزنى قىلدى تەمەسخىر،
ۋە لېكىن سۆزنى قىلماي تەفەككۇر.
كېچە ئۆتتى ۋە لېكىن ئىرتە بولدى،
سىدىق ئاخۇن بۇ كېچە فەۋت بولدى.
دەت ئىردىلەر ھەممە ھەيران قالدى،
كى بىلمەيمىز دىبان ھەسرەتتە قالدى.
زامانە ئىچرە كۆپ مەردى باردۇر،
كىشى بىلمەس ئانىڭ ھالى نىچۈكدۇر.
خۇدايىم ئاسرابان پۇشىدە قىلسە،
ئەجەب يوق ئۆزىنىڭ مەھبۇبى قىلسە.
نىچۈك قىلسا ئۆزى قادىر خۇدادۇر،
ھەممە مەخلۇقاتنىڭ ھالىن بىلەدۇر.
بۇ قىسىم تايفە باردۇر زامانده،
كىشى بىلمەس نىچۈكدۇر ھەم بۇ ئانده.
ھاقارەت كۆزى بىرلە قاراماڭلەر،
يامان، ياخشى دىبان ھەم ئىلغاماڭلەر.
چىقارۇر ياخشىلاردىن كۆپ يامانىنى،
ياماندىن ھەم چىقارىپ ياخشىلارنى.
كى گۈلخەن ئىچى ھەم ئوتسىز ئىمەس،
يەنە ۋەيرانە ھەم گەنجسىز ئىمەس.
ئەگەر تافسە بولۇر ئوت گۈلخەن ئىچرە،
كى گەنج تافسە بولۇر ھەم ۋەيران ئىچرە.
ئەجەپ يوق مەردۇمى بىر مۇردە ھالدە،
يەنە كوھنە چافان دىۋانەلەردە،
ئۆزىنىڭ ئىشقىنى سالسە خۇدايىم،
ئۆزىنى تانوتۇپ تارتسە ئىلاھىم.
يەنە ئىلغاب ئۆزى مەھبۇپ قىلسە.

كى رەشك ئەيلەپ ئانى پۇشتدە قىلسە
قىلىۇرلەر ھەر نە قىلسە خاھلاغاننى،
كىشى بىلمەس ئانىڭكى ئاسراغاننى.
نە ھەد بولغاي بۇ كۆزدە ئانى كۆرمەك،
ئۆزى تانۇتمەسە بىزلەرغە بىلمەك.
خۇدانىڭ دوستىدۇر مەخفى ھەمىشە،
ئۆزى خەستە ۋە دىلى شىكەستە.
بۇ يەڭلىغ خەستەلەرنى خار كۆرمەك،
كى بەرمەك ھىچنىمە ھەم نەرسە دېمەك.
ئەگەر بەرسە نەتىنجە كۆرگۈسىدۇر،
ۋەگەر تىل سۇرسە ئىمان لەغرىشىدۇر.
بۇ قىسىم خەستەلەردىن قىل ھەزەرلەر،
كى مەندىندۇر نەسىھەت ئەي بۇرادەر.

ئا

ئالاۋ — ئوت، يالقۇن
ئاسايىش — كەڭچىلىك، ئاسانلىق
ئال — ئائىلە، قوۋمى- قېرىنداش
ئايماق — ئايرىماق، بەرمەك

ئە

ئەرەقى جەبىن — پىشانە تەرى
ئەقرەب — چايان
ئەنھار — سۇ، دەريا
ئەزقازا — تەسادىپى، توساتتىن، تۇيۇقسىز
ئەكرەمىن — سېخى
ئەفزۇن — كەڭ، ئارتۇق
ئەزەل قەسسامى — ئەزەل تەقسىماتى
ئەررە — ھەرە
ئەئجۇبە — غەلىتى، ئاجايىپ
ئەرەبى سەييىد — ئەرەبىستان سەيىتلىرى، مۇھەممەت پەيغەمبەر ۋە ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئەۋلاتلىرى.

ئەسهاب روسۇل — پەيغەمبەرنىڭ ساھابىلىرى

## ب

باسافا — ناھايىتى ساپ، پاك

نادەتاپى — شاراپ ئىسسىقلىغى

باغى ئاق — سېپەرگەر

بىش — كۆپ، ناھايىتى

بەدەرگاھ — ئالى دەرىجىلىك

بەئدەزان — بۇنىڭدىن كېيىن

بەرجا — ئادا، لايىق

بۇلۇغ — بالاغەتكە يېتىش

بەئشرا — سودا - سېتىق

## پ

پايەلىق مەجمەر — پۇتلۇق ئوتدان

پىرى زەئىپ — ئاجىز قېرى ئادەم

## ت

تامەئ — تاما، تاماگەر

تەئرىخ — تارىخ

تابان بۇلۇت — سۈزۈك بۇلۇت

تاباق — تاماق، غىزا

تەفەررۇق — ئايرىلىش، بۆلۈنۈش

تەۋانا — كۈچلۈك، ساغلام

تەۋەللاھ — ئۈمىد، ئۈمۈت

تەۋئەن — ئىختىيارى

تەمەئ — تاماگەرلىك. بۇ خەتنىڭ يېزىلىشى «طمع» بولۇپ، ئۈچلا ھەرپىنىڭ ئىچى كاۋاك.

تەناۋۇل — يىمەك - ئىچمەك

ج

جەركە — سەپ، دەرىجە

چ

چىللە — ئىشان، سوپىلارنىڭ 40 كۈنگىچە تالاغا چىقماي ئىبادەت قىلىشى

چىزى — زىھىن

خ

خەللاق — ياراتقۇچى

خانغۇ — ئەمەلدار مەھكىمىسى، خان ئوردىسى

خۇسۇس — مەخسۇس

خۇلۇسىيەت — خالىسلىق

د

دەھىن — ئېغىز

دەرازا — ئۇزۇن

دەم — دىماق

ر

راززاق — رىسقى بەرگۈچى

راندە — قوغلاندى

رەدئە — يامان، قاتتىق

رۇخ — شاخمات دانىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى

رىزۋان — جەننەت، باغ، باغچا

ز

زىلى — خوشاللىق

زۇئاف — ئۆلۈم، تەسادىپى ئۆلۈم

زىي — ئىگە

زەھى — ھەجەپ، ئەجىبا
زەرئە — تېرىش
زۇمرە — جامائەت، گۇرۇھ
زىيجان — جانلىقلار، جان ئىگىسى

## س

سىپاسى بىقىياس — چەكسىز مىننەتدارلىق
سۆھبەت ئالالا — ئىشانلارنىڭ شاۋقۇنلۇق سۆھبەت قىلىشى
سۇبھانە جەللە ۋەئەلا — ئۇلۇق، يۇقۇرى مەرتىۋىلىك ئاللا
سىراتەل مۇستەقىم — توغرا يول
سالىم — ساغلام، ساق

## ش

شاخچە — مۈڭگۈز
شەنى — شاھنى
شەفئ — شىپى، شىپى كەلتۈرۈش
شۇرۇئ — ئىشلەش، باشلاش
شاھراھ — چوڭ يول

## غ

غۇررە — مەغرۇر

## ف

فەرائىزلەر — پەرز بولىدىغان ئىشلار
فەراموش — ئۇنتۇش
فەغفۇر چىنى — بۇ سۆز ئەسلىدە شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا ياشايدىغان ساك قەبىلىلىرىنىڭ تىلىدا «فاكپۇر» — ئۇلۇق پادىشا دىگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، كېيىنچە فارىسلار تەرىپىدىن پەقەت جۇڭگو پادىشالىرىنىلا كۆرسىتىدىغان بىر خىل ئاتالغۇ بولۇپ قالغان.

| | |
|---|---|
| فەرىشتە | — ئالدىنىش |
| فەۋت | — قازا |

ق

| | |
|---|---|
| قۇيى | — تۆۋەن |
| قىل تەفەككۇر | — قىلدەك ئىنچىكە تەپەككۇر |
| قازىئۇلھاجات | — ھاجەتتىن چىققۇچى ئاللا |
| قەرجە | — قايچا |

ك

| | |
|---|---|
| كەددە يەمىن | — قول ئەمگىگى |
| كىنە | — يەنە |
| كەرھەن | — مەجبۇرى |
| كەركى | — كەكە، چوت |
| كۆمەك | — توت، كۆپچىلىك |
| كۇشايىش | — ئوڭايلىق، ئاسانلىق |
| كام | — تىل |

گ

| | |
|---|---|
| گۇستاخ | — ئەدەپسىز، ئەقىلسىز، ھاياسىز |
| گەرەخ | — ھوشسىز، ھەيران |
| گەج (كەج) | — كاج، تەتۈر |

ل

| | |
|---|---|
| لەغزىش | — مەنىسىز، قۇرۇق گەپ |
| لاغە بازى | — چاقچاقچى |

م

| | |
|---|---|
| مۇيى لەب | — ساقال - بۇرۇت |
| مۇزد | — ئىش ھەققى |

مەئتۇ — مەتۇ، ھاڭۋاقتى
مۇھۇم — مۇھىم
مۇتەزەللۇم — زۇلۇم، قىيىنچىلىق
مۇئىمىننە ۋەلمۇئمىن — ئەر - ئايال مۆمىنلەر
مەساكىن — مىسكىن، كەمبەغەللەر
مۇسلىمە، مۇسلىم — ئەر - ئايال مۇسۇلمانلار
مەلال — خاپا
مۇتەرەننۇم — ناله؛ كۈي
مۇزتەر — چارىسىز
مالاياتاق — ھەددىدىن ئارتۇق
مۇجاۋۇرى ھەرەملەر — ھەرەم دەرۋىشلىرى
مۇيى مۇبارەك — مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ساقىلى
مار — يىلان
ماۋمىنلىك — مۇسۇلمانچىلىق، مۆمىنلىك
مۇھالى — ئىمكانىيەتسىز، ئاجىز
مىزان پەللەسى — قىيامەت كۈنى گۇنا بىلەن ساۋاپنى ئۆلچەيدىغان تارازا تاۋىقى
مۇشتەق — ياسىلىش
مادەسى — ئاساسى
مۇجتەبا — تاللانغان ئىنسان، پەيغەمبەر

ن

ناپاتات — ئۆسۈملۈكلەر
نەئۇزۇبىللاھ — ئاللا ساقلىسۇن
نەزدى — قېشى، يېنى
نازىل — چۈشۈش، چۈشۈرۈش
ناچىز — ئاجىز، ئەرزىمەس
نەفاق — دۈشمەنلىك، ئىككى يۈزلىمىلىك
نىگاھبان باشپاناھ، شەپقەتچى، ساقلىغۇچى

ھ

ھۇرفۇك — خاپا، مەيۇس
ھەججى — ھاجىلار

ھەمەدات — تاش ۋە تۇپراقلار

ھەيبى — ھايات، تىرىك

ھەيبى ئەللام — ئەڭ بىلىملىك ئاللا

### ئو

ئوراغلار — ئورمىچىلار

### ئۇ

ئۇبۇدىيەت — قۇلچىلىق

ئۇشانماق — ھورۇنلۇق

ئۇچۇم قۇش — نارىسىدە بالا، نەۋرە

ئۇجىبۇ — تەكەببۇرلۇق، ھاكاۋۇرلۇق

### ئۆ

ئۆندەگەر — ئالۋاكچى

### ۋ

ۋەرسە — ۋارىسلىق قىلغۇچى

### ئى

ئىددىئا — داۋا، مەقسەت

### ي

يورۇغ — تەبىر

ياۋۇما — يولۇقما، يېقىن كەلمە

# گۇل ۋە بۇلبۇل



## سالاھى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇرىشىت ئىسلامى

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:

شائىر سالاھى «گۇل ۋە بۇلبۇل» ناملىق بۇ داستانىنىڭ مىسرالىرىدا بېرىلگەن يىلنامىغا قارىغاندا، مىلادى 17-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 18-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياشاپ ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرى. شائىر سالاھى بۇ ئەسىرىدە ئۆزىنىڭ تولۇق تەرجىمھالىنى قالدۇرمىغان. پەقەت ئەسەرنىڭ خاتىمە قىسمىدا، ئەسەرنى يېزىشتىكى مەقسىدى ۋە يېزىلغان ۋاقتى ھەققىدىلا مۇنداق دىگەن:

ئوقۇبان سەير قىلىنسۇنلار بۇ داستان،     ئىشىت تارىخنى بۇلبۇل كەبى ئۈچ،
كى ئاشىقلار ئۈچۈن قىلدىم گۈلۈستان.     بولۇپ بىر مىڭ ۋە بىر يۈز ئەللىكۈ ئۈچ.

دىمەك شائىر بۇ ئەسىرىنى ھىجرىيە 1153-(مىلادى 1740-) يىلى يازغان.

بۇرۇنقى زامانلاردا ياشاپ، ئىجات قىلىپ ئۆتكەن ئەدىپلەرنىڭ ۋە شائىرلارنىڭ كۆپ قىسمى مەنمەنلىك ۋە ئۆزىنى كۆرسىتىشتىن ئېھتىيات قىلىپ، ئەسەرلىرىدە نامىنى ۋە تەرجىمھالىنى قالدۇرماسلىقنى ئادەت قىلغان ئىدى. سالاھىنىڭ ئۆز تەرجىمھالىنى قالدۇرماي كەتكەنلىگىمۇ بۇ ئادەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

سالاھى فېئوداللىق جەمىيەتتە، جاھالەت-مەرىپەتسىزلىك ۋە زۇلۇم ئىستىبدات ھۆكۈم سۈرگەن زاماندا ياشىغان. شائىر ئۆز ئەسىرىدە يۇرتىدىن مۇساپىر بولۇپ، چىقىپ كەتكەنلىگىنى ۋە كۆپ يەرلەرنى ئايلىنىپ سەرگەردان بولۇپ، ھەققانىيەت ۋە ئادالەت ئىزلىگەنلىگىنى، ئەمما ئاخىرى ئارزۇ-ئۈمىتلىرىدىن مەھرۇم بولغانلىغىنى ئايان قىلىپ زارلىنىپ مۇنداق دىگەن:

ئىلاھى غۇربەتىمدە رەھىم قىلغىل،     قۇرۇق جانىمغا ئىشقىڭ ئوتىنى ياق.
مۇھەببەت ئوتىدىن بىر زەررە بەرگىل.     جاھان كەزدىم كۆرەلمەي دەستىيارى،
غەرىبۇ خەستە مەن لۇتفۇڭ بىلە باق،     مەگەر خۇش سۆزكى قالسا يادىگارى.

سالاھنىڭ «گۈل ۋە بۇلبۇل» ناملىق بۇ ئەسىرى ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەشقەر لەھجە (شىۋە) سىدە يېزىلغان. شېئىر مىسرالىرىنىڭ قاپىيە ۋە رەدىفلىرىدا قەشقەر شىۋىسىغا خاس ئىبارىلەر نامايان بولۇپ تۇرۇپتۇ. تىل ھۆججىتى ئېتىۋارى بىلەن شائىر سالاھنىڭ قەشقەرلىك ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىمىز.

«گۈل ۋە بۇلبۇل» ناملىق بۇ ئەسەر مەسنىۋى ئۇسلۇبىدا، بەھرى تاقارۇب مۇسەممىنى سالىم (فەئۇلۇن - فەئۇلۇن - فەئۇلۇن - فەئۇلۇن) ۋەزنىدە تۈزۈلگەن. داستان تىلىنىڭ تەلەپپۇزى يېنىك، راۋان، قاپىيە - رەدىفلىرى ئەرۇز ۋەزنى ئۆلچەملىرىگە مۇۋاپىق.

شائىر سالاھنىڭ «گۈل ۋە بۇلبۇل» ناملىق بۇ داستانىدا، مەزمۇنەن، زۇلمەتلىك فېئوداللىق جەمئىيەت، خەلقنى جاھالەت بىلەن كىشەنلەپ تۇرغان ھۆكۈمران تەبىقە پاش قىلىنىدۇ. بۇلبۇل ھەققانىيەت - ئادالەت ئىزلىگۈچى پىداكار قەھرىمانغا، شامال (سابا) ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغۇچى خەلق كۆپچىلىكىگە تىمسال قىلىنىدۇ. داستاندىكى پىداكار بۇلبۇلنى ھىيلە بىلەن تۇتۇۋېلىپ قەپەزگە سولاپ ھالاك قىلغان زالىم، شۇ زاماندىكى فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ ئوبرازىدۇر.

داستاندا يەنە، بىز شائىر سالاھنىڭ ئاشۇ دەۋردىكى دىنىي نىقاپقا ئورۇنۇۋېلىپ ئۆزلىرىنى «ماشايىخ - ئەۋلىيا» كۆرسىتىپ، زالىم ھۆكۈمدارلارغا ئەدىبىۋى تايانچ بولۇپ، ئەمگەكچى خەلقنى ئالداپ قاقتى - سوقتى قىلىپ، تەييارتاپلىق بىلەن ھايات كەچۈرگەن ساختىپەز سوپى - ئىشانلارغا نەپرەتلەنگەنلىكىنى كۆرىمىز. ھىلىگەر ۋە ساتقىن سوپى - ئىشانلار داستاندا ھۇد - ھۇد (ھۆپۈپ) سىمۋولىدا ئوبرازلاشتۇرۇلىدۇ.

مەن بۇ قېتىم «گۈل ۋە بۇلبۇل» ناملىق بۇ داستاننى كەڭ كىتابخانلىرىمىزغا تونۇشتۇرۇشنى ۋە داستاندىن تىل - ئەدەبىيات تەتقىقاتى ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچى مۇتەخەسسىس ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىڭ پايدىلىنىشىنى ئۈمىت قىلىپ نەشرگە تەييارلىدىم.

ئىكەۋلەن ئەي كۆكۈل ھەمدەم بولالى،
سىفاتىڭ گۈل بىلە بۇلبۇل قىلالى.
نە يەڭلىغ بولدى ئاشىق گۈلگە بۇلبۇل،
بايان قىل ئىشقى بۇلبۇل قىسسەئى گۈل،
بايان ئەيلەي ئۇلار ئىشقىنى بىر بىر،
قىلايىن قىسسەسىغا نەزم تەقرىر.
كى گۈل ئىشقىدا بۇلبۇل بىناۋادۇر،
غېرىبلىك دەردى بىرلە مۇپتىلادۇر.
قىلۇر ئېردىم كېچە - كۈندۈز تەپەككۇر،
نىچە تۈرلۈك ھىكايەتلەر تەسەۋۋۇر.
مەگەر نەزم ئەيلەسەم بولغاي سازاۋەر،
دىبان دۇرلارنى ساچسام مەن بەيەكبار.

بۇ سۆز ئېردى، نادايى ئاسمانى،
كى «نەزم ئەت بۇلبۇلى گۈل داستانى».
بولۇپ مەشۇقۇ ئاشىق بۇلبۇلۇ گۈل،
بۇ نەزم ئاتى ئېرۇر ھەم بۇلبۇلۇ گۈل.
بايان ئەيلەي كى ئىشقى بۇلبۇلۇ گۈل،
ئىشتىكىل داستانى بۇلبۇلۇ گۈل.
دېيۇر بۇلبۇلكى مەن مەھزۇن مىسكىن،
بايان ئەيلەي سىلەرگە چەرخى دۇندىن:
فەلەك چەرخى مېنى سەرگەشتە قىلدى،
نىگارىمدىن يەلۇز ئاشۇفتە قىلدى.
دەمادەم قان ئاقادۇر كۆزلارىمدىن،
ۋەفاسىز دىلرەبالار فۇرقەتىدىن.

## سابا بۇلبۇلغا قىزىلگۈلنى تەرىپ قىلغانى

چۇ بۇلبۇل ھەر سەباھى سايرار ئىردى،
سابا ئول مەجلىس ئىچرە ھازىر ئىردى.
سابا كۆردىكى بۇلبۇل بۇ مەھەلدە،
مۇھەببەتدىن دەم ئۇردى بىر غەزەلدە.
دىدى ئەي بۇلبۇلى مەھزۇن مەھجۇر،
سىنىڭ ئاتىڭ ئىرۇر ئالەمدە مەشھۇر.
بىرىپ گۈللەرغە كۆڭۈل لال بولما،
يامان - ياخشى قاشىدا خار بولما.
بۇ گۈللەر ئارىسىدا بىر گۈلى بار،
ئاڭا لايىق ئەگەر بولساڭ گىرىپتار؛
ئۇنىڭ ئاتى قىزىلگۈلدۇر چىمەندە،
سىپاتىنى قىلۇرلەر ئەنجىمەندە،
يۈزىنىڭ رەڭگى ئانىڭ ئاتەشىندۇر،
لەتافەت ئىچرە ھەدسىز نازىنىندۇر.
دىدى ئول خۇش قەد، خۇشرۇي ئىردى.
بۇ گۈللەر ئىچرە ھەم خۇشبۇي ئىردى،
بىرۇر، راھەت تەنۇ جانىغا گۈلابى،
داۋايى دەرد ئىرۇر ئۇنىڭ گۈلابى.
ۋىسال ئەھلىغە گەر بولسا مۇيەسسەر،
بۇلۇر ئۇنىڭ دىماغى بەس مۇئەتتەر.
ئۇنىڭ بۇيىدىن ئەي بۇلبۇل ئىشىتكىل،
شەكۇ شۈبھە بۇ سۆزدە يوقتۇرۇر بىل.
يىل ئايرىن سايە تۈشسە مەۋسىمى گۈل،
يىگىتلەر گۈل تۈفەيلىدىن بۇلۇر مول.
گۈلىستان ئىچرە ھەركۈن پىرۇ - بەرنا،
تەئەججۇپ بىرلە ئەيلەرلەر تاماشا.
كۆرەرلەر گۈلنى گاھى زەۋىق بىرلە،
ئۇرۇرلەر سانچماقغا شەۋق بىرلە.
بۇ سۆزلەردىن بۇدۇر مەقسۇد بۇلبۇل،
كى ئالەم ئەھلى دۇرلەر ئاشىقى گۈل.
ئىمەسدۇر گۈل بۇلارغە ھىچ مايىل،
قىلۇر ئەكسەر يۈزىگە پەردە ھايىل.
تىلەر ئولھەم ئۆزىگە يار دايىم،
كى بولغايلار ئىكەۋلەن يار دايىم.
ساباغە دىدى ئولدەم بۇلبۇلى زار،
بۇ يەڭلىغ گۈل ماڭا بولغاي قاچان يار؟:
جاۋاپ ئەيدى سابا بۇلبۇلغا ئولدەم،
بۇ مەئىندىن ئۆزۈڭنى قىلما پۇر غەم.
ئىشىتىپدۇر سىنىڭ ئاتىڭنى ئول گۈل،
ھىمىشە ياد ئىتەر ئەي خەستە بۇلبۇل.
فىراقىڭدا بولۇبدۇر سىنەسى چاك،
سىنىڭ ئىشقىڭ قىلىبدۇر زارۇ غەمناك.
غەمۇ ئەندۇھۇ مىھنەت يەتكەن ئۈچۈن،
سىرىغ بولدى ئۇنىڭ باغرى ئۇزۇن كۈن.
فىراق ئۇتىغا ئولدەم كۆيدى بۇلبۇل،
بۇلۇپتۇر بۇ سەبەبدىن رەڭگى چۈن گۈل.
ئۆزىن گۈل ئىشقىدا كۆردى گىرىپتار،
تەزەررۇئ بىرلە قىلدى نالەئى زار.
ساباغا دىدى بۇلبۇل بۇ غەزەلنى،
ئوقوغىل قاشىغا تاپساڭ مەھەلنى.

## غەزەلى بۇلبۇل

جامالىڭ ۋەسفىنى بىسيار ئەي گۈل،
ئىشىتتىم ئەرسە بولدۇم زار ئەي گۈل.
جامالىڭدىن مەن بىچارە مەھرۇم،
ساڭا مەھرەم تۇرۇر ئەغيار ئەي گۈل.
تەرەھھۇم ئەيلەغىل زىنھار - زىنھار،
مىنى قىلما چۇنانكى خار ئەي گۈل.
كىشى يوقتۇر سىنىڭ ئىشقىڭدا مەندەك،
غىرىبۇ بىكەسۇ ئەفگار ئەي گۈل.

## گۈلگە سابانىڭ ھىكايىتى ۋە بۇلبۇلنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلغىنى

سابا چۈن گۈل ھەرىمىغا ئۇلاشتى،
جاھان ئارا جامالىغا يېتىشتى.
دىدى ئەي گۈل كىزىپ كەلدىم جاھاننى،
تونۇپ دۇنيادا ياخشىيۇ ياماننى.
بار ئەركەن دەھر ئارا بىر مۇرغزارى،
چىمەن زارى ئاجايىپ لالە زارى.
يېتىشتىم ئەرسا ناگەھ بىر گۈزەرگە،
ئاجايىپ بىر تىمەرسە كەلدى كۆزگە.
سېمەن بىرلە بىنەفشە باز سۇنبۇل،
بۇلارگە زار ئىكەن بىچارە سۇنبۇل.
تەئەججۇب قىلدىمۇ تۇردۇم زامانى،
بىناگاھ باشلادى بۇلبۇل فىغانى.
قاشىغا باردىمۇ ئەيدىم كى بۇلبۇل،
ساڭا لايىق ئىمەس نەسرىنۇ سۇنبۇل.
گۈلى سەۋسەن بولار يەڭلىغ چىنچەك ھەم،
كېرەك قىلما بۇلار ئۈچۈن يىمە غەم.
سېنى تەرىف قىلدىم ئول چىمەندە،
بايان ئەتدىم سىپاتىڭ ئەنجۇمەندە.
سېنىڭ ئىشقىڭدا بولدى زار بۇلبۇل،
ئۆزىگە ۋىرد ئېتىپ ئەيتۇر گۈلۇ - گۈل.
بۇ سۆزدىن گۈل ئېچىلىپ بولدى خەندان،
نېشاتۇ ئەيش ئىتەرمەك باغۇ بوستان.
سابا تاپدى مەھەلنى ئەيتدى ئەي گۈل،
ساڭا شىرى يىبەردى خەستە بۇلبۇل.
چۇ گۈل خەندان بولۇبان بى تەھەممەل،
ئەجەب لۇتفى بىلەن ئەيتۇركى قۇل - قۇل.
تۈزۈپ نەغمە بىلەن سەۋتى ئەمەلنى،
سابا ئالدىدا قويدى بۇ غەزەلنى.
قىلىپ تەسىر گۈلگە بۇ غەزەلدىن،
بىتىندى شېئىر بۇلبۇلغا ھەۋەسدىن.

## گۈلنىڭ بۇلبۇلغا ئەيتقىنى

ئايا بۇلبۇل تىلەر بولساڭ ۋىسالىم،
سوغارغىل كۆز ياشىڭ بىرلە نىھالىم.
يىراقدىن قىلماغىل سەن ئىشىق بازى،
ياۋۇق كەلگىل كۆرەر بولساڭ جامالىم.
ساڭا مەلۇم بولماس ئاندا تۇرۇپ،
مېنىڭ مۇندالىغىم ھۆسنۇ جامالىم.
ئۆزۈڭنى قىلما رەسۋا ۋە مېنى ھەم،
كى ھەددىن ئاشتى ئەي بۇلبۇل جامالىم.
جاھان ئىچرە گىرىپتارىم تولادۇر،
ۋەلى تۈشتى ساڭا مېھرى خىيالىم.

## گۈل سابانى ئىۋەتىپ بۇلبۇلنى كەلتۈرمەگى

گۈلى ھەمرا يىبەردى ئول سابانى،
ئېلىپ كەلدەپ گەدايى بىنەۋانى.
بەلى ئىشق ئىچرە ئاشىق بولسا سادىق،
بۇلۇر مەشۇق ئاشىق ھەم مۇۋافىق
سابا گۈل شېئىرىنى بۇنياد قىلدى،
ئېشىتتى بۇلبۇلۇ پەرياد قىلدى.
تۇتاشتى ئوت ئىچىگە بىنەۋانىڭ،
باشىن قويدى ئاياغىغا سابانىڭ.
دىدى ئەي مەھرىمى رازى نىھانىم؛
يېتىشتى چىقماغە بۇ خەستە جانىم.
مېنىڭ دەردىمغە ئەمدى ئەيلە دەرمان،
گەر ئۆلسەم قالمىغاي كۆڭلۈمدە ئەرمان.
سابا ئەيدىنكى ئەي دىل خەستە بۇلبۇل،
سېنى كەلسۇن دىدى قاشىمغا بۇلبۇل.
سۆيۈندى بۇلبۇلۇ پەرۋاز قىلدى،
بارۇردا بۇ غەزەل ئاغاز قىلدى.

بەھەمدۇللاھ ئەگەرچە زار بولدۇم،
مۇھەببەتدىن بارۇردا يار بولدۇم.
قىزىلگۈل فۇرقەتىدىن زارۇ ناچار،
تاڭ ئاتقۇنچە كېچە بىدار بولدۇم.
مېنى بىچارە ئى مەھزۇن مىسكىن،
غەمۇ دەردى بەلاغە يار بولدۇم.

### بۇلبۇلنىڭ گۈلغە يېتىشكىنى

چۇ بۇلبۇل گۈل دىيارىغا ئۇلاشتى،
تەنۇ جانىغا باشدىن ئوت تۇتاشتى.
كېلىپ كۆردى گۈلىستان ئىچرە بۇلبۇل،
كۆرۇپ بۇلبۇلنى گۈل ئاچىلدى كاكۇل.
دېدى بۇلبۇل ئوشۇلدەم شۈكرى لىللاھ،
كى بولدۇم گۈلىستانىم بىرلە ھەمراھ.
خىيال ئەتتى قۇتۇلدۇم دەپ بالادىن،
غەمۇزۇلمۇ سىتەمدىن ھەم جاپادىن.
نە بىلسۇن ئاندا ئۇلكم يۈز جاپا بار،
بەتەخسىس ئۇلكى گۈلدۇر ھەمدەمى خار.
گۈلىستان ئىچرە ناگەھ كىردى بۇلبۇل،
تىكەن بىرلە ئېكەۋلەن ئولتۇرۇپ گۈل.
تىكەننىڭ دەردىغە بىچارە قالدى،
باشىنى ئالدى ۋە ئاۋارە بولدى.
نەچە كۈن گۈلدىن ئۇل بىگانە بولدى،
چۇنان ئىشق ئەھلىغە ئەفسانە بولدى.
يەنە بىر گۈشەنى كاشانە قىلدى،
ئۆزىنى غەم بىلەن ھەمخانە قىلدى.

### بۇلبۇل تىكەندىن رەشك ئەتكىنى

بولۇپ رەشكىن تىكەندىن بۇلبۇلى زار،
بۇ يەردىن كەتتى تاپتى جانى ئازار.
نەچە كۈن كەتتى بۇلبۇل گۈل قاشىدىن،
تۆكۈبان دۇررى مارجان كۆز ياشىدىن.
ئۇچۇپ بۇلبۇل نىچە كۈن قىلدى پەرۋاز،
كۆيۈپ ھىجر ئوتىغا بولدى ھەم ئاغاز.
جاھاننى چەرخ ئۇرۇپ كەزدى نىچە كۈن،
ئەدەدسىز دەرد ئىلە ھەدسىز چېكىپ ئۈن.
نىچە كۈنلەر يۈرۇپ بۇلبۇل قىلىپ سەير،
چەمەن زارى جاھان ئىچرە قىلىپ تەير.
بىناگاھ يەتتى بۇلبۇل بىر چەمەنگە،
كىلىپ تۈشدى گۈلىستانى سىيىمەنگە.
كۆرەر ناگاھ گۈلىستان بۇلبۇلى زار،
گۈلى قەھقەھ ئاچىلىپ تۈرپە گۈلزار.
ئاجايىپ بىر چەمەندۇر لالە زارى،
ئاچىپ ھەر تۈرلۇ گۈللەر مۇرغىزارى.
نەزاكەت گۈللەرۇ ئىشقى پىچەكلەر،
گۈلى زىبارۇ رەڭگارەڭ چىچەكلەر.
گۈلى رەنارۇ سەۋسەن بىرلە رەيھان،
گۈلى نەسرىن ئىلە ئەبايى خەندان.
گۈلىستانى ئېرەمدەك گۈلۇ-گۈلزار،
دىگەيسەن باغۇ جەننەت تۈرپ گۈلزار.
مۇنىگدۇر كۆرەرسەن باغى جەننەت،
باھارىدۇركى يوقتۇر ئاڭا زەخمەت.
چەمەن ئىچرە كېزىپ سايرازدى بۇلبۇل،
چەمەندا گۈللەر ئىچرە تۈشدى غۇلغۇل.
تاماشىشا قىلدى بۇلبۇل بىر گۈلىستان،
چەمەننىڭ سەھنى چۇن چەرخى گەردان.
كۆرۇپ گۈللەرنى بۇلبۇل قىلدى پەرياد،
گۈلىستانى ئېرەمنى ئەيلەدى ياد.
گۈلى قەھقەگە بۇلبۇل بولدى شەيدا،
كۈلۈپ قەھقەھ كېرىشمە قىلدى پەيدا.
جامالىن كۆرسىتىبان قىلدى جىلۋە،
غېرىب بۇلبۇلغا يۈزمىڭ نازۇ ئىشۋە.
لەبى غۇنچە ئاچىلىپ ئۇردى قەھقەھ،
بۇ بائىسدىن دېدىلەر «گۈلى قەھقەھ».

دىدى بۇلبۇل كۆزىدىن ئاققۇزۇپ ياش،
گۈلى قەھقەھ ئاياغىغا قويۇپ باش.
سوراپ ھالىمنى رەھىم ئەت قىلا كۆپ ناز،
ۋەلى نازىڭگە جان بەرسەم تېخى ئاز.

ماڭە سەن بولماساڭ جانىم كېرەكمەس،
سېنىڭدۇر گۈلشەنتۇ كۆيۈك ماڭا بەس.
مېنىڭ كۆڭۈل خوشۇم سەرۋى راۋانىم،
جامالىڭ راھىتى ئارامى جانىم.

### سابانىڭ قىزىلگۈل قاشىغە كەلگىنى

يېتىپ كەلدى سابا ۋەقتى سەھەرگاھ،
قىزىلگۈل قاشىدا تۇردى نەزەرگاھ.
كۆتەردى گۈل يۈزىدىن پەردەسىنى،
يىبەردى ھەر تەرەپكە گۈل سەسىنى.
ئاچىلدى گۈل فەرەھناك ئولدى ئولدەم،
جامالى بىرلە گۈلشەن بولدى خۇررەم.
سابانى كۆردى گۈل ئالدىدا تۇرمىش،
ئەدەبدىن گۈل ئاياغىغا باش ئۇرمىش.
دىدى گۈل ئەي ساباسەن قايدا ئېردىڭ؟
نىچە كۈندۇر يوق ئېردىڭ ئەمدى كەلدىڭ.
سابا ئەيتتى يۈرۈپ ئالەمنى كەزدىم،
مۇھىبلارگە مۇھەببەت قەندىن ئەزدىم.
يۈرۈدۇم باغ ئارا چۈن بولسا گۈلزار،
ئاچىپ پەردە، قىلىپ گۈللەرنى بىدار.
تاۋازۇڭ بىرلە گۈل ئالدىدا تۇردى،
ئەدەب بىرلە سابا گۈل ھالىنى سوردى.
گۈلىستان ئەھلىنىڭ سەن پادىشاھى،
جاھانىنىڭ گۈللىرى سەندە سىپاھى.

ئايا گۈللەر ئارا ساھىب جامالىم،
جاھان باغى ئارا ساھىب كامالىم.
ئايا گۈللەر شەھسەن ئەي قىزىلگۈل،
قەيۇئول ئاشقىڭ بىچارە بۇلبۇل.
قەيۇئول بۇلبۇلى مىسكىن ناۋايىڭ،
يۈزۈڭگە زار بولغان بىناۋايىڭ.
جامالىڭگە ئاجايىپ ئاشىق ئېردى،
مۇھەببەت ئىچرە يارى سادىق ئېردى.
قەيۇ ئول بۇلبۇلى سەرگەشتە ئاشىق،
سېنىڭ ئىشقىڭگە بولغان خەستە ئاشىق.
خوپ ئېردى بولسا ئول بۇلبۇل قاشىڭدا،
ھېمىشە سايەبان ئېردى باشىڭدا.
سەھەرلەر دەرد بىرلەن سايرار ئېردى،
نىچۈك جانى ئارا ئىشقىڭ بار ئېردى.
خۇش ئەلھان بۇلبۇلۇڭ كەتمىش قاشىڭدىن،
كىتىبدۇر شان ئىلە شەۋكەت باشىڭدىن.
مەگەر بىلمەم تىكەندىن يەتتى زەخمەت،
ۋە يا سەن قىلدىڭ ئاڭا ساز زەخمەت.

### قىزىلگۈل ساباغە ئەھۋالىنى ئەيتقىنى

دىدى گۈل ئەي سابا ھالىمنى ئەيتاي،
تۈمەن مىڭ دەرد ئىلە سىررىمنى ئەيتاي.
مېنىڭ ئىچىمدا يۈزمىڭ دەردۇر غەم بار،
غەمىم ئەيتۇرغا مەندە يوقدۇر غەمخۋار.
ئىشىتكىل ئەي سابا بىردەم سۆزۈمنى،
كى قىلسام پارە-پارە مەن ئۆزۈمنى.
كى بادى ساباخۇش كەلدىڭ ئەي يار،
ساڭا پاش ئەيلەيىن ھەر نەۋئى ئەسرار.
ماڭا بۇلبۇل نىچە كۈن بولدى ھەمدەم،

ۋىسالىمنى قىلىپ دەردىگە مەرھەم.
نە بولدى بىلمادىم كەتتى قاشىمدىن،
فىراقى كەتمىدى ھەرگىز باشىمدىن.
دىدى گۈل ئەي سابا تەڭرى ئۈچۈن بار،
كېتىۇر بۇلبۇلنى سەن زىنھار-زىنھار.
ئەگەر تاپساڭ سابا، مەھزۇن قۇلۇمنى،
ئېلىپ كەل ھەمدەم ئەيلەپ بۇلبۇلۇمنى.
دىدى گۈل ئەي سابا ھەيھات-ھەيھات!
تاپىپ بۇلبۇلنى كەلتۈرگىل ماڭا پات.

چۇ بۇلبۇل كەتكىنى ھالىم پەرىشان،
جۇدالىقدىن يۈراكىم تەھبەتەھ قان.
ساغىنىدىم ئەندەلىبى بىناۋانى،
تاپار ئارام كۆڭلۈم كۆرسەم ئانى.
بۇدۇر ھالىم مېنىڭ ئەي پەيكى مەھرەم،
ماڭا قىل بۇلبۇلۇمنى يارۇ مەھرەم.
دېدى گۈل، بۇلبۇل كۆڭلۈم مېھرىبانى،
مۇھەببەت گۈلشەنىنىڭ كامرانى.
بۇ گۈلشەن سەنسىزىن زىندانى غەمدۇر،
ماڭا بەرگىل كېلىپ غەمدىن ئامانى.
چەمەننى سەير ئېتىپ ھەرگىز جاھاندا،
تاپالمايسەن مېنىڭدەك دىلرەبانى.
نە قىلسۇن ئىككى ئالەم راھىتىنى،
كىشى يارىدىن ئايرىلغان زامانى.

## سابا بۇلبۇل قاشىغا بارغىنى

چەمەندە بار ئىدى بىر ياخشى سۇنبۇل،
قونۇب شاخىغا سايراز ئېردى بۇلبۇل.
سابا بۇلبۇل قاشىغا كەلدى كۇزلاپ،
گاھى چەپ چەرخ ئۇرۇپ گاھ راست ئوينап.
كۆزى بۇلبۇل سارى تۈشدى بىناگاھ،
چېكەر بۇلبۇل پىغانۇ نالە ۋە ئاھ.
كۆرۈپ بۇلبۇل ئۇنى پەيكى سابا دەپ،
سابا بىرلە كۆرۈشدى مەرھەبا دەپ.
سابا ئەيدىكى ئەي شۇرىدە بۇلبۇل،
ئالىپ كەلگىن دېدى ئول نازىنىن گۈل.
سالام ئەيدى ساڭا ئول نازىنىن گۈل،
كېلىپ كۆرسۇن دېدى ئۇ سەرگەشتە بۇلبۇل.
تۇتۇپ گۈل ئېتەكىن قىلغىل ناۋا سەن،
بۇ يەڭلىغ يەردە بولما مۇپتالا سەن.
يامانلار سۆھبەتىدە بولما ھەرگىز،
ئۇلارنىڭ سۆھبەتىدۇر فىتنە ئەنگىز.
ئىشىت ناجىنس بىرلە قىلما سۆھبەت،
يېتەر ئاندىن ساڭا كۆپ رەنج ۋە مېھنەت.
يامانلار سۆھبەتىگە تۇرما قاچقىل،
ئۇلارنىڭ سۆھبەتىدۇر زەھرى قاتىل.
ئايا بۇلبۇل بۇلۇر سۆھبەت مۇئەسسىر،
ياماندىن خۇي ئالۇر بۇ نەفسى كافىر.
ئەگەر كىرسەڭ ئىرانلار سۆھبەتىگە،
تاپارسەن فەيز ئۇلارنىڭ سۆھبەتىگە.
غەنىمەت بىل نىچە كۈن سۆھبەتى گۈل،
يېتەرسەن مەقسىدىڭگە خەستە بۇلبۇل.
نىچە كۈن قىل قىزىلگۈل بىرلە سۆھبەت،
تاپارسەن بۆسەسىدىن يۈز مۇھەببەت.
سېنى گەر ئەتسە ئول گۈل بۆسەدىن مەست،
قىخانىڭنى بەلەند قىل قىلماغىن پەست.
ئۇنىڭ ئالدىغا يىغلاپ سايرىغايسەن،
يۈرەكىڭ ئىشق ئوتىغا داغلاغايسەن.
نەخۇش سەرمايەدۇر ئاشىققا گىريە،
سەھەرلەر جۇش ئۇرۇر ھەم سۆزىنە.
سەھەر ۋەقتىدە ئاشىق بولسا بىدار،
تاپار دىدارنى بولسا تەلەپكار.
ئەگەر ئاشىق كۆزىدىن ئاقتى ياشى،
يېقىن بىل ۋەسىل جامى بولدى نۇشى.
بىلىڭ ئاشىق كىشى ۋەقتى سەھەرگە،
يېتەر مەقسۇدىغا پۇرچەشم تەرگە.
كۆزىدىن ئىشق ئىلە گەر ئاققۇزۇر ياش،
ئەجەپ يوقتۇركى مەئشۇقى ئۇرار باش.
سابا بۇلبۇلغا دېدى بارىكاللاھ،
بولۇرسەن يارۇ ئەغيارىغا ھەمراھ.
دېدى بۇلبۇل ئايا ئەي مەھرەمى راز،
ماڭا بول ئەي سابا بىر يۈلە دەمساز.
كېلىپسەن ياردىن ئەي پەيكى مەھرەم،
جاراھەتلىك ياراگە ئەيلە مەرھەم.
قولاغىڭ سال ئىشىتكىن ئەرزى ھالىم،
بۇ كۆپ ئىشق يۈكىگە ئۆرتەندى جانىم.
ئىگەم تەقدىرىغە باردۇرمۇ چارە،
بۇ فۇرقەت بىرلە باغرىم پارە-پارە.

ئىشىمدۇر ھەر چىمەندە نالە قىلماق،
يۈرەكىم چاك ئېتىپ پەركالە قىلماق.
تىكەننىڭ رەشكى قىلدى زارۇ سەرسان،
تۆكۈبدۇر جانىم ئىچرە تەھبەتەھ قان.
نىچۈكدۇر بارغانىم گەر بولسا ئول خار،
جاراھەتلىك يارىگە يەتسە ئازار.
مېنىڭ ئۈچۈن زامانى ئەيلەسەڭ سەبر،
ساڭا سىررىمنى ئەيدىم سەن ئەمەس غەير.
ئەدەدسىز دەرددىن مەن بىناۋا مەن،
ۋىسالىدىن جۇدامەن بىر گەدامەن.
سالامىم بىر دىگىل بۇلبۇل چىمەندە،
قىزىلگۈل زار ئول بەيتۇلھەزەندە.
سابا بۇلبۇلغا ئەيدى دەردى سۆزىن،
قىزىلگۈل ھالىيۇزارۇ نىزارىن.

**سابا بۇلبۇلغا گۈل پەيامىنى ئەيتقىنى**

سابا كەلدى قىزىلگۈل قاشىغا تىز،
سالامىن ئەيتىبان بولدى شەكەررىز.
سابا ناگاھ تىلىنى قىلدى گۇيا،
قىزىلگۈل ئەرزىنى ئەيلەرگە ئىنشا.
ئالىپ سۆزىنىڭ يۈزىدىن پەردەسىنى،
ئوقۇپ بۇلبۇلغا گۈلنىڭ نامەسىنى.
شەكەردىن قىلدى گۇفتارىنى شىرىن،
دىدى بۇلبۇلغا گۈلنىڭ دەردى ھالىن.
ئايا بۇلبۇل ئىشىت مەندىن ھىكايەت،
قىزىلگۈل نامەسىدىن بۇ رىۋايەت.
مېنى ئول ئالىبان كەل دەپ يىبەردى،
ساڭا ئەرزى دىلىدىن نامە بەردى.
ئۇنىڭ ئەيتۇر سۆزىنى ئەيتايىن مەن،
ئىشىت كۆڭلىنى مەھكەم ئەيلەگىن سەن.
ئايا بۇلبۇل نەدەپ كەتتىڭ قاشىمدىن،
كى تىنماي چەرخ ئۇرارلىق گىردى باشىمدىن.
باشىمدىن ئۆرگۈلۈبان سايرار ئېردىڭ،
ئاياغىمغە تۈشۈبان يىغلار ئېردىڭ.
نىھالىمغە بېرىپ كۆز ياشىدىن سۇ،
چېكىبان ئاھۇ نالە بىرلە ياھۇ.
تەپىپ كۆڭلۈم فەرەھ ھەم نالەسىدىن،
جامالىم تازەدۇر ئاۋازەسىدىن.
بۇ يەڭلىغ ئەيتەدۇر گۈل سەن ئىشىتكىن،
فىراقۇ نالە مەزمۇنىن ئىشىتكىن.
فىراقىڭدا قىلىپدۇر سىنەسىن چاك،
ساچىپ قان ھەر تەرەپتىن مەست خاشاك.
كەل ئەي بۇلبۇل ماڭا سەن ئۆتتى دۇنيا،
كى ئاشىق ئەيلەمەس ھەر يەرگە مەئۋا.
كى ئادەتتۇر جاھاندا ئاشنائى،
ئۇرۇر ھەربىر تىكەنگە ئۇستىخۋانى.

**بۇلبۇل چىمەنگە كېلىپ گۈلنى كۆرگىنى**

كى بۇلبۇلغا بۇلۇبدۇر ھال گەردان،
كى سايرار ئاغزىدىن تامىپ جىگەر قان.
ئۇچۇپ سەھنى چىمەندە قىلدى پەرۋاز،
قىلىپ جەۋلان ساباغا ئايغالى راز.
چىمەندە قىلدى جەۋلان بارلىغىنى،
كى سايراردا بىلۇرجان بارلىغىنى.
چىمەن مەيدانىغا جان چەكدى بۇلبۇل،
كى سايرار دەرد ئىلە ياد ئەيلەبان گۈل.
كۆڭلى شىشەسىنى قىلدى شىكەستە،
مەنى سەرگەشتە بولدۇم كۆڭلى خەستە.
ماڭا بولمىش ئاجايىب تۇرفە ھالەت،
تۇرۇردا سەبر يوق باررۇدا تاقەت.
قىزىلگۈلنىڭ تىكەنى تىك تۇرۇبدۇر،
كى بۇلبۇل كەلسە سانچاي دەپ تۇرۇبدۇر.

ئەگەر بارسام تىكەن باغرىمغا سانچار،
ۋەگەر تۇرسام فىراقى جانىم ئۆرتەر.
تۆكۈپ بۇلبۇل ساباغە كۆز ياشىنى،
چۇنان ئەرز ئەيلەدى ئىچى ـ تاشىنى.

### بۇ غەزەلنى بۇلبۇل ئوقىدى

فىراقىڭ بىرلە ئەي گۇل كۆيدى بۇ جان،
نىچۇك هال ئىردى بولدۇم زار هەيران.
هىمىشە ئىشتىياقىڭ شۇرى بىرلە،
كۆكۈلدە سەبر يوقتۇر سۆزى بىرلە.
سىنىڭ يادىڭ بىلەن شامۇ سەهەرلەر،
قىلۇرمەن نالە ۋە ئاهۇ پىغانلار.
كىچە ـ كۈندۈز سىنىڭ ئىشقىڭدا ئەي جان،
كى ياشىم ئورنىغا دايىم ئاقار قان.
سىنىڭ هىجرىڭ بىلەن مەندىن چىقار جان،
كۆرۈبان كاشكى بەرگەي ئىدىم جان.

### سابانىڭ بۇلبۇلغا نەسىهەت قىلغىنى

سابا بۇلبۇل قاشىدا نالە قىلدى،
نەسىهەت قىلغىنى مەستانە كەلدى.
سابا بۇلبۇل بىلەن چۇن بولدى هەمدەم،
كى بۇلبۇل دەردىغە گەر قويسا مەرهەم.
نەسىهەت خەنجەرىدىن دۇررى جەۋهەر،
ساچىپ بۇلبۇل باشىغا لەئلۇ گەۋهەر.
سابا ئانداغ نەسىهەت ئەيلەپ ئەنگىز،
لەبىدىن ئەيلەدى بارى شەكەر رىز.
ئايا بۇلبۇل ئىشىت سەن ئاشىقى زار،
نەسىهەت بابىدا بىر نەچچە سۆز بار.
سابا ئەيدىكى ئەي بۇلبۇل نىتەرسەن،
تىكەندىن سەن غەمى بىهۇدە يەرسەن.
قىدىمدۇركى «گۇل بىرلە تىكەن بار»،
كى «هەر ئاشىقكى بار، ئەغيارى هەم بار».
مەسەلدۇركى «بۇلالماس گۇل تىكەنسىز»،
«باهارى بولمىغاي هەرگىز خازانسىز».
غەنىمەت تۇت باهارۇ گۇلنى بۇلبۇل،
قىزىلگۇل ئالدىغا بىر نەچچە كۈن بول.
كى مىهماندۇر ساڭا بىر نەچچە كۈن گۇل،
ئۇنىڭ ئىشقىدا قىل فەريادۇر غۇلغۇل.
غەنىمەت بىل نىچە كۈن گۇل ۋىسالى،
بىنا گاه كۆرگۈسەن هىجران شامالى.
باهار ئارقاسىدا بادى خازان بار،
خازان كەلسە نە مەن بارۇ نە سەن بار.
كۆيۈپ هىجرىدا فۇرقەتكە قالۇرسەن،
نادامەت بىرلە هەسرەتكە قالۇرسەن.
يەنە كۆرسەم دىبان قىلغايسەن ئارمان،
نادامەت سۇد قىلماس هەم پۇشايمان.
ئايا بۇلبۇل ئىشىت مەندىن بۇ سۆزنى،
ئۆتەر ئۆمرۇڭ يۇمۇپ ئاچقۇنچە كۆزنى.
ئىشەنمە گۇلغە ۋە ئۆمرۇڭگە بۇلبۇل،
گۇلىستانىغا نە گۇل قالغاي نە سۇنبۇل.
قىلىپ پەرۋازگۇل سارى راۋان بول،
كىرىپ گۇل قوينى ئىچرە مىهمان بول.
تىكەندىن سەن دىلىڭنى رىش قىلما،
تەۋەككۇل قىل تولا ئەندىش قىلما.
تەۋەككۇل ئەيلەگىن هىممەت بىلەن بول،
تەۋەككۇل ئەيلەسەڭ بوستان بولۇر چۆل.
تەۋەككۇل ئەيلەبان تۇشسەڭ بۇ يولدا،
نىگارىڭ لۇتفىدۇر كىرسەڭ بۇ يولدا.
تەۋەككۇل ئەيلەگەن هىممەت بىلە ئىر،
مۇرادى مىۋەسىدىن بولغۇسى سىر.
تەۋەككۇل پىشە قىلغان ئەرنىڭ هالى،
ئۇچاردا هىممەتىدۇر ئىككى بالى.
تەۋەككۇل شىرنەر، ئەندىشە مادە،
تەۋەككۇلغە ياراماس بولسا لادە.

ئىگەمغە قىل تەۋەككۇلنى ھېمىشە،
قىلىپ ھىممەت تەۋەككۇل ئەيلە پىشە.
تەۋەككۇل قىل، تەۋەككۇل قىل تەۋەككۇل،
تەۋەككۇلدىن تىكەنلەر بولغۇسى گۇل.
ئايا بۇلبۇل تەۋەككۇل بابىدا بول،
تىكەن دەردىنى تارتىپ كۆر قىزىلگۇل.
تىكەن دەردى بىلەن ئەيشۇ فەراغەت،
جاپاۋۇ جەۋر بىرلەن بولدى راھەت.
ئەگەر يۈزمىڭ جاپا يەتسە تىكەندىن،
بارۇ، كۆرگۇلسارى ئايرىلما ئاندىن.
كىشى يارى ئۈچۈن كۆرسە جاپانى،
ئۇنىڭ ئورنىغا يار ئەتكەي ۋافانى.
جاپاسىدىن قاچىپ ئاشىق بۇلۇرمۇ؟
مۇھەببەت يولىدا سادىق بۇلۇرمۇ؟
قاچان ئاشىق جاپادىن قاچقۇسىدۇر،
جاپا قۇفلىۋ ۋافانىڭ ئاچقۇسىدۇر.
جاپا مەشۇقلارنىڭ شىۋەسىدۇر،
سۇيۇغەكدە غەزەر مەرغۇلەسىدۇر.
سەبەب مەشۇقدۇر ئەھدۇ ۋافادىن،
قاچار چۈن بولھەۋەس جەۋرۇ جاپادىن.
ئايا بۇلبۇل چەك ئەمدى گۇل جاپاسىن،
كى ئاخىر كۆرگۇسەن مېھرۇ ۋافاسىن.
ئايا بۇلبۇل كۆڭۈل قىلما پەرشان،
قىزىلگۇلدۇر ساڭا ھەم يارۇ ھەم جان.
نە خۇشدۇر گۇل ئىچىدە خۇش دۇرۇر يار،
ئىچىپ مەي ئاشىق ئولسە مەستى دىدار.
ئىلىكدا مەي، كۆڭۈلدە يار شەۋقى،
ئۇنىڭ ئاستىدا ھەم گۇلزار زەۋقى.
باھار ئولسا قىلۇرلار ئارزۇ گۇل،
جۇۋانلار، پىرلار جۇيان گۇلۇ مۇل.
جاھان رەئىسلىرى ھەم گۇلغە مايىل،
بۇلۇر زىبالىرى ھەم گۇلغە نائىل.
ئېلىپ ئىلىكگە ھەركىم گۇلنى ئىسلار،

كۆزىگە سۈرتۈبان باشىگە سانچار.
قىزىلگۇل باشىغا دۇرتاج ئالتۇن،
ياساپ تاجىن بۇ يەڭلىغ چەرخى گەردۇن.
ئەگەر بولسا مۇيەسسەر، بولسا ئىمكان،
قىلۇر ئېردى باشىغا تاج سۇلتان.
بەلەند پەرۋاز بول ھەرگۇلغە باقما،
سۇ يەڭلىغ ھەر شەجەر تەھتىگە ئاقما.
كۆڭۈلنى جەمئى قىلغىل ئىككى بولما،
ھەۋەس بىرلە يۈرۈپ ھەرگۇلنى سورما.
كۆڭۈلنى بىر قىلىپ بىر گۇلنى تۇتقىل،
يەنە ھەرجاي بولما بىرىنى سۆيگىل.
تىكەنغە سالما كۆزنى گۇلسارى سال،
تىكەندىن رەنج يەتسە گۇل بېرۇربال.
بۇ سۆزدىن تاپتى بۇلبۇل كۆڭلى تەسكىن،
ساچىپ بالىن كۆزىدىن قۇيدى ئەشكىن.
چۇ سايىرارخۇش سەھەر ۋەقتىدە بۇلبۇل،
قىلۇر تۈرلۈ ناۋالار ياد ئېتىپ گۇل.
كىشى يارى ئەگەر بولسا يىراقدا،
كېچە-كۈندۈز كۆيەر ئول ئىشتىياقدا.
يامان دىشۋار ئېرۇر ياردىن جۇدالىق،
كۆيۈپ ھىجر ئوتىغا ھەم مۇبتالالىق.
قىلىپ تەكرار ئىشقى گۇلئۇزارىن،
كۆڭۈلدە زەۋقۇ-شەۋقى ئىشتىياقىن.
تۈشۈپ بۇلبۇل باشىغا گۇل ھاۋاسى،
يېتەر كۆكدە ئۇنىڭ ئاھۇ ناۋاسى.
تۈشۈپ بۇلبۇلغا گۇل شەۋقىدىن ئەفغان،
گەھى گىريان بۇلۇبان گاھى خەندان.
چۇ بىتاقەت بۇلۇبان زار بۇلبۇل،
بارۇرغا مەيلى قىلدى بىتەھەممۇل.
بۇلۇپ بادى سابا بىرلە ھاۋاگىر،
سىۋا ئەيلەپ ئۆزىنى ئۇردى شەبگىر.
سابا بۇلبۇل بىلەن ئۇچتى ھاۋاغا،
قاچان يەتكەيمۇ دەپ ئول دىلرەباغا.

## نەچچە كۈن ئۇچۇپ بۇلبۇل بىر چىمەنگە تۈشكىنى

نىچە كۈنلەر ئۇچۇپ مەنزىل بى مەنزىل،
كى بىر يەڭلىغ چىمەندە باغلاماي دىل.
يۈرۈبان نىچە كۈن دەشتۇ-چىمەندە،
يېتىپ بىر «ۋادى خۇررەم» دىگەندە.
ئۇشۇل ۋادىگە كۆردى باغۇ گۈلزار،
ئاجايىپ تۈرفە گۈلزارۇ چىمەنزار.
بۇ ۋادى ئېردى زىبا سەبزۇ خۇررەم،
گۈلۈ كۆك رام، رەياھىن رەڭ بەرەڭ ھەم.
بۇ ۋادىدا ئاچىلىپ رەڭ بەرەڭ گۈل،
گۈلى سەۋسەن، سىمەن نەسرىنۇ سۇنبۇل.
ئاقار سۇ ئايلانىپ ئەتراف ۋادى،
ئاچىلىپ ياخشى گۈللەر، تۈرفە ۋادى.
ئاچىبان لالۇگۈللەر مۈنەققەش،
ئۇتى ھەر بىر گۈلى زىبا ۋە دىلكەش.
تۈمەن تۈرلۈ چىچەكلەر ئاچىلىپدۇر،
ياراشىپ لالۈ نەسرىن ئەجىبدۇر.
ياسانىپ گۈل بىلە رەئنا گۈلدەك،
ئەجەب ۋادى ئېرۇر خۇش سۇنبۇلدەك.
كېلىپ ئەييام نورۇزى باھارى،
ئاچىبان رەڭبەرەڭ گۈل لالەزارى.
ئاچىلىپ گۈللەرۇ نازۇك چىچەكلەر،
كى گۈللەر بىرلە چۈلغانىپ پىچەكلەر.
بۇ ۋادى خەلئەتىن باشدىن ئاياغ گۈل،
ئاجايىپ ياخشى مەنزىل كۆردى بۇلبۇل.
قىزىلگۈللەر، سېرىغ گۈللەر ئاچىلمىش،
تۈشۈبان شەبنەمۇ دۇرلار ساچىلمىش.
بۇ يەڭلىغ جۇش ئۇردى نەۋ باھارى،
كىرىپ ۋادىغا بۇلبۇل قىلدى زارى.
بار ئېردى ھۇد-ھۇد، تاۋۇس ۋە قۇمرى،
ھۇما ۋە سۇفىيۇ ھەم شاھ تۇتى.
يەنە كۇبكى خارامان، پاختەك بار،
بۇ ۋادىگە خۇش ئەلھان مۇرغى بىسيار.
كېلىپ ۋادىغا بۇلبۇل قىلدى پەرياد،
كۆرۈپ بۇلبۇلنى قۇشلار خۇررەمۇ شاد.

نىچە كۈن قىلدى قۇشلار بىرلە سۆھبەت،
بۇ قۇشلار بىرلە بۇلبۇل بولدى ئۈلفەت.
چىقارىپ جانىدىن پەريادۇ ئەفغان،
جەمئى مۇرغدىن بۇلبۇل خۇش ئەلھان.
سورارغا بۇلبۇل ئەھۋالنى قۇشلار،
كېلىپ بىر يانىدىن دۇشلار بەدۇشلار.
كۆرەردىلەر ئاياغدىن باشىغا،
كىلىبان شەۋق ئىلە ئۇنىڭ قاشىغا.
دىدى قۇشلار نىچۈكدۇر دەرد ھالىڭ؟
بايان ئەتكىل نىچۈكدۇر قىلۇ-قالىڭ؟
دىدى قۇشلار نەدىبان ئاھ ئۇرارسەن؟
فىغانۇ نالە ئەيلەپ داد ئېتەرسەن؟
بۇ ۋادى ئىچرە بولدۇڭ بىزگە ھەمدەم،
كى بىزنى ئەيلەگىل سىررىڭگە مەھرەم.
جاۋاب ئەيدى بۇلۇپ ھالى پەرىشان،
دىدى بۇلبۇل جانىمغا دەردى ھىجران.
دىدى قۇشلار نەدىندۇر ساڭا بۇ ھال؟
دىدى بۇلبۇل نە ئېيتقاي خەستە بىبال.
دىدى قۇشلار نەدىن سەرگەشتەدۇرسەن؟
دىدى بۇلبۇل سىتەمدىن خەستەدۇرمەن.
دىدى قۇشلار نەدىن سەن زارۇ مەجرۇھ؟
دىدى بۇلبۇل كى جىسمىمدىن چىقار رۇھ.
دىدى قۇشلار نەدىن سەن مۇنچە گىريان؟
دىدى گۈلنىڭ فىراقى قىلدى بەريان.
دىدى قۇشلار قەيۇ گۈل ئاشىقى سەن؟
دىدى بۇلبۇل قىزىلگۈل ئاشىقىمەن.
دىدى قۇشلار قاچان زار ئەتتى ئول گۈل؟
ئەزەلدىندۇر بۇ قىسمەت دىدى بۇلبۇل.
دىدى قۇشلارگە بۇلبۇل سۆز ئىشىتىڭ،
مېنىڭدەك بىناۋا يوقتۇر ئىشىتىڭ.
ئايا قۇشلار كېلىپىمەن سىزگە مېھمان،
سىلەرگە قىلايىن جانىمنى قۇربان.
دۇئا ئەيلەڭ كۆرەي ئول مېھرۇبان مەن،
قىزىلگۈل ئىشقىدا بىخانۇمانىمەن.

بۇكۈن مۇندادۇرمەن تاڭلا كېتەرمەن،
قونۇپ ۋادىغە يەر ۋادى كېتەرمەن.
مۇھەببەت گۈلشەنىگە بىناۋامەن،
كۆڭۈلنى ئاۋۇلدۇرۇپ كەلگەن گادامەن.
تىلىم يوقتۇر دېبان ئەيلەرگە ھالىم،
كۆيۈپ فۇرقەت ئوتىدا يوق ماجالىم.
بايان ئەتسەم ئەگەر ئىشقى ناھانىم،
كۆيەر ئىشق ئوتىغا بۇ خەستە جانىم.
قىلۇر نالە بىلە ئاھەڭگى ئۇششاق،
قىزىلگۈل يۈزىنى كۆرگەيمۇ مۇشتاق.
قىلىپ پەرۋاز ئۆتەرمەن بۇ چىمەندىن،
كېتەرمەن ئولسارى ئارى ۋەتەندىن.
گۈلۈم ئىشقىدا كۆزۈمدىن ئاقار ياش،
مېنى ئوت ئىچىدە سالدى ئوشول قاش.
قازاگە چارە يوق بىچارەدۇرمەن،
جاھان سەھراسىدا ئاۋارەدۇرمەن.
دىدى قۇشلارغە بۇلبۇل دەردھالىن،
مۇھەببەت سىررىيۇ دەردى يۈرەكىن.
قىلىپ بۇلبۇل ئوشولدەم سەۋتۇ ئەلھان،
ئوقۇپ بۇ بەيتنى بولدى غەزەلخان.

### بۇلبۇلنىڭ بۇ غەزەلنى ئوقۇغىنى

سىنى ئەي گۈل كۆرۈپ قالدىم بەلاغە،
تەرەھھۇم ئەيلەغىل مەن مۇپتالاغە.
سېنىڭ ئىشقىدا كۆز تۇتتۇم ۋافانى،
ۋافانى كۆرمادىم قالدىم جاپاغە.
قىلىپ ئىشقىڭ يۈراكىم پارە-پارە،
كى قالدىم تۈرپە دەردى بى داۋاغە.
ئەزەل كۈندە ماڭا قىسمەت بۇ ئەرمىش،
نە قىلسۇن مەن رىزادۇرمەن قازاغە.
تۈشۈپ جانىمغە ئاتەش پارەئى ئىشق،
ساۋۇردى ئەخكەرى جىسمىم ھاۋاغە.

### بۇلبۇلنىڭ ھۇمايۇن بىلەن ئۇچراشقىنى

چۇ بۇلبۇل ئاشياندىن قىلدى پەرۋاز،
ھۇمايۇن بىرلە ناگاھ بولدى دەمساز.
دىدى بۇلبۇل كى ئەي شاھى ھۇمايۇن!
مېنى كەلتۈردى مۇندا چەرخى گەردۇن.
كېلىپ سىزلەرگە بولدۇم مۇندا ھەمدەم،
تىلەرمەن قىل مېنى سىررىڭگە مەھرەم.
خەبەر بەرگەيسىز ئەۋۋەل ھالىڭىزدىن،
سىپاتى خوب ياخشى زاتىڭىزدىن.
نە بولغاي بىز ئىكەۋ دەمساز بولايلى،
سوراشىپ ھالىمىز ھەمراز بولايلى.
ماڭا ئەيتقىل نە يەڭلىغ ھالىتىڭ بار؟
جاھاندا قايسى ئىشدا نىسبەتىڭ بار؟
دىدى بۇ قۇش ئىشىم جاھاندا،
ئېتىم مەشھۇردۇر، مەن ئاسماندا.
ئەگەر سورساڭ مېنى دەرلەر ھۇمايۇن،
قانائەتدىن يېيۈپ جانۇ تىنىم خۇن.
بۇ ۋادىنى قىلىپمەن سەيرىگاھى،
ئېرۇرمەن جۇملە قۇشلار پادىشاھى.
ئىشىت مەندە يانا بىر خاسىيەت بار،
ئۇنى بۇلبۇل ساڭا مەن ئەيلەي ئىزھار:
ئەگەر ھەر كىم باشىغا تۈشسە سايەم،
جاھاندا پادىشاھ بولغاي ئۇ شۇلدەم.
جاھان خەلقى مېنىڭ سايەمگە مۇھتاج،
چۇ سايەم تۈشسە باشىغا كىيەر تاج.
ھۇمايى سايە بەخشى رەھنامامەن،
بۇ ۋادى قۇشلىرىغا پادىشاھ مەن.
ئىشىتكىن ۋادىگە شاھى تەيۇرمەن،
نىچۈك ھۆكم ئەيلەسەم ئانداق قىلۇرمەن.
قىلىپ نەفسىمنى مەھبۇسى قانائەت،
سىتەم بەردىم جانىمغا يوقتۇر راھەت.

يەدىم قانئىلغىمدىن ئۇستىخۋاننى،
كەرەمدىن قىلمادىم ئازۇردە جاننى.
پەرىۋەش ئەھلى ئەيلەر ئارزۇلار،
پەرىمدىن بىر نىشانە تاپماغىلار.
كىيىبان نازىنىلار تاج ئالتۇن،
قۇبالار باشىغا پەررى ھۇمايۇن.
جىغە لەرزان قىلىپ زىبا پەرىمنى،
سۇقۇرلار باشلارىغە شەھ پەرىمنى.
ھۇمايۇن كىم بايان ئەتتى ئۆزىنى،
تامام ئەتتى لەتافەتلىك سۆزىنى.
ئىشىتتى بۇلبۇلۇ بولدى دىگەرگۇن،
دىدى شاھسەن ياكى ھۇمايۇن؟
ماجازى ئالەمغا پادىشاھسەن،
بۇ كۈن سەن پادىشاھ تاڭلا گاداسەن.
ئەگەر شاھ قىلمىسا ئەدلى بىرلە ئىھسان،
قىلۇر تاڭلا شاھلىقتىن پۇشايمان.
ئۆزۈڭگە بولماگىن زىنھار مەغرۇر،
بىناگاھ يەتمەگەي ئەلگە شەرۇشۇر.
غىجىرسەن ئىت كەبى ئەسكى سۆڭەكنى،
جاراھەتلەر قىلۇر جانۇ يۈرەكنى.
يىمەكىلىك بولسا ئەسكى ئۇستىخۋانى،
دىمە مەن شاھى مۇرغانى جاھانى.
ئىكەنسەن پەست ھىممەت، پەست نىيەت،
ئۆزۈڭنى بەرمەگىن شەھلىققە نىسبەت.
بۇلۇرلار ئالى ھىممەت پادىشاھلار،
ئۇلار ئىشىكىدا بولغايلار گادالار.
بۇ ۋادى قۇشلىرىغا پادىشاھلىغ،
قىلۇردىن ياخشىراق بولغاي گادالىغ.
كى ساڭا بار ئىكەن بىر ياخشى كىردار،
قانائەت قىلغۇچى نەفسى سەبۇكبار.
ھەزەر قىل بارما نەفسىڭ خۋاھىشىغە،
قانائەت خەنجىرى چاپقىل باشىغە.
بۇ ۋادى ئىچرە نەفسىڭدىن كېچىپسەن،
قانائەت ئەيلەمەككە ئولتۇرۇپسەن.
سېنى شاھ ئەيلەگەن بۇ ياخشى نىيەت،
ھىممىشە ئەيلەگىن سەن شۈكرى نىئمەت.
ھۇما كەچكىن بۇ دۇنيا دەۋلىتىدىن،
خالاس بولغىل قىيامەت مىھنەتىدىن.
ۋافاسى يوق بۇ دۇنيا بىۋافادۇر،
ئۇنى كىم سۆيسە جانىغە جاپادۇر.

**بۇلبۇلنىڭ تاۋۇس بىلەن سۆزلەشكىنى**

قىلىپ پەريادۇ نالە بۇلبۇل ئاندا،
كۆزىدىن ياش ئاقىپ ئاھۇ فىغاندا.
كۆرۈپ تاۋۇسنى بۇلبۇل شادۇ خۇررەم،
كېلىپ بۇلبۇل تاۋۇسغا بولدى ھەمدەم.
دىدى بۇلبۇل ئاڭا ئەي تاۋۇسى مەست،
سېنى كۆردۈم بارى قۇشدىن زەپەردەست.
ئىكەۋلەن بىر زامان ھەمدەم بولايلى،
زامانى ئولتۇرۇشۇپ سۆزلىشەيلى.
بۇلۇپمەن ياخشى رەفتارىڭگە ئاشىق،
كى ھالىڭنى بايان ئەيلە مۇۋاپىق.
ئايا تاۋۇس مەست، خۇش خارامى،
بۇ ۋادىگە كىلىپ تۇتتۇڭ ماقامى.
ساماۋۇ-رەقس ئېتەرسەن مەستلىغىڭدىن،
سىپاتىڭنى بايان قىل دوستلىغىڭدىن.
دىدى تاۋۇس ئىشىت ئەي يارۇ ياۋەر،
بۇ ۋادى بارچە قۇشلارىغا سەرۋەر.
قىلىپ مەن ئەلبەسە تىللا ۋە زەرناب،
كىيىپ مەن شاھ يەڭلىغ زەر ۋە كىمخاپ
خارامان ھەر تەرەپكە جىلۋە بىرلە،
ساچىپ بالۇ پەرىمنى شىۋە بىرلە.
ساماۋۇ چەرخ ئۇرۇپ ساچسام پەرۇبال،
زەر ئەفشانلىغىنى كۆرسەتسەم بىيەكھال.
مېنى ھەركىمسە كۆرسە بولسا بەندە،
قىلۇرلەر خىزمىتىمنى ھەر زاماندە.
بۇ ۋادى قۇشلىرىغا پادىشاھ مەن،
ئادالەت تەختى ئۈزرە پادىشاھ مەن.

كىزەرمەن قۇش ئارا چۇن سەلتەنەتلىك،
مېنىڭدەك يوقتۇ ھەرگىز مەنزىلەتلىك.
كۆزەرسەن ھەم جىسمىمە سىم، زەرنى،
ئالۇر ئەل باشىغا ئالتۇن پەرمنى.
دىدى بۇلبۇل تاۋۇس چەرخى،
سىنار بۇ شاھلىغىڭ بىر كۇندە تەرھى.
لىباسىغا بولماغىل مەغرۇر چەندان،
كىيەر ئەگنىگە فەخر ئەتكۇچى نادان.
لىباسىڭنى كۆزۈڭگە سالما چەندان،
فەلەك ئەيلەر ئۇنى يەر بىرلە يەكسان.
لىباسى شاھلىغىڭ بىل ئارىيەتتۇر،
ساڭا تاڭلا گادالىق مەنسەبەتدۇر.
دىدىڭ ئالتۇن ئەلەمسەن قۇيرۇغۇڭنى،
قايۇ قۇش تۇتقۇسىدۇر بۇيرۇغۇڭنى.
ئەمەس ئالتۇن ئەلەم بويلاق سۈپۈرگى،
تامىپ ھەر تۇرلۇ رەڭ ئۇستىدە رەڭگى.

سۈپۈرگىل مەرد بولساڭ راھى ھەقنى،
ئىگەم يادىغا بول ياد ئال سەبەقنى.
ئەگەر ئالتۇننى تاپساڭ قىل كەرەمنى،
ئىگەم يولىگە قىل سەرف دەرەمنى.
ئىگەمدىن نەشئە تاپقان بەندەگانلار،
ماجازى پادىشاھلىغىدىن قاچارلار.
تۇتۇپ ياخشى نىيەت، ياخشى ئەمەل قىل،
ساخاۋەت پىشە بولغىل خەيرىيەت قىل.
بەلەند ئەت ھىممەتىڭنى قىل ساخاۋەت،
كىرىپ جەننەتكە تاڭلا قىل ھالاۋەت.
سۇلايمان مۇلكى قالماس، نۇھ ئۆمرى،
ۋافاسىز ۋادىدۇر يوقتۇر سۇرۇرى.
نە شاھ قالغاي جاھاندا نە گادالار،
نە ئاشىق، زاھىدۇ نە پادىشاھلار.
ئىشەنمە زىنھار شاھلىققا تاۋۇس،
نە سەن قالغاي ئالەمدە نە قەقنۇس.

## بۇلبۇلنىڭ تۇتى قاشىغا كەلگەنى

بولۇپ بۇلبۇل يەنە گۇل ئىشقىدىن مەست،
فىغانۇ نالەسىنى قىلمادى پەست.
بولۇپ غەرقى مۇھەببەت كۆز ياشىغا،
كى بۇلبۇل كەلدى تۇتىنىڭ قاشىغا.
بولۇپ گاھى مۇلۇل گاھ خۇشھال،
سوراي دەپ كەلدى بۇلبۇل تۇتىدىن ھال.
فىغان ئەيلەپ تۇتاشىپ ئىشق ئوتى،
دىدى بۇلبۇل كېلىپ ئەي شاھ تۇتى.
ئېرۇرسەن بارچە قۇشلاردىن سۇخەنۋەر،
ماڭا ئەھۋالى باتىندىن خەبەر بەر.
بۇ ۋادىدە نە تۇرلۇك ھالىتىڭ بار؟
بىلەيىن قايسى ئىشقا نىسبەتىڭ بار؟
بولايلى بىز ئىكەۋ بىر لەھزە ھەمدەم،
نېدۇر قىلساڭ مېنى سىرىڭگە مەھرەم.
دەر ئېردى تۇتى سىرىن قىلدى ئىزھار،
قۇلاق سال تالىب ئەرسەڭ سۆزگە ئەي يار.
دىگەيمەن ساڭا ئەي ئەھلى مۇھەببەت،
ماڭا قىل مېھرۇبانلىغ بىرلە شەپقەت.
جاھاندا يوقتۇر مېنىڭدەك سۇخەنۋەر،
جاھان خەلقى ئىشىتسە قىلسا باۋەر.
مېنىڭ يەڭلىغ جاھاندا يوقتۇر زىرەك،
بىلۇرمەن بارچەنىڭ سىررىنى بىشەك.
ئېرۇرمەن سادىق، نى بولھەۋەسمەن،
ئەزەلدە ئىسا يەڭلىغ خۇش نەفەسمەن.
ئەگەر فاش ئەيلەسەم ئەلفازى شىرىن،
مەسىھادەك بېرۇرمەن جانى شىرىن.
تەبىبى ھازىقۇ ساھىب نەزەرمەن،
ھەمە مۇرغى چىمەندە مۇئتەبەرمەن.
قىلۇر مۇرغى چىمەن ئىزازۇ ئىكرام،
ھېمىشە تۇتى دەرلەر ئەي نىكۇ نام.
غىزا ئۇچۇن بېرۇرلەر شەھدۇ شەككەر،
پەرۇەرىشدۇر سەبزە مىۋە لەئلۇ گۆھەر.
لىباسى سەبزدۇر ئەگنىمگە ئەي يار،
بۇ يەڭلىغ قۇشلار ئىچرە مەن كەبى بار.

تەكەللۇم ئەيلەسەم ئيسادۇر ئۇستاد،
تىلىم دۇرلار ساچار، ئالەم بىلۇر ياد.
ھۇزۇرۇم تاپساھەر بىئەقل جاھىل،
بولۇر بىرلەھزەدە دانا ۋە ئاقىل.
ماڭا قۇلدۇر بەرى شاھزادە ۋە شاھ،
قىلۇرلەر خىزمىتىم ھەرگاھ ـ ھەمراھ.
شەكەرلەر ساچىلۇر لەبلىرىمدىن،
جاھان جان ئىلتەدۇر شىرىن سۆزۈمدىن.
دىدى بۇلبۇل ئايا ئەي شاھ تۇتى،
ئەگەر بولساڭ شەكەر خۇارى بۇ ۋادى.
ئەگەر لەئلى لىبىڭدىن تامسا شەكەر،
تولار ئاخىردە قانۇ تۆكسە پەرلەر.
ئۆزۈڭ تەرىف ئېتەرگە بولما گويا،
ساڭا شاگىرد ئىسە خىزرۇ مەسىھا.
ئاغىزدىن گەر ساچىلسا شەككەرۇ قەند،
ئۆزۈڭ تەرىف قىلما بولماغىن بەند.
دەم ئۇرماغدىن سىرىڭنى قىلماغىن فاش،
قۇلاق سال ئىشتكىن ئۇرماغىن باش.
ئىشتكىل تۇتى دانايى ئەسرار،
سىرىڭنى ھەركىشگە قىلما ئىزھار.
ئەگەر بولسا ساڭا كىم ئەقلۇ ھۇشۇڭ،
تۇشۇڭنى ئەيتماغىن گەر بولسا تۇشۇڭ.

ئاجايىپ خۇد پىسەندۇ خۇدناما سەن،
ھەمىشە لاف ئۇرار خۇدبىن گاداسەن.
قاچان ئاقىل ئۆزىن ئەيتىپ ئۇرار لاف،
قىلۇرمۇ تالىبى ھەق ئۆزىن ئەۋساف.
كىشى ھال ئەھلىدۇر سىر ئەيلەمەس فاش،
قىلۇر پىنھان كۆزىدىن قەترەئى ياش.
تېشىلگ زەڭگار ئېرۇر ئىچىڭگە ھەمرەڭ،
ئىچىڭ تېشىڭ بىلە بولدى بىيەكرەڭ.
ئايا تۇتى سۆز قىلدىڭ ھىكايەت،
ماڭا قىل ئەھلى مەئنىدىن ھىكايەت.
دىدىڭ ھەرنە سۆزۈڭ ئەفسانەئىدۇر،
كى سىررى مەئنىسىدىن بىگانەئى دۇر.
دىلىڭ پاكىزە ئەيلەپ پاك دىل بول،
كى سىررى مەئنىگە ئاگاھى دىل بول.
كىشىكىم مەئنىگە ساھىب يەقىندۇر،
بارى مەخلۇق ئارا ئول پاك دىندۇر.
قاراماس تەڭرى تېشىڭ سۇرەتىڭە،
نەزەر ئەيلەر ئىچىڭدىكى دىلىڭگە.
تىلەگىن سىدق ئىلە كۆڭۈلنى قىل ساف،
قىلۇر تەڭرى ساڭا ئېھسانۇ ئەلتاف.
ئايا تۇتى جاھاندا بى رىيا بول،
ئەگەر ئەيتساڭ ھەق ئەيتقىل بى ئىبا بول.

**بۇلبۇلنىڭ كۈبكى بىرلە سۆزلەشكىنى**

ئۇچۇبان چىقتى بۇلبۇل ئاشياندىن،
خەبەر تابغايمۇ دەپ كۈبكى جاھاندىن.
كېزىپ ۋادىنى چىقتى كۈھساران،
كۆرەر بۇلبۇل يۈرەر كۈبكى خىرامان.
دىدى بۇلبۇل كۆرۈپ ئەي كۈبكى خەندان،
جەھەت نېدۇر قىلۇرسەن مۇنچە ئەفغان.
قىلۇرسەن ھەرزامانى قەھقەھ ئاغاز،
بۇ قەھقە بابىدىن ئەيتقىل ماڭا راز.
دىدى بۇلبۇل كىم ئول كۈبكى تاغى،
ئاچىپ مەن لۇتفى ھەق بىرلە دىماغى.

كۆرۈنتۇرسەن زەئىفۇ تۇرفە مەجرۇھ،
كېتىپ نەفسانىيەت بولدۇڭ نەگەررۇھ.
دىدى بۇلبۇل سورار ھەسىبۇ ھالىم،
ئىشتكىن تۇتى شىرىن ماقالىم.
مەن ئاندىن ئاندا قونسام لىك بىسيار،
يۈرۈرمەن بولسا ھەر يەردە چىمەنزار،
مېنىڭ ئاتىم ئېرۇر كۈبكى خارامان،
مېنىڭ سەرمەنزىلىم دۇركۈھى ئىرفان.
قۇش ئىچرە يوق مېنىڭ يەڭلىغ خۇش ئاۋاز،
قىلۇرلەر بارچە قۇشى ئىكرامۇ ئىئزاز.

ئۆزۈم زىبا، دىلىم رەۋشەن، خىسرەۋدەمەند،
نىگاھىم ياخشى ۋە لىبىم شەكەر خەند.
چىمەن زار ئىچرە دايىم مەست ئېرۇرمەن،
گاھى بالا ۋە گاھ پەستكە يۈرۈرمەن.
تىلەپ قەھقەھ قىلىپ مەن شادلىغنى،
تىلەرمەن دايىما ئابادلىغنى.
يۈرۈپ تاغلار ئارا يەرمەن ئۈششاق تاش،
لىبىم ياقۇت، كۆزۈم نەرگەس، قەلەمقاش.
ئاياغىم ئۈستىگە لەئلى گۆھەردۇر،
ماڭا چاقماق تېشى شەھدۇ شەكەردۇر.
بۇ ۋادىلار ماڭا دايىم ۋەتەندۇر،
نەزەر گاھ تاغلار، باغۇ چىمەندۇر.
كى مەندىن يۇقۇرى قۇشلار چىقالماس،
بىقىندا يوقارىمدىن ئۆلتۈرالماس.
چىمەندە كۈبكى خۇش رەفتاردۇرمەن،
گۈلى خەندانۇ خۇش گۇفتاردۇرمەن.
شىجائەتلىك باھادۇر پەھلىۋانمەن،
فەردۇن ھەممەتۇ ساھىبقىرانمەن.
قىلۇرمەن ھەززامان جەڭ ۋە ئۇرۇشنى،
سالىپ ئالەمدە پەريادۇ خەرۇشنى.
تەفەررۇھ ئەيلەگەچ پەرزەند ئادەم،
گۈلۈم قەھقەھ رەۋىشىم شادۇخۇررەم.
قىلۇرمەن جەڭ ئۈچۈن جۇببە، جۇشەن،
دىگەي ھەركىم ئۇرۇشۇم كۆرسە ئەھسەن.
دىدى بۇلبۇل كى ئەي كۈبكى قىزىل كۆز،

كىشى كۆپ سۆزلىسە يالغان بولۇر سۆز،
مەگەر دىۋانە سەن ئۈستۈڭدە جەندە،
نە سۈرەتدىن يىمەگىنىڭ سەڭگى بەندە.
نىدۇر كۆپ سۆزلىمەك ئەي كۈبكى تاغلىق،
كىيىپ ئەگنىڭگە تون جەندە ياماغلىق.
قىزىل پاچە ئېرۇرسەن كۆتە قۇيرۇق،
قىلۇرسەن يىخەبەر مۇنچە ئۇلۇغلۇق.
تۈشۈپ نەفسىڭ ئۈچۈن دايىم تۇزاققا،
يىمىش بولساڭ ھەمىشە تۈشۈپ ئوزاققا.
ئۆزۈڭ كۈن يورغالاپ دايىم يۈرەرسەن،
تىلەپ نەفسىڭگە دايىم ئاھ ئۇرارسەن.
باھادۇرلۇغ قىلىبان ئۇرماغىل لاپ،
چىن ئۇرماس سۆزنى يالغانچىسى كاززاپ.
ئەگەر ئەرسەن قىلا كۆرنەفسنى ئىلە جەڭ،
باشىڭنى ئۇرماغىل دايىم يىبان سەڭ.
ساڭا ئەيتاي باھادۇرلىغنى ئولدۇر،
قىلىپ جەڭگۇ جىدەل نەفسىڭ ئۆلتۈر.
بۇ نەفسىڭ دۇشمىنى قاتىل ئۆزۈڭگە،
ئەگەرسەن ئۇرماساڭ ئۇرغاي كۆزۈڭگە.
ھاۋاۋۇ ھەرس ۋە نەفسىڭ يارچە دۇشمەن،
باقىپ كۆرگىن ھەمەدۇر ساڭا رەھزەن.
ياتىپ نەفسىڭ كىمىنگە سەن، بالا كۆر،
كۆرەلمەيسەن كە كۆزنى ئەيلەگىن كۆر.
ھەمىشە نەفس ئىشىگە بولما تالىپ،
كۈچۈڭ بولغۇنچە بول نەفسىڭگە غالىپ.

## بۇلبۇلنىڭ قۇمرى قاشىغا كەلگىنى

ساغىندى گۈلنى بۇلبۇل چەكدى بىر ئاھ،
ئۇچۇپ قۇمرى قاشىغە كەلدى ناگاھ.
تۇتاشتى ئىشق ئوتى بۇلبۇل باشىغا،
كېلىپ ئولتۇردى ئول قۇمرى قاشىغا.
دىدى مەقسەدىندۇر قىلماقتا ئەفغان،
يۈرەرسەن دايىما ھەر يەردە نالان.
كەل ئەي قۇمرى ئىنكەۋلەن دوست بولالى،
تاشىپ ئەرتە بىلەن ئاقشاملاشالى.

نە دەردىڭ بارچۇن نالان ئېرۇرسەن،
نە يەكلىغ رەنجەدىن گىريان ئېرۇرسەن.
كۆرەرمەن مۇنچە ئەھۋالىڭ پەرىشان،
كېچە - كۈندۈز نىدىندۇر مۇنچە ئەفغان.
گاھى نالان ئېرۇرسەن گاھ خاموش،
مەگەر جامى مۇھەببەت ئەيلەدىڭ نۇش.
سىنى كۆردۈم ئەجەپ شۇرىدە ئەھۋال،
كۆڭۈلدە بولسا ئەيتقىل ھەرنىچۈك ھال.

دىدى قۇمرى: كى كۆردۇڭ مەن كەبى زار،
ساڭا ھالىمنى ئەيلەي شەمىمە ئىزھار.
ئىرۇزگۈل ئىشقىدىن باغرىم ئىرۇرقان،
يۈرۈدۇم تاپمىدىم دەردىمغە دەرمان.
مۇھەببەت بادەسىنى ئەيلەدىم نۇش،
يۈرەك باغرىم ئۇرار ھەرلەھزەئى جۇش.
ئىرۇرمەن كىشۋەرى ئىشق ئىچرە سەرۋەر،
مۇھەببەت ئىشقىدىن كۆڭلۈم مۇنەۋۋەر.
ئىرۇرمەن كېچە ـ كۈندۈز ھەققە زاكىر،
قازاغە رازىمەن نە كەلسە شاكىر.
پەرىشان ھالىتىم، ئوتلۇغ دىلىم بار،
يەنە گىريان كۆزۈم، زاكىر تىلىم بار.
مېنىڭ زىكرىمدە توقسان توققۇز ئاتى،
مېنىڭ تىلىمدە مىڭ بىر ئىسىم زاتى.
كۆڭۈلدە شۈئلەئى ئىلمى لەدۇنى،
كۆڭۈلدىن تاشلادىم دۇنيائى دۇنىنى.
ئوقۇماي ئىلىم زاتىنى بىلىپ مەن،
ھەقىقەت گۈلشەنىدىن بۇي ئالىپمەن.
ئوقۇيلار ئىلىم ھەق جۈملە خالايىق،
قىلار بەھسۇ جىدەل نىچە خالايىق.
سەبەق تەكرار ئېتىپ ئۆمرىن قىلار سەرف،
ئوقۇغان دەرسى «ئىسمۇ، فىئل، ئىلە ھەرف».
ھەمىشە تىل بىلەندۇر قىلۇ ـ قالى،
ئۆتەر ئۆمرى ئۇنىڭ بىھۇدە خالى.
ئىگەمدىن نەشئەئى ئالسا قالەئى قىل،
ھىدايەت مۈلكىگە سەرۋەر دۇبىقىل.
ئەگەر ئەللامەئى ئەسرى زاماندۇر،
ئىگەمدىن بىخەبەر «يايگە» نىشاندۇر.
ئوقۇپ ھەم توتسا ئانداق پىرى كامىل،
نىگاردىن نەشئە ئالغاي بولسا قابىل.
نىگاردىن بولسا گەر ئىھسانۇ ئەلتاف،
سالۇر بۇيى مۇھەببەت دىل ئىرۇر ساف.
دىدى بۇلبۇلغە قۇمرى ئەي يىگانە،
مېنىڭدەك مۇرشىدى يوقتۇر جاھاندە.
بۇ ۋادى ئىچرەمەن شەيخى زامانە،
نىگارىم بار ئىشىم يوقتۇر زامانە.

ئايا بۇلبۇل تاپالماي ھەمزابانىم،
كۆيۈپ ئىشق ئوتىغا ئۆرتەندى جانىم.
ئۇچار قۇشىگە بولۇرمەن شەيخۇ پىرى،
ئىشىم يوقتۇر ۋەزىرغە بەل ئەمىرى.
ئالىپ كەلسە نىياز ئالمايمەن ئانى،
غەمىم يوقتۇر ئەگەر كەتسە جاھانى.
ئۆزۈمغە يىغمىدىم دۇنيا مالىنى،
ئايا بۇلبۇل ئىشىت بۇ قۇل ھالىنى.
پەقىرلىق ھالىتىم تەجرىد ئۆتەرمەن،
بۇ ئالەم مۈلكىدىن تەفرىد ئۆتەرمەن.
ئىشىت بىشەڭكى ھادى مەن خۇداغە،
كىشى تاپماس مېنىڭدەك رەھنەماغە.
ئەمەس پىنھان ماڭادۇر كەشفى ئەسرار،
مېنىڭ مۇخلىس مۇرىدۇ تالىبىم بار.
ھىدايەت كىشۋەرىگە رەھنەمامەن،
قىلىپ زۇھد ئىلە تەقۋا پارسامەن.
تەرىقەت مەسنەدىنىڭ ئۈزرە كامىل،
لىۋايى ئەمر مەرۇف بىرلە ئامىل.
شەرىئەت مەخزەنىنىڭ گەۋھەرىمەن،
ھەقىقەت ئەھلىنىڭ ھەم سەرۋەرىمەن.
بارى مەندىن ئېتەر كەسبى كامالات،
بۇلۇرلەر جەزبە بىرلە مەست ھالات.
ئىشىتتى قۇمرىنىڭ بۇلبۇل ماقالىن،
تاماشا ئەيلەدى شىرىن ماقالىن.
دىدى بۇلبۇل ئايا قۇمرى سۆخەنچىن،
سۆزۈڭ يالغان ئىرۇر ھەرگىز ئەمەس چىن.
بۇ ۋادى ئىچرە نادانى ئەبەدسەن،
ئۇنىڭدىن نەشئەسىز بىھۇدە بەدسەن.
ئىگەمنى تانىدىم دەپ قىلما پىندار،
تانىساڭ قىلماس ئىردىڭ فاش ئەسرار.
رەسۇلۇ ئەنبىيالار چۇست چالاك،
بۇ ياب ئىچرە دىدىلەر «مائەرەفناك»
شەرىئەت يولىدا ئاراستە بول،
ھەقىقەت بابىدا پىراستە بول.
پەيغەمبەر مۇستافا شەرئىگە قىل رۇي،
تەخەللۇف قىلماغىل ھەرگىز سەرى مۇي.

شەرىئەت بىرلە گەر بولساڭ يېتەرسەن،
ھەقىقەت ئىلمىنى ئىزلەپ بىلەرسەن.
ۋەرئىستەرسەڭ شەرىئەت يولىدا يول،
پەيغەمبەر تابىئى بول تاپقاسەن يول.
شەرىئەت پۇست دۇرمەغزى ھەقىقەت،
تەرىقەتدۇر سەدەف، «دۇر» دۇر ھەقىقەت.
سەدەفنى تاپقىل ئاندىن دۇر تەلەب قىل،
سەدەفدىن دۇرنى ئالماقنى تەلەب قىل.
سىنىڭ دايىم ئىشىڭدۇر دامى تەزۋىر،
بولۇبسەن مەكرى پۇر، مۇرشىد ۋە پىر.
تاراشلارسەن ئۆزۈڭنى شەيخ ۋە دەرۋىش،
پەقىر تاپساڭ قىلۇرسەن كۆڭلىنى رىش.
قۇرۇق مەئنى يوق سۆھبەت قىلۇرسەن،
ئۆزۈڭنى «شەيخ» دەپ دەئۋا قىلۇرسەن.
سۆزۈڭگە قىلمايىن ھەرگىز ئەمەلنى،
بۇ ۋادى قۇشلارىغە دەرسەن ئانى.
ئەگەر زاكىر ئىسەڭ زىكرئەيت خۇفىيە،
ھۇزۇرى دىل بىلەن يۇرغىل ھېمىشە.
ئىشىت ئەي قۇمرى «ئۇدئۇرەببە كۇم» نى،
تەزەررۇئ خۇفىيە قىل، كەم ئەيت «مەنى»نى.
ھۇزۇرى دىل بىلەن زىكرىڭنى ئەيتقىل،
كۆڭۈل غەفلەتكە بولسا زىكر ئەمەس بىل.
ئەبەسدۇر زىكر، كۆڭۈل بولسا مايىل،
بۇ يەڭلىغ زىكرغە سەن باغلاما دىل.

**بۇلبۇلنىڭ فاختەك بىرلە سۆزلەشكىنى**

يەنە بۇلبۇل تۇرۇبان قىلدى پەرۋاز،
بىناگاھ بولدى فاختەك بىرلە دەمساز.
يۈزىنى قىلدى بۇلبۇل فاختەكگە،
تەرەھھۇمدىن نەسىھەت ئەيلەمەككە.
دىدى ئەي فاختەك رازىڭنى ئەيتقىل،
نىچۈك ھالىڭ بىلە سەرۋىڭگە مايىل.
قونۇپ سەرۋىڭغە «گۇ ـ گۇ» ئىلە ئاغاز،
ماڭا رازى دىلىڭنى ئەيلەگىن باز.
بىناگاھ كۆردى فاختەك ئىشىق جۇشى،
قىلىبان ئاھۇ پەرياد خەرۇشى.
دىدى بۇلبۇلغا فاختەك ئەي قېرىنداش،
ئېرۇر ئىشق ئوتى كۆز باشقادۇر تاش.
جاھاندا يوقتۇر مەندەك ئاشىقى زار،
يۈرۈبان سەير ئېتەرمەن باغۇ گۈلزار.
ئەسىرى ئىشق ئېرۇر جانىمغا پەيدا،
بىلۇر ئالەم مېنى مەمۇرى شەيدا.
ئېرۇرمەن مەستۇھەم شۇرىدە ئاشىق،
بۇ كۆڭلۈم ئىشق ئەتۋارىغا سادىق.
مېنىڭ ئىشقىم ھېمىشە سەرۋىغەدۇر،
ئۇنىڭ ھەم دەردو داغى باغرىمەدۇر.
ئىچىپ مەي جۇرئەئي جامى مۇھەببەت،
ئىچىمدە ئىشق ئېرۇر بۇ تۈنىد مېھنەت.
سالىب بوينۇمغا تەۋقى بەندەلىكنى،
كۆڭۈلدە شەۋقۇ ـ زەۋقى بەندەلىكنى.
مۇھەببەت تارىدىن بوينۇمغا تەۋقىم،
كۆڭۈلدە جۇش ئۇرار ئىشق ئىلە شەۋقىم.
دىدى بۇلبۇل كى فاختەك ئۇرماغىل لاف،
كى ئەھلى ئىشق قىلماس ئۆزىنى ئەۋساف.
مۇھەببەتدىن دەم ئۇرما فاختەك سەن،
كى ئىشق ئوتىغا پىشماي خام ئېرۇرسەن.
كۆڭۈلدە جاھ تاپسا مېھرىبيارى،
دېمەس گۇگۇ قاشىدا بولسا يارى.
نېدىن سەن فاختەك سەرۋىغە ئاشىق،
تەكەللۇم ئەيلەغىل ھالىڭغا لايىق.
دىلۇجان بىرلە سەن سەرۋىغە مايىل،
ئۆزۈڭنى بىھۇدە ئاشىق دىمەگىل.
ئەمەس سەن راست ئاشىق بولىەۋدىن سەن،
دىلۇجانىڭ بىلە ئاشىق ئەمەس سەن.
بولۇر پۇردەرد ئاشىق ئۆزگەلەردىن،
ئەگەر ئاھ ئەتسە قان تۆكەر جىگەردىن.
بولۇر ئىشق ئىلگىدىن دىلخەستە ئاشىق،
جۇنۇن ۋادىسىغا سەرگەشتە ئاشىق.

قىلۇر شامۇ سەھەر ئاھ ئىلە ئەففان،
كى ئىشق ئوتىغە ھەردەم كۆيدۇرۇر جان.
كى جۇشى ئىشق ئىلە ئارتار فىغانى،
كى ئۇنىڭ ئۇچقۇنى ئۆرتەر جاھانى.
سالىپ سەن بوينۇڭغە تەۋقى تەكەببۇر،
ئىلىگىدىن كەلسە ئىش تەۋقىڭنى سىندۇر.
مۇھەببەت تەۋقى ئېرمەس تەۋقى مىننەت،
تەكەببۇرنى قويۇپ قىل ياخشى نىيەت.
مۇھەببەت تەۋقى ئېرمەسدۇر بۇ تەۋقىڭ،
ئەمەسدۇر چىن بىلەندۇر بارچە شەۋقىڭ.

## بۇلبۇلنىڭ سوفيا قۇش قېشىغا بارغىنى

كېلىپ ۋادىغا فەسلى نەۋ باھارى،
كى گۈل ئاچىلدى بۇلبۇل قىلدى زارى.
يېڭىدىن تازە گۈللەر بولدى پەيدا،
دىلى بۇلبۇل ئىدى ئول گۈلغە شەيدا.
بار ئېردى ۋادى ئىچرە رەڭبەرەڭ گۈل،
قىزىلگۈل ئىشقىدا سايرار ئىدى بۇلبۇل.
قىزىلگۈل ئىشقى ئۇردى كۆڭلىدە جۇش،
قىلىپ ئاھۇ فىغان بولمادى خامۇش.
قىزىلگۈل فۇرقەتىدىن يىغلادى زار،
يۇرۇبان سەير قىلدى باغۇ گۈلزار.
ئۇچۇبان ئاشيانىدىن چىقدى بۇلبۇل،
قونار شەرۋى سەھىگە ياد ئېتىپ گۈل.
تاماشىدا قىلدى بۇلبۇل كۆردى بىر قۇش،
ئىشىدۇر سايرىماق سەرۋ ئۈستىگە خۇش.
ئىشتاب ئېردى بۇلبۇل مۇنداغ ئاۋاز،
دىدى نى ياخشى قۇش ئەركەن خۇش ئاۋاز.
خۇش ئاۋازى قىلىپ بۇلبۇلغە تەسىر،
بولۇپ كۆڭلىدە ئىشق تازە تەھرىر.
تاپىپ بۇلبۇل فەرەھ ئاۋازى خۇشدىن،
ئېلىپ بەھرە بۇ پەريادۇ خەرۇشدىن.
سوفيا قۇش قاشىغا كەلدى بۇلبۇل،
چۇ كۆردى ناگىھان پەريادۇ غۇلغۇل.
دىدى بۇلبۇل نەدۇر ھالىڭ، نەپىشە؟
«سوفى - سوفى» دۇرۇر ۋىردىڭ ھەمىشە؟
فەرەھ تاپدىم نە ياخشى سايرادىڭ دوست،
نە دەردىڭ بار، سېرىڭ گۈلدەك ئېرۇر پوست.
كى ئەيتقىل قايسى گۈلدىن رەڭ ئېلىپ سەن،
بۇ يەڭلىغ زەئفەراندەك سارغارىپ سەن.
رەفىقى ئىشق سەن ھەمدەم بولالى،
زامانى ئولتۇرۇب بىغەم بولالى.
دىدىكىم بۇلبۇلا كۆكۈل ئاداشتىم،
ئەزىز جانىمدىن ئارتۇق مەن قاناشتىم.
فىراقىم سۆزىگە قىلغىن تەرەھھۇم،
كى سەيرى ئىشقدىن قىلغىن تەكەللۇم.
لىباسىمدۇر مېنىڭ بەرگى خازاندىن،
تىنىم رەڭ ئالدى دايىم زەئفەراندىن.
ئاتىمدۇر سوفيا سوفى سەھەرخىز،
لىباسىم ئىشق قىلدى زەئفەر ئامىز.
رىيازەتدىن بولۇبدۇرمەن بۇ يەڭلىغ،
قىلىپ رەڭگىم قانائەت رەنجى سارىغ.
مۇھەببەتدىن چىقارىپ ھەردەم ئاۋاز،
سەھەرلەردە ئىنگەمگە ئەيتەمەن راز.
بۇ خۇش ئاۋاز ئىلە سايراپ سەھەرگە،
مۇناجات ئەيلەبان ھەردەم ئىنگەمگە.
ئوقۇبدۇرمەن غەزەلنى گاھى ھىكمەت،
كۆڭۈلگە جۇش ئېرۇر جامى مۇھەببەت.
بۇ ئاۋازىم ئىشتكەن بەھرە ئالۇر،
ئىشتمىگەن كىشى ھەسرەتكە قالۇر.
بۇ ۋادى ئىچرە مەن سوفى سافى،
تەبەررۇك مەن مېنى قىلغىل تاۋافى.
بۇ ۋادى سوفى سېنىڭ خاندۇرمەن،
كى بىجان ئەھلىنىڭ جانانى دۇرمەن.
مېنى سۆيەر كىشىدۇر ئىشتياقدا،
كېلىپ قاشىمغا قالماسدۇر فىراقتا.
ئىشىت ئەي بۇلبۇل شۇردە ئەھۋال،
بۇ يەڭلىغ ئىلمنى مەندىن سەبەق ئال،

مىنىڭ سۇفىلىقىمدا مۇئتەقىد بول،
ھەقىقەتدىن ئىشتىپ مۇنبەسىت بول.
مىنىڭ ئىشقىمدىن ئالغىل بەھرە بۇلبۇل،
كى كەسىپ مەندىن ئېتىپ بول ئاشىقى گۇل.
سۇفىياكىم ئايان ئەيلەپ ئۆزىنى،
تامام ئەيلەپ بايان ئەتتى سۆزىنى.
دىدىلىڭ ئۆزۈڭنى سەن مەن سۇفى ساف،
ھىمىشە يالغان ئەيتىپ ئۇرماغىن لاف.
سۇفى ئولدۇركى بولسا باتىنى ساف،
كۆڭۈلدە شۇئىلە ئۇرسا نۇرى ئەۋساف.
ئەگەرچە جايى بولسا توققۇز ئەفلاك،
بولۇر ئاشىقى كىشى مانەندەئى خاك.
بۇ جادەگە بولۇر سۇفى سافالىق،
ئۆزۈڭنى دىمەگىن يالغانچى ئاشىق.
يىراقسەن ئىشقدىن ئاشىق ئەمەس سەن،
جاھان خەلقى ئارا بىر بولھەۋەس سەن.
تەرىقەت ئىچرە سۇفى خۇش نەفەسدۇر،
دىلىدا ھەم تىلىدا مەرىپەتدۇر.
بارى مەخلۇق ئارا تۇتسا ئۆزىن كەم،
خۇدانىڭ سىررىغە گەر بولسا مەھرەم.
سۇفى مەن دەپ قىلۇرسەن مەكرۇ ھىلە،
غېرىب ھالىڭغە قىلماي رەھىم پىشە.
يۈرۈپ دايىم ھاۋا بىرلە ھەۋەسگە،
ئىگەم يادى قىلالىماي بىر نەفەسگە.
سۇفى مەندەپ ئىشىڭ دايىم ھەۋەسدۇر،
ئالاي بىر نەرسە دەپ ئۇرماق نەفەسدۇر.
بۇ پەگلىغ سەن غېرىب ئىچىڭ غىمىدا،
يۈرۈپ ھەيران بولۇپ ۋادى چۆلىدا.
سۇفىلىق ئىستىسەڭ كۆڭلۈڭنى قىل پاك،
سۈپۈر كۆڭۈل ئويىدىن خارۇ خاشاك.
سۇفىلىق جادەسىدا تەننى دىل قىل،
باشىڭغا ھەرنە كەلسە سەن بىھىل قىل.

**بۇلبۇلنىڭ ھۇدھۇد بىلە سۆزلەشكىنى**

قىلىبان نالە بۇلبۇل ئاشىياندا،
قىلۇردى ئاھۇ ئەفغان بوستاندا.
بىناگاھ قىلدى بۇلبۇل ئىشقى تۇغيان،
قىلىپ پەريادۇ نالە ئاھۇ ئەفغان.
ئۇچۇپ بۇلبۇل يەنە كاشانەسىدىن،
ئۈزۈلۈپ چىقتى مىھنەت خانەسىدىن.
بولۇبان مەست بۇلبۇل گاھى ھۇشيار،
دىدى يارىب سوراي ھۇدھۇددىن ئەسرار.
بولۇپ گاھى مۇلۇل ۋە گاھ خۇشھال،
كېلىپ بۇلبۇل قاشىغا سوردى ئەھۋال.
دىدىكى ھۇدھۇدا سەن بىر ئەسەربەر،
ماڭا سەن قىلمىشىڭدىن بىر خەبەر بەر.
نىدۇر ئايىغىل جاھاندا كەسبۇ كارىڭ؟
قايۇ ئىشكە بىرىپسەن ئىختىيارىڭ؟
دىدى بۇلبۇلغا ھۇدھۇد سوردۇڭ ئەھۋال،
ساڭا ئەيتاي ئىشىت مەندىن بۇدۇر ھال.
دىدى ھۇدھۇد مىنىڭ رەختىم بەلەندۇر.
تىلىمىنىڭ تاتلىغى مانەندى قەندۇر.
مۇھەببەت بادەسىنى ئەيلەيىن نۇش،
ئىچىم باغرىم ئۇرادۇر ھەرزامان جوش.
كى خۇش گۇفتارۇ ھەم شىرىن زابانمەن،
كى خۇش بۇيلۇقدا مۇشكۇ زەئفىرانمەن.
بۇۋادى قۇشلىرىغا مۇئتەبەر مەن،
ھەقىقەت سىررىگە ھەم باخەبەرمەن.
قىلىپدۇرھەق مىنى پەيكى سۇلايمان،
بولۇبدۇرمەن جاھان مۇرغىگە سۇلتان.
قىلىپ باشىمغا مىن شاھانە تاجىم،
بۇتاجىم شاھلىغىدادۇر راۋاجىم.
باشىمدا تاج ئېرۇر، ئەگنىمدە زەركەش،
ئۇچار قۇشلار ئارا دۇرمەن مۇنەققەش.
ئۇچارقۇشلارگە پىرۇ پىشۋا مەن،
شەرىئەت ئىچرە كامىل باساپامەن.
ساناۋۇ ھەمد ئەيتۇرمەن ئۇنىڭغە،
دۇرۇدى بىئەدەد ھەم ئول باساپاغە.

كېچە-كۈندۈز ئىشىم تەسبىھ ئوقۇماق،
قىلىپ تائەت ئۇنىڭغە زىكرى ئەيتماق.
دىدى ھۇد ھۇد قىلىپ ئۇنىڭغا تائەت،
ھېمىشە ئىش ماڭا قىلماق ئىبادەت.
ئۇنىڭ يولىغا مەن زاھىدۇ ئابىد،
ئىبادەتنى قىلىپ ھەر كۈندە زايىد.
ئۇچارقۇشلار ئىمامۇ پېشۋاسى،
بۇ ۋادى ئىچرە پىرۇ رەھنەماسى.
ھۇدا قىلىپ تەقۋانى ئانداق مۇتتەقىمەن،
كى پىرۇ رەھنە ماۋۇ مۇنتەھىمەن.
مېنىڭدەك يوقتۇ ناسە پىشە سالىھ،
ئىبرۇرمەن ھەرنە مۈشكۈل بولسا فاتىھ.
ئىگەم لۇتۇف ئەيلىسە كىرسەم بىھىشتىگە،
كۆرەي دىدارىن ئول ئەنبەر سىرىشتىگە.
دىدى بۇلبۇلكى سەن زاھىد ئەمەس سەن،
ئىگەم تائاتىدىن بوي ئالمىغانسەن.
كىشى قىلسا نىيازنى خالىس ئەيلەر،
نامازىغە قاچان ئول تەكيە ئەيلەر.
نامازىڭغا ئىشەنىپ تەكيە قىلما،
نىيازىڭگە ئىنانىپ نۇكتە قىلما.
نامازىڭ بىرلە گەرچە تائەتىڭ بار،
ماتائىم باردۇر دەپ ئەيتما زىنھار.
ئىشەنمەگىلىك نامازۇ تائەتىڭگە،
قاراغاي تەڭرى بەندە نىيىتىگە.
نامازغا قىلما ھۇدھۇد ئېتىمادى،
ئۇنىڭكى رەھمەتىدىن قىل ئۈمىدى.
مۇسۇلمانلىغ بۇدۇر خەۋفۇ رەجادا،
ئۈمىدۇ خەۋف كۆپ بولغاي ئارادا.
رەجال ئولدۇر ئۈمىد ئەتكەن ئۇنىڭدىن،
نامازىڭغا ئىشەنمە تەۋبە قىلغىن.
ئايا ھۇدھۇد زىيادە خۇدنامەسەن،
كى خۇدبىنلىق ئىلە زاھىد نامەسەن.
كىيبان گاھى قالپاق، گاھى دەستار،
ئەبەس سۆز قىلماغىن سەن ئەي تەبەھكار.
ئايا ھۇدھۇد ئىشىتكىن سەن بۇ گۇفتار،
ئۈمىد ئەتكىن ئۇنىڭدىن سەن ئۈمىدۋار.
ئۇنىڭكى رەھمەتىدىن ئەيلە ئۈمىد،
گۇناھىڭ كۆپ ئىسە ھەم بولما نەۋمىد.
ئۇنىڭ ھۆكمىگە كىرمەك بەندەلىكىدۇر،
ئۇنىڭ تەقدىرىگە بىچارەلىقدۇر.
دىدى بۇلبۇل كى ئەرسەن سۇفى خۇش،
مەيى ھەق ھالىڭ ئىچرە باردۇر جۇش.
مېنى سالىھ دىسۇنلەر دەپ ئىبادەت،
قىلىپ زۇھدۇ رىيا بىرلە ئىبادەت.
ئەجەب بولماس غۇرۇر ئىلە نامازىڭ،
نامازىڭگە ئىشەنىپ كۆپتۇر نازىڭ.
كىشى تائەت قىلىبان زۇھد قىلسا،
كى تائەت شەرتلىرىنى كۆرسە بىلسا.
ھۇزۇرى دىل بىلە قىلساڭ نامازى،
ئۈمىد ئولدۇر قەبۇل ئەتسە نىيازى.
كېزىپ ۋادىغا بۇلبۇل سەير قىلدى،
بۇ ۋادى قۇشلىرىنى سەير قىلدى.
بۇ سەككىز قۇش بىلەن ھەمسۆھبەت ئولدى،
كى بۇلبۇل كۆڭلى دەردۇ غەمگە تولدى.
بۇ سەككىز مۇرغىدىن بىگانە بولدى.
قىزىلگۈل ئىشقىگە دىۋانە بولدى،
چۇ بۇلبۇل ئۆزىگە تاپمادى مۇنىس،
دىدىكىم يوق ئىكەن ھەم دەردۇ ھەم جىنس.
قىلىپ پەرياد بۇلبۇل ئۇردى ئەفغان،
قىزىلگۈل فۇرقەتىدە بولدى نالان.
چۇ تەرھى ھال بولدى مەنتىقۇتتەير،
تامام ئولدى سۇئالۇ ھەم جاۋابى تەممەتۇلخەير.

### بۇلبۇلنىڭ ساباني ئالدىغا چىرلاغانى

قاشىغا چىرلادى بۇلبۇل سابانى،
دىدي دەردىمغە سەن قىلغىن داۋاني.
دىدى بۇلبۇل سابانى سەن پىرىمسەن،
مېنىڭ يول باشلاغۇچى رەھبەرىمسەن.

مېنى باشلاپ سىراتى مۇستەقىمغە،
يەنە يەتكۈز ئۇشۇل خۇشبۇ گۈلۈمگە.
كى سەندىن بىر زامان ئايرىلماغايمەن،
تىرىك بارمەن جۇدالىق قىلمايىن مەن.
قىزىلگۈل ئىشقى مېنى ئەيلەمىش مەھۋ،
خاتا قىلدىم مېنىڭ سەھۋىمنى قىل ئەفۋ.
بارىدىن كۆرمىدىم مەن بىر ۋافانى،
ئۆزۈم جانىمغە قىلمىش مەن جاپانى.
سابا ئەرتە بىلەن گۈللەر ئاچىلۇر،
كۈن ئاقشام بولمايىن بارى ساچىلۇر.
بۇ ۋادى گۈللىرىغە باغلاماق دىل،
ئەبەس ئەرمىش كى قىلماق جاھ مەنزىل.
سابا ئەيتتىكى بۇلبۇل بولما غەمناك،
بۇ ۋادىنى كۆرەر كىمسە ھەۋەسناك.
ھەۋەسلىك ئەھلىنى ئاشىق دىمەسلەر،
تەرىقى ئىشقدا سادىق دىمەسلەر.
ئايا بۇلبۇلكى قىلغىن تازە پەرۋاز،
ھەقىقى ئىشىدا بولغىن سەرەفراز.
بۇ ۋادىغا مۇھەببەت باغلاماغىن،
ئۇنىڭ مېھرىنى كۆڭۈلدىن چىقارغىن.
ئەگەر ئاشىق ئىسەڭ جۇيەندەئى يار،
بۇ ۋادىدىن چىقىبان ئىستەگىن يار.
كى بۇلبۇل ئىشق بازارىغا كىرگىن،
بۇ ۋادى ئىچرە ھەرگىز قونماي ئۆتكىن.
بۇ ۋادى ئىچرە قىلماي ئاشيانە،
يۈرۈر ئاشىق كىشى بىر سۈكەرانە.
بۇ ۋادى گۈللىرى قەيدىدىنى ئۈزگىن،
بۇ گۈللەرسەيدى ئولمازۇد ئۆتكىن.
بۇ ۋادى گۈللىرى پۇربى ۋافادۇر،
ئۇنىڭ خۇش رەڭگى ھالى ئارىيەتتۇر.
بۇ ۋادى تەرھىدۇرخۋابۇ خىيالات،
كەچۈرمەك ئۆمرزايە ھەيف ئەۋقات.
بۇ ۋادى ئىچرە بولماقدىن نە ھاسىل،
ھەقىقى يارىغە بولماقدۇر ۋاسىل.
ئاجايىپ ۋادىلار پايانى يوقتۇر،
سېنى شاد ئەيلەمەك ئىمكانى يوقتۇر.
مۇسافىرسەن بۇ يەردە قىلماغىن جاي،
كى دەرسەن تاڭلاسى ۋاھەسرەتا ۋاي.

**سابانىڭ بۇلبۇلغا رەھبەر بولغىنى**

ساما ئەيلەپ ساباكىم يولغا تۈشدى،
سابانىڭ ئارقاسىدىن بۇلبۇل ئۇچتى.
ئۇچۇبان بارۇر ئىزدى نىچە كۈنلار،
يۈرۈبان سەير قىلدى تاغۇتاشلار.
ئۇچارگاھى بەلەندۇ گاھ ئۇچارپەست،
بولۇپ بۇلبۇل قىزىلگۈل ئىشقىدىن مەست.
ساباتىغى زابانىغا بىرىپ سۇ،
ھېمىشە ۋىردى ئەيلەپ زىكرى ياھۇ.
خەتەرلىكدۇر تەرىقى ئىشق بىسيار،
ئەدەدسىز بىر تەرەفدە دۇشمنى بار.
تەرىقى ئىشق نازۇك يولدۇر بىلگىن،
كى جاندىن كىچىبان بۇ يولغا كىرگىن.
كىبرەك بۇ يولدا كەچمەك خانۇماندىن،
تەنۇجانى بىلە ئىككى جاھاندىن.
ئۆزىن تەجرىد ئىتەر ئالەمدىن ئانداغ،
كۆڭۈلگە قويمامىش بىگانەدىن داغ.
كۆڭۈلنى بارچە ئىشدىن خالى ئەتكەي،
سالامەت ھەم بولۇپ مەقسەدگە يەتكەي.
تەرىقى ئىشدە ئول بولغاي ئەشرەف،
جامالى يارغە بولغاي مۇشەررەف.
كى بولسا ئىشقدىن سەرمەستۇ شەبگىر،
يەنە يول باشلاغۇچى بولسا ھەم پىر.
چۇ بۇلبۇل يولغا كىردى بى مالالەت،
سابا بۇلبۇلنى ئۆتكەردى سالامەت.
چۇ بۇلبۇل يەتتى مەقسەدگە تاپىپ يول،
سابا بولدى سۇئال ئەيلەرگە مەشغۇل.
دىيۇر بۇلبۇلغا كىم بولغىن سەن ئاگاھ،
كىشى مەقسەدگە يەتسە كۆپ ئۇرار ئاھ.

سۇئالم بار قىلاكۆر كۆڭلۈك ئاگاه،
كى ئشقلك بولسا بول ئۆزۈڭدن ئاگاه.
دىدى بۇلبۇل سۇئالىڭ بولسا سورغل،
بىرۇر شايەد جاۋابى تاپسا بۇ تىل.
سابا بۇلبۇلغا ئەيتتى ئەي شەكەرخۋاه،
نە باىسدىن چىكەرسەن نالەۋۇ ئاه.
دىدى بۇلبۇل كى قىلسا ئشق توغيان،
قىلۇرمەن ئولزامان پەريادۇ ئەفغان.
سابا ئەيتتى ماڭا ئشقىڭ بايان قىل،
دىدى بۇلبۇل بايانغا هەددى يوق تىل.
سابا ئەيتتى نىدۇر ئشقىڭ كامالى؟
دىدى بۇلبۇل يىتەر كۆرسەم جامالى.
سابا ئەيتتى نىدۇر ئشقىڭە كۆيمەك؟
دىدى بۇلبۇل كۆيۈپ هىجرىدە ئۆلمەك.
سابا ئەيتتى نەكۆڭلۈك مۇددەئاسى؟
دىدى بۇلبۇل ئۇنىڭ بولسام پىداسى.
سابا ئەيتتى ئەزىز جاندىن نە ئەرمش؟
دىدى بۇلبۇل ئەزىز جانانە ئەرمش.
سابا ئەيتتى بۇ ئشقىڭدىن نە هاسل؟
دىدى بۇلبۇل ۋىسالى بولسا ۋاسل.
سابا ئەيتتى قاچاندىن زار ئىمش سەن؟
دىدى بۇلبۇل ئەزەلدىن زار ئىمش مەن.
سابا ئەيتتى كى ئەيتقل ئشق قايدا؟
دىدى بۇلبۇل كى جاقىلىپىش بۇدىلدا.
سابا ئەيتتى نەدۇر ئىشق: «ئەهلەن ئەلام؟»
دىدى بۇلبۇل ئىلدىن ئىشق ئىلهام.
سابا ئەيتتىكى ئايتقل ئشق قايسى؟
دىدى بۇلبۇل ئۇ مەشۇقۇم ئاتاسى.
سابا ئەيتتى قىزىلگۈل يادىغا بول،
دىدى بۇلبۇل كۆكۈلدە ئول قىزىلگۈل.
سابا ئەيتتىكى سايراپ بول غەزەلخۋان،
دىدى بۇلبۇل قىلۇرمەن ئاهۇ ئەفغان.
دىدى بۇلبۇل ماڭا ۋەسفىن ئايانقىل.
سابا ئەيدى نەياخشى سايرادىڭ خۇش،
دىدى بۇلبۇل مىنىڭ ئشقىم قىلۇر جۇش:
سابا ئەيدى قىخانىڭ هەددىن ئاشتى،
دىدى بۇلبۇل بۇ جانغا ئوت تۇتاشتى.
سابا ئەيدىكى سەن كۆپ قىلما زارى،
دىدى بۇلبۇل ماڭا يوق ئختيارى.
سابا ئەيدى زامانى ئەيلەراهەت،
دىدى بۇلبۇل نىتەي جانىم جاراهەت.
سابا ئەيدى بۇ دەردىڭگە داۋا قىل،
دىدى بۇلبۇل بۇ دەردنى بى داۋا بىل.
سۇئال ئەيلەپ سابا، بۇلبۇل هاۋادا،
تۆكۈپ كۆز ياشىنى ئاهۇ ناۋادا.
فەلەك تىترادى بۇلبۇل كۆز ياشىدا،
يىتىشتىلەر قىزىلگۈللەر قاشىدا.
سابانىڭ ئول سۆزىگە ئەيلەمەي گوش،
غىرىب بۇلبۇل ئۆزالىپ كەتتى بىهۇش.
قىزىلگۈللەر كۆرۈپ پۇرسەت غەنىمەت،
كى بۇلبۇل ئالىبان دەرلەر غەنىمەت.
قەفەسگە سالىبان مەهكەم قىلىپ باب،
تۆكۈبان ئالدىغا هەم شەككە رۇناب.
كۆرۈپ بۇلبۇلنى بىر مەردى جاهانى،
تۇرۇپ كەلدى قاشىگە بىر زامانى.
كىلىپ سوردى بۇلبۇلنى ساتارسىز؟
ياهاسى قانچە تەئىين هەم ئىتارسىز؟
دىدى بۇلبۇل قەفەس بىرلە ئون ئالتۇن،
بىزە هەركىم ئون ئالتۇن بەرسە ئالسۇن.
سۆيۈندى ئول جاۋان ئالدىغا قالدى،
ئون ئالتۇن بىرىبان بۇلبۇلنى ئالدى.
چۇ بولدى بۇلبۇل ئول هالەتدىن ئاگاه،
ئۆزىن كۆردى قەفەس ئىچرە بىناگاه.
ئۆزىنى كۆردى ئاندا بولدى غەمگىن،
دىدى قايداغ گۇناهى ئۆتتى مەندىن؟
كى بۇ يەڭلىغ بولۇپتۇرمەن گىرىپتار؟
مىنى بىچارەئى مەهزۇنۇ ئەفگار.
دىدىيۇ چەكتى بىرئاهى جىگەر سۆز،
قارا بولدى مىسالى كىچە كۈندۈز.
سابا كەلدى بىنا گاه ئولنەفەسدە،
كۆرۈندى كۆزىگە بۇلبۇل قەفەسدە.
كىربان سوردى بۇلبۇلدىن نە يەتتى؟

گىرىپتارى قەفەس سىزنى كىم ئەتتى؟
دىدى ئۇل باغبانى بى دىيانەت،
قەفەس ئىچرە سالىب قىلدى ئامانەت.
سابا بىرلە قىلىپ رەفئى مالالەت،
تەكەللۇم باشلابان كۆرسەتتى ھالەت.
ساغىندى گۈلىنۇ پەرياد قىلدى،
قەفەسدە بۇ غەزەل بۇنياد قىلدى.

## بۇلبۇلنىڭ بۇ غەزەلنى گۈل فىراقىغا ئوقۇغىنى

مۇھەببەت ئوتىغا كۆيدۇم نىگارىم،
رەقىبلار ئىلگىگە تۈشتۇم نىگارىم.
قەفەس ئىچرە قىلىبدۇرلەرمىنى بەند،
سېنى ئىستەرگە يوقتۇر ئىختىيارىم.
سېنىڭ ئىشقىڭغا ئەخگەر بولدۇم ئەي گۈل،
ئەدەم بولدى ۋۇجۇدۇمۇ دىيارىم.
رەقىبلەر ئىلگىدە بولدۇم چۇ ھەيران،
ئۆزۈمگە قالمىدى بىر ئىختىيارىم.
فىراقىڭ ئوتىگە كۆيدۇم تۈگەندىم،
ساۋۇردى بارى غەم بۇ جىسمى زارىم.

## بۇلبۇلنىڭ بىر ئاھ ئۇرۇپ ئۆلگىنى

ماڭا راۋى رىۋايەت قىلدى مۇنداغ،
ئاجايىپ بىر شىكايەت قىلدى مۇنداغ.
كى گۈل ئىشقىدا بۇلبۇل چەكتى بىر ئاھ،
كى ئول ئاھ ئىلە جانى چىقتى ناگاھ.
كۆرۈپ مۇنى ساتىپ ئالغان جاۋانى،
ياقاسىن يىرتىبان قىلدى فىغانى.
ئەگەر بىلسەم ئىدى مۇنداغ ئۆلۈمنى،
قاچان زايە قىلۇر ئېردىم پۇلۇمنى.
ئۆزىنى مۇشت بىرلەمەردى ئەھمەق،
چۇنان ئۇردىكى جانى چىقتى مۇتلەق.
كۆرۈڭ بۇلبۇل بىلە گۈلنى ئىكەۋلەن،
مۇھەببەت ئوتىدىن كۆيۈپ تۈگەنگەن.
ئۆلاردىن ئىبرەت ئالىڭ ھەمەنەفەسلەر،
مۇھەببەت يولىدا ئەيلەڭ ھەۋەسلەر.
تىرىكلىكدە قىلىڭلار ئىشقبازى،
ھەقىقەت بولمىسا بارى ماجازى.
ئىلاھى غۇربەتىمدە رەھىم قىلغىل،
مۇھەببەت ئوتىدىن بىر زەررە بەرگىل.
غېرىبۇ خەستەمەن لۇتفۇڭ بىلە باق،
قۇرۇق جانىمغا ئىشقىڭ ئوتىنى ياق،
كەل ئەي ئاشىق مۇھەببەتلىك كۆزۈڭ ئاچ،
مۇھەببەتسىز كىشىدىن قۇش بولۇپ قاچ.
ئاڭا بەرگىل قولۇڭنى بەلكى تۇتقىل،
ئول ئەرنىڭ قىل دىگەن ئەمرىنى قىلغىل.
قىلىپ خىزمەت ئۇ، ئۇستاد قىل گۈلىستان،
جەمىئى مۇشكىلاتىڭ بولغاي ئاسان.
ئىشىتكىل بۇ جاھان باقى ئەمەسدۇر،
ھاۋايى نەفس جانىڭغا قەفەسدۇر.
ئۆزۈڭ سۆزۈڭگە ھېچ بولدۇڭمۇ قايىل،
نە فايدا جۇرمۇ ئىسيانىڭگە بىلگىل.
ئوقۇبان سەير قىلسۇنلەر بۇ داستان،
كى ئاشىقلار ئۈچۈن قىلدىم گۈلىستان.
ئىشىت تارىخىنى بۇلبۇل كەبى ئۈچ،
بولۇپ بىر مىڭۇ بىريۈز ئەللىكۇ ئۈچ.
تامام ئەيلەپ گۈلۇ بۇلبۇل بىلە بۇ مەنتىقۇتتەير،
بايانى ئىشق بۇلبۇل بىرلەگۈلدۇرتەمىمەتۇلخەير.
«سالاھى» گە ئىلاھى رەھمەت ئەيلە،
كىتابىن كىمسە كۆرسە رەھمەت ئەيلە.
جاھان كەزدىم كۆرەلمەي دەستيارى،
مەگەر خۇش سۆزكى قالسا يادىكارى.

## لۇغەت

### ئا

ئاشۇفتە — بىئارام، بىقارار
ئاشيان — قۇش ئۇۋىسى، ماكان
ئامىل — ئەمەل قىلغۇچى، ئىشلىگۈچى
ئابىد — ئىبادەت قىلغۇچى

### ئە

ئەغيار — يات، ئەجنەبى ئادەملەر
ئەكسەر — كۆپ، تولا
ئەفگار — يارىدار، كۆڭلى يارىلىق
ئەسرار — مەخپىيەتلىك، ئىچكى هال
ئەندىلىب — بۇلبۇل
ئەلىيەسە — كىيىم - كېچەك
ئەلفاز شىرىن — تاتلىق سۆزلەر
ئەلتاف — مەرھەمەت، شەپقەتلەر
ئەھسەن — بەك ياخشى، ئاپىرىن
ئەللامە — ئالىم، دوكتۇر
ئەبەس — مەنىسىز، بىكار، ئورۇنسىز
ئەتۋار — يوللار، رەۋىشلار
ئەۋقات — ۋاقىتلار
ئەييام نەۋرۇزى — يېڭى يىل (يېڭى يىل كىرىش كۈنلىرى)

بىناۋا — بىچارە، ئاجىز، زارلانغۇچى
بىيەكبار — بىردىنلا، بىر يولىلا
بەرنا — ياش ئادەم، ياش ئايال
بىتەخسىس — خۇسۇسەن، مەخسۇس
بالى — قانىتى
بى تەھەممۇل — توختىماستىن
بەريان — كۆيگەن، كاۋاپ بولغان

بال ـ پەر — قانات ـ قۇيرۇق
باۋەر — ئىشىنىش
بىگانە — يات ئادەم
بىئىبا — ھەقىقەتنى سۆزلەش ۋە ئىشلەشتە تارتىنماسلىق
بالا — ئىگىز، يۇقۇرى
بەد — يامان
بىھىل — راز بولماق
بادى سابا — شەرق شامىلى
بەندەگانلار — بەندە ـ قۇللار

پ

پۇرغەم — غەم ـ قايغۇ تولماق
پەيكى مەھرەم — سىراش، خەۋەرچى، ئەلچى
پەركالە — پارچە ـ پارچە
پەررى ھۇمايۇن — بەخت قۇشىنىڭ پەرلىرى
پەر — قانات
پارسا — يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى ساقلىغۇچى
پىندار — گۇمان قىلماق
پىشە — ھۈنەر، كەسىپ، ئادەت
پەيكى سۇلايمان — سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ ئەلچىسى

ت

تەزەررۇئ — زارلىنىش
تەرەھھۇم — رەھىم قىلماق
تەھەممۇل — ئېغىرلىق كۆتەرمەك، سالماغلىق
تەير — ئۇچۇش
تەھبەتەھ — قاتمۇ ـ قات
تۇرفە ھالەت — ئاجايىپ ھالەت
تاۋۇس — تىوز
تالىب — تەلەپكار، ئۈگىنىشنى تەلەپ قىلغۇچى
تەبىبى ھازىق — ماھارەتلىك، قابىلىيەتلىك دوختۇر
تەفەررۇج — تاماشا قىلماق

تەجرىد — دۇنيانىڭ مال ـ مۈلىك، لەززەتلىرىدىن ئۆزىنى تارتىش
تەفرىد — يالغۇزلۇق (ئۆزىنى چەتكە ئېلىش)
تەزۋىر — ھىلە ـ مىكىر
تەخەللۇف — قارىمۇ ـ قارشىلىق
تۇغيان — ھەددىدىن ئاشماق، تاجاۋۇز قىلماق
تەبەھكار — يامان ئىشلارنى قىلغۇچى
تەكيە — تايىنىش، يۆلىنىش

## ج

جىغا — خوتۇن ـ قىزلار زىننەت ئۈچۈن بېشىغا ئېسىۋالغان ئالتۇندىن قىلىنغان بۇيۇم
جۇببە — جۇۋا
جەزبە — تارتماق
جۇرئە — بىر يۇتۇم، بىر ئوتلام
جۇرم — گۇنا

## چ

چەرخى دۇن — پەس ۋە پەسكەش زامان
چۇنان — ئۇنىڭغا ئوخشاش، شۇنداقلا
چەرخى گەردان — ئايلىنىپ تۇرغۇچى پەلەك (پىلانىت)

## خ

خەستە — ئاغرىق، كېسەل
خار — تىكەن
خۇدبىن — ئۆزىنى كۆرگۈچى
خىرەندمەند — دانا، ئەقىللىق

## د

دەمساز — ھەمنەپەس، مۇڭداش

ر

رەشكىن — كۆندەشلىك، چىدىماسلىق
رازى ناھان — مەخپى سىر
رىش — يارا
رەياھىن — رەيھانلار، خوُشپوُراقلىق گۆل ئۆسۈملۈكلەر
رەجا — ئۈمىدۋارلىق
رىيا — مەنمەنلىك قىلىش، ساختىلىق
رەجال — ئەركەك ئادەملەر (مەرت ئادەملەر)
رەنئى مەلالەت — كۆڭۈل ئاچماق

ز

زاھىدنامە — ئۆزىنى تەركى دوُنيا كۆرسەتكۈچى ھىلىگەر
زوُد — چاپسان، تېز

س

سايا — شەرق شامىلى
سىنەچاك — يۈرىگى يارىلىق
سەمەن — ئاق رەڭلىك خوُشپوُراق گۆل
سەۋت — ئاۋاز
ساھىپ كامال — كامالەت ئىگىسى
سەس — خوُشپوُراق
سوزى — كۆيدۈرۈش
سوُبوُكبار — يېنىكلىك، يۆكى ئازلىق
سوُرۇر — خوشاللىق
سەڭگى مەيدە — ئوُششاق تاش
سوُخەنچىن — چېقىمچى، سۆز توشۇغۇچى
سەرسمۆي — قىلچىمۇ
سەھەرخىز — سەھەر تۇرغۇچى
سەرەفراز — بېشى ئۈستۈن، باش كۆتەرگۈچى
سالاھى — سالاھىيەتلىك (ياخشى ئىشلارغا مەنسوُپ ئادەم)
سوُد — پايدا

## ش

شەكەررىز — شېكەر تۆككۈچى (شېرىن سۆزلىگۈچى)
شۇرى — ئارامسىزلىق
شىرنەر — ئەركەك ئارسلان
شەجەر — دەرەخ
شەبگىر — كېچىلەپ يول يۈرگۈچى
شەرۇشۇر — يامانلىق، توپىلاڭ، پاراكەندىچىلىك
شەھد — ھەسەل
شەمە — ئازغىنا

## ق

قۇفل — قۇلۇپ
قۇمرى — پاختەكىنىڭ بىر خىلى
قەقنۇس (قۇقنۇس) — بۇ گىرىكچە سۆز بولۇپ، رىۋايەتلەردە
— بايان قىلىنىشىچە، تۇمشۇغى كۆپ تۆشۈكلۈك
— ۋە تۈرلۈك ئاۋاز بىلەن سايرايدىغان بىر
— قۇش، قەدىمقى پەيلاسوفلار مۇزىكاشۇناسلار
— ئاشۇ قۇشنىڭ تۇمشۇغىدىن ئاڭلانغان
— ئاۋازدىن پايدىلىنىپ نەغمە (مۇزىكا)نى
— كەشپ قىلغان ئىمىش

## ك

كاشانا — ماكان، قۇش ئۇۋىسى
كامران — مەقسەتكە يەتكۈچى
كېمىنىگا — يوشۇرۇن تۇرۇش
كۆھى ئىرفان — مەرىپەت - بىلىم تېغى
كەرانە — چەت يەر

## گ

گۇلاب — قىزىلگۈل شەربىتى
گۇزەر — ئۆتەر يول، خەلق توپلۇنۇپ سودا - سېتىق
— قىلىدىغان يەر

گۈلى سەۋسەن — ھاۋارەڭ خۇشپۇراقلىق گۈل
گۈلى ھەمرا — قىزىلگۈل
گىردى — چۆرىسى، يېنى
گۇش — قۇلاقى سېلىپ گەپ ئاڭلىماق

## ل

لەتافەت — نازۇكلۇق، ئىنچىكە تەبىئەتلىك

## م

مەھزۇن — غەمكىن، قايغۇلۇق
مۇئەتتەر — خۇشپۇراق
مۇرغىزار — چىمەنلىك، تۈرلۈك قۇشلار سايرىشىپ تۇرىدىغان ئورمان
مۇھىب — مۇھەببەتلىك كىشى، دوست
مەھرىمى راز — سىرداش
مەئۋا — ماكان، ئۆيى
مۇنەققەش — گۈللۈك، نەقىشلىق
مەنزىلەت — مەرتىۋە، دەرىجە
مۇخلىس — ئىخلاسلىق، خالىس ئادەم
مەخزەن — خەزىنە
مائەرەفناك — بىز سىنى تونۇيالمىدۇق
مۇئتەقىد — ئېتىقات قىلغۇچى
مۇنبەست — كۆڭلى ئېچىلغۇچى
مانەندە خاك — تۇپراققا ئوخشاش
مۇتتەقى — ئۆزىنى يامان ئىشلاردىن ساقلىغۇچى
مۇنتەھى — مۇكەممەل، يېتىشكەن كىشى
مۇشك — ئىپار
مەھۋى — يوق قىلىش
مۇنىس — مۇڭداشقۇچى
مۇشەررەف — ئۇلۇغلانغۇچى
مۇل — شاراپ، مەي

## ن

نەزم تەقرىر — نەزم بايان قىلىش
نىشات — خوشال بولماق
نەهال — گۈل ۋە دەرەختىنىڭ كۆچتى
نەزەرگاھ — كۆز ئالدىدا
نەفسى كافىر — يامان نەپسى
نىزار — ئاجىز، بىچارە
نىكۇنام — ياخشى نامىلىق ئادەم
ناسەھ — نەسىھەت قىلغۇچى
نالان — نالە قىلغۇچى
نەۋباھار — باھار پەسلى

## ھ

ھائىل — توسقۇچى، توسالغۇ بولغۇچى
ھەرىمى — ئەتراپى، يېنى
ھالى گەردان — باشقىچە ئەھۋال
ھۇما (ھۇمايۇن) — بەخت قۇشى
ھاۋاگىر — ھاۋادا يۈرگۈچى
ھەۋەسناك — ھاۋايى ھەۋەس قىلغۇچى
ھەيف — زايا قىلماق




# ئىككى چۆچەك

## قىلىچ ئۆمەر

بۇرۇنقى زامانىدا بىر ئادىل پادىشا ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزى دىيانەتلىك بىر سادىق ۋەزىرى بار ئىكەن. بىرسى پادىشا، يەنە بىرسى ۋەزىر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار سىرداش، جان دوست - ئاغىنىلەر ئىكەن. بىرىنىڭ توغرا يولىنى بىرسى قوللايدىكەن. شۇڭلاشقىمۇ ئۇلارنىڭ ئېلى ئاۋاتلىشىپ روناق تېپىپتۇ. پۇخرالار ئۆزلىرىنىڭ پادىشا ۋە ۋەزىرىدىن رازى ئىكەن. پادىشا ۋە ۋەزىر ئادىللىق بىلەن خېلى بىر مەزگىل دەۋر سۈرۈپتۇ. پادىشانىڭ مەملىكەت ۋە خەلققە نىسبەتەن كۆڭلى توق، ۋاقتى شوخ ئۆتۈپتۇ. ئەمما ۋەزىر كۈندۈزى ئوردىدا خۇشال - خۇرام يۈرسىمۇ، ئۆيگە قايتقاندا كۆڭلى يېرىم بولىدىكەن. چۈنكى ۋەزىرنىڭ ساقىلى كۆكسىگە چۈشۈپ، چاچلىرىغا ئاق كىرگەن بولسىمۇ، بىرەر پەرزەنتى يوق ئىكەن. ۋەزىرنىڭ خوتۇنى ئاق كۆڭۈل، ساددە ئايال بولغاچقا ۋەزىرنى ئۆزىنىڭ ئۈستىگە يەنە ئۆيلىنىپ، بالا يۈزى كۆرۈشكە بىرقانچە قېتىم دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، ۋەزىر ئۇنىمايدىكەن. ۋەزىرنى كۆندۈرەلمىگەن خوتۇن نۇرغۇن سەۋەبلەرنى قىپتۇ. ھەركۈنى بەش ۋاخ نامىزىدا خۇدادىن پەرزەنت تىلەپتۇ. كۈنلەر ئارقىسىدىن كۈنلەر، ئايلار ئارقىسىدىن ئايلار ئۆتۈپ ۋەزىرنىڭ خوتۇنى ھامىلدار بولۇپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ۋەزىر ئىنتايىن خۇشال بولۇپتۇ. خوتۇنىغا بولغان مېھرى - مۇھەببىتى ھەسسىلەپ ئېشىپتۇ. لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي ۋەزىر كېسەل بولۇپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ. پادىشا قەدىردان دوستى ۋە سادىق ۋەزىرىنىڭ ئاغرىپ قالغان-

لىغنى ئاڭلاپ قاتتىق قايغۇرۇپتۇ، ئۇنى
ھەركۈنى يىغلاپ تۇرۇپتۇ. تىۋىپلارنى چاقى-
رىپ كېلىپ ۋەزىرنىڭ كېسىلىنى كۆرسىتىپتۇ.
كۆزى كۆرگەن، قۇلىغى ئاڭلىغان ئىشلارنىڭ
ھەممىسى بىلەن ۋەزىرنى داۋالىتىپتۇ. ئەمما
داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ۋەزىرنىڭ كېسىلى
كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ كېتىپتۇ. ۋەزىر
ئۆزىنىڭ ساقىيالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ
خوتۇنىغا:

— بالىخانىدا بىر كونا ساندۇق بار. ئۇ
ساندۇقتا بوۋامدىن مىراس قالغان ئۈزۈنلۈكى
بىر غېرىچ كېلىدىغان بىر قىلىچ بار. بۇ
قىلىچنىڭ خاسىيىتى شۇكى، قىلىچنى بىر
سىلكىتسە قىرىق گەز ئۆزىرايدۇ. قىلىچنى
كىمدە - كىم ئاسسا، ئاسقان ۋاقتتىن باشلاپ،
ئۇ كىشىنىڭ جېنى شۇ قىلىچقا ئۆتۈپ كې-
تىدۇ. قىلىچ شۇ كىشىدىن ئايرىلسا، ئۇ، كى-
شىنىڭمۇ جېنى تۈگەيدۇ. ئەگەر پەرزەنتىمىز
ئوغۇل بولسا ئۆمەر دەپ ئات قويغىن.
ئەقلى - ھوشلۇق بولسۇن. بالاغەتكە يېتىپ
كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغاندا قىلىچنى بەرگىن.
ئەگەر قىز بولسا، ئەھۋالغا قاراپ ئۆزەڭ
بىر ئىش قىلارسەن. مەن بالىمىزنى كۆرەل-
مەي بۇ دۇنيادىن كېتىپ بارىمەن. بالىنى
ئوبدان ئوقۇتۇپ، بىلىملىك، ئەقىللىق، باتۇر
قىلىپ تەربىيىلەرسەن. يېتىشەلمىگەن يېرىڭدە
پادىشادىن ياردەم سورا، — دېگەنلەرنى ۋە-
سىيەت قىلىپ تاڭ ئاتاردا ئاخىرەتكە يول
ئاپتۇ.

ۋەزىرنىڭ خوتۇنى يىغلاپتۇ، قاخشاپتۇ.
ۋەزىرنىڭ ۋاپاتىدىن خەۋەر تاپقان پادىشا
ئوردىدىكى چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلىرىنى
باشلاپ كەپتۇ. شەھەردىكى ئەل - جامائەتمۇ
يىغلىشىپ، يېتىپ پادىشانىڭ باشچىلىقىدا
مېيىتىنى ئۇزىتىپتۇ.

پادىشا ئوردىغا قايتار چاغدا، ۋەزىرنىڭ
خوتۇنىغا سەۋر قىلىشنى، ئارتۇقچە قايغۇ-
رۇپ كەتسە، قوساقتىكى بالىغا دەخلىسى
بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، تەسەللى
بېرىپتۇ. ۋەزىرنىڭ نەزىر - چىراقلىرىنى ئۆزى
باش بولۇپ ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى
ئېيتىپ مىڭ تىللا قالدۇرۇپ كېتىپتۇ.

پادىشا ۋەدىسىدە تۇرۇپ، ۋەزىرنىڭ
نەزىر - چىراقلىرىنى كەڭ - كۇشادە ئۆتكۈزۈپ
بېرىپتۇ. بۇنىڭدىن پۈتۈن شەھەر خەلقى
رازى بوپتۇ، ۋەزىرنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە
قىرىق بىر كۈن بولغان تاڭ سەھەردە ۋە-
زىرنىڭ خوتۇنى ئوغۇل تۇغۇپتۇ. بۇ خۇش-
خەۋەر ئوردىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن پادىشا
خوشال بولۇپ مىڭ تىللا بىلەن بىر ئالتۇن
بۆشۈك ئەۋەتىپ بېرىشنى خەزىندارغا ئەمر
قىپتۇ. ۋەزىرنىڭ خوتۇنى مەھەللە مەچىتىنىڭ
مەزىنىنى چاقىرتىپ كېلىپ، تەكبىر ئېيتقۇرۇپ
ئەزان توۋلىتىپ، ۋەزىرنىڭ ۋەسىيىتى بويى-
چە بالىغا ئۆمەر دەپ ئات قويۇپتۇ. بۆشۈك
تويى ئۆتكۈزۈپ، پادىشا ئەۋەتكەن ئالتۇن
بۆشۈككە بۆلەپتۇ.

بۇ بالىدا بىر خىل خاسىيەت بولۇپ،
بۇ بالا كۈنلەپ ئەمەس، سائەتلەپ چوڭ
بولۇپتۇ. ئۈچ ياشقا كىرگەندە يەتتە - سەككىز
ياشلىق بالىدەك چوڭ بولۇپتۇ. ئۆمەر يەتتە
ياشقا تولغاندا ئانىسى ئۇنى مەكتەپكە بېرىپ-
تۇ. ئۇ شۇ زاماندا بار بولغان بارلىق ئىلىم-
لەرنى ئۆگىنىپ بولۇپ، مەكتەپ پۈتتۈرۈپ
ئۆيگە يېنىپ كەپتۇ. ئۇ ناھايىتى چىرايلىق،
كېلىشكەن قاۋۇل بىر يىگىت بولۇپتۇ. ھەر-
قانداق بىر كىشى ئۇنى كۆرسە پەرىزات
ئەۋلادى دەپ قالىدىكەن. ھەرقانداق بىر
قىز ئۇنى كۆرسە ئۆزىنى يوقىتىپ مەيلىنى
بېرىپ قويىدىكەن.

ئۆمەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە زېرىكىپ باغنى
ئارىلاپ تاماشا قىلىپتۇ، ھېرىپ كېتىپ،
بۇرۇن دادىسى دەم ئالىدىغان شىپاڭدىكى
سۇپىدا يېتىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇ بىر چۈش
كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ئۆزى بىر سۇپىدا ئاسمانغا
قاراپ ياتارمىش، بىر ۋاقىتتا بىر پەرىزات ئاس-
ماندىن پەسلەپ ئۇچۇپ ئۆتۈپ كېتىپ بارغۇ-
دەك، ئۇ پەرىزاتىنى كۆرۈپ ئاشىقى بىقارار
بولغانلىغىنى ئىزھار قىلىپ كەينىدىن ماڭغۇدەك.
قىزمۇ توختاپ: «مەنمۇ سېنى چۈشۈمدە
كۆرۈپ ئاشىق بولۇپ ئىزلەپ چىققان ئىدىم،
قارىسام مۇشۇ يەردە يېتىپسەن. ئەگەر سەن
ماڭا ھەقىقى ئاشىق بولساڭ كۈن چىقىشقا
قاراپ مېڭىۋەر، مېنى تاپىسەن» ـ دەپتۇ ـ دە،
ئىگىزلەپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. ئۆمەر ئىسىنى
يىغىپ: «توختاڭ، باققا چۈشۈپ مەن بىلەن
تاماشا قىلىڭ!» دەپ ۋاقىراپ، ئۆزىنىڭ
ئاۋازىدىن ئۆزى ئويغىنىپ كېتىپتۇ. شۇندىن
ئېتىۋارەن ئىشىق دەردىگە گىرىپتار بوپتۇ.
گىلىدىن غىزا ئۆتمەي مەيدىسىنى زەي يەرگە
چاپلاپ يېتىپ، چىرايى سارغىيىشقا باشلاپتۇ.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، پادىشا تەختتە
ئولتۇرۇپ مەرھۇم ۋەزىرىنى ئەسلەپ قاپتۇ
ۋە مەرھۇم ۋەزىرىنىڭ خوتۇنى ۋە بالىسىنى
ئوردىغا باشلاپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. ئۇزۇن
ئۆتمەي موماي بىلەن ئۆمەر ئوردىغا يېتىپ
كەپتۇ. پادىشا تەختتىن چۈشۈپ ئۇلار بىلەن
كۆرۈشۈپتۇ. پادىشا يەتتە ياشلىق بالىنىڭ
شۇنچىۋالا چوڭ يىگىت بولۇپ كەتكەنلىگىگە
ئەجەپلىنىپتۇ. پادىشا ئۆمەرنى يېنىدا ئولتۇر-
غۇزۇپ، بالىنىڭ چىرايىدىكى سېرىقلىقنى
كۆرۈپ تەئەججۈپلىنىپ ئوردا تېۋىپىغا كۆر-
سىتىپتۇ، تېۋىپ ئۆمەرنىڭ كېسىلىنى تاپالماي
«زېرىكىپ، ئىچى پۇشۇپ، سولىشىپ قالغاندە-
دەك تۇرىدۇ» دەپتۇ. پادىشا تېۋىپنىڭ گې-
پىگە ئىشىنىپ، ياخشى ئارغىماق، قىلىچ،

ئوقيا، نەيزە، قالقان ۋە تۆت دانە ئالتۇن-
دىن سوقۇلغان ساقا ئەكەلدۈرۈپ، بالىغا
ئىنئام قىپتۇ، مومايغا مىڭ تىللا بېرىپ
ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

ئۆمەر دەردىنى بېسىشىنىڭ ئىلاجىنى
قىلالماي، بەزىدە ئوۋغا چىقسا، بەزىدە كو-
چىدا ساقىسىنى دومىلىتىپ ئويناپ يۈرۈپتۇ.
بىر كۈنى ئۇ كوچىدا خىيال سۈرۈپ كېتىپ
بېرىپ ساقىسىنى دومىلىتىپتۇ، خىيالى باشقا
ياقتا بولغاچقا، ساقا دومىلاپ بېرىپ يىپ
ئىگىرىۋاتقان مومايىنىڭ چاقىغا تېگىپتۇ. ئۆمەر
بۇنى كۆرۈپ قاتتىق خىجىل بولۇپتۇ ۋە
مومايدىن ئەپۇ سوراپتۇ. مومايىنىڭ ئاچچىغى
يامان ئىكەن، ئەپۇ سورىغىنىغا ئۇنىماي،
ئۆمەرگە:

— ھۇ دادىسى يوق يېتىمەك، شۇ
بويۇڭ بىلەن ساقا ئويناپ يۈرگىچە بېرىپ
مەشۇقىڭنى تاپساڭ بولمامدۇ! — دەپ كايىپتۇ.
ئۆمەر «مېنىڭ ئاشىق ئىكەنلىگىمنى بۇ موماي
قانداق بىلىدىغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ
مومايدىن:

— موما، مەشۇقىمنى قانداق تاپە-
مەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئالدى بىلەن ئۆيگە بېرىپ، ئاناڭغا
قوماچ قورۇت، ئۆزەڭ ئۆگزىگە چىقىۋال. قوماچ
راسا قورۇلغاندا «ئانا ئۇچۇمۇڭ بىلەن تۈگ-
لۈكتىن سۇنۇپ بەر» دەپ تۇرۇۋال. ئۇنىمى-
سا، سەنمۇ ئۇنىما. ئاناڭ ئاخىرى ئۇنايدۇ.
قوماچنى ئوچۇمى بىلەن سۇنغاندا، ئاناڭنىڭ
قوماچ تۇتقان قولىنى مەھكەم تۇتۇۋال، ھەم
«دادامدىن ماڭا نىمە قالغان؟» دەپ سو-
راپ تۇرۇۋال. دەپ بەرمىگۈچە قولىنى
قويۇپ بەرمە. شۇنىڭدىن كېيىن دەرھال
كۈن چىقىشقا قاراپ ئاتلان! — دەپتۇ موماي.

ئۆمەر مومايغا تەشەككۈر بىلدۈرۈپ،

تۆت دانه ئالتۇن ساقىسنى مومايغا بېرىۋېتىپتۇ - دە، ئۇچقاندەك يۈگرەپ ئۆيگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇ مومايىنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە ئانىسىغا قوماچ قورۇتۇپ، ئۆزى ئۆگىزىگە چىقىپ، تۈڭلۈكتىن ماراپ تۇرۇپتۇ. قوماچ قورۇلۇپ بولغاندا:

— مۇشۇ تۈڭلۈكتىن ئوچۇمۇڭ بىلەن سۇنۇپ بەر، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

ئانىسى قىزىق قوماچنى ئوچۇمىدا ئېلىپ بالىسىغا تۈڭلۈكتىن سۇنۇپتۇ. ئۆمەر ئانىسىنىڭ قولىنى كاپپىدە تۇتۇۋېلىپ:

— دادامدىن ماڭا نىمە قالغان؟ — دەپ سوراپ تۇرۇۋاپتۇ. ئانىسى:

— قولۇمنى قويۇۋەت، قولۇم كۆيۈپ كەتتى، — دەپ ۋاقىراپ كېتىپتۇ. ئەمما ئۆمەر:

— دادامدىن ماڭا نىمە قالغان؟ — دەپ سوراپ تۇرۇۋاپتۇ. قولى كۆيۈپ كەتكەن ئانا نائىلاج:

— بالىخانىدىكى كونا ساندۇقتا بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتىكى بىر قىلىچ بار، داداڭدىن شۇ قىلىچ قالغان، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

ئۆمەر ئانىسىنىڭ قولىنى قويۇپ بېرىپ، بالىخانىدىكى كونا ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئاچسا كۆمۈش غىلاپلىق، ئالتۇن ساپلىق بىر غېرىچچە كەلگىدەك بىر قىلىچ تۇرغىدەك، ئۇنىڭ «بۇنى قانداقمۇ قىلىچ دىگىلى بولسۇن، بۇ بىر پىچاقكەنغۇ» دەپ كۆڭلى غەش بوپتۇ، ئەمما ئۇ: «بۇ پىچاقنى ئانام قىلىچ دىدى، بۇ يەردە بىر سىر بار. بۇنى ئانامدىن يەنە سوراي» دەپ تۇرۇشىغا، ئانىسى شوتىدىن ئۆمىلەپ ئۆگزىگە چىقىپ:

— جىنىم بالام، سەن كىچىك. بۇ قىلىچنى يېنىڭغا ئاسما، — دەپ بالىسىغا يېلىنىپتۇ. ئۆمەر بۇ گەپتىن تېخىمۇ تەئەججۇپلىنىپ:

— ئانا، بۇ پىچاقنىڭ نىمە خاسىيىتى بار؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بالام، داداڭنىڭ دەپ بېرىشىچە بۇ قىلىچنىڭ ئىككى تۈرلۈك خاسىيىتى بار ئىكەن. بىرسى بۇ قىلىچ بىر سىلكىسە قىرىق گەز ئۇزۇرايدىكەن. يەنە بىرسى، بۇ قىلىچنى كىمدە - كىم يېنىغا ئاسىدىكەن، ئاسقان ۋاقىتتىن باشلاپ، شۇ كىشىنىڭ جېنى بۇ قىلىچقا ئۆتۈپ كېتىدىكەن. سەن بۇ قىلىچنى ئاسساڭ بولمايدۇ. ئەكەل بالام، ساندۇققا سېلىپ قوياي. بۇ قىلىچ ھامان سېنىڭكى. چوڭ بولغىنىڭدا بېرەي، — دەپتۇ ئانىسى.

ئۆمەرنىڭ قۇلىقىغا بۇ گەپ كىرمەپتۇ. قىلىچنى يېنىغا ئېسىپ، غىلاپتىن چىقىرىپ بىر سىلكىگەن ئىكەن. قىرىق گەز ئۇزۇراپتۇ. بۇنى كۆرۈپ ئۆمەر قىن - قىنىغا پاتماي خوشال بولۇپ كېتىپتۇ ۋە قىلىچنى غىلاپقا سېلىپ ئانىسىغا:

— بۇ قىلىچنى ئاسقىنىم ئاسقان، مېنىڭ ئىسمىم بۈگۈندىن ئېتىۋارەن «قىلىچ ئۆمەر»، ئەتە مەن يىراق سەپەرگە ئاتلىنىمەن. مېنىڭ سەپەردىكى يىمەك - ئىچمىكىمنى تەييارلاپ بەرگىن! — دەپتۇ.

ئانىسى ئوغلىنى رايىدىن ياندۇرالماي نائىلاج ئوغلىنىڭ دىگىنىنى قىلىشقا كىرىشىپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە قىلىچ ئۆمەر ئانىسى تەييارلاپ بەرگەن بىر خورجۇن نان بىلەن ئىككى تۇلۇمدىكى سۇنى پادىشا بەرگەن ئارغىمىقىغا ئارتىپ، پادىشا بەرگەن قورال - ياراقلىرىنى ئېسىپ ئاتقا مىنىپتۇ. ئانىسىنىڭ «خوش بالام، سالامەت قايتىپ كەلگەيسەن، سېنى ئاللاغا تاپشۇردۇم» دىگەن دۇئالىرىنى ئاڭلاپ، «چۇھ» دەپ ئاتقا قامچا ساپتۇ.

قىلىچ ئۆمەر بىر نەچچە كۈن يول يۈرۈپتۇ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپتۇ. يۈرۈپ - يۈرۈپ بىر پايانسىز چۆلگە كىرىپ قاپتۇ، چۆل ئىچىدە بىر-

نەچچە كۈن يول يۈرگەندىن كېيىن ئېتى ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ قاپتۇ. ئۇ خورجۇن قاچىلىرىنى يۈدۈپ داۋاملىق يول يۈرۈپتۇ. ئۈنلىرى تۈگەپ، سۇلىرى ئاز قاپتۇ. بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قارىسا، يىراقتا بىر نىمە ئاپپاق پارقىراپ كۆرۈنۈپتۇ. «ئېھتىمال سۇ بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ، قەدىمىنى تېزلىتىپ، پارقىرىغان تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. بىر ھازا ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يېتىپ بېرىپ قارىسا بىر شورلۇق دۆڭ ئىكەن. ئۇنىڭ تۈۋىدە بىر يىگىت ھوشسىز ياتقان ئىكەن. قىلىچ ئۆمەر ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، يۈرىكىنى سىلاپ باقسا، يۈرىكى بىلىنەر - بىلىنمەس سوقۇۋاتقان ئىكەن. ئۇ دەرھال تۇلۇمدىكى سۇدىن ئۇ يىگىتنىڭ ئاغزىغا تېمىتىپتۇ. يىگىت ئاستا - ئاستا ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئېچىپتۇ. ئۇلار بىر - بىرىدىن ھال - ئەھۋال سورۇشۇپتۇ. ئەھۋاللىشىپ مۇڭدىشىپتۇ. ئۇ يىگىت: «بىز ئاكا - ئۇكا بولايلى!» دەپ تەكلىپ بېرىپتۇ. قىلىچ ئۆمەرمۇ رازى بوپتۇ. ياش سورۇشتۇرسە، ئۇ يىگىت قىلىچ ئۆمەردىن خېلىلا چوڭ ئىكەن. ئۇلار قەسەم قىلىشىپ، ئاكا - ئۇكا بولۇشۇپ بىرلىكتە كۈن چىقىشقا قاراپ داۋاملىق يولغا راۋان بوپتۇ. يول ئۈستىدە قىلىچ ئۆمەر ئاكىسىغا قوراللىقنى، يۇلتۇز ساناشنى ئۆگىتىپتۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ ۋە ئاكىسىنىڭ يۇلتۇزىنى كۆرسىتىپ قويۇپتۇ.

ئۇلار شۇنداق كېتىشىۋېتىپ يەنە بىر دۆڭنىڭ تۈۋىدە ھوشىدىن كېتىپ ياتقان بىر يىگىتنى ئۇچرىتىپتۇ. ئۇنىڭمۇ تىنىقى توختىمىغان ئىكەن. ئۇنىڭمۇ ئاغزىغا سۇ تېمىتىپ ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ. ھال - مۇڭ ئېيتىشىپتۇ. ئۇ يىگىتمۇ «ئاكا - ئۇكا بولايلى!» دەپ تەكلىپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭ يېشىنى سورۇشتۇرسە، ئۇ ئوتتۇرانچى ئاكا بولۇشقا توغرا كەپتۇ. بۇ ئۈچ يىگىت قەسەم قىلىشىپ ئاكا - ئۇكا بولۇشۇپتۇ. بۇلار بىر نەچچە كۈن يول يۈرۈپ بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. قارىسا شەھەر خەلقى ماتەم كىيىمى كىيىشكەن، يىغا - زارە قىلىشىۋاتقان ئىكەن. ئۇلار شەھەرنىڭ چەترەكىدىكى بىر ئۆيگە كىرىپتۇ، ئۆيدە بىر موماي بار ئىكەن. ئۇلار مومايغا سالام بېرىپتۇ. موماي:

— سىلەر مۇساپىر ئوخشايسىلەر - ھە، — دەپتۇ ۋە تۆرگە باشلاپ چاي بېرىپتۇ. بۇلار چاي ئىچكەچ شەھەردە كۆرگەن ئەھۋالنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ. موماي:

— بۇنىڭدىن قىرىق يىل ئىلگىرى شەھىرىمىزگە بىر ئەجدىھار كېلىپ، خەلقنى دەم تارتىپ يىگىلى تۇردى. پادىشايىمىز نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن چىقىپ ئەجدىھار بىلەن جەڭ قىلىپ تەڭ كېلەلمەي، ئەجدىھارغا يالۋۇردى. ئەجدىھار ھەر قىرىق كۈندە بىر قوي بىلەن بويىغا يەتكەن قىزدىن بىرنى تاقسا ئەۋەتىپ بەرسە شەھەرگە كىرمەيدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى. پادىشامۇ، خەلقمۇ بۇنىڭغا نائىلاج كۆندى. شۇندىن بېرى بۇ ئىش داۋاملىشىپ كەلدى، — قىرىق يىلدىن بۇيان تالاي - تالاي قىزلار ئەجدىھارغا يەم بولۇپ كەتتى. بۇ قېتىمقى نۆۋەت پادىشانىڭ يالغۇز قىزىغا كەلگەن. مەلىكىمىز ئاي دېسە ئاغزى بار، كۈن دېسە كۆزى بار، پەرىشتىدەك بىر قىز ئىدى. خەلق ئەنە شۇنىڭغا يىغلايدۇ، — دەپ ئەھۋالنى بايان قىپتۇ. قىلىچ ئۆمەر:

— مەن بېرىپ ئۇ ئەجدىھارنى ئۆلتۈرىمەن، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. موماي:

— بالام، نادانلىق قىلما، ساڭا ئوخشاش نى - نى پالۋانلار ئەجدىھار بىلەن

ئېلىشالماي، ئەجدىھارغا يەم بولۇپ كەتكەن.
ياش ئۆمرۈڭنى نابۇت قىلما، ــ دەپ توسۇپ ـ
تۇ. قىلىچ ئۆمەر بۇ گەپلەرگە پىسەنت قىل ـ
ماي تاققا قاراپ راۋان بوپتۇ.

قىلىچ ئۆمەر تاغ باغرىغا بېرىپ قا ـ
رىسا، بىر ئەجدىھار ئىككى تاغنىڭ ئوتتۇ ـ
رىسىدا يەنە بىر تاغدەك بولۇپ ياتقۇدەك،
يەنمۇ يېقىنراق بېرىپ قارىسا، بىر قىز بىر
قوينى يېنىدا تۇتۇپ يىغلاپ ئولتۇرغىدەك،
قىلىچ ئۆمەر قىزنىڭ قېشىغا بېرىپ:

ــ مەن ئەجدىھارنى ئۆلتۈرۈپ سىزنى
ۋە شەھرىڭىزدىكى خەلقنى قۇتقۇزۇشقا كەل ـ
دىم، ــ دەپتۇ.

قىز بۇ يىگىتنىڭ ناھايىتى چىرايلىق ـ
لىقىنى كۆرۈپ، يىگىتكە ئىچى ئاغرىپتۇ ھەم:
«بۇ ئۆلۈم مېنىڭ پىشانەمگە پۈتۈلگەن ئوخ ـ
شايدۇ. سىز قايتىپ كېتىڭ!» دەپ قىلىچ
ئۆمەرنى ياندۇرماقچى بوپتۇ. قىلىچ ئۆمەر
ئۇنىمايتۇ. ئۇ: «كىيىملىرىمىزنى ئالماشتۇ ـ
رايلى» دەپ قىزنىڭ كىيىمىنى ئۆزى كى ـ
يىپ، ئۆزىنىڭ كىيىمىنى قىزغا كىيدۈرۈپتۇ.
ئەجدىھارنىڭ ئەھۋالىنى سوراپتۇ. قىز:

ــ ئەجدىھار ھەر قېتىم بىر قىز بىلەن
بىر قوينى يېگەندىن كېيىن قىرىق كېچە ـ
كۈندۈز ئۇخلايدۇ. ئويغىنىدىغان ۋاقتىدا ئۈچ
قېتىم سىلكىنىدۇ. ھازىر بىر قېتىم سىلكىنىپ
بولدى. بىر ئاش پىشىمدا بىر قېتىم سىل ـ
كىنىدۇ، ــ دەپتۇ.

ــ مەن يىراقتىن كەلدىم، ــ دەپتۇ
قىلىچ ئۆمەر، ــ مەن سىزنىڭ تىزىڭىزغا
بېشىمنى قويۇپ كىچىككىنە ئۇخلاپ ئالاي.
ئەجدىھار ئىككىنچى قېتىم سىلكىنىپ بول ـ
غاندا مېنى ئويغىتىپ قويۇڭ! ــ دەپ قىزنىڭ
تىزىغا بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

بىر ئاش پىشىمغا يېقىن ۋاقىت ئۆتـ ـ
كەندىن كېيىن ئەجدىھار ئىككىنچى قېتىم
سىلكىنىپتۇ. قىز قورقۇنچلۇقتا تىزىدا ئۇخ ـ
لاۋاتقان يىگىتنى ئۇنتۇپ، ئۇن گۈلنىڭ
بىر گۈلىمۇ ئېچىلماي تۇرۇپ، ياش ئۆمرى ـ
نىڭ خازاڭ بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ يىغلاپ
كېتىپتۇ. قىزنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياشتىن
بىر تامچىسى قىلىچ ئۆمەرنىڭ يۈزىگە چۈ ـ
شۈپتۇ. قىلىچ ئۆمەر چۆچۈپ ئويغىنىپتۇ.
قارىسا قىز يىغلاۋاتقان. قىز يىگىتنىڭ ئۆز
تىزىدىن باش كۆتىرىپ ئولتۇرغانلىقىنى
كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ جان قايغۇسىدا يىگىتنى
ئۇنتۇپ قېلىپ يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى، ھازىر
ئەجدىھارنىڭ ئىككىنچى قېتىم سىلكىنىپ
بولغانلىقىنى يىگىتكە سۆزلەپ بېرىپتۇ. قىلىچ
ئۆمەر قىزغا:

ــ سىز قوينى ئېلىپ دەرھال تاغدىن
چۈشۈپ كېتىڭ، مەن بۇ ئېيىلاننىڭ جاجى ـ
سىنى بېرەي، ــ دەپ قىزنى پەسكە چۈشۈ ـ
رۈۋېتىپتۇ. قىز «نىمە ئىشلار بولاركىن؟»
دەپ تاغ باغرىدىكى يوغان بىر قورام تاش ـ
نىڭ دالدىسىدا ماراپ تۇرۇپتۇ.

قىلىچ ئۆمەر خاسىيەتلىك قىلىچنى
قىنىدىن چىقىرىپ سىلكىپ ئۇزارتىپتۇ ۋە
ئۇنى قوسىغىغا مەھكەم تېڭىپتۇ. شۇ ئارىلىقتا
ئەجدىھار ئۈچىنچى قېتىم سىلكىنىپ كۆزىنى
ئېچىپتۇ. قارىسا ئالدىدا قىز بالىنىڭ كى ـ
يىمىنى كىيگەن قىلىچ ئۆمەر تۇرغان. ئەج ـ
دىھار خوشاللىقىدا قاقاخلاپ كۈلۈپ كېتىپ:

ــ ھەي يىگىت! قىز بالىنىڭ كىيىمىنى
كىيىۋاپسەن. مەن بۇنىڭدىن قىرىق يىل
ئىلگىرى سېنى چۈشۈمدە كۆرۈپ، سەن
بىلەن جەڭ قىلماقنى ئارزۇ قىلىپ يۈرەتـ ـ
تىم. بۈگۈن ئۆزەڭ مېنى ئىزلەپ كەپسەن.
مەن بىلەن مەيدانغا چىقىپ ئېلىشىشقا رازىمۇ ـ
سەن؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ مەن رازى، شۇنىڭ ئۈچۈن سەن
بىلەن جەڭ قىلاي دەپ دەرگاھىڭغا كەل ـ

دىم، — دەپتۇ قىلىچ ئۆمەر.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ ئەجدىھار، — سەن ئۇستۇڭدىكى قىزچە كىيىمنى سېلىۋەت. ئۆلسەممۇ ئوغۇل بالىنىڭ قولىدا ئۆلەي. سەن ئۆلسەڭمۇ ئوغۇل بالىدەك ئۆل! — دەپتۇ.

— ئەگەر سېنىڭ مۇددىئايىڭ شۇ بولىدىغان بولسا، سېلىۋەتسەم، سېلىۋەتتىم، — دەپتۇ قىلىچ ئۆمەر ۋە قىزنىڭ كىيىمنى سېلىپ تاشلاپ جەڭگە تەييار بوپتۇ.

ئەجدىھار ئاغزىنى يوغان ئېچىپ قىلىچ ئۆمەرنى دەم تارتىپتۇ. قىلىچ ئۆمەر مىدىرلىمۇ قويماپتۇ. ئەجدىھار كۆزنى ئېچىپ قارىسا، رەقىبى مىدىر-سىدىر قىلماي تۇرغىدەك. ئىككىنچى قېتىم تۈگۈلۈپ تۇرۇپ كۈچەپ دەم تارتىپتۇ. قارىسا ئۇ يەنە مىدىر-سىدىر قىلماي تۇرغىدەك. ئەجدىھار دەرغەزەپ بولۇپ ئۈچىنچى قېتىم دەم تارتىپتۇ. قىلىچ ئۆمەرمۇ مۇشۇنى كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن. ئۆزىنى قويۇۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەجدىھارنىڭ ئاغزىدىن كىرىپ قۇيرۇغىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

ئەجدىھار كۆزنى ئېچىپ قارىسا، ئالدىدا يىگىت يوق. يۇتۇۋېتىپتىمەن دەپ خوشال بولۇپ تۇرسا، يىگىت ئەجدىھارنىڭ ئالدىدا يەنە پەيدا بولۇپتۇ. ئەجدىھار:

— ھەي يىگىت، تىرىكمۇسەن، ئۆلدۈڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن ئۆلمىدىم. سەن ئۆلدۈڭ. ئىشەنمىسەڭ سىلكىنىپ باق، — دەپتۇ قىلىچ ئۆمەر.

ئەجدىھار بىر سىلكىنگەن ئىكەن، كاسا قىلىنغان قوغۇندەك ئىككى پارچە بولۇپ كېتىپ جېنى چىقىپتۇ. بۇنى كۆرگەن قىز قوينى تاشلاپ، چۈشۈپ قالغان كەشگە قا-رىماي ئوردىغا يۈگرەپتۇ. قىزنىڭ ئوردىغا قايتىپ كەلگەنلىگىنى كۆرگەن پادىشا «ئەجدىھار تاغدىن چۈشۈپ شەھەرنى ۋەيران قىلىۋېتىدىغان بولدى»، دەپ قورقۇپ كېتىپ، دەرھال قىزنى تۇتۇپ ئەجدىھارنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ تاشلاشقا ئەمر قىپتۇ. جاللاتلار قىزنى تۇتۇپ ئەجدىھارنىڭ ئالدىغا سۆرەپ مېڭىپتۇ. قىز:

— دادا، مېنىڭ ئىككى ئېغىز گېپىمنى ئاڭلا! بىر مۇساپىر يىگىت ئەجدىھارنى ئۆلتۈرۈپ مېنى ۋە بۇندىن كېيىن ئەجدىھارغا يەم بولۇشنى كۈتۈپ غەمدە تۇرغان پۈتۈن قىزلارنى ئازات قىلدى. ئىشەنمىسەڭ راۋاقتا چىقىپ قاراپ باق، — دەپتۇ.

پادىشا قىزنىڭ گېپىگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، راۋاقتا چىقىپ قارىسا، ئەجدىھار ياتقان تاغ قىپ-قىزىل قانغا بويىلىپ كەتكەن. ئەجدىھارنىڭ تېنى ئىككى پارچىغا بۆلۈپ تاشلانغان. پادىشا خوشاللىقىدىن راۋاقتىن ئۇچقاندەك چۈشۈپ جاكاچىلارغا شەھەر دەرۋازىسىدىن تارتىپ تاقىچە پاياندار سېلىشنى، شەھەر خەلقىنىڭ كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ، بۇ باتۇرنى قارشى ئېلىشنى جاكالاشنى بۇيرۇپتۇ. ئۆزى ھازا كىيىملىرىنى سېلىپ، پادىشالىق تونىنى كىيىپ، ۋەزىر-ئەمەلدارلىرىنى ئېلىپ يىگىتنى قارشى ئېلىشقا مېڭىپتۇ. قىلىچ ئۆمەرمۇ قايتىپ كېلىپ، سۇت بىلەن يۇيۇنۇپ ئەجدىھارنىڭ زەھىرىنى تازىلاپ ئاكىلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرۇشىغا پادىشامۇ يېتىپ كېلىپ ئۇنى ئوردىغا باشلاپتۇ. شەھەر خەلقى بۇلارنى تازىم بىلەن كۈتۈپ ئاپتۇ. پادىشا باتۇرلارنى ئوردىغا باشلاپ كېلىپ كاتتا زىياپەت بېرىپتۇ ھەمدە پۈتۈن شەھەر خەلقىگە قىرىق كېچە-كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپتۇ. قىرىق بىرىنچى كۈنى پادىشا بۇ

باتۇرلار بىلەن چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ، قىلىچ ئۆمەرگە ئۆزىگە كۈيئوغۇل بولۇشنى تەكلىپ قىپتۇ. قىلىچ ئۆمەر پادىشادىن:

— سىلەرنىڭ بۇ شەھەردە كۈيئەكىنى ياقىسىدىن كىيەمدۇ ياكى ئېتىگىدىنمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ياقىسىدىن كىيىمىز، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ پادىشا.

— ئۇنداقتا، مېنىڭ ئاكىلىرىم تۇرغان يەردە مەن ئۆيلىنىۋالسام بولمايدۇ. بۇ قىز چوڭ ئاكامنىڭ بولسۇن! — دەپتۇ قىلىچ ئۆمەر.

پادىشامۇ رازى بولۇپ، يەنە قىرىق كېچە-كۈندۈز توي ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. قىرىق بىرىنچى كۈنى چوڭ ئاكىسى ئىككى ئىنىسىنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپتۇ. ئۈچ ئاكا-ئۇكا قىزغىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. كەچ بولغاندا قىلىچ ئۆمەر چوڭ ئاكىسىغا بىر قاچا سۈت ئەكەلدۈرۈپ تورۇسقا ئېسىپتۇ ۋە چوڭ ئاكىسىغا:

— ئەتە ئوتتۇرانچى ئاكام بىلەن يولغا چىقىمىز، سىز ھەركۈنى ئەتىگەندە سۈتكە قاراپ قويۇڭ. ئەگەر سۈتنىڭ رەڭگى بۇزۇلمىسا، مېنى سالامەت ئىكەن دەپ بىلىڭ؛ سۈت رەڭگى يىرىڭ رەڭگىگە ئايلانسا ھاياتى خەۋپ ئاستىدىكەن، دەپ بىلىڭ. ئەگەر سۈتنىڭ رەڭگى قان رەڭگىگە ئايلانسا، ئۇكامنىڭ جېنى يوقكەن، دەپ بىلىڭ ۋە مېنى ئىزلەپ چىقىڭ! — دەپ تاپىلاپ خوشلىشىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ئەتىسى بولار سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. پادىشا ئۇلارغا ئىككىدىن ئات يوللۇق تۇتۇپ:

— بىرىگە مىنىڭلار، بىرىگە ئوزۇق-تۈلۈك ۋە سۇ قاچىلانغان تۇلۇمنى ئارتىڭلار! — دەپتۇ.

پادىشا، چوڭ ئاكا ۋە پۈتۈن شەھەر خەلقى شەھەر دەرۋازىسىنىڭ سىرتىغىچە چىقىپ ئاكا-ئۇكىلارنى قىزغىن ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

بۇ ئىككى ئاكا-ئۇكا چۆل كېزىپ، تاغ ئېشىپ، دەريا كېچىپ يول يۈرۈپتۇ. ئاتلىرى ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپتۇ. بۇلار يولنى پىيادە داۋاملاشتۇرۇپتۇ. يول يۈرگەچ قىلىچ ئۆمەر ئاكىسىغا قورالۋازلىقنى، دەريا باغلاشنى ئۆگىتىپتۇ. ئۇلار توپ-توغرا قىرىق كۈن بولغاندا، چىڭقى چۈش ۋاقتىدا بىر شەھەرگە كىرىپ بېرىپتۇ. شەھەرگە كىرسە بىرمۇ ئادەم يوق، ھەممە ئىشىكلەر تاقاقلىق. بۇلار ھەيران بولۇپ، ئۇ ئىشىككە، بۇ دەرۋازىغا قارىشىپ كېتىشىپبارسا، بىر ئۆيدىن باشتىن-ئاياق قارا كىيىم كىيگەن بىر بوۋاي يۈگرەپ چىقىپ، بۇلارنىڭ قوللىرىدىن يېتىلىگەنچە ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ كېتىپتۇ. يىگىتلەر بۇ ئەھۋالدىن ئەجەپلىنىپ بوۋايدىن سەۋەبىنى سوراپتۇ.

— بىزنىڭ بۇ شەھىرىمىزنى بۇنىڭدىن سەكسەن يىل ئىلگىرى يەتتە قارا دىۋە بېسىۋالغان ئىكەن. ئۇلار پۈتۈن شەھەر خەلقىنى قارا كىيىم كىيىشكە مەجبۇر قىلغان. بۇلار كۈندۈزى ئۇخلاپ كېچىسى ئوۋغا چىقىدۇ. تالا-تۈزدە ئۇچرىغانلىكى ئادەمنى تۇتۇپ يەيدۇ. پۇقرالار بۇياقتا تۇرسۇن، پادىشامۇ قارا كىيىم كىيىپ ئوردىسىدىن چىقالماي ياتىدۇ، — دەپتۇ بوۋاي. بۇنى ئاڭلىغان قىلىچ ئۆمەرنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ، دەرھال بېرىپ دىۋىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، خەلقنى ئازاتلىققا چىقارماقچى بوپتۇ. بوۋاي يىگىتنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ

— سەن راستىلا شۇ دىۋىلەرنى ئۆلتۈرەلەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— چوقۇم ئۆلتۈرىمەن، — دەپتۇ قىلىچ ئۆمەر.

— ئۇنداق بولسا گېپىمنى ئاڭلا، — دەپتۇ بوۋاي، — مۇشۇ يول بىلەن مېڭىۋەرسەڭ، تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدا ئىككى قاناتلىق چوڭ بىر قارا دەرۋازا بار. دەرۋازىنىڭ ھەر بىر قانىتىنى ئۈچتىن ئالتە دىۋە پۇتلىرى بىلەن تىرەپ تاقاپ ياتىدۇ. بۇلار كىچىكرەك دىۋىلەر. سەن بارغاندىن كېيىن بىر قاناتنى تاقاپ ياتقان دىۋىلەرنىڭ پۇتلىرىنى قىچىقلىساڭ، ئۇلار پۇتلىرىنى يىغىۋالىدۇ. سەن دەرۋازىنى قىيا ئېچىپ كىرىپلا دەرۋازىنى تاقاپ ياتقان ئالتە دىۋىنىڭ كاللىسىنى ئال. دەرۋازىنىڭ ئۇدۇلىدا ئىككى قەۋەتلىك چوڭ بىر بىنا بار. ئىككىنچى قەۋەتكە چىقساڭ، چوڭ سارايدا دىۋىلەرنىڭ باشلىقى چوڭ دىۋە بار. ئۇ ھەددىدىن زىيادە چوڭ. ئىلاجى بار بىر قىلىچ چېپىپلا ئۆلتۈرۈۋەت. ناۋادا جېنى چىقماي قالسا، ئىككىنچى قېتىم قىلىچ ئۇرما. ئەگەر ئىككىنچى قېتىم قىلىچ ئۇرساڭ دىۋىنىڭ بىر تامچە قېنىدىن مىڭ دىۋە پەيدا بولىدۇ-دە، ئۇلارغا تاقابىل تۇرالماي قالىسەن، — دەپ جېكىلەپتۇ.

قىلىچ ئۆمەر بوۋاينىڭ دەپ بەرگىنى بويىچە بىر دەمدىلا ئالتە دىۋىنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، دېمىنى روسلىۋېلىپ، قەۋەتلىك بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە چىقىپ، چوڭ سارايىنىڭ ئىشىگىنى ئېچىپ كىرسە، پەرىز قىلغىنىدىنمۇ نەچچە ھەسسە چوڭ بولغان، كۆزلىرى جامدەك، بۇرۇن-تۆشۈكلىرى موردەك، قاپ-قارا، بەكمۇ سەت بىر دىۋە ياتقۇدەك. ئۇ ئۇخلىمىغان بولۇپ، قىلىچ ئۆمەرنى كۆرۈپلا ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىپتۇ. قىلىچ ئۆمەر ئالدىن تەييارلاپ قويغان قىرىق گەزلىك قىلىچنى دىۋىنىڭ بويىنىغا كۈچ بىلەن ئۇرۇپتۇ. شۇنچىۋالا زور كۈچ بىلەن چېپىلغان قىلىچ، ئۇنىڭ دولىسىدىن كېسىپ، كۆكرىگىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىلىپ توختاپ قاپتۇ. قىلىچ ئۆمەر قىلىچنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، كەينىگە ئۆرۈلۈپ ماڭاي دەپ تۇرسا دىۋە:

— سەن بىر نامەرت ئىكەنسەن، ياكى مىنى چاپماي قويمۇدۇڭ. چاپقاندىن كېيىن مىنى چالا ئۆلۈك تاشلاپ چىقىپ كەتمەي، ئۆزۈل-كېسىل ئۆلتۈرۈۋېتىپ چىقىپ كەتمەمسەن! جېنىم بەك قىينىلىپ كەتتى، — دەپ يىغلاپتۇ. قىلىچ ئۆمەر بۇ قارا دىۋىنىڭ نامەرت دىگەن گېپىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى باسالماي قىلىچنى قىنىدىن چىقىرىپ بىر سىلكىپ قىرىق گەزگە ئۇزارتىپ، دىۋىنى چېپىش ئۈچۈن قىلىچنى شۇنداق كۆتىرىشكە دىۋە خوشاللىقىدىن قاقاخلاپ كۈلۈپ تاشلاپتۇ. قىلىچ ئۆمەر بۇ كۈلكىنى ئاڭلاپ تاڭ قېتىپ تۇرۇپ قېلىپ، بوۋاينىڭ دىگەنلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ، قىلىچنى قىنىغا سېلىپ، كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۇدۇل چىقىپ كېتىپتۇ. دىۋە ئىڭراپ يېتىپ قاپتۇ. قىلىچ ئۆمەر دىۋىلەرنىڭ ئوردىسىدىن چىقىپ بوۋاينىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ. بوۋاي قىلىچ ئۆمەردىن:

— ئۆلتۈردۈڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

قىلىچ ئۆمەر:

— ھەئە، ئۆلتۈردۈم. ئەمما چوڭ دىۋە ئېغىر زەخمە يىدى، ئەتىگىچە قانسىراپ ئۆلسە كېرەك، — دەپ جاۋاپ بىرىپتۇ.

بوۋاي تاماق پىشۇرۇپ تۇرغان ئىكەن. بوۋاي پىشۇرغان تامىقىنى يىگىتلەرنىڭ ئالدىغا قويۇپ:

— سىلەر تارتىنماي قوسىقىڭلارنى تويغۇزۇۋېلىڭلار. مەن بىرىپ پادىشاغا خەۋەر قىلاي، — دەپ ئۆيدىن چىقىپتۇ. بوۋاينىڭ يولى دىۋىلەرنىڭ ئوردىسىنىڭ ئالدىدىن

ئۆتىدىكەن. شۇڭا ئۇ دىۋىلەرنىڭ ئوردىسىغا
كىرىپ ھەقىقى ئەھۋالنى كۆرۈپتۇ ۋە خوشال-
لىقىدىن پادىشاغا خۇشخەۋەر يەتكۈزۈش
ئۈچۈن ئوردىغا قاراپ يۈگرەپتۇ، ئۆزى
ئالدىغا كەتسىمۇ پۇتى كەينىدە قاپتۇ، شۇن-
داق يۈگرەپ پادىشانىڭ ئوردىسىغا يېتىپ
كەپتۇ. ئەمما دەرۋازىنى مۇشلاپ، تىۋۋلاپ،
زادى ئاچتۇرالماپتۇ. ئوردا ئىشىگىنى ساق-
لاۋاتقان نامى چىققان پالۋانلارمۇ دەرۋازىنى
ئېچىشقا جۈرئەت قىلالماي، شوتا قويۇپ
تامدىن مارىسا بىر بوۋاي تۇرغىدەك.
— نىمە گېپىڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ
پالۋانلار.
بوۋاي:
— دەرھال دەرۋازىنى ئېچىڭلار. پادى-
شاغا دەيدىغان خۇشخەۋىرىم بار، — دەپتۇ.
پالۋانلار دىر-دىر تىترىشىپ، دەرۋازىنىڭ
كىچىك ئىشىگىنى قىيا ئېچىپ، بوۋايىنى
كىرگۈزۈپلا يەنە ئىتتىك تاقىۋاپتۇ. پادىشانىڭ
ئوردىسى ئىككى قاتار ئون ئالتىدىن ئوتتۇز
ئىككى تۈۋرۈكى بار زور ساراي ئىكەن.
بوۋاينىڭ خوشاللىقىدىن كۆزىگە ھىچنىمە
كۆرۈنمەي، ئۇدۇل بېرىپ بىرىنچى تۈۋرۈككە
ئۈسسۈپ ساپتۇ. ئۇنىڭدىن قاڭقىپ چىقىپ
ئىككىنچى تۈۋرۈككە ئۈسسۈپ ساپتۇ. شۇنداق
قىلىپ پادىشانىڭ ئالدىغا يېتىپ بارغىچە
ئوتتۇز ئىككى تۈۋرۈكنىڭ ھەممىسىگە ئۈس-
سۈپ، قىپ-قىزىل قان بولۇپ كېتىپتۇ،
پادىشا شۇنداق قارىغۇدەك بولسا، قىپ-قى-
زىل قانغا بويۇلۇپ كەتكەن بىر مەخلۇق
ئالدىدا تۇرغان. بۇنى كۆرۈپ پادىشانىڭ
جېنى چىقىپ كەتكىلى تاس قاپتۇ ۋە:
— نىمە... نىمە ئادەمسەن؟ نىمانچە
قانغا بويۇلۇپ كەتتىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.
بوۋاي ئەھۋالنى مەلۇم قىلىپتۇ.
پادىشا داڭدار پالۋانلىرىدىن ئىككىسىنى

بوۋايىغا قوشۇپ، ھەقىقى ئەھۋالنى بىلىپ
كېلىشكە يولغا ساپتۇ. بۇ پالۋانلار قورقۇپ،
بوۋاينىڭ دالدىسىدا مېڭىپ، دىۋىلەرنىڭ
ئوردىسىغا يېتىپ كەپتۇ. بوۋاي دەرۋازىدىن
كىرگەن بولسىمۇ، بۇلار قورقۇپ كىرىشەل-
مەي تۇرۇپ قاپتۇ. بوۋاي ئۇلارنىڭ قولى-
دىن تارتىپ دەرۋازىنىڭ ئىچىگە ئېلىپ
كىرىپ ئالتە دىۋىنىڭ ئۆلۈگىنى كۆرسىتىپتۇ.
پالۋانلار دىۋىلەرنىڭ ئۆلۈگىنى كۆرگەندىن
كېيىن بىرئاز يۈرىگىنى توختىتىشىپ، بو-
ۋاينىڭ كەينىدىن بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋى-
تىگە چىقىشىپتۇ. قارىسا چوڭ دىۋە ئۆلمىگەن.
چوڭ دىۋە بۇلارنى كۆرۈپ: «بىر نامەرت
مېنى يېرىم جان قىلىپ تاشلاپ كەتتى.
جېنىم بەك قىينىلىپ كەتتى. قايسىڭلار مەرت
بولساڭلار يەنە قىلىچ سېلىپ جېنىمنى ئېلىپ
بۇ زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرساڭلار، كۆزۈم ئوچۇق
كەتمىسە، — دەپ يېلىنىپ يالۋۇرۇپتۇ، پال-
ۋانلارنىڭ ئىچىدىكى يۈرەكلىكرەكى قىلىچنى
قىنىدىن چىقىرىپ دىۋىنى شۇنداق بىر چاپ-
ماقچى بولغان ئىكەن، بوۋاي ئۇنى غەزەپ
بىلەن شۇنداق ئىتتىرىپتىكى، ئۇ پالۋان
كەينىدىكى پالۋانغا سوقۇلۇپ، ئىككىسى بىر-
لىكتە ئىككىنچى قەۋەتتىن يەرگە دومىلاپ
چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئورنىدىن قوپۇپلا،
ئالدى كەينىگە قارىماي، ئۇدۇل ئوردىغا
قاراپ يۈگرەپتۇ. ئوردىنىڭ ئىشىگى ئېچىلىشى
بىلەن تەڭ بۇلارمۇ ئوردىنىڭ ئىچىگە ئۆ-
زىنى ئېتىپتۇ ۋە تەڭلا تۈۋرۈككە ئۈسسۈپ
ساپتۇ. قاڭقىپ چىقىپ، بىر-بىرىگە ئۈس-
سۈپتۇ. يەنە قاڭقىپ تۈۋرۈككە، يەنە قاڭقىپ
بىر-بىرى بىلەن ئۈسسۈشۈپ، پادىشانىڭ
ئالدىغا يېتىپ بارغىچە ھىلىقى بوۋايدىنمۇ
بەتتەر قان بولۇپ كېتىپتۇ. پادىشا بۇلارنى
كۆرۈپ قورقۇپ كېتىپ:
— نىمە گەپ؟ نىمە بولدۇڭلار؟ — دەپ

سوراپتۇ.

بۇ ئىككى پالۋان تەڭلا:

— بىزنىڭ نىمە بولغانلىغىمىزنى سو-
رىمىسىلا پادىشاھى ئالەم، بوۋاينىڭ دىگىنى
راست ئىكەن. دىۋىلەر راستىن ئۆلۈپتۇ، —
دىيىشىپ ھوشىدىن كىتىپ يىقىلىپتۇ، ئاڭغىچە
بوۋايمۇ يىتىپ كەپتۇ. پادىشا بوۋايدىن بۇ
ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى يەنە بىر قىتىم ئاڭ-
لاپتۇ ۋە خوشاللىغىدىن بوۋاينى قۇچاقلاپ
سۆيۈپتۇ. ئۇ جارچىلىرىغا پۈتۈن شەھەر
خەلقىگە بۇ ۋەقەنى ئاڭلىتىشنى، ئوردىدىن
تارتىپ بوۋاينىڭ ئۆيىگىچە بولغان كوچىغا
پايانداز سىلىشنى، شەھەر خەلقى كوچىنىڭ
ئىككى تەرىپىدە تۇرۇپ بۇ باتۇرلارنى كۈ-
تۈۋىلىشنى ئەمىر قىپتۇ. ئۆزىمۇ لەنتى
قارا كىيىملىرىنى سىلىپ تاشلاپ، ئوت قو-
يۇۋىتىپ، پادىشالىق تون ۋە تاجلىرىنى
كىيىپتۇ، ۋەزىر-ئەمەلدارلىرىنى ئىلىپ بو-
ۋاينى يول باشلىتىپ، بوۋاينىڭ ئۆيىگە
بىرىپ باتۇرلار بىلەن كۆرۈشۈپتۇ ۋە ئۇلارنى
ئوردىغا باشلاپ مىڭىپتۇ، شەھەر خەلقى بۇ
يىگىتلەرنى تازىم بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. پادىشا
يىگىتلەرنى ئوردىغا باشلاپ كىلىپ زىياپەت
بىرىپ، بۇ خوشاللىقنى تەنتەنە قىلىپ
شەھەر خەلقىگە قىرىق كىچە-كۈندۈز توي
قىلىپ بىرىپتۇ. توي ئاياقلاشقاندىن كىيىن،
پادىشا بۇ ئىككى ئاكا-ئۇكا بىلەن چاي
ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ قىلىچ ئۆمەرنى ئۆزىگە
كۈيوغۇل بولۇشقا ھەمدە قىرىپ قالغانلىغى
ئۈچۈن ئورنىغا پادىشا بولۇشقا تەكلىپ
قىلىپتۇ. قىلىچ ئۆمەر پادىشادىن:

— سىلەرنىڭ بۇ شەھەردە چاپانىنى
ياقىسىدىن كىيەمدۇ ياكى ئىتىگىدىنمۇ؟ — دەپ
سوراپتۇ:

— ئەلۋەتتە ياقىسىدىن كىيدۇ، — دەپ
جاۋاپ بىرىپتۇ پادىشا.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ قىلىچ ئۆ-
مەر، — نۆۋەت ئوتتۇرانچى ئاكامنىڭ. ئوت-
تۇرانچى ئاكام سىلىگە كۈيوغۇل بولسۇن، —
دەپتۇ. پادىشامۇ رازى بولۇپ، يەنە قىرىق
كىچە-كۈندۈز توي بىرىپ، قىزىنى قىلىچ
ئۆمەرنىڭ ئاكىسىغا نىكالاپ بىرىپتۇ، قىرىق
بىرىنچى كۈنى ئاكىسى قىلىچ ئۆمەرنى ئۆيگە
قىچقىرىپتۇ ھەمدە ئوبدان مىھمان قىپتۇ.
شىرىن سۆھبەت قىلىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. چوڭ
ئاكىسىنى ئەسلىشىپتۇ.

كەچ بولغاندا قىلىچ ئۆمەر:

— ئاكا، مىنىڭ مەقسىدىم تىبخى ئە-
مەلگە ئاشمىدى. مەن مەقسىدىمگە يىتىش
ئۈچۈن سەپىرىمنى يەنە داۋاملاشتۇرۇشۇم
كىرەك. شۇڭلاشقا مەن سىز بىلەن خوشلىشىپ
ئەتە يولغا چىقماقچى، — دەپ مۇددىئاسىنى
بايان قىلىپتۇ. ئاكىسىمۇ ئۇنىڭ رايىنى قاي-
تۇرماپتۇ، رازى بوپتۇ. قىلىچ ئۆمەر ئاكىسىغا
بىر قاچا سۈت ئەكەلدۈرۈپ تورۇسقا ئىسىپتۇ
ۋە ئاكىسىغا، چوڭ ئاكىسىغا تاپىلىغاندەك تا-
پىلاپ، خوشلىشىپ قايتىپ چىقىپتۇ. ئەتىسى
ئۆزى يالغۇز خورجۇن-قاچىلىرىنى ئاتقا ئار-
تىپ، ئۇزىتىپ قويغىلى چىققان پادىشا، ئاكى-
سى ۋە پۈتۈن شەھەر خەلقى بىلەن خوش-
لىشىپ كۈن چىقىشقا قاراپ راۋان بوپتۇ.
بىر نەچچە كۈن يول مىڭىپلا، بۇرۇن ئىسىپ
ئۆتكەن چۆللىرىدىنمۇ بىر نەچچە ھەسسە
چوڭ بولغان بىر چۆللۈككە كىرىپ كىتىپتۇ.
يەنە بىر نەچچە كۈندىن كىيىن ئىتى ئۆلۈپ-
تۇ. يەنە بىر نەچچە كۈندىن كىيىن يەيدى-
غىنىمۇ، ئىچىدىغىنىمۇ تۈگەپتۇ. ھالسىزلىنىپ،
تىرىشىپ-تىرمىشىپ يول يۈرۈپتۇ. بىر تاغ-
نىڭ باغرىغا كەلگەندە ماغدىرىدىن كىتىپ
يىقىلىپ يىتىپ، كۆزى ئۇيقۇغا كىتىپتۇ. ئۇ
بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە بىر ئاپپاق
ساقال بوۋاي پەيدا بولۇپ: «ھەي بالام نە-

دىن كەلدىڭ؟ نەگە ماڭدىڭ؟» دەپ سوراپتۇ.
قىلىچ ئۆمەر بېشىدىن ئۆتكەنلىرىنى ھىكايە
قىلىپ بېرىپتۇ. بوۋاي قىلىچ ئۆمەرنىڭ سەر-
گۈزەشتىلىرىنى ئاڭلاپ بولۇپ: «بۇ ئىقلىمدا
ئۈچ ئاپەت بار ئىدى. سەن ئىككىسىنى يو-
قىتىپسەن. يەنە سەپىرىڭنى داۋاملاشتۇرساڭ
ئۈچىنچى ئاپەتكە يولۇقىسەن. بۇ ئۈچىنچى
ئاپەت سېنىڭ مەشۇغۇڭ مەلىكە قانخوردۇر.
ئۇ بۇ ئۆپ-چۆرىگە كېلىپ قالغان يۈتۈن
ئادىمزاتىنى قىرىپ يوقىتىپ، جەسەتلىرىنى
ئىتىغا تۇغراپ بېرىپ «قانخور» دەپ نام
ئالغان. ئۇنىڭغا ئۆيلىنىشنى نىيەت قىلغان
نۇرغۇنلىغان شاھ، شاھزادىلەر، باتۇر-پالى-
ۋانلار ئۇنىڭ قىلىچى ئاستىدا ئۆلۈپ ئىتىغا
يەم بولغان. ئۇ ئۆزى يالغۇز بولسىمۇ لەكمىڭ-
لەكمىڭ لەشكەر ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلىگەن ئەمەس.
سەن گەرچە ئەجدىھار ۋە دىۋىلەرنى يەڭگەن
بولساڭمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا تەڭ كېلەرمەسسەنمى-
كىن» دەپتۇ. قىلىچ ئۆمەر: «ھىجران ئازاۋى-
نى جىق تارتتىم. شۇنچە ئۇزۇن يولنى
بېسىپ، دوزاقنىڭ ئازاۋىنى تارتىپ، مۇشۇ
يەرگە كەپتىمەن، ياكى جانانىغا يېتەي، ياكى
جانىدىن كېچەي. مەشۇغۇمنىڭ قولىدا جان
بەرسەم بۇ دۇنيادىن ئارمانسىز كېتىمەن»
دەپتۇ. بوۋاي: «خەير بوپتۇ، ئۇنداق بولسا،
مۇشۇ كۆرۈنگەن تاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىگە
ئۆتسەڭ بىر تۈلكە ئۇچرايدۇ. سەن تۈلكىگە
مۇشكۇلۇڭنى ئاسان قىلساڭ، دېسەڭ، تۈلكە
ماقۇل كۆرۈپ، شۇ ئورۇندا ئولتۇرۇپ تۇرۇ-
شۇڭنى بۇيرۇپ، ئۆزى يەرنى كولاپ كىرىپ
كېتىدۇ. تۈلكە يەرنى كولاپ، سەن ئۈچۈن يول
ئېچىپ، بۇ يولنى مەلىكە قانخورنىڭ ئات ئوقۇر-
ىڭ تۈۋىگىچە ئاپىرىپ قويۇپ يېنىپ چىقىدۇ. سەن
تۈلكە كولىغان يەر ئاستى يولىنىڭ ئاخىرىغىچە
بېرىپ، كۆرسەتكۈچ بارمىقىڭ بىلەن يەر ئۈس-
تى تەرەپىنى ئىتتەرسەڭ، بىر تۆشۈك ئېچىلىدۇ.

مەلىكە قانخورنىڭ ئېتى ئون كۈنلۈك يىراقلىق-
تىكى ئادەم ھىدىنى سېزەلەيدۇ ھەمدە بىر سائەت-
تە قىرىق كېچە-كۈندۈزلۈك يول باسالايدۇ.
سەن قولۇڭنى شۇنداق چىقارساڭ سېنىڭ ھىدىڭنى
پۇرىغان ئات قاتتىق كىشنەيدۇ. ئاتنىڭ كى-
شنىگىنىنى ئاڭلىغان مەلىكە قانخور ساۋۇتلىرى-
نى كىيىپ، قىلىچ-نەيزىلىرىنى ئېلىپ ئاتنى
ئىگەرلەپ، پۈتۈن چۆل-جەزىرىلەرنى ئايلىنىپ
كېلىپ، ھېچنېمىنى تاپالمىغانلىقىغا ئاچچىقى
كېلىپ ئاتنى تىللاپ ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ. بىر-
ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يەنە قولۇڭنى ئازراقلا
چىقارساڭ ئات يەنە كىشنەيدۇ. مەلىكە قانخور يەنە
ئالدىنقى قېتىمكىدەك قۇرۇق ئايلىنىپ كېلىپ، قات-
تىق خاپا بولۇپ، ئاتنى ئالچىغان قىرچاڭغۇ، بۇندا
يەنە كىشنەيدىغان بولساڭ ھەرگىز چىقمايمەن،
دەپ ئاتنى تىللاپ قاغاپ كىرىپ كېتىدۇ.
ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن سەن ئۇ يەردىن ئۆ-
سسۈپ چىقىپ مانا بۇ ئادەمنىڭ قۇلاقلىرىنى
ئاتقا تاشلاپ بېرىسەن. ئات بۇ قۇلاقلارنى
يەپ جىم تۇرىدۇ. سەن يۈگرەپ مەلىكە قان-
خور ياتقان ئۆيگە بېسىپ كىرىسەن. ئۇ چاغ-
دا مەلىكە قانخور ئاچچىغىدا قولىنى بېشىنىڭ
ئاستىغا قويۇپ، ئۇلۇق-كىچىك تىنىپ ياتقان
بولىدۇ. سەن كىرگەن پېتىڭ ئۇنىڭ قوسىقىغا
مىنىپ ئالسەن-دە، ئىككى قولىنى ئىككى
قولۇڭ بىلەن ئىككى يانىغا بارلىق كۈچۈڭ
بىلەن كېرىپ تۇرۇۋالسەن. ئۇ قولىنى يىغىش-
قا جىق كۈچەپ باقىدۇ. ئەگەر ئۇ قولىنى
يىغىپ ئالسا، تۇگەشكىنىڭ شۇ. ئۇ قولىنى
يىغالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتسە ساڭا تەسلىم
بولىدۇ. مۇرادىڭغا يېتىسەن. خەير سەپىرىڭ
ئوڭۇشلۇق بولغاي ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر!»
دەپ كۆزدىن غايىپ بولۇپتۇ. قىلىچ ئۆمەر
چۆچۈپ ئويغانسا، ئىنسى-جىن يوق. بېقى-
نىدا بىر دۆۋە ئادەم قۇلىقى تۇرىدەك. ئۇ
قۇلاقلارنى ئىتىگە ئېلىپ، كۆرۈنگەن تاغنىڭ

كۈنگەي تەرىپىگە قاراپ مېڭىپتۇ. راست دې-
گەندەك، بىر تۈلكە ئۇنىڭغا قاراپ زوڭزىيىپ
ئولتۇرۇپتۇ. قىلىچ ئۆمەر چۈشىدە كۆرگەن
بوۋاينىڭ گەپلىرىنى ئېسىگە ئېلىپ، «مۇشكۈ-
لۈمنى ئاسان قىلساڭ!» دەپ تۈلكىگە مۇرا-
جەت قىلىپتۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنىڭ
ھەممىسى بوۋاي دىگەندەك بوپتۇ. بىرھازا
ئۆتكەندىن كېيىن تۈلكە كامادىن ھاسىراپ-
ھۆمۈدەپ چىقىپ كامارنى كۆرسىتىپ قويۇپ
كۆزدىن غايىپ بوپتۇ. قىلىچ ئۆمەر كامارغا
كىرىپ ئۆمۈلەپتۇ، ئۆمۈلەپتۇ، قانچىلىك ۋاقىت
ئۆمۈلىگەنلىگىنى پەملىيەلمەپتۇ. ئاخىرى كامار-
نىڭ تۈۋىگە يېتىپ بېرىپ، بوۋاينىڭ دىگەن-
لىرىنى بىر - بىرلەپ قىپتۇ. ئىككىنچى قېتىم
مەلىكە قانخور ئايلىنىپ كېلىپ، ئېتىنى تىللاپ
قاغاپ يېنىپ كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، بو-
ۋاينىڭ دىگىنىدەك، كامادىن ئۆسسۇپ چىقىپ،
ئات كىشنەپ بولغىچە قۇلاقلارنى ئاتقا تاشلاپ
بېرىپ، مەلىكە قانخورنىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ. قارسا
مەلىكە ياتقۇدەك. قىلىچ ئۆمەر يۈگرەپ بېرىپ،
مەلىكە قانخور ئۆزىنى ئوڭلاپ بولغىچە ئۇنىڭ
قوسىغىغا مىنىپ ئېلىپ، قولىنى كېرىپ بېسىپ
تۇرۇۋاپتۇ. مەلىكىمۇ بوش كەلمەپتۇ. قولىنى
يىغىشقا بەكمۇ كۈچەپتۇ. قىلىچ ئۆمەرنىڭ بې-
لەكلىرى قىرىسلداپ - سىقىراپ كېتىپتۇ. مە-
لىكىمۇ بەك كۈچەنگەنلىكتىن چىرايلىرى ئا-
ناردەك قىزىرىپ، تەرلەپ كېتىپتۇ. ھەر ئىك-
كىلىسى بوش كەلمەپتۇ. بىر كېچە - كۈندۈز
ئېلىشقاندىن كېيىن مەلىكە قانخور:

— مەن بولالمىدىم. مەن ساڭا ئەل بول-
دۇم، — دەپ قىلىچ ئۆمەرنى مەيدىسىگە تېڭى-
پتۇ، — سەن مېنىڭ ئاشىقىم، مەن سېنىڭ
مەشۇغۇڭمەن. سېنى سېغىنىپ، ھىجران ئازا-
ۋىنى تارتىپ كۈنلىرىم تۈنگە، تۈنلىرىم كۈنگە
تەستە ئۇلىشىپ، يولۇڭغا بەكمۇ ئىنتىزار بو-
لۇپ يۈرگەن ئىدىم. خۇيىمۇ ئۇبىدان يېتىپ
كەلدىڭ. سەن ئىشكتىن كىرگەن چاغدىلا تو-
نۇغان ئىدىم. مەن ئۆزەمنى سېنىڭ باغرىڭغا
ئاتاي دەپ تۇرسام سەن مەن بىلەن كۈچ
سىنىشىپ قالدىڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مېنىڭ
نامىم ساڭا ئۈن - تىنسىز ئەل بولۇشقا
يول قويماي سەن بىلەن ئېلىشىپ قالدىم.
ئەمدى مەن مەڭگۈ سېنىڭكى، كۈچ سىناشقان-
لىغىمنى ئەيىپ قىلغىن. بىر ئاينى گۇۋا قىلىپ
ئىكالىنايلى. مەن ئەرگە تەككەندىن كېيىن
ئادەتتىكى ئايالغا ئايلىنىمەن، كۈچۈممۇ تۈ-
گەيدۇ. مەن ئەنە شۇنداق سېھىرلەنگەن.
سەن مېنىڭ ئېرىم. مەن سېنىڭ ۋاپادار
خوتۇنۇڭمەن، — دەپتۇ ئۇ.

ئۇلارنىڭ شېرىن، لەززەتلىك كۈنلىرى
باشلىنىپتۇ. بىر - بىرىگە بولغان مېھرى - مۇ-
ھەببىتى كۈندىن - كۈنگە ئېشىپتۇ. بىر -
بىرىگە قاراپ تويۇشماپتۇ.

ئەمدى گەپنى مەلىكە قانخور تۇرغان
قەلئەنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدىكى بىر شە-
ھەردىن ئاڭلايلى: ئۇ شەھەرنىڭ پادىشاسىمۇ
مەلىكە قانخورغا ئاشىق ئىكەن. بىر قانچە قې-
تىم ئەلچى ئەۋەتىپ ئەلچىلىرىدىن ئايرىلىپ،
لەشكەر تارتىپ بېرىپ لەشكەرلىرىدىن ئايرى-
لىپ ئۆزى ئاران قېچىپ قۇتۇلۇپ، مەلىكە
قانخورنىڭ ۋىسالىغا يېتەلمەي ياكى ئۇنىڭدىن
ئۈمىدىنى ئۈزەلمەي يۈرەكلىرى زەرداپ بو-
لۇپ، كۆك يەرگە مەيدىسىنى يېقىپ ياتقان
ئىكەن. كۈن پېتىش تەرەپتىن كەلگەن بىر
يىگىتنىڭ مەلىكە قانخورنى نىكاھىغا ئالغانلى-
غىنى ئاڭلىغان بۇ پادىشا ئوردىدىن چاچراپ
قوپۇپ: «كىمدە - كىم ماڭا مەلىكە قانخورنى
ئەكىلىپ بەرسە، بېشىدىن ئايىغىچە ئالتۇن،
كۈمۈش بىلەن قاپلايمەن» دەپ جارچىسىنى
شەھەرگە چىقىرىپتۇ. جارچىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭ-
لىغان شۇ شەھەردىكى بىلى مۈكچەيگەن، ئاغ-
زى ئۆمچەيگەن، ئوغرى مۆشۈكنىڭ كۆزىدەك

كۆزى بار، تىلەتىدىن قۇۋلۇق ـ شۇملۇق يىغىپ تۇردىغان ئىلمەك يۈزۈن بىر موماي پادىشانىڭ ئوردىسىغا كىرىپ كەپتۇ ۋە پادىشاغا،

— ۋەدە قىلغان ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىڭنىڭ يېرىمىنى ھازىر بەر. قالغان يېرىمىنى مەلىكىنى قولۇڭغا تاپشۇرغانىدىن كېيىن ئالىمەن، — دەپتۇ. خوشال بولۇپ كەتكەن پادىشا بىر تاغار ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مەرۋايىت، قىممەت باھالىق جاۋاھىر تاشلارنى مومايىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىشكە ئەمىر قىپتۇ. ئۇ مومايدىن مەلىكىنى قانداق ئېلىپ كېلىدىغانلىغىنى سوراپتۇ. موماي:

— ئۇ تەرەپلىرىنى سورىما. سەن ئالدى بىلەن ئادەملىرىڭگە ئېيت. ئۇلار مېنىڭ پۇت ـ قوللىرىمنى باغلاپ، ئۇرۇپ بەدەنلىرىمنى كۆكەرتىۋەتسۇن. ئاندىن كېيىن ناھايىتىمۇ يۈگرەك ئاتلىرىڭنىڭ بىرىگە بىر نەۋكىرىڭنى مىندۇر. ئۇ مېنى ئاتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ مەلىكە قانخورنىڭ يولىغا تاشلاپ قايتىپ كەلسۇن. قالغىنىنى ئۆزەم بىر ئىش قىلىمەن، — دەپتۇ.

پادىشا شۇ كۈنىلا مومايىنىڭ دېگىنىنى قىلىپ مومايىنى مەلىكە قانخورنىڭ يولىغا تاشلىتىپ كەپتۇ. قىلىچ ئۆمەر بىلەن مەلىكە ئىككىسى شىرىن پاراڭ بىلەن ئولتۇرسا، ئات قاتتىق كىشنەپتۇ. قىلىچ ئۆمەر ئاتقا مىنىپ چىقىپ، يول ئۈستىدە قول ـ ئاياقلىرى باغلانغان، يۈز ـ كۆزى يارىلانغان بىر مومايىنى كۆرۈپتۇ. قىلىچ ئۆمەر ئاتتىن چۈشۈپ مومايىنىڭ قول ـ ئاياقلىرىنى يېشىپ، ھال ـ ئەھۋال سوراپتۇ. موماي بىر ھازاغىچە ـ يىغلاپ، قىلىچ ئۆمەرگە:

— مېنىڭ ناھايىتىمۇ چىرايلىق بىر قىزىم بار ئىدى. قىزىمنى سۇغا چىقارسام، پادىشانىڭ شىكاردىن يېنىشىغا توغرا كېلىپ قېلىپ، پادىشا بىلەن يۈزلىشىپ قاپتۇ. پادىشانىڭ كۆزى قىزىمغا چۈشكەنىدىن كېيىن، قىزىمنى ئۆزىگە خوتۇنلۇققا دەپ ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. قىزىمنىڭ ئۇنۇشۇپ قويغان يىگىتى بار ئىدى. كىچىكىدىن بىللە ئويناپ بىللە چوڭ بولغان ئىدى. قىزىممۇ ئۇنىمىدى. مەنمۇ ئويلاپ قارىسام، قىزىم ئوردىغا كەتسە مەڭگۈ كۆرەلمەيدىكەنمەن. مېنىڭ قىزىمدىن باشقا قارايدىغان ئادىمىم يوق، ماڭا كىم قارايدۇ؟ شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ رازى بولماي، ئەلچىلەرگە بىر مۇنچە يالۋۇرۇپ، پادىشانىڭ ئىنساۋىغا دۇئا قىلىپ يولغا سالدىم. ئەلچىلەر بۇ گەپنى پادىشاغا دەپ بارغان ئىكەن. پادىشانىڭ غەزىۋى ئۆرلەپ «قىزىنى ياخشىلىقچە بەرسە بەرسۇن، بەرمىسە، ئۇ قېرىنىڭ پۇت ـ قولىنى باغلاپ مەلىكە قانخورنىڭ يولىغا تاشلاپ كېلىڭلار. مەلىكە قانخور ئۇ قېرىنىڭ جەسىدىنى ئىتىغا تاشلاپ بەرسۇن، قىزىنى ئاتىنىڭ ئالدىغا ئۆڭگۈرۈپ ئېلىپ كېلىڭلار»، دەپ بۇيرۇپتۇ. پادىشانىڭ جاللاتلىرى بۇ ئىشنى بىر دەمدىلا ئەمەلگە ئاشۇردى. مېنىڭ بۇ يەردە توپىغا مىلىنىپ يېتىشىمنىڭ سەۋەبى شۇ، — دەپ زار ـ زار يىغلاپتۇ. ئاندىن:

— بىر يىگىت مەلىكە قانخورغا ئۆيلىنىپتىمىش دېيىشىۋاتاتتى. سەن شۇ يىگىتمۇ ئەمەسمۇ دەپ سوراپتۇ. قىلىچ ئۆمەر:

— ھەئە، شۇ يىگىت مەن، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ. موماي:

— نى ـ نى يىگىت، پالۋانلار، پادىشا، شاھزادىلار ئالالمىغان مەلىكە قانخورنى سەن ئاپسەن. تەلەيلىك يىگىت ئىكەنسەن، مۇبارەك بولسۇن. ئاتا ـ ئاناڭ بارمۇ؟ ئۇلار نەدە؟... دەپ سوراپتۇ. بۇ سوئال ۋە ئالدىدا تۇرغان بۇ مومايىنىڭ جىسمى قىلىچ ئۆمەرنىڭ يىراقتا قالغان ئانىسىنى ئەسلىتىپتۇ. قىلىچ ئۆمەر چوڭقۇر خىيالغا چۈكۈپتۇ. موماي:

— ئويلىنىپ قالدىڭمۇ بالام؟ مېنىڭ

قىزىمنى بۇلاپ كەتكەن پادىشامۇ مەلىكە قانخۇرنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن كۆپ ئۇرۇنغان. ئەمدى تاۋۇزى قولتۇغىدىن چۈشۈپتۇ. مەلىكە قانخۇر ساڭا ئوخشاش باتۇر يىگىتلەرگە مەنسۈپ، بالام، مېنىڭ بارىدىغان يېرىم يوق. سىلەر ياش. ئەر-خوتۇنلار بىر-بىرىڭلاردىن ئايرىلالمايسىلەر. سەن ئەركىشى، باتۇر يىگىتسەن. سەن ھەمىشە ئۆيدە ئولتۇرۇۋەرسەڭ زېرىكىسەن. مەلىكىنى تاشلاپ چىقىپ كەتسەڭ، بۇ يەردە ئۇنىڭ سەندىن باشقا ھېچنىمىسى يوق، ئۇ زېرىكىدۇ. مېنى ئالغاچ كەتسەڭ، قىزىمنى كۆرگەن كۆزۈمدە مەلىكىنى كۆرسەم، سەن سىرتقا چىقساڭ، مەن خوتۇنۇڭغا ھەمرا بولۇپ، ئىككىڭلارنىڭ خىزمىتىنى قىلسام،— دەپ يىلىنىپتۇ ۋە زار-زار يىغلاپتۇ. قىلىچ ئۆمەرنىڭ مومايغا ئىچى ئاغرىپتۇ، ئۇنىڭ گەپلىرىدىن تەسىرلىنىپ، ئېتىغا مىنگەشتۈرۈپ قەلئەگە ئېلىپ كەپتۇ. بۇنى كۆرگەن مەلىكىنىڭ تېنى غۇژژىدە بوپتۇ، ئەمما چاندۇرماپتۇ. موماي سالاملىشىپ بولۇپلا چىلەك، سۈپۈرگىنى كۆتىرىپ ھويلىنى سۈپۈرۈپ، تازىلىغىلى چىقىپ كېتىپتۇ. موماي چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مەلىكە قىلىچ ئۆمەرگە:

— بۇ مومايىنى بىكار ئېلىپ كەپسىز. چىرايىدىن شۇملۇق يېغىپ تۇرىدۇ. تايىنلىق مېنى ئالىمەن، دەپ يۈرگەن پادىشا ئەۋەتكەن غالچىمىكىن، دەيمەن،— دەپ ئۆز گۇمانىنى سۆزلەپتۇ.

— بۇ مومايىنىڭ قولىدىن نىمە ئىش كېلەتتى. ياخشى بولسا ئىشنى يەيدۇ، يامان بولسا بېشىنى!— دەپتۇ قىلىچ ئۆمەر.

موماي كەلگەندىن كېيىن ناھايىتى تىرىشىپ ئىشلەپتۇ. ئۆي-ئىچى، ھويلا-ئارامLarنى تازىلاپ، سۇ چېچىپ، ئۆينى ئالاھىدە ياساداق، ھويلىنى پاكىزە قىلىۋېتىپتۇ. مەلىكىنىڭ بەدەنلىرىنى يۇيۇپ، چاچلىرىنى تاراپ، بېشىنى بېقىپ، ئىشىنى ئېتىپ، شېرىن سۆزلەپ يۈرۈپ، مەلىكىنى ئۆزىگە رام قىلىپ ئاپتۇ. قىلىچ ئۆمەر بۇرۇن ئوۋغا چىقاي دىسە، مەلىكە ئۇنىمايدىكەن. موماي كەلگەندىن كېيىن، «بارسىڭىز بېرىڭ!» دەيدىغان بوپتۇ. موماي بىكار قالغان ۋاقىتلىرىدا تۈرلۈك چۆچەكلەرنى سۆزلەپ، مەلىكىنى كۈلدۈرۈپ، كۈنىنىڭ قانداق كەچ بولغانلىقىنى سەزدۈرمەپتۇ. موماي كۈندۈزى ئىشلىسە، كېچىسى قىلىچ ئۆمەر بىلەن مەلىكە ياتىدىغان ئۆيدىكى كارىۋاتنىڭ تېگىگىچە لەخمە كولاپتۇ. لەخمە پۈتۈپ، تام تۈۋىدىكى بولۇڭدىن كىچىككىنە تۆشۈك ئېچىپ بولغاندا كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپتۇ. شۇ كۈنلەردە قىلىچ ئۆمەر ئوۋغا چىقىپ كېتىپتۇ. موماي ئۆي ئىچى ۋە ھويلا-ئاراملارنى تازىلاپ بولۇپ:

— قىزىم، ماۋۇ ئاپتاپقا كەل. بېشىڭنى بېقىپ قوياي،— دەپتۇ. مەلىكىمۇ ئۆز ئانىسىدەك ئۆگىنىپ قالغان بۇ مومايىنىڭ قۇچىقىغا بېشىنى قويۇپ يېتىپتۇ. موماي مەلىكىنىڭ بېشىنى باققاچ ئۇ ياقتىن-بۇ ياقتىن گەپ قىلغاچ:

— قىزىم، ئېرىڭ سېنى ياخشى كۆرەمدۇ؟— دەپ سوراپتۇ.

— ياخشى كۆرىدۇ. مېنى ئۆزىنىڭ جېنىدىنمۇ بەك ياخشى كۆرىدۇ. ياخشى كۆرمىسە، يالغۇز ئانىسىنى تاشلاپ، شۇنچە جاپالىق يولنى مېڭىپ، مېنىڭ يېنىمغا كېلەمدۇ؟ دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

— ئادەتتە بۇنداق باتۇرلارنىڭ جېنى ئۆزىنىڭ تېنىدە بولمايدۇ. ئېرىڭنىڭ جېنى نەدىكەن؟ بىلەمسەن؟ دەپ سوراپتۇ موماي.

— بىلمەيمەن،— دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ مەلىكە.

— ئەگەر ئۇ باتۇرغىچە جېنىنىڭ نىمە

دىلىگىنى ساڭا دەپ بەرمىگەن بولسا، دەپتۇ موماي، ئۇ چوقۇم سىنى ياخشى كۆرمەيدىكەن. ساڭا ئىشەنمەيدىكەن. ئەگەر سىنى ياخشى كۆرگەن بولسا، ساڭا ئىشەنگەن بولسا، جىنىنىڭ نىمىدىلىگىنى دەپ بەرگەن بولاتتى.

مەلىكە بۇ كۈننى چىۋىن يەۋالغاندەك بىئارام بولۇپ، ناھايىتى تەستە ئۆتكۈزۈپتۇ. كەچقۇرۇن قىلىچ ئۆمەر ئوۋدىن يېنىپ كېلىپ، ئوۋلاپ كەلگەن كىيىكنى سويۇپ گۆش قىلىپ مومايغا تاشلاپ بېرىپتۇ ھەممىدە ئەتىگەنلىككىچە ئوبدان پىشۇرۇپ قويۇشنى تاپىلاپ ئۆيگە كىرىپتۇ. ئۆيگە كىرسە مەلىكە خاموش ئولتۇرغىدەك، ھاردۇقىمۇ سورىماپتۇ. قىلىچ ئۆمەر «مەن يوق زېرىكىپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ چاقچاق قىپتۇ، قىچىقلاپ بېقىپتۇ، ئەكىلىتىپتۇ. مەلىكە سۆز قىلماپتۇ. ئاخىرى گەپ-سۆز قىلىشماي ئورۇنغا كىرىپ يېتىپتۇ. بىر ھازا ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن مەلىكە ئۇلۇق-كىچىك تىنىپ:

— سىز زادى مېنى ياخشى كۆرەمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. قىلىچ ئۆمەر خوتۇنىنىڭ بۇ سوئالىدىن ھەيران قېلىپ:

— سەن ھازىرغىچە مېنىڭ سېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمغا ئىشەنمەمسەن؟ مەن سېنى ياخشى كۆرمىسەم، يۇرتۇمنى، مېھرىۋان ئانامنى تاشلاپ، چۆل-باياۋانلارنى كېزىپ، مۇشۇ يەرگە كېلەرمىدىم؟ سېنى ياخشى كۆرمىسەم سەن بىلەن ئەر-خوتۇن بولۇشقاندىن كېيىن، سېنى ئۆزى چوڭ بولغان يەردىن ئايرىلىپ كۆڭلى يېرىم بولمىسۇن دەپ ئۆز يۇرتۇمغا ئېلىپ كەتمەي مۇشۇنداق ئادەمسىز چۆل-باياۋاندا يۈرەرمىدىم؟ — دەپ سوئال بىلەن جاۋاپ بېرىپتۇ.

— مېنى ياخشى كۆرسىڭىز نىمىشقا جىنىڭىزنىڭ نىمىدە ئىكەنلىگىنى ھازىرغىچە دەپ بەرمەي مەندىن يوشۇرىسىز؟ — دەپتۇ مەلىكە. قىلىچ ئۆمەر:

— سەن سورىما. مەن ئېيتماي. پايدىسىز، — دىگەن ئىكەن، مەلىكە مىشىلداپ يىغلاپ، دومسىيىپ يېتىۋاپتۇ. قىلىچ ئۆمەر تەڭلىكتە قېلىپ، خوتۇنىنى ئۆزىگە قارىتىپ قۇچاقلاپ يېتىپ:

— ئىنىسى-جىنىغا تىنما. مېنىڭ جېنىم مۇشۇ يېنىمدىكى قىلىچىمدا، — دەپتۇ. بۇ گەپنى كارۋاتنىڭ ئاستىدىكى لەخمىدە ياتقان ھىلىگەر شۇم موماي ئاڭلىۋاپتۇ. بۇلار قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەندە موماي ئاستا ئۆيگە كىرىپ قىلىچ ئۆمەرنىڭ قىلىچىنى غىلىپىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ، مەلىكە قازانخورنىڭ ئېتىنى مىنىپ قېچىپ، قىلىچنى يىراقتىكى بىر دەرياغا تاشلىۋېتىپتۇ. ئەتىگىنى مەلىكە ئويغانسا، قىلىچ ئۆمەر شۈك ياتقۇدەك. «تۇرۇڭ ئورنىڭىزدىن!» دەپ تۈرتۈپ بېقىپتۇ. «ھىلىگەرلىك قىلماڭ!» دەپ قىچىقلاپ بېقىپتۇ. شۇ چاغدا كۆزى قىلىچى يوق قۇرۇق غىلاپقا چۈشۈپ، ئەھۋالنى چۈشىنىپتۇدە، يىغلاپ كېتىپتۇ.

ياۋۇز موماي قولىغا بىر ئاغامچىنى ئېلىپ «ھى... ھى...» دىگىنىچە ئۆيگە كىرىپ، «ئەمدى قولىغا چۈشتۈڭمۇ مەلىكەم» دەپ كېلىپ، مەلىكىنى باغلىماقچى بوپتۇ. مەلىكە قارشىلىق كۆرسىتىپتۇ. موماي چاققانلىق قىلىپ مەلىكىنىڭ بويىنىغا ئاغامچا بىلەن سىرتماق سېلىۋېلىپ، مەلىكىنى باغلاپ ئاتنىڭ ئالدىغا ئۆكتۈرۈپ، پادىشانىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ تاشلاپتۇ ۋە مەلىكىنى قولغا چۈشۈرۈشتىكى جەرياننى سۆزلەپ بېرىپ، پادىشادىن ۋەدە قىلىنغان ئالتۇن-كۈمۈشنىڭ قالغان قىسمىنى ئېلىپ ئۆيگە كېتىپتۇ. پادىشا مەلىكىنى كۆرۈپ، خوشاللىقىدا ھوشىدىن

كېتىپتۇ. ھۇشىغا كېلىپ مەلىكىگە ئۆزىنىڭ خوتۇن بولۇش تەلىۋىنى قويۇپتۇ. مەلىكە:

— ماقۇل. ئەمما مېنىڭ شەرتىم بار. بىرىنچى شەرتىم، مېنىڭ ئىتىمنى قويۇپ بېرىڭ، مەن تۇرغان قەلئەنى ساقلىسۇن. ئىككىنچى شەرتىم، ئېرىم ئۆلدى. قىرىق كۈن ماتەم تۇتىمەن. ئۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن شەھەر خەلقىگە قىرىق كېچە-كۈندۈز توي ئۆتكۈزۈپ بېرىسىز. ئاندىن كېيىن نىكايىڭىزغا ئۆتىمەن. بۇ شەرتلىرىمگە كۆنمەي بىركۈن بۇرۇن يېقىنلىشىمەن دەيدىكەنسىز، مېنىڭ ئۆلۈكۈمگە ئېرىشىسىز، — دەپتۇ. پادىشا نائىلاج بۇ شەرتلەرگە كۆنۈپتۇ.

ئەمدى گەپنى قىلىچ ئۆمەرنىڭ ئاكىلىرىدىن ئاڭلايلى: بۇ ئىككى ئاكا-ئۇكا ۋەدە بويىچە ھەركۈنى سەھەردە سۆتكە قاراپ تۇرۇشۇپتۇ. دەل ياۋۇز جادىگەر موماي قىلىچ ئۆمەرنىڭ قىلىچىنى دەرياغا تاشلىۋەتكەن كۈنى ئەتىگەندە سۆتكە قاراشسا، سۆت قىپ-قىزىل قان رەڭگىگە ئۆزگەرگەن. چوڭ ئاكا دەرھال قىرىق پالۋاننى، سەكسەن ئاتنى ناللاپتۇ، قىرىق پالۋاننى بىردىن قىرىق ئاتقا مىندۈرۈپتۇ. يەنە قىرىق ئاتقا ئوزۇق-تۈلۈك ۋە سۇ قاچىلانغان تۇلۇملارنى ئارتىپ، يولغا چىقىپتۇ. بىر نەچچە كۈن يول مېڭىپ، ئوتتۇرانچى ئۇكىسى تۇرغان شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. ئۇكىسىمۇ ئاكىسىغا ئوخشاش تەييارلىق قىلىپ، ئاكىسىنى كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن. بۇلار سەكسەن نەپەر پالۋاننى ئېلىپ يولغا راۋان بولۇپتۇ. سەپەرنىڭ ئوتتۇز توققۇزىنچى كۈنى تاڭ سەھەردە مەلىكە قانخورنىڭ قەلئەسىگە يېتىپ كەپتۇ ۋە قەلئەگە كىرىپتۇ. قارىسا، ئۇكىسى ئۇخلاۋاتقاندەك ياتقۇدەك. چوڭ ئاكىسى يۇلتۇزلارغا قاراپ، قىلىچ ئۆمەرنىڭ يۇلتۇزىنى ئىزلىسە، يۇلتۇزى ئاسماندا كۆرۈنمەپتۇ. «نەگە ئېقىپ چۈشكەندۇ؟» دەپ تاغ-داۋان، دەريا-كۆللەرگە قارىسا بىر دەريانىڭ تېگىدە تۇرغىدەك. يۇلتۇزنىڭ يېنىدا ئۇكىسىنىڭ قىلىچىمۇ تۇرغىدەك. بۇلار دەرھال ئاتلىرىغا مىنمەكچى بولغان ئىكەن، مەلىكە قانخورنىڭ ئىتى بۇ ئىككى ئاكا-ئۇكىنى ئۆزلىرىنىڭ ئاتلىرىغا مىنگىلى قويماي، چاپانلىرىنىڭ پېشىدىن، يەڭلىرىنىڭ ئۇچىدىن چىشلەپ، ئۆزىگە مىندۈرۈپ، ھېلىقى دەريانىڭ دۈۋىگە بىردەمدىلا ئېلىپ كەپتۇ. ئوتتۇرانچى ئاكا دەرھال دەريانى باغلاپ، قىلىچىنى ئېلىپ چىقىپ قەلئەگە قايتىپ كېلىپ، قىلىچىنى غىلاپقا ساپتۇ. قىلىچ ئۆمەر قاتتىق بىر چۈشكۈرۈپ: «ئەجەپ قاتتىق ھەم تاتلىق ئۇخلاپتىمەن. ھەي، مەلىكە! قېنى سەن؟» دەپ تۇۋلاپ كۆزىنى ئاچسا، ئىككى ئاكىسى بېشىدا قاراپ تۇرغىدەك. ئۇ ئاكىلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى چۈشىنىپتۇ. قىلىچ ئۆمەر ئاكىلىرىغا «دەرھال ئاتلىنايلى» دەپ سىرتقا چىقىشىغا ئىتىمۇ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرۇپتۇ. قىلىچ ئۆمەر ئىتىغا مىنىپ ئوقتەك ئۇچۇپتۇ. ئىككى ئاكىسىمۇ سەكسەن پالۋاننى ئەگەشتۈرۈپ ئۇكىسىنىڭ كەينىدىن ئاتلىرىنى قويۇۋېتىپتۇ. بۇلار تويىنىڭ قىرىقىنچى كۈنى چۈش بىلەن پادىشانىڭ قەلئەسىگە بوراندەك بۆسۈپ كىرىپتۇ. پادىشا لەشكەرلىرىنىڭ قارشىلىق كۆرسەتكەنلىرىنى چېپىپ تاشلاپ، پادىشانى تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ، ئوردا سارىيىنىڭ تورۇسىغا ئېسىپ قويۇپتۇ. ئۇلار پادىشا ھەرىمىدىن مەلىكىنى تېپىپتۇ. ئەگەر شۇ بۈگۈن بۇلار يېتىپ

كەلمىگەن بولسا ۋەدە بويىچە مەلىكە پادىشانىڭ خوتۇنى بولۇشقا توغرا كېلىدىكەن. مەلىكە «بۈگۈن ئۆلىدىغان بولىدۇم» دەپ ھاياتىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ بىر بولاق زەھەرنى تەييار قىلىپ قويغان ئىكەن. مەلىكە قىلىچ ئۆمەرنى كۆرۈپ ئۆزىنى ئۇنىڭ قۇچىقىغا ئېتىپ يىغلاپ كېتىپتۇ. سورىمايدىغان سىرنى سوراپ ئۆزىنىڭ جۇدالىققا ئۇچرىغانلىقىنى ئەسلەپ ئېرىدىن ئەپۇ سوراپتۇ. بۇلارنىڭ كۆڭلى ئېرىشقا چۈشكەندىن كېيىن جادىگەر مومايىنى تېپىپ كەپتۇ. پادىشانى دارغا ئېسىپتۇ. جادىگەر مومايىنى يامان ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ، ئاتنى چۆل-باياۋانغا قويۇۋېتىپتۇ. بۇ شەھەرنىڭ خەلقىمۇ بۇ زالىم پادىشانىڭ زۇلۇمىدىن ئازان تۇرغان ئىكەن. ئۇنىڭغىنا ئۇنىماي، بۇلارنى «پادىشا بولۇڭلار» دەپ تەلەپ قىپتۇ. قىلىچ ئۆمەر چوڭ ئاكىسىغا:

— سىز پادىشا بولۇڭ — دەپ تەكلىپ قىلىپتۇ. چوڭ ئاكىسى:

— مەن ھازىر قىيناتام ئۆلۈپ كېتىپ، ھىلىقى شەھەرگە پادىشا بولدۇم. بۇ شەھەرگە پادىشا بولالمايمەن، — دەپ ئۇنىماپتۇ. ئوتتۇرانچى ئاكىسىمۇ بۇ شەھەرنىڭ پادىشالىقىدىن ۋاز كېچىپ چوڭ ئاكىسىغا ئوخشاش جاۋاپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ شەھەرنىڭ پادىشالىقى قىلىچ ئۆمەرگە قاپتۇ. قىلىچ ئۆمەر ئاكىلىرىنىڭ شەرىپىگە، خەلقنىڭ زالىم پادىشادىن قۇتۇلغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ تويى ئۈچۈن قىرىق كېچە-كۈندۈز بەزمە-تاماشا قىلىپ بېرىپتۇ. قىرىق بىرىنچى كۈنى قىلىچ ئۆمەر ئىككى ئاكىسىنى يولغا سېلىپ قويۇپتۇ. ئۆزى بۇ شەھەردە پادىشا بولۇپ قاپتۇ. ئەلنى ئادىل سوراپتۇ. ئەل پاراۋان، مەملىكەت قۇدرەتلىك بولۇپتۇ. ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە مەلىكە بىلەن خۇشال-خورام كۈن كەچۈرۈپتۇ.

## شىرزات

بۇرۇنقى زاماندا نەزەر باي دېگەن بىر كىشى ئۆتكەن ئىكەن. نەزەر باي سان-ساناقسىز مال-چارۋىغا ئىگە بولۇپ، يىراق ئەل-يۇرتلار بىلەن سودا-سېتىق ئېلىپ بارىدىكەن. ئۇنىڭ سەككىز ئوغلى بار ئىكەن. بىر يىلى قىش ئىنتايىن قاتتىق كېلىپ، مال ئىگىلىرى چارۋا پادىلىرىنى يىراق بولسىمۇ ئوت-چۆپى مول، ئىسسىق يەرلەرگە ھەيدەپ كېتىپتۇ. نەزەر باينىڭ سەككىز ئوغلىمۇ شۇلارنىڭ قاتارىدا ئاتىسىنىڭ مال-چارۋىسىغا ئىگىدارچىلىق قىلىپ كېتىپتۇ. نەزەر باي بىلەن خوتۇنى ئۆيدە قاپتۇ. مانا شۇ كەتكەنچە باشقىلار كېلىپ، نەزەر باينىڭ ئوغۇللىرىدىن ھېچبىر خەۋەر بولماپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى نەزەر باينىڭ خوتۇنى ھامىلدار بولۇپ، ۋاقتى-سائىتى تولغاندا شىردەك قاۋۇل، سۇمباتلىق بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ، بالا ئەنە شۇنداق تۇغۇلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا شىرزات دەپ ئىسىم قويۇپتۇ.

شىرزات ئۆزگىچە بالا بولۇپ ئۆسۈپتۇ. بىر ئايدا بىر ياشتىكى بالىدەك، ئىككى ئايدا ئىككى ياشتىكى بالىدەك، بىر يىلدا ئون بەش ياشتىكى ئۆسمۈردەك چوڭ بوپتۇ. ئىككى يېشىدا مەن-مەن دېگەن كىشىلەرنىمۇ ئۇرغىدەك پالۋان يىگىت بولۇپتۇ. ئۇ ئاتقان ئوقياسىنى توققۇز قەۋەت كەتمەندىنمۇ ئۆتكۈزۈۋېتەلەيدىكەن. شىرزات دائىم ئوۋغا چىقىپ، ئوۋ ئوۋلاپ، ئاتا-ئانىسىغا

غەمخورلۇق قىلىپ كەپتۇ.

شىرزات بىركۈنى تىبرەك ئۈچىدا ئولتۇرغان بىر سېغىزخانغا ئوقيا ئېتىپتىكەن، ئوق سېغىزخانىنىڭ قانىتىنى ئۈزۈپ چۈشۈرۈۋېتىپتۇ. سېغىزخان ئۆلمەي بىر قانىتىنى كېرىپ يەرگە چۈشۈپتۇ. سەكرەپ قېچىپ كېتىۋېتىپ، سالقىندا چاق ئىگىرىپ ئولتۇرغان بىر مومايىنىڭ چاقى ئۈستىدىن سەكرەپ ئۆتكەندە، بىر قانىتى يىپقا ئىلىنىپ قېلىپ، بىر مۇنچە يىپ ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ. يىپ ئىگىرىپ ئولتۇرغان موماي شىرزاتقا:

— هەي بىكار تىلەت! يىپىمنى ئۈزۈۋەتتىڭغۇ! ئەتىدىن - كەچكىچە مۇنداق لاغايلاپ يۈرگىچە، يوقاپ كەتكەن سەككىز ئاكاڭنى ئىزلەپ تاپساڭ بولماسمىدى؟! — دەپ كايىپتۇ.

مومايىنىڭ «سەككىز ئاكاڭ» دىگەن سۆزىدىن هەيران بولغان شىرزات تۇرغان جايىدا تۇرۇپلا قاپتۇ. ئۇ ئىلگىرى ئاكىلىرى بارلىغىنى ئاڭلىمىغان ئىكەن. ئاتا - ئانىسىمۇ بۇ هەقتە هېچنىمە دىمىگەن ئىكەن. شىرزات بىر هازادىن كېيىن يۈگرىگەن پېتى ئۆيىگە كېلىپ، ئانىسىغا:

— ئاكىلىرىم نەدە؟ نىمىشقا كەلمەيدۇ؟ مەن تېپىپ كېلىمەن! — دەپتۇ.

— ئۇ قېرى جادىگەر يالغان سۆزلەپتۇ. سېنىڭ ئاكىلىرىڭ يوق، — دەپتۇ ئانىسى ئىشەندۈرۈپ.

يەنە بىر كۈنى شىرزات ئوشۇق ئويناپ يۈرۈپ، هىلىقى مومايىنىڭ يالغۇز ئوغلى بىلەن جىدەللىشىپ قېلىپ، بىر مۇش ئۇرغان ئىكەن، بالا ئۆلۈپ قاپتۇ. موماي شىرزاتنى تىللاپ - قاغاپ، يامانلاپتۇ:

— هوي، هارامزادە ئۆلگۈر! مېنىڭ يالغۇز بالامغا زورلۇق ئىشلەتكىنچە، تەمتىرەپ يۈرگەن سەككىز ئاكاڭنىڭ قۇربان سۆڭىگىنى تېپىۋالساڭچۇ!

بۇ گەپنى ئاڭلىغان شىرزات ئاكىلىرى بارلىغىغا راستىنلا ئىشىنىپ، ئاپىسىدىن سوراپ تۇرۇۋاپتۇ. ئاپىسى راستىنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولۇپتۇ:

— سەككىز ئاكاڭ بار ئىدى. قاتتىق جۇت بولغان يىلى مال هەيدەپ كەتكەن پېتى هازىرغىچە هېچ خەۋىرى يوق، نەدىلىكىنى بىلمەيمىز.

شىرزات ئاتا - ئانىسىغا يېتەرلىك ئوزۇق - تۈلۈك تەييارلاپ بېرىپ، بىلىگە ساداقلىرىنى باغلاپ، قولىغا تۆمۈر هاسا ئېلىپ، چۆيۈن كەش كىيىپ ئاكىلىرىنى تېپىشقا ئاتلىنىپتۇ. ئۇ ئاي يۈرۈپتۇ، يىل يۈرۈپتۇ. تالاي ئەلنى، تالاي يەرنى ئارىلاپتۇ. تۆمۈر هاسىسى يىگىلىپ، چۆيۈن كەشى تەگىدەك قالغاندا، يىراق بىر دۆڭنىڭ ئارقىسىدىن كۆتىرىلگەن ئىس كۆرۈنۈپتۇ. ئۇ هېرىپ - ئېچىپ دۆڭگە چىقىپ قارىسا، كەڭ يايلاق، سانسىز قوي، كالا، يىلقا ۋە ئۆيلەر كۆرۈنۈپتۇ.

بۇ يەردە كاتتا توي بولۇۋاتقان ئىكەن. شىرزات «ئاكىلىرىمنى مۇشۇ يەردىن سۈرۈشتۈرۈپ كۆرەي» دەپ شۇ يەرگە بېرىپتۇ. كۈتكۈچىلەر ئۇنى دىۋانە بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، تويغىچە ئاش ۋە گۆش بېرىپتۇ. لېكىن شىرزات يەنىلا كەتمەپتۇ. بىر چاغدا بىر خىزمەتچى كېلىپ:

— هەي قەلەندەر، تېخىچە تويمىدۇڭمۇ؟ — دەپ ۋاقىراپتۇ. شىرزات بۇ ئاهانەتكە چىدىماي، ئۇنىڭ كاچىتىغا بىرلا ئۇرۇپ، تىك موللاق چۈشۈرۈپتۇ. كۆپچىلىك:

— ساڭا نىمە كېرەك؟ نىمە ئادەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ قورقۇشۇپ.

— ماڭا نەزەر بايىنىڭ سەككىز ئوغلى

كېرەك. سەككىز ئاكامنى ئىزلەپ يۈرسەڭ،— دەپتۇ شىرزات.

شۇ ئارىدا سەككىز يىگىت يۈگرەپ كېلىپ، شىرزات بىلەن قۇچاقلىشىپ، يىغلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ.

بۇ مال-چارۋىلارنىڭ ھەممىسى سەككىز ئوغۇلنىڭ ئىكەن. شىرزاتتىن ئاتا-ئانىسىنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇلارمۇ يۇرتىغا يانماق بولۇپتۇ.

سانسىز يىلقىلار بىرلا كۆرەك بايتالنىڭ ئەۋلادى ئىكەن. شىرزات ئەنە شۇ كۆرەك بايتالنى تۇتۇپ، يېتەكلەپ ئالدىدا مېڭىپتۇ. يىلقىلار كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭىشىپتۇ. ھېچكىم «يىلقا ھەيدەيمەن» دەپ ئاۋارە بولماپتۇ. شۇنداق قىلىپ، تالاي تاغدىن ئېشىپ، چۆللەرنى بېسىپ، توققۇز ئوغۇل ساق-سالامەت ئۆز ئېلىگە كەپتۇ.

بالىلىرى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، نەزەر باي يۇرت-جامائەتكە چوڭ توي ئۆتكۈزۈپ، تۆگىدىن بوغرا، يىلقىدىن ئايغىر، قويدىن قوشقار سويۇپ، ياش-قېرىلارنى مېھمان قىپتۇ.

توي تۈگىگەندىن كېيىن، نەزەرباي ئوغۇللىرىنى ئۆيلىمەكچى بوپتۇ-دە، توققۇز قىزنى بىرلا ئۆيدىن تاپماقچى بولۇپ يۇرت ئارىلاپتۇ. بىر كۈنى چەت بىر يېزىدىكى كونا بىر ئۆيدە قونۇپ كەتمەكچى بولۇپ كىرسە، ئىلغىدا سەككىز ھالقا ئېسىغلىق تۇرغىدەك. بۇنى كۆرگەن نەزەر باي خىيال سۈرۈپ قاپتۇ. بۇنى سەزگەن ئۆي ئىگىسى:

— نېمىنى خىيال قىلىپ قالدىڭىز؟— دەپ سوراپتۇ.

— خىيال سۈرگىنىمنىڭ سەۋەبى: توققۇز ئوغلۇم بار. شۇلارغا توققۇز قىز ئىزلەپ يۈرۋاتىمەن. خۇددى ئۆز بالىلىرىمدەك، ئۇلارمۇ بىر ئاتا-ئانىدىن بولۇشى لازىم. ئىلغىدىكى ھالقىلارنى كۆرۈپ، مەقسىدىمگە يەتتىم دەپ خوشال بولغان ئىدىم. سانىسام بىرسى كەم ئىكەن. شۇنى خىيال قىلىپ قالدىم،— دەپتۇ نەزەرباي.

— ئۇنداق بولسا، ئويلانماڭ! يەنە بىرسى ئەنە،— دەپ ئۆي ئىگىسى باشقا ئىلغىدىن يەنە بىر ھالقىنى ئېلىپ كۆرسىتىپتۇ،— بۇ كەنجى قىزىمنىڭ ھالقىسى. بۇنى سەككىز قىزىمنىڭ ھالقىسىغا قوشمايمەن. ئاۋۇ سەككىز قىزىم بىر بولسا، كەنجى قىزىم ئۆزى بىر،— دەپ ھالقىنىنى يەنە ئۆز جايىغا ئېلىپ قويۇپتۇ. نەزەرباي ئۇنىڭغا:

— سىزنىڭ سەككىز قىزىڭىز بىر، كەنجى قىزىڭىز بىر بولسا، مېنىڭمۇ سەككىز ئوغلۇم بىر، كەنجى ئوغلۇم ئۆزى بىر، كەنجى قىزىڭىز شىرزاتقا بولسۇن!— دەپتۇ.

نەزەر باي مەسلىھەتنى پۈتكۈزۈپ، توي كۈنىنى بەلگىلەپ قايتىپتۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، نەزەرباي ئوغۇللىرىنى باشلاپ ھېلىقى توققۇز قىزى بار ئادەمنىڭ يۇرتىغا كېلىپ، ئوتتۇز كۈن ئويۇنىنى، قىرىق كۈن تويىنى ئۆتكۈزۈپ كېلىنلىرىنى ئېلىپ قايتماقچى بولۇپتۇ.

كەنجى پەرىزاتنىڭ ئاتىسى قىزلىرىغا ھەرخىل لازىمەتلىكلەرنى بېرىپتۇ. شۇچاغدا پەرىزات ئاتىسىنىڭ بەرگەن نەرسىلىرىگە رازى بولماي:

— ئاتام ماڭا قاراگىر ئېتىنى، ئاقباش تۆگىسىنى ۋە دۇبۇلغا، ساۋۇتىنى بەرسۇن،— دەپ ئادەم ئەۋەتىپتۇ. بىراق، پەرىزاتنىڭ ئاتىسى ئاچچىقلىنىپ، كەلگەن كىشىگە:

— قىزىمغا ئېيتقىن، نەزەر باينىڭ

بايلىغى ئۇنىڭغا يېتىپ ـ ئاشىدۇ، قۇرۇق تاما قىلمىسۇن! ـــ دەپتۇ.

پەريزات ئاتىسىغا يەنە ئادەم ئەۋەتىپ: ـــ قاراگىر ئاتنى سورىغىنىم، پالـ ۋانلارغا لايىق ئات ئىدى، شىرزاتنى مىنسۇن، دىگەن ئىدىم؛ ئاقباش تۆگىنى سورىغىنىم، شىرزات تۆگىلىرىگە باش قىلىـ سۇن دىگەن ئىدىم؛ ئاتا ـ بوۋىمىزدىن مىراس قالغان دۇبۇلغا، ساۋۇت شىرزاتقا لايىق ئىدى، شۇ پالۋان كىيسۇن دىگەن ئىدىم، ـــ دەپتۇ.

پەريزاتنىڭ ئاتىسى ئاخىرى قىزىنىڭ سورىغانلىرىنى بېرىشكە مەجبۇر بوپتۇ ۋە:

ـــ قىزىمغا ئېيت، شور قۇدۇقنىڭ ئەتراپىدا قونمىسۇن، خەتەرلىك! ـــ دەپتۇ.

نەزەرباي كېلىنلىرىنى ئېلىپ قايـ تىپتۇ. بىر كۈنى ئۇلارغا يول ئۈستىدىكى تېرەك تۈۋىگە جايلاشقان كونا بىر قومۇش كەپە ئۇچراپتۇ. بۇ ئەسلى جادىگەرنىڭ قىزىنىڭ كەپىسى ئىكەن. جادىگەر قىز شىرزاتقا غايىۋانە ئاشىق بولۇپ، ئۇنى قەستلەپ يۈرگەن ئىكەن. يولۇچىلار ئۆتۈپ كېتىۋاتـ قاندا، جادىگەر قىز كەپىدىن چىقىپ غىلجىڭلاپ، سەت ھىجىيىپ مۇنداق دەپتۇ:

سۆيگەن يارىڭ شىرزات،
قۇتلۇق بولسۇن پەريزات.
مىنگەن ئېتىڭ قاراگىر،
قۇتلۇق بولسۇن پەريزات.

ئاقباش تۆگەڭ يارامىلىق،
قۇتلۇق بولسۇن پەريزات.
دۇبۇلغا ۋە ساۋۇتۇڭ
قۇتلۇق بولسۇن پەريزات.

يار بويىدا دىمىسەڭ،
قومۇش كەپە دىمىسەڭ،
بىزنىڭ ئۆيگە چۈشۈپ كەت،
ئىككى ـ ئۈچ كۈن تۇرۇپ كەت.

شىرىن سۆھبەت قۇرۇپ كەت،
ئىچ سىرىمنى بىلىپ كەت.
ھېچ بولمىسا دەم ئېلىپ،
تۇز ـ تەمىمنى تېتىپ كەت،
سىڭ چېيىمنى ئىچىپ كەت.

جادىگەر قىزنىڭ زاڭلىق قىلىپ سۆزلەۋاتقانلىقىنى بىلگەن پەريزات مۇنداق جاۋاپ بېرىپتۇ:

ـــ ئەي ناتونۇش بىگانە،
ئۆي تۇتۇپسەن يىگانە.
يامان نىيەت بولمىسا
يۈرەتتىڭمۇ پىنھانە.

سۆيگەن يارىم شىرزات،
ئۆز يارىمنى سۆيىمەن.
مىنگەن ئېتىم قاراگىر،
ئۆز ئېتىمنى مىنىمەن.

يۈك ـ تاقامنى پەقەتلا
ئاق تۆگەمگە ئارتىمەن.
كىيگەن ساۋۇت، دۇبۇلغا
ئۆز كىيىمىم، كىيىمەن!

يار بويىدا دىمەيمەن،
قومۇش كەپە دىمەيمەن.
زورلىساڭمۇ، بىلىپ قوي،
بۇ ئۆيۈڭگە كىرمەيمەن.

بىرسائەتمۇ تۇرمايمەن،
سۆھبەت تۈزۈپ يۈرمەيمەن.
ئىچ سىرىڭنى بىلمەيمەن،
سىن چىپىسڭنى ئىچمەيمەن.

جادىگەر قىز ئىچىنى ئاچالماي «خەپ، ساڭا بىر كۆرسەتمىسەم!» دەپ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، چىشىنى بىلەپ قاپتۇ. يولۇچىلار كېتىشىۋېرىپتۇ.

بىر كۈنى ئۇلار شور قۇدۇقنىڭ يېنىغا كەپتۇ. پەرىزات قىيناتىسىغا ئادەم ئەۋەتىپ: «بۇ يەردە قونمايلى، خەۋپلىك يەر» دەپتۇ. نەزەر باي «كېلىنىم ئۆيگە بارماي تۇرۇپلا مېنى باشقۇرماقچى بوپتىمۇ؟» دەپ ئاچچىغلاپ، شۇ يەردە قونۇشقا بۇيرۇپتۇ.

شۇ كېچىسى پۈتۈن ئەتراپنى قاراتۇمان قاپلاپ كېتىپتۇ. نەزەر باي شۇ چاغدىلا كېلىنى پەرىزاتنىڭ سۆزىگە كىرمىگەنلىگىدىن پۇشايمان يەپتۇ-دە، ئۇخلىماپتۇ. پەرىزاتمۇ تاڭغىچە كىرپىك قاقماپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە ئاقباش تۆگىنىڭ يوقلۇغى مەلۇم بوپتۇ. بۇ خەۋەر نەزەر بايغا يەتكۈزۈلۈپتۇ. نەزەر باي دەرھال ئىزلەپ مېڭىپتۇ. بىر يەرگە بارسا، يىراقتا تۆگە كۆرۈنۈپتۇ. يېقىن بېرىپ ئاقۋاش تۆگىنىڭ نۇقتىسىنىڭ بىر قوڭغۇراق تىكەنگە ئىلىنىپ قالغانلىغىنى بىلىپتۇ. يانتاق يېنىدا بىر قېرى دومچەك موماي ئولتۇرغىدەك.

نەزەر باي:

— موما، ھەي... موما! ئاۋۇ چۇلۋۇرنى ماڭا ئېلىۋېتىڭا!— دەپتۇ.

— قوپسام ئولتۇرالمايمەن. ئولتۇرسام قوپالمايمەن، بالام! ئۇنىڭغا ھالىم يەتمەيدۇ،— دەپتۇ موماي مۆلايىملىق بىلەن.

مومايىنىڭ سۆزىگە ئىشەنگەن نەزەر باي، چۇلۋۇرنى ئالاي دەپ ئاتتىن ئېڭىشكەندە، مومايىنىڭ قولى خۇددى ئامبۇردەك كېلىپ، نەزەر بايىنىڭ كېكىرتىگىنى قىسىۋاپتۇ. نەزەر باي مومايىنىڭ جادىگەرلىگىنى ئەنە شۇ چاغدىلا بىلىپتۇ. ئۇ ئۇياق-بۇياققا يۇلقۇنۇپ كۆرۈپتۇ. بىراق موماي تېخىمۇ قاتتىقراق قىسىپتۇ. نەزەر باي «قويىۋەت!» دېگەنسېرى موماي شۇنچە قاتتىق سىقىپتۇ. بايىنىڭ جېنى قىينىلىپتۇ. ئىلاجسىز قالغان باي ئاخىرى يېلىنىپ-يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ:

— قاردەك ئاقارغان ساقال، چېچىم بار! قېرىپ قالغان يېشىم بار! مېنى قويىۋەت، جان موما!— دەپتۇ. موماي «ياق!» دەپ تېخىمۇ قاتتىق سىقىپتۇ.

— توققۇز كېلىن كۆچۈرۈپ،
بۈگۈن كەلدىم بۇ يەرگە.
بايلىغىمدىن قاچىلىك —
ئالساڭ، ئالغىن ئۆزەڭگە.

قويىۋەت مېنى جان موما! — دەپتۇ نەزەر باي. موماي «ياق» دەپ يەنە بىر سىققان ئىكەن، باي تەرلەشكە باشلاپتۇ.

— يەنە رازى بولمساڭ،
سان-ساناقسىز قويۇم بار.
قانچە ئالساڭ، ئال ئانا!
يەنە نېمە ئويۇڭ بار؟
بوشات مېنى، جان ئانا!— دەپتۇ باي. «ياق» دەپ، موماي چىڭراق قىسقان ئىكەن، بايىنىڭ كۆزى ئالىيىپ قاپتۇ.

— يەنە رازى بولمساڭ،
نىيىتىڭدىن يانمساڭ.
قورا-قورا تۆگەم بار،
ئال، جېنىمنى قىلما خار.
قويىۋەت مېنى ئانىجان!— دەپتۇ باي يەنە. موماي «ياق» دەپ سىقىپ قويۇپتۇ. نەزەر بايىنىڭ جېنى چىقىشقا ئازلا قېلىپ، ئۆلۈشكە كۆزى يېتىپ:

ــ يەنە رازى بولمساك،
ساي ـ سالادا يىلقام بار.
رەھمى قىلغىن ئانىجان،
(سەندە بولسۇن ئىختىيار)
ئۇ ھەم بولسۇن سىنىڭكى.
جىنىم قالسۇن مىنىڭكى!ــ دەپتۇ

يىغلاپ. موماي «ياق ـ ياق!» دەپ تىخمۇ
قاتتىق سىققان ئىكەن، نەزەر باينىڭ جىنى
ھەلقۇمىغا كىلىپ قاپتۇ. ئىلاجسىز قالغان باي:

ــ يەنە رازى بولمساك،
نىيتىڭدىن يانمساك،
جان كىلىنىم پەرىزات
ساڭا بولسۇن قول ـ قانات.
سىغىزخاندەك ساقلىغى،
قوي سۆتىدەك ئاقلىغى،
كۆچكە تولغان بىلىگى،
بولۇپ قالار كىرىگى.
مەرۋايىتتەك بالا ئۇ،
«ئەقلى تولغان دەنا ئۇ.
ئۇ ھەم بولسۇن سىنىڭكى
جىنىم قالسۇن مىنىڭكى
ئەمدى قويىۇۋەت جان موما!ــ دەپ

تۇ. «ياق ـ ياق!» دەپتۇ موماي نەزەر باي ـ
نىڭ گىلىنى تىخمۇ بەكرەك سىقىپ. نەزەر
باينىڭ جىنى چىقىشقا ئازلا قاپتۇ. قورقۇپ
كەتكەن باي:

ــ يەنە رازى بولمساك،
سەككىز قىران ئوغلۇم بار.
سەكسەن ئەرنىڭ كۆچى بار.
پاراسەتلىك، ئەقلى بار.
شۇلار بولسۇن سىنىڭكى،
جىنىم قالسۇن مىنىڭكى.
قويىۇۋەت مىنى، جان موما!
كۆچكە تولغان خان موما!ــ دەپتۇ.

موماي «ياق ـ ياق!» دەپ نەزەر باي ـ
نىڭ گىلىنى بىر سىققان ئىكەن، نەزەر باي ـ
نىڭ جىنى تۇمشۇغىغا كىلىپ قاپتۇ ـ دە، خىر ـ
قىراپ تۇرۇپ:

ــ يەنە رازى بولمساك
خوي ـ پەيلىڭدىن يانمساك.
ساڭا قوياي بىر تىلەك
سەككىزىدىن بىر بۆلەك.
كەنجى ئوغلۇم شىرزات
پالىۋانىم ئەزىمەت.
ئۇ ھەم بولسۇن سىنىڭكى
جىنىم قالسۇن مىنىڭكى.
قويىۇۋەت مىنى جان موما
بارلىغىمنى ئال، موما!ــ دەپتۇ.

جادىگەر موماي شۇندىلا قولىنى بوشىتىپتۇ ۋە:
ــ شىرزاتنى ماڭا قانداق كەلتۈرۈپ
بىرىسەن؟ــ دەپ سوراپتۇ.
ــ يانچۇغۇمدا شىرزاتنىڭ ئوق ئۇچ ـ
لايدىغان بىلىيى بار. شىرزات ئۇنىڭسىز يۈرەل ـ
مەيدۇ. مەن ئۇنى مۇشۇ يەرگە تاشلاپ كىتەي،
شىرزات ئىزلەپ كىلىدۇ. شۇ چاغدا ئۇنى تۇ ـ
تۇۋال،ــ دەپتۇ.

پەرىزات بۇلارنى پىنھان جايدا تۇ ـ
رۇپ كۆرۈپ ۋە ئاڭلاپ تۇرۇپتۇ.

باي تۆگىسىنى ئىلىپ قايتىپ كەپتۇ ـ
دە، يۈكلەرنى ئارتىپ يولغا چۈشۈپتۇ. بىر ـ
نەچچە كۈن يول يۈرۈپتۇ ۋە بىر قونالغۇغا
چۈشۈپتۇ. بۇ بىر قانچە كۈن ئىچىدە پەرىزات
خىيال سۈرۈپ، خاپا ھالەتتە يۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ
كۆڭلىدىكىنى بىلەلمەي يۈرگەن شىرزات پەرى ـ
زاتتىن ئۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپتۇ.

ــ ئاتاڭ سىنى جادىگەر مومايغا بىرد ـ
ۋەتتى. سەن ئەمدى مىنىڭ ئەمەس. ئاشۇ
مومايدىن بىر يولى قۇتۇلۇپ كەل!ــ دەپتۇ.

ــ ئاتام مىنى جادىگەرگە نىمىشقا بىرى ـ

دۇ؟— دەپتۇ شىرزات.

— ئىشەنمىسەڭ، بىلەي تېشىڭنى سوراپ كۆرگىنە؟— دەپتۇ پەرىزات.

ئەتىسى ئەتىگەندە شىرزات ئاتىسىدىن بىلەي تېشىنى سوراپتۇ. نەزەر باي گاڭگىراپ، يالغاندىن يانچۇغىنى ئىزلىگەن بولۇپ:

— ھەتتىگىنەي! شور قۇدۇقنىڭ يېنىدا تۆگە ئىزلەپ چىققاندا، بىر تىكەنلىكتە ئات باققان ئىدىم. شۇ يەردە چۈشۈرۈپ قويغان ئوخشايمەن،— دەپتۇ.

شىرزات بىلەي تېشىنى ئىزلىمەكچى بوپتۇ. شور قۇدۇق بىرنەچچە كۈنلۈك يىراق بولغاچقا، ئاتىسىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئالتە ئاياقلىق ئالا ئاتنى، يەتتە ئاياقلىق جىرەن ئاتنى مىنمەك بوپتۇ. شىرزات ئالا ئاتنى مىنىپ، جىرەن ئاتنى يېتەكلەپ كىلىشۋاتقاندا، پەرىزات چىقىپ مۇنداق دەپتۇ:

شور قۇدۇقنىڭ يېنىدا
ئاخماق بولۇپ قوندى ئاتام.
يالماۋۇزغا يالغۇزنى
جاندىن قورقۇپ بەردى ئاتام.

قولان ئۆتمەس چۆللەردىن
بۆركۈت بولۇپ ئۆتەرسەن.
قىران ئۆتمەس قىيادىن
شۇڭقار سۈپەت ئۆتەرسەن.

ئالتە ئاياقلىق ئالا ئات
ئورۇق بايتال قۇلۇنى.
قىيىنچىلىق بوپ قالسا
تاپالمايدۇ يولىنى.

تاپىنىغا تاش پاتسا
ئاقساقلاپ ھېچ ماڭالماس.
ماڭلىيىدىن كۈن ئۆتسە
ئالتە كۈنگە يازىماس.

يەتتە ئاياقلىق جىرەن ئات
قىرى بايتال قۇلۇنى.
ئېغىر كۈنگە يولۇقساڭ
تاپالماس ئۆڭ- سولىنى.

تاپىنىغا تاش پاتسا
تۇلپار بولۇپ چاپالماس.
ماڭلىيىدىن كۈن ئۆتسە
يەتتە كۈنگە يارىماس.

يورغا ئاتنى ئالمىدىم،
ئەر ئېتى دەپ تاللىدىم.
ئىگەر- توقۇم، يۈگەننى
ئاللا بۇرۇن راسلىدىم.

قاشاڭ ئەمەس، چۈۋەر (ئات)
ساڭا ھەمدەم، قول- قانات.
توققۇزۇڭنى تەل قىلار
قاراگىرنى مىن شىرزات.

باشقا بايلىق ئالمىدىم،
سەن ئۈچۈنلا تاللىدىم.
دۇبۇلغا ۋە ساۋۇتنى
بۇ سەپەردە كىي شىرزات.

شىرزات پەرىزاتنىڭ مەسلىھەتى بىلەن قاراگىرنى مىنىپتۇ. شىرزات ماڭىدىغان ۋاقىتتا پەرىزات ئاقباش تۆگىنى تۇتۇپ «سەن شىرزات كەلگەن كۈنى ياكى شىرزات ۋاپات بولغان كۈنى بوتىلا» دەپ، بېلىنى شايى رومال بىلەن چىڭ باغلاپ «سەن شىرزات كەلگەن ياكى ئۆلگەن كۈنى يېشىل!»

دەپتۇ. شىرزات يولغا چىقىپتۇ. ئۇ يۇرتىدىن خېلى ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن، قاراگىر زۇۋانغا كېلىپ:

— شىرزات، ئەمدى ئىككىمىزنىڭ ھاياتى بىر. بېشىمىزغا كەلگەننى تەڭ كۆرىمىز. مۇنۇ سۆزلىرىمنى ئېسىڭدە چىڭ ساقلا: بىلەي تاش يېنىدا ھىلىقى يالماۋۇز جادىگەر سېنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. سەن بىلەينى ئالماقچى بولغاندا ئۇ تۇتۇۋالماقچى. يېقىن بارغاندا ئۇنى ئالدىدىغان بىر ئامال تاپ. موماي ئالدىنىپ قالغاندا، مەن قورايىدىن پاكار، جۇسەيىدىن ئىگىزرەك بولىمەن، شۇ چاغدا سەن بىلىيىڭنى ئېلىپ قاچ. ئارقاڭغا قارىغۇچى بولما! — دەپ جىكىلەپتۇ.

شىرزات يول مېڭىپ، ماڭغاندىمۇ مول مېڭىپ، جادىگەر مومايىنىڭ يېنىغا كەپتۇ-دە، يېقىن بېرىپ:

— موما، موما. كەينىڭىزدىكى قىزلارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ قىزلىرىڭىزمۇ؟ — دەپتۇ. موماي دەرھال كەينىگە قاراپتۇ. دەل شۇ چاغدا قاراگىر قورايدىن پاكار، جۇسەيدىن ئىگىزرەك ھالەتكە كەپتۇ. پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن شىرزات بىلەينى ئاپتۇ-دە، قېچىپتۇ. شۇ چاغدا موماي:

— ھە، شىرزات، سەنمىدىڭ مېنى ئالدىغان؟ خەپ سېنى!... — دەپتۇ. ئۇنىڭ ئېڭەكلىرى جاقىلداپ، چىشلىرى كاسىلداپ، كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپتۇ. ئۇ چېچىنى يېيىپ شىرزاتنى قوغلاپتۇ.

شىرزات كەينىگە قارىماي قېچىپتۇ. موماي توختىماي قوغلاپتۇ. قاراگىرنىڭ تۇياقلىرىدا ئېزىلگەن تاغلار قامغاقتەك ئۇچۇپ، تاشلار خۇددى مۆلدۈردەك يېغىشقا باشلاپتۇ. ئاخىرى قاراگىرنىڭ چىپىشىدىكى سالمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، قارا يەر قاق يېرىلىپ كېتىپ، شىرزات بىلەن قاراگىر يەر ئاستىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ.

يەر ئاستىغا چۈشكەندىن كېيىن، قاراگىر يەنە زۇۋانغا كېلىپ:

— بىز ئەمدى يەر ئاستىغا چۈشتۇق. ئازراق يۈرسەك، ئىلان پادىشاسى — بانۇخاننىڭ ئوردىسىغا بارىمىز. ئوردىغا بارغىنىمىزدا مېنى يىراقتا قالدۇرۇپ، ئۆزەڭ ئوردىغا كىرگىن. ئېسىڭدە بولسۇنكى: ئوردا بوسۇغىسىدىن ئىككى قارا ئىلان ۋىشىلداپ، ساڭا خىرىس قىلىپ چىقىدۇ. ھەرگىز قورقۇپ سەسكەنمە. ئۇلار بانۇخاننىڭ ئىشىك باقارلىرى. تەخت يېنىغا بارغاندا ئىككى ئاق ئىلان ۋىشىلداپ كېلىپ، ئىككى يېڭىڭدىن كىرىپ ياقاڭدىن، قوينۇڭدىن كىرىپ قونجۇڭدىن چىقىدۇ. بۇلار بانۇخاننىڭ ئوغلى بىلەن قىزى بولىدۇ. ئۇلاردىنمۇ سەسكەنمە. تەخت يېنىغا بېرىپ ئولتۇر. شۇ چاغدا ھەيۋەتلىك چوڭ ئىككى سېرىق ئىلان كۇشۇلداپ باشلىرىنى كۆتىرىدۇ. ئۇلاردىنمۇ قورقما. بۇلار بانۇخاننىڭ ئۆزى بىلەن ئايالى. ئەگەر قورقۇپ، سەسكەنسەڭ، سېنى پالۋان دېمەيدۇ، يەر ئاستى ئېلىدە قەدرىمىز بولمايدۇ. يەر ئۈستىگە يول تېپىپ چىقالمايمىز، — دەپتۇ.

خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن، قاراگىر ئېيتقاندەك بانۇخاننىڭ ئوردىسى كۆرۈنۈپتۇ. شىرزات ئېتىنى قويۇپ، سالام بېرىپ ئوردىغا كىرىپتۇ. شىرزات بوسۇغىدىكى ئىككى قارا ئىلاندىنمۇ، ئىككى ئاق ئىلاندىنمۇ ۋە ھەتتا ئىككى چوڭ سېرىق ئىلاندىنمۇ قىلچە سەسكەنمەي، تەخت يېنىغا بېرىپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر چاغدا سېرىق ئىلانلارنىڭ بىرى بانۇخانغا، بىرى خانىشقا ئايلىنىپ:

— مەرھەمەت، شىرزات! يەر ئاستى ئالىمىنىڭ ئەھلى سېنى رەنجىتمەيدۇ، بەلكى

خىزمىتىدە بولىدۇ، — دەپتۇ.

ئىككى ئاق ئىلاننىڭ بىرى قىران يىگىت، بىرى چىرايلىق قىزغا ئايلىنىپتۇ. ئۇلارمۇ تەبەسسۇم بىلەن:

— سالام، يەر ئۈستى ئالىمىنىڭ پالۋانى. يەر ئاستىغا كەلگىنىڭىزنى قارشى ئالىمىز. يەر ئاستى پالۋانلىرى، ئىلمى — ھىكمەت ئەھلى سىز بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولىدۇ، — دەپتۇ.

بوسۇغىدىكى ئىككى قارا ئىلان ئىككى خىزمەتچىگە ئايلىنىپ، شىرزاتنىڭ ئالدىدا قول باغلاپ تۇرۇپتۇ.

شىرزات بۇ يەردە خېلى ۋاقىت تۇرۇپتۇ. بانۇخاننىڭ تۆمۈرخان دىگەن خاننىڭ قىزىغا كۆڭلى بار ئىكەن. ئۇ قىزنى سوراپ، ئەلچە ئەۋەتسە تۆمۈرخان بېرىشكە رازى بولمىغان ئىكەن. بانۇخان شىرزاتنىڭ ئەنە شۇ قىزنى ئېلىپ كېلىشنى ئېيتىپتۇ. ئەگەر ئېلىپ كېلەلىسە، ئۆزىنىڭ قىزىنى شىرزاتقا بەرمەكچى بوپتۇ.

تۆمۈرخاننىڭ يۇرتى يەتتە ئايلىق يول ئىكەن. شىرزات يولغا چىقىپ، بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، يىراقتا بىر ئادەم كۆرۈنۈپتۇ. «بۇ نىمە ئادەمكىنە» دەپ قارىسا، ھىلىقى ئادەم تېرەك ئۈستىدە ئولتۇرغان ئىككى سېغىزخاننىڭ قۇيرۇغىنى سەزدۇرمەي يۇلىۋېلىپ، يەنىلا سەزدۇرمەي بىرىنىڭ قۇيرۇغىنى يەنە بىرىگە بېكىتىپ قويۇۋاتقىدەك. شىرزات ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— ھەي، نىمە قىلىۋاتقان ئادەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— يەر ئۈستى ئالىمىنىڭ پالۋانى شىرزات يەر ئاستىغا چۈشتى دىگەننى ئاڭلاپ شۇنىڭغا ھەمرا بولاي دەپ كۈتۈپ تۇرغان كىشىمەن، — دەپتۇ ھىلىقى كىشى.

— شىرزاتقا ھەمرا بولغىدەك نىمە ھۈنىرىڭ بار، — دەپ سوراپتۇ شىرزات يەنە.

— ئالغىنىمنى سەزدۇرمەيمەن. كۆرگەنسەن، ھەتتا سېغىزخاننىڭ قۇيرۇغىنىمۇ سەزدۇرمەي يۇلىۋېلىپ بىرىنىڭكىنى بىرىگە قاداپ قويدۇم، — دەپتۇ ھىلىقى كىشى.

— ياخشى، شىرزات دىگەن مەن بولىمەن، — دەپتۇ شىرزات.

ئىككىسى يولغا راۋان بوپتۇ. كېلىۋاتسا، ئىككى پۇتىغا قازاندەك ئىككى قارا تاشنى باغلىۋېلىپ، كىيىكلەرنى قوغلاپ يۈرگەن يەنە بىر كىشى يولۇقۇپتۇ.

— ھە، نىمە قىلىۋاتقان ئادەمسەن؟ — دەپ سوراپتۇ شىرزات.

— يەر ئۈستىنىڭ كۈشتىنگىرى شىرزاتنى يەر ئاستىغا چۈشتى، دەپ ئاڭلىۋىدىم. شۇنىڭغا ھەمرا بولاي دەپ يولغا قاراپ تۇرۇۋاتقان ئادەممەن، — دەپتۇ ھىلىقى ئادەم. شىرزات:

— ئۇنىڭغا ھەمرا بولغىدەك نىمە ھۈنىرىڭ بار، — دەپ سوراپتۇ.

— ئايىغىمغا چاك قونماس يۈگرۈكمەن. ئۇچار قۇشمۇ مەندىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. شامال ئاياق - يەل تاپان دىگەن يۈگرۈكمەن، — دەپتۇ ئۇ كىشى. شىرزات:

— ئۇنداق بولسا، ياخشى! يۈر، بىز بىلەن، شىرزات دىگەن مەن بولىمەن! — دەپتۇ.

ئۇلار بىللە مېڭىپتۇ. بىرنەچچە كۈن ماڭغاندىن كېيىن، يەنە بىر كىشىنى يولۇقتۇرۇپتۇ. قارىسا، بۇ ئادەم يەرگە قۇلىقىنى يېقىپ، يەر ئاستىدىن بىرنەرسە تىڭشاۋاتقاندەك ياتقۇدەك.

— ھە، نىمە قىلىۋاتقان ئادەمسەن؟ — دەپ ئۇچىيلەن ئۇنىڭ يېنىغا كەپتۇ.

— يەر ئۈستىدىكى شىرزاتنى يەر ئاستىغا چۈشتى دەپ ئاڭلىدىم. مەن ئۇنىڭغا ھەمرا بولماقچىمەن، — دەپتۇ ئۇ كىشى.

— شىرزاتقا ھەمرا بولغىدەك نىمە خىسلىتىڭ بار؟ — دەپتۇ شىرزات.

— يەر ئاستىنىڭ مەشھۇر تىڭ-تىڭچىسىمەن. ھەرقانداق يوشۇرۇن گەپ بولسىمۇ يىراق-يېقىندىن تولۇق ئاڭلىۋالىدىغان ساقۇلاق باتۇرمەن، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئۇ كىشى. شىرزات:

— شىرزات دىگەن مانا مەن، يۈر بىز بىلەن! — دەپتۇ.

ئەمدى ئۇلار تۆت كىشى بولۇپ مېڭىپتۇ. ئۇلار بىر تۈزلەڭدە كېلىۋاتسا، بىر ئادەم تاغلارنى ئۇياق-بۇياققا يۆتكەپ يۈرگىدەك.

— ھەي، نىمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ — دەپتۇ شىرزات ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ.

— يەر ئۈستى ئالىمىنىڭ پالۋانى شىرزاتنى يەر ئاستىغا چۈشتى دەپ ئاڭلىغان ئىدىم. شۇنىڭغا ھەمرا بولاي دەپ، شۇنى كۈتۈۋاتقان ئادەممەن، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى.

— شىرزاتقا ھەمرا بولغىدەك نىمە پەزىلىتىڭ بار؟ — دەپتۇ شىرزات.

— مەن ئاجايىپ كۈشتىنگىرمەن، يەر ئۈستىدىمۇ، يەر ئاستىدىمۇ ماڭا تەڭ كېلىدىغان ئادەم يوق، قۇدرىتىم تېنىمگە سىغمىغاچقا تاغ يۆتكەپ يۈرۈمەن. تاغ باتۇرى دىگەن كىشىمەن، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئۇ.

— سەن ئىزلىگەن شىرزات مەن بولىمەن. بىز بىلەن يۈر دەپتۇ شىرزات.

بەش پالۋان كېتىۋاتسا ئالدىدا بىر كۆل كۆرۈنۈپتۇ. كۆلنىڭ سۈيى بىردىنلا يوقۇلۇپ، بىردىنلا پەيدا بولۇپ تۇرغىدەك. يېقىن كېلىپ قارىسا كۆل ياقىسىدا بىر ئادەم ئولتۇرۇۋېلىپ، كۆلنىڭ سۈيىنى گاھ سۈمۈرۈپ، گاھ چىقىرىپ ئولتۇرغىدەك. ئۇلار بېرىپ ئەھۋال سوراپتۇ:

— ھە، نىمە قىلىپ ئولتۇرغان ئادەمسەن؟

— شىرزاتنى كۈتۈپ ئولتۇرىمەن. شۇنىڭغا ھەمرا بولاي دىۋىدىم.

— شىرزاتقا ھەمرا بولغىدەك نىمە ھۈنىرىڭ بار؟

— ئالەمدە بار نەرسىنى يالمايمەن. تويغىنىمنى بىلمەيمەن. قانچىكى چوڭ دەريا، كۆل بولسىمۇ، سۈيىنى بىرلا سۈمۈرۈپ تۈگىتىمەن. كۆل باتۇر دىگەن ئادەممەن، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى.

— ئۇنداق بولسا، يۈر، شىرزات دىگەن مانا مەن. — دەپتۇ شىرزات.

ئۇلار ئالتىيلەن بولۇپ مېڭىپتۇ. خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن ئىگىز بىر موما ياغاچ كۆرۈنۈپتۇ. يېقىن كېلىپ قارىسا، ئۇنىڭ ئۈستىدە بىر ئادەم ئەتراپقا نەزەر سېلىپ ئولتۇرغىدەك.

— ھەي، ئۇ يەردە نىمە قىلىپ ئولتۇرۇسەن؟

— مەن سېنىڭ يەر ئۈستىدىن چۈشۈپ باتۇخانىنىڭ ئوردىسىغا كىرگەنلىگىڭنى، ئۇ يەردىن تۆمۈرخانىنىڭ يۇرتىغا ماڭغانلىغىڭنى، يولدا يەر ئاستى پالۋانلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ كېلىۋاتقانلىغىڭنى كۆرۈپ، ساڭا ھەمرا بولاي دەپ كۈتۈپ تۇرغان ئىدىم. مەن ھەرقانداق نەرسىنى بولجىتماي ئېنىق كۆرەلەيمەن.

— ياخشى، ئۇنداق بولسا، ماڭا ھەمرا بول!

يەتتە باتۇر يولغا چۈشۈپ، يەتتە ئاي، يەتتە كۈن دىگەندە تۆمۈرخانىنىڭ يۇرتىغا يېتىپ كەپتۇ. ئۇلار كەلگەندە تۆمۈرخانىنىڭ قىزىغا كاھىش خانمۇ ئەلچى ئەۋەتكەن ئىكەن. شىرزات كەلگەندىن كېيىن تۆمۈرخان ھەر ئىككى تەرەپكە: «ھۈنەر كۆرسىتىڭلار، قايسىڭلار غالىپ كەلسەڭلار قىزىمنى شۇنىڭغا بېرىمەن» دەپتۇ. ئىككى تەرەپنىڭ ھۈنىرىنى كۆرۈشكە بۇ يۇرتنىڭ يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغانلارنىڭ ھەممىسى يىغىلىپتۇ. ساناق-

سىز قوي، كالا، تۆگە، ئاتلار سويۇلۇپ زىياپەت بېرىلىپتۇ. شىرزاتنىڭ پالۋانلىرى ئايرىم ئۆيدە ئولتۇرۇشقان ئىكەن. تۆمۈرخان ئۇلارنى تويغۇزۇمەن دەپ، ھەر قانچە ئاش ۋە گۆش ئېلىپ كەلسىمۇ، ئۈلگۈرمەپتۇ. زىياپەتكە تەييارلانغان ھەممە نەرسىنى بىرلا كۆل باتۇر يەپ تۈگىتىپتۇ. ئىلاجىسىز قالغان تۆمۈرخان بىلەن كاھىشخان مەسلىھەتلىشىپ، پالۋانلارغا زەھەر بەرمەكچى بولۇشۇپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ساققۇلاق باتۇر ئەپلىك پالۋانغا خەۋەر قىلغان ئىكەن، ئۇ ئۇغا سېلىنغان ئاشنى كاھىش خاننىڭ ئېشى بىلەن ئالماشتۇرۇپ قويۇپتۇ. كاھىش خاننىڭ ۋەزىر-ۋۇزرالىرىدىن ئۈچ كىشى ئۆلۈپ قاپتۇ. بۇنىڭدا مەغلۇپ بولغان تۆمۈرخان ئات بەيگىسى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ھەممە يۈگرۈك ئاتلىرىنى بەيگىگە سېپتۇ. شىرزات قاراگىرنى تەييارلاپتۇ. شۇ چاغدا قاراگىرغا زۇۋان كىرىپ:

— ئەگەر بەيگىنى يىراقتىن باشلىسا، مېنىڭ يۈگۈرۈشۈممۇ تېز بولىدۇ. ئۈچ كۈن چاپسام تۇياقلىرىم قىزىپ، ئۆزەمنى توختىتىشقا قۇدرىتىم يەتمەي قالىدۇ. مەن كېلىۋاتقاندا ئالدىمدىن ئارقان تارتىپ قوي. ئارقاننىڭ بىر قەۋىتى كەندىردىن بولسۇن. ئارقان بىراقلا ئۈزۈلۈپ كەتسە، ئۆلگۈنۈم شۇ. ئەگەر ئارقاننىڭ بىرەر قەۋىتى ئۈزۈلمەي قالسا، مەن توختايمەن، يىقىلىپ جان ئۈزسەممۇ، يەنە جان كىرىدۇ. ئۈمىت ئۈزمە! — دەپتۇ.

بەيگە بىر ھەپتىلىك جايدىن باشلىنىپتۇ. ئۇنىڭغىچە چېلىش ئويۇشتۇرۇلۇپتۇ. تاغ باتۇرغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەپتۇ. تاغ باتۇرغا كىشى چىقمىغاندىن كېيىن، باتۇر ئىككى تاغنى ئىككى قولىدا كۆتىرىپ، يۇرتقا كۈچىنى نامايەن قىلىپتۇ. تۆمۈرخان بىلەن كاھىش خان ھودۇقۇپ قاپتۇ-دە، شىرزاتقا: «تاغنى بىز تەرەپكە قويىسۇن!» دەپ يېلىنىپتۇ. شىرزات تاغنى ئۆز ئورنىغا قويغۇزۇپتۇ.

بىر ھەپتىدىن كېيىن بەيگى ئاتلىرى يېتىپتۇ. ئىككى تەرەپ ئاتلىرىنى كۈتۈپتۇ. بىر چاغدا يىراقتىن چاڭ-توزاڭ كۆتىرىلىپتۇ. كېيىن بىر قارا نەرسە كۆرۈنۈپتۇ. بۇ قاراگىر ئىكەن. شىرزات دەرھال ئۈچ قەۋەت ئارقاننى تارتىپتۇ. قاراگىر ئۇچقاندەك كېلىپ، ئارقانغا ئۆزىنى ئۇرۇپ يىقىلىپتۇ. ئارقاننىڭ ئىككى قەۋىتى ئۈزۈلۈپ بىر قەۋىتى قالغان ئىكەن. قاراگىر ھوشىدىن كېتىپتۇ. شۇ چاغدا شىرزات ئېتىنىڭ بېشىغا كېلىپ:

— ئۈچ جېنىڭ بار ئىدى. ئىككىسى چىقسىمۇ بىرى قالغاندۇر. تۇر، قارا گىرىم، تىرىل قاراگىرىم! — دەپتۇ.

شۇ ھامان قارا گىر ئاتقا جان كىرىپ، كىشنەپ، پۇشقۇرۇپ ئورنىدىن تۇرۇپتۇ. باشقا ئاتلار بىر قانچە كۈندىن كېيىن كېلىشىپتۇ. نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان تۆمۈرخان بىلەن كاھىشخان «ئەمدى يۈگرەش ئۆتكۈزەيلى» دەپتۇ.

يۈگرەش مۇسابىقىسىنى بىر كۈنلۈك يەردىن باشلىماقچى بوپتۇ. شىرزات يەل تاپاننى چىقىرىپتۇ. تۆمۈرخان بىر جادىگەر مومايىنى چىقارغان ئىكەن، ئۇ:

— بۇ يەرگە كەلگىچە ھېرىپ قالدىڭ. ئۇخلا! يۈگۈرۈدىغان چاغدا ئۆزەم سېنى ئويغىتىمەن، — دەپتۇ يەل تاپانغا. يەل تاپان مومايىنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ ئۇخلاپ قاپتۇ. ئۇ ئەتىسى چۈش مەزگىلىدە ئويغىنىپتۇ. قارىسا موماي ئاللىقاچان كېتىپ قالغان ئىكەن. ئۆزىنىڭ ئالدانغانلىقىنى سەزگەن يەل تاپان بىر چاڭگال قۇمنى ئېلىپ كەينىدىن يۈگۈرۈپتۇ. ئۇ قۇشتەك ئۇچۇپ، قۇيۇندەك يېقىراپ ھېلىقى مومايغا يېتىشىۋېلىپ، قولىدىكى قۇمنى جادىگەرنىڭ كۆزىگە چېچىۋېتىپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. جادىگەر موماي كۆزىنى ئۇۋ-

ۋىلاپ قاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، يۈگۈرۈشتىمۇ شىرزات تەرەپ يېڭىپ چىقىپتۇ.

تۆمۈرخاننىڭ قىرىق غۇلاچ كەڭلىكتىكى بىر قازىنى كۆلگە چۈشۈپ كەتكەن ئىكەن. ئىلاجىسىز قالغان خان ئەنە شۇ قازاننى ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. «كۆل سۈيىنى قۇرۇتۇۋەت!» دەپ شىرزات كۆل باتۇرغا بۇيرۇپتۇ. كۆل باتۇر ئىككىلا سۈمۈرۈپ كۆل سۈيىنى تۈگىتىپتۇ. تاغ باتۇرى كۆلگە چۈشۈپ قازاننى تارتىپ چىقىپتۇ. تۆمۈرخاننىڭ ھېچ ئىلاجى قالماپتۇ. ئاخىرى پالۋانلارغا ئاتاپ ئالاھىدە تۆمۈر ساراي سالدۇرۇپ، ئۇلارنى شۇنىڭغا ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ساراي ئالاھىدە ھېكمەت بىلەن سېلىنغان ئىكەن. پالۋانلار كىرىشى بىلەنلا ئىشىك يېپىلىپ قاپتۇ. تۆمۈرخان پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئالدىن تەييارلىغان ئوتۇننى تۆمۈر سارايىنىڭ ئەتراپىغا دۆۋىلىتىپ ئوت ياققۇزۇپتۇ. ساراي قىزىشقا باشلاپتۇ. دەل شۇ چاغدا تاغ باتۇر ئىشىكنى بىر تەپكەن ئىكەن. ئەبجىغى چىقىپ كېتىپتۇ. كۆل باتۇر قوسىغىدىكى سۇنى پۈركۈپ ئوتنى بىردەمدىلا ئۆچۈرۈپتۇ. تۆمۈرخاننىڭ ھەممە ھىيلىسى بەربات بولۇپتۇ-دە، شىرزاتقا قىزىنى قوشۇپ بېرىپ يولغا ساپتۇ. شىرزات بانۇخاننىڭ يۇرتىغا قايتىپتۇ. يولدا ھەمراھلىرىنىڭ ھەممىسى شىرزات بىلەن خوشلىشىپ، ھەر قايسىسى ئۆز يېرىدە قاپتۇ.

شىرزات يول مېڭىپ، ماڭغاندىمۇ مول مېڭىپ، بانۇخاننىڭ ئېلىگە كەپتۇ. بانۇخان شىرزاتتىن بەكمۇ رازى بوپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ قىزىنى بېرىپ:

— يەنە نىمە خالايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. شىرزات:

— يەر ئۈستىگە چىقىپ كېتەي. ئەل-يۇرتۇمنى سېغىندىم، — دەپتۇ. بانۇخان شىرزاتنىڭ تەلىۋىنى ئورۇنلاپ، بىر قانچە ھەمرالارنى قوشۇپ، يەر ئۈستىگە چىقىدىغان ئورۇنغا ئېلىپ كېلىپ، خوشلىشىپ قايتىپ كېتىپتۇ.

بۇ يەرگە كەلگىچە ئالتە ئايلىق يول ئىكەن. يول ئازاۋىغا چىدىماي، بانۇخاننىڭ قىزى ۋە بىر قانچە ھەمرالىرى قازاغا ئۇچراپتۇ. قىزنىڭ باش كىنىزىگى-قەمەرگۈل، شىرزات ۋە قاراگىر يەر ئۈستىگە قاراپ مېڭىپتۇ. بۇ ئۈچىلەن يول مېڭىپ، بىر بۇلاقنىڭ يېنىغا كېلىپ، دەم ئېلىشقا توختاپتۇ. بۇلاق تۈۋىدە چوڭ بىر تۈپ چىنار دەرىخى بار ئىكەن. بىر چاغدا چىنار ئۈستىدىن ھەسرەتلىك چۇۋۇلدىغان تاۋۇش ئاڭلىنىپتۇ. قارىسا سۇمرۇغ قۇشىنىڭ باللىرى ئىكەن. بۇلارنى يېيىشكە بىر ئەجدىھار يۇقۇرىغا يامىشىپ چىقىۋاتقان ئىكەن. شىرزات سادىغىنى ئېلىپ، ئەجدىھارنى ئېتىپ چۈشۈرۈپتۇ. سۇمرۇغ باللىرى چۇۋۇلداشتىن توختاپتۇ. شۇ ئارىدا قاتتىق بوران كۆتىرىلىپ، ئانا سۇمرۇغ ئۇچۇپ كەپتۇ-دە، شىرزاتقا ئېتىلماقچى بولۇپتۇ. بىراق باللىرى چۇۋۇلدىشىپ ئۇنى توختۇتۇپتۇ.

سۇمرۇغنىڭ ئىككى بېشى بار ئىكەن: بىر بېشى ئادەمنىڭكىدەك، بىر بېشى قۇشنىڭكىدەك ئىكەن. ئانا سۇمرۇغنىڭ ئادەم بېشى شىرزاتقا:

— ھەي، ئادىمىزات، بۇ يەرگە نىمە ۋەجىدىن كېلىپ قالدىڭ؟ — دەپتۇ.

— مەن يەر ئۈستىنىڭ ئادىمى، باللىرىڭنى ئەنە ئاۋۇ ئەجدىھاردىن قۇتقۇزۇۋالدىم، — دەپتۇ شىرزات.

سۇمرۇغ ھەر يىلى بىر قېتىم بالا چىقىرىدىكەن. بىراق ئەجدىھار ھەر يىلى يەپ كېتىدىكەن. سۇمرۇغنىڭ باللىرىنى سالامەت كۆرۈشى پەقەت مۇشۇ قېتىملا ئىكەن. سۇمرۇغ باللىرى شىرزاتنىڭ ياخشىلىغىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، سۇمرۇغ شىرزاتنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ،

ئۇنىڭ بىلەن ئايرىلماس دوست بولۇپتۇ-دە:

— نىمە خالايسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

شىرزات كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، يەر ئۈستىگە چىقىشنى تەلەپ قىلىپتۇ. سۇمۇرۇغ شىرزات، قاراگىر ۋە قەمەرگۈلنى ئۈستىگە مىنگۈزۈپ، يەر ئۈستىگە چىقىرىپتۇ. خوشلاشقان چېغىدا شىرزاتقا بىر تال قانىتىنى ئۈزۈپ بېرىپ:

— بېشىڭغا كۈن چۈشسە، مۇشۇنى كۆيدۈرسەڭ، مەن ھازىر بولىمەن، — دەپتۇ.

يەر ئۈستىگە چىققاندىن كېيىن، ئۇلار دەم ئېلىپ، كۆزلىرى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

شىرزاتنى تۇتالمىغاندىن كېيىن، جادىگەر قىز ئاچچىغلىنىپ، موماينى بوغۇپ ئۆلتۈرگەن ئىكەن. مومايدىن چۆيۈنقولاق دېگەن بىر ئوغۇل قالغان بولۇپ، جادىگەر قىز ئۇنىڭغا شىرزات چىقىدىغان ئورۇننى كۆزەت قىلىپ تۇرۇشنى تاپىلىغان ئىكەن. چۆيۈنقولاق شۇنىڭدىن بۇيان شىرزاتنى كۈزىتىپ يۈرگەن ئىكەن. ئۇ يەر ئۈستىگە چىققان شىرزاتنىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى تۇتۇپ، پۇت-قولىنى باغلاپ جادىگەر قىزنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەپتۇ. ئۇ شىرزاتنى زىندانغا تاشلاپ، قەمەرگۈلنى چۆيۈنقولاققا بېرىپتۇ. قاراگىر ئاتقا تۆمۈر كىشەن سېلىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن شىرزات ئۇزۇن ۋاقىت زىنداندا تۇرۇپ قاپتۇ. قەمەرگۈل چۆيۈنقولاقتىن بىر بالا تېپىپتۇ. چۆيۈنقولاق قاراگىرنى مىنىپ ئوۋ ئوۋلاپ يۈرۈپتۇ. بىر كۈنى چۆيۈنقولاق قاراگىرنى ئۆزىنىڭ قىرىق غۇلاچ تاسما بەلۋىغى بىلەن باغلاپ قويۇپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن تاسما يېشىلىپ كېتىپتۇ. ئات دەرھال زىندان بېشىغا كېلىپ، يەرنى چاپچىپ تاسما ئارقانىنى قۇدۇققا چۈشۈرۈپ بېرىپتۇ.

شىرزات تاسمىغا يامىشىپ زىنداندىن چىقىپ، سۇمۇرۇغنىڭ قانىتىنى كۆيدۈرۈپتۇ. سۇمۇرۇغ يېتىپ كەلگەندىن كېيىن شىرزات بېشىغا كەلگەن كۈننى سۆزلەپ بېرىپتۇ. سۇمۇرۇغ:

— چۆيۈنقولاقنىڭ جېنى ئۆزىدە ئەمەس، ئۇ جېنىنى باشقا يەردە ھېچكىمگە سەزدۈرمەي ساقلايدۇ. ھەر نىمە قىلىپ، ئۇنىڭ جېنىنى تېپىۋال. بولمىسا ئۇنىڭدىن زادىلا قۇتۇلالمايسەن، — دەپتۇ.

شىرزات ئېتىغا مىنىپ، چۆيۈنقولاقنىڭ ئۆيىگە كەلسە، چۆيۈنقولاق ئاتنى ئىزلەپ كەتكەن ئىكەن. قەمەرگۈل شىرزات بىلەن يىغلاپ كۆرۈشۈپ، كۆرگەن خورلۇقلىرىنى سۆزلەپ كېلىپ، «چۆيۈنقولاقتىن مېنى قۇتقاز!» دەپ يىلىنىپتۇ. شىرزات قەمەرگۈلدىن چۆيۈنقولاقنىڭ سىرىنى بىلىۋېلىپ، ئۇنىڭ جېنىنى سوراشنىڭ ئۇسۇل-چارىلىرىنى ئۆگىتىپ قويۇپتۇ-دە، ئۆزى بۆشۈكنىڭ نەق ئاستىنى قېزىپ، يوشۇرۇنۇپ يېتىپتۇ. كەچتە چۆيۈنقولاق كەپتۇ. شىرزات دېگەندەك، قەمەرگۈل ئېرىنى تاماققا راسا تويغۇزۇپ ياتقۇزۇپتۇ. ياتقاندىن كېيىن بالىسىنى چىمداپ يىغلىتىپتۇ. بالا يىغلاۋەرگەچكە، چۆيۈنقولاق:

— قەمەر، بالىنى پەس قىل! — دەپ ۋاقىراپتۇ. قەمەر بالىنى ئەللەي ئەتكەن بولۇپ، تېخىمۇ قاتتىغراق چىمداپ يەنە يىغلىتىپتۇ. بالا يىغلاۋەرگەندىن كېيىن چۆيۈنقولاق:

— بالا نىمىشقا يىغلايدۇ؟ — دەپتۇ.

قەمەر بالىنىڭ يىغلىغىنىنى سورىغان بولۇپ، چۆيۈنقولاققا:

— بالاڭ «مەن چۆيۈنقولاقنىڭ بالىسى ئەمەس، شىرزاتنىڭ بالىسى بولسام كېرەك. ئەگەر چۆيۈنقولاق ئاتام بولسا، جېنىمنى ئۆز جېنىغا قوشۇپ قويار ئىدى.

ھەتتا جىنىنىڭ نەدە ئىكەنلىگىنىمۇ ئېيتمىدى، شىرزات بولسا، جىنىنىڭ نەدىلىگىنى ئالىلقاچان ئېيتىپ بەرگەن بولاتتى، شۇنىڭغا يىغلايمەن» دەيدۇ، — دەپ چۆيۈنقۇلاقنى ئىشەندۇرۇپتۇ. چۆيۈنقۇلاق:

— بالام جۆيلىمىسۇن، ئۇنىڭ ئاتىسى شىرزات ئەمەس. ئۇنىڭغا مېنىڭ جېنىم كېرەك بولسا، ئۆزىڭلا ئېيتىپ بېرىمەن، — دەپ، قەمەرگۈلنى ئۆيىدىن چىقىرىۋېتىپ، بالىنىڭ قولىغىغا پىچىرلاپتۇ،— جېنىم يىراقتا. ئۇنى ئۆزەمدە ساقلىمايمەن. «تامچى بۇلاق» نىڭ ئەتراپىدا قىرىق ئىرىك بار. شۇنىڭ ئىچىدىكى قارا ئىرىكنىڭ قارنىدا توققۇزقارا ساندۇق بار. شۇ ساندۇقنىڭ ئەڭ كىچىگىدە توققۇز چۆجە بار. شۇ توققۇز چۆجە مېنىڭ جېنىم. جېنىڭ گەۋدەڭگە سىغمايۋاتسا، شۇنىڭغا قوشۇپ قوياي. بىراق ھېچكىم بىلمىسۇن. سىز-بىز قالسا تىرىك قالمايمىز، — دەپتۇ - دە، ئورنىغا بېرىپ يېتىپتۇ.

شىرزات چۆيۈنقۇلاقنىڭ جېنىنىڭ نەدىلىگىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، شۇ ھامان «تامچى بۇلاق» نىڭ بېشىغا بېرىپ ئىرىكلەر سۇ ئىچىدىغان يەردە يوشۇرۇنۇپ يېتىپتۇ. چىڭقى چۈش مەزگىلىدە ئىرىكلەر سۇ ئىچكىلى كېلىپ، بىردىنلا توختاپ قاپتۇ ۋە ئۆزئارا سۆزلىشىپ «ئادەم پۇرىغى كېلىۋاتىدۇ، بەلكىم چۆيۈنقۇلاقتا قەست قىلغۇچىدۇر!» دېيىشىپتۇ. بولۇپمۇ قارا ئىرىك ھەممىسىنىڭ ئارقىدا تۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا شىرزات ئىرىكلەرگە مۇنداق دەپتۇ:

جان ھەمرىيىم قارا ئىرىك،
جېنىم سەندە بىلگىن ئىرىك.
جان ساقلىغان قارا ئىرىك،
چۇچۇتقان كىم سېنى كېلىپ؟

سۇيىڭ تىنىق بولغانمىغان،
قاچىسىلەر نىمە سېزىپ؟
شىرزاتنى مەن ئولجا ئالدىم،
قەمەرگۈل ۋە ئاتنى ئېلىپ.
چۇچۇتقانىمەن ھەممىڭىزنى،
ئادەم ھىدى شۇندىن سىڭىپ.
ۋاقتىم بولماي كېلەلمىگەن،
ھازىر كەلدىم قولۇم تېگىپ.
يالغۇز ئوغلۇم جېنىنىمۇ
ئۆزەم بىلەن كەلدىم ئېلىپ.
جان ساقلىغان، قارا ئىرىك،
تالاي بولدۇڭ ماڭا شىرىك.
ئادەم ھىدى كەلدى دىمە،
مەندىن قېچىپ يىراق يۈرمە.

ئىرىكلەر يەنىلا ئىشەنمەي، ھۈركۈپ، چەكچىيىپ تۇرۇپتۇ. شۇ چاغدا شىرزات يەنە مۇنداق دەپتۇ:

سۆزلىرىمگە ئىشەنمەي،
بەرمەي قاچساڭ جېنىمنى،
چۆيۈن ئېتىم قۇرۇسۇن،
ئالمىسام مەن جېنىڭنى.
ھەمرالىقتىن قول يۇيۇپ
سۇدەك چاچاي قېنىڭنى!

پەقەت شۇ چاغدىلا ئىرىكلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كېلىپ سۇ ئىچىشكە باشلاپتۇ. ئەڭ كەينىدە قارا ئىرىكمۇ سۇ ئىچىپتۇ. دەل شۇ چاغدا شىرزات ئۇنى چەنلەپ تۇرۇپ ئوقيا ئاتقان ئىكەن، ئىرىكنىڭ قارنى چۇۋۇلۇپ، توققۇز قارا ساندۇق يەرگە چېچىلىپ چۈشۈپتۇ. شىرزات ئۇلاردىن ئەڭ كىچىگىنى ئېلىپ ئېچىپ، سەككىز چۆجىنىڭ بويىنىنى يۇلۇپ تاشلاپ «چۆيۈنقۇلاقنى جان تالىشىۋاتقاندا بىر كۆرەي» دەپ، ئۇنىڭ

ئۆيگە كەپتۇ ۋە قەمەرگۈلدىن:

— چۈيۈنقۇلاق قانداق؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۇ ھالسىراپ قالدى، — دەپتۇ قەمەر گۈل. شىرزات ئۆيگە كىرىپ قارىسا، چۈيۈنقۇلاقنىڭ كۆزلىرى ئالىيىپ، ئاران-ئاران نەپەس ئېلىۋاتقان ئىكەن. شىرزات ئۇنى «ھە، باتۇر قانداق؟» دەپ مەسخىرە قىلىپ يېقىن كەلگەن ئىكەن، چۈيۈنقۇلاق ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئاپتۇ-دە، شىرزات بىلەن ئېلىشىپتۇ. چۈيۈنقۇلاق ئېلىشقانسېرى كۈچىيىپ كېتىپتۇ. شىرزات كۈچەپ، قارا تەرگە چۆمۈپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاغ يىقىلىۋاتقاندەك، گەۋدىسىنى تۆمۈر ئىسكەنجە بوغۇۋاتقاندەك بولۇپتۇ. شۇ چاغدا شىرزات قەمەرگۈلگە مۇنداق يېلىنىپتۇ:

قارا يەرنىڭ قەھرىدىن،
بانۇخاننىڭ ئېلىدىن،
شىرزاتقا ئەگىشىپ
بىللە كەلگەن قەمەرگۈل.

شىرزاتتىن ئايرىلىپ،
قاناتلىرى قايرىلىپ،
چۈيۈنقۇلاق قولىدا
تۇتقۇن بولغان قەمەرگۈل.

كىيىمىڭ يوق كىيگىدەك،
چۆشلۈگۈڭ يوق يېگىدەك،
خورلۇق بىلەن كۈن كۆرۈپ
ۋەيران بولغان قەمەرگۈل.

قېتىپ ئاجىز باشلىرىڭ،
تۆكۈلدى كۆز ياشلىرىڭ.
زۇلۇم بىلەن خار بولۇپ
ئازاپ چەككەن قەمەرگۈل.

جان چىقىشقا ئاز قالدى،
ھالىمغا بىر يەتسەڭچۇ.
سەندە قالدى ئۈمىدىم،
ياردىمىڭنى بەرسەڭچۇ.

قوينۇمدا بىر قۇتا بار،
ئىلدام كېلىپ ئالساڭچۇ.
ئۇنىڭدىكى چۈجىنىڭ
بوينىنى تېز يۇلساڭچۇ.

ئىلتىماسىم، قۇتىنىڭ
تېز ئاغزىنى ئاچساڭچۇ،
رەھىم قىلىپ ھالىمغا
بىرەر تۆھپە قاتساڭچۇ!

قەمەرگۈل دەرھال شىرزاتنىڭ قوينىدىن قۇتىنى ئېلىپ، ئۇنىڭدىكى چۈجىنىڭ بوينىنى ئۈزۈپ تاشلاپتۇ. چۈجە ئۆلگەندىن كېيىن، چۈيۈنقۇلاقمۇ ئۆلۈپتۇ. دادىسىنىڭ ئۆلگەنلىگىنى كۆرگەن بالا بۆشۈكتە تۇرۇپ:

— خەپ ئاتامنىڭ ئىنتىقامىنى ئالمىسام، — دەپ يىغلاپتۇ. شىرزات بۇنى ئاڭلاپ، بالىنى بۆشۈك-مۆشۈگى بىلەن قوشۇپ سۇغا تاشلىۋېتىپتۇ.

شىرزات يەر ئاستىغا چۈشۈپ كەتكىلى ئۇزاق يىللار بولۇپ كېتىپتۇ. شۇڭا پەرىزاتتىن باشقىلىرى ئۇنىڭدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن ئىكەن.

بىر كۈنى پەرىزات سەھەر تۇرۇپ ئاقۋاش تۆگىنىڭ يوق ئىكەنلىگىنى كۆرۈپتۇ. ئۇنى ئىزلەپ ماڭغاندا، بېلىگە ئورالغان بەلۋېغى يېشىلىپ، پۇتىغا يۆگىلىۋاپتۇ. ئۇ رومىلىنى ئېلىپ، ئاقۋاش تۆگىسىنى ئىزلەپ بارسا، بىر سايدا بوتىلىغان ئىكەن. سايىنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئاقساق قاراگىرغا مىنگەن بىر

ئاقساقال كۆرۈنۈپتۇ.

پەرىزات تۆگىنىڭ تۇققانلىغىنى، بەلۋىغىنىڭ يېشىلگەنلىگىنى كۆرۈپ: «شىرزات ۋاپات بوپتۇ، هايات بولسا ئاللىقاچان بىر خەۋىرى كېلەر ئىدى» دەپ هەسرەت بىلەن مۇنداق كۈيلەپتۇ:

جان تۆگەم، ئاقۋاش تۆگەم،
شەرتلەشكەنتىڭ مەن بىلەن.
شىرزاتتىن خەۋەر كەلسە،
سۆزلىشەتتىڭ مەن بىلەن.
هاياتلىق ۋە ماماتلىقتىن
بەلگە بېرەي دىگەنسەن.

ئۈمىدىمنى ئۈزمىدىم
قانچە يىللار ئۆتتىمۇ،
بىر كېلەر دەپ كۈتكەنتىم
ئۆمرۈم ئۆتۈپ كەتتىمۇ.

ئۆزى ساغۇش بوتىلاق
بوتىلاپسەن ئىسىلىپ.
تولدۇڭمۇ سەن شاتلىقتا
بوتىلاقتا ئېتىلىپ.

كېلىشىدىن خەۋەر يوق،
بەلكىم شىرزات ئۆلدىمۇ؟

رومىلىم هەم يېشىلدى،
تۇرمىدى هېچ بەلدىمۇ.

شىرزاتتىن خەۋەر بەر،
بۇزمىغىن سەن شەرتىڭنى.
بەلدىن رومال يېشىلدى،
بۇ — شىرزاتنىڭ ئۆلگىنى!

پەرىزات ئەنە شۇنداق زار يىغلاپ تۇرغاندا، ئاقساقال بوۋاي مىنگەن قاراگىر قاتتىق كىشنەۋېتىپتۇ. پەرىزات ئاتنىڭ تاۋۇشىدىن ئۇنىڭ ئۆز ئېتى ئىكەنلىگىنى تونۇپتۇ. شىرزاتمۇ پەرىزات بىلەن ئاقۋاش تۆگىنى تونۇپتۇ. ئۇلار يۈگۈرۈپ كېلىشىپ، بىر-بىرى بىلەن قۇچاغلىشىپ كۆرۈشۈپ، هوشلىرىدىن كېتىپتۇ. ئۇلار هوشىغا كەلگەندە دەسلەپ ئايرىلغان كۈنلىرىدىكىدەك ياش، قىران هالىتىگە كېلىپ قاپتۇ.

مانا شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈپ، مۇرات-مەقسەتلىرىگە يېتىپتۇ.

بۇ ئىككى چۆچەكنى قەشقەر يېڭىشەر يايلاق 10-دادۈيدىكى تۇردى ئاخۇن ئېيتىپ بەرگەن.

رەتلىگۈچى: **ماخمۇتجان ئىسلام**

## ئاچكۆز شاهنىڭ تۆۋە قىلىشى

(چۆچەك)

بۇرۇنقى زاماندا ئوسمان ئىسىملىك بىر پادىشا ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ مال-دۇنياغا زادى تويماس ئاچكۆز ئىكەن. شۇڭا ئۆزىنىڭ خاس هۇجرىسىنىڭ ئاستىغا غەزنە سالدۇرۇپ، ئىشىگى ئۈستىگە ئۆز تەختىنى قۇرغان ئىكەن. كۈندۈزى پادىشالىق قىلسا، كېچىسى دەككە-دۈككىدە ئۆمۈر ئۆتكۈزىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ تەختى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ مۈگدەپ قېلىپ،

ئاجايىپ بىر چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ئۇ بىر گۈزەل باققا كىرىپ قاپتۇ. ئەتراپقا نەزەر سالغىدەك بولسا، باغدىكى ھەممە گۈل - گىيالار، دەل - دەرەخلەر ئالتۇندىن بولۇپ، كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرغىدەك. ئوسمان شاھنىڭ خوشاللىقتىن جىنى ئىچىگە پاتماي: «ئەمدى مۇرادىمغا يەتتىم. بايلىقتا قايسى پادىشا ماڭا تەڭ كېلەلىسۇن!» دىگەن خىيال بىلەن باغدىكى ئالتۇنلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىشتۇرۇپ، غەزنىگە قاچىلىماقچى بوپتۇ، ياساۋۇللىرىغا دەرەخلەرنى كېسىپ، گۈل - گىيالارنى قومۇرۇپ ئېلىشنى بۇيرۇپتۇ. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي كېسىلگەن دەرەخلەر، گۈل - گىيالارنىڭ ئورنىدىن قاپ قارا جىن - تىكەنلەر ئۈنۈپ چىقىپ، يىرتقۇچ ھايۋان، يىلان - چايانلار پەيدا بولۇپ، ياساۋۇللارنىڭ ھەممىنى چېقىپ ئۆلتۈرۈپتۇ. بىر دەمدىلا شۇنچە گۈزەل ماكان ھۇقۇشلار ئۇۋىسىغا ئايلىنىپتۇ. پادىشا قورققىنىدىن ئەس - ھۇشىنى يوقىتىپ جىن - تىكەنلەرگە دەسسىگەن ھالدا قېچىپتۇ. ئۇنىڭ ئالدىنى بىر چىلبۆرە توسۇپ چاڭ سالاي دىگەندە، قاتتىق ۋاقىرىغان پېتى ئويغىنىپ كېتىپتۇ. چۈشنى ئەسلەپ قارا تەرگە چۆمۈپتۇ. بىخوت بولۇپ ھۇجرىسىدىن چىقالماي يېتىپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان ۋەزىر - ئۆلىمالار پادىشانىڭ ھۇجرىسىغا يىغىلىپتۇ.

ئوڭ قول ۋەزىر پادىشادىن سوراپتۇ:

— ئەي ئادالەتلىك سەلتەنەتلىك شاھىم، ئالىلىرىغا نىمە مالاللىق يەتتى؟

ئوسمان شاھ خاموش ۋە پەرىشان ھالدا ئۇلارغا كۆرگەن چۈشنى بايان قىلىپ، ئۇنىڭ تەبىرىنى سوراپتۇ ۋە ئۇلار چۈشىنىڭ بىر كېلىشمەسلىكتىن بىشارەت بېرىدىغانلىقىنى سەزگەن بولسىمۇ شاھنىڭ غەزىۋىدىن قورقۇپ ھېچكىم تەبىر بېرەلمەپتۇ. ئارىدىن يەنە ئوڭ قول ۋەزىر سۆز ئېلىپ:

— ئى قۇدرەتلىك پادىشاھى ئالەم، ياخشى چۈش بولسۇن ۋە ياكى يامان چۈش بولسۇن نەزىر - چىراق ئۆتكۈزۈش، سەدىقە بېرىش ۋەجىپتۇر، چۈنكى، سەدىقە بالانى يەر، تۆبە گۇنانى، — دەپتۇ.

پادىشانىڭ مۇنداق ئورۇنسىز چىقىم ئۈچۈن ئىچى ئاداپ تۇرسىمۇ، ئىلاجىسىزلىقتىن نەزىر - چىراق ئۆتكۈزۈشكە ئىجازەت بېرىپتۇ، بىراق ئۇزۇن يىل ئامباردا ساقلىنىپ، كۆكىرىپ، كەتكەن ئاشلىقلارنى، قېرى ۋە ئورۇق كالا - ئاتلارنى ئىشلىتىشكە بۇيرۇپتۇ. نەزىر كۈنى پادىشانىڭ ئالدىغا، ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ياشلىق بولسىمۇ، چاچ - ساقىلىنى دەرۋىشلەردەك ئۆستۈرۈۋەتكەن، چېقىر كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇرىدىغان، بەلۋىغىغا ساپايى قىستۇرۇلغان جۇل - جۇل كىيىملىك بىر كىشى پەيدا بولۇپ، يەرنى سۆيۈپ تازىم بىجا كەلتۈرۈپ:

— ئەي سىخىلارنىڭ سەردارى، ئاجىزلارنىڭ غەمخورى، شانۇ - شەۋكەتلىك ئۇلۇغ شاھ، شۇ خاسىيەتلىك جۈمە كۈندە، جانابلىرىدىن بەش دانە تىللا سەدىقە تىلەيمەن، — دەپتۇ.

— سەن قەيەرلىك؟ ئۆزەڭ كىم بولىسەن؟ — دەپتۇ ئوسمان شاھ.

— مەن بىر غېرىپ مۇساپىرمەن، ئىسمىم قۇددۇس، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ قەلەندەر.

— بەش تىللانى نىمە قىلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ شاھ.

— مەن بىر مۇنەججىم تىۋىپمەن، — دەپتۇ قۇددۇس، ئالىلىرى بەرگەن پۇلنى غېرىپ - مىسكىنلەرنىڭ كېسىلىنى داۋالاشقا سەرپ قىلۇرمەن. بېخىل شاھ خەلقى ئالەم ئالدىدا ئۆزىنىڭ سېخىلىقىنى بىر كۆر-

سەتمەكچى بولۇپ غەزنىچىگە قۇددۇسقا بەش تىللا بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. ئەزەلدىن خەيرى - ئېھسان دىگەننى بىلمەيدىغان بېخىل پادىشا — نەزىر ئۈچۈن بىر مۇنچە نەرسىلەردىن قۇرۇق قالغانلىق ئۈستىگە يەنە بەش تىللادىن قۇرۇق قالغىنى قاتتىق ئەلەم قىلىپ، ئوردىسىغا يېتىپ كېلىپلا بىتاپ بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تەكلىپ قىلىنغان داڭلىق تىۋىپلار تەييارلاپ بەرگەن تىل - نى ئىسسىق دورىلارمۇ ئۇنىڭ كېسىلىگە قىلچە پايدا قىلماستىن ئەكسىچە كېسىلى كۈندىن كۈنگە ئېغىرلىشىپتۇ. پادىشا تەقدىرگە تەن بېرىپ، ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىشقا ھازىرلىنىپتۇ ۋە ئۆلۈمىدىن كېيىن ۋەزىرلەرنىڭ تەخت تالىشىش ماجىراسى قىلىپ، مەملىكەتنى ۋەيران قىلىشى ھەتتا غەزنىگە ياتلارنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، يالغۇز قىزى رەنانى ئۆز تەختىنىڭ ۋارىسى دەپ جاكا قىپتۇ. رەنا پەرىلەردەك گۈزەل، ئەقىل - پاراسەتلىك ئەلەمگىمۇ - قەلەمگىمۇ ماھىر قىز - ئىكەن، كىچىكىدىلا ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەچكە دادىسىغا بەك ئامراق ئىكەن. شۇڭا، ئۇ دادىسىنىڭ ھالىدىن قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشۈپ، پۈتۈن مەملىكەتكە — ئەگەر كىم پادىشانى داۋالاپ ساقايتسا ئۇ كىشىنىڭ نىمە تەلەپ - ئارزۇسى بولسا دەرھال بەجا كەلتۈرىدىغانلىقى توغرىسىدا پەرمان چىقىرىپتۇ. بۇ پەرماندىن خەۋەر تاپقان قۇددۇس ئوردىغا كىرىپ كەپتۇ. پادىشا ئۇنى كۆرۈپ، «كېسەل بولۇشۇمغا سەۋەپچى بولغان بۇ قەلەندەر ئەمدى جېنىمغا زامىن بولىدىغان بولدى» دەپ ئويلاپ، قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپتۇ. ئەھۋالى تېخىمۇ يامانلىشىپ تىلى گەپتىن قاپتۇ، قۇددۇس گويا ھىچ ئىش بولمىغاندەك، بىر تەرەپتىن شاھنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن، شىرىن سۆزلەر بىلەن شاھنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ ئېلىپ كەلگەن دورىلارنى ئىچكۈزۈپتۇ. ئۇزۇنغا قالماي پادىشانىڭ كۆڭلى ئازراق ئېچىلغاندەك بوپتۇ. شاھقا تىۋىپنىڭ دورىلىرىدىن كۆرە سۆزلىرى كۆپرەك راۋا بوپتۇ. ئۈچ كۈن ئۆتۈپ، پادىشا خېلىلا ياخشىلىنىپ قاپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان مەلىكە رەنا كېنىزەكلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، شاھنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىپ، ئۇنىڭدىن ئەھۋال سوراپتۇ ۋە قۇددۇسقا تەشەككۈر بايان قىپتۇ. شۇچاغ دەرىزىدىن ئۇچۇپ كىرگەن شامال مەلىكىنىڭ چۈمبىلىنى ئېچىۋېتىپتۇ. مەلىكىنىڭ چىرايىغا كۆزى چۈشۈپ قالغان قۇددۇسنىڭ يۈرىكىگە مەلىكىنىڭ بەرگى قىياقتەك قاشلىرى ئوقيادەك سانچىلىپ، ئىشق نەشتىرىنى ئۇرۇپتۇ. شامال ئېلىپ كەلگەن ئەتىرنىڭ خۇشبۇي ھىدىدىن قۇددۇس ئەس - ھۇشىنى يوقىتىپتۇ. مەلىكە ئاتىسى بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كېتىپتۇ. پادىشا غەزنىچىسىگە — قۇددۇسنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن يۈز تىللا بېرىشنى بۇيرۇپتۇ.

— ئەي شانۇ - شەۋكەتلىك پادىشاھىم، — دەپتۇ قۇددۇس، — ئۆزەمنى خۇدا يولىدا ساۋاپلىق ئىشلارغا بېغىشلىغان بىر بەندىمەن. ئالىلىرى بەرگەن بەش تىللا ماڭا يېتىپ ئاشىدۇ. ماڭا ئارتۇقچە بىر نەرسە كېرەك ئەمەس. بۇ گەپ پادىشاغا ياغدەك خوش يېقىپتۇ. قۇددۇسنىڭ شۇنداق ئاقكۆڭۈل ۋە خالىسلىقىغا ئەتراپتا تۇرغانلارمۇ ھەيران قاپتۇ. پادىشا ئۇنى ئۆزىگە مەخسۇس تىۋىپ قىلىپ، ئىسسىق سەرپىياتلارنى ئىنئام قىپتۇ، ئوردا ئەھلى ئۇنى تەبرىكلىشىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە قۇددۇس پادىشاغا

مۇنداق مەسلھەت بېرىپتۇ:

— ئى پادىشاھى ئالەم! ھازىر خېلىلا ياخشىلىنىپ قاللا، ئەمما كۆڭۈللىرىنى بىر ئەنسىزلىك چىرماپ تۇرۇپتۇ. بۇ ئەنسىزلىكنىڭ بىردىن-بىر شىپاسى ھەج سەپىرىگە بارغاچ شەھەرلەرنى ساياھەت قىلىپ، كۆڭۈل ئېچىشتۇر. سەپەر ئىنسانىنى غەم-غۇسسىدىن خالاس قىلىپ، ئۆمرىنى ئۇزارتقۇسى.

ئەسلىدە پادىشا ئۆمرىدە بىر قېتىم ھەج قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگەن بولسىمۇ، بىراق چىقىمدار بولۇشتىن قورقۇپ بارمىغان ئىكەن. قۇددۇسنىڭ بۇ گېپى پادىشاغا ماقۇل كەپتۇ. ئۇ پۈتۈن ئوردا ئەھلىنى يىغىپ، ئۆزىنىڭ ھەج تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن مەككە-مەدىنىگە سەپەرگە چىقىدىغانلىقى، سەپەردىن قايتىپ كەلگىچە دۆلەت ئىشلىرىنى مەلىكە رەنا باشقۇرۇپ تۇرىدىغانلىقىنى جاكالاپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان يۇرت ئەھلى ئىچىدە كەمبەغەل يوقسۇللار بىر مەزگىل بولسىمۇ، پادىشانىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلىدىغانلىقىغا خوشال بولۇشۇپتۇ، لېكىن ئەمەلدارلار ۋە يۇرت مۆتىۋەرلىرى پادىشاغا قىلىنىدىغان سوغا-سالامنىڭ ئۆزلىرىگە ئېغىر يۈك بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ غەمگە چۆمۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ پادىشا سەپەرگە تەييارلىنىۋاتقان كۈنلەردە قۇددۇس پادىشانىڭ ئەتراپىدا پاي-پېتەك بولۇپ ساداقەتمەنلىك بىلەن ئىشلەپتۇ، شاھنى ماختاپ ئۇچۇرۇپ خۇشامەت قىلىپ هارماپتۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىشى پادىشاغا تېخىمۇ ياراپ، ئۇنىڭغا بولغان ئىخلاسى تېخىمۇ كۈچىيىپتۇ ۋە ئۇنى سەپەردە ئۆزىگە ھەمراھلىققا تاللاپتۇ. ئۈچ كۈن تەييارلىق قىلغاندىن كېيىن پادىشا قۇددۇس بىلەن ھەج سەپىرىگە ئاتلىنىپتۇ، ئۇلار تىنىمسىز يول يۈرۈپ، يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپ، كۆز باغلانغان مەھەلدە بىر باياۋاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتەڭگە كېلىپ غىزالىنىپتۇ. غىزادىن كېيىن قۇددۇس تۇيدۇرماستىن پادىشانىڭ چېيىغا دورا بېھۇشنى سېلىۋېتىپتۇ. چاينى ئىچىش بىلەنلا پادىشا بېھۇش بولۇپ يىقىلىپتۇ. قۇددۇس ئوردىدا تۇرغان مەزگىلدە ئۆگىنىۋالغىنى بويىچە، پادىشانىڭ قول يازمىسىغا ئوخشىتىپ مەلىكە رەناغا خەت يېزىپ پادىشانىڭ يېنىدىكى شاھانە ئالتۇن مۆھرىنى ئېلىپ بېسىپتۇ. يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە پادىشانى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ ئاتقا غانجۇغىلاپتۇ ۋە ئۆتەڭدىن كۆپ يىراقتىكى ئادەم ئايىغى يەتمىگەن بىر سايلىققا ئاپىرىپ تاشلىۋېتىپتۇ، ئاندىن ئۆتەڭگە قايتىپ كېلىپ، پادىشانىڭ بارلىق نەرسە-كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بىر جايغا يوشۇرغاندىن كېيىن، ئاتقا مىنىپ ئوردىغا قاراپ يول ئاپتۇ. ئەتىسى ئەلياتقۇدا ئوردىغا يېتىپ كەپتۇ. كېنىزەكلەر ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بىر مۇھىم ئىش بىلەن كەلگەنلىگىنى مەلىكە رەناغا خەۋەر قىلىپتۇ. مەلىكە رەنا: «سەپەر ئۈستىدە دادامغا بىرەر كېلىشمەسلىك كېلىپ قالدىمۇ-نىمە؟» دىگەننى ئويلاپ، پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ، قۇددۇسنى قوبۇل قىپتۇ. قۇددۇس يەرنى سۆيۈپ تۇرۇپ تازىم بىجا كەلتۈرۈپ، شاھ ئوسماننىڭ مۆھرى بېسىلغان خەتنى مەلىكە رەناغا سۇنۇپتۇ. مەلىكە رەنا ئاتىسىنىڭ خېتىگە كۆز يۈگۈرتۈپتۇ. خەتتە:

«دىلىمنىڭ ھۇزۇرى، پۈت-قولۇمنىڭ ماغدۇرى. قاناتىم مەلىكە رەناغا! سالامدىن كېيىن مەلۇم بولسۇنكى، بىر كۈنلۈك سەپەر جەريانىدا ئانىڭىز رەھمەتلىكنىڭ ۋەسىيىتى يادىمغا چۈشۈپ، مەرھۇمىنىڭ روھىنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن، سىزنى ئۆزەم بىلەن بى-

لله ھەجگە ئېلىپ بېرىشنى لايىق تاپتىم.
غەزنىنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىپ تېزدىن قۇد-
دۇس بىلەن سەپەرگە ئاتلىنىڭ! دۆلەت ئىش-
لىرىنى ئەخمەت ۋەزىر باشقۇرۇپ تۇرسۇن»
دەپ يېزىلغان ئىكەن. مەلىكە رەنا خەتنى
ئوقۇپ، مېھرىۋان ئانىسىنى ئويلاپ كۆڭلى
بۇزۇلۇپ، قارا كۆزلىرىدىن مونچاقتەك ياش
تۆكۈپتۇ. دەرھال ئاتىسىنىڭ بۇيرۇغىنى ۋەزىر-
لەرگە يەتكۈزۈپ ئەخمەت ۋەزىرگە تەخت-
نى تاپشۇرۇپتۇ. ئاندىن بىر خۇرجۇندا ئال-
تۇن تىللا قاچىلاپ، قۇددۇس بىلەن بىرگە
كېچىلەپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ماڭا-ماڭا
شەھەردىن ئۇزاپ، تۈن يېرىمىدىن ئۆتكەندە
بىر كەڭ سايلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كارۋانلار
سۇ ئىچىدىغان قۇدۇقنىڭ بويىغا كېلىپ
چۈشۈپتۇ. بىر تۈپ قېرى توغراقنىڭ قېشىدا
ئېتتۇرۇپ ئازراق غىزالىنىپتۇ. بۇ چاغدا
تاڭ سۈزۈلگەن بولۇپ، قۇددۇسنىڭ ھايۋانى
نەپسى مىڭ گەز ئۆرلەپ، مەلىكىنى ئازدۇ-
رۇپ بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىشتىكى مەقسىدىنى
ئاشكارىلاپتۇ.

— ئەي گۈزەللەرنىڭ رەناسى، ئىشقى
ئوتىدا پۇچىلانغان يۈرىكىمنىڭ شىپاسى، —
دەپتۇ قۇددۇس مەلىكە رەناغا مۇراجەت قى-
لىپ، ئاي يۈزىڭىزنى كۆرگەن كۈنۈمدىن
باشلاپ ئىشقى ئوتىڭىزدا دوزاق ئازاۋىنى
تارتىپ كەلدىم، سىزنىڭ ۋىسالىڭىزغا يېتىش
ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم.
كەمىنىڭىزنىڭ تىلىكىنى يەردە قويمىسىڭىز!

بۇ گەپنى ئاڭلىغان مەلىكىنىڭ تېنى
جۇغۇلداپ كېتىپتۇ. كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ بۇ
مەككارغا ئالدىنىپ مۇشۇ كۈنگە قالغانلىقىغا
كۆپ پۇشايمان قىپتۇ. شۇنداقلا ئاتىسىنىڭمۇ
ئۆزىگە ئوخشاش ئاقىۋەتكە گىرىپتار بولغان-
لىقىنى كۆزىگە كۆرۈنگەندەك بوپتۇ. لېكىن ئۇ
چىرايىغا خوشاللىق تۈسىنى بېرىپ، يۈرىكى-
دىكى ئىنتىقام ئوتلىرىنى يوشۇرۇپتۇ.

— سىزنى كۆرگەن كۈنۈمدىن باشلاپلا
مەنمۇ سىزگە ئاشىق بىقارار بولۇپ قالغان
ئىدىم، — دەپتۇ مەلىكە رەنا ناز-كەرەشمە
بىلەن، — ئىشق ئوتى يۈرىكىمنى ئۆرتەپ
چىرايىمنى زەپىرەڭدەك سارغايتقان ئىدى.
خۇدايى تائالا ئاخىر بىزنى مۇرات-مەقسە-
دىمىزگە يەتكۈزۈپتۇ.

تاقىتى-تاق بولغان قۇددۇس مەلىكە-
نىڭ سۆزى تۈگىمەستىن ئۆزىنى مەلىكىگە
ئېتىپتۇ. مەلىكە يەنە چاقچاقلىق بىلەن ئۆزىنى
چەتكە ئېلىپ ناز كۈلكىسى بىلەن ئۇنى
ئۆزىگە تېخىمۇ رام قىلىپ:

— ئالدىرىماڭ، ئازراق تەخىر قىلىپ
تۇرۇڭ، — دەپتۇ، — مۇسۇلمان ئەھلىگە نىكاھ-
سىز بىرگە بولۇش گۇنادۇر، سىز ئاۋال تاھا-
رەت ئېلىپ پاكلىنىڭ، ئاندىن ئۆزىڭىز بىل-
گەن ئايەتلەرنى ئوقۇپ، مېنى ئۆزىڭىزگە
نىكاھ قىلىڭ، ئاسماندىكى كۈن ئىككىمىزنىڭ
قىيامەتلىك ھالال جۈپ بولغانلىقىمىزنىڭ
گۇۋاچىسى بولسۇن...

بۇ گەپنى ئاڭلىغان قۇددۇسنىڭ خوشال-
لىقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپتۇ ۋە دەرھال
رازىلىق بىلدۈرۈپ، قۇدۇقتىن سۇ تارتماق-
چى بوپتۇ. چىلەكنى سۇغا تولدۇرۇپ يۇقۇرى-
غا تارتىۋاتقىنىدا مەلىكە ئاستا ئۇنىڭغا يې-
قىنلاپ كەپتۇ-دە، پۈتۈن كۈچى بىلەن
ئۇنى قۇدۇققا ئىتتىرىۋېتىپتۇ، قۇددۇس ئۆزىنى
چەتكە ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي قۇدۇققا چۈشۈپ
كېتىپ جان ئۈزۈپتۇ.

مەلىكە رەنا قۇددۇسنىڭ خۇرجۇنىدىكى
كىيىملىرىنى كىيىپ، ئەرەنچە ياسىنىپ، دادى-
سىنىڭ ئىز-دېرىكىنى ئېلىش ئۈچۈن يولنى
داۋاملاشتۇرۇپ بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ.
چوڭ بىر سارايغا ئورۇنلىشىپ ئىسمىنى تاھىر-
غا ئۆزگەرتىپتۇ. دادىسىنىڭ ئىز-دېرىكىنى

قىلىش ئۈچۈن كىچىلارنى كېزىپ يۈرۈپتۇ. ھەرىدىن بال، تىكەندىن قىزىلگۈل چىققاندەك، مەلىكە رەنا دادىسىنىڭ ئەكسىچە باغرى يۇمشاق، ئاقكۆڭۈل ۋە سېخى، چوڭ بولغان ئىكەن. شۇڭا ئۇ ئالدىغا ئۇچرىغان بىلىكى يېتىم ـ يېسىرلارغا سەدىقە بېرىپتۇ، چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىپ، كىچىكلەرنى ئىززەتلەپتۇ. مەلىكە رەنانىڭ ياخشى تەرىپى بارغانسېرى پۈتۈن شەھەرگە يېيىلىپتۇ. ھەتتا ئۇنىڭ تەرىپى بۇ شەھەرنىڭ ياش پادىشاسى رۇستەمنىڭ قۇلىقىمۇ يېتىپتۇ. پادىشا بۇ مەرت يىگىت بىلەن كۆرۈشۈشنى نىيەت قىلىپ ئۇنى ئوردىغا چاقىرتىپتۇ. شۇ قېتىمقى سۆھبەتتە شاھزادە رۇستەم بۇ يىگىتنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە قايىل بوپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئوردىغا پات ـ پات كېلىپ تۇرۇشىنى تاپشۇرۇپتۇ. شۇندىن باشلاپ ئۆزىنى «تاھىر» دەپ ئاتىغان مەلىكە شاھزادىنىڭ يېنىغا ھەمىشە كېلىپ تۇرۇدىغان ئەڭ يېقىن مۇڭداش بولۇپ قاپتۇ. شاھزادە رۇستەمنىڭ گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق بەرنا ئىسىملىك بىر سىڭلىسى بار ئىكەن. ئۇ بىر قېتىم تاھىرنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئاشىقى بىقارار بوپتۇ ۋە ئۆز مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىپ بىر پارچە خەت يېزىپتۇ. «تاھىر» ئۇنىڭغا ئۆز ھۇجرىسىغا كېلىپ ئوچۇق ـ يورۇق سۆزلىشىشنى تەلەپ قىلىپ جاۋاپ بېرىپتۇ. شۇ كۈنى كېچىسى مەلىكە ئەپلىك پەيتىنى تېپىپ، ئوردىدىن چىقىپتۇ ـ دە، «تاھىر» نىڭ ھۇجرىسىغا كەپتۇ. ئىككىيلەن خېلى ئۇزۇن مۇڭداشقاندىن كېيىن «تاھىر» مەلىكە بەرناغا ئۆزىنىڭ بارلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ قىز ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلاپتۇ. مەلىكە بەرنا ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا قاتتىق ئىچ ئاغرىتىپتۇ، ھەم ئۇنىڭ سىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئىككىيلەن يالغاندىن توي قىلىپ، ئاچا ـ سىڭىل بولۇپ ئۆتۈشنى ئېيتىپتۇ. «تاھىر» بۇ تەكلىپنى دەرھال قوبۇل قىپتۇ ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي مەلىكە بەرنا ئانىسىغا ئۆزىنىڭ «تاھىر» غا خۇشتار بولۇپ قالغانلىقىنى يەتكۈزۈپتۇ. خانىش ئۇنىڭ تەلىۋىنى دەرھال بىجا كەلتۈرۈپ «تاھىر» نى ئۆزىگە ئىيوغۇل قىلىۋاپتۇ. «ئەر ـ خوتۇن» ئىككىيلەن ئاھايىتى ئىناق ئۆتۈپتۇ. بۇنىڭدىن خانىش بەكمۇ خۇشال ئىكەن. بىراق ياش پادىشانىڭ كۆڭلى كۈندىن ـ كۈنگە بىئارام بولۇشقا باشلاپتۇ. نېمە ئۈچۈندۇر «تاھىر» نى كۆرسىلا يۈرىكى ئويناپ ئىشىق ئوتى مىڭ كەز ئۆرلەپ كېچىلىرى كۆزلىرىگە ئۇيقۇ كەلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ، چىرايى زەپىرەڭدەك سارغىيىشقا باشلاپتۇ. بۇ ھالىنى كۆرگىن خانىش ئوغلىنىڭ كۆڭلىدە نېمە بارلىقىنى بىلمەكچى بولۇپ، ئۇنى قېشىغا چاقىرتىپ ئەھۋال سوراپتۇ.

— جېنىم ئانا، — دەپتۇ شاھزادە رۇستەم خانىشنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇپ، تاھىر گەرچە سىڭلىم بىلەن توي قىلغان بولسىمۇ، يۈرىكىم نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ قىز ئىكەنلىكىدىن بىشارەت بېرىدۇ. ھەر قانچە قىلسىمۇ ئۇنىڭغا بولغان ئىشقى ئوتىنىڭ ئازاۋىدىن قۇتۇلالمايۋاتىمەن...

زىرەك خانىش ئوغلىنىڭ يۈرەك سىرلىرىنى سەۋرچانلىق بىلەن ئاڭلاپتۇ ۋە بۇ سىرنى جەزمەن ئېچىشقا ۋەدە قىلىپ، ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇپتۇ. ئاندىن مەلىكە بەرنانىڭ ئىنىكئانىسىنى چاقىرتىپ، ئۆز مۇددىئاسىنى ئېيتىپتۇ ھەم بۇ ئىشنى ئىنئايىن مەخپىي تۇتۇشنى تاپىلاپتۇ. ئىنىكئانا «تاھىر بىلەن مەلىكە بەرنانىڭ يېتىپ ـ قوپۇشىنى بىر نەچچە كۈن مەخپىي كۆزىتىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئەر ـ ئايالىق مۇناسىۋەت

نىڭ يوقـلۇغىنى سېزىپتۇ. ئاخـىرى مەلـىكە
بەرناغا ئۆزى كۆزەتكەن ئەھۋاللارنى سۆز-
لەپ بېـرىش بىلەن بىر چاغـدا خانـىشنىڭ
بۇ ئىشقا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈۋاتـقانـلىغىنى
ئېيتىپ، ئۇنىڭ راست گەپ قىلىشىنى ئۆتۈ-
نۈپتۇ. ئەمما مەلىكە ئۆزىنىـڭ ۋەدىسىگە ۋاپا
قىلىپ، سىـرنى قەتئىي يوشۇرۇپـتۇ ۋە شۇ
ئاخشىمى «تاھىرغا ھەممە ئەھۋالنى سۆزلەپ
بېرىپتۇ. «تاھىر» بۇ يەردە تۇرۇۋېرىش ئىمـ
كانىيىتىنىڭ يوقـلۇغـىنى ھىس قىلىپ، ئۆز
دۆلتىگە قايتىپ كېتىش ئويىنى مەلىكە بەر-
ناغا ئېيتىپتۇ.

ــ ئۇنـداق بولسا مېنىمۇ بىرگە ئېلىپ
كېتىڭ، ــ دەپتۇ مەلىكە بەرنا، ــ مەن سىز-
نى ئۆز ئاچامـدىنىمۇ زىيادە ياخشى كۆرۈپ
قالدىم. سىزدىن ئايرىلىشقا ھەرگىز چىدىمايمەن.

تاھىر مەلىكە بەرنانىڭ تەلىۋىگە قوشۇ-
لۇپتۇ. ھەر ئىككىيـلەن كېچـىچە سەپەر تەيـ
يارلىغىنى قىـلىپ، ئۆزلىرى ۋە بىر نەچـچە
كېنىزەكلىرى ئەرەنچە ياسىنىپ قورال - ياراقـ
لىرىنى ئېلىپ كېچىلەپ يولغا ئاتلىنىپتۇ.

ئەمدى گەپنى شاھ ئوسماندىن ئاڭلايـ
مىـز: شاھ ئوسـمان ھۇشىـغا كېـلىپ كۆزىـ
نى ئاچـسا ئۆزى بىر سايـلىقـتا ياتـقۇدەك.
«بۇ ئۇچۇممۇ - چۈشۈممۇ نىمە؟ قانداق قىلىپ
بۇ يەرگە كېـلىپ قالـدىم؟» دىگەننى ئويـ
لاپ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، بىربىسىپ، ئىككى
بىسىپ ئۆتەڭنى كۆزلەپ يولغا چۈشۈپتۇ، تاكى
كۈن كەچكىرگىچە ماڭسىمۇ ئادەم قارىسـىغا
يولۇقماپتۇ. قوسـغى ئاچـسا ياۋا مىۋىلەرنى
يەپ، ئۇسسا يامغۇر سۈيى ئىچىپ، توختىـ
ماستىن بىر نەچـچە ھەپـتە يـول يۈرۈپ،
ئاخىرى بىر شەھەرگە يېـتىپ كەپتۇ. شەھەر
چۆگىلەپ يۈرۈپ قوسىغى ئېچىپتۇ. بىر نەر-
سە تىلەشكە نومۇس قىپـتۇ. مۇساپىرچىلىق
ۋە يوقسۇزلۇقنىڭ تاشتىن قاتـتىق ئىكەنلـ
ىكىنىڭ تەمىنى تېتىپتۇ. ئاخىرى ئامالسىزلىقـ
تىن گۈلخان يېقىپ ئولتۇرۇپ پاراڭلىـشىـ
ۋاتقان بىر توپ تىلەمچىلەرنىڭ قېشىغا كېـ
لىپ ئوت سۈنۈشقا ئولتۇرۇپتۇ.

ــ قارىمامسىلەر،ــ دەپتۇ ئۇلارنىڭ ئارىـ
سىـدىكى ياشـراق بىرسى، كارۋانـلار باش
ئۆتەڭدىكى قۇدۇقتىن ھىلىقى قۇددۇس چولاقـ
نىڭ ئۆلۈگىنى سۈزۈۋاپتۇ.

ــ ئىنشائاللا، خۇدانىڭ قۇدرىتى شۇنـ
داق ئۇلۇغ، ــ دەپتۇ چاچ - ساقاللىرى قار-
دەك ئاقارغان بىرەيلەن، ــ قۇددۇس چولاق
ئالدامچىلىق بىلەن جان بېـقىپ يۈرەتـتى.
بىر ئەخمەق پادىشا ئۇنى ئوردىسىغا ئاپتۇ،
دەپ ئاڭلىغانتىم. بەلـكىم سـىڭەن ئادىتى
بويىـچە باشـقىلارغا ئورا كولىغان بولسا،
«ئەل قىساسى مىنەلـھەق» دىگەندەك ئورـ
غا ئۆزى چۈشكەن بولسا كېرەك. پادىشا بۇ
گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى بۇ دەردى - بالاغا
گىرىپتار قىلغان قۇددۇسنىڭ كىملىگىنى بىلـ
ۋاپتۇ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىـدىن خوشال بولۇپتۇ.
بىراق ئاچلـىق ئازاۋى قاتـتىق قىـيناۋاتـ
قاچ، قۇددۇسىنىڭ قاچان، قەيەردە، قانـداق
ئۆلگەنلىگىنى سوراشقىمۇ چامى يەتمەپتۇ. تىلەمـ
چىلەردىن بىرى ئۇنىڭ قوسىغى قاتتىق ئاچقانـ
لىغىنى سېزىپ، ئۇنىڭغا ئارپا نېنى تەڭلەپتىكەن،
ئۇ خۇددى غەزنە تېپىۋالغاندەك خوشاللىنىپ،
ناننى ئالمان - تالمان قولىغا ئاپتۇ - دە،
ئىككى يالماپ يۇتىۋېتىپتۇ. پادىشا ئىلگىرى
ئۆزىنىڭ يوقسۇللارنى خارلىغانـلىغىنى كـۆز
ئالدىغا كەلتۈرۈپ، تەقـدىرىنىڭ ئۆز بېشىـغا
سالغان قىسمەتلىرىدىن ھەيران بولۇپتۇ.

شۇ كۈنى بۇ شـەھەرنىڭ پادىـشاسـى
ئۇبۇلقاسىم كېچىلىك سەيلىگە چىقـقان
ئىكەن. ئۇ كوچا ئايلىنىپ گۈلخاننى چۆرىدەپ
ئولتۇرۇشقان ئۇ تىلەمچىلەرگە كۆزى چۈشۈپـ
تۇ - دە، ياساۋۇللىرىغا ئۇلارنى ئوردىغا

ئېلىپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ. پادىشا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىر ـ بىرلەپ سورۇشتۇرۇپتۇ، نۆۋەت شاھ ئوسمانغا كەلگەندە، شاھ ئوبۇلقاسىم بىر قاراپلا ئۇنىڭ ئادەتتىكى ئىنلەمچىلەردىن ئەمەسلىكىنى سېزىپ قاپتۇ ۋە ئۇنىڭ چىرايى تونۇشتەك بىلىنىپتۇ.

شاھ ئوسمان ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەن سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. شاھ ئوبۇلقاسىم ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاڭلاپ ئۆز ئاكىسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ، ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. ئەسلىدە شاھ ئوسمان بىلەن ئوبۇلقاسىم دادا بىر، ئانا باشقا قان ـ قېرىنداشلاردىن ئىكەن. دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن شاھ ئوسمان دادىسىنىڭ تەختىگە ئۆزىلا ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن، بىر چاپارمەنگە ئۇكىسى ئوبۇلقاسىمنى مەخپىي ئۆجۇقتۇرۇۋېتىشنى بۇيرىغان ئىكەن. ئوبۇلقاسىم بىر چاغلاردا ئۇ چاپارمەننىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە ھاجىتىنى راۋا قىلىپ قويغان ئىكەن. شۇڭلاشقا ئۇ چاپارمەن گەرچە بىر كاللا كېسەر بولسىمۇ، ئوبۇلقاسىمنىڭ ئۆزىگە قىلغان ياخشىلىقى بەدىلىگە يامانلىق قىلىشقا ۋىجدانى يول قويماي، ئوبۇلقاسىمنى ھېچكىمگە تۇيدۇرماي قاچۇرۇۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا زىنداندىن خۇددى ئوبۇلقاسىمغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان بىر قاتىلنى ئەپچىقىپ قەتلى قىلىپ پادىشانى خاتىرجەم قىلغان ئىكەن. ئوبۇلقاسىم شۇ قاچقانچە بۇ شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ. تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، بۇ شەھەرنىڭ پادىشاسىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ، پادىشا ۋاپات بولغاندىن كېيىن تەختىگە ۋارىس بولغان ئىكەن، ئۇزۇن يىللار دىدار كۆرۈشمىگەن ئاكا ـ ئۇكىلار تېپىشىپ، ئۆزئارا مۇڭدىشىپتۇ. شاھ ئوسمان ئۆزىنىڭ ئاچكۆز ۋە بېخىللىقى تۈپەيلىدىن ئۇكىسىغا قىلغان ئەسكىلىكلىرىگە پۇشايمان قىلىپ، ئۆزرە خالىق ئېيتىپتۇ. شاھ ئوبۇلقاسىم ئۇنى كەچۈرۈپتۇ ھەمدە بىرگە بېرىپ، ئۆز ئانا يۇرتىنى كۆرۈپ كېلىش ۋە ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تۇپرىقىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن ئاكىسىغا ھەمرا بولۇپ 500 لەشكەر بىلەن بىرگە سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار يول مېڭىپ، يول ماڭغاندىمۇ مول مېڭىپ، شاھ ئوسماننىڭ يۇرتىغا يېتىپ كەپتۇ. شەھەردىكى پۇخرالار ۋە ئوردا ئەھلى ناھايىتى زور داغدۇغا بىلەن ئۇلارنى قارشى ئاپتۇ. شاھ ئوسمان ئوردىغا كېلىپ مەلىكە رەنانىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىغا چىقمىغانلىقىغا كۆڭلى يېرىم بولۇپ، سورۇشتە قىپتۇ. ئەخمەت ۋەزىر قۇددۇس ئېلىپ كەلگەن ھىلىقى خەتنى شاھ ئوسمانغا كۆرسىتىپتۇ ۋە مەلىكىنىڭ شۇ چىقىپ كەتكىنىچە قايتىپ كەلمىگەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. پادىشانىڭ خوشاللىقى قايغۇغا ئايلىنىپتۇ. شاھ ئوبۇلقاسىم ۋە باشقىلار ئۇنىڭغا كۆپ تەسەللىلەر بېرىپتۇ ۋە مەلىكە رەنانىڭ ئىز ـ دېرىكىنى ئېلىش ئۈچۈن، تەرەپ ـ تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپتۇ.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئىككى مەلىكە ئاسماندىن چۈشكەندەكلا شەھەرگە پەيدا بولۇپ قاپتۇ. شاھ ئوسمان چەكسىز خوشاللىققا چۆمۈپ ئۇكىسىغا ۋە شاھزادىگە قىزىنى تونۇشتۇرۇپتۇ ۋە مەلىكىدىن نەچچە ئايدىن بىرى قەيەرلەردە بولغانلىقىنى سوراپتۇ. مەلىكە رەنا بېشىدىن ئۆتكۈزگەن سەرگۈزەشتىلىرىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. قىزنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىگە ھەممەيلەن چىن قەلبىدىن ئاپىرىن ئوقۇپتۇ. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، مەلىكە بەرنانىڭ ئاكىسى پادىشا رۇستەم يېتىپ كېلىپ مەلىكە

رەناغا ئۆزىنىڭ ئىشقى-مۇھەببىتىنى ئىزھار قىپتۇ. مەلىكە رەنامۇ رازىلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ. شاھ ئوبۇلقاسىمنىڭ ئوغلىنىڭمۇ مەلىكە بەرناغا كۆڭلى چۈشۈپ قالغان ئىكەن. مەلىكە بەرنامۇ ئۇنىڭ تەلىۋىنى ئىلىك ئاپتۇ. ئىككى شاھ ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ تويىنى بىر كۈندە ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلىشىپتۇ. خوشاللىق ئۈستىگە خوشاللىق، توي ئۈستىگە توي بولۇپ، دۆلەتنىڭ پۈتۈن پۇخرالىرىغا قىرىق كېچە-كۈندۈز توي-تاماشا ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ. تويدىن كېيىن، باشقا شاھلارمۇ، شاھ ئوسماننى ئۇزاق ئۆيلىنىپ، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى بىرمۇ-بىر مۇلاھىزە قىلىپ، ئۆزىنىڭ بىخىللىقى ۋە ئاچكۆزلىكىدىن قاتتىق پۇشايمان قىپتۇ ۋە چىن كۆڭلىدىن تۆۋە ئەيلەپتۇ.

شاھ ئوسماننىڭ ساۋىقىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆز دۆلىتىنى ئادىللىق بىلەن سوراشقا قەسەميات قىپتۇ، ھەممەيلەن ئۆمۈرلىرىنىڭ ئاخىرىغىچە باياشات ۋە خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈپتۇ.

تويلاپ رەتلىگۈچى: ئابلەت يۈسۈپ

## راستچىل يىگىت

بۇرۇنقى زاماندا زادىلا يالغان سۆزلەشنى بىلمەيدىغان ئاقكۆڭۈل، ئىشچان بىر يىگىت ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ بىر پادىشانىڭ ئوردىسىدا قارا ئىشلارنى قىلىدىكەن. نېمە ئىشنى تاپشۇرسا بىجانىدىل، كۆيۈنۈپ، ھالال ئىشلەيدىكەن. ناۋادا بىرەر سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويغان بولسىمۇ پەقەت يوشۇرماي، راست گەپنى قىلىدىكەن. يىگىتنىڭ بۇ ئىسىل پەزىلىتى پادىشاغا ياراپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن پادىشا ئۇنى باشقا ئىشلارغا سالماي، ئۆزىنىڭ جەڭگە ۋە ئوۋغا چىققاندىلا مىنىدىغان داڭلىق بىر جۈپ ئېتىنى تاپشۇرۇپتۇ-دە:

— يىگىت، مەن ئىشىنىپ بۈگۈندىن باشلاپ ساڭا مۇشۇ بىر جۈپ ئاتنى تاپشۇردۇم. مەن بۇ ئاتلارنى جېنىمدىن ئېزىز كۆرىمەن. ئوبدان بېقىپ، مېنى رازى قىلغىن، — دەپتۇ.

— خوپ! — دەپتۇ يىگىت ۋە شۇ كۈندىن باشلاپ كېچە-كۈندۈز ئاتنىڭ ئايغىدا يۈرۈپ، ئۆز ئىشىنى پادىشانىڭ كۈتكىنىدىنمۇ ئوبدان ئىشلەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئاتلار ئۇزۇن ئۆتمەيلا بۇلۇقتەك سەمرىپ، تۈكلىرى پارقىراپ ناھايىتى چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ.

يىگىتنىڭ راستچىل، سەممىي، ھالال ئىش قىلىدىغانلىقىدىن بەك رازى بولۇپ كەتكەن پادىشا ئۇنى ئوردىدىكى توي-تۆكۈن سورۇنلارغا ئۇنتۇپ قالماي تەكلىپ قىلىپ تۇرىدىغان بوپتۇ. بۇنى ئاز دەپ مۇشۇنداق سورۇنلاردا ئۇنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ماختايدىغان، ھەتتا ۋەزىر-ۋۇزرا، ئەمەلدارلىرىنى بۇ يىگىتنى ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلىدىغان بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئوردا ئىچىدە بۇ يىگىتنىڭ ئابرويى كۈندىن-كۈنگە ئېشىشقا باشلاپتۇ.

پادىشانىڭ ئادىتىكى بىر كەمبەغەل ئات باقارنى مۇنچىۋالا ئىززەتلەپ، ماختاپ كېتىشلىرى قىشتۇر ۋەزىرلىرىنىڭ كۆڭلىگە زادىلا ياقماپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى پادىشانىڭ ئوڭ قول ۋەزىرى سول قول ۋەزىرگە مۇنداق دەپتۇ:

— تەخسىر، ئەزەلدىن كېلىۋاتقان قائىدە يوسۇنلار دەپسەندە قىلىنىپ، ئوردىدا زادىلا ئەقىلغا سىغمايدىغان غەلىتە ئىشلار يۈز بېرىۋاتىدۇ. پادىشاھىمىز ئەقلىدىن ئېزىپ، نەدىكى بىر يالاڭتۆش ئات باقارنى يۈزىمىزدىن يۈزىمىزگە ماختاپ كۆككە كۆتىرىۋاتىدۇ. ناۋادا ئىش بۇندىن كېيىنمۇ مۇشۇ تەرىقىدە داۋاملىشىدىغان بولسا، ئۇزۇنغا بارماي بۇ ئەبگا يالاڭتۆش سىلى-بىزنىڭ بېشىمىزغا چىقىۋېلىشى مۇمكىن. بۇنىڭغا ئۆز ۋاقتىدا چەك قويماي بولمايدۇ، قانداق دەيلا؟

— شۇنداق، شۇنداق، — دەپتۇ سول قول ۋەزىرمۇ بېشىنى لىڭشىتىپ، ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ، — مەن ئويلايمەن، بۇ يالاڭتۆشنىڭ ئوردىمىزدا مۇنچىۋالا يۈز-ئابروي تېپىپ كېتىشىگە ئۇنىڭ يالغان سۆزلىمەيدىغانلىقى سەۋەپ بولۇۋاتىدۇ. بىز ئۇنى بىر ئامال قىلىپ پادىشانىڭ ئالدىدا يالغان سۆزلىتىپ رەسۋا قىلىۋەتكەن بولساق ناھايىتى بەلەن ئىش بولاتتى. سىلىنىڭچە نېمە ئامال قىلساق بولار؟

ئىككى ۋەزىر شۇ تەرىقىدە ئۇزاق مۇلاھىزە قىلىشىپتۇ، لېكىن ھېچبىر ئەپلىك چارە تېپىشالماپتۇ. ئاخىرى ھېلىقى ئوڭ قول ۋەزىر مۇنداق دەپتۇ:

— مېنىڭچە بۇ يالاڭتۆشنىڭ ئۆيلىنىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا ئەڭ چىرايلىق كەنجى قىزىمنى توي قىلىپ بېرەي، باشقا تويلۇق سالماي: پادىشانىڭ سەن بېقىۋاتقان ئاتلىرىدىن بىرىنى سويغىن دەي. ناۋادا پادىشا ئاتنىڭ بىرى يوقىتۇ دەپ سۈرۈشتۈرۈپ قالسا، بىر ئاتنى ئوغرى ئالدى دېگىن، بۇنىڭغا مەنمۇ راست دەپ گۇۋالىقتىن ئۆتىمەن دەي، شۇنىڭ بىلەن پادىشا ئالدىدا يالغان سۆزلەيدۇ. شۇ مەيدانىدىلا بىز ئەينى ئەھۋالنى پاش قىلىپ، ئۇنى رەسۋا قىلىۋېتەيلى دەۋاتىمەن. مۇشۇنىڭدىن باشقا ئامال يوق. مەن مۇشۇ قارارغا كەلدىم.

— بەللى، بەللى... ئەقىل دېگەنمۇ بار يەردە بار-دە! بۇ ناھايىتى بەلەن گەپ بولدى، — دەپتۇ سول قول ۋەزىر كۈلۈپ كېتىپ، — بۇ قەلەندەر بىر گۈزەل قىز بىلەن توي قىلىدىغان بولدۇم دەپ چوقۇم ئاتتىن بىرىنى سويىدۇ-دە، پادىشا ئالدىدا يالغان سۆزلەيدۇ!

شۇنداق قىلىپ بۇ ئىككى ۋەزىر ئۆزلىرىنىڭ ئەقىللىقلىقىدىن مەمنۇن بولۇشۇپ، مۇشۇ پىلان بويىچە ئىشقا كىرىشىپتۇ. بىر كۈنى ھېلىگەر ئوڭ قول ۋەزىر يىگىتنى ئالدىغا چاقىرىپتۇ-دە، ئۇنىڭغا ئامراقلىقىنى، ئۆزىگە كۈيوغۇل قىلىۋالماقچى بولىۋاتقانلىقىنى، توينى بىرنەچچە كۈن ئىچىدىلا قىلىشنى ئېيتىپتۇ ۋە يىگىتتىن قانداق قارايدىغانلىقىنى سوراپتۇ. يىگىت بىر پەس ئولتۇرۇپ كېتىپ:

— جانابى ۋەزىر ئاللىرى، ئۆزلىرى بىر ئېسىلزادىلار تەبەقىسىدىن تۇرسىلا، مەن بىر ئات باقار تۇرسام، بۇ ئىش قانداقسىمۇ مۇمكىن بولار؟ — دەپتۇ.

— ئۇ تەرىپىگە بېشىڭنى قاتۇرما ئوغلۇم، — دەپتۇ ۋەزىر ۋە سۆزىنى داۋام قىپتۇ، — بۇ ئىشنى مەن نەچچە قېتىملاپ ئويلانغاندىن كېيىن ئاندىن ئېغىز ئېچىۋاتىمەن. سېنىڭدەك ئاقكۆڭۈل، پەزىلەتلىك يىگىت ئېسىلزادىلار ئىچىدىمۇ يوق. مەن سېنى يارىتىپ قالدىم. باشقا خىياللارنى قويۇپ ماقۇللۇق بىلدۈرگىن.

— ئۇنداق بولسا، ئۆزلىرىگە مېنىڭ مەرتىۋە رەھمەت ئېيتىمەن، لېكىن قىزلىرى-

نىڭ لايىغىدا تويلۇق ئالالمايمەن، بۇنىڭغا قانداق قىلىمەن؟ — دەپتۇ يىگىت.

— خاتىرجەم بول، — دەپتۇ ۋەزىر، — ماڭا باشقا تويلۇقنىڭ كېرىكى يوق. ھەممە نەرسە ئېشىپ-تېشىپ تۇرۇپتۇ. پەقەت رەسمىيەت ئۈچۈن ئاش-سۈيىگە بىرلا ئات تاپساڭ، شۇنى سويساقلا بولىدۇ.

— مەندە ئاتمۇ يوق، — دەپتۇ يىگىت. شۇنىڭدىن كېيىن ۋەزىر ئاللىقاچان كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان پىلان بويىچە ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈشكە باشلاپتۇ:

— بۇ ئوڭاي، ئۆزەڭ بېقىۋاتقان ئاتتىن بىرنى سويسەن، پادىشا سۈرۈشتۈرسە ئوغرى ئالدى دەيسەن. قالغان گەپنى ئۆزەم توغرىلايمەن.

يىگىت بۇ يەردە بىر ھىيلە-مىكىرنىڭ بارلىقىنى سېزىپتۇ-يۇ، لېكىن ئاۋال تويىنى قىلىۋالاي، كېيىن بىرگەپ بولار دەپ ئويلاپتۇ-دە، ماقۇل بوپتۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي يىگىت توي قىلىپ قىزنى ئەمرىگە ئاپتۇ. كۈنلەردىن كۈنلەر ئۆتۈپ بىر كۈنى پادىشا ئوردىدىكى بىر سورۇندا يىگىتتىن ئۇشتۇمتۇت:

— ئوغلۇم، بۈگۈن ئېغىلىغا كىرسەم ئاتتىن بىرى يوق تۇرىدىغۇ، نەدە بېقىۋاتسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

يىگىت ئورنىدىن دەس تۇرۇپ قوشاق توقۇپ مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

راست گەپنى بايان ئەيلەي، ئەل-جامائەت ئالدىدا،

باش كەتسىمۇ ئالمايمەن، مەن ئۆزەمنى دالدىغا.

پادىشانىڭ شۇ ئېتنى، ۋەزىر داشىدا قاينىدى،

ۋەزىر ھور-پەرى قىزى، پەقىر تولىدا يايرىدى.

ئويلىمىغان يەردىن چىققان بۇ جاۋابتىن ۋەزىرلەرنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىپتۇ، پادىشا ئىشنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ-دە:

— راست گەپ قىلغىنىڭ ئۈچۈن گۇنايىڭدىن كەچتىم. ھەممە گۇنا مېنىڭ ۋەزىرلىرىمدە ئىكەن! — دەپتۇ ۋە ئىككى ۋەزىرنى شۇ ھامان زىندانغا تاشلاپ، راستچىل يىگىتنى ئۆزىگە ۋەزىر قىپتۇ.

كۇچار خانىقتاملىق بىلال ئېيتىپ بەرگەن

رەتلىگۈچى: ئەخەت ھاشىم

## ئىككى «موللا»

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، يىراق-خىلۋەت بىر يېزىدا يامانلىقىدىن ھاۋادا ئۇچىدىغان، ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغان ئىككى ئوغرى بار ئىكەن. ئۇلار تولا ئوغرىلىق قىلىپ، تولا تۇتۇلۇپ، يۇرت ئىچىدە بەكمۇ سېسىپ كېتىپتۇ. كىشىلەر نىمىسى يوقالسا، ئۇدۇل كېلىپ مۇشۇ ئىككى ئوغرىنى تۇتىدىغان بوپتۇ. ئىشنىڭ ئەپلەشمەيۋاتقانلىقىنى پەملىگەن چوڭ ئوغرى بىر كۈنى كىچىكىگە:

— بۇرادەر، بۇ يۇرتتا تۇرغۇچىلىكىمىزمۇ قالمىدى. ئەمدى ئورۇن يەڭگۈشلىمىسەك بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ. ياقا يۇرتلارغا كەتسەك قانداق دەيسىلەر؟ — دەپتۇ.

— مەنمۇ شۇنى ئويلاپ تۇراتتىم، —

دەپتۇ كىچىك ئوغرى خوشال بولۇپ كېتىپ، — زادى كەتمەي بولمايدۇ. لېكىن ياقا يۇرتلاردا تېنەپ-تەمتىرەپ قالماي جان باقالارمىزمۇ؟

— بۇنىڭدىن غەم قىلماڭلار بۇرادەر، ئامال قىلغىلى بولىدۇ، ياقا يۇرتتىكىلەر بىزنى تونىمايدۇ، ھە دېگەندىلا ئۇيەردىكىلەرنىڭ ھۆرمەت-ئىشەنچىسىگە ئىگە بولىۋالساقلا ئىشىمىز يۇرۇشۇپ كېتىۋېرىدۇ دەڭلا!

— ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھۆرمەت-ئىشەنچىسىگە قانداق قىلىپ ئىگە بولالايمىز ئاداش؟ قېنى، ئويلىغىنىڭلارنى دەپ بېقىڭلا، مەسلىھەتلىشەيلى! — دەپتۇ كىچىك ئوغرى.

— بۇنىڭ يولى ئاسان، — دەپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ چوڭ ئوغرى، — ئالەمدىكى ئىشلارنىڭ تولىسى ساختا بولىدۇ، بىرىنى-بىرى ئالدىمىسا جان باققىلى بولمايدۇ ئاداش. ياقا يۇرتقا بارغاندىن كېيىن موللا دېگەن سالاپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىمىز، ھەر كۈنى بەشۋاخ نامازدىن قالماي، مەسچىتكە بېرىپ ئولتۇرىۋالىمىز، قولىمىزدىن تەسۋى چۈشمەيدۇ. بىرنەچچە سۆرە يادلىۋالساقلا بولىدۇ. ئارىلاپ خەتمە قۇرئان قىلىپ بېرىمىز. جامائەت يىغىلغان سورۇنلاردا بىر-بىرىمىزنى: قالتىس كامالەتكە يەتكەن ئۆلىما ئادەم دەپ ماختاپ تۇرىمىز. چەت يېزىنىڭ ئادەملىرى ناھايىتى گول بولىدۇ، ئۇزۇنغا بارمايلا «موللا» دېگەن نام-ئاتىغىمىز چىقىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئوغرىلىققىلا ئەمەس، ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلارنى قىلساقمۇ چاتمايدۇ.

— بەللى-بەللى... ئەقلىڭلارغا بارىكاللا ئاداش! — دەپ خوشال بولۇپ كېتىپتۇ كىچىك ئوغرى، — ئۇنداق بولسا، دەرھال بىرنەچچە سۆرە يادلاشقا كىرىشەيلى-دە، تېزرەك يولنىڭ تەرەددۇتىنى قىلايلى.

شۇنداق قىلىپ بۇلار ئۇزۇن ئۆتمەي ناھايىتى چەت بىر يېزىغا يېتىپ كەپتۇ ۋە بىر مەسچىتنىڭ يېنىدىكى بىر ئېغىز ئۆيگە جايلىشىپتۇ. دېگەندەك بۇلارنىڭ قولىدىن تەسۋى چۈشمەيدىكەن، مەسچىتكە ھەممە ئادەمدىن بۇرۇن كېلىپ، ھەممىدىن كېيىن قايتىدىكەن، بىتارەت يەر دەسسىمەيدىكەن. يول ماڭسىمۇ بىر مۆرىسىگە قىپايتىۋېلىپ، نىملەرنىدۇ ئوقۇپ ماڭىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇنغا قالماي بۇ ئىككى ئوغرى پۈتۈن يېزىغا «موللا» دېگەن نام بىلەن تونۇلۇپتۇ. كىشىلەر توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراقلاردا بۇ ئىككەيلەننى ھۆرمەتلەپ، تۆردىن ئورۇن بېرىدىغان بوپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. بۇلار: «ئەمدى ئەسلى كەسپىمىزنى قىلىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى» — دېيىشىپتۇ-دە، كونا كېسىلى قوزغىلىپ، يەنە ئوغرىلىققا كىرىشىپتۇ. يېزىدا ئۇنىڭ-بۇنىڭ بىر نەرسىلىرى يوقىلىشقا باشلاپتۇ، بىراق كىشىلەر بۇ ئىككى «موللا» دىن ھەرگىز گۇمان قىلمايدىكەن.

بىر كۈنى ئۇلار خوشنىسىنىڭ بورداۋاتقان بىر قويىنى ئوغرىلاپتۇ-دە، كېچىچىلەپ يېگىنىنى يەپتۇ، يەپ بولالمىغىنىنى جىمىقتۇرۇپتۇ. ئالدىراشچىلىقتا ئۆپكە ۋە ئۈچەيباغرىنى مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى كۆلگە تاشلىۋېتىپتۇ. ئازغىنا ئۇخلىۋېلىپ، قاراڭغۇ-ماراڭغۇدا مەسچىتكە كىرىپ ئايەت ئوقۇپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. بۈگۈن ئۇلار جامائەتكە بىرنەچچە سۆرىنىڭ مەنىسىنى يېشىپ، تەپسىر قىلىپ بەرمەكچى بولغان ئىكەن، شۇڭا جامائەتمۇ تاڭ سۈزۈلە-سۈزۈلمەيلا مەسچىتكە كېلىشكە باشلاپتۇ.

بامدات نامىزى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن چوڭ ئوغرى قىرائەت قىلغىلى تۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا رەسمى تاڭ ئېتىپ، يەرلەرگە يورۇق چۈشۈپ قالغان ئىكەن. كۆلگە تاشلىۋەتكەن ھىلىقى ئۆپكە-ئۆچەيلەر كىچىك ئوغرىنىڭ ئېسىگە چۈشۈپتۇ-دە: «بىر قاراپ كىرەيچۇ، ئالىمھادىس لەيلەپ قالغان بولسا، ھىلى جامائەت مەسچىتتىن يانغاندا كۆرۈپ قالمىسۇن» دەپ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا مىڭىپتۇ. كۆلگە قارىسا، دىگەندەك ئۆپكە-ئۆچەيلەر سۇنىڭ ئۈستىدە لەيلەپ تۇرۇپتۇ. بۇ ئوغرى نىمە قىلىشنى بىلمەي، بىر پەس تۇرۇپ قاپتۇ. ئاندىن قانداق قىلىش توغرىلىق چوڭ ئوغرىدىن مەسلىھەت سورىماقچى بولۇپ، ئالدىراپ مەسچىتكە قايتىپ كىرىپتۇ. گەپ قىلاي دىسە چوڭ ئوغرى قىرائەتتىن زادىلا توختىماپتۇ. ئاخىرى بولالماي، چوڭ ئوغرىغا لوقما سالغان بولۇپ ئۆز مەقسىدىنى ئۇقتۇرماقچى بوپتۇ-دە:

— تەخسىر، چىندەك توختىسىلا! بىر ئېغىز لوقما سالاي. سىلى ئوقۇۋاتقان مۇشۇ بىر كەلىمە سۆرە، مەن كۆرگەن يەنە بىر كىتاپتا مۇنداق يېزىلغاندەك قىلىۋېدى، ئوقۇپ باقاي ئاڭلاپ باقسىلا! — دەپتۇ.

— خوش، ئوقۇپ باقسىلا، — دەپتۇ چوڭ ئوغرى بىر نەرسىنى پەملەپ. كىچىك ئوغرى تىللىرىنى قارىشتۇرۇپ ھەجىلەپ مۇنداق قىرائەت قىلىشقا باشلاپتۇ:

مولللا مىئى - مولللا مىزى،
شۇ تاپتىزى - كۆلدە ئىزى،
ئۆپكىشكام لەيلە ئىزى،
نەچارىزى قىلسا قىزى بولاھا...

چوڭ ئوغرى بۇ گەپتىن «مولللام، كۆلدە ئۆپكە لەيلەپ قاپتۇ، قانداق قىلساق بولار؟» دىگەن مەنانى چۈشىنىپتۇ ۋە چاندۇرماي:

— تەخسىر، بۇ سۆرە سىلى دىگەندەكمۇ ئوقۇلىدۇ، لېكىن ئەسلى توغرىسى مۇنداق، — دەپ قىرائەت قىلىپ، مۇنداق جاۋاپ قايتۇرۇپتۇ:

موللامىئى - موللا مىزى،
ئۆپكىشكام لەيلە ئىزى،
دەرھاللەزى چىقەللەزى،
زىغەللەزى، تىقەللەزى، پاتۇرىزى تۇراھا...

كىچىك ئوغرى بۇ گەپتىن «مولللام، ئۆپكە لەيلەپ قالغان بولسا، دەرھال چىقىپ زىغ بىلەن تىقىپ، لايغا پاتۇرىۋەتسەڭلە بولىدۇ» دىگەن مەنىنى چۈشىنىپتۇ، لېكىن چاندۇرماسلىق ئۈچۈن جامائەتكە قاراپ:

— ۋاھ، مولللا ئاكامنىڭ ئوقۇمىغان كىتاۋى يوق، نەدىن سۆز ئېچىلسا، دەل شۇ يەردىن جاۋاپ بېرەلەيدۇ، ھەقىقەتەن ئىلىملىك كىشى جۇمۇ! — دەپتۇ.

— شۇنداق، شۇنداق. ھەر ئىككىلىرى ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن، سىلەرنى بىزگە خۇدا يەتكۈزگەن! — دىيىشىپتۇ ساددا جامائەت ئۇلارنى ماختىشىپ.

چوڭ ئوغرى يەنە قىرائەتنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. كىچىك ئوغرى ئاستا سىرتقا چىقىپ، بىر تال يۇلغۇن ياغىچىدا زىغ ياساپتۇ-دە، ئۆپكە-ئۆچەيلەرنى سۇنىڭ تېگىگە پاتۇرۇۋېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ ئىشمۇ چانماي ئۆتۈپ كېتىپتۇ، لېكىن كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار ئاخىرى چاندۇرۇپتۇ. بىر قېتىم ئوغرىلىق قىلىۋاتقاندا جامائەت تۇتۇۋاپتۇ. كىشىلەر بۇ ئىككى ھىلىگەر ئوغرىنى «موللا» دەپ ئېتىقات قىلىپ يۈرگەنلىكىگە پۇشايمان قىلىشىپتۇ. ئىككى ئوغرى ئاخىرى بۇ يەردىنمۇ قوغلىنىپتۇ. بىر رىۋايەتتە «مولللىنىڭ دىگىنىنى قىل، قىلغىنىنى قىلما» دىگەن ماقال مۇشۇ يەردىن تارالغان ئىكەن.

كوچار خانىقتاملىق بىلال ئېيتىپ بەرگەن.
رەتلىگۈچى: ئەخمەت ھاشىم

## نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى

### پادىشانىڭ ئەينەكتە ئۆزىنى كۆرۈشى

كۈنلەردىن بىر كۈنى پادىشا ئەپەندىم بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ ئەينەككە قاراپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ ناھايىتى سەتلىگىنىنى كۆرۈپتۇ-دە، دەرغەزەپ بولۇپ ئەينەكنى يەرگە ئېتىپتۇ.

— تەخسىر، نىمە ئىش بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىم ھەيران بولۇپ.

— بىلمەي يۈرۈپتىمەن ئەپەندىم، مەن بەكمۇ سەت ئىكەنمەن. ئەمدى ھەرگىزمۇ ئەينەككە قارىمايمەن! — دەپتۇ پادىشا خاپا بولۇپ.

— خاپا بولمىسلا تەخسىر، — دەپتۇ ئەپەندىم پادىشاغا تەسەللى بېرىپ، — ئۆزلىرىنى ئەينەكتە بىر قېتىم كۆرۈپ شۇنچە غەزەپلىنىپ كېتىپ بارلا، — بىز ئۆزلىرىنى كۈندە ئون قېتىم كۆرۈپ تۇرىمىز، يەنىلا چىداپ، سەۋرى-تاقەت قىلىپ كېلىۋاتىمىزغۇ!

### تۆت تۆگىدىكى مال

بىر كۈنى ئامبال، قازى، باي، شاكىيۇلار چوڭ مەسچىتنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇشقان ئىكەن. ئەپەندىم كەپتۇ. قازى ئەپەندىمگە قاراپ:

— ئوبدانمۇ كېلىپ قالدىڭىز ئەپەندىم، بىرەر ھىكايە ئېيتىپ بېرىڭا، — دەپتۇ.

— ئاڭلىغىنىمنى ئېيتايمۇ، كۆرگىنىمنىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ئەپەندىم.

— يۈز ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا دىگەن گەپ بار، — دەپتۇ قازى، — قېنى، كۆرگەنىڭىزنى ئېيتىڭ.

ئەپەندىم ئالدىرىماي ھىكايىسىنى باشلاپتۇ:

— بايا يولدا كېلىۋېتىپ، تۆت تۆگىگە مال ئارتىۋالغان بىر سودىگەرنى ئۇچراتتىم. ئۇنىڭدىن مالنى ساتامسىز، دەپ سورىسام، ساتمايمەن، ئامبال، قازى، باي، شاكىيۇلارغا سوغا قىلىمەن دىدى.

— ۋاھ، قانداق مال ئىكەن؟ — ئاچكۆز قازى ئالدىراپ سوراپتۇ.

— ھەر قايسىلىرىنىڭ نام-ئاتاقلىرىغا تازىمۇ باپ كېلىدىغان مال ئىكەن.

خوشاللىقتىن ئاغزى قۇلىغىغا يەتكەن قازى يەنە سوراپتۇ:

— ئۇنى قانداق تەقسىم قىلىدىكەن، سوراپ باقتىڭىزمۇ ئەپەندىم؟

— سورىدىم، — دەپتۇ ئەپەندىم ۋە سۆزىنى داۋام قىپتۇ، — بىرىنچى تۆگىدىكى مال «ۋەھشى» ئىكەن. ئۇنى ئامبالغا سوغا قىلىمەن دەيدۇ؛ ئىككىنچى تۆگىدىكى مال «ئالدامچى-

كاززاپ» ئىكەن، ئۇنى بايغا سوغا قىلىمەن دەيدۇ؛ ئۈچىنچى تۈگمىدىكى مال «بىشەم» ئىكەن، ئۇنى شائىيۇمغا سوغا قىلىمەن دەيدۇ؛ تۆتىنچى تۈگىدىكى مال «قارا نىيەت ـ ئاچكۆز» ئىكەن، ئۇنى قازى ئاخۇنۇمغا سوغا قىلىمەن دەيدۇ.

ئەپەندىم شۇنداق دەپ كېتىپ قاپتۇ. ئالىبال، قازى، باي، شائىيۇلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ.

## قابىلىيەتسىز ئېشەك

بىر كۈنى ئېشىكىنى يۈتتۈرۈپ قويغان ئەپەندىم بازار ئارىلاپ يۈرگەن ئىكەن، بىر ئاغىنىسى ئۇچراپ:

ـــ ئەپەندىم، نىمە قىلىپ يۈرۈيسىز؟ ـــ دەپ سوراپتۇ.

ـــ ئېشىكىم يۈتۈپ كەتتى. تاپالماي يۈرۈيمەن. سىزگە ئۇچرىمىغاندۇ؟ ـــ دەپتۇ ئەپەندىم.

ـــ ئېشىكىڭىزنى مەن بايا كۆردۈم. شەھەرگە قازى بوپتۇ، ـــ دەپتۇ ئاغىنىسى چاقچاق قىلىپ.

ـــ ئۇنداق بولمىغاندۇ؟ ـــ دەپتۇ ئەپەندىم ئىككىلىنىپ، ـــ مېنىڭ ئېشىكىم بەك قابىلىيەتسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەزەلدىن پارىخورلۇقنى ئۆزىگە دوست تۇتمايتتى. ئۇنداق تۇرسا قانداقمۇ قازى بولالىسۇن؟

## ئۇنىڭ مىڭىسى

كىشىلەر مەسچىتكە يىغىدىن كەلگەن بىر ئىمامنى ماختاپ:

ـــ بۇ كىشىنىڭ مىڭىسى ئەقىل ـ پاراسەت، ئىلىمغا تولغان ئىكەن! ـــ دىيىشىپتۇ. ئەپەندىم كۈلۈپ قويۇپ:

ـــ توغرا دەيسىلەر، ئۇ ئەقىل ـ پاراسىتىنى، ئىلمىنى ئىشلىتىپ تۇرغان بولسا، ئۇنداق بولمايتتى! ئىشلىتىشنى بىلمىگەندىن كېيىن تولۇپ كەتمەي قانداق قىلىدۇ؟ ـــ دەپتۇ.

## خۇدانىڭ ئەلچىسى

بىر كۈنى ئەپەندىم ئاچ قاپتۇ. ئۇ ھېچ ئىلاجىنى قىلالماي چوڭ كوچىغا چىقىپ:

ـــ مەن خۇدانىڭ ئەلچىسى! مەن خۇدانىڭ ئەلچىسى! ـــ دەپ جېنىنىڭ بېرىچە ۋاقىرىغىلى تۇرۇپتۇ. كوچا قاراۋۇللىرى ئەپەندىمنى تۇتۇپ ئامبالنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرىپتۇ.

ـــ سەن ئۆزەڭنى خۇدانىڭ ئەلچىسى دىدىڭمۇ؟ ـــ سوراپتۇ ئامبال.

ـــ خوش تەخسىر، شۇنداق دىدىم، ـــ دەپتۇ ئەپەندىم.

—ئۇنداق بولسا، خۇدا ساڭا نىمەتاپشۇرۇق بەردى، ئېيت!— دەپتۇ ئامبال.

— خۇدانىڭ تاپشۇرۇغى باز،—دەپتۇ ئەپەندىم،—ئاۋال قوسىقىمنى تويغۇزسىلا. ئاندىن ئېيتاي.

ئامبال دەرهال خىزمەتچىلىرىگە بۇيرۇق بېرىپ، هەر خىل تائاملارنى كەلتۈرۈپتۇ. ئەپەندىم ئالدىرىماي راسا يەپ - ئىچىپ قوسىقىنى تويغۇزغاندىن كېيىن ئامبالغا قاراپ:

— خۇدانىڭ تاپشۇرۇغى شۇكى، ئامبال پۇقرالارنىڭ مال - مۈلكىنى بۇلاپ، تالاپ، ئەيش - ئىشرەت بىلەن يەپ تۈگەتتى. پۇقرالارنىڭ قولىدا هېچنەرسە قالمىدى. سەن نامرات ئادەم، شۇڭا ئامبالنىڭ هوزۇرىغا بېرىپ، قوسىقىڭنى تويغاز دىگەن،—دەپتۇ.

## يولدا ئۇچراشقان ئاكا - ئۇكىلار

بىر كۈنى ئەپەندىم ئېشىگىنى مىنىپ شەهەرگە كېتىۋاتسا، يولدا شۇ كەنتلىك بىر باي ئۇچراپتۇ - دە، ئەپەندىمنى مەسخىرە قىلىپ:

— هە، ئەپەندىم، ئىككى ئۇلپەت مۆڭدىشىپ نەگە ماڭدىڭلار؟— دەپتۇ.

ئەپەندىم بىر بايغا، بىر ئېشىگىگە قاراپ قويۇپ:

— مانا، ئىشىم ناهايىتى ئوڭدىن كەلدى! ئېشىگىم يولدا كېلىۋېتىپ: ئاكامنى كۆرگۈم كېلىپ كەتتى، مېنى ئاكامنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بار دەپ بېشىمنى ئاغرىتقان ئىدى. مەن ئۇنى سىلىنىڭ قاشلىرىغا ئېلىپ كېتىۋاتاتتىم. ئاكا - ئۇكا ئىككىلىرى يولدىلا ئۇچرىشىپ دىدار كۆرۈشتىلە، مېنىڭمۇ يولۇم قىسقاردى ئەمەسمۇ!— دەپتۇ.

## ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان ئىكەنمەن

بىر كۈنى قازى ئەپەندىمنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— تۈنۈگۈنكى زىياپەتتە سىزمۇ بار ئىكەنسىز، ئۇ يەردە نۇرغۇن كىشىلەر مېنى ئاقكۆڭۈل، ئادىل دەپ ماختاپتۇ، لېكىن مېنىڭ ياخشى ئىشلىرىمنى ئانچە تىلغا ئېلىشماپتۇ. بۇ نىمە ئىش؟— دەپ سوراپتۇ.

— ئالدىنىپلا تەخسىر،—دەپتۇ ئەپەندىم،—تۈنۈگۈن ئەمەس، مەن كىشىلەرنىڭ سىلىنى ماختىغانلىغىنى ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان ئىكەنمەن!

## ئىسمىم پارىخور

بىر كۈنى ئەپەندىم بىر ئىش ئۈستىدە ئەرز قىلىپ قازىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. قازى:

— ئىسمىڭ نىمە؟— دەپ سوراپتۇ.

— ئىسمىم پارىخور— دەپتۇ ئەپەندىم.

— مۇنداقمۇ ئىسىم بولامدۇ؟— دەپ كۈلۈپتۇ قازى.

— مەن كىشىلەردىن: قازىنىڭ ئالدىغا ئەرز قىلىپ بارغۇچىلاردىن كىمنىڭ ئىسمى پارىخور بولسا، داۋادا شۇ ئۇتۇپ چىقىدىكەن، دەپ ئاڭلىغان ئىدىم. شۇڭا ئىسمىمنى پارىخور دەپ ئۆزگەرتكەن،— دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

## قۇلىقىنى مەن ئالغان

ئەپەندىمنىڭ قۇلىقى باشقىلارنىڭكىدىن چوڭراق ئىكەن. بىر قېتىم زىياپەت ئۈستىدە قازى ئەپەندىمنى شاڭخو قىلىپ:

— ئەپەندىم، خۇدا ئىنسانلارغا قۇلاق تەقسىم قىلغاندا، سىلى ئېشەكلەر بىلەن بىللە بېرىپ ئالغانمۇ؟— دەپتۇ.

— توغرا، مەن شۇ چاغدا كېچىكىپ قاپتىكەنمەن. مەن بارغاندا خۇدا ئېشەكلەرگە كاللا تەقسىم قىلىۋاتقان ئىكەن. ئەڭ ئاخىرقى بىر كاللىنى ئۆزلىرىگە بەردى. قۇلىقىنى مەن ئالغان،— دەپتۇ ئەپەندىم.

## تەمى ئوخشاش

ئەپەندىم ساتماقچى بولۇپ بىر سېۋەت ئۈزۈمنى ئېلىپ كېتىۋاتسا، بىر توپ باللار ئەپەندىمنى توسىۋېلىپ: ئۈزۈم يەيمىز دەپ تۇرۇۋاپتۇ. باللار ناھايىتى كۆپ ئىكەن، بىر ساپاقتىن بەرسەم ئۈزۈم تۈگەپ كېتىدۇ دەپ قورققان ئەپەندىم، بىر ساپاق ئۈزۈمنى ئېلىپ، ھەر بىر بالىغا بىر تالدىنلا بېرىپتۇ. باللار نارازى بولۇپ:

— ئەپەندىم بەكمۇ پىخسىق ئىكەنسىز، جىق-جىق بېرىڭ، تەمىنى تېتىپ باقايلى،— دېيىشىپتۇ. ئەپەندىم كۈلۈپ قويۇپ:

— ئەۋارى بولماڭلار، ھەممىسىنىڭ تەمى ئوخشاش،— دەپتۇ.

## پادىشانىڭ ئەقىل تېپىشى

پادىشا ئەپەندىمنى ناھايىتى ئەقىللىق ئىكەن دەپ ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كەپتۇ-دە:

— ئەپەندىم، سىز ئەقىلنى نەدىن تاپقان؟— دەپ سوراپتۇ.

— جاپالىق ئىشلەپ تاپقان،— دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئەپەندىم.

— ئەقىلنىمۇ ئىشلەپ تاپقىلى بولامدۇ؟— دەپ سوراپتۇ پادىشا يەنە.

شۇنداق، ئىشلەپ تاپقىلى بولىدۇ تەخسىر،— دەپتۇ ئەپەندىم.

— مەن كۆپرەك ئەقىل تاپاي دىگەنتىم،— دەپتۇ پادىشا.

— بۇ ئاسان،— دەپتۇ ئەپەندىم،— كەتمەننى قولىرىغا ئالسىلا، ماڭا ئەگىشىپ ماڭسىلا، ئەقىلنى مەن تېپىپ بېرەي.

پادىشا خوشال بولۇپ: «كىشىلەر مېنى ئەقىلسىز، قابىلىيەتسىز دەپ كۆزگە ئىلمايدىغان، بۇ قېتىم كۆپرەك ئەقىل تېپىپ، مىڭەمنى تولدۇرۇۋالاي، بولسا بىر-ئىككى ساندۇقتىمۇ قاچىلاپ ئوردىغا ئېلىپ كېتەي، بالىلىرىمغىمۇ ساقلاپ بېرەي» دەپ ئويلاپتۇ-دە، ئەپەندىمنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ.

ئەپەندىم خېلى ئۇزۇن مېڭىپ، پادىشانى بىر سايلىققا باشلاپ كەپتۇ، ئاندىن چاپانلىرىنى سېلىپ تاشلاپ:

— قېنى، پادىشالىق تونلىرىنى سالسىلا تەخسىر، تۇتۇش قىلايلى!— دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئەپەندىم بىلەن پادىشا كەتمەن چېپىشقا كىرىشىپ كېتىپتۇ. پادىشانىڭ يۇمشاق قوللىرى قاپىرىپ قاناشقا باشلاپتۇ. پادىشا چىدىماي:

— ئەپەندىم، سىز دىگەن ئەقىل نەدە، ئۇنى قانداق تاپىمىز؟— دەپتۇ.

ئالدىرىمىسىلا تەخسىر،— دەپ كۈلۈپتۇ ئەپەندىم،— مۇشۇنداق كەتمەن چېپىپ كۆزگىچە بۇ يەرنى ئاچىمىز، ئەتىيازدا ئەقىلنى تېرىيمىز، كۈزدە ھوسۇل ئالىمىز. بولمىسا ئەقىلنى تاپالمايمىز.

— سىز دەۋاتقان ئەقىل ئاشلىق ئوخشىمامدۇ ئەپەندىم؟— دەپتۇ پادىشا ھەيران بولۇپ.

— شۇنداق تەخسىر، بۇ پەقەت سىلى تاپماقچى بولغان ئەقىلنىڭ بىرىنچىسى،— دەپتۇ ئەپەندىم. پادىشا ئىلاجىسىز چىشىنى-چىشىغا چىشلەپ ئىشلەپ، بىر يىلنى ئۆتكۈزۈپتۇ. كۈزدە ئاشلىقنى يىغىپ بولغاندىن كېيىن پادىشا ئەپەندىمدىن:

— ئاشلىقنى يېيىش ئاسان ئىكەن، ئۇنى تېرىپ تەييار قىلماق ھەققەتەن تەسكەن، سۆزۈم توغرىمۇ؟— دەپ سوراپتۇ.

— ناھايىتى توغرا،— دەپتۇ ئەپەندىم،— سىلى مۇھىم ئەقىلدىن بىرنى تاپلا. ئەمدى دىخانىنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان بوللا.

## ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنمەيمەن

بىر كۈنى ئەپەندىم گۈرۈچ سېتىۋالماقچى بولۇپ رەۋەندىنىڭ دۇكىنى ئالدىغا كەپتۇ ۋە ھىلىگەر، ئاچكۆز قازىنىڭ گۈرۈچنى ئېلىپ، پۇل بەرمەي كېتىپ بارغانلىغىنى كۆرۈپ قاپتۇ. شۇ ئەسنادا رەۋەندىمۇ قازىنىڭ پۇل بەرمىگەنلىگىنى سېزىپ ۋاقىراپتۇ:

—قازى ئاخۇنۇم، گۈرۈچنىڭ پۇلىنى ئۇنتۇپ قالدىمۇ-قانداق؟

— بېرىپ بولدۇمغۇ!— دەپتۇ قازى خاپا بولۇپ، رەۋەندى بىر چەتتە قاراپ تۇرغان ئەپەندىمگە قاراپ:

—ئەپەندىم، قازىنىڭ پۇل بەرمىگەنلىگىنى سىلىمۇ كۆرلىغۇ، گۇۋالىقتىن ئۆتۈپ قويسىلا،— دەپتۇ. ئەپەندىم كۈلۈپ قويۇپ:

قازى ئاخۇنۇمنىڭ بىر نەرسە ئالسا پۇل بەرمەيدىغانلىغىنى ئەزەلدىنلا بىلىمەن. ئۇ ھازىر بەرگەن تەقدىردىمۇ ئۇنى كۆرگەن كۆزۈمگە ھەرگىز ئىشەنمەيمەن!— دەپتۇ.

## قوساقنىڭ قاغىشى

روزى ئايلىرى ئىكەن، ئەپەندىم نامازشام ئۆتتۈۋېلىش ئۈچۈن مەسچىتكە كىرىپتۇ. نامازدىن كېيىن بىر موللام توختىماي سۈرە ئوقۇغىلى تۇرۇپتۇ. ئەپەندىمنىڭ قوسىقى ئېچىپ «كور - كور» قىپتۇ. يېنىدا ئولتۇرغان بىر ئاغىنىسى چاقچاق قىلىپ:

— ئەپەندىم، قوسىقىڭىز نىمە دەۋاتىدۇ؟—دەپ سوراپتۇ.

— نىمە دەيتى، ۋالاقتەككۈر موللامنىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپ قالسا ئىدى، دەپ قاغاۋاتىدۇ،—دەپتۇ ئەپەندىم.

## ئەپەندىمنىڭ جاۋابى

بىر كۈنى پادىشا پۇقرالارنى:

— مەن زالىم پادىشامۇ، رەھىمدىل پادىشامۇ؟ جاۋاپ بېرىڭلار،—دەپ قىستاشقا باشلاپتۇ. بەزىلىرى رەھىمدىل پادىشا دەپتۇ، بەزىلىرى زالىم پادىشا دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ، لېكىن پادىشا مۇنداق جاۋاپ بەرگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىنى زىندانغا تاشلاپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر نىمە دەپ جاۋاپ بەرسە بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي تەڭلىكتە قاپتۇ. ئاخىرى ئەپەندىم ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— بىز ئاتا - بوۋىمىزدىن تارتىپ قوزغىلاڭچى خەلق. شۇڭا خۇدايى تائالا بىزنىڭ ئەدىۋىمىزنى بەرسۇن دەپ سىلىدەك قاتتىق قول، ياۋۇز پادىشانى نىسىپ قىلغان،—دەپتۇ. پادىشا بۇ جاۋاپتىن تولىمۇ مەمنۇن بوپتۇ.

## بارمىغانلىرى تۈزۈك

بىر كۈنى ئەپەندىم يولدا قازى ئاخۇنۇمنى ئۇچرىتىپ:

— سەپەر قاياققا؟—دەپ سوراپتۇ.

—ئاللانىڭ دەرگاھىغا—جەننەتنى سەيلە قىلىشقا كېتىۋاتىمەن، سىلىمۇ بىللە بارامالا؟—دەپتۇ قازى كۆرەڭلەپ.

— مەنمۇ بارماي، سىلىمۇ بارمىسىلا،—دەپتۇ ئەپەندىم.

— نىمىشقا بارمايدىكەنمەن؟— دەپتۇ قازى خاپا بولۇپ.

— تەخسىر، سىلى دائىم بىزگە: ئەسكى ئىشلارنى قىلغان ئادەملەرنى خۇدايى تائالا ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ، دەيتتىلە. ئەسلىرىدىن چىقىپ كەتتىمۇ نىمە؟ جەننەتكە بارىدىغان بولسىلا سىلىگە ھەرگىز ياخشى كۈن يوق. مېنىڭچە بارمىغانلىرى تۈزۈك،—دەپتۇ ئەپەندىم.

## تىلىمەيلا قوي

بىر كۈنى ئەپەندىم مۇنچىغا كىرىپتۇ. يۇيۇنۇپ چىققاندىن كېيىن قارىسا، يېنىدا بىر ياماقنىڭ سۇنۇغىمۇ يوقكەن. ئۇ نىمە قىلىشىنى بىلمەي، دەرھال مۇنچىنىڭ ئالدىدا يۈكىنىپ

ئولتۇرۇپتۇ:

— مېھرى شەپقەتلىك ئاللا. مۇنچىنىڭ ھەققىنى بېرەلمەي خىجىل بولۇۋاتقىنىمنى كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ماڭا بىر ياماق ئاتا قىلغايسەن!— دەپ نالە قىلغىلى تۇرۇپتۇ. دەل شۇ چاغدا يەر تەۋرەپ كېتىپ مۇنچا ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتۇ. «خۇدانىڭ غەزىۋىگە يولۇقتۇممۇ نىمە؟» دەپ ئەپەندىم قېچىپتۇ. ئۇ قېچىپ بىر كوچىغا كەلگەندە بىر ئادەم:

— ئۇلۇغ خۇدا، ماڭا يۈز ياماق ئاتا قىلغايسەن!— دەپ توختىماي نالە قىلىۋېتىپتۇ. ئەپەندىم دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— بولدى بۇرادەر، تىلىمەيلا قوي، مەن بايا خۇدادىن بىر ياماق تىلىۋىدىم. غەزىۋى كېلىپ مۇنچىنى ئۆرۈۋەتتى. سەن تەپ تارتماي يۈز ياماق تىلەۋاتىسەن. خۇدا ئاڭلاپ قالىدىغان بولسا، پۈتۈن ئالەمنى ئۇڭتەي - توڭتەي قىلىۋېتىدۇ،— دەپتۇ.

## شىپالىق خەت

مىلك بېگى گۆش يەۋاتقاندا گېلىغا ئۇستىخان تۇرۇپ قاپتۇ. مىلك بېگى ئۇستىخاننى يا چىقىرىۋېتەلمەي، يا يۇتۇۋېتەلمەي خەۋپ ئاستىدا قاپتۇ. تېۋىپ كەلگەن بولسىمۇ ئامال قىلالماپتۇ. ئاخىرى ئەپەندىمنى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتىپتۇ. ئەپەندىم ئۆزى بارماي بىر پارچە خەتنى يېزىپتۇ - دە:

— بۇ خەت مىلك بېگىگە ھەرقانداق دورىدىنمۇ شىپالىق. بۇ خەتنى ئوقۇسا ساقىيىدۇ،— دەپ ئۇ ئادەمگە بېرىپتۇ.

مىلك بېگى خەتنى ئوقۇپلا غەزەپتىن بىرلا ۋاقىراپ جان ئۈزۈپتۇ. كىشىلەر بۇ ئىشتىن ھەيران بولۇپ، خەتنى ئوقۇپتۇ. خەت مۇنداق يېزىلغان ئىكەن:

«مىلك مېگى، سېنىڭ قىلمىغان ئەسكىلىكىڭ قالمىدى، ھەتتا بۇگۈنكى قويىنىمۇ كەمبەغەللەرنى قاخشىتىپ تارتىۋالغان ئىدىڭ. بىلىپ قوي، گېلىڭغا تۇرۇپ قالغان ئۇستىخان ئەمەس، يوقسۇللارنىڭ سىرتمىغى. ئۇ سېنى گېلىڭدىن بوغىدى. ئۆلمەي يەنە نىمە قاراپ تۇرىسەن؟ ئىتتىك ئۆل!؟»

## تەمى يانچۇغىڭىزدا

بىر يىلى ئەپەندىم قوغۇن تېرىغان ئىكەن، شۇ يۇرتتىكى بەگ دائىم ئەپەندىمنى بوزەك قىلىپ قوغۇنلارنى تاغارلاپ ئېلىپ كېتىدىكەن، پۇل بەرمەيدىكەن. بىر كۈنى ئەپەندىم بازاردا قوغۇن سېتىپ ئولتۇرسا، نائىنساپ بەگ يەنە كېلىپ قوغۇندىن بىرنەچچىنى يېرىپ يەپتۇ - دە:

— ئەپەندىم، قوغۇنىڭىزنىڭ ئانچە تەمى يوققۇ؟— دەپتۇ.

— بېگىم،— دەپتۇ ئەپەندىم،— ھەقسىز يىگەن نەرسىنىڭ تەمى بولمايدۇ. ئۇنىڭ تەمى يانچۇغىڭىزدا!

## مەھكەم باغلىۋېلىڭ

ئەپەندىم تىۋىپلىق قىلىپ يۈرگەن چاغلار ئىكەن، بىر ئادەم كېلىپ:
—ئەپەندىم، بىر ئىشنى ئويلىسام ئاسانلا يادىمدىن چىقىپ كېتىدۇ. بۇنىڭ دورىسى بارمۇ؟—دەپ سوراپتۇ.
—دورىسى بار،—دەپتۇ ئەپەندىم،—بىر نەرسە يادىڭىزغا كەلگەن ھامان ئاغامچا بىلەن مەھكەم باغلىۋېلىڭ.

## شوتا قويۇپ بېرىڭ

بىر گەپتان ئادەم ئەپەندىمنى ئەخمەق قىلماقچى بولۇپ:
—ئەپەندىم، ئاسماندا دادامدىن مىراس قالغان بىر قوشلاق يەر بار ئىدى. ئۇنىڭغا ئورمان قويغان ئىدىم. پەقەت سۇ چىقىرالمىدىم. قانداق قىلىشىمنى بىلمەيۋاتىمەن. سىزنىڭچە قانداق قىلسام بولار؟—دەپتۇ.
—ئەخمەق ئىكەنسىز،—دەپتۇ ئەپەندىم،—شوتا قويۇپ بېرىڭ، سۇ ئۆزى چىقىپ كېتىۋەرمەمدۇ!

## كەتمەن بىلەن كولاڭ

موللام ئىشىگىنى مىنىپ مەدرىسكە كېلىۋاتقان ئىكەن. ئىشىگى ھۈركۈپ كېتىپ، موللامنى دۈۋىلەگىلىك يانتاقنىڭ ئۈستىگە تاشلىۋېتىپتۇ. موللامنىڭ قوللىرىغا تىكەن كىرىپ سۇنۇپ قاپتۇ. ئۇ ئاغرىققا چىدىماي مەدرىسكە كەلگەندىن كېيىن قولىدىكى تىكەنلەرنى يىڭنە بىلەن كولاپ ئولتۇرسا، ئەپەندىم كەپتۇ-دە:
—پاھ، قوللىرىڭىزغا كۆچەت تىكتىڭىزمۇ نىمە؟—دەپتۇ.
—شۇنداق،—دەپتۇ موللام،—دادىڭىز بۇ كۆچەتلەرنىڭ ئۇچىنى كېسىپ ئۆيىگە لىم قىلغان ئىدى. ئەمدى مەن كۆتىگىنى يىڭنە بىلەن كولاۋاتىمەن.
—يىڭنە كىچىك، كەتمەن بىلەن كولاڭ، ئاسان چىقىدۇ،—دەپتۇ ئەپەندىم.

## پاختا تىقىۋېلىڭ

بىر ئادەم ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:
—ئەپەندىم، مەن ئادەم كۆپ يەردە ناخشا ئېيتسام، جىددىيلىشىپ ناخشىنى ئوبدان ئېيتالمايدىكەنمەن. قانداق قىلسام بولار؟
—بۇ ناھايىتى ئاسان،—دەپتۇ ئەپەندىم،—ناخشا ئېيتقاندا ئىككى قۇلىقىڭىزغا پاختا تىقىۋېلىڭ. ناخشىنى ئۆزىڭىز ئاڭلىمىغاندىن كېيىن جىددىيلىشىپ كەتمەيسىز!

## ئارتۇق يېرىنى ھەرىدۈۋېتەي

ئەپەندىمنىڭ بىر پىخسىق ئاغىنىسى بار ئىكەن. ئۇ ئەپەندىمنىڭ ئۆيىگە تولا كېلىپ زېرىكتۈرۈۋېتىپتۇ، لېكىن بىرەر قېتىممۇ ئەپەندىمنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلماپتۇ. بىر كۈنى ئەپەندىم سىناپ باقماقچى بولۇپ، تاماق ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەپتۇ. ئاغىنىسى ئىلاجىسىز ئىككى چىنىگە ئاش ئۇسۇپ كېلىپ، بىرىنى ئەپەندىمنىڭ ئالدىغا، بىرىنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. لېكىن ئەپەندىمنىڭ ئالدىغا قويغان ئاش چىنىنىڭ يېرىمىغا كەلمىگەن ئىكەن. ئەپەندىم خاپا بولۇپ:

— ئۆيىڭىزدە ھەرە بارمۇ؟—دەپ سوراپتۇ. ئاغىنىسى ھەيران بولۇپ:

— بار، نىمە قىلىسىز؟—دەپتۇ.

— ماۋۇ چىنىنىڭ ئارتۇق يېرىنى ھەرىدۈۋېتەي دەيمەن،— دەپتۇ ئەپەندىم.

تۈپلاپ رەتلىگۈچى: ئىسلام ئەيسا



## مۇندەرىجە

داستان پادىشا ئىسكەندەر ..................... ئەلشىر ناۋايى
نەشرگە تەييارلىغۇچى: قۇربان بارات ........................ 72
سەيفۇلمۇلۇك - بەدىئۇلجامال ........................ مەجلىسى
نەشرگە تەييارلىغۇچىلار: جۇنەيد بەكرى، ئابدۇۋايىت روزى .............. 125
موللا مۇسا سايرامى شېئىرلىرىدىن تاللانما ........................
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەنۋەر بايتۇر ........................ 194
گۈل ۋە بۇلبۇل ........................ سالاھى
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇرشىت ئىسلامى ........................ 228
خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن
يۇسۇپ - زۇلەيخا ........................
نەشرگە تەييارلىغۇچى: قادىر ئەكبەر ........................ 1
ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىن ........................ 259
نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى ........................ 304